

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

# ئىزدىنىش

1

# قىممەتلىك ياشلىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى
ئىزدىنىش
1
قىممەتلىك ياشلىق
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-09934-4

（民文）定价：36.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

# ئىزدىنىش

## 1 قىممەتلىك ياشلىق

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

探索.1/祖尔东·萨比尔著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,20006.3(2009.3重印)
ISBN 978—7—228—09934—4

Ⅰ.探… Ⅱ.①祖…② Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第023550号

| | |
|---|---|
| 著　　者 | 祖尔东·萨比尔 |
| 责任编辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔、再米拉 |
| 封面设计 | 买买提·努巴提 |
| 作者像提供 | 阿迪勒·司马义 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 17.5 |
| 插　　页 | 2 |
| 版　　次 | 2006年3月第2版 |
| 印　　次 | 2009年3月第3次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000册 |
| 定　　价 | 36.00元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب خەير ، دوستلار ........................ 1
ئىككىنچى باب بىلىم كويىدا ........................ 92
ئۈچىنچى باب كەلگۈسى ئۈچۈن ........................ 286
تۆتىنچى باب ئايرىلىش ........................ 411

图书在版编目(CIP)数据

探索.1/祖尔东·萨比尔著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,20006.3(2009.3 重印)
ISBN 978-7-228-09934-4

Ⅰ.探… Ⅱ.①祖…② Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 023550 号

著　　者　祖尔东·萨比尔
责任编辑　帕提古丽·米吉提
责任校对　赛娜瓦尔,再米拉
封面设计　买买提·努巴提
作者像提供　阿迪勒·司马义
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　0991-2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　17.5
插　　页　2
版　　次　2006 年 3 月第 2 版
印　　次　2009 年 3 月第 3 次印刷
印　　数　3001-6000 册
定　　价　36.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى باب  خەير ، دوستلار

## 1

ماشىنىلار ئۇزۇپ بارار ،
توزانى توزۇپ بارار .

ھەم خۇشاللىق ، ھەم جۇدالىق ئۈچۈن بۇ بېيىت تەكرار ئېيىتىلماقتا...

ئوسمان ناخشىسىنى توختىتىپ ، ماشىنا كوزۇپىغا يۆلەكلىك يۇك - تاق ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە ، قوللىرىنى شىلتىپ ، قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەپ كەتتى :

— نېمە خىيال سۈرىسەن ، ھاشىر تۆگە ، ساڭا نېمە بولدى ، قۇرماش چىۋىش ، ھەي ئەلا ئاۋاق ، تاش مۆرىمەس ، نېمىشقا ناخشا ئېيتمايسىلەر دەيمەن ؟ ئېيتايلى ، بىلگەن ناخشىلىرىمىزنى قويماي ئېيتايلى ، تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىققانلار تۇرساق ، ئۇنى ئاز دەپ ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن چۆللەردە كېتىۋاتساق ، قانداقمۇ ناخشىسىز ماڭالايمىز . بۇ دۇنيادا بىزدەك خۇشال ، ھاياجانلانغان ھېچكىم يوق . قاراڭلار ، بەزىلەر خىيال بىلەن ، بەزىلەر ئۇيقۇ بىلەن ئۇزۇن يولنى قىسقارتماقچىكەن . ئۇنىڭ نېمە لەززىتى ؟ بىز كىم ؟ بىز گۈزەل شەھىرىمىز ، قويىنى ئىللىق يېزىلىرىمىز ، ئاتا - ئانا ، قوۋم - قېرىنداش ، يار - دوست ، قىزلىرىمىزنى تاشلاپ كېتىۋاتقان پىدائىيلار بىز ! يەنچۇ ؟ مەنىلىك كەلگۈسىمىزنى ، توپىغا

مىلىنىپ شان ـ شەرەپ تاپىمىز دېگەن بىرلا ئارزۇغا تېگىشىۋەت-
كەن مەردانىلەر بىز . ئېيتايلى ، ئۇنلىرىمىز پۇتكۇچە ، خۇماردىن
چىققۇچە ئېيتايلى !

ئۇ ھاياجان ۋە خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ
قول ھەرىكىتى ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇشلىرى ، ئاۋازىدىكى ھېسسى-
يات ، ئۇنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقان ئارتىسقا ئوخشىتىپ قويغان-
دى . ماشىنىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭ-
لايتتى ، بەزىلەر بولسا شېرىن خىياللىرىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان
بۇ يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى يىگىتكە نارازى بولۇپ
غودۇڭشىيتتى :

— ھېلىمۇ قارا ماشىنىغا چۈشكىنى ، ئايروپىلانغا چۈشكەن
بولسا ، يەنە نېمىلەرنى ئېيتاردىكى...

— مەردانىدىن جاق تويغىنىم مۇشۇ سەپەر بولدى ـ دە !
مانا بۇلار خىيالپەرەسلەرنىڭ زارلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى .
مەن ھاشىرنىڭ جەينىكىگە تۈرتۈپ قويۇپ دېدىم :

— ئېيتقىنا ئاداش ، ئوسمانىنىڭ گېپىدىن زېرىككەنلەر سې-
نىڭ ناخشاڭ بىلەن رازى بولۇپ قالار ، قېنى ئەمىسە ، مەن
باشلىدىم .

## تەلكىنىڭ داۋانىدىن...

بىز ئالتىمىز بار ئاۋازىمىز بىلەن «بۇلۇكەي» ناخشىسىنى
ئېيتتۇق . ھەممىمىزلا ھاۋاسى ساپ يېزىلاردا ئۆسكەن يىگىتلەر
بولغاچقا ، ئاۋازىمىز يېقىملىق ۋە جاراڭلىق ئىدى . مەن ئىلى
دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىنى
كۆزلەپ كېتىۋاتقان دوستلىرىمنى ، شۇ تاپتا چىن دىلىمدىن ياخشى
كۆرۈپ قىلىۋاتاتتىم . ساۋاقداش بولۇپ يۈرگىنىمىزدە بۇنچىلا ئە-

www.uyghurkitap.com

مەس ئىدىمغۇ ، مېنىڭ بىلەن مەقسەتداش بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇلار ماڭا شۇنچە ياراپ كەتكەن بولسا كېرەك ـ دە ! شۇنداق ، ئۆزىنىڭ نىيىتىگە جان پىدالىق بىلەن ئاۋاز قوشقۇچىنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىم بار ؟ بىز بىر سىنىپتا قىرىق بىر بالا ئۈچ يىل ئوقۇدۇق . هازىر بۇ دوستلار تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشتى . ئۇلار هەرقەيەرگە كەتكەن بولسىمۇ ، قىلىدىغان ئىشى ئوخشاش — ئوقۇتقۇچىلىق . بىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىمىزدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراق يەرلەرگە كېتىۋاتىمىز . بىز ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ناتونۇش بالىلارنى مېھرىمىز ، بىلىم ـ كۈچىمىز بىلەن تەربىيە-لەپ ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەملەردىن قىلىپ چىقىمىز . بىز ئۆزىمىزنىڭ ياشلىق باهارىمىزنى ئەنە شۇ ئىشقا سەرپ قىلىشقا بەل باغلىغان ئۇمىدۋار ، مەردانە ياشلارمىز . بايىقى ئادەمنىڭ : «مەردا-نىدىن جاق تويغىنىم مۇشۇ سەپەر بولدى » دېگىنى نېمىسى ؟ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ تۆت ئېغىز گەپ قىلىدىغان يېرى كەلگەنىدى ، كۆڭۈل-سىزلىك بولمىسۇن دېدىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئوسمانىنىڭ قېنى قىزىق ، مەن دائىم ئۇنىڭ مىجەزىدىن ئېهتىيات قىلىمەن ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا هاشىرنىڭ جەينىكىنى تۇرتتۇم ۋە ئۇنىڭ ناخشا باشلىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈم باشلىۋەتتىم .

ناخشىمىز سەپەرداشلىرىمىزغا ياققان چېغى ، خۇشال چىراي-لار ، قىزىقىپ : «هوي ـ هوي !» دەپ جور بولۇشلار پەيدا بولۇپ قالدى .

بىزنىڭ تەلكە توغرىسىدىكى قوشاقلىرىمىز تېخى ئاخىرلاشمايلا داۋاندىن ئاشتۇق ـ دە ، ئالدىمىزدا ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك كۆپكۆك كۆل كۆرۈندى . بۇ ، سايرام كۆلى ئىكەن . ئادەملەر قىزىقىپ كۆلگە قاراشتى . بىز — ماشىنىنىڭ ئالدىنى ئىگىلىگەن ئالتە يىگىت ناخشىمىزنى توختاتتۇق .

— هە ، ناخشىمۇ ئېيتىلىپ تۇرسۇن ، ئەجەب كۆڭۈللۈك

سەپەر بولدى - دە ! — دېدى ماشىنىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇۋالغان دېھقان . ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ئاپئاق توپا بىلەن پۈتۈپ كەتكەنىدى . مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم . ئۇ ئادەم بېشىنى ئىرغىتىپ قويۇپ :

— مۇنداق يەردە ئېيتمىغان ناخشىنى نەدە ئېيتقۇلۇق ! — دېدى - دە ، قىزىل مانچېستېر بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ ناخشا باشلىۋەتتى .

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ ،
بىز يانغۇچە توڭلايدۇ !...

بىزمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولدۇق...

قارا ماشىنا چاڭ توزۇتۇپ ئۇچۇپ كەتتى ، ئەمدى ناخشىدا مەززە قالمىدى . ماشىنىدا بەش - ئالتە سائەتتىن بېرى قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئېزىلگەن ، هارغان . ئۇلارنىڭ بىرلىرى قىستىۋەتتىڭ دەپ كايىپ قوياتتى ، بىرلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇخلايتتى ؛ يەنە بىرلىرى بولسا يېنىدىكى سەپەرداشى بىلەن پاراڭلىشاتتى...

مەن دوستلىرىمغا مېھرىم بىلەن قاراپ چىقتىم . بىز ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن سالغا تېشىدەك نە - نەلەرگە بېرىپ چۈشەرمىز ، بىر - بىرىمىز بىلەن بەلكى قەرەللىك كۆرۈشەلمەسمىز . بىزنى ناتونۇش جايلاردا نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىكىن تېخى ! بىز ئالتە ساۋاقداش — ھەممىمىزلا ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى . مەن مەكتەپ ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى[1] بولغانلىقىم ،

① شۇجى — سېكرېتار . بۇ يەردە شۇ چاغدىكى تىل ئادىتى بويىچە ئېلىندى — ت .

www.uyghurkitap.com
توغراق كىتاب تورى



ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەنلىكىم، يەنىمۇ مۇھىمى، مېنى ئۆز ناھىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر قىلىپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئۆزلۈكۈمدىن بۇ ئىشتىن سورىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ ئىشلەشنى تال-لىۋالغانلىقىم، دوستلىرىمىنىڭ ئىشەنچ - ھۆرمىتىنى قوزغى-غان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مېنىڭ گېپىمنى يىرمايدۇ، بۇلارنىڭ خىزمەت، ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسىلىق تونۇشتۇرۇشلىرىمۇ مېنىڭ يانچۇقۇمدا. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ قالدىم. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دوستلىرىمغا ئالاھىدە كۆيۈنىمەن، ئۇلارنىڭ بىر ئامال قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى، روھىنى ئۇس-تۇرۇشنى ئويلايمەن...

ماشىنا تاشلىق چۆلگە چىقتى. ئەتراپتا كۆزگە چېلىققۇدەك مەنزىرە يوق. قارىسام ھەممە دېگۈدەك ئۈيقۇغا كەتكەن، يالغۇز ئوسمانلا قىمىرلاپ ئولتۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇ تولىمۇ خۇشخۇي، تولى-مۇ گەپدان بولۇپ كەتتى. مەن بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلى-مەن: ئوسماننىڭ بىرەر قىزغا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىۋاتقىنى ناھايىتى ئېنىق. مەن تۈيدۇرماي ئۇنىڭغا زەن قويدۇم: ئۇ چىراي-لىق ۋە كۈلۈپلا تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئۆزىدىن بەش - ئالتە ئورۇن نېرىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچى قىزدىن ئۈزمەيتتى. قارىسام، قىز راستىنلا چىرايلىق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سارغۇچ، دولقۇنلىنىپ تۇرى-دىغان قويۇق چاچلىرى، خۇمار كۆزلىرى كىشىنى جەلپ قىلاتتى.

قىز بىردە كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇۋالاتتى، يەنە پات - پاتلا ئوسمان تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ قاراپ تۇرغىنىمدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئوسمان بىلەن كۆز ئۇچراشتۇ-رۇپمۇ قوياتتى. مەن ئوسمانغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەختتىن خۇمارلاشقان، دوملاق، چىرايلىق يۈزىدە ياش مۇھەببەتنىڭ شاد-لىقى جەۋلان قىلاتتى. مەن دوستۇمغا بەخت تىلىدىم ۋە دەرھال

كۆزۈمنى باشقا دوستلىرىمغا يۆتكىدىم .

ئوسماننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ، تاش ئىسىملىك كەم سۆز ، خۇشخۇي يىگىت ئۇخلىماقتا .مەن ئۇنىڭ خىيالغا بېرىلگىنىدىنى بىلدىم . ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىسىدىكى ھېلىقى پەرەڭ ياغلىقلىق قىزنى خىيال قىلىۋاتامدىكىن ؟ تاشنىڭ ھېكايىسى يادىمغا كەلدى ۋە كۆز ئالدىمدا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشى سۈرەت بولۇپ گەۋدىلەندى : بىزنىڭ تاشپولات خوشلاشقىلى كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باردى . كىچىك ئاپىسىنىڭ يوللۇق خالتىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ قورۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى قاراشتۇردى . لېكىن ، زىننەت ئىسىملىك كېيىك كۆزلۈك قىز كۆزىگە چېلىقمىددى . كىچىك ئاپىسى ئۇنىڭغا : «يۈگۈر ، ئارقىغا — خامانغا چىقىپ ، كىچىك داداڭلار بىلەن خوشلىشىپ قوي» دېدى . تاشپولات ئارقىغا چىقتى . پەرەڭ ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان قىز تۇلۇق ھەيدەۋاتاتتى . تاش ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىنمۇ غارامنىڭ يېنىدىن كەتمىدى . قىز ھەر ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى . تاشپولات يەنىلا ئۈن - تىنسىز تۇرىۋەردى . ئاخىر قىز ئەتەي ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قامچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى . تاش ئۇنىڭغا قامچىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپ : «مەن كېتىدىغان بولدۇم» دېدى . قىز لەيلىدەك قىزىرىپ : «قاچان كېلىسىز ؟» دېدى . يىگىت : «يەنە ئۈچ يىلدا» دېيەلىدى . ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئاي بىر - بىرىگە تەقەززا بولۇپ ئېيتىشقان تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۆزلىرى شۇ بولدى . بىزنىڭ تاشپولات ھازىر خىيالىدا بەلكى شۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدىغاندۇ . ئۇ پات - پاتلا كۆزىنى ئاچاتتى ۋە يانچۇقىدىن گۈل چېكىلگەن ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىگە تەگكۈزۈپ قوياتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى راستىنلا بۇزۇلۇۋاتامدۇ نېمە ؟... ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىك ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىش

لازىم . مەن ئۇنىڭ بىرىسىدا ئولتۇرغان نامەتكە قارىدىم . ئۇ قايىقى سىلىنغان هالدا تۇرۇلۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىش قىيىن ، ئۇ سىر بەرمەيدۇ ، هەربىر ئىغىز گەپنى ئاۋايلاپ ، ئېهتىيات بىلەن قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرا هال ، لېكىن سوغۇق چىراي يۇزىدە كەمدىن ـ كەم كۇلكە كۆرۈنىدۇ . ئۇ ئاردىمىزدا ، هاشىردىن قالسا ، ياشقىمۇ چوڭ . ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىم دەپ ئانكىت تولدۇرغىنى ، ئايالى ۋە بىر بالىسى بار ئىكەنلىكى يادىمدا . ئۇ ئايالىنى قويۇۋېتىپ بىز بىلەن ماڭدى . بىز ئۇنى قېلىپ قېلىشقا قانچە نەسىهەت قىلساقمۇ ئۇنىمىدى . ئوسمانىڭ دېيىشىچە ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىغۇدەك ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى تېپىشماقتەك يېشىكسىز . مەن نامەت بىلەن كەمدىن ـ كەم سىردىشىمەن ، ئۇمۇ مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ .

مەن نامەت توغرۇلۇق ئويلاشتىن تېزلا يالتايدىم ـ دە ، ئۇنىڭ يېنىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلاۋاتقان قۇرماش ئىسىملىك قازاق يىگىتكە قارىدىم . ئۇنىڭ : «مەن قازاق ، لېكىن ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ ئەڭ قىيىن جايلارغا بېرىڭلار دېگەن چاقىرىقى ئۇچۇنلا ، خوتەننىڭ ئەڭ يىراق يېزىلىرىغا بېرىپ مۇئەللىم بولۇشنى تاللىۋالدىم» دېگەن سۆزى يادىمدا . مەن ئۇنىڭغا قازاق رايونلىرىغدىمۇ ئوقۇتقۇچى زۆرۈر ، سەن شۇ يەرلەرگە بارغىن ، دېسەم ، ئۇ : «بىز ئۆز يۇرتىمىزدا بەلكى گۇزەل ۋە كۆڭۈللۇكرەك تۇرمۇش كەچۇرگەنمۇ بولار ئىدۇق ، لېكىن غايىنىڭ قۇربانى بولۇپ كۆرگۇم كېلىدۇ ، ئاداش . قىيىن جايلارغا بېرىپ ياشلىق كۇچىمىزنى سىناپ كۆرەيلى . يول تېپىپ ماڭالايمىزمۇ ، مۇشكۇلچىلىكلەرنى يېڭىپ شان ـ شەرەپنىڭ چوققىسىغا قاراپ ئۆرلىيەلەيمىزمۇ ، سىناپ كۆرمەمدۇق !» دېدى . ئۇ ئۇيغۇر سىنىپتا ئوقۇغان ، سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان . ئۇنىڭ مالچىلارغا

خاس پىششىق گەۋدىسى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرە-
لەيتتى . ئۇ قىيىن ئەھۋالدىمۇ كىچىك ۋە كۆكۈش كۆزلىرىنى
پورۇشتۇرۇپ كۈلۈپلا تۇراتتى . مەن ئۇنى سەپداشلىرىم ئىچىدىكى
ئۈمىدۋار ، قەيسەر يىگىتلەردىن بىرى ھېسابلايتتىم . خىيالىم شۇ
يەرگە كەلگەندە ، يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان ھاشىر ئويغاندى . مەن ئۇنىڭ-
غا پىچىرلىدىم :

— چۈشۈڭنى ئېيتە ، چۈشۈڭدە رازىيە نېمىلەرنى دېدى ؟

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە ئالدىرىماي موخوركا بۇرىدى . ئۇ مېنىڭدىن بەش ياش چوڭ ، بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىرگى-
نىگە قارىماي ، ئىككىمىز يېقىن دوست ، دوست بولغاندىمۇ ئۈچ
يىللىق مەكتەپ ھاياتى بىزنى ھېسسىيات ، ئارزۇ ۋە ھاياتقا باھا
بېرىشتە بىر ئادەمدەك قىلىپ چىققان . بىز بىر - بىرىمىزنىڭ
چىرايىغا قاراپلا قانداق ھېسسىياتلاردا بولۇۋاتقىنىمىزنى چۈشىنە-
دىغانلاردىن . مەن ھاشىرنى ياخشى كۆرىمەن . ئۇنىڭ ئېغىر -
بېسىق مىجەزىمۇ ، پىكرى چوڭقۇرلۇقىمۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ كەڭ پېشا-
نىسى ، ئويچان ، يوغان كۆزلىرى ۋە چاقچاق ، ناخشىلىرىمۇ ماڭا
ياقىدۇ . مەن ئۇنى ئوقۇغان رومانلىرىمدىكى ياش قەھرىمانلارغا
ئوخشىتىمەن . ئۇنىڭغا ھەرقانچە زوقۇم كەلسىمۇ ، لېكىن ئۇنى
پەقەت يۈزمۇيۈز ماختىمايمەن . ئۇنىڭ بىلەن سىلىق ۋە قىزغىن
مۇئامىلە قىلىمەن . ئۇنىڭدىن ئىنچىكە سىرلىرىنىمۇ ئېيتىپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلىمەن . ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، ئۇنىڭ بىلىدىغى-
نى ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم بولۇپ كەتكەن ، دېمەك بىزنىڭ ئارىمىزدا
بىر - بىرىمىزگە ئېيتقۇدەك يېڭىلىق يوق .

شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى سۆزلەشكە قىستىدىم :

— چۈشۈڭدە سەن چوقۇم رازىيە بىلەن تالاش - تارتىش
قىلدىڭ ، مېنىڭدىن قورقۇپ چۈشۈڭنى ئېيتالمايۋاتىسەن !

ئۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە موخوركىسىنى شوراپ بولۇپ ، كەڭ

قوشۇما قاشلىرىنى پۇرۇشتۇردى :

— داداڭ سىنىڭ ئىتتىكنى ئويلاشماي قويۇپ قويغان . ساڭا ئەلا ئەمەس ، بەلا دەپ نام قويغان بولسا بوپتىكەن . ئەمدى ئادەمنىڭ چۈشىگىمۇ چىتىلىۋالامسەن ؟ بۇ چۈشۈمنى ساڭا ئىيتمايمەن !

بۇ ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چاقچىقى ۋە باشلىماقچى بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ باشلانمىسى ئىكەنلىكى ماڭا چۈشىنىشلىك .

— ئىيتە ، يەنە ئون مىنۇتلا ئىيتماي تۇرۇۋالساڭ ئىچىڭگە...

مەن ئۇنىڭغا يۆلەندىم ۋە ئۇنىڭ سالماق ، كۆچلۈك ئاۋازىنى بىرىلىپ ئاڭلىدىم .

— مەن ئۇخلىمىدىم ، لىكىن ئويلىدىم . خىيالىمدا خوتەننىڭ بىر يىراق يىزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم . سەن بىرىپلا ئىلمىي مۇدىر ھەم ئىككىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى بولدۇڭ . مەن بىرىنچى سىنىپلارنى كۆتۈرۈۋالدىم . ئالدىمدا ئۇششاق باللار مۆلدۈرلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ . مەن ئىشنى ئۇلار بىلەن تونۇشۇشتىن باشلىدىم . دىمەك ، بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق تۇرمۇشىمىز باشلاندى . تۇرمۇش دىگەننىڭ قانۇنىيىتى بولىدىغۇ : ئەتىگەن تۇرۇپ تەنتەربىيە ئوينايمىز . مەسىلەن ئىيتايلى ، ئۇ يەردە ۋالىبول يوق . بىز ھىچ ئىش تاپالمىساق يۈگۈرۈپ بولغاندىن كىيىن توپىلىق يەرنى ياكى چىمەنلىكنى تىپىۋىلىپ چىلىششىمىز مۇمكىنغۇ ! سەن كىچىك بولغىنىڭ بىلەن چىلىشچى ئەمەسمۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئوبدان چارچىغاندىن كىيىن يۇيۇنىمىز ، ئاندىن كىيىن چاي قاينىتىمىز...

— ئۇتۇن تىرىشنىمۇ قىستۇرۇپ قوي !

— ھە ، بوپتۇ ، ئۇنىمۇ قىلايلى ، ئاندىن كىيىن ئەتكەنچاي ئورنىغا قارىچاي ، سۈت قۇيغان يوغان ئاق نانلار ئورنىغا زاغرا بىلەن ناشتا قىلىمىز . دەرس تەييارلاش دىگەن گەپ يوق بولىدۇ .

ئالگېبرا ، گېئومېترىيە ، فىزىكا ، خىمىيە ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، فىزىئولوگىيە ، ئاناتومىيە ، پېداگوگىكا ، پسىخولوگىيە دېگەن پەن-لەر تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ . ئىچىڭ تىت - تىت بولىدۇ . ئامال قانچە ؟ ئېلىپبە ، گراماتىكا ، ئەڭ يۇقىرىسى تۆت ئەمەلدىن نېرى بارالمايسەن . خوش ، سېنىڭ ھېلىقى يالاڭ ئاياغ بالىلىرىڭ ئۆيلىرىگە كېتىدۇ . ئىككىمىز گاڭگىراپ قالىمىز - دە ، ئۆگە-نىشكە ياكى باشقا بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىمىز . لېكىن ، قىزغىن-لىقىمىز ئۇزاققا بارمايدۇ . يىللار ئۆتۈپ ، سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشتىن رايىمىز قايتىپمۇ قالار ، شۇنداق قىلىپ ، بىز يۇرتىمىزغا قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالغا چۈشىمىز !

— سەن خىيال قىلغانچىلىك بولسا ، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ، لېكىن سەن بۇنىڭدىنمۇ قىيىنراق مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باق . مەسىلەن ، بىرلا ئوقۇتقۇچىسى بار كىچىك يېزا دەيلى . سىنىپىڭمۇ ، ئىشخاناڭمۇ بىرلا ئېغىز ئۆي . بالىلارنى ئۆيمۇئۆي كىرىپ چاقىرىپ كېلىسەن تېخى !

— بۇمۇ مۇمكىن ، — دېدى ھاشىر كۈلۈمسىرەپ ، — ئاشۇ تۇرمۇشتىنمۇ چەكسىز خۇشاللىق تېپىشنى بىل دېمەكچىمۇ سەن . يەنە شۇ غايە !

— ئەلۋەتتە ، — دېدىم مەن ، — بىزنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان ئەنە شۇ غايە . بىلمەيدىغان كىشىدەك سۆزلەيسىنا ! ياخشى بولدى ، بىكار ماڭغۇچە پەرەز قىلغاچ ماڭايلى ! ئىككىمىز ئىككى كىچىك يېزىدا دەيلى ، ئارىلىقى خېلى يىراق بولسۇن . لېكىن ، پۈتۈن ئىشلىرىمىز مۇسابىقە شەرتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلسۇن . ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويايلى ، ھەر كۈنلۈك ئىشىمىزدىن : «سەن خەلققە پايدىلىق نېمىلەرنى قىلدىڭ ؟» ، «ھا-ياتىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ ؟» دېگەن سوئاللار بويىچە ھېساب ئالايلى ۋە ھەر كۈنلۈك ئىشىمىزنى خاتىرىلەپ بارايلى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھەر ئايدا بىر قېتىم خاتىرە ئالماشتۇرىمىز ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالايمىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ھاشىر قىزىقىپ.

— شۇنداق! مانا مۇشۇ يول بىلەن ئىشلەيمىز، ئۆز كۈچىمىزنى بالىلارغا سەرپ قىلىشنى ھاياتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىمىز. شۇ چاغدا، بىزگە كۆڭۈلسىزلىككە ئورۇن قالمايدۇ، بالىلار بولسىلا كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى كۆزىتىپ بارىمىز. كۆزىتىش جەريانىمىز ھەرقانداق كىنودىنمۇ، ھەرقانداق رومانىدىنمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ!

— ئۇنداقتا ھەربىر بالىغا ئايرىم - ئايرىم خاتىرە تۇتىمىزمۇ؟— دېدى ھاشىر مېنىڭ تەكلىپىمگە ئەجەبلىنىپ.

— ئىككى مەكتەپنى سېلىشتۇرغاندا، ئىككىمىزلا سېلىشتۇرىمىز. مۇھىم شەرت، ئارزۇنى ئەمەلىيەت قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ، بىزنىڭ خاتىرىمىز بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ مۇكەممەل گۇۋاھنامىسى ۋە يالدامىسى بولۇپ قالسۇن.

بىز كەلگۈسىدە بولىدىغان مۇسابىقىمىزنىڭ شەرتلىرىنى تەپسىلىي كېلىشىۋالدۇق.

ماشىنا ۋۇتەيگە كېلىپ توختىدى. شوپۇر بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى.

## 2

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. كەچكى قۇياش شىغىللىق چۆلنى ئوتتەك قىزىتقان، قاقاس تاغ تەرەپتىن ھۇلۇلدەپ يالقۇن كېلەتتى. سۇسىز، شامالسىز بۇ چۆلنىڭ ئىسسىق ھاۋاسى بېنزىن پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى. يولوچىلار ياتاقلىرىدىن چىقىشىپ، سالقىن ۋە شامالىلىق جايلارنى ئىزدىشىپ

يۇرەتتى . بىز ئالتە دوست تاۋۇزلىرىمىزنى قولتۇقلىشىپ تاغ باغرىغا قاراپ ماڭدۇق ۋە ئاخىر تاشلىقتا بىرىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق ، بۇ يەر خېلى سالقىن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر بىز ئۈچۈن يېڭى ۋە سىرلىق تۇيۇلدى .

— مەن ئەرەب سەھراسىغا بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم ،— دېدى ئوسمان زېرىككەنلىكىنى بايان قىلىپ ، — تاشلىقتا تانسا قىلساق قانداق بولىدىكىن !

— بولمامدىغان ،— دېدى نامەت دەرھال قۇرماشنى نوقۇپ ،— ئال گارموشكاڭنى ، قېنى ۋالىسقا ئويناتقىنا ، ھەي ، بىزنى ئۈزىتىش كېچىسىدىكى تانسىدا گارمونۇڭنى قالتىس چېلىۋەتتىڭ ـ دە . مەن سېنىڭ گارموشكاڭ بىلەن گارمونۇڭنى دەپلا كېتىپ بارىمەن جۇمۇ ، قۇرماش ، سەن نەگە بۆلۈنسەڭ ، مەن شۇ يەرگە ! بىلىپ قوي ، مەن سېنىڭ سايەڭ !

— ئوسمان بىلەن نامەتكە تانسا بولسىلا بولدى ،— دېدى تاشپولات ،— جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا بارمىدۇ دېگىنە .

— بولمىسا مەيلى ، — دېدى نامەت يەنە ، — قىزلار بىلەن قۇرماش بولسىلا ، تانسا دېگەننىڭ پىرى بىز !

— مۇنداق دە ، ساڭا قىزلار بىلەن تانسا بولسىلا بولىدىكەن ـ دە ، — دېدى قۇرماش نامەتكە قاراپ ، — ئۇنداق بولسا ، مەن بۇنداق سايەمدىن قاچىمەن !

بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق .

بىز تاۋۇز يېگەچ ، ئانا مەكتىپىمىزنى ئەسلەشتۇق ، ساۋاقداشلىرىمىزنى بىرمۇبىر تىلغا ئېلىشتۇق . مەكتەپنىڭ ئۈزىتىش زىياپىتىنى ، ئاخىرقى تانسىنى ، ئالبوم يېزىشلارنى ، ياشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، مۇھەببەتلىرى··· قىسقىسى ، ھېچ نەرسىنى قويماي سۆزلەشتۇق . بۇ ، ئەلۋەتتە ، تېخى ئايرىلغىنىمىزغا بىر كۈنلا بولغان ، لېكىن ئېگىز تاغلارنىڭ نېرىسىدا قالغان ئانا يۇرتىمىزنى

سىغىنغانلىقىمىزنىڭ ئالامىتى ئىدى. نۆۋىتىدە دوستلىرىمنىڭ دىققىتىنى يەنىلا كەلگۈسىگە قارىتىش ئۈچۈن سۆز باشلىدىم:

— يۇرتىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقا ـ چىقمايلا ئەجەب مىسكىنلىشىپ كەتتۇققۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆڭۈللۈكرەك بىر تېمىدا سۆزلىشەيلىلا!

— غايە توغرىسىدىمۇ! — دەپ كۈلۈمسىرىدى ھاشىر، — ساڭا ياقىدىغان تېما شۇغۇ! ھەي ئەلا، سەن تولا شەخسىيەتچىلىك قىلما، باشقىلارغا ياقىدىغان تېمىلارغىمۇ يول قوي!

— ھەببەللى، — دېدى نامەت دەرھال، — مەسىلەن، مۇھەببەت تېمىسىنى ئالايلى، بۇ كىمگە ياقمايدۇ!

— مۇھەببەت تېمىسى دەمسىنا! — دېدى ئوسمان ئۇلاشتۇرۇپ، — بۇنداق تومتاق تېمىنى ئەلا يەنىلا غايىگە بىرلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، قىزلار توغرىسىدىكى تېمىدا سۆزلىشەيلى. بۇ تېمىغا غايىنىمۇ، مۇھەببەتنىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىمۇ، ھەتتا بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك سەپەرنىمۇ بىرلەشتۈرۈۋشكە بولىدۇ!

— مانا، ئېتىقسىزلىققا قاراپ ماڭدۇق، — دېدى قۇرماش، — مېنىڭچە بولغاندا، تېمىنى تاشپولات بەلگىلىسۇن.

— قېنى ئېيتقىنا، قايسى تېمىدا سۆزلىشەيلى؟

— تېما ـ پېماڭنى قوي، — دېدى تاشپولات بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — مۇشۇ تاشلىقتا بىر تانسا قىلايلى، مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئوينىغان تانسام شۇ بولۇپ قالسۇن.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، قۇرماش ئېغىز گارمۇشكىسىنى ۋالىسقا چالدى. ئوسمان تاشقا تەزىم قىلىپ: «ئاق تانسا» دەپ قويدى ۋە تاشنى ۋالىسقا پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ھاشىر بوم ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شوخ ۋالىس پەدىسىگە كەلتۈرۈپ ناخشا باشلىۋەتتى. بىز ھەممىمىز قوشۇلدۇق:

تۇغۇلغان جاي ، ئەي گۈزەل جاي ،
قالدىڭ بىزدىن يىراقتا .
قالساڭمۇ بىزدىن يىراقتا...

ھاشىر ئۇلارغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى ـ دە :
— ئېرىپ يېلىم بولۇپ كېتىشمىگىن يەنە ! — دېدى .
قىزلار قولتۇقلىشىپ يۇقىرىلاپ كەلمەكتە ئىدى . بىزنىڭ شوخ يىگىت ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ شەپكىسىنى پۇلاڭلاتتى ، كەينىدىن بارماقلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ ئۇشقىرتتى ۋە :
— سايرات ، گارموشكاڭنى قۇرماش ! — دەپ دوستىنى ئالدىراتتى . قۇرماش گارموشكىسىنى ئوينىتىۋەتتى ، ئوسمان ۋالىس پەدىسىگە ئۇنىڭ بارچە ۋارقىرىدى :

ئېلىمدە باھار ، دىلىمدە باھار ،
باھار ئىلھامى كۆكسۇمدە يانار !...
......
ئەجەب چىرايلىق ئىلى باغلىرى ،
بۇلبۇل ماكانى گۈزەل تاغلىرى...

بېلىق كۆنجۈرگە ، كەكلىك دانغا ئالدانغاندەك ، غۇلجا قىزلىرى ساز ۋە ناخشىغا ئالدىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتقا ۋە ئارزۇغا باي قەلبى يېقىملىق ساز بىلەن ناخشىنى ئاڭلىغاندا ، تىنىق سۇ بېتىدىن قۇياشقا ئىنتىلگەن شوخ بېلىقتەك ئۇرغۇيدۇ . مانا قىزلار چاقچاق ۋە كۈلكە بىلەن يىگىتلەر تەرەپكە قاراپ كېلىشمەكتە .
ئوسمان بۇنداق چاغلاردا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدۇ . ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ، بۇدۇر چاچلىرىنى چىرايلىق سىلكىپ قويۇپ ، قىزلارغا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى :

— كۆلۈۋىمىز كەڭ ، دەرۋازىسى ئوچۇق ، بىلەتسىز تانسا ! كېلەيلى ، كېلەيلى قىزلار ، كېلەيلى ! قەدىمىڭلارغا رەھمەت !

ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا ، بىزنىڭ نامەت دىقماق گەۋدىسىنى مىدىرلىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇنىڭ ئورۇنسىز ۋە يارىشىمسىز كۈلكىسى ئاۋۋال تاشپولات بىلەن قۇرماشنى ، ئاندىن قىزلارنى قاتتىق كۈلدۈردى . ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تەنە قىلدى :

— رەھمەت ، نامەت ، يولۋاسنىمۇ كۈلدۈرەلەيدىكەنسەن جۇمۇ ، ئاداش !

كۆپچىلىك تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى . نامەت ئۆزىنى خىجالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپ تاللىماي چاقچاق قىلىشقا باشلىدى :

— يولۋاسمۇ ئون ئىككى يىلدا بىر قېتىم تۇغىدىكەن ، مەنمۇ ئەر ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ئادەم كۈلدۈرۈشكە يارايمەن ـ دە ، خى... خى... خى !...

قىزلار يەرگە قاراشتى ، تەتۈر قاراشتى . قۇرماش ئېغىز گارموشكىسىنى چىرايلىق بىر پائۇزىغا ئويناتتى ، ئوسمان قېشىنى ئوينىتىپ قويۇپ ئۇشقىرتتى ـ دە :

— يارايسەن ، نامەت ، سەنلا بىز بىلەن بولساڭ ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى چاقچاققا راسا تېلىقىدىكەن ـ دە !— دېدى .

مەن تۇرۇپ قىزلارغا ئورۇن كۆرسەتتىم :

— قېنى ئولتۇرۇڭلار ، قىزلار ، بىر ماشىنىدا كەلدۇق ، لېكىن تونۇشالمىدۇق ، مۇنۇ تاشلىقتا تونۇشۇۋالايلى . چوڭ شەھەرلەردە بەلكىم بىزگە ۋاقتىڭلار تەگمەس .

ھاشىر كۈلۈپ قويدى :

— تەقدىرگە رەھمەت دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ، تەقدىر بەزىدە قوناق شېخىغا لاچىننى قوندۇرىدۇ ، بەزىدە شوخ مارالنى كىگىز

ئۆيدە ئۇخلىتىدۇ . بۇگۈن تەقدىر بۇ قىزلار بىلەن سەپەرداش قىد-
لىپ قويۇپتۇ ، تەقدىرگە رەھمەت !
ھاشىرنىڭ گېپى تۆت قىزدا تۆت خىل تەسىرات قوزغىدى .
— تەقدىر مانا سىلەردەك خۇش چاقچاق يىگىتلەرنى سەپەرداش
قىلغانىكەن ، تەقدىرگە راستتىنلا رەھمەت !— دېدى ھېلىقى ماشى-
نىدا ئوسمان بىلەن كۆز بېقىشىپ ئولتۇرغان دولقۇن چاچلىق قىز
كۈلۈپ تۇرۇپ . ئۇنى قولتۇقلىۋالغان زىلۋا ، ئوماق قىز بولسا ،
ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ ، لەۋلىرىنى يېنىك چىشلەپ ، پىخىل-
داپ كۈلدى . قالغان ئىككى قىزدىن بىرى — يېشىل پوپايكا
كىيگەن سېرىق چاچ قىز — ناھايىتى سىپايىگەرلىك بىلەن بېشىنى
بىلىنەر - بىلىنمەسلا لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنى قولتۇقلىۋالغان
تولىمۇ چىرايلىق ، تولىمۇ ياسانچۇق قىز بولسا ، بىزگە قىيا كۆزد-
نى سالماستىن ، تاغلارغا ، كەچكى شەپەققە ۋە ئاق قىزغۇچ بۇلۇت-
لارغا قاراپ تۇراتتى ، گويا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ياش يىگىتلەر
يوقتەك ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ، ھەتتا چىرايلىق كۆزلىرىنى
بوستاندەك ئوراپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ
ئولتۇرغان مۇنۇ ئالتە يىگىت گوياكى مۇشۇ قاپتالنىڭ كېرەكسىز
تاشلىرىدەك... ئۇ بىپەرۋا قارىماقتا . ھاشىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈل-
دى - دە ، ئالدىراپ موخوركا بۇرىدى . مەن ئۇنىڭ قاتتىق گەپ
قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ :
— ئوسمان ، ناخشا ئېيت ، قېنى قۇرماش ، گارموشكاڭنى
ئال !— دېدىم . گارموشكا بىلەن ناخشا قاقاس قاپتالغا جان كىر-
گۈزدى . تاغلاردىن سادا ياندى ، تاشلار ئارىسىدا قىزلارنىڭ زىل
ئاۋازلىرى جاراڭلىدى . ئوسمان بىلەن كۆز بېقىشقان ھېلىقى قىز
ئاجايىپ ناخشىچى ئىكەن . بىز توپلىشىپ ، تاغ قاپتىلى بويلاپ
ئاستا مېڭىشتۇق . بىزنىڭ ئوسمان ھاياجان بىلەن شوخ مۇھەببەت
قوشاقلىرىنى ئېيتماقتا ، ئۇنىڭغا ماسلاشقان شوخ گارموشكا يۇرەك-

www.uyghurkitap.com

لەرنى ئويىنىتاتتى . ئوسمان قۇرماشنى قولتۇقلىۋالغان ، قۇرماش-نىڭ ئۇ چېتىدە بىزنىڭ تاشپولاتمۇ ئوسمانغا ئەگىشىپ ۋارقىرىماق-تا ئىدى . تەمبۇر بۇلبۇلنى مەست قىلغاندەك ، يىگىتلەرنىڭ ناخ-شىسى قىزلارنى بارغانچە جەلپ قىلدى . دولقۇن چاچلىق قىز ياندىشىپ كېلىپ بىزنىڭ ئوسماننى قولتۇقلىۋالدى . گارموشكا تاتار جىرلىرىغا ئوينالغىلى تۇرغاندا ، يېشىل يوپايىكلىق سېرىق قىز ھاياجانلىنىپ دولقۇن چاچلىق قىزنى قولتۇقلىۋالدى . زىلۋا قىز بولسا ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاغزىنى ياغلىق بىلەن تورىۋېلىپ ، قىزىرىپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز ماڭماقتا . مەن ئۇنىڭغا ياندى-شىپ خىيال بىلەن كېتىپ باراتتىم . نامەت بولسا ، دىقماق گەۋدى-سىنى پات ـ پات ئويىنىتىپ قويۇپ ، بىردە تاتار قىزنىڭ يېنىغا ، بىردە زىلۋا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سۈركىلىپ قوياتتى ، كۆزىنى بولسا ھېلىقى چىرايلىق تەكەببۇر قىزدىن ئالمايتتى . تەكەببۇر قىز قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، كىشىنى مەست قىلىدىغان چىرايلىق كۆك-رىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، گۈزەل لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، يىراق-لارغا قاراپ ماڭاتتى . بىزنىڭ ھاشىر بىر قولىنى شىمىنىڭ يانچۇ-قىغا سېلىپ ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، تاماكىسىنى غەزەپ بىلەن شوراپ كەينىمىزدىن ئاستا كەلمەكتە . مەن قەدىمىمنى ئاس-تىلاتتىم ـ دە ، ئۇنىڭغا ياندىشتىم .

— ئېچىل ، نېمىگە تۇتۇلۇپ كەتتىڭ ؟ — دېدىم ئۇنى ئاستا نوقۇپ . ئۇ چىرايىنى ئاچماي :

— ئاۋۇ بۇرژۇيغا[1] نېمانچە خۇشامەت قىلىسىلەر ؟ — دېدى كۆزى بىلەن چىرايلىق قىزنى شەرەت قىلىپ .

— دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم ئىككىمىزنىڭ ئىرادىمىزگە قاراپ يارالغان بولسىدى ، دۇنيادا خاپىچىلىق بولمىغان بولاتتى !

---

① بۇرژۇي — بۇرژۇئاز دېگەن مەنىدە — ت .

— ماڭا تاپا قىلماياق قوي. مۇنۇنىڭدەك گۈلنى كۆرسەم تىكەنگە ئايلىنىمەن. ماڭ يۈگۈر، خۇشامىتىڭنى ۋايىغا يەتكۈز !...

مانا شۇ چاغدا، بىزنىڭ نامەت چىرايلىق قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. قىز ئۇنىڭ كەلگىنىنى سەزمىدى. نامەت قىزنىڭ جەينىكىگە قول تەگكۈزۈپ بىرنېمە دېدى. قىز خۇددى كېيىكتەك قاتتىق چۆچۈپ يېنىچە داجىدى ـ دە، ئوت چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن نامەتكە يالت قىلىپ قارىدى. نامەت كەينىگە داجىپ تاشقا پۇتلىشىپ كەتتى ۋە بىر مۇدۇرۇپ توختىدى...

— تۇفى !— دەپ يەرگە تۈكۈردى هاشىر تەتۈر قاراپ، — مانا خۇشامەتگۈيغا مۇكاپات !

چىرايلىق قىز ئىتتىك مېڭىپ تاتار قىزغا يانداشتى ـ دە، سائىتىنى كۆرسىتىپ نېمىنىدۇر دېدى. بىزنىڭ نامەت يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ـ دە، بىرنېمىلەرنى دەپ كالچىيىپ كۈلدى. تاتار قىز مەنسىتمەسلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، چىرايلىق قىز بولسا نامەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تاتار قىزنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتتى. نامەت ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىزنىڭ چاچلىرىغا، ئىنچىكە بەللىرىگە، تۈز ۋە تولۇق پاقالچاقلىرىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ ماڭماقتا ئىدى. هاشىر قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، مېنى سىلكىپ:

— كېتەمسەن ـ يوق؟ ! — دەپ قوپاللىق قىلدى.

— بىللە كېتىمىز، نېمانچە قىلىسەن؟

بىز كەڭ سەيناغا كېلىپ توختىدۇق. هاياجانلانغان دولقۇن چاچلىق قىز قىزلارنى تونۇشتۇردى: ئۆزىنىڭ ئىسمى زۇلخۇمار ئىكەن، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىكەن. زىلۋا قىزنىڭ ئىسمى ئەلانۇر ئىكەن، ئۇ قىز تەنتەربىيە مەكتىپىگە ئىمتىهان بېرىپ كەپتۇ. تاتار قىز زۇلپىيە تېببىي تېخنىكومنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. چىرايلىق قىزنىڭ

ئىسمى گۈزەلئاي ئىكەن ، ئۇ قىز غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت سىنىپىغا ئوقۇشقا مېڭىپتۇ . بىز جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ئالتە پىدائىيمۇ قىزلارغا تونۇشتۇرۇلدۇق . شۇ چاغدا بىر ئادەم تۇيۇقسىز ئۆزىنى تونۇشتۇردى .

— ھەممىڭلار ئوقۇمۇشلۇق ئىكەنسىلەر ! — دېدى ھېلىقى ماشىنىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناخشا ئېيتقان دېھقان قىزىل مانچېستېر بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ، — مەنمۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، ئېتىم زۇليا ، ئوقۇغىنىم ئارانلا قۇليا !

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى . گۈزەلئايمۇ پىسسىڭڭىدە كۈلدى . شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن چىشى بار ئىكەنلىكى بايقالدى .

— ناخشا خۇمارىمەن ، — دېدى زۇليا ئاكا ھەييارلىق بىلەن ، — بىر ناخشىغا بىر خامان بۇغداينى تېگىشىۋېتىمەن دەڭلار ، مۇنۇ ئېغىز گارموشكاڭ خانلەيلۇنغا كەلمەيدۇ ـ دە ، بولمىسا قولىقىمنى تۇتۇپ بىر ئېيتىۋالاتتىمكەن ، ئىسىت . ئەمما لېكىن ، سىلەر بىلەن بىر ئولتۇرۇشتا بولۇپ قالسام ، ئارانلا چىراغپايلىققا يارايدىكەنمەن !

ياشلار يەنە بىرپەس كۈلۈشتى .

ھاشىر پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى . ئەمدى ياشلار ئۆزئارا گەپكە ئۆتكەندى . مەن ھېلىقى زىلۋا بويلۇق ئەلانۇر دېگەن قىز بىلەن سۆھبەتلەشتىم .

قىز تولىمۇ يېقىملىق ، ئوماق ئىدى . قوللىرىدىكى بىلەزۈك ، بوينىدىكى كەھرىۋا ، تىرناقلىرىدىكى سۇس خېنە ، لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىشى ، كۆزىنىڭ قويرۇقىدا بېقىپ گەپ قىلىشى ، غىجىملاپ تۇتۇۋالغان چۇچىلىق گاز ياغلىقى بىلەن پات ـ پات ئۇ يەر ، بۇ يېرىنى سۈرتۈپ قويۇشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى

ساددا دېھقان قىزىنىڭ نازۇك ۋە گۈزەل قىلىقلىرى ئىدى .
— سىزنىڭ ئېتىڭىز ئەلا نۇرمۇ ؟ — دەپ سورىدى قىز بىردىنلا . مەن كۈلۈپ كەتتىم :
— شۇنداق ، دادامنىڭ ئېتىنى قوشۇپ ئېيتسا ، مېنىڭ ئىسمىم قىزلارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ . ئەسلىدە دادامنىڭ ئېتى نۇرمۇھەممەت .ئەلا نۇرمۇھەممەت دېسىمۇ ، بەربىر مۇھەممەتنىڭ قىزى ئەلانۇر دېگەن مەنە چىقىپ قالىدىكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن فامىلەمنى نۇراخۇن دەپ قوللىنىمەن .
قىز پىخىلداپ كۈلدى ۋە :
— ئىسمىڭىز راست مېنىڭ ئىسمىمغا ئوخشاپ كېتىدىكەن ، — دېدى يەرگە قاراپ تۇرۇپ ، — مەن سىزنى بىر قېتىم ئىلغار ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنىدا كۆرگەن . سىز سۆز قىلدىڭىز ، كېيىن «مېنىڭ غايەم» دېگەن شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بەردىڭىز . شۇ چاغدا سىزنى ئەلا نۇر دەپ تونۇشتۇرغانىدى .
— سىز بۇ يىل تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇشقا ماڭغان ئوخشايسىز - ھە ؟ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان ؟
— ئۈمىد مەكتىپىدە ، — دېدى قىز ، — تەنتەربىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كېتىپ بارىمەن .
— ئاجايىپ كەسىپنى تاللىۋاپسىزغۇ ؟
— تەقسىماتقا بويسۇندۇم . ئەسلىدە مەن تېببىي تېخنىكومدا ئوقۇشنى تاللىغان ، تەنتەربىيىگە بۆلۈپ قويۇپتۇ . ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا ئاڭلىق بويسۇنۇشى لازىم دېگەچكە ، ئۆز - ئىنىسىزلا كېتىپ بارىمەن .
قىز ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى لالىرەڭ مەڭزىگە شولا چۈشۈرۈپ تۇرغاچقا ، يوغان قارا كۆزلىرى تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى .
— ياخشى قىپسىز ، سىڭلىم ، بىز ئىتتىپاق ئەزالىرى جاپا-

www.uyghurkitap.com

لىق جايىنى تاللاشتا ، دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىشىمىز لازىم . بىز ئالتىمىزمۇ ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى ، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كېتىپ بارىمىز . قاراڭ ، بىزنىڭ پىدائىيلىردىمىزنىڭ خۇشال - خۇراملىقىنى !

مەن ماختىنىپ قويدۇم . قىز بارا - بارا تارتىنىشنى قويۇپ ، ئېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇ ئىشىڭلارغۇ ياخشى بوپتۇ ، بىراق ئۇ تەرەپلەرگە بارماي ، ئۆز جايىدا تۇرۇپمۇ شان - شەرەپ قازانغىلى بولىدىغۇ !

— بۇ گەپنى خېلى جىقلاردىن ئاڭلىدۇق . لېكىن ، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ كۆرۈش كېرەك . ئەڭ قىيىن شارائىتتا يول تېپىپ مېڭىشنى ئۆگىنىش كېرەك . ئادەم ياش ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىسە ، ياشلىقىنىڭ ئەستە قالغۇدەك نېمە لەززىتى بولسۇن ؟

قىز يەرگە قارىدى . ئاندا - ساندا يۇلغۇن ، سۆكسۆك ۋە ئاق شىۋاق كۆتەكلىرى ئۇچراپ قالىدىغان بۇ تاشلىق كېچىسىمۇ قىزىق ئىدى . جەنۇب تەرەپتىكى تاغدىن جانغا ئارام بېغىشلايدىغان سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى . يولۇچىلار ئاشۇ شامالنى دەپ كەچتە بۇ تاغ تاپىنىنى سەيلە قىلىشاتتى . مانا شوخ تاغ شاملى قىزنىڭ غىجىم چاچلىرىنى يەلپۈدى ، گاز ياغلىقىنى تىترەتتى . قىز مەڭزىدگە چېچىلغان چاچلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ ئاستا پىچىرلىدى :

— رازىيە سىلەردىن بەك نارازىكەن . بۇلارنى سىز باشلاپ مېڭىپسىزغۇ ، بايىقى ئاچچىقى يامان يىگىت ھاشىرمۇ ؟ رازىيە ھاشىر ئىككىڭلار توغرۇلۇق جىق سۆزلىدى ، سىلەرنىڭ كەتكىدنىڭلارغا جىق ئاچچىقى باركەن...

— سىز رازىيەنى ياخشى تونۇمسىز ؟

— بىز باشلانغۇچ مەكتەپنى بىر پارتىدا ئوقۇپ تۈگەتكەن. بىزنى دوست دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۈچ كۈن بۇرۇن بىز بىللە قوندۇق، كېچىچە مۇڭداشتۇق...

— رازىيەنىڭ نېمە ئاچچىقى باركەن؟ — مەن ئالدىراپ سورىدىم.

ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى، سىرى ئېچىلىپ قالغان ئېپپەتلىك قىزدەك قىزاردى. شەپەقتەك قىزىللىق ئۇنىڭ نومۇسچان يۈزىنى شۇنداق زىننەتلىدىكى، هال رەڭ مەڭزى ئانار دانىسىدەك سۈزۈلگەن، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن هېلىلا ئۇنچىلەر تۇرۇكلاپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. خېلى جىم-لىقتىن كېيىن قىز تۆۋەن لېۋىنى چىشلەپ كۈلۈمسىرىدى:

— هاشىر غەلىتە مىجەز يىگىت ئوخشايدۇ. رازىيە تولاراق ئاشۇ هاشىرنىڭ گېپىنى قىلدى...

— نېمىلەرنى دېدى؟

— سىر ساقلىغىن دېگەن، سىزگە ئېيتسام، دوستۇمغا خىيا-نەت قىلغان بولىمەن.

— بۇ خىيانەت هېسابىغا ئەككى ياشنى بەختلىك قىلىپ قويى-سىڭىز هېچ گەپ ئەمەس، — دېدىم مەن هاياجانلىنىپ. قىز ئاغزىنى ياغلىقى بىلەن توسۇپ كۈلدى.

ئۇ بىلىكىنىڭ ماڭا تېگىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاستا ماڭاتتى. مەن سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

— بۇ سىردىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار، لېكىن مېنىڭ بىلىدىغىنىممۇ بىر سىر. ئۆزۈمدىن باشقا ھەتتا رازىيەمۇ، هاشىر-مۇ بىلمەيدۇ، سىز ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتىسىز. مەن بېشىنى باش-لاپ بېرەي: رازىيە هاشىرنى ياخشى كۆرىدۇ، سىز كۈلمەڭ، نەدىن بىلىسىز دەمسىزا؟ مېنىڭ سەزگۈلىرىم ماڭا خەۋەر قىلغان. رازىيە ھەر قېتىم هاشىرنى كۆرگەندە قىزىرىپ - تاتىرىپ، شۇك

بولۇپ كېتىدۇ . ھاشىر بار يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ ، مېنىڭ بىلەن ھاشىر توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ . لېكىن ، ھاشىر بىلەن بىللە بولغاندا لام ـ جىم دېمەيدۇ . تانسىلاردا ھاشىردىن قاچىدۇ ، ئەمما سەزدۈرمەستىن ناھايىتى ئېپىنى تېپىپ ئۇنىڭغا قارىۋالىدۇ...

— بولدى ، بولدى ، راست كۆزىتىپسىز !...

ئەلانۇرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى . قىز خۇددى ئۆزىنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك ئوڭايسىزلاندى ، يۈزلىرى قىزىرىپ ، لەۋلىرى تىترىدى .

تاشلىقتىن ھۆپۈلدەپ ئىسسىق كۆتۈرۈلمەكتە . ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بۇ كۈنى مانا ئاخىرقى يورۇقلۇق بىلەن خوشلاشتى ، ئەتراپ غۇۋالاشتى . قاقاس تاغ باغرىدىن بېغىرتاقنىڭ ئەنسىز ئاۋازى كەلدى . قىز پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جىمجىت كېتىپ بارىدۇ ، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى بۈگۈن كۆڭلىدىكى يىگىتكە ئاشكارىلىغاندەك قاتتىق ھاياجانلانغان . ئۇ مېنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يىراق ئۇپۇق قىرلىرىغا قارىماقتا ئىدى .

— ئىككىمىز ئىككى ساپ يۈرەكنىڭ ئەلچىسى ، — دېدىم مەن قىزغا ئاستا پىچىرلاپ .

— ئاستا گەپ قىلىڭ ! — دېدى قىز ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا قاراپ ، — رازىيە ماڭا سىرىنى ئېيتىپ بولۇپ بوينۇمغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلىدى ... — سۆزلەۋېتىپ ئەلانۇرنىڭ ئاۋازى تىترىدى ، تەتۈر قاراپ تۇرۇپ چۈچىلىق ياغلىقى بىلەن كۆزىنى ۋە لەۋلىرى ئەتراپىنى سۈرتتى ، — رازىيەنىڭ ھاشىرغا ئۆز سىرىنى بىلدۈرەلمىگىنىگە ئارمىنى كۆپ . كىم بىلىدۇ ، دوستۇمنىڭ بۇ ساپ مۇھەببىتى خاراب بولۇپ كېتەمدۇ تېخى... توۋا ، ھاشىر ئەجەبكىنە ، ئۆچ بولۇپ قالدىم . سىز بايقىغاننى نېمىشقا بايقىمىدى ، قوپال ، بىپەرۋا بالىمۇ نېمە ؟ خۇدايىم ئاشۇنداق بالىلارغا ئۇچراپ

قېلىنىشتىن ساقلىسۇن... ئازاب ، قىز بالا ئۈچۈن ئازاب...
— ھاشىر بىپەرۋا ئەمەس ! — دېدىم مەن قىزغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، — ئۇ تولىمۇ تەلەپچان يىگىت ، ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەم ئۈچۈن ، ھېسسىياتقا ، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىش ئىرادىسىزلىك سانىلىدىكەن . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ قارىشى بىر تەرەپلىمە بولۇشى مۇمكىن . ئۇ يەنە قاتتىق مىجەزلىك ، ئوڭايلىقچە قىزلارغا ئۆز سىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ ، لېكىن ياشلاردا بولىدىغان نازۇك ھېسسىياتلارنى ، شۇ قاتاردا مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قەدىرلەيدۇ . ئۇ قارىماققا تاشتەك قاتتىق ، لېكىن باشقا بىرىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى تارتقىنىنى كۆرسە ، دەرھال مومدەك يۇمشاپ كېتىدۇ ، تولىمۇ تۈز كۆڭۈل يىگىت !...
سۆھبەت داۋاملاشقان بولار ئىدى ، بىزنىڭ نامەت پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى ـ دە ، ھەسەتخورلۇق بىلەن قوپاللىق قىلدى :
— بازار ئوسمان ئىككىڭلارنىڭ بولدى . ئوسمانمۇ بۇغا ئاتتى ، ئۇمۇ قولتۇقلاپ يۈرىدۇ . ناكەس ، ھاشىر توك ئىككىمىز بولدۇق !...
قىز خىجىل بولدىمۇ ، قىزىرىپ كەتتى ۋە لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى . مەن نامەتكە قاراپ تەنە قىلدىم :
— گۈلنىڭ سايىسى بىلەن بۈيىنىڭ سايىسى ئوخشاشلا قارا كۆرۈنگەندەك ، ساڭا ھەممىلا نەرسە قارا كۆرۈنىدۇ ـ دە . دۇنيادا دوستلۇق ، بۇرادەرلىك ، قېرىنداشلىق دېگەندەك گۈزەل چۈشەنچىلەرمۇ بار !
— ھەممىلا ئىش چىرايلىق گەپتىن باشلىنىدۇ ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ ئوينىتىپ .
بىز ياتاقلارغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدۇق .
ياتاق تىنجىق ، مەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم . ئاخىر ھاشىرنى

ئويغىتىپ ، تاشيولغا چىقتۇق . تاشلىق يولنى ياقىلاپ خېلىغىچە جىمجىت ماڭدۇق . قىزنىڭ رازىيە توغرىسىدىكى سۆزى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى .

مەن پاراڭ ۋە مۇلاھىزىدىنمۇ كۆرە ، شۇ تاپتا رازىيە بىلەن ئاخىرقى قېتىم قىلغان كوچا سەيلىسىنى ئەسلەشنى دوستۇمغا ئارام بېغىشلايدۇ ، دەپ ئويلىدىم . مەن ئۇنى قولتۇقلاپ كېتىپ بارىمەن . كەچكى تاغ شامىلى بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى يەلپۈيدۇ ، ئارىلاپ - ئارىلاپ يىراق - يىراق يەرلەردىن ۋال - ۋۇل قىلىپ ماشىنا چىراغلىرى كۆرۈنىدۇ . بىز يۇرتىمىزدىن ئىككى يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا . تۈنجى قېتىم يۇرتتىن ئايرىلىشىمىز . مەن ئۆزۈمنى ئۈچ دەرۋازىنىڭ بۈك تېرەكلىك كوچىسىدا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلماقتىمەن . مېنىڭ خىيالىم بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئاۋۋالقى كېچىگە قايتتى .

بىز ياسىداق سارايدا ئۆمەر ئەپەندىنىڭ سالماقلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتىمىز . بۈگۈن ئۆمەر ئەپەندى ھاشىر ئىككىمىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چايغا چاقىرغان . ئۇ بىزنى ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي ئۈستەلنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزدى . ئۇ سىم كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھاشىرغا قاراپ سۆزلىدى :

— سەن ، ھاشىر ، تارتىنما ، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت . ئەلا تەبىئىي ئولتۇرۇۋاتىدۇ ، سەن نېمىشقىدۇر قورۇنۇۋاتىسەن . مەن سىلەرگە ئۈچ يىل تىل - ئەدەبىيات دەرسى بەردىم . كۆپ تەرىپىم سىلەرگە ياققان ۋە ئىنسان بولۇشنىڭ بىر نەمۇنىسى بولغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن . بۇ مېنىڭ ماختانغىنىم ئەمەس ، بۇنى سىلەر بىلىسىلەر . بۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماڭا قالدۇرغان يادىكار سۆزلىرىدىن بىر كۆچۈرمە . لېكىن ، راست گەپنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ، مېنىڭ بىلىمىم چولتا ، ئەتراپلىق بىلىم ئالالمىغانمەن . بۇ جەھەتتە مەن سىلەردىن نۇرغۇن ئارقىدا . تىل - ئەدەبىياتنى

تاتىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سىلەرگە دەرس بېرەلىگۈدەك بولۇپ قالدىم. لېكىن، گەپنى ئازايتساق، مېنى ئۆلگە قىلىساڭلار خاتالىق بولىدۇ. مەن سىلەردىن يەنە ئون يىل، يىگىرمە يىل ئۆتكەندە، كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچ قىلالايمەن! شۇڭا، ھاشىر، سەن كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولغىنىڭ ئۈچۈن پەخىرلەن، ئۆزۈڭنى ئازادە، مەغرۇر تۇتقىن. مۇناسىپ ئىنسانىي غۇرۇرى بولمىغان ئادەملەرنى مەن ياقتۇرمايمەن!

چاي تارتىلدى، تاتلىق ئۈزۈم، مېۋىلەر بىلەن مېھمان بولدۇق. مۇئەللىم بىزنى ناھايىتى ياخشى كۆردۇ. ئۇ بىزدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ بىزنى تاماق تەييار بولغۇچە زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ قىرائەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشكاپلار كىتابلار بىلەن تولغان، ھەر خىل يېزىقلاردا بېسىلغان ئىلىم - پەنگە، بولۇپمۇ تارىخ ۋە تىل - ئەدەبىيات بىلىملىرىگە دائىر كىتابلار، رومانلار، رېتى بىلەن تۈپلەنگەن سەككىز خىل ژۇرنال ۋە ئىككى نۇسخىدىن قىلىپ تۈپلەنگەن ئوتتۇز يەتتىنچى يىلدىن بۇيانقى گېزىتلەر، تۈرلۈك رەسىملەر، يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن سىزىلغان ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر، ۋەرەقىلەر... مەن بۇ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم كىرگەن ۋە ھەر قېتىمدا ئالدىراش بولغىنىمغا قارىماي بىرنەچچە سائەتلەپ كىتابلارنى ۋاراقلاش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەندىم. بۇ قېتىممۇ كىتابلارنى سۈغۇرۇۋېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. مېنىڭ مەيلىمچە بولغاندا، شۇ تاپتا ھېچقانداق سۆھبەتمۇ، تاماق ۋە ئىچىملىكمۇ ئارتۇقچە، پەقەت كىتابلار بىلەن يالغۇز قالساملا بولاتتى. مەن ئاچ كۆز بالا مول يېمەكلىكلەر تولغان شىرەگە ئۆزىنى ئاتقاندەك، قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى ئوقۇشۇمنى بىلمەي، قىزىقىش ۋە قىزغىنىش بىلەن كىتابلارنى ۋاراقلايتتىم، ئىچ - ئىچىمدىن ھاياجانلىناتتىم، كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى بىر

يولىلا ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكى بىلەن ھەسرەتلىنەتتىم.

— سەن ئەلا، بۈگۈنچە ئۆزۈڭنى بىزنىڭ مەيلىمىزگە تاپشۇرغىن، — دېدى ئۆمەر ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ، — خاتالاشمىسام، بىرنەچچە كىتابىمنى سورايدىغاندەك قىلىسەن، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، مەن ھېچكىمگە كىتاب بەرمىگەنمەن.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ كىتابلار ئۇنىڭ جېنى، — دېدى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئانىسى باياتىن دەرپەردە سىرتىدىن قاراپ تۇرۇپ گەپنى ئاڭلىۋېلىپ، — بالىلارغا ئاياغ ئالىدىغان پۇل بارمۇ، گۆش، چاي، قەنت - گېزەك ئالىدىغان پۇل بارمۇ، ھەممىسىگىلا كىتاب ئالدى. بىر قېتىم تېخى قارا قىشتا بۆكچان قېلىۋىدى، قولاقچا ئال دەپ پۇل بەرسەم، شۇنىڭغىمۇ كىتاب ئاپتۇ! — موماي ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىنى زوقمەنلىك ۋە پەخىرلىنىش بىلەن سۆزلەپ، قاپاقلىرىنى سوزۇپ قويدى. ئۆمەر ئەپەندى:

— راست گەپنى ئېيتسام، بۇ كىتابلارنى نېمىگە يىغىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەن يارىمايمەن. قىزىم بۇ ئىشنى قىلالىسا، دېمەك ئەمگىكىم بىكار كەتمىگەن بولىدۇ. ناۋادا، بىرەر نەۋرەم قىلالىسىمۇ، مەن بىنەۋدە ئىش قىلمىغان بولىمەن. مېنىڭ بايلىقىم، خۇشاللىقىم، جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ خىزمىتىممۇ مۇشۇ كىتابخانام دەپ قارايمەن. مانا بۇلار ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرى توغرىسىدا يېزىۋاتقان ماقالەم. يەنە ل. مۇتەللىپ، ئەنۋەر ناسىرى، بىلال ئەزىزى، نۇر بوساقوفلارنىڭ شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىماقچىمەن. ناۋادا قولۇمدىن كەلسە، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ مۇتەللىپكىچە بولغان شائىرلارنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر بىر رىسالە ئىشلىمەكچىمەن.

— كىتابلار توغرىسىدا گەپ بولسا، دادام ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، — دېدى رازىيە كۈلۈمسىرەپ، — دادا، ھازىرمۇ ئۇنتۇپ

قالدىڭىز ! مۇنۇ مېھمانلارنى گەپ بىلەنلا كۈتۈشكە بولمايدۇ ، قېنى سارايغا چىقايلى ، غىزا سوۋۇپ قالمىسۇن .

ئۆمەر ئەپەندى كىتاب جاۋىنىنىڭ ئالدىدا زېرىكمەي كۆرگەزمە چۈشەندۈرگۈچىسىدەك ھامان سۆزلەيتتى :

— ئۆي كىچىكلىك قىلىۋاتىدۇ . مەن يېڭى جاۋەن ، ئىشكاپ-لارنى ، رەسىملەر ئۈچۈن رامكىلارنى بۇيرۇتۇپ قويدۇم . ھازىرقى سارايغا كىتابخانامنى كۆچۈرىمەن ، يەنە ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىن قانداق كىتابلار چىقار تېخى ! ھەي ، ئىنسان دېگەننىڭ ئۆمرى قىسقا ، ھېچبولمىسا سەكسەن ياشقا كىرسەمىدىم دەيمەن ، يەنە قىرىق يىل كىتاب يىغالايتتىم . مېنىڭ كىتابلىرىم كەلگۈسىدە كۈچكە ، جەمئىيەتنىڭ چاقىنى ئىلگىرىلىتىدىغان قۇۋۋەتكە ئايلىنى-دۇ . شۇ چاغدا ، قىزىم ، دادىڭىزنى بۇنداق ئەيىبلىمەيدىغان بولىسىز .

مەن كىتاب ۋە بىلىم توغرىسىدىكى گەپ بىلەن ئۆز ھاياتىغا خۇشاللىق تاپالايدىغان ئادەمگە تىكىلىپ قارىدىم . ئۇنىڭ قاڭشار-لىق چىرايلىق بۇرنى ، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان مېھرىبان كۆزلى-رى ، يۇمىلاق يۈزىگە ياراشقان كۆتمەك قارا بۇرۇتى... ئۇنى شۇنداق تەبىئىي يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتتىمىكىن ياكى كىتاب - ئىلىم توغرىسىدىكى گەپلىرى مەندە مۇھەببەت قوزغىدىمىكىن ، ئەيتاۋۇر ئۇ ماڭا تولىمۇ گۈزەل بىر ئادەم بولۇپ تۇيۇلدى... مەن ئۇنىڭدىن كىتاب سورىماقچىدىم ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ يالتايدىم .

ئۇ بىزنى يەنە سارايغا تەكلىپ قىلدى ، مەن ئاياغلىرىمنى تەسلىكتە تاپسىدىن يۆتكىدىم .

بىز مۇئەللىمنىڭ زورى بىلەن ئاز - تولىدىن ئىچىشتۇق ، سېخىي ساھىبخانىنىڭ مول داستىخىنى بىلەن تەستە خوشلاشتۇق . ئۆمەر ئەپەندى ئىچىملىكنىڭ كۈچى بىلەن ھاياجانلىنىپ ، بىزنى

www.uyghurkitap.com

قـۇچاقـلاپ ، پېشـانىلىرىمىزدىـن سـۆيدى ، ھەتتا كۆزىگە ياش ئالدى...

بىز كوچىغا چىققاندىلا ، ئۆمەر ئەپەندى بىزنى دەرۋازا ئالدىدا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇزاتتى . رازىيە بىز بىلەن بىللە قايتتى .

بىز كېچىسى مەكتىپىمىزگە قايتتۇق . ئىككى قاسنىقى بۇك تېرەكلىك ئۇچ دەرۋازا كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىپ بارىمىز . تېرەكلەرنىڭ تۈۋىدىكى ئېرىقلاردا شوخ سۇ چۇرۇقلايدۇ . شاخلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ كۈمۈش رەڭ يوپۇرماقلىرى ئاي يورۇقىدا ئاق كېپىنەكتەك غىلىلداپ ، گويا ئاسماندىن كۈمۈش تەڭگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ . ئاشۇ تىنىمسىز چاۋاك چېلىپ ، پىچىرلىشىپ تۇرىدىغان شوخ يوپۇرماقلار سەيلىمىزگە ھەۋەسلەنمەكتە . ئۇلار گويا : «ھە ، تېرەكلەر دالدىسىدا تۇرۇۋېلىڭلار ، بىز سىلەرگە سايىۋەن» دېيىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ... ھاۋاسى ساپ ، جىمجىت كېچىدە ئاللىقەيەرلەردىن گارمون بىلەن ناخشا ، نەلەردىندۇر مەست ئادەمنىڭ قوپال ۋارقىراپ دەرۋازا ئۇرۇشى ، چوڭ كوچىدىن ئۆتكەن خادىكنىڭ قوڭغۇرىقى ، باغلاردىن شوخ قىز - يىگىتلەرنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئاڭلىنىدۇ... ئوڭ يېنىمدىن رازىيە ، سول يېنىمدىن ھاشىر قولتۇقلىشىۋالغان . بىز كەلگۈسى ھاياتىمىز توغرىسىدا ، بولغۇسى ئۇچىرىشىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتىپ بارىمىز .

— ئىلىم - پەن بويىچە تۆھپە ياراتقانلارنىڭ باش قوشۇش يىغىنىدا ئۇچرىشىپ قالساق ، — دېدى ھاشىر ھاياجان بىلەن ، — ئەلا چوقۇم سەھنىدە ، بىز پەگادا بولىمىز - دە ! بۇ ئەلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقى بىلەن جەزمەن تېزلا تونۇلىدۇ . لېكىن ، فىزىكا ، خىمىيە ، ماتېماتىكىدا تونۇلماق يوق گەپ . باشقىلار ئاتوم ، ئېنېرگىيە ، ئېلېكتر نۇرلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ ، بىز تېخى ئالىي ماتېماتىكىنىڭ بوسۇغىسىنى كۆرمىدۇق . قىسقىسى ، بىز

كەشپىيات ئەمەس ، دورامچىلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمايمىز . مەن دا-
ئىم دەيمەن ، ئەلادا لومونوسوفنىڭ كاللىسى بار ئىدى ، لېكىن ئۇ
لۇشۇننىڭ يولىنى تاللىۋالدى…
ئۇ مېنى گەپ بىلەن چېقىپ بولۇپ ، رازىيەگە ھۇجۇمغا
ئۆتتى .
— ئەمما مىندىلىق ھايات بولغان بولسا ، جەزمەن مۇشۇ
رازىيەنى شاگىرتلىققا ئالاتتى جۇمۇ . نېمىشقا دېگەندە ، ئاڭلىسام ،
رازىيە تەجرىبىخانىدىن چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ ؟ نوبېلمۇ تەجرىبە
قىلىۋېرىپ ئاخىر پارتلاتقۇچ دورىنى تاپقان . رازىيە جەزمەن خىمى-
يىدە نەتىجە قازىنىدۇ . مىندىلىق ئاق قالدۇرغان ئېلېمېنتلاردىن
بىرنەچچىنى تاپامدۇ ، تېخى !
— تولا شاڭخو قىلماڭ جۇمۇڭ ، — دېدى رازىيە
كۈلۈپ ،— سىزچۇ ، ئۇيغۇرلاردىن دىرىژابىل ياسىغان تۇنجى ئالىم
سىز بولامسىز تېخى !
— جەمئىيەت چاقىنى كەينىگە پىرقىرىتىدىغان دېمەكچىمۇ-
سىز ، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ ، — ئىنسانىيەت راكېتاغا قەدەم
قويسۇنۇ ، مەن دىرىژابىل ياسىغۇدەكمەن ، لەگلەك ياساپ دېمىدى-
ڭىز ياخشى .
— بىزنى دېسە دىرىژابىلمۇ بىر يېڭىلىق ، — دېدى رازىيە
كۈلۈپ ، — ھە بوپتۇ . ئىشقىلىپ ، يېڭىلىقلارنى يارىتىپ يىغىنغا
قاتناشتۇقمۇ دەيلى ، يەنىلا سىز سەھنىدە ، بىز پەگادا ئولتۇرۇپ
قالارمىزمىكىن !
— نەدە ئولتۇرسامۇ ، سىلەرنى كۆرۈپ قالسام‍لا ۋار-
قىرايمەن ، — دېدى ھاشىر ، — سىلەرگە قاراپ ئۆزۈمنى ئاتىمەن .
— «بىرلىنىڭ تەسلىم بولۇشى» دېگەن كىنودىكى ئالىيۇش-
كىدەكمۇ ؟ رازىيەنى «ناتاشا» دەپ ۋارقىراپ يۈرمىگىن يەنە ، —
دەۋەتتىم مەن چاقچاققا يۆلەپ تۇرۇپ .

بىردىنلا رازىيەنىڭ مېنى قولتۇقلاپ تۇرغان قوللىرى تىترىدى ـ دە ، بىلىكىمدىن ئاجرىدى . مەن ئۇلارغا چاقچاق قىلدىم :

— پاھ ، نازۇكلۇقىنى ! توگادەك سىلىقلار بىر مېڭىۋىلىڭلار ئەمىسە !

مەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتتىم .

رازىيە ماڭا يېتىشىۋالدى ـ دە ، ھاسىراپ تۇرۇپ :

— بۇنداق قىلىسىڭىز رەنجىيمەن . قورقىمەن ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشتىن قورقىمەن ، — دېدى . ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى .

— ئۇ سىز بىلەن يالغۇز ئايلىنىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدۇ . ئۇ پاك كۆڭۈل يىگىتقۇ ، نېمىسى قورقۇنچلۇقكەن ؟

— پاك كۆڭۈل ئادەممۇ بەزىدە قورقۇنچلۇق بولىدۇ…

— ئەتىدىن باشلاپ بىز ئايرىلىمىز ، بىر ـ بىرىمىزگە زار بولىمىزغۇ ، رازىيە ؟

— ئامال قانچە ؟— دېدى قىز ئازاب بىلەن ئۇھ تارتىپ ،— ئىنسان يىراقتا تۇرۇپ ئۈن ـ تىنسىز سىرداشسا ، بىر ـ بىرىگە قەدرى ئۆتۈلىدۇ .

شۇ چاغدا ھاشىر يېقىنلاپ كەلدى . رازىيە يالغاندىن قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇ گەپنى چاقچاققا ئۆرىدى :

— سىز ئەلا ، مېھمانلىق سوپىتىڭىزنى ساقلاڭ جۇمۇ ، ھازىرچە مەن ساھىبخانىمەن . بىلىپ قويۇڭ ، مېھمان دېگەن قويدىن ياۋاش دەيدىغان ، سىز قوي ئەمەس ، شۇ تاپتا تۈلكە… ۋىيەي…

قىز قوپال ئوخشىتىشتىن نومۇس قىلىپ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى ـ دە ، مېنىڭ قوللىرىمغا ئېسىلىپ :

— ئەپۇ قىلىڭ ، قوپاللىق قىلىپ قويدۇم ! — دېدى .

— پاھ ، نەدىن ئۆگەندىڭىز بۇنچىلىك رەھىمدىللىقنى…

مەن ھاشىرغا ئاڭلىتىپ سۆزلىدىم . شۇ چاغدا ، ھاشىر مېنىڭ سول بىلىكىمدىن قولتۇقلاپ :

— رەھمەتلىلىق ؟ بۇنى ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى نېمىگىدۇر تەنە قىلىپ ، — رەھمەتلىلىق ، كۆڭۈلچەكلىك ئىرادىنى بوشاشتۇرىدۇ . بۇنى پسىخولوگىيە ئىسپاتلىغان . كۆڭۈلچەكلىك ئادەمنى سىر ساقلىماس قىلىپ قويىدۇ...

— سىر دېگەن ھامان ئېچىلمايدىغان ساندۇقتىكى بايلىق ئەمەسقۇ ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ .

— گۈلنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ . ۋايىغا يەتكۈزمەي ئۇنى مەجبۇرەن ئېچىلدۇرىمەن دېسەڭ ، ئۆلتۈرىسەن . سىرمۇ خۇددى شۇنداق . قېنى ئەمىسە ، بايىقى كوچىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىشنى تەكلىپ قىلسام ، كىم قارشى چىقىدۇ ؟

— مەن ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ قوللايمەن ، بەرىبىر مۇنازىرە بولىدىغان ئوخشايدىغۇ ، — دېدى رازىيە بىردىنلا مەيۈسلىنىپ .

تولۇن ئاي ئۇنىڭ يۈزىنى تولۇق يورۇتتى . مەن ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە قارىدىم . ئۇنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرىدە ياش يالتىرىغاندەك بىلىنىدۇ . لېكىن ، غەمكىنلىك ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسەتمەكتە : زىغىر رەڭ كۆڭلەك ، ئاق ياقا ، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى ، زىلۋا بويى ، ئىلىپتەك تۈز ، قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى گۆدەكلىك كۈلكىسى ئويناپ تۇرىدىغان ئوماق لەۋلىرى... ئۇيغۇر گۈزەللىكىنىڭ ھەممە بەلگىلىرى توپلانغان بۇ قىزنى تولىمۇ يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى .

«بەختلىك دوستۇم ھاشىر ، مۇنداق قىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن يۇمشاق ۋە قىزغىن بولۇشۇڭ لازىم ئىدىغۇ ، لېكىن سەن قاتتىق ۋە قوپالسەن . بۇ ئەيىبىڭ بىلەن مۇنۇ ئوماق قىزنى ۋە ئۆزۈڭنى بەختسىز قىلساڭ ، بۇ ئازابقا مېنىڭ يۈرىكىم چىدىمايدۇ... » دەپ

ئويلىدىم .

— نېمىشقا مەيۈسلىنىسىز ، رازىيە؟ بىز ۋاقىتلىق ئايرىلىمىز ، لېكىن مەڭگۈ…

— مەڭگۈ كۆرۈشمەيمىز دېمەكچىمۇ؟— دېدى قىز زورىغا كۈلۈپ .

— ياق… مەن…

— ياق دېمە ، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن !…— ھاشىر يەنە قوپال گەپ قىلدى .

«ياشلىق نازۇكلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۆتكۈزگەن بىر قوپاللىقىڭ ، بىر خاتالىقىڭ ئۈچۈن ، ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىشىڭ ، ئۆزۈڭگە كايىشىڭ مۇمكىن ، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن خاتانى تۈزىتەلمەيسەن ، پەقەت كۆڭلۈڭدە بىر ئۆچمەس داغلا قالىدۇ…» مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم ـ دە ، ھاشىرنىڭ ئەيىبىنى تۈزەتمەكچى بولۇپ ، ئىلاج بار ئۇلارنى كۆپرەك سۆزلىتىشكە ، ئۆزۈم ئازراق سۆزلەشكە قارار قىلدىم .

بىز يەنە كوچا ئايلاندۇق . ئۇلار ئىككىسى يەنە مېنى قولتۇقلىۋالدى . بىز بۇ قېتىم جاپالىق جايغا بارماستىنمۇ شان ـ شەرەپ قازانغىلى بولامدۇ دېگەن تېمىدا راستىنلا تالاشتۇق . بۇ مەسىلىدە ھاشىر ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئوخشاش ئىدى . مەن قىزنىڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئەتەي ئۇنى كۆپرەك سۆزلەتتىم .

— قاراپ تۇرۇڭلار ، بۇ مەسىلىدە پۈتۈن مەكتەپ بويىچە مۇنازىرە قوزغايمەن ، — دېدى قىز قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ تۇرۇپ ، — شان ـ شەرەپ قازىنىمەن دەپ نەدە قىيىنچىلىق بار يەرنى ئىزدەپ يۈرۈش تەۋەككۈلچىلىك ، خىيالپەرەسلىك . ھەرقانداق ئۇچۇشلۇق ، بىرقەدەر شارائىتى ياخشى جايلاردىمۇ شان ـ شەرەپنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى بولىدۇ . مۇنداق جايدىمۇ قىيىنچىلىق ئۆز ـ ئۆزىدىن پەيدا بولىۋېرىدۇ . گەپ سىزنىڭ

ئۇنىڭدىن قېچىش ـ قاچماسلىقىڭىزدا . مەسىلەن ئالايلى ، كورچا-
گىن ، ۋۇيۇندۇلار جىسمانىي ئاجىزلىقى بولمىغان تەقدىردىمۇ ،
بەربىر سۆيۈملۈك ئادەملەر بولىۋەرگەن بولاتتى ، چۈنكى ئۇلار
هامان باشقىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى باشقا يول-
لار بىلەنمۇ ئىسپاتلايتتى ـ دە !

— بۇ دېگىنىڭىزگە قارشى ئەمەسمەن . لېكىن ، قىيىن شارا-
ئىت ئىنسان ئىرادىسىنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم . بۇنى مەن
ئاددىي مىساللار بىلەن سىزگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن !

دوستۇم هاشىر قىسقا ، لېكىن قايىل قىلارلىق قىلىپ سۆز-
لەيتتى . ئۇنىڭ تەمكىن ئاۋازى ، جانلىق مىساللىرى ، شۇ تاپتا
مېنىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى . رازىيە ئاخىر ياتاقنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە بىز بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ، ماڭار ۋاقتىدا :

— مەن سىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك
يېزىلىرىغا بارىمىز دېگەن نىيىتىڭلاردىن قايتىشىڭلارنى ئۈمىد قى-
لىمەن . مەن ئىسپاتلاپ بېرەلمىدىم ، ئەمما ئۆز يۇرتىمىزدا بول-
ساڭلار ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمىساقمۇ ، كۆڭۈللۈك ، بەخت-
لىك ۋە شان ـ شەرەپ ئىگىسى بولۇپ هايات كەچۈرگەن بولاتتۇق .
خەير ، مەن سىلەرنى قايىل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم ! — دېدى .

مەن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش ئاققىنىنى كۆر-
دۈم . ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسىغىنىچە ياتىقىغا قاراپ
يۈگۈردى .

بىز رازىيە بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشقانىدۇق…

بىز ۋۇتەي تاشيولىدا ئۇزاققىچە جىمجىت ماڭدۇق . ئاي بىردە
ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ بىزگە يېنىچە قارايتتى ، بىردە
يۈزىدىن چۈمپەردىسىنى ئېلىۋېتىپ كۈلۈپ قارايتتى . سالقىن تاغ
شامىلى چاچلىرىمىزنى يەلپۈيتتى ، جانغا ئارام بولاتتى .

مەن خىيالدىن سەگىپ هاشىرغا بۇرۇلدۇم :

— خوشلاشقان ئاخشىمى رازىيەنىڭ كۆزىدىن نېمىشقا ياش قۇيۇلدى؟ سىڭىلچە، ئۇ مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟

— دۇنيادا مۇھەببەتتىنمۇ كۈچلۈك نەرسىلەر بارغۇ. مەسىلەن، مەغرۇرلۇق! — دېدى ھاشىر قوپالراق ئاۋازدا، — كۆز يېشى — ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىنىڭ ئالامىتى. ئۇ بىزنى قايىل قىلالماي قالغىنىغا يىغلىدى.

— ئەخمەق!

— مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپمۇ ئويلايلى. بەربىر ئۇنىڭ مۇھەببىتى جۇدۇن كۆرمىگەن مايسىغا ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسىنى تەلەپ قىلىمەن!

— بۇ سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭ! — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — مېنىڭچە سەن ئاشۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ قېلىشىڭ لازىم ئىدى، ئىككىڭلارلا بەختلىك بولغان بولاتتىڭلار!

— ئەخمەق، — دېدى ھاشىرمۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مەن ئۆز خاھىشىمنىڭ توغرىلىقىنى، مەسىلەن، خەلقنىڭ ئېھتىياجى، مېنىڭ خاھىشىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئادەممەن! يولۇمدىن قېيقالسام، مەن ئۇ چاغدا قىزنىڭ ئالدىدا قەدىر - قىممىتى يوق بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالمامدىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىرادىلىك ۋە قەتئىي ئادەم ئىكەنلىكىمنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم بىلەن ئىسپاتلايمەن. ناۋادا، رازىيە مەن ئويلىغاندەك ئىرادىلىك ۋە پەزىلەتلىك قىز بولسا، ھايات بىزنى سىنايدۇ تېخى!

بىز يولدىن سىرتقا چىقىپ قالدۇق، ماشىنىلارنىڭ دالدىسىدا ئىككى گەۋدە بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھاشىر ئۆز خىيالى بىلەن، مەنمۇ پەرۋا قىلمايلا قويدۇم. ئىككىمىز كۆتەكنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردۇق. ھېلىقى گەۋدىلەر قولتۇقلىشىپ بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر ماشىنىنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى.

— سىز مېنى تولا قىستىماڭ، — دېدى قىز. بىز قىزنى

تونۇدۇق ، ئۇ زۇلخۇمار ئىدى ، — مېنىڭ يەنە ئىككى يىللىق ئوقۇشۇم بار تېخى . بىز خەت ئارقىلىق قالغان گەپلەرنى سۆزلە-شەيلى !

— سىزلا ھەئە دېسىڭىز ، مەن بىر ئامال قىلىپ ئۈرۈمچىدە قالىمەن . مېنىڭ مۇھىم ئورۇنلاردا تۇغقانلىرىم بار ، ئۇلارنىڭ قولى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدۇ . مەن جەزمەن ئۈرۈمچىدە قالالايمەن ! — دېدى ئوسمان ئالدىراپ سۆزلەپ .

— سىز باياتىن ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، ئەڭ قىيىن جايلارغا بېرىپ خەلققە خىزمەت كۆرسى-تىشكە ماقۇل دەۋاتاتتىڭىز . سىز ئۈرۈمچىدە قالىمەن دېسىڭىز ، دوستلىرىڭىز نېمىدەپ ئويلايدۇ . ئىرادىسىز ، شەخسىيەتچى دېسە قانداق قىلىسىز ؟

— نېمە دېسە مەيلى . مەن سىز بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن ، چەكسىز بەختلىكمەن . كەلگۈسىدە تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىمىز ئۈچۈن ، مېنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىشىمغا ماقۇل دەڭ . زۇلخۇمار ، بىلەمسىز ، مەن شۇ تاپتا سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمەن . بىر كىچىك ، تويلۇق يېزىدا قانداقمۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزەلەي-مەن؟ سىزدىن ئايرىلىپ ياشاش قانچىلىك ئېغىر ، بىلەمسىز ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ !— دېدى قىز ئۇنلۇك قىلىپ ،— بۇنداق دېسىڭىز مەن دوست بولۇشتىن يالتىيىمەن . بىلىپ قويۇڭ ، مەن تېخى سىزنى ياخشى كۆرگىنىم يوق . مېنىڭدىكى ھېسسىيات — دوستلۇق ھېسسىياتى . مەن سىزنىڭ ماشىنىدا تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزلىرىڭىزگە قاراپ ، دوست بولۇشقا بولىدىغان ئوت يۈرەك يى-گىتكەن دەپ ، سىز بىلەن تونۇشتۇم . باياتىن كەلگۈسى ئارزۇلار توغرىسىدا پىكىرلەشتۇق . بۇنداق ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلسىڭىز ، خەير ، كۆرۈشكىنىمىز شۇ بولسۇن !

— زۇلخۇمار ! مەن ، مەن سىزنىڭ ھەرقانداق شەرتىڭىزگە

www.uyghurkitap.com

كۆنمەن . باياتىن ئېيتقانلىرىم ئىناۋەتسىز ، ھەممە ئىش سىز دېگەندەك بولسۇن !

قىز گەپ قىلمىدى . ئىشنىڭ يامىنىغا ئۆرۈلمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق ۋە ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ، ياتاققا قايتتۇق .

بىردەمدىن كېيىن ئوسمانمۇ قايتىپ كىردى . ئۇ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چەكتى .

مەن ئوڭدا يېتىپ ھاشىرنىڭ رازىيە توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئوسماننىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى سېلىشتۇردۇم ، ئوسمان ئۇ-چۇن خىجىل بولۇپ ئوڭ يېنىمغا ئۆرۈلۈۋالدىم . ئوڭ يېنىمدا ھاشىرمۇ ئوڭدا يېتىپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى . «ھاشىر جەزمەن رازىيە توغرىسىدا ئويلاۋاتىدۇ . ئۇ رازىيەنى ياخشى كۆرىدۇ ، لېكىن ئۇ ئارتۇقچە تەلەپچان ، قىزدىن ئۆز ۋۇجۇدىدا تېخى يېتىلمىگەن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ، ئۇنىڭ خاتاسى . ياق ، كىم بىلىدۇ ، ئۇنىڭ توغرىمۇ تېخى ! ئوسمانچۇ ؟ ئۇنىڭغا قىزنىڭ تەلىپى ئېغىر كېلىۋاتىدۇ . ئۇ شۇ تۇرقىدا جەزمەن ئۇرۇمچىدە قېلىشنىڭ باشقا ئاماللىرىنى ، زۇلخۇمارنى كۆندۈرۈشنى ئويلاۋاتىدۇ . ئۇنىڭ نېمىگە ئىنتىلىۋاتقىنى ناھايىتى روشەن… » دەپ ئويلىدىم .

## 3

بىز ئالتىمىز ئۈچ كۈندىن بېرى تەقسىمات كۈتۈپ ياتماقتىمىز ، زېرىكسەك نەنلياڭ كىتابخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزىمىز . ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى ئاۋات شەھەرنىڭ ھەممىلا جايلىرىنى كۆرۈپمۇ بولدۇق . شەھەر بىزگە ناھايىتى ياقتى ، بولۇپمۇ شەھەردە ئىلىم ـ مەرىپەت ، مەدەنىيەت ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش يۇكسەك ئىدى . كەچقۇرۇنلۇقى ھەر

خىل مەكتەپ ئىزناكلىرىنى تاقىغان ئوقۇغۇچىلار ، ھەر خىل ياسان-
غان قىز - يىگىتلەر ، پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەربابلىرى
توپ - توپى بىلەن سەيلە قىلىشاتتى . دوقمۇش - دوقمۇشلاردا
سۆھبەت ۋە چاقچاقلار قىزاتتى...

ئوسمان بىلەن نامەت پات - پاتلا كەچقۇرۇنلىرى يوقاپ كېتىد-
دىغان بولۇۋالدى . بىز ھاشىر ، قۇرماش ، تاش تۆتىمىز ، بىر
توخۇنىڭ چۈجىلىرىدەك بىللىلا يۈرۈشەتتۇق . بىز ئۈچۈن قىزىق
تاماشا ، پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ كوچىدىن ئۆتكەنلەرنى كۆرۈش
ئىدى .

بۈگۈنمۇ كەچكى تاماقتىن كېيىن كۈندىكى جايىمىزدا ئولتۇ-
رۇشتۇق .

— تېزرەك جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭساق بولاتتى ، — دېدى
قۇرماش ئىچى پۇشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — مەن يېزىدا يەنە ئون
يىل ئىشلەپ ، ئاندىن كېيىن بۇ شەھەرگە كېلىمەن . ئۇ چاغدا ،
ئاۋۇ ئادەمدەك ئوتتۇز ياشلىق ، راسا قۇرامىغا يەتكەن مائارىپچى
بولىمەن !

ئۇ قولىنى بىگىز قىلىپ ، كۈل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا
كىيگەن ، سەل تاقىر باش بولسىمۇ ، چېچى ئۆزىگە ياراشقان ، قارا
گالستۇك تاقىغان ئادەمنى كۆرسەتتى . مەن ئاستا ئۇنىڭ قولىنى
چۈشۈرۈشكە شەرەت قىلدىم . ھېلىقى ئادەم يالت قىلىپ قارىد-
دى - دە ، بىزنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ۋە بىز تەرەپكە قاراپ
كەلدى .

— ساۋۇتوف ! — دېدى ھاشىر ئورنىدىن تۇرۇپ . بىز ھەم-
مىمىز شۇ چاغدىلا ئۇنى تونۇدۇق . بۇ ئادەم بىزگە پېداگوگىكا ۋە
پسىخولوگىيە دەرسلىرىگە يېرىم يىل كىرگەن ، كېيىن تۇيۇقسىزلا
يوقاپ كەتكەن ساۋۇتوف ئىدى . مۇئەللىملەر ئۇنى بىلىمى چوڭ-
قۇر ، سۆزگە چېۋەر دەپ ماختىشاتتى .

— قانداق ئەھۋالىڭلار ؟ بەللى ، ئەلا ، ھاشىر ، قۇرماش ، ھە، تاشپولات !— ئۇ بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ ئىسىملىرىمىزنى ئاتاپ چىقتى ـ دە ، — تۇنۇگۈن ئوسمان بىلەن نامەتنى تانىسدا كۆرۈپ قالدىم . ئوسمان سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارنى ئېيتتى . مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئەتەي بۇ ياققا كەلگەندىم . قېنى يۈرۈڭلار ، بىللە ماڭغاچ پاراڭلىشايلى ،— دېدى .

بىز ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككىدىن بولۇپ ياندىشتۇق . ئۇ ناھايىتى قىزغىن ، خۇش چاقچاق ئىدى . بىردىنلا ئۇ ھاشىر ئىككىمىزنى قولتۇقلىۋالدى ـ دە :

— بۇ كۆك چاپانلارنى كاستۇمغا ئالماشتۇرىدىغان ۋاخ كەلدى ، — دېدى مەكتەپ يادىكار ئۇچۇن ئېلىپ بەرگەن ، ھەممىمىز پار بولۇپ كىيىۋالغان تۆت يانچۇقلۇق كۆك خادانى چاپانلارنى شەرەت قىلىپ ،— ئۇرۇمچىنى ئون ـ ئون بىرىنچى ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار مەركىزى قەشقەر ، نەۋائى ياشىغان ئون بەشىنچى ئەسىردىكى بۇخارا دېيىش مۇمكىن . بۇ يەر ئىلىم ـ پەن ئوچىقىغا ، ئىلىم ئەھلى يېتىلىدىغان ئانا بۆشۈككە ئايلانماقتا . مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىلىم ـ پەن گۈلزارىغا كىرگىنىڭلارغا ناھايىتى خۇشالمەن . بۇ شەھەردە ئەمدى ياشلىقنى مەنىلىك ئىشقا بېغىشلىغىلى بولىدۇ . ھەربىرىمىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۇرۇش يولىدا ئايىماي تەر تۆكۈپ ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشساق ، نەچچە ئەسىرلەپ خورلانغان مەدەنىيىتىمىز قايتىدىن نوتا چىقىرىپ پورەكلەيدۇ !

ئۇ ھاياجان بىلەن قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ھېسسىياتلىق شېئىر مىسرالىرىدەك ئادەمگە تەسىر قىلاتتى . ئۇنىڭ نە ئاۋازىدا ، نە ھەرىكىتىدە ياسالمىلىق يوق ئىدى . ئۇ بىزنى ئۆز دوستىدەك ، كىچىكىدە بىللە ئۆسكەن قۇردىشىدەك ئۆز كۆرۈپ ، ھاياجان بىلەن توختىماي سۆزلەمەكتە :

— ئىنسان دۇنياغا ياشىغىلى تۇغۇلمايدۇ، ياراتقىلى تۇغۇلىدۇ. بىر كىسەك ياراتساڭمۇ ئىنسانسەن، بىر كۆچەت تىكسەڭمۇ ئىنسانسەن. لېكىن، باشقىلارنىڭ ياراتقىنىنى بىكار يېتىپ يەۋەرسەڭ، يايرىغان، سەمرىگەن، نام - ئاتاق تاپقان بىلەنمۇ ھايۋانسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار تەييارتاپ بايلارغا ئۆچ. كۆك قۇرتتىن پىلغىچە بولغان ھايۋانات، ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسىلا خاراب قىلغۇچىلار. ئۇلار ياراتمايدۇ، تەييارنى يەيدۇ، تەبىئەتنى ئاجايدۇ. لېكىن، ئۆكىلىرىم، ئۇلار بەلكىم يەنە يىگىرمە ئەسىردىن كېيىن دۇنيادا تېپىلمايدىغان بولىدۇ. پەقەتلا ياراتقۇچى كۈچ — ئىنسانلار دۇنياغا خوجىلىق قىلىدىغان بولىدۇ! دېمەك، بىز ئىنسان — ياراتقۇچى بولغىنىمىز ئۈچۈن پەخىرلىنىمىز.

ئۇ بىزنى چۆچۈرىخانىغا باشلاپ كىردى. چۆچۈرىخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ساۋۇتوف بىزگە ئىسمىنى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن كىشىلەرنى تونۇشتۇردى. بىزنى ئۇلارغا:

— بىز قىلالىغاننى ۋە بىز قىلالمىغاننى قىلىشقا بەل باغلىغان ئەزىمەتلەر! — دەپ تونۇشتۇردى.

ساۋۇتوف ئىچىۋالغانىكەن، بىزنى تاماق ۋە ھاراققا زورلىدى، بىزمۇ ئارتۇق تۇزۇت قىلىشمىدۇق.

ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، ئىلىم - پەنگە دائىر يېڭىلىقلارنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ساۋۇتوفنىڭ چوڭ بوۋىلىرى خوتەن قارىقاشتىن بولۇپ، 1759 - يىلىدىن بۇرۇن، جۇڭغار خانلىرىدىن گالدانىڭ ۋاقتىدا، ئىلى دەرياسى بويىغا سۈرگۈن ھېسابىدا چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىكەن. بوۋىسى 1882 - يىلى ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتە سۇغا كۆچكەندە، رۇسىيە تۇپرىقىغا كۆچۈپ بارغان، دادىسى شۇ ياقتا چوڭ بولۇپ، 1918 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى قالايمىقانچىلىقتا يەنە ئاتا - بوۋىسىنىڭ تۇپرىقىغا قايتىپ كەلگەن. ساۋۇتوف

www.uygurkitap.com

ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر يېزىدا 1919 ـ يىلى تۇغۇلۇپتۇ. 1934 ـ يىلى بىر سودىگەر تۇغقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپتۇ ، 1942 ـ يىلى تارىخ ۋە تىل ئەدەبىيات پەنلىرىدىن خېلى مەلۇماتلىق بولۇپ يەنە شىنجاڭغا كەپتۇ ، كېلىپلا شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈپتۇ . 1944 ـ يىلى ۋۇجۇڭشىن شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ، غۇلجىغا بېرىپتۇ . غۇلجىدا دەسلەپ گېزىتخانىدا ، ئاندىن مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلەپتۇ . 1953 ـ يىلى «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ . 1955 ـ يىلى ئاقلىنىپ چىقىپ بىزگە مۇئەللىم بولغانىكەن...

مەيلى ئوقۇشتا بولسۇن ياكى تۈرمىدە بولسۇن ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ . ئۇ رۇس ، خەنزۇ ، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا بىلىدىكەن ، ئەرەب ، پارس ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرىدىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىكەن . ئۇ هازىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ئىشلەۋېتىپتۇ .

— بۇ يىل ئوتتۇز توققۇزغا چىقتىم ، — دېدى ساۋۇتوف قولىدىكى قىزىل هاراق تولدۇرۇلغان رومكىغا قاراپ تۇرۇپ مەيۇس ئاهاڭ بىلەن ، — تېخىچە ئۆيلەنمىدىم ، بىرەر قىز بىلەن يۈرۈپمۇ باقمىدىم ، تۇزۇك بايلىقمۇ توپلىمىدىم . قىسقىسى ، مەن ئۆزىمىزنىڭ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق يازما ئەدەبىيات بايلىقىمىزنى ئۆز بايلىقىم ، هاياتىمدىكى خۇشاللىقىم دەپ قاراپ كەلدىم . مەن تېخى بىرەر ئىلمىي ماقالىمۇ كۆتۈرۈپ چىقمىدىم . بىلمىسىزلىكىمدىن ئەمەس ، شارائىت بولمىدى . ئەمدىلا بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتسام ، تۇيۇقسىز تۈرمىگە چۈشىمەن ياكى خىزمەتتىن ھەيدىلىمەن . مەھمۇد قەشقەرىدىن موللا بىلالغىچە بولغان مىڭ يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە قالدۇرۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈـ

زوۇپ چىقتىم . «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» كە ئىنزاھات يېزىۋاتىمەن . قولۇمدىن ئۇنچىلىك چوڭ ئىش كېلىشىگە ئىشەنمەيمەن ، مەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز باغرىدىن بىرەر تال تاشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلالىسام ، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن !

ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى . مېنىڭ بۇ ئادەمگە بارغانسېرى ھۆرمىتىم ئاشتى . ئۇ پارسچە ، رۇسچە شېئىرلارنى ئۆز تىلى بىلەن ئوقۇپ ، شۇنچىلىك ئۇقۇشلۇق تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى . مەن ھازىرغىچە بۇنداق تىل ئۇستىسىنى كۆرمىگەنىدىم . ھاشىرنىڭ بولسا ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ئۇ ئالىقىنىغا ئېڭىكىنى قويۇۋېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا ، تاش بىلەن قۇرماش بولسا ، ئاغزىنى يۇمالماي ھاڭۋېقىپ قېلىشقانىدى .

— ئۇلۇغ نەۋائىنىڭ مۇنداق بىر شېئىرى بار ، — دېدى ئۇ چوڭ - چوڭ تىنىپ قويۇپ ، — بۇ ئەلۋەتتە ، جەمئىيەتكە نارازى-لىق قىلغىنىم ئەمەس .

ئوفتا دەست دەر جاھان بىسار ،
بىتەمىز ئەرجمەندۇر ئەقىل خار .

ئەقىللىق ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر خار بولۇپ ، جاھىللار ئەزىز بولغىنى ، دۇنيادا كۆپ كۆرۈلگەن ھادىسىدۇر ، مەنىسى مانا شۇن-داق . دېمەك ، ئۇكىلىرىم ، خورلانمايمەن دەپ مەيدەمگە ئۇرالماي-مەن . زەرنىڭ دوستى تولا ، زەرگەرنىڭ دۇشمىنى دېگەندەك ، بى-لىم ئەھلىنىڭ دۇشمىنى كۆپ ۋە قەبىھ بولىدۇ . مەن چېقىمچىلار سەۋەبىدىن ئۇچ قېتىم تۈرمىگە كىردىم . چاققۇچىلارمۇ بىزدەك قىزىل يۈز ئادەم ، ھەتتا ئاغىنە ، لېكىن سىزنىڭ ياخشى نىيىتى-ڭىز ، ياخشى ئارزۇيىڭىز ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك بولۇپ تۇيۇلىدىكەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەرچە ، سىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىشنى ئويلىمىسىڭىزمۇ ، ئۇ ھامان سىزنى يوقىتىشنىلا ئويلايدىكەن . لېكىن ، ياشلارغا ھەۋەسلىنىمەن ، سىلەر ساپ ، غايىگە باي ، سىلەر بىلەن بولسام گۈل سەيلىسى قىلغاندەك راھەتلىنىپ قالىمەن . ئۇلۇغ پارس شائىرى خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ مۇنداق بىر شېئىرى بار :

ھازاران خى شىنا قابىل ئەگەر مىرافت چىغەم دارەم ،
ۋەلى تەرسەمكى ، يەك بىگانەئى ئاقىل رەۋەد ئەزدەست .

مەنىسى ، ئەقىلسىز ـ نادان تۇغقىنىم ئۆلۈپ كەتسە ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن ، لېكىن بىلىم ئەھلى بولغان يات بىرى ئۈچۈن ياقامنى يىرتىپ زار يىغلايمەن ، دېگەنلىك بولىدۇ . مەن مانا شۇنداق . بىلىمگە ئىنتىلگەن ھەربىر قەلب ئىگىسى ماڭا قېرىنداش . مەيلى ئۇ قايسى مىللەت ، قانداق ئادەم بولسا بولسۇن ، مانا قاراڭلار ، قىن ـ قىنىمغا پاتمايۋاتىمەن ، سەۋەبى ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن . ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن . بولۇپمۇ ، سىلەردەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان ياشلارنى قەدىرلەيمەن . مەن جىقلا ۋالاقلىۋەتتىم ، ئەمدى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارغا قارايمەن . خوش ، قېنى ھاشىردىن باشلايلى ، بىرىنچى قەدەمنى نېمىدىن باشلىماقچىسىز ؟

— بىرىنچى قەدىمىمىزمۇ ، ئاخىرقى قەدىمىمىزمۇ ئوقۇتقۇچىلىق بولىدۇ ـ دە ، — دېدى قۇرماش گەپنى بۆلۈپ ، — ئوچۇقراق ئېيتساق ، ھەممىمىزلا ئىشنى ئالتە ـ يەتتە ياشلىق بالىلارغا ئېلىپبە ئۆگىتىشتىن باشلىماقچى .

ساۋۇتوف سالماقلىق بىلەن سورىدى :

— سىلەرنى تەقسىم قىلىپ بولدىمۇ ؟

— ياق ، تېخى تەقسىم قىلىنمىدۇق ، — دېدى ھاشىر كۆلۈمسىرەپ ، — قۇرماشنىڭ دېگىنى ، بىزنىڭ خىيالىمىز . بىز شۇنداق ئارزۇ بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق .

— باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇش ئۈچۈن ، شۇنچە يىراققا بېرىش زۆرۈرمۇ ، — دېدى ساۋۇتوف سوغۇقلا قىلىپ ، — دۇرۇس ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇھىم . ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى لازىم ، لېكىن سىلەرنى بۇ ئىشقا زايە قىلىشنىڭ ھاجىتى قانچىلىك ؟ سىلەردەك قابىلىيەتلىك ياشلار ناھايىتى كەم . سىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىغا مۇئەللىم بولالايسىلەر . تەتقىقات ، تەھرىرلىك ، مۇخبىرلىق قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىلەر . مەن سىلەردىن كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەملەرنىڭ چىقىشىغا تولۇق ئىشىنىمەن . مەن ئەلا بىلەن ھاشىر ئىككىڭلارنى بىزنىڭ تەتقىقات ئورنىمىزغا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەكلىپ قىلىمەن . سىلەر ماقۇل دېسەڭلار ، مەن سىلەرنى ئىشقا ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىمەن ! قۇرماش بىلەن تاشپولاتنى ، خالىسا ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ، بولمىسا باشقا مۇۋاپىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ .

بىز جىم بولۇپ قالدۇق . بۇ ، ئەلۋەتتە بىزنى ئويلاندۇرىدىغان يېڭىلىق ئىدى .

— بىزگە ھازىر ئىلىم - پەندە ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە تالانتلىق ۋە ياراملىق ئادەملەر ئىنتايىن زۆرۈر . گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇشنىڭ ھاجىتى نېمە ؟ سىلەرنىڭ بىلىمىڭلار تېخىمۇ بېيىشى لازىم . سىلەر ھازىر يىگىرمە ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئوت يۈرەك ياشلار . يەنە يىگىرمە يىل باش چۆكۈرۈپ بىلىم تەھسىل قىلىڭلار . قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىگە بارغاندا ، سىلەردىن ئالىملار ، يازغۇچىلار چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدىكەن ؟

— لېكىن بىز بارلىق ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى بىلەن ياشلارغا ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ئېھتىياجلىق يەرلەرگە بېرىپ ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشقا ۋەدە بەرگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز باسقان قەدىمىمىزدىن يالتىيالمايمىز ! — دېدىم مەن دوستلىرىمغا قاراپ قويۇپ .

ساۋۇتوف كۈلۈمسىرەپ قويدى :

— ئۈلگە بولۇشنىڭ يولى كەڭ . قىيىن جايغا بېرىپ دۆلەتنىڭ ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈنمۇ ئۈلگە لازىم ، شۇنداقلا ، ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ ، مۇشۇ يول بىلەن خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ ئۈلگە لازىم . مېنىڭچە ، ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسى زۆرۈر .

— دۇرۇس ، كېيىنكىسى زۆرۈر ،— دېدى ھاشىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — بۇ ، ئەلۋەتتە ، دەۋرنىڭ تەلىپى . لېكىن ، بىز ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ، شۇنداقلا جاپالىق جايلارغا بېرىشنى ئەڭ جىق تەشەببۇس قىلغۇچىلار . گەرچە سىز ئېيتقان يول بىلەن جىقراق پايدا يەتكۈزۈش قولىمىزدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ ، بىز بۇ يولدا ماڭالمايمىز . بىزنى پارتىيە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدسىلەر دەپ تەربىيىلىدى . بىز پارتىيىنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلاشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشقىلا ھەقلىق . باشقا يول قانچىلىك قىزىقارلىق ۋە شەرەپلىك بولسىمۇ ، بىز ئۇنى باشقىلارغا ئۆتۈنىمىز !

ساۋۇتوف جىم بولۇپ قالدى . ئۇ تىرنىقى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ ئۇزاق جىم تۇردى - دە :

— ناۋادا ، پارتىيە سىلەرنى يەنە ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىڭلار دەپ چاقىرسىچۇ ؟

— جان - دىل بىلەن ئاۋاز قوشىمىز ! — دېدى قورماش دەرھال ، — ئالىم بولۇشنى ، ئىنژېنېر بولۇشنى ، يازغۇچى بو-

لۇشنى كىم خالىمايدۇ؟ مېنى دېسىڭىز، تازا خالايمەن، قالتىس ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، قوماندانلىق شتاب — پارتىيە بىزنى بۇ فرونتقا ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقىنى خەلقىنىڭ ئارىسىغا چېچىش فرونتىغا بېرىشقا بۇيرۇغان. بىز مۇشۇ فرونتنىڭ جېڭىدە خەلققە خىزمەت كۆرسىتىشنىلا ئويلايمىز. مۇئەللىم، سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزغا ئىنتايىن چوڭ رەھمەت. بىز جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا تېزرەك بېرىشتىن باشقىنى راستىنلا ئويلىمايمىز!

ساۋۇتوف ماڭا قارىدى. مەن كۈلۈمسىرەپ قۇرماشنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ، بېشىمنى ئىرغىتىپ قويدۇم.

بىز ئۇزاق كوچا ئايلىنىپ، ياتىقىمىزغا كەچ قايتتۇق. ياتاقتا ئوسمان بىلەن نامەت نېمىنىدۇر تالىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا ۋە يېڭى كۆڭلەك سېتىۋاپتۇ. مەن ئۇلارغا چاقچاق قىلدىم:

— مانا ئەمدى بىزگە كۆڭۈل ئېچىشقا باھانە تېپىلدى. ئىككى كاستۇم - بۇرۇلكىنىڭ چېيىمۇ بىز كەتكۈچە يېتىدۇ. قېنى ئاغىنىلەر، قايسىڭلاردىن باشلايمىز؟

— ئەلۋەتتە، ئوسماندىن بولىدۇ - دە، — دېدى نامەت كۈلۈپ، — خۇش خەۋەرنىڭ چوڭىنى ئەمدى ئاڭلايسىلەر تېخى! ئوسمان گېزىت مۇخبىرى بولدى!

بىز ھاڭ - تاڭ بولدۇق. مەن ھاشىرغا قارىدىم. ھاشىر ئوسماننىڭ يېنىغا ئولتۇردى - دە:

— بۇ قانداق يېڭىلىق، دوستۇم! — دېدى.

— شۇنداق بولۇپ قالدى. ئەمدى ئەلا، مېنىڭ خىزمەت تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ئىدتىپاق تونۇشتۇرۇشۇمنى قولۇمغا بەرگىن.

مەن گەپمۇ قىلمىدىم. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن غەزەپ ئوتى يانماقتا ئىدى. قۇرماش مېنىڭ ئۈچۈن گەپ

www.uyghurkitap.com ئويغۇر كىتاب تورى

قىلدى :

— بىز بىر كوللېكتىپ ، خىزمەت ئىزدەپ خۇسۇسىي يول مېڭىشقا يول قويۇلمايدۇ دەپ ، باشتا كېلىشىۋالغانمىز . سەن نېمە ئۈچۈن مەسلىھەت قىلمايلا ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلىسەن ؟

— مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۈچۈن يول تاللاش ھوقۇقۇم بار . مەن بۇ يەرگە كېلىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم : ئوقۇتقۇچى ئوسمانغا قارىغاندا ، گېزىت مۇخبىرى ئوسمان شان ـ شەرەپنىڭ چوققىسىغا تېزرەك ئۆرلىيەلەيدىكەن !

— بىز ئوقۇتقۇچى دېگەن نام شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلاپ بولغان ! — دېدى ھاشىر غەزەپ بىلەن ، — سەن ئۆزۈڭمۇ نۇرغۇن دەلىللەر بىلەن بۇنى ئىسپاتلىغانغۇ ! يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆز تەشەببۇسۇڭنى شۇنچە تېز ئۆزگەرتتىڭ . تۇتۇرۇقسىز-لىق خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نامىغا يات . چۈنكى ، بىر تۇتۇرۇقسىز ئوقۇتقۇچى ، نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىنى تۇتۇرۇقسىز قىلىۋېتىد-شى مۇمكىن !

— دېمەك ، مەن ئوقۇتقۇچىلىقىقا لاياقەتسىز ! — دېدى ئوسمان يەرگە قاراپ ، — تۇتۇرۇقسىزلىقىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن !

— ئۇنداق بولسا ، بىز سېنى غۇلجىغا قايتۇرىمىز ! — دېدىم مەن قەتئىي قىلىپ ، — ئوقۇتقۇچىلىقىقا لاياقەتسىزلىكىڭنى ، بىز-نىڭ پۈتۈن ياشلىرىمىز بىلسۇن ۋە سېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن !

— مەن نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپتىمەن شۇنچە ! — دەپ سەكرى-دى ئوسمان ، — مۇخبىرلىقتىن ئىمتىھان ئالدى . مەن ئۆگچىلار-نى ئەيىبلەپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ بەردىم . تەھرىر بۆلۈمى ماقالەمنى كۆرۈپ چىقىپ ، مېنى مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىشتى . بۇ ، ئەلۋەتتە مېنىڭ ئەركىنلىكىم دائىرىسىدىكى ئىش !

— سەن رەسمىيەت يولى بىلەن بىزنى توسما ! — دېدى ھاشىر ، — سەن خەلق ئوقۇتقۇچىسى دېگەن شەرەپلىك نامنى

خورلاۋاتامسەن ـ يوق ؟

ئوسمان لەۋلىرىنى مىدىرلاتتىيۇ ، زۇۋان سۈرەلمىدى . بىز تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدۇق ، بىرلا نامەت گەپ قىلمىدى .

هاشىر ، قۇرماش ، تاش تۆتىمىز تالاغا چىقىپ ئۇزاق مەسلىھەتلەشتۇق . بىز مۇنداق تونۇشقا كەلدۇق : ناۋادا ، ئوسمان ئۈرۈمچىدە قالىدىغان بولسا ، بۇ ئىش باشقىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ۋە بۇ كىچىك كوللېكتىپنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانغا خىزمەت ئىشلەش ۋە باشقا ئاماللارنى قىلىپ ، ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىغا يول قويماسلىق لازىم .

... ھەممە ساۋاقداشلىرىم ئۇخلىماقتا . مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىنى ياتاق قىلىپ ياتقاندۇق ، ئوچۇق دېرىزىلەردىن سالقىن شامال كىرەتتى . پارتىلارنى جۈپلەپ ياسىۋالغان ۋاقىتلىق كارىۋاتلارغا ئورۇن ـ كۆرپىسىنى سېلىپ ئۇخلاۋاتقان سەپداشلىرىم ، مېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قەدىرلىك بىلىنىشكە باشلىدى . «ياق ، بىز ئالتىمىز بىر گەۋدە . بۇ گەۋدىنىڭ بىرەر ئەزاسى يوق بولۇپ قېلىشقا زادىلا بولمايدۇ» دېدىم ئىچىمدە . نەق شۇ چاغدا تاش ئويغاندى ـ دە ، مېنىڭ ئويغاق ياتقىنىمنى بىلىپ ، پەس ئاۋاز بىلەن :

— ئەلا ، بۇ شەھەر ماڭا ناھايىتى ياقتى . ساۋۇتوفنىڭ سۆزىگە كىرىپ مۇشۇ شەھەردە ئىشلىسەك قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !— دېدى . مەن بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم :

— راستىنلا جەنۇبقا بېرىشنى خالىمامسىنا ؟

— بۇرۇن ناھايىتى خالايتتىم . جاپالىق جايلاردا ئىشلەپ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتەي دەپ ئويلايتتىم . مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم . بىزگە ئوخشاش ياشلار بۇ شە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ھەردە كۆڭلىرىنى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزىدىكەن. بىز نېمىشقا قاملاشتۇرالمايمىزكەن؟

— ئۇخلا، تاش، ئۇخلا، مەن سېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىدىشىڭنى كۈتمىگەنىدىم، بەلكىم مېنىڭ خاتادۇر، سىلەر ھەقلىق بولۇشۇڭلارمۇ مۇمكىن. ئۇخلىغىنا، ساڭا جاۋاب بەرگۈدەك ھالىم قالمىدى، گاڭگىراپلا قالدىم.

ئۇ ئۇياققا ئۆرۈلدى - دە، ئۇخلاپ قالدى.

ئوسمان جۆيلۈشكە باشلىدى: «نېمىشقا ئىشەنمەيسىز، زۇلخۇمار، مېنى تەشكىل تەقسىم قىلدى!...»

دېمەك، ئوسمان قىزنىمۇ ئىشەندۈرۈپ بولغان. ناۋادا، تەشكىل راستتىنلا بىرنەچچىمىزنى ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىپ قويسىچۇ؟ تەقسىماتنى بۇزۇش لازىممۇ؟ بۇ مەسىلىگە يالغۇز ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمىدىم.

ئەتىسى ئوسماننى قالدۇرۇپ قويماسلىقنىڭ ئاسانلا بىر يولىنى تاپتۇق. ھاشىر ئىككىمىز پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كېلىپ زۇلخۇمارنى تاپتۇق ۋە ئوسماننى جەنۇبىي شىنجاڭغا يولغا سېلىش ئۈچۈن ياردەمگە تەكلىپ قىلدۇق.

— ئۇ مېنى ئالداپتۇ. دېمەك، ئۇ يالغانچىكەن. بىزنى تەشكىل تەقسىم قىلىپ بولدى، مېنى گېزىتخانىغا تەقسىم قىلدى دېسە ئىشىنىپتىمەن، نامەتمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، ئۇمۇ يالغانچىكەن، مېنى ئۈرۈمچىنىڭ بىر ئوتتۇرا مەكتىپىگە بۆلدى دەيدۇ تېخى! سىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە قېلىش تەلىپىڭلار شۇنچە كۈچلۈك بولغاندىكىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىمىز دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىختىيارىغىلا كەلسەڭلار بولماسمىدى!...

قىز بىزنىمۇ قوشۇپ ئەيىبلەشكە باشلىدى.

ھاشىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆز ئالدى:

— ھەممىمىزلا ئوسماندەك بۇ شەھەرگە خۇشتار بولساق، بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلمىگەن بولاتتۇق، سىڭلىم. ھازىرمۇ بىز جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا بېرىشىمىز كېرەك دەپ تۇرۇۋاتىمىز!

زۇلخۇمار قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قاراپ:

— مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەيمەن! — دېدى.

— دېمەك، بىزگە ياردەم قىلمايدىكەنسىز ـ دە!

قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئۇنى ماڭغۇزۇشقا ياردەم قىلالايمەن. ياردەمگە كۆنمىسە، دوستۇڭلار ئەمدى مېنى ئىزدىمىسۇن! — دېدى گەپنى ئۈزۈپ.

— ئالدىرىماڭ، — دېدىم مەن، — يەزىلەتلىك ئادەملەرنىڭمۇ ئەيىبى بولىدۇ. يېقىن دوستىنىڭ بىرلا ئەمەس، بىرنەچچە ئەيىبىنىمۇ كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەسىلەن، مەن ئەلانى ھەر كۈنى بىر قېتىم كەچۈرۈپ تۇرىمەن! — دېدى ھاشىر چاقچاق قىلىپ.

بىز قىز بىلەن خوشلاشتۇق. بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى زۇلخۇمار ئوسمانغا ئېيتمايدىغان بولدى.

چۈشتىن كېيىن ئوسمان روھى چۈشكۈن ھالدا پەيدا بولدى. ئۇ بىر خۇرجۇن سېتىۋالغانىدى.

— بارىدىغان بولغاندىكىن، پاتراق ماڭايلى، — دېدى ئۇ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ، — مەن تەقسىم قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ ئۆگۈنلۈككە بېلەت ئالىمەن!

نامەت ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ـ دە:

— جانابىي مۇخبىر، يەنە بىر يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ.

— سەن، نامەت نېمە دېمەكچى؟ ئۇرۇمچىدە قېلىشقا يەنە ھەرىكەت قىل دېمەكچىمۇسەن. رەھمەت، سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاداش . ئويلىسام ، تۇتۇرۇقسىز دىگەن نامنى ئالغىنىمدىن كۆرە، ياش ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى ئېغىر ئىش بىلەن بىر سىناپ كۆرگىنىم توغرىكەن ، مەن يېڭىلىپتىمەن . يېڭىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغۇچىنى مازاق قىلىش ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ ، سەن بۇنى بىلىپ قوي جۇمۇ ؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ئېگىز ، ئورۇق قەددىنى تۈزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى . پاكار ، دىقماق نامەت خورسىنىشتىن كىرپىكىدەك تۈگۈلۈپ قويىدى ـ دە ، غودۇڭشىدى :

— ئەمدى تېخىمۇ تۇتۇرۇقسىزلاشتىڭ ، بىردەمدىلا ئىنقىلابچى ، بىردەمدىلا ئاغمىچى !

قېنى قىزىق ئوسمان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە :

— نامەت !— دەپ ۋارقىرىدى . نامەت تېخىمۇ ئەدىدى :

— دىمەك ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن دەرس ئېلىپ كەپسەن ـ دە !

— ئاغزىڭنى يۇم ! — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ،— نېمە بولسامۇ ، ساڭا ئوخشاش ئېپلاس ئەمەسمەن ! ياشلار ئىتتىپاقىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان لۈكچەك !

ئۇ غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى ، ھاشىر ئۇنى تۇتۇۋالمىغان بولسا ، نامەتنىڭ بۇرنى قانىغانمۇ بولاتتى . بىز ئۇلارنى بېسىپ قويدۇق ۋە ياراشتۇرۇپمۇ قويدۇق .

ئەتىسى مائارىپ نازارىتىدىن بىزنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا خەۋەر كەلدى .

بىز ھاياجان بىلەن كادىرلار بۆلۈمىنىڭ كىچىك زالىدا ئولتۇرۇشتۇق .

بىز ھەر كۈنى ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تۇرا ، پەۋاز قاپاق ، پاخمىۋاش ئادەم بىر تۇتام قەغەزلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆلگەندە سەل مايماق چىقىپ كېتىدىغان ئېغىزى

بۈگۈن كۆلكىدىن قىيسايغانىدى .

ئۇ بىزگە قارىمۇقارشى ئۇستەلگە ئولتۇردى ـ دە :

— سىلەر ئالتىڭلار ئىلى دارىلمۇئەللىمىننى تۈگىتىپ ، ماـ ئارىپ نازارىتىنىڭ ئىختىيارىغا يوللانغان ! — دېدى ئۇ بىزگە ئىتتىك ـ ئىتتىك قاراپ قويۇپ ، — سىلەرنى قانداق ۋە قەيەرلەرـ گە تەقسىم قىلىش مائارىپ نازارىتىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىش . سىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ پەقەتلا بىر : تەقسىماتقا شەرتـ سىز بويسۇنۇش !

— رۇخسەتمىكىن ! — دەپ قولىنى كۆتۈردى ئوسمان ، — بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى ، سورىۋالسام ؟

— خوش ، قېنى !

— بىز سىلەرگە يوللانغانمۇ ياكى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن پىدائىي بولۇپ كەلگەنمۇ ؟

— يوللانغان بىلەن كەلگەننىڭ قانداق پەرقى بار ؟ — كادىر قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى .

— يوللانغان دېگەن سۆزدە ، بىزنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىمىز گەۋدىلەنمەيدىكەن . بىزنىڭ ئۆز قىزغىنلىقىمىز بىلەن جاپالىق جايلارغا ماڭغانلىقىمىزنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ !

— خوش ، شۇنداقمۇ بولسۇن ، نېمە دېمەكچى سىز زادى ؟

— دېمەكچى بولغىنىم !— دېدى ئوسمان قىزىققانلىق بىلەن ،— بىزنى ئەۋەتىۋېتىپلا ئۇنتۇپ قالماڭ ، دېمەكچىمەن !

— ھىم ! — دېدى كادىر پېشانىسىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — بىزنى تېز ئۇستۇرۇڭ ، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىڭ ، دېمەكچىغۇسىز . جەنۇبقا ماڭغان قايسىبىر شىماللىق بۇ تەلەپنى قويمىدى دەيسىز ! مەن سىزنىڭ يەنە نېمىلەرـ نى دېمەكچى بولغىنىڭىزنىمۇ ، ھەتتا مۇخبىرلىق قىلىمەن دەپ بىسوراق ماڭغانلىرىڭىزنىمۇ بىلىمەن . بىلىپ قويۇڭ ، سىز جەنۇـ

بىي شىنجاڭغا مېھمانغا بارمايسىز . ئېلان چىققاندىن باشلاپ ، سىز ئۆزىڭىزنى غۇلجىلىق ھېسابلىماڭ !

تۇيۇقسىزلا ھاشىر قولىنى كۆتۈردى .

— ھە ! — دېدى كادىر ھاشىرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ، — سىزمۇ يېڭى بىر شەرت ھازىرلاپ قويدىڭىزمۇ ؟

— مەن سىزنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىڭىزگە نارازى ، — دېدى ھاشىر ئاچچىقى بىلەن ، — بىرىنچىدىن ، بىز سىزدىن ئالاھىدە ئىلتىپات تەلەپ قىلمايمىز ! ئىككىنچىدىن ، بىز جەنۇبىي شىنجاڭ-نىڭ ئەڭ قىيىن جايلىرىغا بېرىپ ، ئۆمۈر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى ئالىلقاچان قارار قىلىپ بولغان . سىز بىزنىڭ جەنۇبقا ماڭغىنىمىزنى بىر خىل كەمسىتىش مەنىسىدە ، بىر خىل جازا مەنىسىدە چۈشىنىدىغان بولسىڭىز ، سىزنىڭ تەقسىماتىڭىزنى بى-رىنچى بولۇپ مەن بۇزىمەن . مەن سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ قىيىن جايلارغا ئىنتىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى قەدىرلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن !

كادىر ھاشىرنىڭ قامەتلىك بەستىگە قاراپ خېلىغىچە جىم تۇردى - دە ، بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلۈپ كەتتى :

— ياخشى ، تەنقىدىڭىز ئورۇنلۇق . مەن سىلەرگە قوپاللىق قىلغان بولسام ، كەچۈرۈڭلار !

بىز ھەممىمىز لاسىدە بوشاشتۇق .

كادىر ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى :

— ھاشىر داۋۇت ، قۇرماش بوكەن ، نامەت تالىپ بۇ ئۈچ يولداش خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىخ-تىيارىغا يوللاندى ، مانا ئالاقەڭلار . ئوسمان كېرىم بىلەن تاشپولات غېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىخ-تىيارىغا يوللاندى ، مانا ئالاقەڭلار . سىلەر بەشىڭلار ھازىرلا مالىيە بۆلۈمىگە چىقىپ ، يول خىراجەتلىرىڭلارنى ئالساڭلار بولىدۇ .

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم :
— مەنچۇ ؟
كادىر كۈلۈمسىرىدى ـ دە :
— ئەلا نۇراخۇن مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىختىيارىدا قالدۇ !
— مەن يولداشلىرىم بىلەن كېتىشنى تەلەپ قىلىمەن ! — دېدىم خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك مەيۇسلىنىپ ، — مەنمۇ ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلىرىغا بېرىش ، قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر جايلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن ، يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن…
— سىز بارىدىغان جايدا قىيىنچىلىق يېنىك دەپ كىم ئېيتىپتۇ ؟ — دېدى كادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىككى يىلدا ئوقۇيدىغان دەرسنى بىر يىلدا ئوقۇيسىز . ئۈچ يىلدا ئالىي مەكتەپكە دەرس ئۆتەلەيدىغان بولىسىز ، مېنىڭچە ، سىز بارىدىغان جاينىڭ قىيىنچىلىقى باشقا ھەرقانداق جايدىنمۇ ئېغىر ، بۇ يەرمۇ ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايى !
دوستلىرىمغا قارىدىم . كۆڭلۈمدە ئۇلار مېنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ، لېكىن ئۇلار كادىرنىڭ يوللۇق گېپىنى قوللاپ ، مېنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنۇمنى تەبرىكلەشكە باشلىدى .
— مېنى تاشلاپ كېتەمسىلەر ؟ — كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ سورىدىم .
— سەن ئۆز بۇرچۇڭنى ياخشى ئادا قىلالىساڭ ، بىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن بولىسەن ، — دېدى ھاشىر مۈرەمگە قولىنى قويۇپ ، — مېنىڭ ئويلىغىنىمنى رەھبەرلىكمۇ ئويلاپتۇ .
— چۈشىنىشلىك ، — دېدى يالغۇز نامەتلا غودۇڭشىپ ، — تەشۋىقاتچىلار تەشۋىقاتنى باشقىلارغا قىلىدۇ ، ئۆزلىرى تەشۋىقاتنىڭ تەتۈرىنى قىلىدۇ . مائارىپ نازارىتى بىلەن ياتاق ئارىلىقىدا ئاز قاتىرىمىدىڭ ، تاپان ھەققىڭ ئۈچۈن ياخشى جايغا تەقسىم قىلىن-

دىڭ ، ئاداش !...

هاشىر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى ، قالغان دوستلىرىم بىر-بىردىن كېلىپ ، مېنىڭ قوللىرىمنى سىقىشتى . ئۇلارنىڭ قول سىقىشلىرىدا رەسمىيەتچىلىك ، تەسەللى بېرىش ، ھەسەتخورلۇقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ماڭا تىكىلگەن قىزغىن كۆزلىرىدە ، تەسىرلىك سۆزلىرىدە ، خۇشاللىقتىن ئوت چاقنىغان يۈزلىرىدە سەمىمىي قوللاش ، ھېسداشلىق ۋە شان - شەرەپ ئۈچۈن ئۈندەش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى .

بىز ئاخىرقى ئاخشامنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياتاقلىرىمىزغا قايتىشتۇق .

## 4

سەپداشلار خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قېلىشتى . يول خىراجەتلىرىدىن باشقا ھەممىمىزگە تۈنجى مائاش — سەككىزىنچى ئايلىق ئىش ھەققىمىز تارقىتىپ بېرىلدى . ئەتىسى خېلى ياخشى تەييارلىق قىلىپ ، كەچلىكى زىياپەت ئۇيۇشتۇردۇق ، زىياپەتكە ئوسمان زۇلخۇمارنى دوستلىرى بىلەن تەكلىپ قىلدى . مەن ئەلانۇرنى دوستلىرى بىلەن چاقىردىم . شۇنداق قىلىپ ، بىزنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشىمىز خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلدى . تاماقتىن كېيىن تانسا ئويناشتۇق ، ناخشا ئېيتىشتۇق ، سىرداشتۇق... كەچ سائەت ئون ئىككى بولغاندا ، بىز قىزلارنى ياتاقلىرىغا ئاپىرىپ قويدۇق . ئۇلار ئەتىگەنلىكتە قاتناش بېكىتىگە بېرىپ جەنۇبقا ماڭىدىغانلارنى ئۇزىتىپ قويىدىغان بولۇشتى . بىز ئالتىمىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقىدىن ئولتۇرۇش قىلدۇق ، خېلىلا جىق ئىچىشتۇق ، قورساقتىدىكى گەپلەر چىقىشقا باشلىدى .

— مەن ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ قوياي ، — دېدى ئوسمان مەست

كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ، — ساڭا بولغان ئىشەنچىم بۇگۇن ، يەنى 1957 ـ يىلىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇست كۇنى پۇتۇنلەي ئاخىرلاشتى . سەن ھىيلە ئىشلىتىپ بىزنى يولغا ساپسەن . سىنىڭ مىنى يولغا سېلىشتىكى غەرىزىڭ ، ماڭا بۇگۇن ئاخشام ئايدىڭ بولدى . نىمە ئۇچۇن زۇلخۇمار ھە دىسىلا سىنى تانسىغا تارتىدۇ ؟ بۇ ، ئەلۋەتتە چۇشىنىشلىك !

— بۇنداق مەسىلىلەر توغرىسىدا ساق ۋاقتىڭدا سۆزلەش ، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا ئىغىر ـ بىسىقلىق بىلەن ، — بىز ئەتە خوشلىـ شىمىزغۇ ، باشقا كۆڭۈللۇكرەك گەپلەرنى قىلساڭچۇ ، ئوسمان !

— مەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ، سىنىڭ گىپىڭگە كىرىپ ، ئۆز يۇرتۇمنى تاشلاپ چىقىپتىمەن . ئىسىت ، ئىسىت ! سەن بىزنى ئۆزۈڭنىڭ شان ـ شەرىپى ئۇچۇن قۇربان قىلدىڭ ، بىز سىنىڭدىن بۇ ھىسابنى ئالىمىز !

ئۇ ئۇستەل مۇشتلاشقا باشلىدى . ماڭا ئۇ بىھۇدە ئازار بىرىۋا- تاتتى . ئۇرۇمچىدە قىلىش نىيىتى ئىشقا ئاشمىغاندىن كىيىن ، ئۇ باھانە قىلىپ بىز بىلەن دىيىشمەكچى بولۇپ يۇرەتتى . مەن ئارتۇق ئاھانەتكە چىدالمىدىم ـ دە :

— يەنىچۇ ؟ — دىدىم مەن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ كۇ- لۇمسىرەپ .

— زۇلخۇمار نىمە ئۇچۇن سىنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى ، ئالا- ھىدە تانسىغا تارتتى ، بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بىرىسەن ؟

مىنىڭ غەزىپىم ئۆرلەشكە باشلىدى ، دەل شۇ چاغدا ھاشىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە :

— سەن ، ئوسمان ، تىلىڭنى سەل يىغىۋال ، — دىدى قەتئىي قىلىپ ، — ھەرقانچە گىپىڭ بولسا ، يولدا بارغۇچە مەن ساڭا جاۋاب بىرەلەيمەن !

— مەن ئەلادىن جاۋاب ئالىمەن !

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— مېنىڭ ئەلا ئۇچۇن جاۋاب بېرەلىشىمگە ئىشەنمەمسەن؟
ئوسمان ئۈنچىقمىدى . مېنىڭ ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرى-
دى . ئۇنىڭ شۇنچە خاپا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي —
زۇلخۇمار ئاخشامقى ئولتۇرۇش توگىگۈچە ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارى-
غانىدى . ئوسمانغا ئەلەم قىلغىنى ، قىزنىڭ ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ-
غا بېرىشقا ماقۇل قىلىپ بولۇپلا ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغىنى
ئىدى . ئەلۋەتتە ، ئوسمان زۇلخۇمارنىڭ نېمە ئۈچۈن خاپا ئىكەنلى-
كىنى بىلمەيتتى . مەن ئىچىمدە ، نېمىلا بولمىسۇن قىزغا خىزمەت
ئىشلەپ ، ئوسماننىڭ خاتىرجەم ئىشلىشىگە ياردەم بېرىشنى قور-
سىقىمغا پۈكۈپ قويدۇم . دوستۇمغا ياردەم قىلىش غەرىزى كۆڭ-
لۈمگە كېلىش بىلەن ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىم بىردىنلا يوقالدى ۋە
مەن ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئوسماننىڭ بوينىغا گىرە سالدىم -
دە ، ئۇنى بەزلەشكە باشلىدىم :
— خاتىرجەم بول ، زۇلخۇمار ساڭا خەت يازىدۇ . بىلەمسەن ،
قىزلار بىر يىگىت بىلەن دوستلاشقاندا ناھايىتى يېقىن بولىدۇ ،
قاچانكى ئۇنىڭ دوستلۇقى مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدىكەن ، يىگىتكە ئۇ
سالقىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ . دېمەك ، زۇلخۇماردا ئۆزگى-
رىش بار ، ئۇ ساڭا خېتى ئارقىلىق بۇنى بايان قىلىدۇ !...
ئوسمان مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا
ئۇزاق قارىدى - دە ، بىردىنلا ئېسىلدى ۋە يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتى .
شۇ پېتى ئوسمان ئۇخلاپ قالدى . بىز ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزدۇق .
ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىدا يوشۇرۇن خۇشاللىقنىڭ بەلگىلىرى خىرە
بىلىنىپ تۇراتتى .
مەن مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىدىم .
كېچە ، جىمجىت... ئوچۇق دېرىزىلەردىن سالقىن شامال كى-
رىپ تۇرىدۇ . شامال بىردە ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى شىل-
دىرلىتىدۇ ، بىردە دوستلىرىمنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ، چاچلىرى-

نى يەلپۈيدۇ . لېكىن ، دوستلىرىم بۇنى سەزمەيدۇ ، ئۇلار قاتتىق ئۇيقۇدا . يالغۇز مەنلا ، ئۇياقتىن - بۇياقتا مېڭىپ يۈرىمەن ، مېنىڭ بۇ ئۇزۇن يىللىق سەپداشلىرىم ئەتىگەنلىككە مېنى تاشلاپ كېتىشىدۇ . پەقەت مەنلا بىرمۇ دوستۇم بولمىغان شەھەردە قالىمەن . جەمئىيەت شۇنچە ئاۋات ، ئادەملەر شۇنچە تولا بولسىمۇ ، كۆڭلۈڭدىكى دوستلىرىڭدىن بىرەرى يېنىڭدا بولمىسا ، بەرىبىر چۆلدە ياشىغاندەك كۈن ئۆتكۈزىسەن . مەن ئەتىگەنلىككە يالغۇزلۇقۇمنى باشلايمەن . كۈنلەرنىغۇ باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەرمەن ، لېكىن دوستلارسىز مېنىڭ خۇشاللىقىم بولارمۇ ؟ خۇشاللىقسىز ھايات ، بىراۋنىڭ يۈكىنى بىھۇدە دۈمبەڭگە ئارتىۋالغاندەك ، ئاۋارىچىلىك تۇيۇلماسمۇ ؟

مەن ھاشىرنىڭ يېنىغا كەلدىم . ئۇ سالام بېرىۋاتقاندەك قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىدە قانداقتۇ يوشۇرۇن كۈلكە جىلۋىلىنەتتى . ئۇ بەلكىم ئۇخلاش ئالدىدا قىلغان خىيالىدا ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە يەنىلا ئەڭ يىراق ، ئەڭ قىيىن يېزىلارغا بېرىش توغرىسىدا تەلەپ قويغان ۋە ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى بايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن . مەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇۋالغان قوللىرىنى يېنىغا چۈشۈرۈپ قويدۇم . ئۇنىڭ قاۋۇل ، قاتمال قوللىرى ، ئۆز ھاياتىنى مۆجىزە يارىتىشقا بېغىشلىغان ئادەملەرنىڭ قەسەم ئۈستىدىكى قوللىرىدەك مۇستەھكەم ئىدى .

ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قۇرماش ، سول يېنىدا تاش ياتاتتى . ئۇلار گەۋدىلىك ھاشىرنىڭ يېنىدا كۈچلۈك قوغدىغۇچىسى بار ياش بالىلاردەك خاتىرجەم ئۇخلىماقتا ئىدى . مەن ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا تولغان ئىككى دوستۇمنىڭ يۈزىگە كۆز ياشلىرىمنى تېمىتىپ ، يۈزۈمنى ياقتىم . مەن نۆۋىتىدە ئوسمانغا ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ، يالاڭلا تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان نامەتكە قارىدىم . گەرچە نامەت

www.uyghurkitap.com

ئاخشامقى ئولتۇرۇشتىمۇ قىزلارغا ئەدەپسىز قىلىقلارنى قىلىپ، غەزىپىمنى ئۆرلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ماڭا قەدىرلىك ۋە بەختلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى. چۈنكى، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، كۆزلىگەن يېرىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. جەمئىيەت ئۇنى ئۆز ئېقىمىدا لەيلىتىپ يۈرۈپ پاراسەتلىك، جۈرئەتلىك ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەردىن قىلىپ چىقىشى مۇمكىنغۇ! مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويدۇم، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈك - تاقىنى تېڭىۋەتكەنىدى.

مەن دوستلىرىمنى قانچىلىك ئايلانغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ جامالىغا تويغۇچە قارىدىم، قايتا - قايتىلاپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. «كۆرۈشەرمىز يەنە» دېگەن سۆزنى ئېيتماق ئاسان، لېكىن پۇرسەت كەلمىكى ناھايىتى قىيىن، دوستلىرىمنىڭ بەزىلىرى بىلەن مۇشۇ كۆرۈشكىنىم ئاخىرقىسى بولۇپ قالامدۇ تېخى! ئايلار، يىللار بىزنىڭ ھاياتىمىزنى قەدەممۇقەدەم ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى جۇشقۇن ياشلارنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان بوۋايلاردىن قىلىپ چىققۇچە، بىر - بىرىمىزنى قانچە - قانچىلەپ سېغىنارمىز، ياد ئېتەرمىز، «بىر كۆرۈشسەم ئىدى - ھە!» دەپ ئارمان قىلىشارمىز. لېكىن، يىللار بىزنىڭ يۈزلىرىمىزگە قورۇقلارنى، چاچلىرىمىزغا ئاپئاق قىروlarنى قوندۇرۇپ، بىزنى گۈزەللىك، شوخلۇق، مەنمەنلىك، ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىنغۇ؟... لېكىن ھېچقانداق كۈچ قەدىردان دوستلارنى بىر - بىرىنى سېغىنىشتىن، ياد ئېتىشتىن مەھرۇم قىلالمايدۇ. مەن بەختتىن خۇشال بولغىنىمدىمۇ، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ سارغايغىنىمدىمۇ، دوستلىرىمنى سېغىنىسەن، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان پۇراقنى ھەممە نېمىدىن قىممەتلىك ھېسابلايسەن...

مەن دوستلىرىم توغرىسىدا خىيال قىلىپ زادىلا ئۇخلىيالمى-

دىم ، ئاخىر يۈرەك دولقۇنلىرىمنى بېسىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم ـ دە ، ئۇلارغا ئاتاپ شېئىر يازدىم . مانا ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى ئىزدىمەكتىمەن ، توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان كۆز ياشلىرىمـ ـنى سۈرتمەكتىمەن . شۇنداق قىلىپ ، ھاياجان ۋە كۆز يېشىم بىلەن يازغان شېئىرىممۇ پۈتتى . شېئىرىمغا «خەير ، دوستلار» دەپ مـاۋزۇ قويـدۇم . مېـڭىپ يۈرۈپ ، «خەير ، دوستلار»نى يادا ئوقۇدۇم :

مەن يالغۇز بوتىدەك قالدىم ، دوستلىرىم ،
ئارمىنىم سىلەرگە بولدى سەپەرداش .
مۇھەببەت رىشتىسى دائىم ئۈزۈلمەي ،
جۇدالىق دەردىگە بېرەرمۇ بەرداش ؟
قەدىردان قەيسىرىم ، تەلەپچان ھاشىر ،
قوزىدەك مۇلايىم تاش بىلەن قۇرماش .
گېپى توك ، كۆڭلى تۈز ئوسمان ۋە نامەت ،
سىلەرگە قارايمەن ، كۆزلىرىمدە ياش .
بۇ تەقدىر نەلەرگە تاشلايدۇ بىزنى ،
بىز گويا سالمىدا ئېتىلغان بىر تاش .
دوستلىرىم ، ئەسلەيمەن ، ھەر ئاخشام ، سەھەر ـ
ھەر سۈبھى شەرقتىن بالقىسا قۇياش…

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ ھاشىرنىڭ يېنىغا تاشنى قۇچاقلاپ قىيسايدىم .

يەرگە يورۇق چۈشۈش بىلەن يۈك ـ تاقىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېكەتكە يۈگۈردۇق… مەن دوستلىرىم بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقـ ـلىشىپ خوشلاشتىم ، ماشىنىلار قوزغىلىشى بىلەن قىزلار خوشـ ـلاشقىلى يېتىپ كېلىشتى . ئۇلار ياغلىقلىرىنى پۇلاڭلىتىشتى ،

www.uyghurkitap.com

زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرى خىيالچان، لەۋلىرى سەل تاتارغان. دېمەك، قىز ھىجران ئازابىنى باشلىغان… مېنىڭ بەش نەپەر دوستۇم بىر ماشىنىغا چۈشۈۋالغانىدى. ئۇلار ماشىنا دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ ناخشا باشلىدى. ماشىنا ناخشا ئاۋازىنى بارغانسېرى بىزدىن يىراقلاشتۇرماقتا. لېكىن، ناخشىنىڭ تېكىستى دائىم مېنىڭ قۇلىقىمنىڭ يېنىدىلا جاراڭلايدۇ:

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبان يار قالدى دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي!…

مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشقىنلى تۇردى. مەن ئۇيات كۈچى بىلەنلا يىغىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— سىزگە قىيىن بولدى! — دېدى زۇلخۇمارمۇ ئارانلا، لەۋلىرىنى تىترىتىپ، — لېكىن بىز سىزنى زېرىكتۈرمەيمىز. كىم بىلىدۇ، سىزمۇ ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن: «مەن كېتەر بولدۇم»نى ئېيتىپ ماڭامسىز تېخى!

— نەگىمۇ ماڭارمەن! — دېدىم مەن گېپىمنى چاقچاققا ئۆرۈپ، — مېنىڭدىن بۇرۇن سىز ماڭىدىغاندەك تۇرىسىز، بولدى كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ! ئۇ بۈگۈن توقسۇنغا بېرىپلا سىزگە خەت يازىدۇ!

زۇلخۇمار مېنى ناز بىلەن ئاستا ئۇرۇپ قويدى، مەنمۇ قىزىقسىنىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بىچارە، نېمىلا بولمىسۇن، مېنىڭ گېپىمنى ئالدى، — دېدى قىز پىچىرلاپ.

— دېمەك، ئىشنى «بىچارە»دىن باشلاپسىز-دە، نېمى-

لىكى بولسا، رەھىم ـ شەپقەت بىلەن باشلاپسىز. ئۇنى روھلاندۇ-
رۇپ پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرۇڭ، شۇ چاغدا «بىچارە»دىن
«سۆيۈملۈك»كە تېز ئۆتىسىز.

زۇلخۇمار قىزىرىپ كەتتى ـ دە:

— ئۇ بويىنىنى باغلىغاندەكلا ماڭدى. سىزمۇ ئۇلارغا خەت
يازارسىز؟ — دېدى.

— مېنىڭ خېتىم ئوسماننىڭ قەلبىگە يەلپۈگۈچلۈك رول
ئوينايدۇ، ئەمما سىزنىڭ خېتىڭىز ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇن پەيدا
قىلىدۇ...

— قويسىڭىزا، گەپ قىلمىسام خېلىلا كۆچىگىلى تۇردىڭىز-
غۇ، ئۆزىڭىزنى نەدە ئوقۇتىدىكەن؟

— ھازىرچە ماڭا ئۇرۇمچى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق،
خالىغان ۋاقتىڭىزدا مېنى شۇ يەردىن تاپالايسىز.

— ياتىقىڭىزچۇ؟

— ئەمدى بېرىپ سوراپ باقىمەن.

مېنىڭ كۈنلىرىم راستتىنلا كۇتۇپخانىدا ئۆتۈشكە باشلىدى.
مەن كۇتۇپخانا ئىچىلىش بىلەن كىرىمەن ـ دە، كەچ كىرگۈچە
كىتاب ئوقۇيمەن، خاتىرە يازىمەن، ياتىقىممۇ كىتاب بىلەن تولغان
بىر ئۆي ئىدى، مېنى ۋاقتىنچە بىر ماتېرىيال بۆلۈمىگە جايلاشتۇ-
رۇپ قويغانىدى. مەن ئۇ يەردىن لېنىننىڭ «پەلسەپە خاتىرىلىرى»
نىڭ ئۆزبېكچە نەشرىنى تېپىۋالدىم ـ دە، ئاچ بالا ئانىسىغا چاپلاش-
قاندەك كىتابقا چاپلىشىۋالدىم. كۈنلەر ئۆتۈپ، مېنىڭ پەلسەپە
ئۈچۈن تۇتقان خاتىرەم قېلىنلاشتى، تارىخ بىلىملىرى ئۈچۈن تۇت-
قان خاتىرەمگە يېڭى يىلنامە ۋە بىلىملەر يېزىلدى. رومانلاردىن
تەسىرلىك جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازىدىغان خاتىرەممۇ خېلىلا جىق
يېڭى گەپلەر بىلەن توشقانىدى. مېنى كىتابلار ۋە خاتىرە يېزىش
جەلپ قىلىۋالغان، كۈنلەرنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىنمەيتتى . ھە ـ ھۇ دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ ، بىر ھەپتىدىن بېرى بىر ئىنسان بىلەن پاراڭلاشماپتىمەن . دېمەك ، كىتابلارمۇ ئادەمگە دوست بولالايدىكەن .

چۈشلۈك تاماقتا چىقىش ئۈچۈن نەلىيالىڭ كىتابخانىسىنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتسام ، ئەلانۇر كېلىپ قالدى . بىر ھەپتىدىن بېرى مېنى بىرىنچى بولۇپ يوقلاپ كەلگەن ئادەم مۇشۇ قىز بولغىنى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال ئىدىم . مەن قىزنى ياتىقىمغا باشلاپ كىردىم . قىز ياتىقىمنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى :

— ۋاھ ، سىزگە قالتىس ئېتىبار بېرىپتۇ . قاراڭە ، ھەممىلا يېقىڭىز كىتاب . مۇنداق ئۆيدە سىز تۇرماق ، توخۇمۇ ئالىم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن .

مەن ئاددىي بىر قىزنىڭ ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ زوق بىلەن كۈلدۈم :

— سىز ئەدەبىي كىتابلارنى جىق ئوقۇيدىكەنسىز ـ ھە ؟

— قانداق ؟ — قىز چىمەلتەك قولىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سورىدى .

— بايىقى بىر جۈملە سۆزىڭىز كىتابىي تىل .

قىز قىزىرىپ كەتتى :

— رازىيە ئىككىمىز رازىيەلەرنىڭ ئۆيىدە يازلىق تەتىل تۈگىگۈچە رومان ئوقۇيتتۇق .

— رازىيەدىن خەت كەلدىمۇ ؟

— ھەئە .

— ناھايىتى ياخشى . ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام . مەن تاماق ئەكىرەي ، سىز خاپا بولماي ئىككى مىنۇت «بىلىم ئاشۇرغاچ» تۇرۇڭ .

مەن قىزغا كىتابلارنى شەرەت قىلدىم ـ دە ، قاچا ـ قومۇچلىرىمنى كۆتۈرۈپ تاماققا ماڭدىم .

مەن تاماقنى ئېلىپ تېزلا قايتىپ كىردىم . ياتاقتا ئەلانۇر

يوق، ئۈستەلدە بىر پارچە خەت تۇراتتى. ئۈستىگە بىر جۈپ گۈل ۋە كېپىنەك، ئىككى بۇرجىكىگە ئىككى يۈرەك سۈرىتى ياسالغان ھال رەڭ كونۋېرت يېنىدا بىر پارچە قەغەز تۇراتتى. قەغەزگە قېرىنداش بىلەن مۇنۇ گەپلەر يېزىلغانىدى:

«ئەلا ئاكا، كۆپ ئويلاندىم. ئاخىر دوستۇمغا ‹خىيانەت› قىلدىم. ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى، ياق خېتىنى ئەمەس، يۈرەك سىرلىرىنى سىزگە ئاشكارىلىدىم. ‹خىيانەت› قىلىشىمدىكى مەقسەت، دوستۇمنى ۋە سىزنىڭ دوستىڭىزنى بەختلىك قىلىش. ناۋادا، مەقسىتىمگە يېتەلىسەم، بۇ تۆھپىنىڭ يېرىمى سىزنىڭ بولىدۇ. ئىشىنىمەن: ‹دوستلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن خالىسلارمۇ بەختسىز بولمايدۇ›.

ھۆرمەت بىلەن: ئەلانۇر
1957 - يىلى 2 - سېنتەبىر»

خەتنى ئۈچ قېتىم ئوقۇدۇم. ئەمدىلا ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ئەلانۇرنىڭ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، ھېسسىياتلىق ۋە پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قولىدىن خېنە كەتمىگەن، بىرىگە تىكىلىپ قاراش ئۈچۈن پېشانە تەرىنى چۈچىلىق ياغلىقى بىلەن نەچچە قېتىم سۈرتىدىغان ساددا قىز، بۇنداق مەنىلىك گەپلەرنى يازالايدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەندە بىردىنلا ئەلانۇرغا ھۆرمەت ۋە ئىخلاس پەيدا بولدى - دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى ئىزدىدىم، لېكىن ھېچ نەدىن تاپالمىدىم. تامىقىمنىڭ مۇزلاپ كېتىشىگە پىسەنت قىلماي ھال رەڭ كونۋېرتنى ئاچتىم ۋە رازىيەنىڭ تونۇش پوچېركىسىنى كۆرۈپ، ئانا مەكتىپىمنى بىردىنلا سېغىندىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى، يىغا ياماشتى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە دوستلارسىز مىسكىنلىشىپ قالغانىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن خەتكە كۆز تاشلىدىم :

«قىممەتلىك دوستۇم ، ئەلانۇر ! قانداق ئەھۋالىڭ ؟ ئۇ-رۇمچىنىڭ ساپ ھاۋالىق ، سۈزۈك سۇلۇق ، گۈل ۋە كېپە-نەكلەرگە باي ، ئاۋات ، باياشات قوينىدا شادلىنىپ يۈرۈۋاتام-سەن ؟ مېنى ئويلاپمۇ قويامسەن ؟ ھېلىقى كېچىسى بىردەم كۈلۈپ ، بىردەم يىغلىتىپ ئۇخلاتمىغىنىم ئېسىڭدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ ـ ھە ؟ يېرىم كېچىدە ماشىنى ياستۇقنى قۇچاقلاپ سىم كارىۋاتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشكىنىڭچۇ تېخى ؟

ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرۇپ ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈرەم-سەن ؟ ‹ئوش ، بويۇم ئۆسمىسە بولاتتى› دەپ تولا قاقشايد-تىڭ ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ كۆكلۈك كۆتۈرۈلۈپ ، بويۇڭ ھېچ-بولمىغاندا يەنە بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر ئۆسكەندۇ ؟ بىلىپ تۇرىمەن ، سەن ھازىر بىر مېتىر سەكسەن سانتىغا قاراپ ئۆرلەۋاتىسەن (چاقچاق) .

مەندىن ئەھۋال سورىساڭ سالامەت ئوقۇۋاتىمەن ، لېكىن مىجەزىم ئۆزگەرمەكتە . دادامنىڭ كىتابخانىسىدا يالغۇز ئول-تۇرۇپ سائەت ـ سائەتلەپ خىيال سۈرىمەن ، بەزىدە ئۆزۈمنى خۇشال تۇتۇش ئۈچۈن ناخشىمۇ ئېيتىپ باقىمەن ، نېمىشقى-دۇر ناخشىنىڭ ئاخىرى يىغا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . شەنبە ئاخشاملىرى تانسا بولىدۇ . تانسىدىنمۇ كۆرە مۇتەللىپ باغچە-سىنى ياكى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ كەينىدىكى (شەرقىدىكى) شەگەن باغنى يالغۇز ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن . بۇنى ئەلۋەتتە ساڭا ئېيتقان ، سەۋەبىنى بىلىسەن . قىممەتلىك دوس-تۇم ، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ، كەڭ پېشانىلىك ، سۇر-لۇك ، لېكىن كېلىشكەن چىرايى بىر مىنۇتمۇ خىيالىمدىن كەتمەيدۇ ، ئۇنىڭغا زادى نېمىشقا بۇنچىلىك بېرىلدىم ، بۇنى

بىلمەيمەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن ، بىر يىللىق ئوقۇغۇچىلىق
ھاياتىمدا پەقەت بىرلا قېتىم يالغۇز پاراڭلاشقان . ئۇ چاغدا
مەن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتىم . ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ
شۇجىسى بولغىنى ۋە مېنى ياشلار ئىتتىپاقىغا تونۇشتۇرغىنى
ئۇچۇنلا ئەلا بىلەن يېقىنچىلىق قىلاتتىم . ئونىنچى سىنىپنىڭ
باللىرى بىز سەككىزىنچى سىنىپنىڭ قىزلىرىنىڭ كەينىگە
كىرىۋالاتتى ، مۇھەببەت خەتلىرى ، تەكلىپلەر ئۇزۇلمەيتتى .
ماڭا توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن
خەت يازمىغىنى ، تەكلىپ قويمىغىنى ناھايىتى ئاز . مەن
ئۇلارنى يامان كۆرەتتىم ، ھېچقايسىسىغا قاپاق ئاچمايتتىم…
شۇنچىلىك نەزىرىم ئۇستۇن ۋە قاتتىق مىجەزلىك ئىدىم .
يالغۇز ئەلالا ماڭا خەت يازمىغان ، تەكلىپمۇ قويمىغان . مەن
ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيران قالاتتىم . ھەر قېتىم-
لىق ئىمتىھان - سىناقلاردا ئون - ئون بەش مىنۇتتىلا قەغەز
تاپشۇرۇپ چىقاتتى ۋە ئىتتىپاق خىزمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن ئىشلەيتتى . مەن ئۇنىڭ دەرس تەكرارلىغىنىنى كەم-
دىن - كەم كۆرەتتىم . پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار
ئارىسىدا ئۇنىڭغا قايىل بولمايدىغان ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلماي-
دىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى . دادام دائىم ئۇنىڭ توغرىسىدا
بىزنىڭ ئۆيدىمۇ سۆزلەپ ، «قىزىم ، ئەلادەك بول ، مەن مۇز-
داق سەگەك كاللىنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ، «لېنىن » پوئې-
مىسىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپلا يادلىۋالغىنىنى كۆزۈم بىلەن
كۆردۈم . ئۇ ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگىنى بىلەن ئەمەلىيەت-
تە ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەم ئەمەس » دەيت-
تى . لېكىن ، دوستۇم ، ئاشۇ ئەلامۇ مېنىڭدە مۇھەببەت ھېس-
سىياتى پەيدا قىلغان ئەمەس . ئۇنىڭ نېمىسى مېنى جەلپ
قىلىۋالدى ؟ مەن بۇنى ھازىرمۇ بىلمەيمەن ، ئەقىل - پارا-

سەت ، تالانت ، ھەتتا چىرايدىمۇ ئۇ ئەلادىن تۆۋەن ، ئەلا قانداق ئاجايىپ — ھە ! ئاشىق بولسا ، مانا شۇنىڭغا بولسا بولىدۇ. لېكىن ، مەن ئۇنى ھازىرمۇ دوست ۋە ئۆلگە سۈپىتىدىلا ئويلايمەن . لېكىن ، ئۇنىڭ ھېلىقى تومبالقا دوستىچۇ ؟ قىممەتلىك دوستۇم ، ھالىمنى ساڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن ؟ ئەمدى بىلىۋاتىمەن ، ئۇ مېنىڭ جېنىم بىلەن باراۋەركەن ، ئۇنىڭسىز ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشىكەن . ساڭا قېلىنلىق قىلىمەن ، چۈنكى سەن ئۆزۈمگە ئوخشاش ، سېنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن . مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن . تۈنۈگۈن ئۇلار ئوقۇغان سىنىپقا ھېچكىم يوق ۋاقتىدا كىردىم ، پارتىلارغا قەلەمتىراچ بىلەن ھەر خىل ئىسىملار ئويۇلغانىكەن ، بىرمۇبىر قاراپ چىقتىم . ئەڭ ئاخىرقى پارتىلارنى قاراشتۇرغىنىمدا ، دېرىزە تەرەپتىكى ئورۇندا ئۇنىڭ ئىسمى تېپىلدى . مەن پارتا قاپقىسىنىڭ ئىچىگە ئويۇلغان ئىسمىنى قايتا — قايتا سىلىدىم ، پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداپ كەتتى ، تىترەپ تۇرۇپ يۈزۈمنى ياقتىم ، تۈنجى ۋە ئەڭ ساپ مۇھەببىتىم بىلەن سۆيدۇم…

قىممەتلىك ئەلانۇر ، مانا مۇشۇ گەپلەرنى يېزىۋاتقىنىمدا ، يۈزلىرىم لازا سۈرتۈۋالغاندەك ۋىلىلداپ ئېچىشماقتا ، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلماقتا . بىلمىدىم ، تۇنجى مۇھەببەت ھەممىلا قىزلارنى شۇنداق ئازابلامدىكىن ؟…

كەچتە تانسا بولدى . ھېلىقى بەھرام مۇئەللىم كاستۇمىغا سەپكەن ئەتىر پۇرىقى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاينىتىپ يېنىمدا ئايلىنىۋەردى ، مۇزىكا چېلىنار — چېلىنمايلا پارقىراق چاچلىق بېشىنى ئېگىپ ئالدىمدا تەزىم قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ . خويمۇ تويدۇم بۇ مۇئەللىمدىن . نېمىشقا مېنى يالغۇز خىيال قىلغىلى ، تالاغا چىقىپ ئونىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرى تىككەن

سۇۋادان تېرەكلەرنى قۇچاقلىغىلى ، ئۇلار ئۆستۈرگەن گۈللۈكلەردە ئايلانغىلى قويمايدىكەنتاڭ ؟ مەن سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىسا ، گۈللەر ئارىسىدا چېكەتكە گىژىلدىسا ، خۇددى ئونىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرى شوخلۇق بىلەن ياتاق دېرىزىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ ناخشا ئېيتىشىۋاتقاندەك ياكى كوچىلاردىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ۋارقىراپ چاقچاق قىلىشىۋاتقاندەك يېقىملىق ۋە قايتا تەكرارلانمايدىغان مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ . توۋا ، بەھرام مۇئەللىم نېمىشقا مېنى خىيال بىلەن بولسىمۇ خۇشال بولغىلى قويمايدىغاندۇ ؟ ئۇ ئادەمگە ئۆچ بولۇپ قالدىم…

دوناي ۋالىسى چېلىنىسىلا ئۆپكەم ئۆرۈلىدۇ ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم دوناي ۋالىسىغا شۇنداق كۆڭۈللۈك پىرقىرىغان ، توختىماستىن زالنى تولۇق ئايلىنىپ چىققان . ئۇ كۈنى يېڭى يىل ئىدى . بىز ئارچا ئەتراپىدا شۇنچىلىك ئايلاندۇقكى ، بىزگە چېچىلغان يالتىراق قەغەزلەردىن قىلىنغان يالغان قار ، بويۇنلىرىمىزغا تاشلانغان قەغەز لېنتىلار ، گۈللەر شۇنچىلىك جىقكى ، ۋالىس توختىغاندىلا مەن نومۇس قىلىپ چاچلىرىمنى قاقتىم . ئونىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرى قوپال چاقچاق قىلىشتى : «يارايسەن ، هاشىر تۆگە ، نەچچە يۈز كۆزدىن ئوت چىقىرىۋەتتىڭ ! » ، «ئادەم چاقىدىغان ھەسەل ھەرىسىنى قولغا ئۆگەتتىڭ »… قالغانلىرىنى ئېيتمايلا قوياي ، مەن بۇ قوپال گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ خاپا بولمىدىم ، دېرىزىگە قارىۋېلىپ ، ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۈزۈمنى ئالىقانلىرىم بىلەن سىيپاپ ، ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان خۇشاللىق كۈلكەمنى ئارانلا باسالىدىم…

دوناي ۋالىسى چېلىنىش بىلەن بەھرام مۇئەللىم ئالدىمغا كېلىپ تەزىم قىلدى ، ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇتلىرىم دىرىلداپ تىترىدى . مەن قوپال ۋە ئېغىر ئايلىنىشقا باشلىدىم .

— يېنىك ئايلىنالىتتىڭىز ، سىزگە نېمە بولدى ، رازىيە ؟

— ھېچنېمە ! — مەن ئۇنىڭ ھېچبولمىسا گەپ قىلماسلىقىنى خالايتتىم . قېرىشقاندەك ئۇنىڭ سوئالى كۆپىيىپ كەتتى :

— بۇ يىل سىزدە بىر كۆڭۈلسىزلىك بارغۇ ، رازىيە ؟

— بەلكىم...

— بىلىشكە بولارمۇ ؟

مەن بىردىنلا ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتىم ۋە ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ تالاغا قاراپ يۈگۈردۈم .

... سېنتەبىر — ئىلھام ۋە مۇھەببەت ئاخشاملىرىغا باي سېنتەبىر . سالقىن شامال ، سۈزۈك ھاۋا ، يوپۇرماقلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ، تىنىق سۇلارنىڭ ناخشىلىرى جانغا ئەجەبمۇ ئارام...

مەن دەرەخلەر ئارىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تاشلاندىم . شەرقتىن ، ئاشۇلار ۋە سەن دوستۇم كەتكەن شەرقتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال يۈزۈمدىن سۆيمەكتە ، چاچلىرىمنى سىلىماقتا ، مېنىڭ چېچىلغان ، پەرىشان بولغان خىياللىرىمنى ئېلىپ كېتىپ ، ماڭا خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلىغۇچى ئەسلىمىلەرنى بۇرنۇمغا پۇراتماقتا...

1956 ـ يىلى ، كەچ كۈز . ئەتراپنى ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلار قاپلىغان . مەن كەچقۇرۇن پۇتبول مەيدانىنىڭ سىرتىدىكى ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتىم ، ئەدىنىدۇر بىر توپ ئۇچۇپ كېلىپ مۈرەمگە تەگدى . مەن قىيسىيىپ ، ئورۇندۇقنى قۇچاقلاپ توختاپ قالدىم . يىراقتا باللار قىقاس ـ چۇقان بىلەن كۈلۈشتى . شۇ چاغدا ، مېنىڭ‐

دىن خېلى يىراقتا ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاۋاتقان ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، توپقا قاراپ ماڭدى . بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئوقۇغۇچى يەنە بىر پاكار ، دىقماق ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئالدىمغا كەلدى . ئۇ ، دىقماق بالىغا قاراپ :

— ئەپۇ سورا ، نامەت ، ئەپۇ سورىمىساڭ ، مەن سېنى مەجبۇر قىلىمەن ! — دېدى . مەن شۇ چاغدىلا ھېلىقى ئېگىز ئوقۇغۇچىغا قارىدىم . ئۇ كەڭ پېشانە ، قاپىقى تۇرۇلۇپ تۇردىغان ، قوشۇما قاش ، يوغان قوي كۆزلىرى تولىمۇ ئوتلۇق ، يېشى يىگىرمىلەردىن ئاشقان بالا ئىكەن . ئۇنىڭ سۆزى كەسكىن ۋە تەمكىن ئىدى . ھېلىقى دىقماق بالا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدى :

— سىزنى چۆچۈتۈپ قوياي دەپ ئورۇندۇقنى كۆزلەپ تەپكەنىدىم ، — دېدى تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن ، — تېگىپ كەتتى ، ئەپۇ قىلىڭ ؟

— چۆچۈتۈش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى ؟ — ئېگىز ئوقۇغۇچى يەنە سورىدى .

— ... قاراپمۇ قويمايدۇ... ھاكاۋۇر قىزكەن...

— ماڭ ، نامەت ! — دېدى ھېلىقى ئېگىز ئوقۇغۇچى ئۇنى كېتىشكە شەرەت قىلىپ . نامەت ئىسمىلىك بالا كەتكەندىن كېيىن ئېگىز بالا ماڭا تىك قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ئاڭلىدىڭىزمۇ ، رازىيە ، سىزدىكى مەغرۇرلۇقنى قارا كۈچ بىلەن يىقىتماقچى بولغان قاراملارمۇ بار ئىكەن . ھەرھالدا ئېھتىيات قىلىڭ ، بۇ سەھرالىقلاردىن سىزنىڭ تەكەببۇرلۇقىڭىز بىلەن ئۆچلىشىدىغانلار چىقىدىغان ئوخشايدۇ .

— نېمە ئۈچۈن ئۆچلىشىدۇ ؟

— چۈنكى ، ئۇلار سىز بىلەن ساۋاقداش . ساۋاقداشلىقتا ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەت سەممىيلىك ۋە مېھرىبانلىق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەندە بۇ پەزىلەت يوق دەپ قانداق ھۆكۈم قىلالايسىز ؟

— ئارتۇقچە مەغرۇرلۇق ئادەمنىڭ باشقا پەزىلەتلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ . سىزدىكى سەمىمىيلىك ، مېھرىبانلىق ، تۇمان ئاستىدا قالغان تاغ گۈلىدەك خىرە كۆرۈنىدۇ ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئۆتكۈر كۆز لازىم !

— ماڭا بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ! — دېدىم ئاستا يەرگە قاراپ ، — غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت !

— بىر يۇرتنىڭ ھاۋاسى ، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن ئوزۇقلىنىمىز ، لېكىن بەدىنىمىزدە ھەر خىل خىسلەتلەر يېتىلمەكتە . بەزىدە مەغرۇرلۇقمۇ كىشىگە قانات بولىدۇ . لېكىن ، ئۇنتۇماڭ ، بۇنداق قانات بىلەن ئۇچۇش ئۈچۈن ئالاھىدە سۈزۈك ۋە ئىللىق ھاۋا كېرەك ، رېئال تۇرمۇشتا بۇ قىيىن !

ئۇ كەتتى ، مەن ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم . ئېنىقكى ، ئۇ مېنى تەنقىد قىلماقتا ، مېنى ساۋاقداشلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ئۈندىمەكتە .

— ئۇ نېمە دەيدۇ ، قىزىم ؟ — مېنىڭ يېنىمغا قولىنى كەينىگە قىلىپ دادام كەلدى ۋە يېنىمدا ئولتۇردى ، — ئۇنى تونۇمسىز ، قىزىم ؟ ئۇنىڭ ئىسمى ھاشىر ، ئونىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى ، كاللىسىمۇ ، كۆزىمۇ ئۆتكۈر بالا . مەن ھاشىرلارغا بۇ يىلنى قوشقاندا ئۈچ يىل تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بەردىم ، بىر يىل سىنىپ تەربىيىچىسى بولدۇم . قانچە قەدىرلىسە ئەرزىيدۇ ، ھەرگىز ئۇلارنى رەنجىتىپ قويماڭ ، قىزىم !

دادام ماڭا ئۆيگە كەلگۈچىمۇ ئەلا بىلەن ھاشىر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى . مەن دادامنى ئىنسانىي خىسلەتنىڭ گۈل

تاجى ھېسابلايمەن . ئۇنىڭ سۆزلىرى بايىقى ھاشىر ئىسىملىك
ئوقۇغۇچىغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنى كۆڭلۈمدىن ھەيدەپ ،
ھۆرمەت ۋە دوستلۇق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى . شۇنىڭدىن
كېيىن مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم . ئۇ كەم سۆز ،
ناخشىغا ئامراق ، ناھايىتى تەلەپچان بالا ئىكەن ، ئۇچراپ قالسا
لېۋىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ۋە ماڭا
بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىمايتتى . ئۇ پات ـ پاتلا پۇش-
تەكنى چىشلەپ ئاشخانا ئالدىدىكى پەلەمپەيدە پەيدا بولاتتى ،
ئاشخانىغا كىرىشكە ئالدىراۋاتقان بەش ـ ئالتە يۈز ئوقۇغۇچىغا
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاراپ جىمجىت تۇراتتى ، ئاندىن پۇش-
تەكنى بىرلا چالاتتى ـ دە : «قايسى سىنىپ رەتلىك تىزىلسا ،
شۇ كىرىدۇ !» دېگەن ئاددىيلا سۆزنى ئېيتىپ قويۇپ خاتىر-
جەم تۇرىۋېرەتتى . ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھۆرمەت قىلغاچقا ، ئۆز-
لۈكىدىن تىزىلىپ ئاشخانىغا كىرەتتى . ئۇششاق ئوقۇغۇچى-
لار ، بولۇپمۇ قىزلار ئۇنىڭدىن قورقاتتى . مەنچۇ ؟ نېمىشقى-
دۇر ئۇنىڭغا بالىلار ئارىسىدا تۇرۇپ تىكىلىپ قارايتتىم ۋە
ئۇنى ئۇزاق كۆرۈشنى خالايتتىم . بۇ خالاشنىڭ مېنى بۈگۈن-
كى ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشىنى بىلگەن بولسام ، بۈگۈنكى
ئازابلار ئەنە شۇ خالاشنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى سەزگەن بول-
سام ، خۇدا ھەققى ئاشخانىدا تاماق يېمىگەن بولاتتىم... ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلىشىش ئىستىكى يوشۇرۇن كۈچ بولۇپ ئىچىمنى
تاتىلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مەن ئۇنى دەرەخلەر ئارى-
سىدىكى ھېلىقى ئورۇندۇقتا خىيالچان ئولتۇرغان ھالدا كۆر-
دۈم . بۇ 1957 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى — باغلار
چېچەك بىلەن تولغان ، بۇلبۇللار راسا سايرىشىۋاتقان ، پۈتۈن
شەھەرنى چېچەك ۋە سېرىنگۈل پۇرىقى قاپلىغان چاغ ئىدى .
مەن قەيسەرلىك قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردۇم . ئۇ چۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈپ ، ئاجايىپ ئوتلۇق نەزەر بىلەن يالت قىلىپ قارىدى ـ دە ، ئۆز تەبئىدىتىگە يات ھالدا مۇلايىم ۋە ئىللىق كۈلۈمسىرىدى .

— كېلىڭ ، رازىيە ، بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولدى ، — دېدى ئۇ مىدىرلاپ قويۇپ ، — مەن ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم !

قايسى مەنىدە دېگەنلىكىنى سورۇشتۇرمەيلا ، مەن ھودۇقۇپ كەتتىم ۋە يۈزلىرىم ھۆپۆلدەپ يېنىشقا باشلىدى :

— سىزما ؟...

— ئىشەنمەمسىز ؟ تۆتىنچى مايدا ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆتتىڭىز ، مەۋسۇملۇق ، چارەكلىك ئىمتىھانلاردا ئەلاچى بولدىڭىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بايا تام گېزىتتىن سىزنىڭ ئاجايىپ شېئىرىڭىزنى ئوقۇدۇم ، سىزگە كىم قايىل بولمايدۇ !

ماڭا لازىمى بۇ سۆزلەر ئەمەس ئىدى . مېنىڭ دەرھال رايىم قايتتى ـ دە :

— سىزنى ئەدەبىياتقا بەك ياخشى دەيدۇ ، ماڭا پۇگاچېۋ ئوبرازىنى تەھلىل قىلىپ بېرىڭە ، بىز يېقىندا پۇشكىننىڭ ‹كاپىتان قىزى ›نى تەھلىل قىلىش كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى ، ماڭا پۇگاچېفنى تەھلىل قىلىش يۈكلەندى .

ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە ، پۇگاچېفنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى شېئىر ئوقۇغاندەك يادقا ئوقۇدى : ‹لاچىن قۇشلارنى تۇتۇپ ، قېنى مۇزلىماستا يەيدۇ ، ئارانلا ئۈچ يىل ياشايدۇ ؛ قۇزغۇن چىرىندىلارنى يەيدۇ ، نەچچە يۈز يىل ياشايدۇ ، مەن لاچىن بولۇشنى خالايمەن ، ھەرگىز قۇزغۇن بولۇشنى خالىمايمەن ! › ئۇ بۇ سۆزنى دەپ بولۇپ مېنىڭ كۆزۈمگە يالت قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە ، ئالدىرىماي سۆزلەپ كەتتى :

— مانا بۇ سۆز ، پۇگاچېف ئوبرازىنىڭ ئىنچام خاراك-
تېرلىنىشى...

ئۇنىڭ پىكىرلىرى شۇنچىلىك ئېنىق ، ئوبرازلىق ، تىلى شۇنچىلىك ئىنچام ، ھېسسىياتلىق ، ئاۋازى شۇنچىلىك مۇلا-يىم ۋە يېقىملىق . مەن ئۇنىڭ بىلەن كىتاب ۋە «ئوبراز»دىن ھالقىپ چىقىپ ئىنسان خاراكتېرى ، پەزىلەت ، غايە ، ئى-لىم - پەن قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تاكى تەكرارغا قوڭغۇراق چېلىنغۇچە پاراڭلاشتىم . مەن ھېچقاچان شۇ كۈن-دىكىدەك روھلانمىغان ، ھېچقاچان شۇ كۈندىكىدەك ئىلھام ۋە تەسىراتقا ئىگە بولمىغانىدىم . ئۇ كىتابلاردىن ، تۇرمۇشتىن ھايات توغرىسىدا ، ياشاشنىڭ مەنىسى توغرىسىدا شۇنچىلىك كۆپ ۋە كۈچلۈك سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلىدىكى ، ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى . مەن ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ تارتى-مەن ، ۋۇجۇدۇم بىر خىل چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىللىق تەۋرىنىش بىلەن شۇنچە مەست بولدىكى ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ، قۇچىقىغا تاشلىنىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ قالالىدىم...

جېنىم ئەلانۇر ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ مېنىڭ خىيالىم-غا ، ئويقۇمغا ، پۈتۈن ھەرىكىتىمگە ئارىلىشىۋالىدىغان بول-دى . دەرس تىڭشاۋېتىپمۇ ، تاماق يەۋېتىپمۇ شۇنىلا ئويلايدى-غان ، شۇنىڭ بىلەنلا سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدىم . مەن شۇ كۈنلەردە ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى كۈندىلىك تۇرمۇشۇم-دىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ھېسابلىغانىدىم . مەسىلەن ، ئو-غۇللار ياتىقىدىن ئوقۇغۇچىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن ئاشخا-نىغا ماڭىدۇ . مەن ئۇنىڭ ناخشىسى ياكى ئاۋازى ئاڭلانغۇچە ياتاق دېرىزىسىدە ياكى كارىدوردا يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن تۇرۇۋالىمەن . ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىنلا پەلەمپەي-

ىدىن ئىككى بالداقنى بىر بىسىپ ئالدىراپ چۈشمەن، ئۇنى كۆرىمەن، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ. مەن دەرھال يەرگە قارايمەن ۋە ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان ئاياغلىرىمنى ئىھتىياتچانلىق بىلەن يۆتكەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئۈچۈن چوڭ راھەت، ھەتتا بەخت! مەن سىرتتىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى بايقاپ بولدۇم. ئالتىنچى سائەتتىن كېيىن ئۇ ۋالىبول مەيدانىدا بىر سائەت ۋالىبول ئوينايدۇ. مەن ئۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدا كىتاب ئوقۇغان بولۇپ، بەتلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قارايمەن. تاماقتا بىر سائەت قالغاندا، ئۇ قىرائەتخانىغا كىرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بەش مىنۇت بۇرۇن كىرىپ ژۇرنال كۆرىمەن. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈۋېلىپ كىتابقا قاتتىق قادىلىدۇ، خاتىرە يازىدۇ، مەن بولسام ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىمەن… ئويلىغىنا، ئەلانۇر، مەن نېمانچە بىچارە، نېمىشقا باشقا قىزلاردەك ئەركىن مۇھەببەتلىشەلمەيمەن! ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئازابلاۋاتقان نەرسىنى بىلدۈرۈشۈم، ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قوزغىشىم، باشقا قىزلاردەك شەنبىلەردە بىللە سىرتقا چىقىشىم، قانغۇچە سۆزلىشىشىم، ناخشا ئېيتىشىم ۋە بىللە يۈرۈشۈم مۇمكىنغۇ! لېكىن، قىزلىق ئار - نومۇسۇم، ئىنسانىي غۇرۇرۇم بۇنىڭغا يول قويمىدى، ئوچۇق پاراڭلىشىدىغان ئۇرغۇن پۇرسەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، مەن ئۆز ھاياتىمنى سۈنئىي يول بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە قوپال مۇئامىلە قىلدىم. دوستۇم، بىز قىزلار ئەنە شۇ ياسالمىلىق، قىزلىق ئېپپەت - نومۇسنىڭ ئازابى ھېسابىغا تېز قېرىپ، تېز تۈگىشىپ كېتىمىز كەن…

ئاخشام ھېلىقى ئورۇندۇقتا ئۇزاق ئولتۇردۇم. مېنى مۇشۇنچە خىيالچان قىلىۋەتكەن، ئاخىر مېنىڭ يوشۇرۇن ۋە

ئاشكارا قىلغان تەلەپلىرىمگە پىسەنت قىلماي شۇنچە يىراق يەرلەرگە شان ـ شەرەپ ئىزدەپ كەتكەن رەھىمسىز ، تاش يۈرەكنىڭ ئولتۇرغان جايىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ، ئىچىم بوشىغۇچە يىغلىدىم . مانا بۈگۈن ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن ، ئاخشامقى ياشلارنىڭ ساقىندىسى تېخىچىلا كۆزلىرىمدىن تۆكۈلمەكتە . قىممەتلىك ، بەختلىك دوستۇم ئەلانۇر ، ساڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ، ئاخىرىغا نەۋائىنىڭ شېئىرىنى قىستۇرۇپ قويدۇم :

كۆرگىلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا ،
نە بالالىق كۈن ئىدىكى ، ئاشىنا بولدۇم ساڭا .

قىممەتلىك دوستۇم ، ناۋادا ئىلى دارىلمۇئەللىمىندىن كەتكەن ئالتە ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭ ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش ، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئېگىز ، ھەممىدىن قاپىقى يامىنىنىڭ قولىنى چىڭراق سىقىپ قوي .

سىرىمنى شۇنداق بىر ساندۇققا سالغىنىكى ، قۇلۇپى ئېچىلمايدىغان بولسۇن ، ئۇنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ پەقەت مېنىڭ قولۇمدىلا بولسۇن . شۇنداق قىلمىساڭ ، دوستۇڭغا خىيانەت قىلغان بولىسەن ، نۇرغۇن ئىنسانلار ناھايىتى گۈزەل ئارزۇلىرىنى گۆرىگە ئېلىپ كېتىدىغۇ . مەنمۇ بۇ سىرىمنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمەكچىمەن .

سېنى قۇچاقلاپ سۆيىمەن .
بەختسىز دوستۇڭ : رازىيە
1957 ـ يىلى 24 ـ ئاۋغۇست»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئورۇندۇقتا ئۇزاققىچە بىھوش ئادەمدەك ئولتۇرۇپ قالدىم، خۇددى ئالدىمدا ھېلىلا بىر چوڭ پاجىئە بولۇپ ئۆتكەندەك، مەن گويا شۇ پاجىئەنىڭ گۇۋاھچىسىدەك كۆڭلۈم غەش. بۇنچىلىك بولارنى بىلگەن بولساق، رازىيەنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھاشىرنى غۇلجىدا قالدۇرغان بولاتتۇق. مېنىڭ رەھىمدىل دوستۇم رازىيەنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازاب تارتقىنىنى بىلگەن بولسا، جەزمەن رازىيەنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى.

خىيال بىلەن ئۇزاق ئولتۇردۇم — دە، ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ، ئالبومۇمنى ئالدىم. ئالبومدا پۈتۈن ساۋاقداشلارنىڭ رەسىملىرى ۋە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرە سۆزلىرى بار ئىدى. خەتنى ھاشىر بىلەن رازىيەنىڭ سۈرىتى بار يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

ھاشىرنىڭ سۈرىتىگە قارىدىم: ئۇنىڭ ھېلىلا تىلىلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدىن مېھىر — شەپقەت ۋە چوڭقۇر دوستلۇق مۇھەببىتىنى سەزدىم. رازىيەنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان چىرايىدىن بولسا، بىر خىل يوشۇرۇن مىسكىنلىك ۋە كۆڭلى يېرىملىقنى سەزدىم. قىزنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرغان لەۋلىرى ھازىرلا ئېچىلىپ: «سىنىڭ نەرىڭ ئەقىللىق، مەن شۇنچە دەردنى ئىچىمگە يۇتۇپ خۇددى ھېچنىمە بولمىغاندەك سىلەر بىلەن خۇشال — خۇرام چاقچاق قىلىشتىم، سەن ھېچ نەرسىنى سەزمىدىڭمۇ؟ ناۋادا سەزگەن بولساڭ، دوستۇڭغا خەۋەر قىلغان بولاتتىڭ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابلىرىمنى يەڭگىللەتكەن بولاتتىڭ» دەۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىنكى پۈتۈن ۋاقتىم رازىيە بىلەن ھاشىرنى ئويلاش بىلەن ئۆتتى، پەقەت ئاخشىملا كىتاب ئوقۇشقا ئولتۇرالىدىم...

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە مىدىرلىماي كىتاب ئوقۇ-

دۇم ، تۆتىنچى كۈنى مېنى كادىرلار بۆلۈمىگە چاقىرتتى .

— بەش مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭ ، — دېدى ھېلىقى كادىر سىرتقا مېڭىپ ، — مۇھىم بىر ئىش بار ، چىقىپ كەتمەڭ .

مەن گېزىت ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم ، قىسقا ماقالىلەر قىزىقارلىق تۇيۇلدى . ماقالىلەر ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ تەكلىپلىرىمۇ بار ئىدى . مەن بۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بېرىلگەن تەكلىپلەر ئارىسىدا : «يازما بايلىقلارنى يىغىش ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتى تاشلىنىپ قالدى» دېگەن ماۋزۇلۇق بىر ماقالىنى ئوقۇدۇم . تەك-لىپ بەرگۈچىنىڭ فامىلىسى ساۋۇتوف ئىدى . «بىزنىڭ مۇئەللىم-مۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغىلا ، ئىشىكتىن ساۋۇتوف كى-رىپ كەلدى . ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قوللىرىمنى سىقىپ :

— مەن ئويلىغاندەك بوپتۇ ، ئەلا ، تەبرىكلەيمەن ، بۇ تازىمۇ كەلگەن يېرى ، كەلگەن يېرى ! — دېدى سائىتىگە قاراپ قويۇپ ،— ھە ، بىرەر ئادەمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسىز ؟

— سورىۋالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى .

— يۇرۇڭ ، بۇ يەردە سورىغۇدەك ھېچ ئىش يوق . مائارىپ نازارىتىدىن بىزنىڭ ئىدارىگە ئالماشتۇرۇشنى ئۆزىمىز توغرىلىۋا-لىمىز . ھاشىرنىڭ كېتىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان ، راسا تەتقىقات خادىمى چىقاتتى ئۇنىڭدىن . ھەي ئىستەي ! ئۇ ئاز سۆزلىگەن بىلەن كۆپ ئويلايدۇ ، جىق گەپ قىلىدىغان ، بىرمۇ گېپىگە ئىگە بولمايدىغان ئادەملەر جىق . ئۇنداقلار تۆمۈرنىمۇ سۆز بىلەن سۇيۇق-لاشتۇرۇپ شاتىراق لاي قىلىۋېتىدۇ . دۇنيادا ئەڭ زېرىكىشلىك ئىش — مانا مۇشۇنداقلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش !

ئۇ مېنى قىزغىنلىق بىلەن قولتۇقلاپ تالاغا تارتتى . مەن ھېلىقى كادىرنى كۈتۈشكە قارىغاندا ساۋۇتوفنىڭ سۆزىنى ئاڭلىۋې-لىش پايدىلىق دەپ قارىدىم ـ دە ، قارشىلىق بىلدۈرمەستىن ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم . مەن بۇ ئادەمگە قاتتىق ئېتىقاد باغلاشقا باشلىدىم .

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ ئۈچۈن باھاسىز بىلىم ۋە بايلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، مەن كۆڭلۈمدە: «ھەقىقەتتى مۇشۇنداق بولۇشى لازىم» دەپ ئويلايدىغان بولدۇم. خۇددى يېڭى تىلى چىققان بالىغا ئانىسىنىڭ سۆزى بىردىنبىر ھەقىقەت بولۇپ تۇيۇلغىنىدەك، ساۋۇتوفنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز مېنىڭ ئۈچۈن قانۇندەك بىلىندى. مەن ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، توپا بېسىپ ياتقان «دىۋان»، «قامۇس»، «توپلام»لىرىمىزنى تېزرەك خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان باي مىراسلىرىمىزنى خەلقىمىزگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلقتە ئىلھام، ئىشەنچ پەيدا قىلىش تولىمۇ مەنىلىك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ۋە ئۆز ھاياتىمنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىشقا بەل باغلىغانىدىم.

مەن ساۋۇتوفتىن سورىدىم:

— ساۋۇتوف ئەپەندى، مەن بۇ يىل ئون توققۇزدىن يىگىرمىگە ماڭدىم. ئەگەردە يىگىرمە - ئوتتۇز يىل تىرىشسام، ئەرەب - پارس تىللىرىنى، خەنزۇ، رۇس تىل - ئەدەبىياتىنى ئۆگەنسەم، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئېچىشسام، بىرەر نەتىجىگە ئىگە بولالارمەنمۇ؟

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ يوغان، خىيالچان كۆزلىرىدە مېھىر - مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى كۆرۈلدى.

— پۈتۈنلەي مۇمكىن، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — بەلكى ئۈنچىلىك ۋاقىتمۇ كەتمەس، سىز ئون يىلغا قالمايلا خېلى تەملىك مېۋە بېرەلەيسىز. ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ تولىسى ئوتتۇز ياش بىلەن قىرىق ياش ئارىلىقىدىلا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىۋەتكەنغۇ. مەن سىزنى يۈزمۇيۈز ماختاپ خۇشال قىلىشنى زىيانلىق ھېسابلايمەن، جاپالىق ئەمگەكسىز تالانت دەرىخىنىڭ مېۋە بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. مەن سىزگە بىكارلا ئىخلاس قىلىپ چۆرگى-

لەپ يۈرگىنىم يوق ، سىزدىن نەتىجە كۈتۈشكە بولىدۇ . مەن سى-
لەرگە پسىخولوگىيە ئۆتكەندە ھاشىر ئىككىڭلارغا دىققەت قىلغان .
سىز ئەمدى ئۇزۇن ۋاقىت مېنىڭ بىلەن بىللە بولىسىز ، بىللە
ئۆگىنىمىز ، بىللە ئىزدىنىمىز ، ئىنىم . كاللىسى جاراڭلاپ تۇرى-
دىغان بىرنەچچە يۈز ئادەم ئىزدەنگەندىلا ، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز
نىمجان ھالەتتىن جانلىق ھالەتكە ئۆزگىرەلەيدۇ . بىلىپ قويۇڭ ،
بۇ نىمجان ئەدەبىياتنى قۇتقۇزۇش بىر دوستىڭىزنى ئۆلۈمدىن قۇت-
قۇزغاندىنمۇ مۇھىم !...

ساۋۇتوف ئىككىمىز ئۇزاقىچە كوچا ئايلاندۇق . ئۇ داڭلىق
ئالىملار ، ئەدىبلەر توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ
بەردى . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى مېنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق — بىلىم
ئىدى . مەن كۆڭلۈمدە ساۋۇتوف-چىلىك بىلىم ئىگىسى بولۇشنى
شان - شەرەپ دەپ ئويلىدىم - دە :

— ساۋۇتوف ئەپەندى ، قانداق قىلسام تېزرەك ئىلگىرىلىيە-
لەيمەن ، بىلىم ئۆگىنىشتە قىسقا يول بولامدۇ زادى ؟ — دەپ
سورىدىم .

ساۋۇتوف كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ :

— بىلىم خۇددى كىيىمگە قونغان چاڭدەك كۆرۈنمەي قونى-
دۇ ، ئاستا - ئاستا قېلىنلىشىدۇ . بىر كېچىدىلا بىلىملىك بولۇ-
ۋالغان بىرەرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك . ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق ،
بىلىمگە بولغان كۈچلۈك تەشنالىق بولسىلا ، كۈنلەر ، يىللار ئۆتى-
ۋېرىدۇ - دە ، سىز بىلىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىۋېرىدۇ . بىر ئاتال-
غۇ ، بىر رەقەم ، بىر كۇپلېت شېئىر ، بىر جۈملە سۆز ، بىر
تەرجىمىھال ، بىر يىلنامە ، بىر كىتابنىڭ ماۋزۇسى ، بىر مەشھۇر
ئادەمنىڭ ئىسمى... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىلىم ، ئىجتىما-
ئىي پەن مانا مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسىغۇ ، شۇنداقتىمۇ
بىلىم ئۆگىنىشتە پۇختا ، ئىزچىل ۋە باسقۇچلۇق بىر جەريان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇشى لازىم . مېنىڭچە ، سىز يېقىندىن يىراققا مېڭىڭ . مەسىلەن ، بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتە موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات» ، «غازات دەر مۇلكى چىن» ، «چاڭموزا يۇسۇپخان» ، «نۇزۇگۇم»لىرىدىن ، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» سىدىن باشلاڭ . بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى هازىرقى تىلغا يېقىنراق ، ئەرەب ـ پارس ئاتالغۇلىرى ئازراق . بۇلارنى پۇختا ئۆگەنگەندىن كېيىن نىزارى ، زەلىلى قاتارلىقلارغا ئۆتۈڭ . دېمەك ، مەخسۇس ئەرەب ـ پارس تىلى ئۆگىنىپ ، ئاندىن كېيىن بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇيمەن دېيىشنىڭ هاجىتى يوق . «چاغاتاي تىلى» دېيىلىدىغان تىلنىڭ ئالاهىدىلىكى سىزگە مۇشۇ يول بىلەن ئۆزلىشىۋېرىدۇ . ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن پارس تىلى ئۆگىنىشكە ، بەش ـ ئالتە يىلدىن كېيىن ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە ئۆتسىڭىزمۇ بولىدۇ . مانا بۇ باسقۇچتا ئومۇمىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇڭ . ئىككىنچى قەدەمدە ئەسەرلەرنى بىرمۇبىر تۈتۈپ تەتقىق قىلىشقا ، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش يولىدا ئىزدىنىشكە ئۆتسىڭىز بولىدۇ . خەنزۇ ، رۇس تىللىرىنى هەر كۈنى مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ، پىلانلىق هالدا پۇختا ئۆگىنىڭ . ياشلىق — ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش دەۋرى . بۇ چاغدا ئىگىلىگەن بىلىم ، بويىقى ئۆچمەس ، غولى چىرىماس چوكا ئالتۇندەك بىلىم بولالايدۇ . ئىشىنىمەن ، سىز تۇرمە ، جازا ، قىيىنلىش ـ سوقۇلۇشلارنى بەلكى كۆرمەيسىز . بىز ئۇن چامدىغان يەرنى سىز بىر چامدايسىز ، ئەگرى يولنى ئاز باسىسىز ، قەدەمنى پۇختا ، ئاۋايلاپ بېسىڭ ، تەمەننا ، ئالدىراقسانلىقتىن ، ئىلىم ئەهلىگە يات قىلىقلاردىن نېرى بولۇڭ... هاياجانلىنىپ قالدىم ، قېنى ، يۇرۇڭە ، ئاز ـ تولىدىن ئىچەيلى ...— دېدى .

مەن ئۇنىڭ سۆهبىتى ۋە قىزغىن تەكلىپىنىڭ كۈچى بىلەن خىلىلا ئىچىپ قويدۇم . ئۇ ماڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى ، تۇرمۇش توغ-

ـرۇلۇق قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى .
ئۇ تۇرمۇش توغرۇلۇق سۆزلىگەندە ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىـ
لىرىدىن شۇنچىلىك قىزىقارلىق مىساللارنى ئېلىپ سۆزلىدىكى ،
مەن بۇ گەپلەرنى ئون يىللىق مەكتەپ ھاياتىدا ، ئوقۇتقۇچىلار
بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلىرىمدە ئاڭلاپ باقمىغان . مەن ئالدىمدا
ئولتۇرغان مۇنۇ قارىقۇمچاق ، شالاڭ چاچ ، خىيالچان كۆزلىرى
كۆپىنچە بىر نۇقتىغا قادىلىپ تۇرغان ئادەمنى تەڭداشسىز ئىلىم
ئىگىسىكەن دەپ قارىدىم . ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمـۇ
ئـاشتى . ئـۇ مېنى مـائارىـپ نازارىتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى...
مەن يەنە كادىرلار بۆلۈمىگە كىردىم :
— ياخشى قىلمىدىڭىز ، — دېدى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى
خادىمى خاپا بولۇپ ، — ئىككى - ئۈچ مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭ
دېگەنىمغۇ ؟ سىز توپتوغرا ئۈچ سائەت كۈتكۈزدىڭىز !
مەن ساۋۇتوف توغرۇلۇق ئېيتىپ بېرىۋىدىم ، ئۇ قوشۇمىسىـ
نى تۈردى :
— ئۇنىڭ گېزىتتىكى تەكلىپىنى ئوقۇدىڭىزمۇ ؟ ناھايىتى
زەھەرلىك !
— پايدىلىق تەكلىپقۇ ئۇ ؟
— نېمە ؟ — ئۇ ماڭا خۇددى بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك
چۆچۈپ قارىدى .
— يازما بايلىقلارنىڭ تاشلىنىپ قالغىنى راستقۇ ؟
ئۇ ماڭا ئالايدى :
— گېزىتكە بېسىلسىلا راست بولامدۇ ؟ خەتەرلىك ، خەتەرـ
لىك ، ساۋۇتوفنىڭ قېنىغا سىڭگەن زەھەر سىلەرنىڭكىگە سىڭمىـ
گىنى تۈزۈك . لېكىن ، ئۆزۈڭلار پۇراپ يۇرۇپ تاپساڭلار ، بۇنىڭـ
غىمۇ مەيلى . ساۋۇتوف ھەققىدە ئىزاھات بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق .
ئۆزىڭىز بەلكى كېيىنچە نەق مۇشۇ گېزىتتىن ئوقۇۋالارسىز . ئۇـ

www.uyghurkitap.com

كام ئەلا ، يۇرۇك ، مەن سىزنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ ما جۇرىن[1] بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن . كىم دەمسىزا ؟ سىز بارىدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ بىر مەسئۇلى . ئۇ كىشى بىر ھەپتە تالىشىپ يۈرۈپ سىزنى بىزدىن تارتىۋالدى . ئۈچ يىل ئوقۇتقۇدەك ، ئاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە دەرس بەرگۈدەكسىز .

— نېمىدىن دەرس بەرگۈدەكمەن ؟

— ئاشۇ ساۋۇتوف ئېيتقان «كۆمۈلۈپ قالغان ئەدەبىيات» تىن ، خۇشالمۇسىز ؟

ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدى . مەن خۇشاللىقىمنى يوشۇرالمىدىم :

— رەھمەت ، سىزگە !

ئۇ گەپ قىلمايلا مېنى سىرتقا باشلاپ ماڭدى .

ئىككى كۈندىن كېيىن ئىچكىرىگە ماڭىدىغان بولۇپ مېھمانخانىدىن قايتىپ كەلدىم . ئەتىسى ئەتىگەنلىكى رەسمىيەت ئۆتىدىم ، يول خىراجىتى ئۈچۈن خوجىلىق بۆلۈمىدىن ماڭا بىر يۈز سەكسەن ئۈچ يۈەن پۇل بەردى . شۇ كۈنىلا مېنى لاۋما ئۆزى تۇرغان مېھمانخانىغا كۆچۈرۈپ كەتتى .

لاۋمانىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى كامال ئىدى . ئۇ كەم سۆز ، ئوتتۇرا بوي ، قوش ئېڭەك ، ئاق يۈزلۈك ، سۆلەتلىك ئادەم ئىكەن . ئۇ گەپ قىلغاندا پارقىراپ تۇرىدىغان (مايلىغانلىقىدىن) قاپقارا ، شالاڭ چېچىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى ماڭا تونۇشتۇردى .

لاۋما 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا — تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىپ ، تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپتۇ . 1937 ـ يىلى شىنجاڭغا

---

[1] جۇرىن — مۇدىر ، بۇ ئاتالغۇ شۇ دەۋردىكى تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېلىندى — ت .

قايتىپ كېلىپ ئىلى گىمنازىيە، ئۈرۈمچى ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بوپتۇ. 1942 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە كىرىپتۇ. 1943 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ تەرجىمان، تەھرىر ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپتۇ. 1951 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بوپتۇ. ئۇ ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىنى بىلىدىـ كەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى جىق ئوقۇغانىكەن. غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ لەنجۇغا بېرىپ، بۇ مەكتەپنىڭ تىل فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇ تەلەپچان، سەمىمىي ئادەم ئىكەن.

— ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىش بىز مىللىيلار ئۈچۈن چوڭ ئىش، — دېدى ئۇ چېچىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — لېكىن مەدەنىيەتـ لىك مىللەتلەر ئۈچۈن، بۇ ھەربىر پۇقرانىڭ بۇرچى. دېمەك، ئۇكام، سەن ھەقىقىي بىلىم ئۆيىگە ئەمدى كىرىسەن. دېھقان بالىسى ئىكەنسەن، ھەۋەسىڭنىڭ كەينىگە كىرمەپسەن، بۇ تەرىپىڭ ياخشى. دائىم شۇنداق بول. بىلىم ئەھلى ھالاۋەتكە ئىنتىلمەيدۇ، ئۆمۈر بويى جاپا تارتىدۇ. بۇ تەرىپى دېھقانغا ئوخشايدۇ.

ئۇ مېنى ئىچكىرىگە ماڭىدىغان قىرىق نەچچە ئوقۇغۇچىغا مەسئۇل قىلىپ قويدى.

ئەتىگەنلىكى لاۋما مېنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇردى. مەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مەندىن خېلىلا چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ قېتىۋالـ غان يىگىتلەر، شەپكىسىنىڭ ئالدىدىن پورەك چاچلىرىنى چىقىرىـ ۋالغان مەن دېمەتلىك بالىلار، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان، يۈزلىـ رىگە گىرىم قىلغان چوڭ ـ چوڭ قىزلارمۇ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ھودۇقۇپ ئۇلاردىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم، بىردىنلا ئارقا ئورۇندۇقـ تا ئولتۇرغان ئىككى چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلاردىن بىرى مېنى كۆرستىپ، يېنىدىكى قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

www.uyghurkitap.com



قىز چىرايلىق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مېنى كەمسىتىش مەنىسىدە ئىشارە بىلدۈردى. مەن ئۇ قىزنى دەرھال تونۇدۇم، ئۇ ۋۇتەيدە بىز كۆرگەن گۈزەلئاي ئىسىملىك تەكەببۇر قىز ئىدى. ھاشىرنىڭ ئۇنى كۆرسىتىپ «بۇرژۇي» دېگىنى دەرھال يادىمغا كەلدى.

— ئەلا سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار! — دېدى لاۋما تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — سىرتقا چىقساڭلار ئەلادىن رۇخسەت سوراپسىلەر، كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا يوقلىما قىلىنىدۇ، كېچىككەنلەر سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. سىلەر ئەمدى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىلدىڭلارمۇ؟ كىمدەكىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن نامغا لايىق ئىش قىلمىسا، بىزنىڭ ئۇنى بۇ نامدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ھوقۇقىمىز بار!

لاۋما چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىز ئۆگىنىش قىلدۇق. مەن پات ـ پات ھېلىقى چىرايلىق، تەكەببۇر قىزغا قاراپ قويىمەن. بۇ قاراش قىزىقىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ئىچكى كۆرەشنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. قىز بىر قېتىممۇ ماڭا قاراپ قويمىدى. ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا ئوقۇغۇچىلار مېنى قورشىۋالدى. گۈزەلئاي بولسا بېشىنى تىك تۇتۇپ، قايرىلىپمۇ قويماستىن، دوستىنى قولتۇقلاپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە مۇنۇ بىھۇدە خىرىس قىلغۇچىغا نەپرەت پەيدا بولدى. بۇ نەپرەت ئوتىمۇ، خۇددى مۇھەببەت ئوتىدەك مېنى قىزىتماقتا ئىدى.

ئەمدى مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر مەزمۇن كېلىپ قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ، مۇنۇ تەكەببۇر قىزنىڭ كەمسىتىشلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىستىكى ئىدى.

مەن ئۆگىنىشتىن كېيىن ئالدىراپ مائارىپ نازارىتىگە ساۋۇتوف بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭدىم. ساۋۇتوف ماڭا ئېلىپ

كەلگەن كىتاب ۋە لۇغەتلىرىنى كادىرلار بۆلۈمىدىكى ھېلىقى خادىمغا قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

— بۇ كىتابلارنى ئالماي دېۋىدىم، ساۋۇتوف چىڭ تۇرۇۋالدى. قارىسام خېلى چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتىڭلار بار ئوخشايدۇ، ئۇكام، — دېدى كادىر، — ئەمدى ئوچۇقىنى ئېيتىپ قوياي. ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۈرمىگە كىرىشى مۇمكىن. بىلەمسىز، ئۇ سېپى ئۆزىدىن پانتۈركىست!

— بۇ گەپلەرنىڭ ماڭا ئالاقىسى يوق، — دېدىم مەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكىنىم يوق، مەن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئىلىملىرى ساھەسىدىكى مول بىلىمىگە قىزىقىمەن. ئۇنى مۇشۇ ساھەدە ھۆرمەتلىك ئۇستاز ھېسابلايمەن!

ئۇ ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېڭىكىنى قويۇۋېلىپ، مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدى.

— ئەقىللىق ئادەملەر نادان بولىدۇ، دېگەن سۆز راست ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ جىددىي قىلىپ، — ئۇنىڭ ئاشۇ ئەدەبىيات، تارىخ توغرىسىدىكى بىلىملىرى ئىچىگە سىياسىي كۆزقاراش تولغان ئەمەسمىكەن؟

— چۈشەنمىدىم، — دېدىم خاپا بولۇپ، — ئېيتايلۇق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىش رولىلا بار، ئۇنىڭ سىز دېگەن سىياسىي مەسىلىگە قىلچە ئالاقىسى يوق. ئىلىم - پەن ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلىنىشى لازىم. ۋەھالەنكى، ئىزدىنىش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش — پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر قانۇنىيىتى. بۇ قانۇنىيەتنى قورقۇنچلۇق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ناھايىتىمۇ زىيانلىق!

www.uyghurkitap.com

— نادان بالا ! — كادىر قوللىرىنى شىلتىدى ، — بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن گۆدەك . سىلەرنى ئاياشنىڭ يولى ئەلۋەتتە نەسىھەت قىلىشلا ئەمەس ، ئانچە - مۇنچە بۇرنۇڭلارغا سۇ كىرگىنىمۇ تۈزۈك . گەپ شۇ ، سىزنىڭ بىز بىلەن قىلىدىغان ئىشىڭىز تۈگىدى . ساۋۇتوف بىلەن ئەمدى بۇ يەردە كۆرۈشۈشىڭ ئورنى قالمىدى . ئادرېسى دەمسىز ؟ ماڭا ئېيتىپ بەرمىدى...

مەن ساۋۇتوف توغرىسىدا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . بايىقى كادىر ئېيتقاندەك ئىش بولسا ، ناۋادا ساۋۇتوف ئىلىم توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى ، ئەدەبىيات - تارىخ تەتقىقاتى ئۈستىدىكى كۆزقاراشلىرى ئۈچۈن سىياسىي جاۋابكارلىققا تارتىلسا ، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ - دە .

مەن بۇ گەپلەرنى ما جۇرنىغا ئېيتتىم . ما جۇرىن كۈلۈپ كەتتى :

— مەن سىنى قوللايمەن . ناۋادا بىزنىڭ ئىلىم - پەن ئىشىمىزنىڭ تەقدىرى بايىقى كادىرغا ئوخشىغانلارنىڭ قولىغا قالسا ، يول تارلىشىدۇ ، ھەتتا بوغۇلىدۇ ، ئىلىم - پەن گۈلزارى قۇرۇيدۇ . بۇنىڭ خەلققە ، دۆلەتكە زىيىنى ناھايىتى زور بولىدۇ !— دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن .

مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ساۋۇتوف بىلەن كۆرۈشەلمىدىم .

بىز ئەتە ئەتىگەندە ماڭماقچى بولدۇق . مەن ما جۇرىنغا مائارىپ نازارىتى يول خىراجىتى ئۈچۈن بەرگەن بىر يۈز سەكسەن ئۈچ يۈەن پۇلنى تەڭلىدىم :

— يول خىراجىتى ۋە قاتناش پۇلى ئىدى ، — دېدىم مەن ، — ئەمدى بۇنى سىزگە تاپشۇرمىسام ، كىمگە تاپشۇرىمەن !

— ئالغان يېرىڭگە تاپشۇر ، — دېدى لاۋما ، — بۇ پۇل بىزنىڭ ھېسابىمىزدا يوق .

مەن مائارىپ نازارىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە كىردىم ، ئەھۋالنى

چۈشەندۈرۈپ پۇلنى ئۈستەلگە قويدۇم.

— بۇنداق رەسمىيەت بىزدە يوق! — دېدى ئاق چاچ بوغالتىر خاپا بولۇپ، — چىقىم قىلىنىپ بولدىمۇ، بولدى. كىمگە بەرسەڭ شۇنىڭغا بەرگىن، مەن بۇ پۇلنى ئالمايمەن!

— مەن بىلەت ئالمايدىغان بولدۇم. ماڭا بۇ پۇلنىڭ لازىمى قالمىدى!

— لازىمى قالمىسىمۇ، بۇ سىنىڭ پۇلۇڭ!

— مەن بۇ پۇلنى ئالالمايمەن!

بوغالتىر ماڭا تىكىلىپ قارىدى-دە:

— راستىنىلا ئالماسەن؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئۇنداق بولسا، ئەكەلگىن پۇلنى. ئۆمرۈمدە ساڭا ئوخشاش ئەخمەقنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم. ماڭ، مۇشۇنداق ئەخمەق بولىدىغان بولساڭ، ئاخىر دىۋانە بولىسەن!

ئۇ پۇلنى تارتمىسىغا سالدى. مەن يېنىكلەپ قالدىم، چۈنكى بۇ «ھۆكۈمەت پۇلى» خېلىدىن بېرى يانچۇقۇمدا چوغدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى.

ئەتىسى بىز ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىدىن يۈرۈپ كەتتۇق. دوستلىرىم، يۇرتۇم بارغانسېرى يىراقلاشماقتا. ماشىنا داۋانچىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن مېنى يالغۇزلۇق چىرمىۋالدى. مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكەن دوستلىرىمنى، پات-پات خىيالىمغا ئارىلىشىۋالىدىغان رازىيەنى، ئىلىم-پەن چوققىسىغا دەۋەت قىلغۇچى ساۋۇتوفنى ناھايىتى قاتتىق سېغىنىش بىلەن ئەسلىدىم.

مەن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يالغۇز ئورۇندا بالىلارغا قاراپ ئولتۇرىمەن، پات-پات ھېلىقى «تەكەببۇر» قىزغا قاراپ-قاراپ قويىمەن. ئاخشام، ئۈرۈمچىدىن كېتىدىغان ئاخشىمى، ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا دېيىشىپ قالدۇق: پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار رەسمىيەت قەغەزلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بولدى. يالغۇز ئاشۇ قىزلا

قالغانىدى . مەن كەچ سائەت ئونغىچە كۈتتۇم ، ئۇ قىز كەلمىدى . مەن ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىش ئۈچۈن ما جۇرنىنىڭ ياتاقىغا ماڭدىم . شۇ چاغدا چامادان ، مېۋە - چېۋە كۆتۈرۈشكەن ئىككى قىز ۋە ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن گۈزەلئاي كىرىپ كەلدى . ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي ياتىقىغا ماڭدى . مەن ئۇنى چىشىمنى چىڭ چىشلەپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۇم ، ئۇ مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ بولۇپ ، بىر سائەتتىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كەلدى .

— گۈزەلئاي ! — ئۇ چۆچۈپ ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ماڭا قارىدى ، — ياشلار ئىتتىپاقى تونۇشتۇرۇشلىرىڭىزنى ماڭا بېرەمسىز ؟— ئۇ گەپمۇ قىلماي ياتىقىغا كىرىپ كەتتى - دە ، بىردەمدىن كېيىن چىقىپ ، مېنىڭ ئالدىمدىكى ئۈستەلگە ئۇ نەرسىلەرنى تاشلىدى . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم :

— مېنى ھۆرمەت قىلمىسىڭىز مەيلى ، مەن بۇنىڭغا موھتاج ئەمەسمەن ، لېكىن مۇنۇ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى دېگەن خەت يېزىلغان ئالاقىنى ھۆرمەت قىلىڭ ، سىڭلىم !

— نېمىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن !

— سىز ئۈدا ئۈچ ئاخشام سائەت ئوندىن كېيىن كەلدىڭىز ، بىر قېتىممۇ رۇخسەت سورىمىدىڭىز ، لېكىن مەن بۇ نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرمىدىم . نېمىگە شۇنچە رەنجىيسىز ؟

— نېمىدەپ رەنجىپتىمەن ؟ — ئۇ ماڭا ئالىيىپ قويۇپ ، قوپال جاۋاب بەردى .

— ئاۋازىڭىز چىرايىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە !— دېدىم مەن غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ،— ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىشنى ماڭا تاپشۇرمىغان بولسا ، راستىنلا مېنىڭ سىز بىلەن پاراڭلىششقا مەيلىم يوق ئىدى . شۇنچە قوپال مۇئامىلە قىلىشقا ، مېنىڭ قايسى ئەيىبىم مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ ؟



www.uyghurkitap.com

— يارىمىغان بولسام قالدۇرۇپ قويۇڭلار ! — دېدى قىز تېخىمۇ قوپاللىق بىلەن ، — مەنمۇ بۇنداق ئوقۇشقا خۇشتار ئەمەسمەن !

— بۇ تەلىپىڭىزنىڭ ماڭا ھېچ ئالاقىسى يوق ! — دېدىم مەن سوغۇقلا قىلىپ ،— ياخشى چۈش كۆرۈڭ ، قاتتىق گەپ قىلىپ قويغان بولسام ، ئەپۇ قىلىڭ !

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم . قىز بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ماڭا «يالت » قىلىپ قارىدى .

مانا ھازىر ماشىنىدا كېتىپ بېرىپ يەنە دوستلىرىم — رازىيە ، ساۋۇتوف ۋە نە ـ نەلەرگە كېتىشكەن ساۋاقداشلىرىم ، بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقان يۇرتۇم توغرىسىدا خىيال سۈرىمەن ، بەزىدە ئالدىمدىكى باللارغا ۋە تۇغما چىرايلىق بولسىمۇ ، ماڭا ھەممىدىن تەكەببۇر كۆرۈنىدىغان گۈزەلئايغا قاراپ ـ قاراپ قويىـمەن . قىز بىر جەينىكىنى يۆلەنچۈككە قويۇپ ، يەلپۈنۈپ تۇرغان قارا بۇدۇر چاچلىرى ئارىسىدىكى بېشىنى سەل ئېگىپ خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى . مەن ئويلىدىم : «بوپتۇ ، سىزنى كەچۈرەي ، بەلكى سىزمۇ رازىيەدەك بىر يىگىتكە كۆڭۈل بەرگەنسىز ، ئۇنىڭ ئەلىمى سىزنى قوپال ، تېرىككەك ۋە خىيالچان قىلىپ قويغاندۇ . ئەي ياشلىق ، ئەجەب گۈزەل سەن ـ دە ! خۇشاللىقىڭمۇ ، خاپىلىقىڭمۇ ئەجەب يارىشىملىق ! بىزنى نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقانمۇ ، ئاللىنېمىلەر توغرىسىدا خىيال قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقانمۇ مۇشۇ ياشلىقمۇ ! مەن ئۆز ھېسسىياتلىرىمنى قەدىرلىگىنىمدەك ، باشقىـلارنىڭ نازۇك ھېسسىيات ، يوشۇرۇن سىرلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىلىـشىم لازىم ئەمەسمۇ ؟ قىزدىن ھۆرمەت ۋە يېقىنچىلىق تەلەپ قىـلىشقا نېمە ھەققىم بار ؟ بەلكى ئۆز قاراشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقاندىمەن . ئۇنىڭغا قارىماي… » . مەن كۆزۈمنى چۆچەك ۋە غۇلجىدىن كەلگەن شوخ

www.uyghurkitap.com

يىگىتلەرگە يۆتكىدىم :

— راپىق ، تۇرسۇن ، كاملە ! جىرلاڭلار ، قېنى بىر جىرلاڭلارا ، بۇ ئۇزۇن سەپەرنى ناخشا ، جىر بىلەن تۈگەتمىسەك ، خىيال بىلەن بېشىمىز قېتىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ .

راستىنى ئېيتسام ، مەن بۇ گەپنى ئۆزۈمگە قارىتىپ ئېيتتىم . شوخ كاملە ناخشا باشلىدى . ناخشىغا ھەممىمىز دېگۈدەك قوشۇلدۇق ، شوپۇرمۇ جانلىنىپ ۋارقىراپ قويدى ، يالغۇز گۈزەلئايلا بېشىنى چاڭگاللاپ خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى…

# ئىككىنچى باب بىلىم كويىدا

## 1

بۇ تاغنىڭ ئىسمى لۇڭۋېيشەن، مەنىسى ئەجدىھا قۇيرۇقى ئىكەن. تاغ تاقىر بولۇپ، توپىسى سېرىق كېلىدىكەن، ئۇنىڭدا ياتاق، سۆكسۆك قاتارلىق چۆل دەرەخلىرى ئۆسىدىكەن. ماڭا مانا شۇ تاغنىڭ قاپتىلىدىن ياتاق تەگدى. تاغ قاپتىلىدىن تۆۋەنگە قارىسام، پۈتۈن لەنجۇ شەھىرى ۋە خۇاڭخې دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

كېچە. كېچە مەنزىرىسى گۈزەل، مېنىڭدە ئىلھام قوزغالدى. شۇ ئىلھامنىڭ غىدىقلىشى بىلەن يىراقتىكى دوستۇم ھاشىرغا خەت يازدىم:

«دوستۇم ھاشىر!

ساڭا سېغىنىشلىق سالام. قۇرماش بىلەن نامەتكە ئالاھىدە سالام. يېڭىدىن تونۇشقان دوستلىرىڭغا قىزغىن سالام.

قارا، ھاشىر، مەن بۈگۈن رازىيەدىن خەت ئېلىپ، تەقەززا بولۇپ كۈتكەن مۇبارەك كۈننى كۆرگەندەك خۇشال بولدۇم، خۇشاللىق ياشلىرى مەڭزىمنى يۇدى. بۇ ياشلار مۇساپىرلىقتىن پەيدا بولغان ياشلارمۇ ياكى قاتتىق سېغىنىشنىڭ ئالامىتىمۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم.

مانا، لەنجۇغا كەلگىنىمگە ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاي بولۇپ قاپتۇ . بۇ ۋاقىت ئىچىدىكى ئەھۋاللىرىمنى ساڭا بىرمۇبىر ئېيتىپ بەرمەكچىمەن . ئاڭلىغىن ، مەن ساڭا سۆزلەۋاتىمەن :

سىلەر كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇرۇمچىدە يەنە ئون نەچچە كۈن تۇردۇم ، كۆپ ۋاقتىم كۇتۇپخانىدا ئۆتتى . ساۋۇتوفنىڭ دىلغا تامغا بولۇپ بېسىلىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم . بۇنىڭدىن باشقا يۈرەكنى تىترىتىدىغان بىرلا ئىش بولدى . ئۇ ئىش — ئەلانۇرنىڭ خېتى . بۇ خەت ساڭا بەخت تىلەيدىغان ، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كالتە پەم ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېچىپ بېرىدىغان خەت . سەن ئۇ خەتنى كۆرۈشكە ئالدىرىغىنىڭ بىلەن ، مەن ئالدىرىمايمەن . قىسقىسى ، خەتنى ساڭا ئەۋەتىش ياكى ئەۋەتمەسلىك ئۈستىدە تېخى بىر قارارغا كېلەلمىدىم .

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن . ئەمدى مەن ئۆز ئەھۋالىمغا كېلەي : قارا ماشىنىدا يەتتە كۈن ، پويىزدا بىر سوتكا مېڭىپ ، ئاخىر لەنجۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق . يولدا كەلگۈچە خېلى ياخشى قىلىپ سەپەر خاتىرىسى يازدىم ، كۆچۈرۈپ ساڭا ئەۋەتىپ بېرىمەن . سەنمۇ سەپەر خاتىرەڭنى ماڭا ئەۋەتكىن…

هازىر لەنجۇدا كەچ كۈز ، ۋىژىلداپ ئاچچىق شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ . مەن شامالغا توغرا تۇرۇۋېلىپ شەھەرگە قارىدىم . شەھەر ھەرىكەتتە ، گويا پۈتۈن شەھەر مېنىڭ ئاستىمدا يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدۇ . رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن شەھەر كېچىسى سېنىڭدە يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمان پارچىسى يەرگە چۈشۈپ قالغانمىكىن دېگەن تۇيغۇ قالدۇرىدۇ . خۇاڭخې دەرياسى خۇددى يۇلتۇزلارنى ئارىلاپ سوزۇلغان سامانيولىدەك ئاقىرىپ تۇرىدۇ . مەن دېرىزەمدىن شەھەر كېچىسىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . شەھەر

توغرىسىدا ھازىرچە مۇشۇنچىلىكلا يېزىپ تۇراي .

مەن تۇرۇۋاتقان بۇ تاغ باغرىدىكى جاي ، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ يەرنىڭ ھەممىلا نېمىسى ماڭا ياقىدۇ . غەربىي شىمال ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن يىگىرمە نەچچە مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ بىر ئائىلىگە جەم بولۇپ ئىناق ھايات كەچۈرۈشىمۇ ، ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل كىيىنىشلىرى ، خىلمۇخىل تىللاردا ناخشا ئېيتىشلىرىمۇ ؛ مەكتەپنىڭ ساپ ھاۋالىق ، گۈزەل ۋە ئازادە بىنالار بىلەن تولغان قوينىمۇ ، تاغ قاپتىلىدىكى مېۋىلىك باغلىرى ، ھاۋالىق شىپاڭلىرى ، سۈنئىي تاغ ۋە كۆللىرى ، ھەشەمەتلىك كۇلۇب ، كىتابخانىلىرىمۇ ، قىسقىسى ، ھەممىلا نېمىسى ماڭا ياقىدۇ . مەن بۇ بىلىم سارىيىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بەخت ۋە دوستلۇق بىلەن تولغان ئىللىق قوينىنىڭ ئانىلىق تەپتىنى سېزىمەن . ئاشۇ ئانا مېھرىدىن نەپ ئېلىۋاتقىنىم ئۈچۈن ، ئىچ - ئىچىمدىن خۇشالمەن .

داغدۇغىلىق سۆزلەردىن كۆرە ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇم ، شېرىن ئارزۇ - خىياللىرىم توغرىسىدا يازاي . بۇنداق خەت ماڭىمۇ ، ساڭىمۇ ياقىدۇ .

سېرىق غازاڭغا پۈركەنگەن ئىلھامبەخش كەچ كۈزنىڭ بىر يەكشەنبىسى ، بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن جۇرنى رەقىپ مېنى ۋۇچۇەنشەنگە — دەم ئېلىش ئورنىغا ئېلىپ باردى . ئۇ ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ . سەن بىلىسەن ، مەن بۇ ئىشتا تازا يېتىلمىگەن . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىمەن . چۈنكى ، ئۇ ھازىر مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم ، ئۇ مېنىڭ غېمىمنى كۆپ يەيدۇ . ئۇنىڭ بىلەن باللىق چاغلاردا بىللە بولغىنىم توغرىسىدا مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەنغۇ ، ھې-

www.uyghurkitap.com

لىقى مېنىڭدىن مۇشت يەپ ، مېنى سولىتىپ قويغان رەقىبى شۇ . ئۇ هازىرمۇ باي ، غۇلجا شەھىرىدىكى دادىسىدىن مىراس قالغان جايىنى سېتىپ پۇللۇق بولۇۋاپتۇ ، پۇلنى قەغەزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ . ئۇ نام چىقىرىش ، ياسىنىش ، هۇزۇرلىنىشقا ئامراق ، بولۇپمۇ چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە تۇرالمايدۇ ، قىزلار توغرىسىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ… قىسقىسى ، ئۇنىڭ ئەيىبىمۇ بار ، لېكىن ئۇنىڭ ئەيىبلىرى دوست بولۇشىمىز ئۈچۈن دەخلىسىز . بىز كىچىكىمىزدىن قاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ چوڭ بولغانلار ، شۇڭا بەزى ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمىزمۇ بار . مەسىلەن ، ئىككىمىزلا پۇلنى دوست تۇتمايمىز ، ناخشا ، كۈلكە ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرىمىز ، ۋەھاكازالار… نېمىلا بولمىسۇن ، ماڭا دوست ـ سىرداش لازىمغۇ ، رەقىپىنىڭ زېرىكىشلىك سۆزلىرىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋەتسەملا ، ئۇ ماڭا زىيانلىق ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئارزۇلۇق بولۇپ ئۆسكەن . ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى پۇللۇق بولىدىغان . ئۇلارنىڭ شەھەردىمۇ ، يېزىدىمۇ قورۇ ـ جايلىرى ، قورۇ ـ قورۇ قويلىرى ، ئۈيىر ـ ئۈيىر يىلقىلىرى ، سوپۇن زاۋۇتى ، گەزمال ، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى بار ئىدى . شۇنچە جىق بايلىق ئەتىۋارلىق بالىنى تەمەخور ، هاكاۋۇر قىلىپ ئۆستۈرۈشى ئېنىققۇ . ئۇ گەرچە هازىر كومپارتىيە ئەزاسى بولسىمۇ ، بەدىنىدىكى ماڭا ۋە باشقىلارغا ياقمايدىغان نەرسىلەردىن بىزار بولغىنى يوق . ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە هامان ئىچىم پۇشۇپلا ئولتۇرىمەن : ‹ئون يىل تىرىش ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ، بۇرنىدىن چىق ، باشلىق بولالمىساڭ ، مەن كېپىل !› دەيدۇ ئۇ . مەن بىزار بولۇپ : ‹بۇنىڭ نېمىگە زۆرۈرىيىتى بار ؟› دەپ سورايـ

مەن . ئۇ قاپىقىنى سۈزۈپ : «دۇنياغا قانچە قېتىم تۇغۇلات-تىڭ ؟ ئادەمدەك ياشايمەن دېسەڭ ، باشقىلارنى ئۆز ئىشىڭغا سال ، باشقىلارنىڭ قولى ، پۇتى ئەمەس ، بېشى ، مېڭىسى بول . مېنىڭ هازىرقى ئورنۇم هاكىم دەرىجىلىك ، ئوتتۇز ياشقا بارغاندا ۋالىي دەرىجىلىك بولىمەن . يەنە ئون بەش يىلدا شىنجاڭغا يۆتكىلىمەن ـ دە ، ھېچبولمىغاندا بىر نازا-رەتنىڭ نازىرى بولالايمەن ! » دەيدۇ . بۇ گەپلىرى ماڭا تولىمۇ ئۇياتلىق تۇيۇلىدۇ . لېكىن ، نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى تاشلىۋەتمىدىم .

رەقىپ خەنزۇ تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ ، پەلسەپە ، سىيا-سىي ئىقتىسادتىن ساۋاتلىق ، ئەدەبىياتقىمۇ خېلى قىزىقىدۇ ، بولۇپمۇ قىزلار بىلەن سۆزلەشكەندە رومانلاردىن نەقىل ئېلىپ سۆزلەيدۇ ، ئۇلارنى رومانلاردىكى داڭلىق قىزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاپمۇ قويىدۇ . ئۇ بىر ئاخشىمى ياتىقىمغا كىردى ، مېنىڭ ئۆگىنىش پىلانىمنى كۆرۈپ ، كۈنىگە ئون سائەت ئۆگىنەمسىنا ؟ ساراڭ ، قىز تاپىمامسەن ؟ بىر ئادەم ياخشىراق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالسىلا بىلىملىك بولغىنى شۇ . مەنسىپىڭ بولسىلا باشقىلار سېنى بىلىملىك دەپ تونۇۋېرىدۇ . ئورۇن ئۆگىنىش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ ، ئەخمەق . «كاپىتال » ، «پەلسەپە خاتىرىلىرى »نى ئوقۇمايمۇ پەيلاسوپ ، ئىقتىسادشۇ-ناس بولغىلى بولىدۇ . قايسىبىر باشلىق كەچكىچە كىتاب ئوقۇيدۇ دەيسەن ؟ خەنزۇچە ئۆگىنىشمۇ شۇنداق . بۇنچە تەر تۆكمىسەڭمۇ يەنە ئۈچ يىلدا «رىنمىن رىباۋ »نى ئوقۇيالىغۇ-دەك بولىسەن !... دەپ مېنى ئەيىبلىدى ، لېكىن مېنىڭ پەلسەپە خاتىرىلىرىمنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدى ، «دوستلۇق يالدامىسى ئۈچۈن بۇ خاتىرەڭنى ماڭا بەرگىن ! » دېدى . «مەن ساڭا كۆچۈرۈپ بېرەي » دېدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېقىندا كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن قىلىنغان كۆرگەزمىدە مەن قولىيازمىلىرىمنى كۆرۈپ قالدىم . بۇ قول-يازمىغا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشكە : «تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇل-تېتىنىڭ مۇئاۋىن جۇرنى ، ئىلغار كومپارتىيە ئەزاسى يول-داش رەقىپنىڭ پەلسەپە خاتىرىسى » دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ . رەقىپ ئۇچۇن مېنىڭ يۈزۈم لازا سۈركىگەندەك ۋىلىلداپ ئېچىشتى : «بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، رەقىپ ؟ » دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن . رەقىپ : «ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى مۇشۇنداق ئۆگىنىمەن . سېنىڭ قەلىمىڭ بىلەن يېزىلغان گەپلەر مېنىڭ قېنىمغا سىڭگىلى نىكەم . بۇنىڭغا ئالىيىش كەتمەيدۇ . مېنىڭ مېڭەمدىكىنى سەن كۆچۈرۈپ يازدىڭغۇ ! » دېدى .

مەن قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم . بىزنىڭ دوستلۇقىمىز بۇنىڭ بىلەن بۇزۇلغىنى يوق . بىز ۋۇچۇەنشەن باغچىسىدا چۈشكىچە ئوينىدۇق ، سەيلى قىلدۇق . بۇ تاغ باغرىدىكى باغچە ماڭا ناھايىتى ياقتى ، رەقىپ مەست بولۇۋېلىپ ، قىزلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى . چۈشتىن كېيىن بىز يەنتەن ئارىلىغا بېرىش ئۈچۈن تۆمۈر ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا باردۇق ، تۈلۈملاردىن ياسالغان كىچىك قولۋاقتا چۈشۈپ سېرىق سۇلۇق دەريادا ئاقتۇق . ئەجەب كۆڭ-لۈم ئېچىلدى ، دەريادا كېتىۋېتىپ تازا ۋارقىراپ ناخشا ئېيت-تىشتۇق . لېكىن ، تۈلۈم قولۋاق بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كىلو-مېتىر ئېقىپ ، قويۇق دەرەخلىك يەنتەن ئارىلىغا چىققاندا خۇشاللىق خاپىلىققا ئالماشتى . ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن رە-قىپنىڭ چالا كۆرەڭلىكى ئەدەپ كەتتى . ئۇ مېنى قېرى كىلا-يۇن دەرىخى ئاستىدىكى قاتلىما ئۇستەلگە ئولىتىشۋېلىپ شاھ-مات ئويناۋاتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ، ئاندىن خەنزۇ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېدى . مەن ھېچ نەرسە

ئۇقالمىدىم. چەت ئەللىكلەر كۈلۈشۈپ مېنىڭ قولۇمنى قىستى ۋە شاھمات جوزىسىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. مەن رەقىپكە خاپا بولۇپ: «سەن مېنى ئۇيغۇرلارنىڭ شاھماتچىسى دەپ تونۇشتۇردۇڭمۇ نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھە، نېمە بوپتۇ، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شاھماتتا بوش كەلمەيدىغانلىقىنى بۇ خەققە بىر كۆرسىتىپ قويمامسەن» دېدى.

ئۇلاردىن بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ: «قېنى سىز ئاقنى تىزىڭ؟» دېدى رۇسچە سۆزلەپ. مەن رۇس تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ: «ياق، مەن قارىسىنى تىزاي» دېدىم.

مەن ئۇدا ئۈچ تاختا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم. بىر قېتىم پېشكا مات بولدۇم تېخى. چەت ئەللىكلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈۋىدى، كۈلكىلىرى بەدىنىمگە نەشتەردەك سانجىلدى، ئىچ ـ ئىچىمدىن خورلاندىم. رەقىپ ئۇلارنىڭ ئۇتتۇۋالغىنىغا چىدىمىدىمۇ، بىر چاغدا ئاغزىنى بۇزۇپ مېنى تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كەچ كىرگۈچە رەقىپكە قاپاق ئاچمىدىم. بىر چاغدا ئۇ مەست بولۇۋېلىپ مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. مېنىڭ ئاغىنەم مانا مۇشۇنچىلىك، سېنى خۇشال قىلىشىنىمۇ، ئۇياتقا قويۇشىنىمۇ بىلىدۇ.

شۇ چاغدا، ھاشىر، سېنىڭ بولمىغىنىڭغا قاتتىق ئېچىندىم. ئىككىمىز بىر بولغان بولساق، بەلكى بىرەر تاختا بولسىمۇ ئۇتۇپ چىققان بولار ئىدۇق. ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن مەن ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. ئەسلىدە يەكشەنبە كۈنى ھېچ ئىش قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن بولساممۇ، كۆڭۈل غەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا رومان ئوقۇشقا تۇتۇش قىلدىم. شېكسپىر دراملىرىنىڭ ئۆزبېكچە نەشرىنى چەت ئەل كىتابخانىسىدىن سېتىۋالغانىدىم، ئەنە شۇ توپلامدىن «خاملېت»نى ئوقۇشقا ئولتۇرۇۋىدىم، كۆڭۈل غەشلىكىم كۆتۈرۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى .

هاشىر ، خەنزۇچە ئۆگىنىش هازىر مېنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەم ، قاچانمۇ خەنزۇ تىلىدىكى رومانلارنى ئوقۇغۇدەك بولارمەن دېسەملا ، رەللى بولىمەن . مەن ئۆز تىلىمىز ۋە ئۆزبېك ، قازاق تىللىرىدىكى رومانلارنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇۋاتىمەن ، كىتاب ، ژۇرناللاردىن يازغان خاتىرىلىرىم بىرنەچچە دەپتەر بولدى . رەقىپ مېنىڭ بۇ خاتىرىلىرىمنى «ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسى » دەيدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە ، رومان دېگەننى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئوقۇش لازىمكەن . مەن ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ بۇ توغرىدىكى گەپلىرىنى ئوقۇپ بەرسەم ، ئۇ : «بۇ گەپلەر سىياسىي يېتەكچىلىك يۈزىسىدىنلا ئېيتىلغان ، ئىشەنمىسەڭ ، داھىيلارنىڭ هاياتىنى ئۆگىنىپ باق ، ئۇلارمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا رومان ئوقۇغان » دەيدۇ . مەن لېنىن توغرىسىدىكى هېكايىلەرنى بىرنەچچە كۈن بېرىلىپ ئوقۇدۇم . ياق ، لېنىن رومانلاردىن ئالغان بىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ بىر قىسمى ۋە مۇهىم ماتېرىيالى قىلغان . ماركسمۇ بالزاك رومانلىرىدىن جەمئىيەتنى بىلىشتە نۇرغۇن پايدىلانغانىكەن...

ئاداش ، مەن ساڭا كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىمنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، پىكىر ـ مەسلىھەتىڭنى بەر ! ئەتىگەنلىكى سائەت بەشتە ئورنۇمدىن تۇرىمەن ، يېرىم سائەت تەنھەرىكەت قىلىمەن ، سوغۇق سۇدا بەدىنىمنى سۈرتىمەن ، ئاندىن سائەت يەتتىگىچە خەنزۇچە يادلايمەن (هازىر ئاددىي جۈملىلەرنى يادلاۋاتىمەن ) ، سائەت يەتتىدە غىزالىنىمەن (قوشۇمچە دەپ قوياي ، تاماقىمىز ناهايىتى ياخشى ) . نەق سائەت يەتتە يېرىمدا مېنىڭ مۇئەللىمىم جاڭ شيۈيىڭ كۈلگەن پېتى كىرىپ كېلىدۇ ۋە ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك يۇمشاق

ئاۋاز بىلەن : «نى خاۋ؟» دەيدۇ . مەنمۇ شۇ تەلەپپۇزدا جاۋاب
قايتۇرىمەن . مەن ساڭا جاڭ شيۇيىڭ لاۋشى[1]توغرىسىدا قىسـ
قىچىلا يازماقچىمەن : يېشى يىگىرمە ئۈچتە ، چىرايلىق كىيىـ
نىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، دۈگىلەك يۈزلۈك ، مەڭزىدىن قان
تېمىپ تۇرىدۇ . خۇمار كۆز ، قاڭشارلىق ، بويى زىلۋا ئايال ،
بۇرۇلكىسىنىڭ قىرى بۇزۇلمايدۇ ، قۇرۇق سۆزنى ئاز قىلىـ
دۇ ، ماڭا ھەر كۈنى ئىككى سائەت دەرس بېرىدۇ ، قالغان
ئىككى سائەتنىڭ بىر سائىتىدە مېنىڭدىن سىناق ئالىدۇ ،
يادلىغان جۈملىلىرىمدە ھەتتا ئازراق ئاۋاز خاتالىقى بولۇشىغا
يول قويمايدۇ . ئومۇمەن ، ھەر كۈنى ئۈچ سائەت ئەتراپىدا
مەشغۇلات ئۆتكۈزىدۇ . مەن بەزى جۈملىلەرنى بېيجىڭ تەلەپـ
پۇزىدا توغرا ئوقۇسام ، جاڭ لاۋشى خۇددى بالىسىنىڭ تىلى
چىققىنىغا ئامراقلىقى كەلگەن ئانىدەك خۇشال بولۇپ كېتىـ
دۇ . مەن ئۇنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ھەرقاچان يۈزدەيۈز ئورۇنـ
لايمەن . ھازىرغىچە مەن ئۇنى بىر قېتىممۇ خاپا قىلمىدىم ،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ زادى خاپا قىلمايمەن . ھاشىر ، نېمىشقىـ
دۇر ئەتىگەنلىكى جاڭ لاۋشىنىڭ پاتراق كىرىشىنى تۆت كۆز
بىلەن كۈتىمەن . ئۇ كىرىشى بىلەنلا مەن جانلىنىپ ۋە روھلىـ
نىپ كېتىمەن . جاڭ لاۋشى گۈلنى ياخشى كۆرىدىكەن . مەن
ئىككى قاچا گۈل سېتىۋېلىپ دېرىزىگە قويۇپ قويدۇم . ئۇ
كىرگۈچە يەنە پول ۋە ئۈستەلنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىـ
مەن . ئۇ مېنىڭ ھەم ياتىقىم ، ھەم دەرسخانام بولغان بۇ
ئۆيدىن ناھايىتى رازى بولۇپ : «مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىـ
رىڭىزنى ياقتۇرىمەن !» دەپ قويىدۇ . بۇ سۆز ، ئەلۋەتتە ،

---

[1] لاۋشى — مۇئەللىم دېگەن مەنىدە . بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى تىل ئادىتى بويىچە ئېلىندى — ت .

uyghurkitap.com

ئىلىم ئېلىش كويىدىكى ھەدە بىلەن ئىنىمنىڭ سۆيۈشمەنچىلى-كىگىلا دەلىل بولالايدۇ !

مەن جاڭ لاۋشى توغرىسىدا شۇنچىلىك يېزىپ تۇراي .

ئەمدى ۋاقىت جەدۋىلىمگە كېلەي : شۇنداق قىلىپ ، جاڭ لاۋشى سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا چىقىپ كېتىدۇ . مەن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويۇپ تاماققىچە بولغان بىر سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە تىل ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ ، خاتىرە يازىمەن .

چۈشلۈك تاماقنى ياخشى يەيمەن ، تاماقتىن كېيىن ياتى-قىمغا ھېچكىمنىڭ كىرمەسلىكىنى تىلەيمەن . چۈنكى ، مەن ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۇخلىۋېلىشقا ئادەتلىنىۋاتىمەن . شۇن-داق قىلىپ ، سائەت ئىككى يېرىمدا چۈشتىن كېيىنكى مەش-غۇلاتىمنى باشلايمەن . سائەت ئىككى يېرىمدا دۇەن لاۋشى ماڭا دەرس بېرىشكە كىرىدۇ . دۇەن لاۋشى ئۇيغۇر ، ئەرەب ، پارس تىللىرىنى خېلىلا ياخشى بىلىدۇ ، يېشى قىرىقتىن ئاشقان ، بىلىمى چوڭقۇر ، بولۇپمۇ تارىخ _ ئەدەبىيات ساھەسىدە نۇر-غۇن بىلىم ئىگىلىگەن . بۇ ئادەم چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئەتراپلىق بىلىدىكەن . ئۇ مې-نىڭ خاتىرىلىرىمنى ئوقۇپ چىقتى ۋە نۇرغۇن يەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى . دۇەن لاۋشى — تىل ئەدەبىيات فاكۇل-تېتىنىڭ لېكتورى ، تەلەپچان ۋە تىرىشچان ئادەم ، ھازىر ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ .

دۇەن لاۋشى ماڭا ئەدەبىياتشۇناسلىقتىن دەرس بېرىدۇ . مەن ئۇنىڭ دەرسىنى ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايمەن . لېكىن ، ئاداش ، بىزدە خەنزۇ تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ بىلىم ساھەسىدە ئىزدىنىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدىكەن جۇمۇ ! مەن ئۆز _ ئۆزۈمگە بەش _ ئالتە ئايغىچە بولغان ۋاقىت

ئىچىدە ئاددىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازالايدىغان بولۇشقا ۋەدە بەردىم . جاڭ لاۋشى ھەر كۈنى يىگىرمىدىن ئوتتۇزغىچە يېڭى خەت بىلىشىمنى تاپىلىدى ، ئەمەلىيەتتە مەن ھەر كۈنى قىرىقتىن ئەللىككىچە يېڭى خەت ئۆگىنىۋاتىمەن . ئاداش ، ئالدىراۋاتىمەن ، ئالدىمدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىتابلار ، ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرغان ئىلىم - پەن مېنى تىل ئۆگىنىشكە ، تېزرەك ۋە ياخشىراق ئۆگىنىشكە ئالدىراتماقتا . مەن ھازىر كۈندىلىك خاتىرەمدىكى : «بۈگۈن سەن بىر كۈننى قانداقراق ئۆتكۈزدۈڭ !» ، دېگەن سوئالغا رازىمەنلىك بىلەن ، تىل بىلىمىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يەنە ئەللىك يېڭى خەت ۋە ئاز - تولا نەزەرىيىۋى بىلىم ئىگىلىدىم دەپ يازىدىغان بولۇپ قالدىم .

ھاشىر ، نۆۋىتىدە شۇنى دەپ قوياي . مەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ ، ئۆزۈمنى بىلىم ئەھلى ھېسابلاپ يۈرگەنىدىم . بۇ مېنىڭ ياشلىق غۇرۇرۇمدىن پەيدا بولغان يۈزەكى ھېسسىياتىم ئىكەن . مەن ئەمدى ئۆزۈمنى خېلى تولۇق مۆلچەرلىدىم : مەن بىلىم كويىدا ئەمدىلا ئىزدىنىشكە باشلاپتىمەن . مېنىڭ بىلىم ئەھلى قاتارىغا ئۆتۈپ ، جەمئىيەتكە خىزمەت كۆرسىتىشىم كەلگۈسىدىكى ئىش ئىكەن . مەن ئاشۇ يىراق كەلگۈسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، بارلىق كۈچۈم ۋە ئىدراكىمنى سەرپ قىلالىسام ، ئۆزۈمنى بىرقەدەر ئىرادىلىك ھېسابلىغان بولاتتىم !

دۈەن لاۋشىنىڭ پەزىلىتىگە ئەتراپلىق باھا بېرىشكە سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ . ئومۇمەن ، بىلىم ۋە ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىپ بېرىشكە بارلىق كۈچى بىلەن ئىنتىلىدىغان ، ئىلىم - پەن چوققىسىغا يەككە - يېگانە ئەمەس ، قىقاس - چۇقان بىلەن توپ - توپ بولۇپ ئۆرلەشنى ھاياتىدىكى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەملەرنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەن ئەمدى كۆردۈم . مانا شۇلارنىڭ بىرى دۆەن لاۋشى . ئۇ تونۇگۇن مېنىڭدىن سىناق ئالدى ، مەن ئۇنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم . ئۇ : «سىزنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىڭىز مېنىڭدىن ئۈستۈن ئىكەن . سىز يادلاشنى قانداق مەشىق قىلغان ؟ » دەپ سورىدى . مەن : «بىر يىل قۇرئان يادلىغانمەن ! » دەپ جاۋاب بەردىم . ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە : «شېئىرلارنى كۆپ يادلىغانمۇسىز ؟ » دېدى . «كونا ، يېڭى شېئىرلاردىن تاپالىغانلىرىمنى يادلىغان » . «مەسىلەن ، «لېنىن» داستانىنى نەچچە قېتىم ئوقۇپ يادلىيالىغانسىز ؟ » ، «ئون قېتىمچە » .

«ناھايىتى ياخشى ، — دېدى دۆەن لاۋشى ، — سىزنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىڭىز ۋە سەۋر ، چىدام بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىشىڭىز ، بىر پەن خادىمىغا لايىق خىسلەت ، يەنە سىز ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقىمۇ ئىنتىلىسىز . مەسىلەن ، فىزىكا ، خىمىيە ، ترىگونومېترىيە فورمۇلىلىرىنى پات - پات يادلاپ قويىدىكەنسىز . بۇ نەرسىلەرمۇ بىر ئىجتىمائىي پەن ئالىمى ئۈچۈن زۆرۈر . لېكىن ، ھەرگىز مەقسەتسىزلا ، ئۆزىڭىزنى ئۈستۈن كۆرسىتىش ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرگەن بولماڭ . بىر ئالىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەزىلەت ، بىرىنچىدىن ، ۋەتەن ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ، ئەنە شۇ مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ كۈچ مەنبەسى قىلىش . ئىككىنچىدىن ، قىلچىمۇ ساختىلىق ۋە قۇۋلۇق قىلماسلىق ، ئەمەلىيەتچى بولۇش . سىز مانا بۇ جەھەتلەردە ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇڭ ! »

مەن ئۇنىڭ كۆزەينەك ئىچىدىكى تەلەپچان كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى ئالالماي قالدىم . ئۇ پۈتۈنلەي ماڭا پەزىلەت توغرىسىدا دەرس بېرەتتى .

دۇەن لاۋشىنىڭ مەشغۇلاتى سائەت تۆت يېرىمدا ئاخىرلى-
شىدۇ . مەن سائەت ئالتىگىچە پەلسەپە ئۆگىنىشكە ئولتۇرى-
مەن . كەچكى تاماقتىن كېيىن بولسا ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى-
نىڭ كۇلۇبىغا كىرىپ ، ئىككى سائەت چامىسىدا بىليارت
ياكى شاھمات ئوينايمەن . كەچ سائەت سەككىزدىن ئونغىچە
بولسا ، تارىخ ۋە نەزەرىيە بىلىملىرىگە دائىر كىتابلارنى ياكى
رومان ئوقۇيمەن .

مېنىڭ كۈنلىرىم مانا شۇنداق ئۆتىدۇ . بۇ يەردە شىنجاڭ-
دىن كەلگەن كادىر ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بەش يۈزدىن
ئاشىدۇ . مەن پەقەت شەنبە كۈنلا تانسىغا ياكى كىنوغا بارى-
مەن ، ياتىقىمغا مېھمانلار كەمدىن - كەم كېلىدۇ . رەقىپ
مېنى ئىچىشكە ۋە ئويۇنغا كۆپرەك تارتىدۇ . مەن قاتتىق
تىرەجەپ تۇرۇۋېلىۋاتىمەن ، ئۇ ھەتتا مېنىڭ ياتىقىمغا شوخ
ۋە چىرايلىق قىزلارنىمۇ باشلاپ كەلدى . مەن ئۇلارغا بېرىلى-
مىگەن بولسام كېرەك ، ئۇلارمۇ ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى .
ئاڭلىسام ياش ئوقۇتقۇچىلار بىلەن غەربىي شىمال سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى بىرلىشىپ ماڭا : «غىلاپ ئىچىدىكى
بەندە» دېگەن لەقەمنى قويۇۋاپتۇ . مەن ئۇنىڭغا خاپا بولمى-
دىم ، نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇ قىزلارنىڭ نىيىتى ياخشى . مېنى
ئۆزلىرىگە ئارىلاشسىكەن دەيدۇ ، لېكىن ئاداش ، پارتىيە ،
ھۆكۈمەت مېنى ئالىي مەكتەپنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ
يېتىشسۇن دەۋاتسا ، مەن كىتاب ۋە كۈندىلىك مەشغۇلاتىمنى
قايرىپ قويۇپ ، قانداقمۇ ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلىشالايمەن ؟
مەن ئۇلارنىڭ قويغان لەقىمىدىن ھەتتا رازى بولۇپ قالدىم .
بىرنەچچە يىل شۇ «غىلاپ»تىن چىقماسلىققا قارار قىلدىم .

مەن ساڭا كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلى-
قىنى يازدىم . رەقىپ مېنى : «بۇ خىل جىددىيلىكنى ئۆز-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گەرتكىن، بولمىسا، يىگىرمە بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا قېرى مىجەز بولۇپ قالىسەن»، دەيدۇ. مەن تېخى مۇشۇنداق ئون نەچچە سائەتلىك ئۆگىنىش مەشغۇلاتى بىلەن ئۆتكەن ۋاقتىمنى زايە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، ئويلىسامىلا ئالغا باسمايۋاتقاندەك، بىلىملىرىم زادىلا كۆپەيمەيۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەن بۇ يەردىكى ئىلىم - پەنگە بېرىلگەن پروفېسسورلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە رەھبەرلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلارنىڭ دائىملا ئالدىراپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بارا - بارا بىلىشكە باشلىدىم: تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار راستتىنلا ئىنتايىن جىقكەن، بىر ئالىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلغاندىمۇ، نەچچە مىڭلىغان ئالىم بۇ ئىشلارنىڭ ئارانلا بىر قىسمىنى ھەل قىلالايدىكەن…

شۇنداق قىلىپ، ھاشىر، مەن بىر تەتقىقاتچى بولۇشنى شەرەپلىك ئىشكەن دەپ ھېس قىلىپ قالدىم. مېنىڭ ۋەزىپەم — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش، بۇ ناھايىتى ئېنىق. مەن يۈزلىگەن (بەلكى مىڭلىغان) تەتقىقاتچىلارنىڭ بىزدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلىسامىلا، خۇشاللىق ھېس قىلىمەن ۋە ئۆزۈمنى يارامىلىق ئادەملەر قاتارىغا دادىل قويالايمەن. بۇ يەردىمۇ جاپالىق كۈرەشلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈمگە ئۈمىد بىلەن قارايمەن. بىزنىڭ ئۆزئارا، ياشاشتىن مەقسىتىمىز — ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈش ۋە شان - شەرەپ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئىنتىلىش، دېيىشكەنلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. جاپا - مۇشەققىتى بولمىغان شان - شەرەپ يالغان ۋە قەدىرسىز بولىدۇ. ھالال تەرىڭ بەدىلىگە كەلگەن شان - شەرەپ، ھاياتىڭدەك قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولىدۇ. بۇ

گەپلەرنى كۆپ دېيىشتۇق، لېكىن بۇنداق جاپانىڭمۇ،
شان - شەرەپنىڭمۇ تەمىنى تېخى تېتىمىدۇق. ئاداش، مې-
نىڭچە، ھاياتىمىزنى قەدىرلەيدىغان پەيت كەلدى، چۈنكى
بىز ھەر ئىككىمىزنىڭلا تەمىنى تېتىش ئۈچۈن قەدەم
تاشلاۋاتىمىز.

ھاشىر، خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، مەن سېنىڭ
بىلەن تېخى نازۇك ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىمەن، ئىشىك
قېقىلىۋاتىدۇ، ھازىر سائەت ئون ئىككى يېرىم بولۇپ قاپتۇ.
مەن قالغىنىنى ئەتە يازىمەن، ھازىرچە مېھمانني كۈتۈ-
ۋالاي… »

مېنىڭ ئويلىغىنىم بولدى. ياتىقىمغا رەقىپ كىرىپ كەلدى.
ئۇنىڭ پەۋاز قاپاقلىرى قىزارغان، بوينىدىكى گالستۇكى قىڭغىر
چىققان، ئەمما روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ بىر چىرايلىق قىزنى
باشلاپ كەپتۇ. ئۇ ئەتىر ۋە ئوپا - ئەڭلىك پۇرىقى بىلەن ئۆزىنى
كۆرسىتىپ تۇرغان چىرايلىق قىزنى ماڭا تونۇشتۇردى:

— قولۇڭنى بەرگىن، ئەلا، قىزلارنىڭ قولىنى تۇنجى تۇتۇ-
شۇڭ شۇ بولۇپ قالسۇن. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادىلە، سەنئەت
فاكۇلتېتىغا تېخى يېڭىلا كەلدى!

قىز نازۇك قوللىرىنىڭ ئۇچىنى قوللىرىمغا تەگكۈزدى ۋە
قىزىل بىلەن بويالغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىرەپ قوي-
دى. قىزنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئۆلۈكنىڭ قولىدەك سوغۇق ئىدى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭ! — دېدىم مەن قىزغا كارىۋىتىمدىن
جاي كۆرسىتىپ.

— قانداق، ئادىلە، مەن دېگەندەك چىرايلىقمىكەن بىزنىڭ
ئەلا! — دېدى رەقىپ لاۋزىلىشىپ، — ئېيتىڭە، ئەلادەك بەرنا
يىگىتكە قانداق قىز ياق دېيەلىسۇن، سىز ئۇنىڭ كاستۇم كىيىمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىنىگە ھەيران بولماڭ، ئاشۇ كۆك چاپىنى بىلەنمۇ مەن ـ مەن دېگەن قىزلارنى جەلپ قىلالايدۇ!

مەن رەقىبىمنىڭ مەستلىكىنى بىلدىم. مۇنۇ گۈزەل قىز قانداقمۇ ئۇنىڭ بۇ لاۋزىلىقلىرىغا چىدىغاندۇ دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنى خاپا قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىزغا قاراپ قويۇپ شېئىر ئوقۇدۇم:

جامالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،
قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە...

رەقىپ چۈشەنمەيلا قاقاقلاپ كۈلدى ۋە مېنىڭ مۈرەمنى قۇچاقلاپ:

— ئادىلە ئۇقسۇن، ئۆرۈپ بەرگىنە، ئاداش! — دېدى.

— چىمەندە جامالىڭ تەرىپىنى قىلىشۇدىم، بەزمىدە گۈل ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى، دېگەن سۆز. ئون بەشىنچى ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرىمىز ئاتايىنىڭ شېئىرى، — دېدىم مەن ئىزاھات بېرىپ.

ئادىلە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نېپىز ياغلىقى بىلەن قىزارغان يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا قىزىقىش بىلەن قارىدى. رەقىپ بۇ قىزىقىشنى دەرھال چۈشەندى بولغاي، دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، قوپال چاقچاق قىلدى:

— قارا، كىرە ـ كىرمەيلا ئادىلەگە ھۇجۇم قىلغىنىڭنى، كۆزۈڭ ئېچىلىشۋاتىدۇ جۇمۇ، ئاۋاق، ئەمدى يارايسەن، يارايسەن! راسا تۈۋلىگەن قارچىغا بوپسەن!

قىز خىجىل بولۇپ غىجىملاپ تۇتۇۋالغان ياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى. مەن قىزلار توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، لېكىن ئادىلەنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىر خىل خىجالەت، قورۇنۇش

بەلگىسىنى كۆردۈم . «رەقىپىنىڭ نېمىسىكىن ، ئەجەب بۇ قىزنىڭ
يېنىدا قاتتىق ـ يىرىك سۆزلىگىلى تۇردىغۇ !» مەن قىزغا سىنچە-
لاپ قارىدىم . رەقىپ كۆنچىلىكىنى يوشۇرالماي قالدى :
— ئادىلە مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ ، تۇغقانلار ئىچىدە مۇنداقمۇ
قىزلار بار جۇمۇ ، بىراق بالېتچى ، شۇمۇ ئىشمۇ ، سەن
ئادىلە ،— دېدى ئۇ بىردىنلا قىزنى «سەنلەپ» ، — هە ، نېمە
ئالىيسەن ، ئەلا ، قىزلارنى «سەنلەش» مەدەنىيەتسىزلىك دەمسى-
نا ، كۆتۈر ئۇ ياسالما مەدەنىيلىكىڭنى ! مەن هەرقانداق قىزنى
«سەن» دەيمەن . قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ پەرقى نېمىدە ، بىلەمسەن ؟
گۈزەللىكتە . قىزلارغا خۇدايىم ئادەملەر تويماستىن قاراشسۇن دەپ
گۈزەللىك بەخش قىلغان ، قارىغىنا ، ئادىلەگە يەۋېتىدىغاندەك قارا-
ۋاتىسەن !
— قويسىڭىزا ، رەقىپكا ! — ئادىلە خاپا بولدى .
— غودۇڭشىما ، سەن ئۇ «بالېت»نى قوي ، سىڭلىم ، هېچ-
بولمىسا رويالچى بول ، بولمىسا ، سىياسىي قانۇن ياكى تىل ـ
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالمىشۋال ، مەن سېنى ئالماشتۇرۇۋالد-
مەن . نېمە ، «بالېت» دېگەن بىر ئادەمگە ئۆمۈرلۈك ئاش ـ نان
بولالايتتىمۇ ؟
— مەن ئۆزۈم «بالېت»نى ياخشى كۆرىمەن ، رەقىپكا !
— سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياشايتتىڭمۇ ، بۇ دۇنيادا ؟ ئۇرۇق ـ
ئەۋلادىڭ ، يېقىنلىرىڭ سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭ بىلەن مەغرۇر-
لىنالىسا هېساب . سىڭلىم ئادىلە چېكەتكىدەك سەكرەپ «بالېت»
ئوينايدۇ دېسەم ، يۈزۈم هۆپۈلدەيدۇ مېنىڭ !
قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى ، ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاڭ-
لاندى . مەن ئۇلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ :
— بۇ گېپىڭ توغرا بولمىدى ، ئادىلە بالېتقا هەۋەس باغلىغا-
نىكەن ، ئەلۋەتتە بۇ قىزنى بالېتنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇشۇڭ كېرەك . بىزدىن ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ داڭلىق ئادەملە-
رى چىقىشى لازىم . بۇ دەۋردە چىقمىسا ، قايسى دەۋردە چىقىدۇ .
بالبىت بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ، سىېنىڭ ئارتىسلار توغرىسىدىكى كۆز-
قارىشىڭ بولسا كونىلىق ، تازا كونىلىق !

رەقىپ مۇرەمگە ئۇرۇپ قويدى :

— قالتىس ئۇمىدۋار ـ دە ، سەن ئەلا ، ھەر خىل ساھەدە داڭلىق ئادەملىرىمىز چىقىپ بىزنىڭ مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇت-سۇن دەيسەن ـ دە ، مېنىڭ مىللەتپەرۋەر دوستۇم !

قىز جانلىنىپ كەتتى ۋە ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۆز-لەشكە باشلىدى :

— ئاڭلىسام ، بۇياق… بۇياق دېگىنىم نېمىسى… ئەلاكام ئالىم بولۇشقا تىرىشىۋېتىپتۇ . مەخسۇس ئىككى مۇئەللىم ئەلاكام-نى تەربىيىلەۋېتىپتۇ . بىزمۇ بىر كەم ئورۇننى تولدۇرايلى ، بالبىت باشقا مىللەتلەرنىڭ بولغىنى بىلەن ، ئۆزلەشتۈرۈۋالساق بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋېرىدۇ . سىز رەقىپكا ، راستىنىلا كونا كۆزقاراشتا ئىكەنسىز ، ئارتىس دېسىلا ئەخلاقى يامان دەپ قارايدىكەنسىز !…

قىز تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى . ئۇ پات ـ پات يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ قوياتتى . مەن رەقىپنىڭ قىزنىڭ نازۇك بەللىرى ، ئاق ، سۇزۇك بويۇنلىرى ، ھەتتا كۆلگەندە پەيدا بولىدىغان زىنىخلىد-رىغىچە سەپسېلىپ ، شەھۋانە كۆزلىرىنى ئۈزمەستىن قاراپ تۇرغى-نىنى سېزىپ قالدىم ـ دە : «پاك قىز كۆرۈندۇ ، مۇنۇ رەقىپ ئۇ قىزنى قانداق قىلىپ ئەگەشتۈرۈۋالغاندۇ ـ ھە ؟» دەپ ئويلىدىم .

— سەن ، ئەلا ، ئادىلەنى تونۇشتۇرۇپ كېرەك مېھمان قىل ، ئادىلە سېنىڭ ياتىقىڭغا مېھمان باشلاپ كېلىدۇ . بىلىپ قوي ، سەن ئامەتلىك ئادەم جۇمۇ ؟ باشقىلار سېنى «غىلاپ بەندىسى» دەپ تۇرسىمۇ ، پۈتۈن ئىنستىتۇتنىڭ كۆزى چۈشكەن قىزلىرى سېنى

ئىزدەپ ، غىلاپ ئىچىگىمۇ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . بىلىپ قوي ، ئەلا ، يىگىت دېگەنگە ئامەت بىر ياكى ئىككى كەتسە ئۈچلا قېتىم كېلىدۇ . سەن ئەخمەق بولۇپ يەنە ئۆيۈڭگە كىرگەن قارلىغاچنى سۈپۈرگە ئېلىپ قوغلاپ يۈرمىگىن ! مەن ساڭا دەپ قوياي ، ئادىلە ئۆزىنىڭ دوستىنى باشلاپ كېلىدۇ . ئۇ قىزنى كۆرسەڭ ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قالىدۇ .

— راست ،— دېدى قىز ماڭا قاراپ قويۇپ ،— سىز ئۇ قىزنى بىلىسىز . ھازىر ئۇ سىز توغرۇلۇق ياخشى پىكىردە !

— ئاڭلىدىڭمۇ ، ئاۋاق ، ئامەت قۇشى مۇنۇ خاپان بېشىڭنى ئەگىمەكتە !

— ئۇ سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ ، — دېدى ئادىلە رەقىپىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — رەقىپكام سىزنى ھەممىلا جايدا ماختاپ يۈرۈپ ، بىزدە قىزىقىش پەيدا قىلىپ قويدى . بۈگۈن سىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا كىردىم . بىزدەك ئەرزىمەس يۈرتلۇقلىرد- ڭىزغا ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ قويۇڭ . كېلەر شەنبىدە دوس- تۇم گۈزەلئاينى باشلاپ مېھمانغا كېلىمەن ، قارشى ئالالامسىز ؟

— قولۇم كۆكسۈمدە ، — دېدىم مەن كۈلۈپ ، — ئەمما ، مېنىڭ مۇساپىرخانامدا ياخشى كۈتۈلمەي قالارسىلەرمىكىن ؟

— پارىڭىڭىزنى ئايىمىسىڭىز بولدى ، — دېدى ئادىلە ، — بىز پاراڭخۇمارى . بىزنى كۈتىمەن دەپ جوۋىماڭ !

قىز ئورنىدىن تۇردى ، دېمەك مەن رازى بولدۇم دېگەن سۆز .

«مەن گۈزەلئاينى يامان كۆرمەنغۇ ، يەنە نېمىشقا رازى بول- دۇم ! » دەپ ئويلاپ قالدىم . مېھمانلار كەلسە تۆت ـ بەش سائەت ھەتتا يەتتە ـ سەككىز سائەت ۋاقتىم قۇرۇق گەپ بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ قىزلار بىلەن نېمىنىمۇ سۆزلەش- كىلى بولسۇن . ئۇلار بىلەن ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، مەن خىيالىمنى چىرمىۋالغان كىتابلار ، ئۇقۇملار ، چۈشەنچىلەرنى

بىر يولىلا تاشلىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىگە ئۇيغۇن نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشۈم لازىم ! ياق ، مەن بۇنى قىلالمايمەن ! لېكىن ، مېهمانغا كېلىمىز دېگۈچىلەرنى چەتكە قېقىشنىڭ ئۆزى تازا قوپاللىق ! مەن ياق دېيىشكە ئىلاجسىز تۇرغاندا ، مېنىڭ ئورنۇمغا رەقىپ جاۋاب بەردى :

— بولدى ، بولدى ، ئادىلە ، سەن گۈزەلئايىنى باشلاپ كېلىۋەر ، كەچكى تاماق مۇشۇ يەردە يېيىلىدۇ ، شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى بىز بەلگىلەيمىز . نېمىشقا دېسەڭ ، بۇ ساھىبخانىنىڭ ئىشى ! ئەمىسە كېلىشتۇق ! يۈر ، مەن سېنى ئۇزىتىپ قويىمەن !

ئادىلە ماڭا قارىدى :

— مېنى رەقىپكام بىلەن بىللە ئاپىرىپ قويالامسىز ؟

مەن ئىلاجسىز ئۇلار بىلەن ماڭدىم .

بىز خېلىدىن كېيىن ياتاققا قايتىپ كىردۇق . رەقىپ خاپا ئىدى .

— سېنىڭ ئۈچۈن مەن خىجىل ! — دېدى ئۇ جەينىكى بىلەن ئۈستەلگە تايىنىپ ، — هاياتقا يېڭىلا كۆز ئاچقان ئون سەككىز ياشلىق قىزغىمۇ تۈزۈك ئىلتىپات قىلمىدىڭ . ئۇلار شەنبە كۈنى كەلسە ، زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خۇشخۇي تۇت . قىزلار كۆيۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىمە ، ئۆزۈڭ كۆيۈپ قالمىساڭلا بولدى ، سەن دونكىخوتنىڭ بىرىگە ئاشىق بولغىنىنى كۆرگۈم كېلىدۇ . سەن گۈزەلئاي دېگەن قىزغا جەزمەن بېرىلىسەن . مېنىڭ مەقسىتىم ، ئۇ قىزنى ساڭا باغلاپ قويۇش . نېمىشقا دېسەڭ ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلەر جىق ، ياش ئوقۇتقۇچىلار ، مەن ، مەن دەپ يۈرگەن يۇقىرى سىنىپ ئوغۇللىرى — ھەممىسىلا ئۇنىڭغا ئىچ - پەش تارتىپ يۈرىدۇ . قىز مېنىڭ بىر ئەشەددىي دۈشمىنىم بىلەن سەل يېقىندەك قىلىدۇ . قىزنى ئۇنىڭدىن يۇلۇۋې-

لىش كېرەك ، ئۇقتۇڭمۇ ! ئۇ دۇشمىنىم چۆچەكلىك . بىز بىر گۈزەل قىزنى چۆچەكلىككە تاشلاپ بېرەلمەيمىز ! ئېمىشقا دېسەڭ ، بىز غۇلجىلىق ! ئۇنى تارتىۋېلىشقا يالغۇز سەنلا يارايسەن ! مەن سېنى قىزلار ئىچىدە ماختاپ يۈرۈپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىپتىمەن ، مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭمۇ قولۇم يەتمەس بولۇپ قالدىڭ .

— مۇنداق دېگىنە ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، — ئۇنداق غەرىزىڭ بولسا ، بۇ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىن باش تارتىمەن .

— ساراڭ ، بىغەرەز ،— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كۆزلىرىنى قىزارتىپ ،— باش تارتساڭ ، دىدارىڭغا قارىمايمەن ، ئۆمۈر بويى رازى ئەمەسمەن !

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى . مېنىڭچە ، ئۇنىڭ قىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ قىتىغۇرلۇقى يىرگىنچلىك ئىدى . بۇ هال ئۇنىڭ روهىي دۇنياسىدا ناچار ئىللەت بارلىقىنى بىلدۈرەتتى . لېكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى رەنجىتىش يارىماسلىقىقۇ ، رازى بولامدۇ-يا ؟ يامان يېرى ، مەن گۈزەللىكنى بىلەن يېقىنلىشىشنى ھەرگىز خالىمايمەن . ئۇ باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن ، ماڭا سەت ۋە يېقىمسىز كۆرۈندۇ . ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇرغان چىرايى يادىمغا كەلسىلا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىدۇ . لېكىن ، رەقىپىنى رايىدىن قانداق قايتۇرغىلى بولىدۇ ؟ ئادىلەنىڭ سىلىق ، سەمىمىي مۇئامىلىسىگە قانداقلارچە قوپال جاۋاب قايتۇرغىلى بولىدۇ ؟ مەغرۇر قىزغا ئەمدى ئۇچۇق چىراي ئاچسام ، يىگىتلىك غۇرۇرۇم نەدە قالىدۇ ؟

مەن خېلى ئويلاندىم . ئاخىر باشقىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاز - تولا قۇربان بېرىشكە ، يەنى نەپرىتىمنى مەجبۇرىي ئىچىمگە يۇتۇپ ، ماڭا زېرىكىشلىك بولغان بۇ مېھمانلارغا قاپاق ئېچىشقا ، ئۇلارنى زېرىكتۇرمەسلىك ئۈچۈن بىرنەچچە سائەتلەپ

ئەسنىمەي ، خۇشخۇي ساھىبخانىلىق رولىنى ئارتقۇرۇشقا رازى بولدۇم .

خالىمىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا رازى بولغان شۇ مىنۇتتا ھاشىرنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ : «ھەقىقىي ئىنسان ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ، تەمەخور ئادەملەرلا قاپاق تۈرىدىغان يەردە قەستەن ھىجىيىدۇ !» دەۋاتقانلىقى كۆڭلۈمدىن كەچتى . مەن ئىختىيارسىز تارتمىنى ئاچتىم - دە ، ھاشىر بىلەن رازىيەنىڭ سۈرىتى بار ئالبومنى ئالدىم . ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، رازىيە كۈلۈمسىرەپ ، مېنى ئەيىبلىشۋاتقاندەك كۆزۈمگە قارىشىپ تۇراتتى . رازىيە : «بىزنى كۆرمەيدۇ دەپسىزە ، يىراق شەھەرگە بېرىۋېلىپ ئىچ - سىر ئېلىشىمىغان قىزلارنى خۇشال قىلغىلى تۇردىڭىزمۇ ؟» دېسە ، ھاشىر : «ھەيدە ، ماۋۇ بۇرژۇيلارنى ! مۇنۇ رەقىپ دېگىنىڭ بىر مىكروب ، مۇنۇ قىزلىرىڭ بىر مىتە ، ئىستىقبالىڭنى شاكالغا ئايلاندۇرىدىغان بۇ زىيانداشلارغا ھىجىيىش ساڭا نومۇس ئەمەسمۇ ، ھەي ئاۋاق !» دەۋاتقاندەك كۆرۈندى .

مەن ئۇلارنىڭ سۈرىتىگە قاراپ تۇرۇپ تۇرمۇشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بۇ بىر جۈپ ياش توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدىم : مەن ياشلار ئىتتىپاقى مەكتەپ كومىتېتىنىڭ كەچكى يىغىنىدىن چىقىپ ، ئوقۇغۇچىلار ئۈيۈشمىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم . بۇ كىچىك بۆلۈمدىن رويال ئاۋازى كېلەتتى . بۇ ئاۋاز يېقىملىق ئىدى . پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ بۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ رويال تىڭشىدىم . رويال چېلىۋاتقان رازىيە ئىدى . ئۇ مېنىڭ تاپىسىدا تۇرغىنىمنى تۇيمىدى ، ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ ، بىردەم رويال ئۈستىدە تىنىۋالدى - دە ، ئاندىن روياللى يېپىپ قويۇپ ، دېرىزىنى ئاغزى بىلەن ھوردىدى ، قىرو ئېرىمىدى . قىز قىرونى تىرنىقى بىلەن قىردى - دە ، قارشى دېرىزىدىكى ئوغۇللار ياتىقىغا قارىدى . خېلى

ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن ، دېرىزىگە تىرنىقى بىلەن «ھاشىر» دې-
گەن خەتنى يازدى . قىزنى نازۇك سىرىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر
قىلغان كۈچ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا خۇددى توك تۇتۇۋالغىنىمدەك تېز
تەسىر قىلدى . قىز كۆرۈپ قالسا ئوڭايسىزلانمىسۇن دەپ ئاستا
كەينىمگە داجىدىم...

مەكتەپ قورۇسى ئايدىڭدا ئاپئاق لىباس ئىچىدە ئۇخلايتتى .
دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىكى كۈمۈش رەڭ يۇمشاق قىرولار خۇددى :
«بىز خۇشال ، چۈنكى جىمىغۇر قىزنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىدۇق»
دېيىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ھەممىلا ياق قىرو بىلەن چۈمكەلگەن
ئاق كېچە ، مەڭگۈ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . چۈن-
كى ، بۇ كېچە — مېنىڭ دوستۇمغا بەخت ئىشىكىنى قىيا ئاچقان
كېچە . دوستۇمنىڭ تۇنجى قېتىم سۆيۈملۈك قىزنىڭ يۈرىكىدىن
ئورۇن ئېلىشى قانچىلىك خۇشاللىق ، پەخىرلىك ئىش - ھە ! مەن
ئايدىڭ كېچىگە ، كۆرۈمسىز دەرەخلەرگە زىننەت بولۇپ ، تەبىئەتكە
گۈزەللىك ئاتا قىلغان كۈمۈش ئۇۋۇندىسىدەك يالتىراق قىرولارغا
رەھمەت ئېيتتىم - دە ، ئۇخلاۋاتقان ھاشىرنىڭ ياتىقىغا كىردىم ،
ئۆز بەختىدىن قىلچە خەۋىرى يوق دوستۇمنى مەھكەم قۇچاقلىدىم ،
ئۇ مىدىرلىمىدى . مەن يۈزۈمنى يۈزىگە يېقىپ :

— بىلەمسەن ، ھەي تۆگە ، شۇ تۇرقىدا بىر ئاجايىپ قىز
سېنىڭ ئۈچۈن تولغىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ !— دېدىم .

— نېمىدەپ غىڭشىيدۇ ، ماۋۇ ئاۋاق پاشا !

— ساڭا بەخت تىلەۋاتىمەن .

— دېگىنىڭ كەلسۇن ، بار ، يوقال ! — ئۇ مېنى ئىتتىردى .

— ھەي ساراڭ ، ئاجايىپ ئىش كۆردۈم ، قىز راست-
تىنلا سېنى...

— رازىيەمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن ، — بىلىمەن ،
ئۇنىڭغا مېنىڭ خۇدايىم بەرگەن قامىتىم ، ناخشام ياكى كەڭ پېشا-

نەم ، قويۇق قېشىم ياققاندۇ ، بەلكىم ، مېنىڭ يۈرىكىم ئۇنى جەلپ قىلغان بولىسدى ، مەن ئۇنى خۇددى پەرھات شېرىننى ئېتى بىلەن قوشۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىدەك دەس كۆتۈرۈپ ، فەرىدۇن پادىشاھنىڭ تاجى قىلىۋالاتتىم .

— يۈرىكىڭ مۇشۇ كېلەڭسىز قامىتىڭگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۋاتماي ، ساندۇقتا ساقلاقلىقمىدى ، گالۋاڭ تۆگە ، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونسا ، ھۇۋقۇش قوندى دەپ سەكرەپ يۈرمىگىن يەنە !

ئۇ مېنىڭ مەيدەمدىن ئىتتىردى :

— ماڭ ، ئۇخلا ، قانداق قۇشلىقنى كەلگۈسىدە كۆرىمىز . سەن نېمىنى بىلەتتىڭ !؟ ساڭا ئوخشاش ئىرادىسىز ئادەملەر قىزلار مېيىقىدا كۈلۈپ قويسىلا شامدەك ئېرىپ كېتىدۇ . بىلىپ قوي ، مېشچان قىزلارنىڭ مۇھەببىتى يوپۇرماقتىكى قىروغا ئوخشايدۇ . كىچىككىنە ئىسسىقنى كۆرسىلا ئېرىپ تۆگەيدۇ ياكى سەرەڭگە ئوتىدەك ۋال قىلىدۇ ـ دە ، پۇۋلىسەڭلا ئۆچىدۇ . ماڭا يالقۇن كېرەك ، جاڭگاللارنى ئۆرتىۋېتىدىغان يالقۇنلۇق ئوت كېرەك !

— سەن بىر مۇز ! — دېدىم مەن خاپا بولۇپ ، — ئىسىت ، ساڭا كۆڭلى چۈشكەن قىزنىڭ ھالىغا ۋاي ، سەن مۇز ، ھەرقانداق يالقۇننىمۇ ئۆچۈرىدىغان مۇز سەن !

— ماڭ ، يوقال !— دېدى ئۇ تامغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋېلىپ ،— قىزلارغا ۋاقىت ئاجراتقان ئادەم ، ئۆز ـ ئۆزىنى خاراب قىلىدىغان ئادەم . قىز — ھاياتىڭغا چۈشكەن ئېكەك ...

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقانىدى .

مانا بۈگۈن ناتونۇش قىزلار ياتىقىمغا كېلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەندىن كېيىن ، بۇ بىر جۈپ دوستۇمنى يەنە ئەسلىدىم . مەن ئۇلارغا چىن يۈرىكىمدىن بەخت تىلەيتتىم ، لېكىن ھاشىرنىڭ بىپەرۋالىقى ، پاك قىزنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى ئالدىدا تۇزەتكىلى

بولمايدىغان خاتالىققا يول قويۇۋاتقىنىنى ئويلىساملا ، ئىچ ـ ئىچىمـ ـدىن ئۆرتىنىمەن .

مەن ئۇزاق ئويلاندىم ـ دە ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم . هاشىرغا رازىيەنىڭ خېتىنى ، ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى يېزىپ ئۇنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كېتىشىنى قايتا ـ قايتا جېكىمەكچى بولدۇم .

خەت يېزىشتىن بۇرۇن فرانسۇز يازغۇچىسى بالزاكنىڭ تەرـ جىمىھالىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم . تۇرمۇشىدا بەختسىز بولغان بۇ يازغۇچى ، مۇشۇنداق ئىشلارنى قانداق هەل قىلىشۇدىكىن ؟ ئۇ ئۆمۈر بويى پولشىلىق بارىنەگە ئاشىق بولغانىدىغۇ ، مانا ئالدىمدا بەختسىز يازغۇچىنىڭ هاياتىدىن ئېلىنغان پارچىلار تۇرۇپتۇ .

مەن ئوقۇشقا باشلىدىم : «… ئۇ هايات ۋاقتىدا ، دۆلەت ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ، چۈنكى ئۇ قەرزدار يازغۇچى ئىدى ، مەرتىۋىلىكلەر ئۇنى كەمسىتكەن ، چۈنكى ئۇ قەرزدار يازغۇچى ئىدى . 1848 ـ يىلقى ئىنقىلابىي پارلامېنت ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ، چۈنكى ئۇ بىر ئەكسىيەتچى ، كاردىن چىققان يازغۇچى ئىدى… ئۇ هاياتىدا ئون يەتتە يىل ئاشىق بولۇپ ئارقىسىدا يۈرگەن پولشىلىق ئاقسۆڭەك خېنىم ، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئەمەس ، بەلكى ئىچ ئاغرىتىش يۈزىـ ـسىدىنلا ئۇنىڭغا تەگكەن… لېكىن يازغۇچى تويى بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان… »

بالزاكنىڭ ئۆمۈر بويى ئاشىق بولغان ئايالغا بېغىشلاپ يازغان رومانى «يېۋگېنىي گراندى»نىڭ ئېپىگرافىنى ئوقۇدۇم : «سۈرىتىـ ـڭىز ئەسىرىم ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل زىننەت . ئىسمىڭىز گويا بەخت قۇشى قونغان بىر شاخقا ئوخشايدۇ ، كىم بۇ شاخنى زىننەت بۇيۇمى قىلىش ئۈچۈن كېسىپ كەلدىكىن ؟ دىنىمىزنىڭ خاسىيىتى ، بىر سادىق قولنىڭ پەرۋىشى بىلەن مەڭگۈ كۆكلەپ قېلىشىڭىزغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن… » .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنچە ئۇلۇغ ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرغان يازغۇچى ، شەخسىي تۇرمۇشىدا بەختسىز ئۆتكەن . ھاشىر ، رازىيە يەنە بىرگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بەختسىز بولۇشى ، بۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك بىر ئىش دەيسىز... لېكىن ئۆلۈمگە يۈزلىنىۋاتقان بىر ئادەم كىچىككىنە بىر سەۋەب بىلەن ئۆلۈمدىن ئامان قالغىنىدەك ، بەختسىزلىككە يۈزلەنگەن بىر ئادەممۇ ، ماڭا ئوخشاش بىر خالىسىنىڭ قولى بىلەن بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ !

مەن ھاشىرغا رازىيە توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يازماقچى بولدۇم . شۇ چاغدا ، رازىيەنىڭ ئەلانۇرغا بۇ سىرنى ھېچ-كىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىغانلىقى ، ھاشىرنىڭ قوشۇمىسىنى تۈ-رۈپ تۇرۇپ ، مېنىڭ يازغانلىرىمنى ئىشەنچسىز ۋە ئازاب بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى - دە ، بىر مەزگىل ئويلىنىش ۋە ياخشىراق بىر چارە تېپىش ئۈچۈن قەغەز - قەلىمىمنى يەنە قويۇپ قويدۇم . نېمىلا قىلماي ، مەن ئۇلار توغرىسىدىكى خىيالدىن قۇتۇلالمىدىم . ناۋادا ، رازىيەنى ھاشىرنىڭ يېنىغا بىرىشقا دەۋەت قىلساممۇ ؟ گەپ ئۆتكۈزەلەرمەنمۇ ؟ ئۆمەر ئەپەندىگە گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ خەت يازسام ، ئاشۇ ئادەم قىزىنى ھاشىرنىڭ يېنىغا ئەۋەت-مەسمۇ ؟ بۇ بولمىغاندا ، ھاشىرغا غۇلجىغا قايتىش توغرىسىدا خەت يازسامچۇ ! ياق ، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ . غايە ۋە شان - شەرەپ ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئائىلە ئىشى ئۈچۈن ، ھاياتىنىڭ باھاسى بولغان ئىشنى قۇربان قىلمايدۇ... مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم . گاڭگى-راپ قالغىنىم ئۈچۈن ، ئىككى ياشنى بىر يەرگە كەلتۈرۈش ئۈستى-دە ئۆز - ئۆزۈم بىلەن سۆزلىشىۋىدىم ، ھەر خىل بىمەنە سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى . مەن كىتابنى يېپىپ قويدۇم - دە ، ئۇلۇغ لېنىن توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى قولۇمغا ئالدىم . مانا ، «لېنىن قانداق ئۆگىنەتتى ۋە يازاتتى» دېگەن ماقالە . مەن ئىرادە «پۈرژد-

نام»نى چىڭكىتىدىغان ئاچقۇچنى تاپتىم . كىتابنى ئوقۇغانسېرى ،
مېنىڭدە غەيرەت ۋە ئۆز ئىشىمغا ھەۋەس كۆچىيىپ باراتتى .

مېنىڭ كۆڭلىرىم جىددىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆتمەكتە ، ياتىقىم-
غا جاڭ لاۋشى بىلەن دوەن لاۋشىدىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدۇ .
مەن پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۆز ئىشلىرىمغا بېرىلىپ كەتتىم ، كۈن-
لىرىم ھەرھالدا بىمەنە ئۆتمىدى . مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدىن تولۇق
رازىمەن . بەزەن - بەزەن مېنى چىرمىۋالىدىغان يىگىتلىك ھەۋەـ
سىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كەمچىل نەرسەم يوق . ياخشى تاماق ،
ياخشى ئۆي ، ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەنگەنمەن .
ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چېنىقىپ تۇرىمەن ، تەنلىرىمگە خېلىلا
ئەت قونۇپ ، سەمرىپمۇ قالدىم . مەن بازارغا كەمدىن - كەم
چىققاچقا ، ھەر ئايدا ئالىدىغان ئەللىك نەچچە يۈەن پۇلۇم ئېشىپمۇ
قالىدىغان بولدى . ھازىر تارتمامدا پۇلۇممۇ بار . ئومۇمەن ، مېنى
ھەممە نېمىسى تەلتۆكۈس ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ئادەم دېيىشكە
بولىدۇ . لېكىن ، شەخسىي تۇرمۇشۇم توغرىسىدا ناھايىتى كەم باش
قاتۇرىمەن . بۈگۈن چۈشتە كىيىم يۇغۇچى ئايال كىرىپ ، بىر بوپا
كىر كىيىملىرىمنى ئېلىپ ماڭغاندىلا ، جاڭ لاۋشىنىڭ جېكىشلىـ
رىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يادىمغا كەلدى . ئۇ : «بىلىمگە بېرىلىڭ ،
لېكىن ئۆزىڭىزنى چەبدەس تۇتۇڭ ، ناپولېئوننىڭ پاسكىنا كىيىـ
مىڭنى ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ يۇغىن دېگەن سۆزى ، ئۆز ئەيىبىڭنى
سازايى قىلما دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان» دېگەنىدى . مەن شۇنىڭدىن
كېيىن قاتتىق دىققەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم . مانا ، يەنىلا بىر
بوپا كىر ، بۇ كىچىك ئىش ، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمگە قويغان
تەلەپلىرىم ئالدىدا بوشاڭ ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىدىغان ئىش . كىـ
چىك تەلەپكە جاۋاب بېرەلمىگەن ئادەم ، چوڭ تەلەپ ئالدىدا قانداق-
مۇ مەيدىسىگە ئۇرالىسۇن ؟

يېقىندا مەن ئىرادە تاۋلاش توغرىسىدا خېلى ئىزدەندىم ، پىسىـ

خولوگىيىدىن ئاساس ۋە ئۇسۇل ، تارىختىن جانلىق مىسال ئىزدى-
دىم . ئۇلۇغ ئىشقا بەل باغلىغان بىر ياش تەلەپچان ۋە قەتئىي
بولمىسا ، ھەرقانچە ئەقىللىق بولغىنى بىلەنمۇ يېرىم يولدا توختاپ
قالىدۇ . ئەقىل — سېنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان قانات ، تەلەپچان-
لىق بىلەن قەتئىيلىك — شۇ قاناتقا ھەرىكەت بېرىدىغان كۈچنىڭ
مەنبەسى . مەن يېقىندا دوەن لاۋشى بىلەن مۇشۇ توغرىسىدا سۆز-
لەشتىم .

— دوەن لاۋشى ، سىزمۇ يىگىرمە ياش ۋاقتلىرىڭىزدا ، ئۆزد-
ڭىزنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يول قويىاتتىڭىزمۇ ؟

ئۇ كۆلۈمسىرىدى ۋە كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ ماڭا تىكىلىپ
قارىدى :

— ياخشى سوئال . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، مۇكەممەل ئادەم بو-
لۇش ئۈچۈن ، ئۆزىدە كۆرۈلگەن ئاجىزلىقلارغا رەھىم - شەپقەت
قىلماسلىق لازىم . لېكىن ، بىز ئۆز ئەيىبلىرىمىزنى يېڭىشكە
كۈچسىز ۋە ئىلاجسىز ئىدۇق . بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي : بىزنى
تەربىيىلىگەن ھۆكۈمەت بىزنىڭ شەخسىي پەزىلىتىمىزنى ھېچنېمە-
گە ئۆلچەم قىلمايتتى . لېكىن ھازىرچۇ ؟ ئىنسانىي پەزىلەت جەمئى-
يەتنىڭ بىر بايلىقى بولماقتا . سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ ھايات يولد-
ڭىزغا ئۈلگە قىلماڭ ، خاتالىشىسىز . نېمىشقا دېگەندە ، مەن كونا
جەمئىيەتنىڭ زاۋۇتىدىن چىققان ، سىز بولسىڭىز ، ھەقىقىي ئىند-
سانىي خىسلەت زاۋۇتىدا ئىشلىنىۋاتىسىز ، سىز ئۆزىڭىزگە قاسد-
راقچىلىكمۇ سۈنئىي نەرسە بىلەن پەرداز بەرمەڭ ، قاتتىق تەلەپ
قويۇڭ ، تاللىغان يولىڭىز توغرا ، سىز ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقا
دىققەت قىلىسىز . پەلسەپە ، تارىخ ، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق بىلىم-
لەرگىمۇ ھەۋەس قىلىسىز . يەنە سىز پىئونېر ئەترىتى ۋە ياشلار
ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى كۆردىڭىز . مانا بۇ نەرسىلەر بىزدە يوق
ئىدى . دەرەخكە يوپۇرماق قانچىلىك زۆرۈر بولسا ، ئىنسانغا پەزد-

لەت شۇنچىلىك زۆرۈر . خۇددى نەچچە كىشىنىڭ غۇلىچى يەتمەيدى-
غان دەرەخنى ، ئادەمنىڭ كۆزىچىلىك يوپۇرماقلار ياشناتقىنىغا
ئوخشاش ، ئىنساندىكى ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان
ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر تەمىنلەپ تۇرىدۇ .

مېنىڭ يادىمغا رەقىپىمنىڭ ، «كاپىتال» نى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ
«ماركسىزمچى» بولغىلى بولىدۇ ، دېگەن سۆزى كەلدى - دە ،
دۇەن لاۋشىغا :

— تۇرمۇشتا ساختىلىقنى پەزىلەت دەيدىغانلارمۇ بولىدىغۇ .
ئۇلارنى تېخى بەزى يەرلەردە ئەتىۋارلىشىدۇ ! — دېدىم .

— بېلىق كۆزىنى مەرۋايىت قىلىپ باشقىلارنى ئالدايدىغانلار
ھامان ساختا نەرسىنى ھەقىقەت دەپ قارايدۇ ، بۇ قاراشقا ئۇلار
ئادەتلەنگەن . ئۇلارمۇ بىزنىڭ جەمئىيەتتە پايدا تاپالايدۇ ، لېكىن
زىياننىڭ چوڭىنى تارتىدىغانلارمۇ يەنە ئاشۇلار !

مېنى ياشلار ئىتتىپاقى يىغىنىغا چاقىرىپ ياچېيكا شۇجىسى
كىردى . دېمەك ، بۈگۈن ھەپتىگە بەش . ئەتە كەچ مېنىڭ ياتىقىمغا
مېھمانلار كېلىدۇ .

## 2

بىزارمەن ، بۇ بىر جانغا تېگىدىغان ئاۋارىچىلىك ! پۈتۈن بىر
ئاخشام قىزلار بىلەن قۇرۇق گەپ سېتىشىپ ، ئۇلارنىڭ سۈنئىي
كۈلكىلىرى ، ناز قىلىپ قاپىقىنى سۈزۈپ ، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈ-
رۈشلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرىمەن . بۇ ئىش مېنىڭ ئۈچۈن زېرىكىش-
لىك ۋە ئازابلىق . مەن ئۆزۈمنىڭ ئەزىز ياشلىقىمنىڭ ھەربىر
سائىتىگە جاۋابكار ، قۇرۇق ۋە مەنىسىز ئىشقا ۋاقىت سەرپ قىل-
سام ، ھېلىقى «ئىرادە چىڭىتىش» توغرىسىدا بەرگەن ۋەدەمگە
ئەمەل قىلمىغان بولىمەن . بولۇپمۇ ، بۈگۈن ھېلىقى گۈزەلئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

دېگەن تەكەببۇر قىز مېنىڭكىگە مېھمانغا كېلىدۇ. ئۇ مەيلى ئۆز چىرايى بىلەن قانچىلىك شۆھرەت قازانسا قازىنىۋەرسۇن، ماڭا بەربىر، مېنىڭ ئۇچۇن ئۇ سەت ۋە يېقىمسىز. ئۇنىڭ چىرايى مەيلى باشقا يىگىتلەرنى جەلپ قىلىۋەرسۇن، ئۇ مېنىڭ ئۇچۇن ئەرزىمەس ۋە زېرىكىشلىك قىز. قىسقىسى، مېنىڭ بۇ «گۇزەل» نى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئەلەم قىلىدىغىنى، مۇشۇ مەنىسىز ئىشنى دەپ، دوستۇمنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا، چۈشتىن كېيىنكى ئالتە - يەتتە سائەتلىك ۋاقتىم يېمەك - ئىچمەك سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىندى. چۈشنىڭ ئالدىدىمۇ رەقىپ ياتىقىمنى بېزەيمەن دەپ مەززەمنى قويمىدى. ئۇ تامغا گىلەم ئاستى، كىيىم ئاسقۇچقا ئىككى قۇر كاستۇم - بۇرۇلكىسى بىلەن يازلىق پەلتوسىنى ئەكېلىپ ئاستى، ئورۇن - كۆرپە، ئەدىياللارغا ئەتىر چاچتى.

— بولىرىڭ ئارتۇقچە، رەقىپ!

— ئارىلاشما، قىزلارنى بىلمىگەندىكىن...

مەن كىتابىمنى ئوقۇپ بىر چەتتە ئولتۇردۇم، ھەتتا داستىخان تۇزەشكىمۇ قول تىقمىدىم. ئۇ كونسېرۋا، قاسقاندا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، كاۋاپ، سامسا، شاكىلات، تاتلىق - تۇرۇم، مېۋە - چېۋە، نان - توقاچ، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ھەر خىل تەخسە - قەندەللەرگە ئەپلەشتۇرۇپ تىزدى.

— كۆردۇڭمۇ، — دېدى ئۇ ھەتتا ئېغىز سۇرتىدىغان كىچىك چاسا ياغلىقلارنىمۇ قويۇپ بولغاندىن كېيىن، — چەت ئەل مەلىكىسىنى كۇتۇشكە يارايدىغان يىگىتمەن. قىزلارنىڭ غىزاسىغىلا يەتمىش يۈەن خەجلەندى، ھاڭ - تاڭ قالسۇن، قىزلارنى باغلايدىغان يىپ مۇشۇ پۇل، بىلەمسەن، پۇل. پۇل بىلەن ھەرقانداق قىزنىڭ كۆڭلىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئاخشاملىققا پىكاپ ياللايمىز، ئىككى يۈز سوم كەتسىمۇ مەيلى. غۇلجا يىگىتلىرىنىڭ مەردلىكىنى

كۆرسىتىش ئۈچۈن ، دادامدىن قالغان دۇنيانىڭ ھەممىسىنى خەج-لەشكە رازىمەن . بۇنىڭ ھەممىسىنى سىنىڭ ئۈچۈن قىلىمەن ، ئەلا !

— مىنى ئاۋارە قىلىش ئۈچۈن بۇنچە پۇل خەجلەش ئەخمەقلىقىڭنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ...

— قويە ، قويە ! — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ ، — قىزغا سىنىڭ كۆيۈشۈڭ ياكى توڭلىشىڭ ماڭا بەربىر ، ماڭا لازىمى قىزلارنى ساڭا باغلاپ قويۇش . سەن ئىشەنچلىك بىر موما ياغاچ . ئاساۋ ئاتنى ساڭا باغلاپ قويىمەن ـ دە ، ئېپىنى تېپىپ لىككىدە مىنىۋالىمەن .

مەن كۈلۈپ قويدۇم . ئۇ يەنە ۋالاقلىدى :

— گۈزەلئاي ساڭا ئۈمىد باغلاپ ، باشقىلار بىلەن يۈرمىسىلا بولدى . بىلەمسەن ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن يۈرگىنىنى ئاڭلىسام يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدۇ . مەن ئۇ قىزغا ئۆلگۈدەك كۆيەـ مەن ، قىز مېنى ياراتمايدۇ . بەزى كېچىلىرى ئۇخلىماي خۇدايىمەـ غا ، مېنى نېمىشقا بۇنداق پەۋاز قاپاق ، يوغان بۇرۇن ، پىت كۆز ، ئات يۈز ، دورداي كالپۇك قىلىپ ياراتتىڭ ، دەپ دەۋا قىلىمەن !

— پۈلۈكچۇ ؟ نېمىشقا پۈلۈكىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى سېتىۋې-لىشقا قۇربى يەتمەي قالدى ؟

— تۇفى ! ساڭا ئوخشاشلارنىڭ چىرايى ، ناخشا ، شېئىر ، بىلىم دېگەنلىرى ، مېنىڭ پۈلۈمنىڭ بازىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ ؟ ئەينەككە قارىغىنا ، سېنىڭ قېشىڭ قاش ئەمەس ، قىزنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان ئوق . سېنىڭ بۇرنۇڭچۇ ؟ لېرمونتوف كۆرگەن بولسا ، پېچورىنىنىڭ بۇرنىنى سېنىڭكىگە ئوخشاتقان بولاتتى . ھەممىدىن يامىنى ، سېنىڭ مۇنۇ خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان چىرايلىق ، لېكىن دۆت كۆزۈڭ . قىزلار ساڭا ئوخشاشلارنى كۆرسە ، ئۇھ تار-تىپ ، ماڭا ئوخشاشلارنى كۆرسە ، چوكا مۇزدەك توڭلىۋالىدىكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەسمۇ !

— پۇل بىلەن شىمالىي مۇز ئوكياندەك كۆڭۈلنى تۇرپاننىڭ يەتتىنچى ـ سەككىزىنچى ئايلىرىدەك قىلىۋەتكىلى بولىدۇ ، دەيت‍ـ تىڭغۇ دائىم !

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم .

— راست ، بولىدۇ ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ ، — مۇز كۆڭۈللۈك قىزلارنى چوغ ـ كاۋاپ قىلغانمۇ پۇل ، قوزىدەك مۆمىن يىگىتنى خاراب قىلغانمۇ پۇل ! ۋاقتى كەلگەندە شۇنداق بولىدۇ . بىلىپ قوي ، قىزلار دەسلەپ چىرايىنى تاللايدۇ ، ئاخىر پۇلنى خالايدۇ . مەن قىزنىڭ چىرايىغا ئەمەس ، سېنىڭ چىرايىڭغا پۇل خەجلەۋاتىمەن . چىرايىڭنى ماڭا ساتتىڭ ، بىلەمسەن ، ئاۋاق . قىز ساڭا كۆڭۈل بېرىدۇ ، ئاخىرىدا مېنىڭ ئالىقىنىمغا چۈشىدۇ ! قېنى ئەمىسە ، سەنمۇ شېخىڭنى تۈزە ، قىزلارنى جەلپ قىلىدىغان لىرىكىلىق شېئىرلارنى ، تەسىرلىك سۆزلەرنى تەييارلاۋەرگىن ، مەن كەتتىم .

مانا ، ئۇنىڭ كەتكىنىگە يېرىم سائەت بولدى ، مېنى غەم باسقىلىمۇ يېرىم سائەت بولدى . خەت يازىدىغان ئۈستىلىمدە يې‍ـ مەك ـ ئىچمەك ، كىتابلىرىم ئاق قەغەزلەر بىلەن چۇمكەلگەن . مەن مانا ھۆكۈم كۈتۈپ تۇرغان جىنايەتچىدەك دەككە ـ دۈككىدە قىزلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن .

يېنىك توپلەي ئاۋازلىرى ، كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك كۈلكىلەر… مانا ، مېھمانلار كېلىشتى .

«ئۇ راستتىنلا گۈزەلكەن ، لېكىن مېنىڭ ئۇنى گۈزەل دېگۈم كەلمەيدۇ ، ئۇ ماڭا كۆرۈمسىز ، سوغۇق كۆرۈنىدۇ ، ئۇنىڭ كۈلكى‍ـ سىمۇ سەتكىنا !…» مەن گۈزەلئايغا قارىدىم . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەت نەرسىلەرنى ئىزدىدىم . مېنىڭ ساقچى ئاپشاركىلىرىدەك سەز‍ـ گۈر كۆزلىرىم ، ئۇنىڭ بەدىنىنى تىنتىشقا باشلىدى ، سەزگۈلد‍ـ

رىم ئالىقاچانلا ئۇنى : «بىلمىسىز ، ھېسسىياتسىز ، قەدىرسىز
قىز !» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بولدى . مەن كۆزلىرىمنىڭ قوماندان-
لىق شتابىغا — مېڭەمگە بېرىدىغان خەۋەرلىرىنى كۈتمەكتىمەن ،
كۆزلىرىم تېخىچىلا قاراشتۇرماقتا . مەن ئوقۇرمەنلەرگە قىزنىڭ
شۇ ئاخشامقى سۈرىتىنى سۆز بىلەن سىزىپ بېرەي . ماڭا ئۇنىڭ
ئەيىبىنى ئوقۇرمەنلەر ئېيتىپ بېرىپ ، مېنىڭ رەھمىتىمگە ئېرىش-
سۇن . ئۇ زىلۋا ، ئوتتۇرا بوي ، ئىككى ئۆرۈم توم چېچى تۇرمەك-
لەنمىگەن ، ئېغىز تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، ئەگرى تېقىمىغا چۇشۇپ
تۇرىدۇ . بۇ چاچلار قۇندۇز تۈكىدەك تۇم قارا ۋە يالتىراق . ئۇنىڭ
قول ، بويۇن ، تاماقلىرى سۈتتەك ئاق ۋە سۈزۈك ؛ ئەۋرىشىم
گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پۇتلىرى تۈز ۋە ئۇزۇن ؛ قىرلىق
بۇرنى چىمدىپ قويغاندەك يارىشىملىق ؛ يوغان ، نۇرلۇق ، خۇمار
كۆزلىرى كېپىنەك بالىسىنىڭ سەزگۈر كۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ ؛
ئىنچىكە قاشلىرى ، ئانار سۈيىدىن ھەل بېرىلگەندەك سۈزۈك لەۋ-
لىرى ئۇستا رەسسامنىڭ قولى بىلەن پۈتكەندەك نەپىس ۋە چىراي-
لىق . ئۇ تولۇق يۈزىگە زىنىخ پەيدا قىلىپ كۈلگەندە ، خۇددى
شەبنەم بىلەن يالتىرىغان بىر تال غۇنچە ئېچىلغاندەك بىلىنىدۇ .
ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق ، ئۇششاق چىشلىرى ھال رەڭ لەۋلىرى
ئارىسىدا يالتىرىغاندا گوياكى ئانار دانىلىرى ئورنىغا سەدەپتەك
يالتىراق ئۈنچىلەر پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ… نېمىشقا ماڭا
سەت كۆرۈنىدىغان بۇ قىزدىن ئەيىب تاپالمىدىكىن ، دەپ كۆزلى-
رىمگە كايىدىم ، ئۇنى ئاز دەپ مېنىڭ كۆزلىرىم قىزنىڭ كېيىنى-
شىگىمۇ زوقلاندى . ئۇ بېشىغا ھال رەڭ زەر ياغلىق سالغان . بۇ
ياغلىق يالت - يۇلت قىلغاندا ، قۇلىقىدىكى ھال رەڭ ياقۇت كۆز-
لۈك ئالتۇن ھالقىسىدىن چىققان شولا بىلەن قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ
سۈتتەك يۈزىدە ئانار سۈيىدىن ھەل بەرگەندەك يۇپقا قىزىللىق پەيدا
قىلىدۇ . قارا گۈللۈك شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلىكى ، ئەمدىلا كۆتۈرۈل-

www.uyghurkitap.com

گەن كۆكرەكلىرى ئارىلىقىدىكى ئالتۇن بۇلاپكىسى ۋە ئۇنىڭ بويـ
نىدىكى كەھرىۋا مارجان بىلەن قوللىرىدىكى ئۈزۈكلىرى ، ئالتۇن
ساپلىق كىچىككىنە قول سائىتى ، كۆڭلىكى سىرتىدىن كىيگەن
سۇس يېشىل ، قايرىما ياقىلىق پوپايكىسى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشـ
تۈرگەن . كۆزلىرىم قىزنى «گۈزەل» دەپ قارارلاشتۇردى ، لېـ
كىن «گۈزەل»مۇ سەت بولىدىغۇ ، بەزىدە ھەسەلمۇ ئەمەن تېتىغانغا
ئوخشاش ، ئېۋەنسىز بىر گۈزەلمۇ جېنىڭغا تەگكىنى ئۇچۇن ئۆز
گۈزەللىكىنى يوقىتىدىغۇ . مانا بۇ گۈزەلئايمۇ خۇددى شۇنداق .
ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى باشقىلارنى ئۆزىگە تارتقىنى بىلەن ، مېنى
ھەرگىز تارتالمايدۇ . بەرىبىر ، ئۇ تامدىكى سۈرەت ، ئۇ مېنىڭدە
مۇھەببەت پەيدا قىلالمايدۇ...

قىز ماڭا قاراپ تۇنجى قېتىم كۈلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
چىققان ئادەمنى بىھوش قىلىدىغان نۇرلار مېنىڭ يۈرىكىمگە تەگـ
دى ، يۈرىكىم تىترىگەندەك ، بىرى مېنى غىدىقلىغاندەك ، بەدىنىمـ
دە يوشۇرۇن بىر ۋەھىمىلىك تەۋرىنىش پەيدا بولدى . «نېمە ،
ئىرادەم شۇنچىلىكمۇ ، ياق ، مەن بەدىنىمدە ھەۋەس سۈيىنىڭ قىدـ
مىرلىشىغا يول قويمايمەن !» دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، كۆزلىرىم
ئىرادەمگە بويسۇنمىدى ، ئۇلار قىزنىڭ بىرلا تەبەسسۇمى بىلەن
بارلىق ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋىتىنى قايرىپ قويۇپ ، شىرىنگە تەلپۈنـ
گەن ھەرىدەك قىزغا قاراپ ئىنتىلدى . مېنىڭ كۆزلىرىم ، ھېلىقى
چاغدا قىزنىڭ مېنى كەمسىتىپ كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرگىنىنى ،
ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى كۆرگەن ، مېنىڭدە غەزەپ ۋە نەپرەت پەيدا
قىلغان كۆزلىرىم ، بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ئىرادەمگە بويسۇنمىغدـ
لى تۇردى . دېمەك ، ھەممىدىن يامىنى كۆز ئىكەن ، بۇ كۆزلىرىم
مېنى بالاغا قويمىسا بولاتتىغۇ ، قىزنىڭ بەدىنىدىن ئەيىب تاپ
دىسەم ، تەتۈرىچە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن كۆزـ
لىرىم ، بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ تەسلىمچى بولۇپ چىقتى ، مانا

قىزغا قادىلىشىپ مېنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى...

— ھوشۇڭدىن كەتمە يەنە ، ھوي دەرۋىش ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال !

رەقىپ مېنىڭ بىلىكىمنى چىمدىپ تۇرۇپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى .

— پىچىرلاشقا رۇخسەت يوق ! — دېدى بۈگۈن ئالاھىدە خۇشخۇيلىشىپ كەتكەن ئادىلە سەزگۈرلۈك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — رەقىپكا ، نېمىدەپ كۇسۇرلىدىڭىز ، ئوچۇق ئېيتىسىز !

— ماقۇل ، ئادىلە ،— دېدى رەقىپ قىزنىڭ جەينىكىدىن يېنىك تۇتۇپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ،— راستىنى ئېيتسام ، بۈگۈنكى ئولتۇرۇش چىرايلىقلارنىڭ ئۇچرىشىش مەيدانى بولدى . مەنمۇ ئۆزۈمنى گۈزەل يىگىت ھېس قىلىۋاتىمەن . نېمىشقا دېگەندە ، گۈزەللەرنىلا كۆرۈپ ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق گۈزەل بولغاندىكىن ، مەنمۇ بىر گۈزەلكەنمەن دەپ ئويلىشىم تەبىئىيغۇ ؟ بۈگۈن ناھايىتى خۇشالمەن ، ھاياجان ئۇچقۇنلىرىدىن بىرى بىسوراق سەكرەپ چىقىپ ، ئەلاننىڭ قۇلىقىغا تېگىپ كەتتى ، ھا... ھا... ھا...

ئۇ نەلەردىدۇر ئىچىپ ئۈلگۈرۈپتۇ . بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشتۇق .

مەن قىزلارنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدىم . ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئادىلە ئارتىسلارغا خاس ھېسسىياتچانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ :

— جانجىگەر دوستۇم ، گۈزەلئاي ، — دېدى ئۇ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك يېقىملىق ھەرىكەت بىلەن دوستىنىڭ بوينىدىن يېنىك قۇچاقلاپ ، — ئىسمىمۇ ، جىسمىمۇ گۈزەل . باشتا ئېيتىپ قوياي ، تىكىلىپ قاراۋېرىشكە بولمايدۇ . ئېچىڭلار كىرىپ قالسا ، بۇ يەردە ئاشچى موماي يوق . لېكىن ، بولۇپمۇ رەقىپكا ، كۆزىڭىزگە ئىگە بولۇڭ ، ئەگەر كۆزىڭىزنى باشقۇرالمىسىڭىز بىزگە قويۇپ بېرىڭ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىراقلا تېڭىپ قويىمىز !

— شۇنداق قىلساڭلاركەن ! — دېدى رەقىپ ھەييارلىق قىلىپ ، — بۇ كۆزۈمدىن ئۆزۈممۇ تويدۇم . بىرىنچىدىن ، كۆرۈمسىز ، ئىككىنچىدىن ، ئاچ كۆز...

— ئىككىنچى ئەيىبى خەتەرلىك ئىكەن ! — دېدى ئادىلە كۈلۈپ تۇرۇپ ، — قېنى ئەلا ، ئەكېلىڭ قولىڭىزنى ، گۈزەلئاي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭ ، رەنجىشلەر بولغان بولسا ئۇنتۇڭلار ، ئەمدى دوست بولۇڭلار . ھازىردىن باشلاپ ، سىز بىزنىڭ كومپانىيىمىزنىڭ ئەزاسى ، ھەر شەنبە بىز بىللە بولىمىز . ئەكەلگىنە گۈزەل ، ئوماق قولۇڭنى ، ئەلانىڭ ئالىقىنىغا قوي !

گۈزەلئاي ماڭا يالت قىلىپ قارىدى - دە ، يۈزىگە شەپەق ئۇرۇلغاندەك قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . ئادىلە ئۇنىڭ نازۇك قولىنى نېمىشقىدۇر مېنىڭ سۇس تىترەۋاتقان ئالىقىنىمغا قويدى :

— ھەي گۈزەل ، ئەلانى ئوقۇتقۇچى دېسىمۇ ، ساۋاقداش دېسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، ھەي ئادەم ، دېسەڭمۇ ، ھەي بالا ، دېسەڭمۇ قاملىشىۋېرىدۇ ، قېنى ئەمىسە ، دوست بولۇڭلار ! دوست - دوست ، چىمەن دوست ، ئاداش - ئاداش بولايلى ، تاپقان ناننى تەڭ يەيلى ، سېنىڭ ، مېنىڭ دېمەيلى !...

— يىغلىمايلى ، كۈلمەيلى ، جىڭ تاۋاردەك ئۆڭمەيلى ، — قالغىنىنى رەقىپ داۋام قىلدى ، — چىنار ئوخشاش كۆكلەيلى ، ئەتىرگۈلدەك گۈللەيلى ، قېرىساقمۇ ئۆلمەيلى !...

— ھا... ھا... ھا...

چاي تارتىلدى ، بىز غىزاغا تۇتۇندۇق . گۈزەلئاي بىردىنلا ئېچىلىپ ، تەبىئىيلىشىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ تاماقلانماقتا ، بۇ مىجەزى بىلەن ئۇ مېنىڭ زوقۇمنى قوزغىماقتا .

— كىچىك قىزغا ئوخشايدىكەنسىز ! — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئەركىلەپ ، ئەركىن تاماق يېيىشىگە قاراپ ، — يالغۇز قىزمۇ ،

تونجى قىزمۇ ؟

— ھەر ئىككىلىسى .

— دادىڭىز پۇللۇقمۇ ؟

— رەقىپكامىنىڭكىدىن كەمبەغەلرەك !

— ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە تەييارلىق قىلمىدىڭىز ؟

— ناخشىچى ئۈچۈن جىق ئوقۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قانچىلىك ؟ — دېدى ئادىلە ، — جىق كىتاب ئوقۇغان ئادەم سىزدەك يىگىرمە ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئاتمىش ياشلىق بوۋايدەك ئېغىر - بېسىق بولۇپ كېتىدۇ . گۈزەل بىلەن بىز كېپىنەك ، ھەرىدەك ئۇچۇپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمىز . ئەلاغا باھا بېرىپ باقاي : نامى ئوقۇتقۇچى ، ئىسمى ئوقۇغۇچى . ئۆزى بالا ، روھى بوۋاي ، قانداق رەقىپكا ، ھاراقنى ئوغرىلىقچە ئىچمەيۋېرەمسىز ؟ نېمە دەردىڭىز باركىنتاڭ !

رەقىپ قىزىشقا باشلىدى :

— ئەلا ، قىزلارغا قىزىلىنى ، ئۆزىمىزگە ئېقىنى قوي ، نېمە دېدىڭ ، ئادىلە ؟ ئۆزى بالا ، روھى بوۋاي دەمسىنا ؟ توغرا ئېيتتىڭ ، مېنىڭ دوستۇم يىگىرمە ياشلىق بوۋاي ، ئەقلى كاللىسىغا پاتماي ساندۇقتا زاپاس ساقلىنىدۇ ، ئوقۇغان كىتابى ئۆمرىدىن يۈز ھەسسە كۆپ . بۇنىڭ غەلىتە ئىشلىرىمۇ جىق ، بازارغا بىللە چىقساق ئوغايلا چۈشۈپ قالىدۇ . مەن بۇنىڭغا سۆزلەپ ماڭىمەن ، بىر كەمدە سوئال سورىسام ، جىم ، قارىسام يوق . ئاپلا دەپ ئارقامغا يېنىپ ئىزدەيمەن ، قارىساڭ كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدا غېمىدە يوق كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان… يەنچۇ تېخى ، ھە دېسىلا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئىچىدە ئۇنتۇپ قېلىپ ، سىرتىدىن قۇلۇپ سالىدۇ ، يەتتە قېتىم قۇلۇپ يەڭگۈشلىدى ، پۈتۈن بىر كىتابنى بىرلا ئوقۇپ بىلىۋالغىنى بىلەن ، شەپكىسىنى نەگە ئېسىشنى تېخىچە بىلەلمىدى ، بەزى كۆز-

لىرى ئاشخانىغا شەپكىسىنى تەتۈر كىيىپ باردۇ . بىر كۈنى قارىسام ، مۇرىسىگە لۆڭگىسىنى ئارتىپ قىرائەتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ . «نەگە ؟» دېسەم ، «مۇنچىغا دەيدۇ تېخى !»...
قىزلار كۈلگەنسېرى ئۇ قىزىپ سۆزلىدى .
— بولدىلا ! — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن رەنجىپ ، — ئاغزىڭ بىكار بولسا ، هارىقىڭنى ئىچكىنە !
— مەن بىر كىتابتا بىر ياشنى ئوقۇغان ! — دېدى گۈزەلئاي قىزىرىپ سۆزلەپ ، — ئۆزى يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىلەن ، قاردىماققا ئوتتۇز ياشتەك كۆرۈنىدىكەن ، بۇنىڭ سەۋەبى ، ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى كىتابقا سەرپ قىلىدىكەن .
— «هارپا»دىمۇ ؟ — دېدىم مەن دەرهال .
— هەئە ! — قىز ماڭا قىزىقىپ قارىدى ، — سىز ئوقۇمىغان كىتاب قالمىغانمۇ نېمە ؟
— ئىنجىل بىلەن تەۋراتتىن باشقا هەممە كىتابنى ئوقۇغان نېمە بۇ ، — دېدى رەقىپ چاقچاق قىلىپ ، — ئادىمى سەيپۇللا ، نوهى نەبىيۇللا ، ئىبراهىم خەلىلۇللا ، ئىسمايىل زەبىيۇللا ، مۇسا كەلىمۇللا ، ئەيسا روهىللا ، مۇهەممەت روسۇلىللا ، يەتتە «يۇللا» نىڭ تەلىملىرىدىن تارتىپ ، ئەللىكىنچى يىللارغىچە چىققان بارلىق «ئىزم»لارنى بىلىۋېلىشقا بەل باغلىغان يىگىت بۇ ! ئەمما لېكىن ، يىگىرمىنچى ئەسىردە يىگىرمە ئالتىنچى پەيغەمبەر تۇغۇلىدىغان بولسا ، ئۇ تۇغۇلۇپ بولدى ، ئۇ ، مانا مۇشۇ ئەلا !
بىز كۈلۈشتۇق . مەن ئۇنىڭ بۇ مازاق قىلىشلىرىدىن زادىلا رەنجىمىدىم . ئۇنىڭ مەقسىتى ئېنىق ، ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى تاتىلدىماقتا ئىدى :
— شېئىر ئوقۇغىنا ، ئەلا ، سەن شېئىر ئوقۇساڭ ، مەن شەرۋەت ئىچكەندەك هۇزۇرلىنىمەن . سېنىڭ بىلەن بىللە يۇرۇپ ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى ئوڭايلا پۈتتۈرىدىغان بول-

دۇم . ئولتۇرۇش شېئىر بىلەن باشلانسۇن ، ئەمما ئاخىرى تانسا بىلەن ئاخىرلاشسۇن !

رەقىپ بۈگۈن ئالاھىدە سۈزمەن ، خۇش چاقچاق بولۇپ كەتكەن ، ئالاھىدە ياسىنىۋالغانىدى : قوڭۇر كاستۇم ، قارا بۇرۇلكا كىيگەن ، پاخما چاچلىرىنى مايلاپ ، سىلىق تارىغان ، ھاۋا رەڭ يىپەك كۆڭلەككە تۇز سۇرەتلىك ھال رەڭ گالستۇك تاقىغان… ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلىپ ئەتىر چېچىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ يىگىرمە ئالتە ياشلىق يىگىتلەردە بولىدىغان تەبىئىي جەلپ قىلىش كۈچىدىن خالىي يۈزى ھامان تېگى - تېگىدىن سېرىق ۋە كۆكۈش كۆرۈنەتتى . قىزلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن رومكىلار ، ئۇنىڭ كەيپىنى ياخشىلاش ئورنىغا تەتۈرىچە يامانلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇ ئەمدى مەست بولۇشقا ئۆتتى ، ماڭا زورلاپ يۇرۇپ خېلىلا جىق ئىچۈرۈپ قويدى . قىزلارمۇ قىزىل ھاراقىنى ئىچىپ ئېچىلغان . گۈزەلئاي ماڭا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ ، ھېلىدىن - ھېلىغا كۈلەتتى ، پات - پاتلا ئۇنىڭ قولى قولۇمغا ، تىزى تىزىمغا تېگىپ كېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا ، مېنىڭ ئىچىملىك بىلەن ئويغانغان ھېسلىرىم يىگىتلىك ھەۋسىمنى قوزغايتتى . ئىچىمدىن خۇددى بىر نەرسە كەينى - كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك ئارقا - ئارقىدىن : «ئۇھ !» دەيتتىم . بۇ ھال دوستۇمنى ئەنسىزچىلىككە سالماقتا . ئۇ بىئارام بولۇپ ھەدەپ ھاراق ئىچمەكتە ئىدى .

— سىزنى گارموننى ياخشى چالىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق ،— دېدى گۈزەلئاي بىتاقەت بولۇپ ،— ھازىر راسا تانسا قىزىدى ، بەشىنچى قەۋەتنىڭ زالىدا تۆمۈريول فاكۇلتېتى بىلەن سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتى بىرلىشىپ تانسا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ ، بىرىپ گارمون چېلىپ بەرسىڭىز ياخشى بولاتتى !

— مەن سىزگە دېدىمغۇ ،— دېدى رەقىپ كەيپتىن ۋە شەھ-

www.uyghurkitap.com

ۋەت ئىشتىھاسىدىن يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ،— تانىسىدىن كوچا سەيلىسى ئەلا . بىز هازىر تۆتىمىز خۇاڭخې بويىغا بارىمىز، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل !

— ساھىبخانا ئەلا بىزنى تەكلىپ قىلسا ، بىز بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىمىز ، — دېدى ئادىلە رەقىپكە قاراپ قويۇپ .

مەن گۈزەلئايغا قارىدىم . قىز مېنىڭ گېپىمنى كۈتۈپ تۇراتتى . مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم ـ دە ، ئويلانمايلا :

— گۈزەلئاينىڭ رايى بويىچە بولسۇن ،— دەۋەتتىم .

گۈزەلئاي شوخلۇق بىلەن چاۋاك چېلىپ قويدى .

— ئۇنداق بولسا تانسىغا ،— دېدى گۈزەلئاي بارماقلىرىنى بىلىمگە تەگكۈزۈپ ،— قېنى ئەلا ، ئەمىسە يۈرۈڭ !

مەن مېھماندوستلۇق كۆرسەتتىم :

— مەشەدە كۆڭۈل ئاچايلى ، نەۋائىنىڭ مۇنداق بىر شېئىرى بار :

بەزم ئارا گەر يوق نەي بىلەن دەف ،
هەم يامان ئىرمەس ئۇن بىلەن كەف .

— بۇ يەردىكى ئۇن دېگىنى ناخشا ، كەف دېگىنى چاۋاك . بۈگۈن ساز يوق . شۇنداق بولسىمۇ ، هازىرقى شېئىردا ئېيتىلغاندەك ، نەي بىلەن داپ بولمىسىمۇ ناخشا بىلەن چاۋاك بار ، قىزىتىۋېتىمىز . مەن چارچىماي چاۋاك چالالايمەن .

بۇ گېپىم رەقىپكە ياقمىدى . ئۇ ماڭا ئالىيىپ قويدى . مەن راستىنلا شۇ تاپتا ، كېچىدە قىزلار بىلەن دەريا بويىنى ئايلىنىشنى خالىمايتتىم . مەن ھېلىھەم بولسىمۇ ، بۇ ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالايمەن . چۈنكى ، مەن سېزىۋاتىمەن ، مېنىڭ بەدىنىمدە بىر خەتەرلىك تۇيغۇ پەيدا بولدى . مەن بۇ تۇيغۇنىڭ ئۇلغىيىشىنى

خالىمايمەن . ئىرادە كۈچى بىلەن ئۇنى بىخ ۋاقتىدىلا يوقىتىشىم كېرەك . ھاشىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ تۇيغۇ بىر ئېكەك . بۇ ئېكەك ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ . مەن نۇرغۇن ۋاقتىم ، ئەقلىم ، يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىۋېتىمەن . ۋاقىت مېنىڭ ھاياتىمنىڭ دەسمايىسىغۇ ! مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرىۋاتقان مۇنۇ قىزدىن تېزرەك قۇتۇلاي . كىتاب كۆرۈش ، يېزىش ، ئويلاش مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ مەزمۇنى ئەمەسمىدى ؟ مانا ، باشقىلارغا زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان مۇشۇ نەرسىلەر ، مەن ئۈچۈن تانسا بىلەن سەيلىدىن كۆڭۈللۈك ، چۈنكى مەن ئاشۇلار بىلەن ئۆز مۇرادىمغا يېتەلەيمەن .

— مەن تانسىغا كىرىشكە قارشى ! — دېدى رەقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — تانسا دېگەن دائىم بار نەرسە ، مەن مۇنۇ ئۇنتۇلغۇسىز شەنبىنى سەيلە بىلەن ئۆتكۈزۈشنى يەنە تەكلىپ قىلىمەن . پىكاپ ياللايمىز - دە ، شەھەرنىڭ سىرتىغا — چىلانلىققا چىقىپ كېتىمىز !

قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى . مەن ئەمدى رەقىپ بىلەن كېلىشەلمەيدىغىنىمنى چۈشەندىم :

— مەن بۇ تەكلىپكە قېتىلالمايمەن ! چىلانلىقتا سەيلە قىلىشنى كۈندۈزگە ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ .

رەقىپ ماڭا ئالايدى . ئادىلەمۇ نارازى بولۇپ :

— يالغۇز بىزلا ئەمەسقۇ ، ئۇ يەرگە چىقىدىغانلار ، ھەتتا قونۇپ قالىدىغانلارمۇ بارغۇ ، بىز نېمىدۇق ، بىرەر سائەت ئايلىنىپ ماشىنا بىلەن قايتىپ كەلسەك...

— شۇنچىلا خىجىل بولۇش كەتمەيدۇ ، — دېدى گۈزەلئاي ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ ، — ئاۋازغا سالايلى ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ ، مەن سەيلىگە قول كۆتۈردۈم ، قېنى ، ماڭا قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن يالغۇز قالدىم ، قارىسام ئۇلار ئىككىدىن ئالتە قولنى كۆتۈرۈۋاپتۇ .

مەن ئۇلار بىلەن بىللە كوچىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئىككى قىز ئوتتۇرىدا ، بىز رەقىپ ئىككىمىز ئىككى ياندا ، رەقىپ ئادىلەنى قولتۇقلاپ ، مەن بولسام گۈزەلئاينى يانداپ كېتىپ بارد- مىز . تۆمۈريولدىن ئۆتۈشىمىزگىلا ، ئالدىمىزدىن ئۈچ يىگىت چى- قىپ كەلدى . ئۇلاردىن بىرى — ئېگىز بوي ، بۇدۇر چاچلىق يىگىت — بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ يېرىم ئۈيغۇرچە ، يېرىم قازاقچىلاپ :

— رەقىپ ئاغاي ! سىزگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ، — دېدى .

رەقىپ بىزدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى . ئۇلار گۇدۇڭلاشتى . رەقىپ بىزگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپلا :

— ئوغۇل بالىچىلىقمۇ شۇ . قىزنىڭ ئىختىيارى… — دېدى .

ئىككى قىز مېنىڭ ئىككى قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋالغانىدى . گۈزەلئاي قۇلىقىمغا لەۋلىرىنى يېقىپ دېگۈدەك :

— خۇدا ھەققى ، تېزرەك كېتەيلى . مەن ئۇنىڭدىن قورقى- مەن ، مېنى كۆرسە يەيدىغاندەك قارايدۇ ، مەست بولۇۋېلىپ كېچى- چە دېرىزە تۈۋىدە جىرلاپ ، سەت گەپ قىلىپ چىقىدۇ ! — دېدى .

مېنىڭ قۇلىقىمغا تۇنجى قېتىم قىزنىڭ ئىسسىق تىنىقى تەگ- مەكتە ، بىلەكلىرىمنى بولسا مەن ھازىرغىچە كىتابلاردىلا كۆرۈپ كەلگەن بىر گۈزەلنىڭ نازۇك قولى ئۈمىد بىلەن ۋە ياردەم تەلەپ قىلىپ تۇتماقتا . مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئوتتەك قىزىدى . مانا شۇ چاغ- دىلا ، مەن كىتابتىكى قىزلارغا تاقابىل تۇرۇپ كەلگىنىمنى ، ھە- قىقىي تۇرمۇشتىكى مەن تاقابىل تۇرۇشقا ، ئۆز - ئۆزۈمنى قوغ- داشقا ۋەدە قىلغان قىزلارغا مانا ئەمدىلا دۇچ كەلگىنىمنى بىلدىم . ۋۇجۇدۇمغا ئوت ياققان قىزغا خىرە يورۇقتا قايرىلىپ قارىدىم .

ئۇنىڭ شادلىقتىن تېخىمۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرى قوللىرىدىنمۇ ئوتلۇق، مەن ھازىرغىچە كۆرگەن ۋە ئوقۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىنمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ بىلىندى. مەن بۇنداق قۇدرەتلىك كۆزلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغىنىمنى بىلدىم-دە، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. بولۇپمۇ، ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئىنتىزار بولغان قىز كۆزىنىڭ ھۇجۇمى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىدىن يادلىۋالغان مۇنۇ مىسرالار دەرھال يادىمغا كەلدى:

سەيد ئۆلدى كۆڭۈل كۆزلەرىڭە ۋەھ قۇتۇلۇرمۇ،
بىر قۇشكى ئانىڭ قەسدىدە بولغاي ئىكى سەيياد.

(كۆزلىرىڭ كۆڭلۈمنىڭ پېيىگە چۈشتى، ئىككى ئوۋچى قوغلاپ كېلىۋاتقان قۇش قانداقمۇ قۇتۇلار).

— سىز ئۇنىڭدىن مېنى ھىمايە قىلالامسىز؟ — قىز بىلىكىمنى چىڭ مۇجۇپ شۇنداق دېدى-دە، كۆزلىرىمگە تەلمۈردى. مەن ئىرادە، قەتئىيلىك توغرىسىدىكى ئۆزۈمگە قىلغان ۋەدىلىرىمنى بىردىنلا ئۇنتۇپ:

— قايسىبىر ۋىجدانلىق يىگىت قىزلار ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلمايتىكەن، — دەۋەتتىم قەيسەرلىك بىلەن.

— رەھمەت، سىزگە!...

ئاشۇ «رەھمەت»نىڭ كۈچى بىلەن رەقىبلەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتىم-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— ئەپسىز ۋاقىتتا مۇنازىرە باشلىۋالغان دوستلىرىم، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەرسەك قانداق؟ — دېدىم.

ھېلىقى ئېگىز يىگىت رەقىبكە شىلتىپ سۆزلەۋاتقان قوللىرىنى بىردىنلا مېنىڭ بۇرنۇمغا ئەكەلدى ۋە قوللىرى بىلەن ھاۋادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دائىرە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن :

— ساڭا ئەپسىز بولغىنى بىلەن ، بىزگە ئەپلىك ۋاقىت ! سەنلەر ئوقۇتقۇچىلىقىڭدىن پايدىلىنىپ قىزلارنى ئازدۇرۇپ !… — دېدى .

— قوللىرىڭىزنى جايىدىراق ئىشلىتىڭ ! — دېدىم مەن ئۇ- نىڭ زوراۋانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ ،— يوق ، رەقىپ ، بۇلار بىلەن سۆزلەشكۇدەك ئىشىمىز يوق !— مەن رەقىپنىڭ قولىدىن تارتتىم . ئېگىز يىگىت ئاغزىنى بۇزدى . رەقىپ ئۇنىڭغا گۆلەيدى…

جېدەل بولۇش ئالدىدا ، مەن ئېگىز يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن :

— جېدەل قىلغۇچە ، بىز بىلەن بىللە سەيلىگە بېرىڭلارچۇ ، يورۇڭلار ، بىللە ئويناپ كېلەيلى ! — دېدىم . مېنىڭ سەممىي گېپىم ئېگىز مەستنى يۇمشاتتى . ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ ، تەنە ئارىلاش رەھمەت ئېيتتى :

— سېخىي يىگىت ! سىلەرسىزمۇ تاماشىمىز جايىدا ، ئوغۇل بالىچىلىقىڭغا رەھمەت ، قولۇڭدىن كەلسە گۇل قىس دېمەكچىمۇ- سەن ؟ ناھايىتى ياخشى ، رەۋىل ، كەرىم ، يور ، كەتتۇق !

ئۇلار قىقاس - چۇقان بىلەن كۇلۇشتى - دە ، ئاندىن بىرى ئۇشقىرتىپ جىر باشلىدى ، قالغانلىرى ئاغىل - تاغىل ئاۋاز بىلەن جىرلىشىپ ، بىزدىن يىراقلاشتى .

بىراق ، بىزنىڭ رەقىپ تۇتۇلۇپ قالدى ، ئۇ قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ماقۇل ، بىللە ئوينايلى دېسە قانداق قىلاتتىڭ ؟ — دېدى ئۇ ماڭا خاپا بولۇپ ، — تازا ئاشقا قوم ئارىلاشقان بولاتتى !

— مەيلى ئەمەسمۇ ! — دېدى ئادىلە نارازى بولۇپ ، — ھەر كىم ئۆز پۇتى بىلەن ماڭىدۇ ، ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەيدۇ !

— كۆڭۈلسىزلىك بولمامدۇ؟ — دېدى رەقىپ خاپا بولۇپ، — بۇ دارازا بار يەردە جېدەل بولماي قالمايدۇ!

— ئۇنىڭ جاجىسى سىلىق گەپكەنغۇ! — دېدى ئادىلە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ بار يەردە جېدەل بولماي قالمىسا، بىزنىڭ ئەلا بار يەردە ھەرقانداق جېدەل بېسىقىدىكەنغۇ!

... خۇاڭخې شاۋقۇنسىز، ئاستا ئاقماقتا. ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ ياتقان كەڭ دەريا، بىرلا قارىماققا ئۇيۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. كەچ كۈزنىڭ كەچكى سوغۇق شامىلى سېرىق يوپۇرماقلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان چىلان شاخلىرىنى ئۇشتەك چالغۇزىدۇ. دەريا بويىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ئولتۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىككى سائەت-تەك بولدى، سومكىلىرىمىز بوشاپ قالدى، ئۆيدە يېيىلمىگەن گۆش، سوغۇق سامسىلارمۇ قالمىدى. بىزنىڭ رەقىپ ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھە دېسىلا گۈزەلئاينىڭ بېقىنىغا كىرىۋالاتتى. ئادىلەنىڭ قىزىل ھاراقنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان قىزغىنلىقى ئەمدى تۈگىگەن؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ دولقۇنلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرىمۇ، چاقچاق، كۈلكىلىرىمۇ تۈگىگەن، ئۇ خاپا ۋە پەرىشان ھالدا تاش ئۈستىدە دەرياغا قاراپ ئولتۇراتتى. رەقىپنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كارى يوق، ھە دېسىلا گۈزەلئاينى چۆرگىلەيتتى. بۇ ھال مېنىڭ ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى. ناۋادا، قىز دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمىغان بولسىدى، مەن بەلكىم قىزغا بۇنچىلىك ھېسداشلىق قىلمىغان بولاردىم. مانا رەقىپ گۈزەلئاي-نىڭ ئالدىغا بىر رومكا ئاق ھاراقنى ئېلىپ كەلدى.

— مۇشۇنى ئىچىسىز! — دېدى ئۇ سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىچمىسىڭىز قاتتىق خاپا بولىمەن! — ئۇ قىزغا شۇنچىلىك يېقىن كەلدىكى، قىز ئىختىيارسىز مېنىڭ دالدامغا ئۆتتى.

— ئىچمەيمەن، رەقىپ ئاكا! — دېدى قىز تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — سىز بولسىڭىز، باشلىق، بىز بولساق، ئوقۇغۇچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىزنى هاراقىا زورلىسىڭىز قانداق بولغىنى !؟
— باشلىق ، ئوقۇغۇچى دېگەن سۆزلەر مەكتەپتە قالدى . بىز خۇاڭخې بويىدا ، بىز هازىر باراۋەر دوستلارمىز ! ئەكېلىڭە ، قولدىكىنى !
— ۋاي ئەلا ، ئۇنى تۇتۇۋېلىڭ ! — قىز يىغلايدىغاندەك قىلىپ ماڭا يېپىشماقتا ئىدى . مەن رەقىپنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم ۋە غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يالغاندىن كۈلدۈم :
— ماڭا تۇت ، مەن ئىچىمەن !
— ياق ، گۈزەلئاي ئىچىدۇ !
— مېنىڭ ئۈچۈن ئەلا ئىچىدۇ ! — دېدى قىزمۇ روھلىنىپ .
— راستمۇ ؟ شۇنداقمۇ ؟ ئەلانى ئۆزىڭىزنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇمسىزا ؟ مانا خۇشاللىق ، ئەكەل ، ئۆزۈم ئىچىمەن ، خۇشاللىق ئۈچۈن ، دوستۇمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىچىمەن !
ئۇ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى ، ئىككىنچى رومكىنى يەنە ئىچمەكچى بولۇۋىدى ، مەن رومكىنى تۇتۇۋالدىم :
— ماڭا بەرگىن ، مەن ئىچىمەن !
— ئەمىسە ، شېئىر ئوقۇ !
— ماقۇل ! — مەن نەۋائىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇدۇم :

ساقىيا ، مەن يۇتماغان خۇنابى هىجران قالدىمۇ ؟
بەرمەسەڭ مەي ، ئەمدى قان يۇتماققا ئىمكان قالدىمۇ !

— مەنىسىنى ئېيت !
— ئەي ساقىي ، مەن يۇتمىغان هىجران خۇنى قالدىمۇ ، مەي بەرمىسەڭ ، مەندە يەنە قان يۇتۇش ئىمكانى قالدىمۇ ؟
— يارايسەن ! — دېدى مۇرەمگە ئۇرۇپ رەقىپ ، — جايىغا تەگكۈزدۈڭ ، مانا ئىچ ، قان يۇتقۇدەك هالغا كەلمىدىڭ تېخى ،

ئەمدى كېلىسەن ، جەزمەن كېلىسەن ، قانداق دېدىم ، گۈزەلئاي ؟
— مەست بولۇپ قالىمەن ، ئىچەلمەيمەن !— دېدىم مەن قىز-لاردىن خىجىل بولۇپ .
— ئىچىڭ ! — دېدى گۈزەلئاي ئاجايىپ نۇرلانغان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ . ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ يۈزى شۇنچىلىك گۈزەل-لەشكەنىدىكى ، مەن راستتىنلا قىزدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم .
— گۈزەلئاينى تەسۋىرلەپ شېئىر ئوقۇ ! — دېدى رەقىپ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي .
مەن تولدۇرۇلغان رومكىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم . ئىچىمگە چوغ چۈشكەندەك ، پۈتۈن ئەزايىم قىزىپ ، شېرىن تۇيغۇلىرىم يۈزۈمگە ۋە كۆزلىرىمگە قان بىلەن ئۇرغۇپ چىقتى . ماڭا بۇ كېچە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈندى . ئاقىرىپ ياتقان دەريا ، يىراقتىكى ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىدىن چۈشكەن شولا ، قىرغاقتىكى يوپۇرماقسىز دە-رەخلەردىن تاشلانغان ، ئىزغىرىن كۈز شامىلىدا نازغىپ تۇرغان ، ئاق خەسكە چۈشۈرۈلگەن قارا كەشتىدەك كۆرۈنىدىغان ئالا كۆلەڭ-گىلەر ؛ قىرغاقتىكى قورام تاشلارغا ئاستا ۋە رىتىملىق ئۇرۇلۇۋات-قان سارغۇچ سۇنىڭ : «بۇلدۇق ، بۇلدۇق» ، «گاژ - گۇژ !» قىلغان غەلىتە ئاۋازلىرى ، نېرىقى قىرغاقتىكى ئېدىر قاپتاللىرى-دىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاغلىقلارنىڭ چىراغلىرى ؛ دەريادا تەمكىن ئېقىپ كېلىۋاتقان تولۇم قولۋاق ئۈستىدىكى دېھقان-نىڭ چۈشىنىكسىز ناخشىسى ۋە ناخشىنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقان پالاق ئاۋازىغا ماسلىشىشى... قىسقىسى ، دەريا بويىنىڭ ھەممىلا نېمىسى ماڭا گۈزەل ۋە سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى .
مەن ئىچىملىكتىن ۋە گۈزەلئاينىڭ ماڭا ئىنئام قىلغان چۈ-شىنىكسىز سىرلىق خۇشاللىقىنىڭ كۈچىدىن رەقىپنىڭ تەلىپىگە ئوڭايلا ماقۇل بولدۇم . ساۋۇتوف تەقدىم قىلغان شېئىرلاردىن

گۈزەللىككە بېغىشلانغان مىسرالار بىرمۇبىر يادىمغا كېلىشكە باشلىدى .

— مەن كلاسسىك شائىرلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ گۈزەللەرگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەي . تۆۋەندىكى مىسرالار سەككاكىنىڭ :

بويۇڭنەك بۈتمەدى بوستان ئارا سەۋرى راۋان ، ئى جان .
يۈزۈڭنەك ھەم ئاچىلمادى چەمەندە گۈلىستان ، ئى جان .

بۇ شېئىرنىڭ مەنىسى مۇنداق : ئەي سۆيۈملۈك يار ، بوستاندا بىرەر سەرۋى دەرىخى بويۇڭدەك گۈزەل يارالغىنى يوق ، چىمەنزارلىقتا ھېچقانداق گۈل سېنىڭ يۈزۈڭدەك چىرايلىق ئېچىلغىنى يوق .

— پاھ ، يارايسەن ، ئەلا ! ئىچتىم ئەمىسە ! توختا ، يەنە بىرنى ئىچىۋېتىپ ، ئاندىن كېيىن ئوقۇ ، — ئۇ رومكىنى ئۆز قولى بىلەن لېۋىمگە تەگكۈزدى . مەن گۈزەلئايغا قارىدىم . قىز ماختاشتىن مەست بولۇپ ھازىرلا ماڭا تاشلىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى :

— ئوقۇڭە . ھەي ئادىلە ، ئاڭلىغىنا ، ئاجايىپ شېئىرلار ـ ھە !

— مەن ئەمدى ئۇلۇغ شائىرلىرىمىزدىن لۇتپىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرىدىن بىرنەچچە مىسرا ئوقۇپ بېرەي :

ھەق ئول كۈنكىم جامالىڭ بار ئېتىبدۇر ،
جاھان ھۆسن بارىن سىزگە بېرىبدۇر .
پەرىيۇ ئادەمى مۇنداق خوپ ئېرمەس ،
پەرىشتە گۈيىيا كوكتۈن ئېنىبدۇر .
قۇياش ئايدەك يۈزۈڭنىڭ خىجلەتىدىن ،
قاچىپ تۆرتۈنچى كۆك ئۆزرە چىقىبدۇر .

مەن سۆزلەرنى دانىمۇدانە قىلىپ، چۈشىنىشلىك ئوقۇدۇم. مەستلىكتىن كېلىپ چىققان ھېسسىيات ۋە ياشلىق تەلپۈنۈشلىرى قوشۇلۇپ شېئىرنى تەسىرلىك ئوقۇپتىمەن. قىز بىردىنلا يۈزلىردىنى ئالىقانلىرى بىلەن تورنىۋالدى ۋە:

— ۋىييەي، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز! — دېدى.

رەقىپ نەق مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، مېنىڭ قولىقىمغا ئالدىراپ پىچىرلىدى:

— ھەرنەكەت قىل... ئەمدى قىز سىزنىڭ قۇچاقلىشىڭىزغا تەقەززا... بۇگۈن بۇلارنى قوندۇرىمىز...

مەن بىرى بېشىمغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتىم. مەن گەپ قىلغۇچە، رەقىپ ئادىلەنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭغا ھاراق زورلىدى:

— ئىچ، بىرلا رومكا!

— ئەكېلىڭ، ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچىمەن!

رەقىپ ھاراق بىلەن رومكىنى ئادىلەگە بەردى. ئادىلە چۈۋۇلغان چاچلىرىنى كەينىگە سىلكىپ قويۇپ دەريا بويىغا كەلدى ـ دە، ئاۋازلىق قىلىپ:

— مەنمۇ شېئىر ئوقۇيالايمەن، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار ـ ھە! — ئۇ غولچىنى كەردى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىچ خۇاڭخې! سەنمۇ مەست بولغىن، ماۋۇ بىزنىڭ مۇدىردەك تەلۋە بول، ماۋۇ ياش ئالىم ئەلادەك ھېسسىياتلىق بول، ئىچ، مە، بوتۇلكىسى بىلەنلا ئىچ!

ئۇ ھاراق بىلەن رومكىنى دەرياغا قارىتىپ ئاتتى.

بىزنىڭ تاماشىمىز سوغۇق ۋە كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى...

ئادەملەر قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى، بىزمۇ ماشىنا يالىلاش بىكىتىگە كېلىپ ماشىنا ياللىدۇق، خېلىغىچە جىم مېڭىشتۇق. بىر كەمدە شوپۇرنىڭ يېنىدا بىر ئۇخلاپ، بىر ئويغىنىپ ئولتۇرغان رەقىپ

بىردىنلا بېشىنى كەينىگە بۇرىدى :
— تاشلىۋەتكىنىڭ نېمىسى ، ئادىلە ؟
— بىزنى مەست قىلىپ قوندۇرۇپ قېلىپ ، نېمە قىلماقچىدىڭىز ، رەقىپكا ؟
— كۆڭۈل دېگەن نازۇك ، كۆڭۈل ئەينەككە ئوخشاش قاداق تۇتمايدىغان نەرسە !
— سۇنغان نەرسىنى قاداشنىڭ ھاجىتى يوق ! — ئادىلە غودۇڭشىدى . گۈزەلئاي خىيال بىلەن كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ بەدىنىدىن ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ تۇراتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن تۈيدۇرماستىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىمۇ ماڭا ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

ئەتىسىدىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنى قىزلاردىن قاچۇرىدىغان بولدۇم . مەن گۈزەلئاي بىلەن مۇھەببەتلىشىشتىن قورقاتتىم . چۈنكى ، بۇ خىل گۈزەل ، ھېسسىياتچان قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھېسابىغا مەن نۇرغۇن ئۆگىنىش ۋاقتىمنى ، قىزغىنلىقىمنى قۇربان قىلىۋەتكەن بولاتتىم . ئازابلىق كۈنلەرنى تارتساممۇ ، مەن كىتابلىرىم ۋە قەدىردان ئۇستىلىم بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالايتتىم . قىز مېنى كۆرسە يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ، ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدى . ئۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ تەلەپ قويۇشۇمنى ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىمنى كۈتۈۋاتاتتى . مەن بۇ تەقەززالىقىنى سەزدىم ، لېكىن مەن بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايتتىم...

شەنبە كۈنى ، كىنودىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن . ھاۋا سوغۇق ، ئىسسىق ياتىقىمغا ئالدىرايمەن . كۇلۇب جايلاشقان تۆپىلىكتىن ئالدىراپ تۆۋەنلەپ كېلىۋاتسام ، بىر قىز پاكار ئارچىلارنى ياناپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋېتىپتۇ . ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى ، مېنى كۆردى ۋە قەدىمىنى ئاستىلاتتى . مەن ئۇنىڭغا يانداشىپ كەلدىم . ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى ، پۇتلىرىم تىترىدى . «يىگىت - قىزلار

جۇپ ـ جۇپ بولۇشۇپ سىرتقا مېڭىشتىغۇ ، ماڭا نېمىشقا مۇمكىن ئەمەسكەن ! »… قەدەملىرىم ئاستىلىدى ، لېكىن شۇ چاغدا مېنىڭ ئىشكاپتىكى كىتابلىرىم مېنى چاقىرىۋاتقاندەك بىلىندى . مەن دەر - هال قىزنى كۆرمەسكە سېلىپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم… لېكىن ، ياتاققا كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم ـ دە ، ئىچىمدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە تېپىرلىدىم ، هېچ ئامال بولمىدى ، ئاخىر ئۆيدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يەنە هېلىقى پاكار ئارچىلارنىڭ يېنىغا باردىم . غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئارچىلارنىڭ غەمكىن سايىلىرىلا تۇراتتى . مەن گۈللۈكلەرنى ، سۇنئىي تاغنى ئارىلىدىم . تۆكۈلگەن يوپۇرماق ، سولاشقان گۈللەر ، يوپۇرماقسىز مەجنۇنتاللار ماڭا ئوخشاش مىسكىن ۋە پەرىشان كۆرۈندى . تۆمۈريول بويىدىكى سېـ -مونت يولنى بويلاپ تەنتەربىيە مەيدانىغا ، ئاندىن كېيىن كۇلۇبنىڭ ئالدى بىلەن بايا قايتقان يولۇمغا باردىم . ئادەمسىز يوللاردا ، مېـ -نىڭ يۈرەك دولقۇنلىرىمنى باسالىغۇدەك هېچ نەرسە ئۇچرىمىدى . مەن قىزلار ياتىقىنىڭ ئاستىدىكى مەيداندا — قارىغاي دالدىسىدا ئۇزاق تۇردۇم . گۈزەلئاينىڭ ياتىقى بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى . ياتاق غۇۋا يورۇق ، دېرىزىگە پەردە تارتىلغان ، نېپىز پەردە ئىچىدە بىر تال توم چېچىنى ئالدىغا چۇشۇرۇۋالغان گۈزەلئاي دۇگىلەك ئەيـ -نەككە قاراپ ، ئېڭىكىنى ئىككى جەينىكىگە تىرەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . مەن راستىنلا كـۆردۈمـمۇ ياكى تەسەۋۋۇرۇممۇ ، بۇ تەرىپى مۇهىم ئەمەس…

… كېچىلەر خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتمەكتە . مېنىڭ تەر - تىپلىك تۇرمۇشۇم ئۆزگەردى . كېچىسى ، ئەل ياتقۇدىن كېيىن مەكتەپ قورۇسىنى ئايلىنىش ، قىزلار ياتىقىغا قاراش ، كۈندۈزلـ -رى بىكاردىنلا نۇرغۇن ۋاقىتنى قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈش مېنىڭ مەشغۇلاتىمغا كېلىپ قوشۇلدى . مېنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى بىرىنچى بولۇپ جاڭ لاۋشى سېزىپتۇ . ئۇ بۇ ئەهۋالنى ما جۇرىنغا

مەلۇم قىپتىكەن ، ما جۈرىن مېنى بىر كۈنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى :

— قىزغا ئاشىق بولدۇڭمۇ ؟

— ھەئە !...— مەن گۇناھكار ئادەمدەك يەرگە قارىدىم ۋە بولغان ئىشنى تولۇق ئېيتىپ بەردىم . ئۇ دىققەت بىلەن تىڭشىدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ مەززىلىك چاي قۇيدى ـ دە :

— ياشلىقتا بولىدىغان ئىش . كىم بۇ ئىشتىن خالىي بولالىغان . ئىرادەڭ بىلەن ھېسسىياتىڭ كۆرەش قىلىدىغان پەيت كەپتۇ ، — دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن چاچلىرىنى سىيپاپ قويۇپ ، — ياكى ئىرادەڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قاتتىق ئىدارە قىلىپ ھېچقانداق يىگىتلىك ھەۋەسكە يول قويمايسەن ، ياكى بولمىسا ، شۇ قىزغا ئۆيلىنىسەن . ئالدىنقىسى قىيىن ، لېكىن پايدىلىق ، كېيىنكىسى ئوڭاي ، بىراق زىيانلىق ! قايسىسىنى قىلىمىز ؟

— بىرىنچىسىنى ، — دېدىم مەن تەستە غودۇڭشىپ ، — بۇ ئىشتا ئۆزۈم كەتكۈزۈپ قويدۇم . قىزلارنى مېھمانغا چاقىرىشقا يول قويمىساملا بولاتتى .

— ئىرادەڭ چىڭ ئەمەس ، — دېدى ما جۈرىن گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتىپ ، — بەربىر باشقا جايدا ئۇچرىشاتتىڭ . سىنىڭ ئۇ قىزغا بىكاردىنلا ئۆچ بولۇپ قېلىشىڭ چاتاقنىڭ باشلانغىنى . مېنىڭچە ، سەن بىرنەچچە يىل باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسەڭ بولاتتى . قىزلار دېگەن يىگىتلەرنىڭ خىيالىنى ئوڭايلا بەند قىلىۋالىدۇ . بۇنداق بولغاندا ، ھېچ ئىشنىڭ مەززىسى بولمايدۇ . ماقۇل ، ئۆزۈڭنى بىر سىناپ باق ، ئازابلانساڭمۇ قىزنى خىيالىڭدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ باق . ھازىر ، مۇنۇ ئەپتىڭدىن قارىغاندا ، كۆپ ۋاقتىڭنى قىزغا ، ئاز ۋاقتىڭنى ئۆگىنىشكە ئاجرىتىۋاتقان ئوخشايسەن ، راستمۇ ؟

مەن يەرگە قارىدىم . راست ئەمەسمۇ ؟ قايسى مىنۇتتا گۈزەل-

ئاينى ئويلىمىدىم؟...

مەن ئەھدىنامە يازدىم. يالغۇز ئۆيدە يازغان بۇ «نامە»نى ئىرادەمنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلدىم. «نامە»نىڭ بىرىنچى ماددىسى رەقىپتىن ئۆزۈمنى تارتىش، ئاندىن كېيىن قىزنى كۆرمەسكە تىرىشىش...

مانا بۈگۈن كەچتە رەقىپكە ئوچۇق ئېيتتىم:

— ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزىمەن دېسەڭ، كۆپ كەلمىگىن، كۆرگۈم كەلسە، مەن بىاراي. ئۇچراشقاندا قىزلار توغرىسىدا سۆزلىمە.

— ما جۇرىن دېگەن تۇڭگانىنىڭ ئەقلىمۇ بۇ؟ ئۇ مېنىمۇ هارغۇچە تەنقىد قىلدى. ئەمدى دەرۋىش بولاي دەپسەن - دە، خەير، ئەمىسە!

... ئازابلىق كۈنلەر، قىيىن ھەپتىلەر، كۆڭۈلسىز ئايلار ئۆتىۋەردى. قىش، باھار پەسىللىرىنى قىرائەتخانا بىلەن ياتاق ئارىلىقىدا مېڭىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. مانا ھازىر مەكتەپكە كەلگىنىمگە بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. مەن خېلىدىن بېرى ھېلىقى يىگىتلىك بەڭۋاشلىقلىرىمنى يىغىپ كېلىۋاتىمەن. ھازىر قىز توغرىسىدا كەمدىن - كەم ئويلايمەن. بىرنەچچە قېتىملىق ئاڭلىق تەتۈر قاراشتىن كېيىن قىزلارمۇ مېنى تاشلىدى. رەقىپمۇ بۇ توغرىسىدا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. يازلىق تەتىلدە ئېكسكۇرسىيىگە ماڭدۇق. بۈرناكۈن ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كەلدۇق. دېڭىز سۈيىدە يۇيۇنۇش، تاغلارغا يامىشىش، پويىزدا تەرلەپ - پىشىپ سەپەر قىلىشلار بىلەن چارچىغانىكەنمەن، بىر كۈن مىدىرلىمايلا ياتتىم - دە، بۈگۈن مانا قەدىردان ئۇستىلىمدە يەنە مۈكچىيىپ ئولتۇردۇم، كىتابلىرىم بىلەن كۆرۈشتۇم. ئالدىمدا خەنزۇچە يېزىلغان كىتابلار تۇرىدۇ. مەن بىر يىلدىن كېيىن، مانا ھازىر

www.uyghurkitap.com



خەنزۇ تىلىدا خېلىلا ياخشى سۆزلىيەلەيدىغان، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلالايدىغان بولۇپ قالدىم، گېزىت تۇرماق رومانىنىمۇ ئوقۇيالايمەن. «ئائىلە»نى باشلىۋەتكىنىمگە ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. كىتابتا ئۇچرىغان ناتونۇش سۆزلەر بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر، خەنزۇچە ماقال - ئىدىئوملارغا ئايرىم - ئايرىم دەپتەرلەرنى تۇتتۇم. ئۇلارنى زېرىكمەي، رەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىمەن. ۋاقتىنىمۇ ياخشى تەقسىم قىلىۋالدىم، خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن بىللە يازما ئەدەبىي بايلىقلارنىمۇ ئوقۇماقتىمەن. ساۋۇتوفنىڭ پىكرى بويىچە، مەن ئەدەبىي بايلىقلارنى ئوقۇشنى موللا بىلالدىن باشلىدىم. بىزنىڭ كافېدرانىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى ئۆزبېكچە «موللا بىلال شېئىرلىرىنىڭ توپلىمى»نى ئالدۇردى. مەن بۇ كىتابنى ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلدىم. ئۆزۈمچە ساۋۇتوف ئۆزى تۈزۈپ چىققان «چاغاتاي تىلى ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» ناملىق كىتابنىڭ قولىيازمىسىدىن پايدىلىنىۋاتىمەن (بۇ كىتاب نەشر قىلىنمىغان)، «نۇزۇگۇم» بىلەن «غەزەلىيات»نى تۈگەتتىم. «چاڭموزا يۇسۇپخان»نى ئەمدى باشلايمەن. يازما ئەدەبىياتىمىزنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، پەلسەپە ئۆگىنىشكىمۇ مەخسۇس ۋاقىت ئاجراتتىم. بۇ بىلىملەردىن تۇتقان خاتىرەممۇ بارغانچە قېلىنلاشماقتا...

دۇەن جياۋشۇ[1] بۈگۈن مېنى ماختىدى:

— ئەمدى خەنزۇ تىلى بىلەن پىكىر قىلىشنى مەشىق قىلىڭ، شۇ چاغدا تىل ئۆتكىلىدىن تېزرەك ئۆتەلەيسىز. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى توغرىسىدا» قىسقىچە ماقالە يېزىپ چىقىڭ. ئۇيغۇرچە يېزىۋېلىپ تەرجىمە قىلىسىڭىز ھېساب ئەمەس، بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىدا يېزىڭ. لېنىنمۇ تىل ئۆگىنىشتە دائىم باشقا مىللەت تىلى

① جياۋشۇ — پروفېسسور.

بىلەن ماقالە يېزىشنى ئەڭ ياخشى مەشىق دەپ قارىغان .
مەن ماقالە يېزىشقا ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىدىم ، پوچتىكەش خەت-لەرنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قويدى : ھاشىر ، تاشپولات ، قۇرماش ، ئوسمان ، ساۋۇتوفلارنىڭ خېتى كۆزۈمگە چۈشتى .
— ئۈچ ئاي بولدى ! — دېدى پوچتىكەش ، — سىز خەت ئالمىغىلى ، خەتلىرىڭىزنى يىغىپ قويغانتىم .
مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ـ دە ، ئالدىراپ ھاشىرنىڭ خېتىنى ئاچتىم .

«سالام ، ئەلا .
ئېكسكۇرسىيىگە مېڭىشتىن بۇرۇن يازغان خېتىڭنى تاپ-شۇرۇۋېلىپ ھەيران قالدىم . سەن ھازىر ھەقىقىي ‹تالىپ› بولۇپ قاپسەن ، خېتىڭ گويا باشقا بىرىنىڭ نامىدىن يېزىلغاندەك تەسىر قىلدى . خېتىڭدە قىلچىمۇ سىياسىي ئىنتىلىش يوق ، ساپلا ئەھمەد يۈكنەكى ، نەۋائى ، زەلىلى ، نىزارىلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ . تېخى ماڭا مال زاكاز قىلىپ ، ‹دى-ۋان›لار ئۇچرىسا ، قانچە قىممەت بولسىمۇ ئېلىپ ئەۋەت دېگىنىڭگە ئۆلمەيمەنمۇ ؟ ‹گوگۇلغا خەت›نى يادلاپ ياخشى قىپتىكەنمىز ، ساڭا بېلىنسكىينىڭ بىرلا سۆزىنى قول-لىنىپ قوياي : ‹سېنى لەنجۇدىكى خۇدايىڭ ئۆزى كەچۈر-سۇن›... بىلەمسەن ، ھازىر پۈتۈن جۇڭگولۇق نېمىلەر توغرى-سىدا سۆزلەۋاتىدۇ : خەلق گۇڭشېسى ، سەكرەپ ئىلگىرى-لەش ، پولات تاۋلاش ، جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشلار... ساۋۇتوفنىڭ ھېلىقى ئاشخانىدا ئېيتقان سۆزلىرى-نىڭ مەنىسىگە ئەمدى چۈشەندىم . ئاڭلىغانسەن ، ئۇ قانچىلىك خەتەرلىك ئادەم ئىكەن ؟ ئۇنتۇما ، سەن ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان ، پارتىيىنىڭ زاپاس ئارمىيە-

سى . بۇلتۇردىن بېرىقى سىياسىي ھەرىكەت سېنىڭدىكى سىياسىي ئىنتىلىشنى ئۆستۇرۇشنىڭ ئورنىغا ، تۆۋەنلىتىۋەتكىنىگە ھەيرانمەن . بۇنىڭدىن كېيىن رازىيە توغرىسىدا ماڭا ھېچنېمە يازما . ئاڭلىغانسەن ، ئۆمەر ئەپەندى «ئوڭچى» بولۇپ چىقىپتۇ . ساڭا بىرلا خۇش خەۋەرنى يازىمەن . مەن پارتىيىگە كىردىم . ئەمدى مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى كوممۇنىزم ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پارتىيىنىڭ بىر ئەزاسىمەن… » .

مەن ھەم خۇشال ، ھەم ھەيران بولدۇم . خۇشال بولغىنىم ، ھاشىر پارتىيە ئەزاسى بوپتۇ . بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا ، مۇشۇ ئىشنى ھاياتىمىزدىكى ئەڭ زور ئىشلارنىڭ بىرى دەپ قارىغان ۋە «گۈزەل غايە» ئۈستىدە سۆزلىگەندە ، «پارتىيە ئەزاسى بولۇش»نى ئەڭ زوق بىلەن سۆزلەشكەن . بىر يىلغا بارمايلا ، بۇ «غايە»نى بىرىنچى بولۇپ ھاشىر ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ . مەن بۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم ، لېكىن خۇشاللىقىمنى ھەيرانلىق ۋە تېڭىرقاش بېسىپ كەتتى . ساۋۇتوفنىڭ «ھېلىقى ئاشخانىدا ئېيتقان سۆزلىرى» ، «خەتەرلىك ئادەمكەن» ، «رازىيە توغرىسىدا ماڭا ھېچنېمە يازما» ، «ئۆمەر ئەپەندى 〈ئوڭچى〉 بولۇپ چىقىپتۇ»… ساۋۇتوف ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ، ئۇيغۇر تارىخى ، دۇنيا ئەدەبىياتى توغرىسىدا سۆزلىدىغۇ ، بۇ سۆزلەرنى بىر ئىلىم ئەھلى ئەلۋەتتە سۆزلىشى لازىمغۇ ؟ ياكى مەن راستتىنلا ۋەزىيەتتىن ئارقىدا قېلىپ ، بۇ تارىخ توغرىسىدىكى سۆزلەرنىڭ كەينىدە يوشۇرۇن مەنە بارلىقىنى سېزەلمەيۋاتىمەنمۇ ؟ مەن كۆڭلۇمدە ، رازىيەنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى توغرىسىدا قىسقىلا قىلىپ خەت يازدىم ، ھاشىر ھاياجان بىلەن جاۋاب يازىدۇ ، دەپ ئويلىغان ئەمەسمىدىم . «خەت يازما ، سەۋەبى ، دادىسى ئوڭچى بولۇپ چىقىپتۇ» دېگەن

سۆزنى مېنىڭ سالماقلىق، ئەقىللىق ۋە قىزغىن دوستۇم ھاشىر يازدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىمغۇ! رازىيەنىڭ ساپ مۇھەببىتى دادىسى-نىڭ ئوكچى بولۇپ قېلىشى بىلەن «جىنايەت»كە ئۆزگىرىپ قال-غانمىدۇ - ھە؟...

مەن ئۆمەر ئەپەندى بىلەن رازىيە توغرىسىدا، ئۇلاردىن نەپرەت-لىنىۋاتقان دوستۇم ھاشىر توغرىسىدا ئۇزاق ئويلاندىم. مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر سىردىشىدىغان دوستۇم، «ئىككى گەۋدە، بىر يۈرەك» دېيىشىدىغان ئادىمىم، بۇگۈن مېنىڭ قەدىرلەيدىغان ئادەملىرىم ۋە قاراشلىرىمغا نەپرەت بىلەن قارىماقتا. مەن خاتا قىلىۋاتىمەنمۇ ياكى ھاشىرمۇ؟...

مەن ساۋۇتوفنىڭ خېتىنى ئاچتىم.

«ئىنىم ئەلا، ئىشىنىمەن، سىز مەندىن نەپرەتلەنمەي-سىز. مەن بۇلتۇرقى يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پولات زاۋۇ-تىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدۈم. ‹تارىخ تەتقىقاتى سىياسىي غە-رەز بىلەن بولۇۋاتقان ئىش›، دېيىلسە، بەلكىم سىزمۇ ئىشەن-مەسسىز. ئاخىر، بىر پارچە ئۇستىخانىڭمۇ تارىخى بولىدى-غۇ. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نېمىشقا تا-رىخى بولمايدىكەن؟ تارىخى بولىدىكەن، بۇ توغرۇلۇق نېمىشقا ئىزدىنىشكە، گەپ قىلىشقا بولمايدىكەن؟ مەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئىشىنىمەن، پارتىيىمىز — ئادىل، ھەققانىي پار-تىيە. مۇنۇ ۋاقىتلىق ئۇقۇشماسلىق ئاخىر تۈزۈلىدۇ. بىزنى قارا بوياق بىلەن بوياپ ئاچىقىپ ئۇر - ئۇرغا سالغۇچى ئاخىر ئاشكارىلىنىدۇ ۋە ھالاك بولىدۇ. قولىيازمىلىرىمنى، قىسمەن كىتابلىرىمنى سىزگە ئەۋەتتىم، ساقلاپ قويۇڭ. ناۋادا، ئۆ-لۈپ كەتسەم، سىزگە مېنىڭدىن قالغان قىممەتلىك سوۋغا بولار، ئۆلمەي قالسام، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەرمىز. ئىقتى-

www.uyghurkitap.com

سادىتىن قىينالدىم ، ناۋادا ھالىڭىز ياخشى بولسا ، موخوركا پۇلى ئەۋەتىپ تۇرارسىز… »

قوللىرىم غالىلداپ تىترىدى ، كۆزلىرىم تۇمانلاشتى ، يادىمغا مېنى تەقسىم قىلغۇچى كادىرنىڭ : «بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساۋۇتوف ئېخى تۇرمىگە كىرىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزى كەلدى . ساۋۇتوفنىڭ يېشى ئەللىككە قاراپ كېتىۋاتىدۇ ، تېخىچە ئۆيلەنمىدى . نە ئۆي ، نە شەخسىي ھالاۋەت بىلەن ھېسابلاشماستىن ، خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ، مەدەنىيىتى توغرۇلۇقلا ئويلايدۇ ، پۈتۈن ھاياتىنى ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بىر ئادەم نېمىشقا قەدىرلەنمەيدۇيۇ ، مۇنۇ رەقىپتەك ھە دېسىلا كىيىم ، تاماق ، قىز ، ئۆيۈن - كۈلكە ، مەنسەپ - ئاتاق توغرىسىدىلا ئويلايدىغان ئادەملەر قەدىرلىنىدۇ - ھە ؟ مېنىڭ ھاياتىمدا ، دۇنيانى تونۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتامدۇ ياكى شارائىتتا ، ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتامدۇ ؟

مەن نۇرغۇن ئويلاندىم ، قالغان خەتلەرنى يۇزەلا ئوقۇپ چىقتىم . ئوسمان زۇلخۇمار بىلەن ئاخىر چىقىشىپ قاپتۇ . ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ . تاشپولات كىچىك ئاپىسىنىڭ قىزىنى كېلەر يىلى ئېلىپ كەلگۈدەك ، ئۇ ھازىر ھەدەپ پۇل يىغىۋېتىپتۇ . قۇرماش گۈلزار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىز بىلەن يۇرۇۋېتىپتۇ . ئوسماننىڭ يېزىشىچە ، نامەت ھازىر ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ قويۇپ ، مەكتەپنىڭ خوجىلىق ئىشى بىلەن بولۇۋېتىپتۇ . يېقىندا بىر سودىگەر ئايال بىلەن توي قىلىۋاپتۇ ، ئايالنىڭ يېشى نامەتتىن ئون ياش چوڭ ئىكەن…

دوستلىرىم ئۆزگەرمەكتە . ھايات ئۆزگەرمەكتە . بىز مەكتەپتىن يېڭى چىققاندا «غايە» بىلەن دوست ئىدۇق . ھازىر مېنىڭ دوستلىرىم بۇ توغرىسىدا ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى . خىيالدىن

ئەمەلىيەتكە كۆچمىگەن يالغۇز مەنلا ئوخشايمەن . مەن قۇرۇق خى-
يال ھېسابىغا گۈزەلئايدىن ، كۆرۈشكە تېگىشلىك راھەت - پاراغەت-
تىن قۇرۇق قېلىۋاتىمەنمۇ ؟ دوستلىرىم قىزلار بىلەن تېپىشقانلى-
قىنى چوڭ خۇش خەۋەر ، ھاياتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش قىلىپ
يېزىشىۋاتىدۇ . مەن نېمىشقا بۇ ھايات ئىنئام قىلىۋاتقان خۇشاللىق-
تىن بەھرىمەن بولالمايمەن؟ ماڭا ھېچ توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىق
يوققۇ...

بىردىنلا يادىمغا رازىيە كەلدى . ئۇنىڭ خېتىدىكى ئوتلۇق
سۆزلەر قۇلىقىم يېنىدىلا جاراڭلىدى . مەن ھاشىر ئۈچۈن ، ئۇنىڭ
رازىيەگە قىلىۋاتقان قوپاللىقى ۋە خەتلىرىدىكى رەسمىيەتچىلىكى
ئۈچۈن قىزاردىم . رازىيەنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ھاشىرغا ئىشى-
نىپ ئېيتقانلىقىم ، شۇنچە نازۇك ئىشقا ھاشىرنىڭ سوغۇق مۇئا-
مىلە قىلىشى ، بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ خورلىنىشى... كەچۈرگۈسىز
گۇناھتەك بىلىنىشكە باشلىدى .

مەن مەقسەتسىزلا لۈڭشۈيشەن تېغىنىڭ ئەگرى يوللىرى بىلەن
شىپاڭغا قاراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدۈم . پۈتۈن يول بويى ئۆزۈم جاۋاب
بېرەلمەيدىغان سوئاللارنى ئويلاپ ماڭدىم . چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاق-
تىم باش - ئۇچى يوق خىياللار بىلەن شىپاڭدا ئۆتتى .

چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىنلا غەشلىكتىن قۇتۇلالىدىم . خەنزۇ
تىلىدا ماقالە يېزىش ئۈچۈن مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا باردىم . مەن
ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتىم ، ژۇرنىلىم بىردىنلا يېپىلىپ كەتتى . بۇ
قوپال چاقچاققا تېرىكىپ ، بېشىمنى ئېتىتىك كۆتۈرۈپ قارىسام ،
بىر جۈپ قىز كۈلۈپ تۇرۇپتۇ . قىزلار چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇر-
غان ، سۇس يېشىل رەختتىن پار قىلىپ شىم - پىلاتى كىيىشكەن ،
ئۇلاردىن گۈپۈلدەپ خۇشبۇي ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى . بۇلار
مەن يېرىم يىلغا يېقىن كۆرۈشمىگەن ئادىلە بىلەن گۈزەلئاي ئىدى .

— ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ، بىزگە بىر سائەت ۋاقتى-

www.uyghurkitap.com

ئىگىزنى سەرپ قىلىسىز ، — دېدى ئادىلە كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىز پاراڭلاشمىغىلى يېرىم يىل بوپتۇ . قاراڭە ، يېرىم يىل ئىچىدە بىز قانداق ئۆزگەردۇق : سىز كۆسەيدەك قارىداپ كېتىپسىز ، مەن بەش قېتىم ئاغرىپ ساقايدىم . گۈزەلچۇ ؟ بىچارە دوستۇم ئورۇقلاپ يىكتەك بولۇپ قالدى ، گەپمۇ قىلمايدۇ ، ناخشىمۇ ئېيتمايدۇ ، كەچ كىرگۈچە رومانلا ئوقۇيدۇ . ئاتمىش ياشلىق مومايدەك كاڭ بوغۇزدىن تۇرمايدىغان بولۇپ قالدۇق . نېمانچە ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز ؟ بىز سىزنى شۇنچىلىك قاتتىق رەنجىتتۇقمۇ ؟ دوختۇرخانىدا ياتقىنىمنى رەقىپكام سىزگە ئېيتمىدىمۇ ، يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭىزا ؟...

مەن جاۋاب بېرىش ئورنىغا گۈزەلئايغا قارىدىم . قىز ماڭا لاپ قىلىپ نەزەر تاشلىدى ـ دە ، قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى . قىز راستتىنلا ئورۇقلىغان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، يۈزى كىچىكلەپ ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى . يېرىم يىلدىن بېرى بىر كۈنمۇ خىيالىمدىن كەتمىگەن مۇنۇ چىرايغا قانداقمۇ تىكىلمەي تۇرالايمەن ؟ بىرلا تىكىلىش بىلەن ۋۇجۇدۇمنى يەنە قىزغىن بىر ئىنتىلىش ، كۈچلۈك ھارارەت چۇلغىۋالدى . مەن مانا شۇ چاغدىلا بۇ قىزنى ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ، مۇھەببەت ھېسسىنى سۇنئىي يول بىلەن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدىم .

— دېگىنىز سۆيىدە يۆيۈنۈپ ، قۇمدا يېتىپ —... دېدىم قىزلارغا .

— قارا قۇمدا ياتقان ئوخشىمامسىز ؟ شاكىراب ئۆرتىۋەتتىمۇ يا ؟— ئادىلە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى .

— بىزدەك ئالىيۇمىن مىجەز يىگىتنى ئۆرتىمەك ئاسان گەپمىكەن ، — مەن ئاستا جاۋاب بەردىم . گۈزەلئاي يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . ئادىلە بۇنداق پەيتنى بوش قويامتىمۇ ؟

— ۋاي ـ ۋۇي ، دەپ كەتكىنىنى تېخى ، ئالىيۇمىن مىجەز

بولامسىز ، سىز بىر چويۇن ، تازا قارا چويۇن ، شۇنچە ئوتقا قاقلىـ ىسىمۇ تەستە قىزىيسىز . گۇزەلئايچۇ ؟ قاراڭە ، جۇدەپ كەتكىنىنى ، ها... ها... ها... ۋاي نازۇكلارەي ، سۆزلىشىۋېلىڭلار...

... بىز جىمجىت كېتىۋاتىمىز . مېنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىم ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىزنىڭ سىلىق بىلەكلىرىگە تېگىپ كېتىدۇ . مەن ئۇنىڭغا كۆز قىرىم بىلەن قاراپ قويىمەن ، قىز غىجىملاپ تۇتۇۋالغان قولياغلىقى بىلەن پات ـ پاتلا يۇزىنى سۇرتۇپ قويىدۇ .

— ... سىز رەنجىپ قالدىڭىزمۇ ؟...— گۇزەلئاي تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن مېنىڭدىن سورىدى ، — بىزدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپلا يۇرىسىز ؟

بۇ ، جاۋاب بېرىش قىيىن بىر سوئال ئىدى . راستى بىلەن جاۋاب بەرسەم ، ئەلۋەتتە ، قىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قىلىنىدىغان مۇناسىۋەت پۇتۇنلەيلا باشقىچە بولۇشى تۇرغان گەپ ، قىزمۇ بۇنى چۇشىنىدۇ . ئۇ مېنىڭدىن مانا مۇشۇ راست جاۋابنى كۇتەتتى ، لېكىن مەن مىجەزىمگە يات بولسىمۇ ، يالغان جاۋاب بېرىشنى لايىق كۆردۇم .

— ئۆزۇمنى قاچۇرمىدىم ، ۋاقىت چىقىرالمىدىم...

— رەقىپكامىنىڭ دېيىشىچە ، سىز دوستلاردىن كۆرە كىتابنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز ، راستمۇ ؟

— بۇ ، رەقىپنىڭ كۆزقارىشى . مەن ھەقىقىي دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن...

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھەقىقىي دوستلۇق ئورنىتىلمىدى ـ دە ، لېكىن مەن سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن...

قىز بۇ گەپنى خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا ۋە يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى . مېنىڭ دەرھاللا : «مەنمۇ خالايمەن ، بەلكى دوستلۇقىنىمۇ چوڭراقىنى خالايمەن !» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى ، لېكىن ئۆزۇمنى تۇتۇۋالدىم . خۇددى مۇھەببەت مېنى خاراب قىلىدـ

www.uyghurkitap.com

دىغاندەك ، مېنىڭ ئارزۇلىرىم ، ئىزدىنىش ۋە ئەمگەكلىرىم مۇشۇ «مۇھەببەت» دېگەن بىرلا سۆزنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىندى ـ دە ، گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكىدىم :

— رادىئودىن سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم ، ئاۋازىڭىز ئەجەب يېقىملىق ، ساپ ئىكەن . گۇزەلئاي ، سىز خالىسىڭىزمۇ ، خالىمىسىڭىزمۇ ، بىز ھازىر دوستقۇ ، سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەمسىز ؟

مېنىڭ ھېسسىياتسىز گەپلىرىم قىزنى رەنجىتتى . ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىنىدى ـ دە ، يىراقلارغا قاراپ ، ئۆزىنىڭ مەغرۇر ، بىپەرۋا ھالىتىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈردى . مەن ئۇ-نىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى بايقىدىم : ئۇ ئۆز سىرىنى بىمەھەل ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىمەكتە ، ئازابلانماقتا ۋە خورلۇق ھېس قىلماقتا ئىدى . مەن ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇۋالايمەنغۇ ، لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئۆزۈمگە ناھايىتى چوڭ ئازاب تېپىۋالىمەن . گەرچە مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسەممۇ ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا ئاجىزمەن . مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېنى مەنسىتمەسلىكىنى ، ماڭا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق تەكەببۇرلۇقى بىلەن ھەيۋە ۋە بىسىم كۆرسىتىشىنى خالايمەن . دېمەك ، مەن ئۇنىڭدىن سەمىمىيلىكنى ئەمەس ، ساختىلىقنى ، ئالدامچىلىقنى تەلەپ قىلىمەن… لېكىن بۇ چاغدا خىيالىمدىن نەۋائىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئۆتتى :

سۇبھىدەك ھەردەمدە گەردۇن قويماغاي ئاسارىنى ،
ناگا ئەھلى سىدقى كۆڭلى مېھرىن ئېپشا ئەيلەسە .

(چىن ئاشىقلار ئۆز ئىشقىنى ئىزھار قىلماقچى بولسا ، پەلەك قاچان بولمىسۇن ، ئۇنى سۇبھىدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىپ

تاشلايدۇ ) .

مانا شۇ تاپتا ، ھەر ئىككىلا كۆڭۈلدە بىر ئارزۇ ئوت بولۇپ ياناماقتا . ئۇلارنىڭ بەدىنى ماگنىتتەك بىر - بىرىنى تارتىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەڭ شېرىن ، لەززەتلىك ياشلىق تۇيغۇلىرى بىر - بىرىگە سۇبھەدەك ئوچۇق - ئاشكارا ، لېكىن قىزدىكى ئىپپەت - نومۇس ، ئىنسانىي غۇرۇر ؛ يىگىتتىكى دۇنيادا مۇھەببەتتىنمۇ لەززەتلىك نەرسە بار ، ئۇ ، غايە يولىدا ئىزدىنىش ، مۇھەببەت بۇ ئىزدىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان نەرسە بولغاچقا ، مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن نېرىگە ھەيدەيمەن دەيدىغان سۈنئىي ئېتىقاد ، بۇ مۇناسىپ بەدەنلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرماقتا . ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ساپ نەرسىلەرنى يالغان نەرسىلەر بىلەن ئالماشتۇرماقتا… مەن مانا بۇلارنى بىلىمەن ، لېكىن مېنىڭمۇ ساختىلىق قىلماسلىقتا ئامالىم يوق…

شۇنداق قىلىپ ، ئون مىنۇتلۇق ھودۇقۇشتىن ، ھاياجاندىن كېيىن ، بىز بىر - بىرىگە قارىمايدىغان ، ھەتتا بىر - بىرىگە دۈشمەندەك قارىشىدىغان ئىككى ئادەمگە ئايلىنىپ قالدۇق .

— مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم ،— دېدى گۈزەلئاي سوغۇق ئاۋاز بىلەن ، — سىز بىلەن خوشلىشىپ قوياي دېۋىدىم .

— رەھمەت سىزگە ، قاچان ماڭىسىز ؟

— بۈگۈن ، كەچلىك پويىز بىلەن .

— مەن ئۇزاتقىلى بارىمەن .

— رەقىپكام بىلەن ئادىلە بارسا بولدى ، سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

بىز يەنە جىم بولۇپ قېلىشتۇق…

… شۇنىڭدىن كېيىن گۈزەلئاي بىلەن يەنە خىيالىمدا مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدىم ، ھامان ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى كۆز ئالدىم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن كەتمەيتتى . مەن ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايتتىم . رەقىپ پات ـ پات كىرەتتى ، ھە دىسىلا گۈزەلئاي توغرىسىدىلا سۆزلەيتتى ، مەن قاتتىق تىرىكەتتىم . بىر كۈنى ئۇنىڭغا :

— مەقسىتىڭ ھەل بولدى . مەن ئۇ قىزنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلدىم . ئۇ ھېلىقى چۆچەكلىك يىگىت بىلەن يۈرمىدىغۇ ، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلما ، مېنى تولا ئويۇن ـ تاماشىغا تارتما ، ئۇچ يىلدىن كېيىن مەن سېنىڭ بىلەن مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان بولىمەن ! — دېدىم .

— لېكىن ، گۈزەلئاي سېنى ياخشى كۆرىدۇ ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ، — پويىز ئىستانسىسىدا مەلۇم بولدى . ئادىلە ئىككىمىز ئۇزىتىپ بارغانىدۇق ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تىنىمسىز ھالدا بىرىنى ئىزدىدى ، كۆزىنى مۇشۇ ياقتىن ئۈزمىدى . پويىز مېڭىشقا گۇدۇك بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ ئادىلەنى قۇچاقلاپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى . بىلىپ تۇردۇم ، ئۇ سېنىڭ كەلمىگىنىڭگە يىغلىدى . بەلكىم يول بويى — بېيجىڭغا بارغۇچە يېشى قۇرۇمىغاندۇ . سەن بەختلىك جۇمۇ ، ئەلا . قىزلارنى بەختسىز قىلغان يىگىتلەر ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىسا بولىۋېرىدۇ !

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئەڭ بەختلىك ! — دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ، — سەن نۇرغۇن قىزلارنى بەختسىز قىلىشىڭ مۇمكىن ، باشقىلارنى بەختسىزلىككە ئۇچرىتىشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك !...

— ئۇنداق بولسا ، سەن بەختسىز ، ئاۋاق...

— ئەمما ، ئۇنىڭ ئورنىنى مۇنۇ كىتابلار بىلەن تولدۇرۇۋالدىمەن ، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ياتىقىمغا كەمرەك كەلگىن .

شۇنىڭدىن باشلاپ يالغۇز ياتاقتا ئېغىر ئەمگەك بىلەن ، ئازابتىن ، سېغىنىشتىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدۇم . كىتاب

ئوقۇش، يېزىش، كىتابلار توغرىسىدا ئويلاش، شېئىر يادلاش — ھەر كۈنى توققۇز - ئون سائەت مۇشۇنداق مەشىق ئېلىپ بېرىش، مېنى ئاستا - ئاستا قۇرۇق خىيالدىن ئازاد قىلدى. لېكىن، كوچىغا چىقسام، تاماق يېسەم خىيالىم بېيجىڭغا — گۈزەلئاينىڭ يېنىغا كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا كلاسسىك شېئىرلاردىن ئىختىيارسىز يادقا ئوقۇيمەن:

يەنە سەنسىزىن مۇنسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆزۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.
(سەنسىز مېنىڭ ئۈلپىتىم غەم بولدى،
كۆز ياشلىرىمغا يۈرەك قېنىم ھەمدەم بولدى)
قارايىپ كۆزۈم دەم - بەدەم زار يىغلار،
ئاڭا شامى ھەجرىڭدە ماتەم بولۇپتۇر.
(كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، تىنىماي زار يىغلايدۇ،
ھىجران ئوتۇڭ ئۈنۈڭ ئۈچۈن ماتەم بولدى)

—— نەۋائى.

شېئىرلارنى ئوقۇپ ئۆز ھالىمنى سۈرەتلەيمەن ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. غەمدىن، ھىجران ئوتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە قىرائەتخانىغا بارىمەن...

مەن بۈگۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ماقالەمنى پۈتتۈرۈپ دۆەن جياۋشۇغا بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئىشلىرىمغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىمكى، دوستلىرىمغا خەت يېزىشقىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. خەنزۇ تىلىدا يازغان تۇنجى ماقالەمدىن ئۆزۈمچە رازى بولدۇم. چۈنكى، مەن بۇ ماقالەمدە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى، شۇ ئاساستا يازما ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىنى

www.uyghurkitap.com

خېلى يورۇتۇپ بېرەلىدىم. بۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن تولۇق ئۈچ ئاي تەييارلىق قىلغان، نۇرغۇن قوشاقلارنى ئۇستازلارنىڭ، بولۇپمۇ لى لاۋشىنىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇ تىلىغا ئوڭۇشلۇق تەرجىمە قىلغانىدىم. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگەك مېۋىسى ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ. دوەن جياۋشۇ ئوقۇپ چىقىپ مۈرەمگە قولىنى قويدى ــ دە:

— مۆجىزە، بىر يىل ئىچىدە مۇشۇ دەرىجىگە يەتمەك راستتىنلا مۆجىزە. هازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر سەكرەپ ئىلگىرىلەش، سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگەنلىك، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سەممىي ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم.

— ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ، — دېدى ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ، — سادىر پالۋان توغرىسىدا يېزىڭ. سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت بويىچە «ئىلى سۇلتانلىقى»نى تەھلىل قىلىش كېرەك. سىز قورقماي ئۆز كۆزقارىشىڭىزنى قويۇۋېرىڭ. «غازات دەر مۈلكى چىن»نى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىشقا بولىدۇ. سىزگە قىيىن چۈشىدىغىنى، ئۆزىڭىز يازىسىز، ھەرپلىرىنى ئۆزىڭىز تىزىسىز، ئاندىن كېيىن بېسىپ تارقىتىمىز...

شۇنىڭدىن كېيىن مەن يېڭى ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. بۈگۈن كەچ كىتاب كۆرۈۋېتىپ ئۆزۈمچىلا هاياجانلاندىم ــ دە، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازدىم: مىسرالار، كۇپلېتلار پەيدا بولدى. لېكىن، تازا ئۇسسىغاندا ئۇنى ئىچسىمۇ، بۇنى ئىچسىمۇ ئۇسسۇزلۇق قانمىغاندەك بىر خىل سېزىم ھېس قىلدىم. قايناپ تاشقان ھېسسىياتلىرىم مىسرالارغا جايلاشمايۋاتقاندەك، هاياجانلىنىۋاتقىنىم بىلەن شېئىر يېزىۋاتقان باشقا بىر ئادەمدەك، يۈرىكىمدە قايناۋاتقان هاياجان مىسرالارغا تىزغاندا تارقاپ

كېتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. مەن جىلە بولۇپ قەلىمىمنى قويۇپ قويدۇم ۋە «تاغ شېئىرلىرى»نى جاڭ لاۋشى ئۆگەتكەن بېيجىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئاي نۇرى تالانى يورۇتقان، سەككىزىنچى ئاي ئاسمىنى شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە كۆكۈللۈك ئىدى. مەن دېرىزەمنى ئېچىپ قويۇپ ئاستىمدىكى شەھەرگە قارىدىم. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ھەر خىل رەڭلەردە يالت ـ يۇلت قىلاتتى، خۇاڭخې دەرياسى بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشىنى شېئىرىي پىكىر بىلەن بايان قىلسا، قانداق جانلىق بولاتتى ـ ھە؟ مەن نېمىشقا تاغ شائىرلىرىدەك پىكىرلەرنى ئېيتالمايمەن ـ ھە؟

مەن ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاغ شېئىرلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە شېئىرىي تەپەككۇردا قانچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇرلاپ بىلىشكە باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ كەمبەغەللىكىمنى بىلگەنسېرى، مېنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىم ئاشتى. مەن تاغ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئەللىك نەچچىسىنى يادلاپ بولغانىدىم، ئەمدى قالغانلىرىنى يادلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتىمەن.

… ھازىرقى ياتىقىم ئىككى ئېغىز، يەنە شۇ لۇكۇۋېيشەن تېغىنىڭ قاپتىلىدا. ياتىقىمنىڭ ئارقا تەرىپى باغ، نېرىسىدا گۈللۈك، تۆت تۇۋرۇكلۇك شىپاڭ ۋە فونتان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خىلمۇخىل گۈللەر، پىشقان ئالما ـ شاپتۇللار مەززىلىك پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. كېچىنىڭ سالقىن تاغ شامىلى بۇ مەززىلىك پۇراقلارنى بۇرنۇمغا پۇرىتىپ، يۇمشاق قوللىرى بىلەن چاچلىرىمنى سىيپايدۇ. تاغ قۇشلىرى خۇددى مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىشكەن، ئۇلار ھەر خىل مۇقامدا تىنىمسىز چۇرۇكلىشىدۇ، بۇلار تەبىئەتنىڭ سېخىي، ئارامبەخش مۆجىزاتلىـ

www.uyghurkitap.com

ـرى بىلەن بىرلىشىۋىلىپ ، لۇڭقۇيىشەن تىغىنى ماڭا بوشوك قىلىپ بەرگەندەك ۋە مۇشۇ بوشۇكتە مېنى ئۇخلىتىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتـ قاندەك تۇيۇلىدۇ...

ئىشىكىمنى ئىچىپ قويدۇم . مەن قاپتالدا بولغاچقا ، ئۆزۈمنى ئاستىمدىكى بەش قەۋەت بىنانىڭ يېشىل كاھىشلىق دۈمبىسىگە دەسسەپ تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن . ئاستىمدىكى شەھەر بولسا بىر خىلدا جىمىرلاپ تۇرىدۇ ، گويا يۇلتۇزلۇق ئاسمان ، ھاۋالىق قاپـ تال ، ئۇيقۇسىز شەھەر ، سەگەك دەريا ... ئومۇمەن ، تەبىئەتنىڭ ھەممىلا گۈزەللىكى ماڭا مەدەت بېرىۋاتقاندەك ، «ئوقۇ ، ئوغلۇم !» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . خەنزۇ تىلىدا شېئىر يادلاۋاتىـ مەن . بىلمىگەن خەتلەرنى يوغان قىلىپ يېزىپ چىقىمەن ـ دە ، مەخسۇس قىلىپ ئورنىتىلغان ئىلغۇچلىرىمغا ئىلىپ قويىمەن ، تېگىگە ئاھاڭ بەلگىلىرىنى ئېنىق ۋە توغرا يېزىپ قويۇپ ، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ تىلىمنى كۆندۈرىمەن . تىلىم ياخشى كۆنگەندىن كېيىنلا ئىنتوناتسىيە بىلەن شېئىرلارنى ئوقۇيمەن . مەن شېئىر يادلاشقا بېرىلگەندە كۆزلىرىمنى بىر ئېچىپ ، بىر يۇمۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن ، پەقەت ئارىلاپ دەم ئالغانلىرىمدىلا كىچە مەنزىرىسىـ نىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن .

— ياخشى ، ياخشى !

مەن چۆچۈپ قارىدىم . بوسۇغامدا ئاپئاق چاچلىرىنى كەينىگە قارىتىپ تارىغان ، ئالدى ئوچۇق ئاق كۆڭلەك ، پۇتىغا خەي كىيگەن پېشقەدەم ئادەم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .

— شۇي شۈجى ! — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ .

— ياخشى ئوقۇدىڭىز ، مەن خېلى بولدى كەلگىلى ، ھېچ قاراي دېمەيسىز ، ياخشى ، ئۆگىنىش روھىڭىز راستىنلا ياخشىـ كەن . مەن ئاڭلىغان ، لېكىن كۆرمىگەنىدىم !

شۇي شۈجى — مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ،

ئۇزۇن يىللىق ، تەجرىبىلىك مائارىپچى . ئۇ يەنئەندىمۇ بولغان ،
ئازادلىقتىن بۇرۇن ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا پارتىيىگە
كىرگەن ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشـ
تا ھارماي ـ تالماي ئىشلەۋاتقان رەھبەر . شۈي شۈجى پۈتۈن
مەكتەپتە چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئىگە . ئۇ ئادەمنىڭ ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا سىڭـ
دۈرگەن ئەجرى كۆپ . كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ھېكايە بولۇپ يۈرـ
گەن نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرىنى ، شۇ قاتاردا مېنى ئورۇنلاشتۇـ
رۇش ، تەربىيىلەش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇق ۋە غەمخورلۇقلىـ
رىنى مەن ئاڭلىغان . شۈي شۈجىنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ قېلىشىنى
مەن ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم . شۈي شۈجى مېنىڭ بىلەن قول ئېلىـ
شىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن كېيىن مېنىڭ كارىۋىتىمنى تۇتۇپ
باقتى .

— ماتراس سالمىدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، مەن تېگىمنى قاتتىقراق قىلىپ يېتىشقا ئادەتلەنگەن !

— ياخشى ئادەت ! سوتكىسىغا نەچچە سائەت ئۇخلايسىز ؟ —
دەپ سورىدى شۈي شۈجى .

— كېچىسى بەش ـ ئالتە سائەت ، كۈندۈزى بىرەر سائەت .

— ئازلىق قىلىدۇ . كېچىسى يەتتە ـ سەككىز سائەت ، كۈنـ
دۈزى ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۇخلىسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ .

— ۋاقىت يېتىشمەيدۇ ! — دېدىم مەن كۈلۈپ ، — مانا بۇ
مېنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىم .

شۈي شۈجى مېنىڭ خەنزۇچە يېزىلغان جەدۋىلىمنى سىنچىلاپ
قاراپ چىقتى ـ دە ، كۈلۈمسىرەپ :

— بۇ خەتلەرنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە .

شۈجى بوۋاق بالىسىنىڭ بىر يېڭى تاتلىق قىلىقىدىن زوقلانـ

www.uyghurkitap.com

غان ئاتىدەك خۇشال بولۇپ سورىدى :
— سىز بىرىلىپ ئۆگەنگىلى نەچچە ۋاقىت بولدى ؟
— بۇلتۇر توققۇزىنچى ئايدىن ھېسابلىغاندا ، بىر يىل بولۇشقا ئاز قالدى ، — دېدىم خىجىل بولۇپ .
— ياق ، — دېدى شۇجى ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، — مەن سىزنى بۇلتۇر ئۆكتەبىردىن كېيىن ، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلگەن زىيا-پەتتە كۆرگىنىم ئېسىمدە . ئۇنداقتا ئارانلا ئون ئاي بولدى .
مەن قارشىلىق قىلمىدىم . شۇجىنىڭ مېنىڭ قاچان كەلگىنىم ۋە نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىمگە كۆڭۈل بۆلگىنىگە ھەيران قال-دىم . مەكتەپتە ھەر مىللەتتىن مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار . پارتكوم شۇجىسى ھەممىلا ئادەم-نىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنىمۇ بىلەمدىغاندۇ - ھە ؟ ھازىر پۈتۈن مەكتەپ ئۇيقۇدا ، شۇي شۇجى بولسا كادىرلار ھەم ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشۇپ يۈرىدۇ . شۇي شۇجى بۇ ئىشلىرى بىلەن نېمىگە يەتمەكچى ؟ ئۇ ئادەم مۇشۇ يول بىلەن يەنىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىشنى تەمە قىلارمۇ ؟ ياق ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنى-يەت ، سىياسەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ . مەن خۇددى ھەربىر يېڭى خەتنى ئۆزلەشتۈرگىنىمدە قانچىلىك خۇشال بولغان بولسام ، شۇي شۇجىمۇ بىزنىڭ ئالغا قاراپ باسقان ھەربىر قەدىمىمىزدىن شۇنچىلىك خۇشال بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇ بىزنىڭ پارتىيىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى ئۆزىنىڭ مۇ-قەددەس بۇرچى ۋە ھاياتىدىكى خۇشاللىق ، شان - شەرەپ دەپ بىلىدۇ !
— قېنى ، سىز تاڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇڭ !— دېدى شۇي شۇجى كىتابنى قولىغا ئېلىپ ،— مەن كىتابقا قاراپ تۇراي .
مەن بۇ «ئىمتىھان»دىن ياخشى ئۆتۈش ئۈچۈن «تاڭ شائىر-

لىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۈچ يۈز پارچە »نىڭ بىر بېشىدىن يادقا ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن ھەربىر شېئىرنى توغرا ئاھاڭ بىلەن ئوقۇغاندا، شۇجى خۇشال بولۇپ، قوشۇلۇپ ئوقۇپ كېتەتتى. بەزىدە مېنىڭ مۇرەمگە قولىنى قويۇۋېلىپ خىيال بىلەن شەھەرگە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى، بەزىدە بولسا مېنىڭدىن شېئىرنىڭ مەزمۇن- نى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن تارتىنماستىن، ھەربىر سۆزنى ئۇقۇشلۇق ۋە توغرا تەلەپپۇزدا ئىزاھلاپ بېرەتتىم. شۇجى مېنىڭ شېئىرلىرىمنى بىر سائەت ئەتراپىدا تىڭشىدى. مەن يادلىغان شېئىرلار تېخى تۈگىمىگەنىدى، ئۇ مېنىڭ مۇرەمگە ئۇرۇپ:

— ئۇلتۇرۇڭ !— دېدى ۋە ئۆزىمۇ ئولتۇردى.

— سىز بۇرۇن خەنزۇچە بىلەتتىڭىزمۇ؟

— ياق.

— دېمەك، ئون ئايدا ساۋاتسىز ھالەتتىن بۇگۈنكى ھالەتكە يېتىپسىز - دە!

مەن گەپ قىلمىدىم. شۈي شۇجى ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللى- رىنى كەينىگە قىلىپ مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلىدى:

— بۇ سىناق نەتىجىلىك بولدى. دېمەك، سىز بىزگە، پارا- سەتلىك ياشلارنى تاللاپ ئوقۇتۇپ، تېز پۇرسەت ئىچىدە ياراملىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردىڭىز! بۇ، پەنگە يۈرۈش قىلىش، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، قا- لاقلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن تېز قۇتۇلۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر قىممەتلىك تەجرىبە. ئەلا، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزمۇ بىر سەكرەپ ئىلگىرىلىگەنلىك. ئاڭلىسام، بەزىلەر مۇشۇ خىل بېرىلىپ ئۆگىنىشنى «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا ماڭغانلىق دەپتۇ، بۇ توغرا ئەمەس! مەن باياتىن، خېتىنى بىلمىسەممۇ، سىز ئۆگىنىۋاتقان پەلسەپەۋى ۋە سىياسىي كىتابلارنى كۆردۈم، خاتىرە

www.uyghurkitap.com

يېزىپسىز ، كىتابلارنىڭ ئىچىگە شۇنچە جىق بەلگىلەرنى قويۇپسىز ، بېرىلىپ ئۆگىنىۋېتىپسىز ، بىزنىڭ ئالىملىرىمىز ، ئىنژېنېر ، يازغۇچى ، دوختۇر ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىشى لازىم . بۇ ، ئەلۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىلىم . ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈشى لازىم . بۇ ، ئۇلارنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن پۈتىدىغان ئەمگەكلىرىدە كۆرۈلۈشى كېرەك . شۇنىڭ ئۇچۇن ، مەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆز كەسپىنى پۇختا بىلىشىنى ، ئۆز كەسپى بويىچە چوڭ نەتىجە ئۇچۇن ئىنتىلىشىنى ۋەتەننى سۆيگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى دەپ قارايمەن…

كۆڭلۈمدىكى نۇرغۇن گۇمانلار يوقالدى ، نۇرغۇن تۈگۈچلەر يېشىلدى . دېمەك ، مەن خاتا قىلمىغانمەن . مەن : «ھاشىرنىڭ كۆزقارىشىدا خاتالىق بار ، كاللىسى تولىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدىم .

مەن پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىدا قىلچە قورۇنمىدىم ، بەلكى ئۇنى ئۆز ئاتامدەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭدىن ئىچىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان مەسىلىلەرنى سوراپ ئۇقۇۋالماقچى بولدۇم .

— شۈي شۇجى ، مەسىلەن ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلىپ تارىخ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانسا ، ئۇنداق ئادەم قەدىرلىنىشى لازىممۇ ، جازالىنىشى لازىممۇ ؟ — دەپ سورىدىم . شۇجى كۈلۈپ كەتتى ، ئاپئاق چېچىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ قويۇپ تاپسا بىلەن كارىۋات ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ماڭدى ـ دە ، سورىدى :

— مەسىلەن ، كىمنى دېمەكچىسىز ؟

مەن ساۋۇتوفنىڭ ئەھۋالى ۋە تارىخى توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم . شۈي شۇجى مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ

ئولتۇردى .

— ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئاز - تولا بىلىمەن ،— دېدى ۋە ئۇ ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ،— مەسىلەن ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 72 - ، 85 - ، 88 - يىللىرى دىڭلىڭلار (ئۇيغۇرلار ) ئۇخىڭ ، ئۇسۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ ، هونلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن نەچچە تۇمەننى يوقاتقانلىقى ، هونلارنىڭ بۇ هۇجۇم- لاردىن قورقۇپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىگە يۆتكەلگەنلىكى ، ئو- نىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارخانىيلار پادىشاھى بۇغراخاننىڭ بۇخارا شەھىرىنى ئىگىلەپ ، قەشقەر شەھىرىنى ئىككىنچى پايتەخت قىلغانلىقى ، 964 - ، 965 - يىللىرى ئۇيغۇرلار سۇڭ سۇلالىسىگە نۇرغۇن ئات ، ئېگەر ، ماتا - چەكمەن ، كالا قۇيرۇقى ، تېرە ماللار ، يۇڭ سېتىپ بەرگەنلىكى ، 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخا- نىيلار خانى يۇسۇپ قىدىرخاننىڭ چېرىيىگە هۇجۇم قىلغانلىقى ، چىڭگىزخاننىڭ شىنجاڭنى بېسىۋېلىشى ، ھەتتا 1370 - يىللىرى تۆمۈرنىڭ بەلخ شەھىرىنى پايتەخت قىلغانلىقى[1]... مانا مۇشۇنداق يىلنامىلەرنى ئانچە - مۇنچە بىلىمەن ، لېكىن ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا ماتېرىيال كۆرمىدىم ، ئۆگەنمەكچىمەن . سىز ماڭا ئۇي- غۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر قىسقىچە بىر ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ ، مەن كۆرۈپ چىقاي . تەتقىقاتچىلارنى قەدىرلەش لازىم . قەدىرلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ ، تەربىيىلەش ، ئۆستۈرۈش ، ئۇلارغا مەدەت بېرىش لازىم . مانا بۇ ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىشىمىز .

مەن شۇي شۇجىغا ئەدەبىيات تارىخىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇر- دۇم . شۇجى ياتاقتىن چىقىدىغان چاغدا ، مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ

[1] فېن جاشىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، خەنزۇچە نەشرى ، 163 - بەتتىكى جەدۋەلگە قارالسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىپ خوشلاشتى...

مەن ئەتىسىلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە كاتا-لوگىنى تۈزدۈم . ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات توغ-رىسىدا ، مەسىلەن ، ئابىدىلەر ، ئالتۇن يارۇق ، ئوغۇزنامە قاتارلىق-لار ئۈستىدە دۈەن جياۋشۇ قىسقىچە مەلۇمات يازدى . مەن قاراخا-نىيلار دەۋرىدىن تارتىپ موللا بىلال ، موللا شاكىرلارغىچە بولغان ئەدىبلىرىمىز ئۈستىدە بىلگىنىمچە يېزىپ چىقتىم . ئەلۋەتتە ، مې-نىڭ يېزىپ چىقالىشىمدا ساۋۇتوف ئەۋەتكەن كىتابلار بىلەن قول-يازمىلار يېتەكچىلىك قىلدى .

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ما جۇرىن مېنىڭ بېيجىڭغا — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىن بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى .

## 3

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھەر خىل مىللىي كىيىملەرنى كى-يىپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، سازلار بىلەن تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىككى سائەتتەك بولدى . ھېچكىم بۇ تۇرۇشتىن ۋە كۈننىڭ تەپتىدىن نالە قىلمايدۇ . تەرلىگەن ئادەملەر مەكتەپ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى تە-رەپكە كۆز ئۈزمەستىن قاراپ تۇرىدۇ . بىزگە بىرلا ئىش ئېنىق : مەركەزدىن مۆھىم رەھبەرلەردىن بىرى كەلگەن . بىز ئاشۇ رەھ-بەرنى كۈتۈۋېلىشقا تۇرۇۋاتىمىز . باشقىلار ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ . مەن بولسام ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن : «ئەلا ، مانا دۆلەت رەھبەرلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇڭ ، سەن كۆزلىگەن مەق-سەتلىرىڭگە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتىسەن . ئارانلا ئونىنچى سى-نىپنى تۈگەتكەن بولساڭمۇ ، ئۆزۈڭنى ھەركىم بىلەن سېلىشتۇ-رۇشتىن يانمايدىغان مەغرۇر يىگىت ئىدىڭ ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگى-

-نىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇڭ ، ئوقۇغىنىڭنى چۈشىنەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن ، ئۆزۈڭنىڭ نەقە-دەر بىلىمسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلدىڭ ! سەن هازىر بىلىملىك بولۇش كويىدا تىرىشىۋاتىسەن . سەن قاپقارا پاچاقلىرىڭنى ئەتىيازنىڭ سې-رىق شامىلىدىن قوغداش ئۈچۈن ، چىغ ۋە تېۋىلغا دالدىلىرىدىن پاناھ ئىزدەيدىغان قويچى ئىدىڭ ، شۇ چاغلاردا مۇيەتتىش كەپتۇ دېسە ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ مىنگەن ئېتى قانداق بولىدىكىن ، ئېتىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالاي دەپ ، باغ ئارىلاپ ، شورا ئاتلاپ ، سۇڭگۇچلەردىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ، ئۆگزە ياكى سوكال تاملارنىڭ كەينىدىن مارايدىغان ، جۇل - جۇل كىيىملىك يېتىمەك ئىدىڭ . مانا بۈگۈن داھىيلارنى كۆرىدىغان بولدۇڭ... سەن ئەلا... » .

مېنىڭ خىيالىم ئۈزۈلۈپ قالدى ، پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ جۇرىنى بىزگە : «باش قوماندان جۇدې كېلىدۇ ، قىزغىن قارشى ئالايلى !» دەپ ۋارقىرىدى . بىز شوئار توۋلاشقا باشلىدۇق . مەن هاياجان بىلەن باش قوماندان كېلىۋاتقان ياققا قاراپ تەلپۈندۈم . مانا ، باش قوماندان كۆرۈندى . مەن ھەيران قالدىم . مېنىڭ تەسەۋ-ۋۇرۇمدىن پۈتۈنلەيلا باشقىچە بىر ئادەم كەلمەكتە ئىدى . مەن ئۆز خىيالىمدا باش قوماندان جۇدېنى سۈرىتىدىكىدەك ئالىي ئۈنۋانلى-رى ، مارشاللىق كىيىملىرى بىلەن كېلىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان كىشى ئاددىي بىر دېھقانغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئاق خەسە كۆڭلەك ، كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرى تۈرۈلمىگەن ، كۈل رەڭ خادانى ئىشتان ، پۇتىدا خەي ، بېشىدا چىغ قالپاق ، ئۆزى كۈلۈپلا تۇراتتى ، كەڭ غوللۇق ، ئوتتۇ-را بوي گەۋدىسىنى سەل - پەل ئېگىپ ، بىردەم بىرى بىلەن ، بىردەم يەنە بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قوياتتى . كۆپچىلىك تەرىپىدىن قىلىنغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى بولغان شوئارلارغا قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارە بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى .

كۈتۈلمىگەندە ، باش قوماندان مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ـ دە ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئوڭ قولىنى سۇندى . مەن ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولۇم بىلەن چىڭ تۇتتۇم . باش قوماندان مېنىڭ چەمەندوپپامنى ئىشارە قىلىپ :

— سىز ئۇيغۇرمۇ ؟ — دېدى .

— ھەئە ! — دېدىم ھاياجانلىنىپ .

— نەچچە ياش ؟

— يىگىرمە ئۈچ !

— قايسى كەسىپتە ئوقۇۋاتىسىز ؟

— مەن ئوقۇتقۇچى ! — دېدىم ئىپتىخار بىلەن .

— ناھايىتى ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ! — دېدى باش قوماندان قولۇمنى چىڭ سىقىپ ، — ئىلىم ـ پەننى ياخشى ئۆگىنىڭلار ، پارتىيىمىز سىلەردىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇ !

كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاقتى . مېنىڭ بۇ مېھرىبان ۋە قەھرىمان قولنى قويۇۋەتكۈم كەلمەيتتى ، لېكىن باش قوماندان باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشى لازىم . مەن قوللىرىمنى سۇنغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . كەينىمدىكى ئوقۇغۇچىلار : «باش قوماندان بىلەن كۆرۈشكەن قول !» دېيىشىپ ، مېنىڭ قولۇمنى تەرەپ ـ تەرەپ-تىن سىقىشقا باشلىدى . مەن تېخىچىلا ھاياجاندىن ئۆزۈمگە كەلمىگەنىدىم .

نەچچاڭ قوزغىلىڭدىن كېيىن ، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى باشلاپ جىڭگاڭشەنگە بارغان ، ئۇ يەردە ماۋجۇشى بىلەن بىللە جۇڭ-گو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇرغان قەھرىمان قولنى تۇتۇپ بېقىش ، يېڭى دەۋرنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان بىر ياش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ! مەن قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇ-رالايمەن .

باش قوماندان مېنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلدى ، پار-

تىيىمىزنىڭ ئۇمىدىنى ئۆز ئىغىزى بىلەن يەتكۈزدى. مەن بۇ ئۇمىدنى ئاقلىيالارمەنمۇ؟ «ئىلىم ـ پەننى ياخشى ئۆگىنىش» پارتىيىمىزنىڭ ئۇمىدىكەنغۇ، نېمىشقا بەزىلەر مېنى: «قۇرۇق كىتابقىلا بېرىلىدۇ، ئۇلۇغۋار غايىسى يوق» دەپ ئەيىبلىشىدۇ؟ بولۇپمۇ، مېنى شۇي شۇجى چوڭ يىغىندا بىر قېتىم ماختاپ قويغاندىن كېيىن، مېنى بىكاردىنلا: «زېھنى ئۆتكۈر»، «كاللىسى بار» دەپ ماختايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. يېقىندا مەكتەپ گېزىتىدە بىرى ماقالە يېزىپ مېنى ماختاپتۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنى قارىلايدىغانلارمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. زادى مەن ماختىلىشقا لايىقمۇ؟ مەن راستىنلا ئالاھىدە زېھىنلىك تۇغۇلغانمۇ؟

مەن بۇ سوئاللارغا ئۆزاققىچە جاۋاب ئىزدىدىم، لېكىن جاۋاب تاپالمىدىم، چۈنكى ياشلارغا خاس بولغان بىر خىل ياشلىق غۇرۇرى ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغانىدى.

مەن بۈگۈن ئاخشام كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ ئۆگىنىشكىمۇ ئولتۇرالماي قالدىم، چۈنكى چۈشتىن كېيىن گەنسۇ ئۆلكىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى كۆرگەزمىسىگە باردۇق. كۆرگەزمىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىگە مېنىڭ ھېلىقى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن ماقالەم قويۇلۇپتۇ. بۇ ماقالەمنىڭ قېشىغا: «بۇ، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ يىگىرمە نەچچە ياشلىق ئوقۇتقۇچىسى يولداش ئەلانىڭ ئىلمىي ماقالىسى. ئۇ بۇ ماقالىسىنى خەنزۇ تىلىدا يېزىپ چىققان» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇ يەردە خىجالەت بولغىنىم بىلەن، مانا ھازىر ياتىقىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولماقتىمەن. قىلغان ئىشىم كىچىككىنە ئىش، لېكىن ئېلىۋاتقان باھايىم ناھايىتى يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

ئىدى . مەن بۇ غەلىبىدىن ھاياجانلىنىپ ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇرالمى-
دىم ، خېلىغىچە ياتاقتا مېڭىپ كەتتىم . ئاخىر ئۆز ھاياجانلىرىمنى
بېسىش ۋە ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن ، مەن ئۆزۈمنىڭ
ئوقۇش تارىخىمنى خاتىرىلەپ قويۇشقا ئولتۇردۇم ـ دە ، ئېڭىكىم-
نى ئالىقانلىرىمغا قويۇپ ، يۈرىكىمگە دەرد بولۇپ ئورناشقان مۇ-
ھىم خاتىرىلەرنى بىر ـ بىردىن ئەسلىدىم…

قورساق ئاچ ، كۆزلەر قاراڭغۇلاشقان ، مەھەللە مەدرىسىسى
چاڭ بىلەن تولغان . بىز زىغىر پاخىلىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋې-
لىپ ، ئاغزىمىز ئاغرىغۇچە ۋارقىراپ «خەندەك» ئوقۇيمىز . پۈتۈن
ئۆتۈلگەن سۈرىلەرنى باشتىن تەكرارلاپ چىقىشنى خەندەك دەپ
ئاتايدۇ . كۈن ئولتۇرۇش بىلەن بىز خەبدەكنى تۈگىتىپ بولدۇق .
ئەمدىلا : «ئۇھ !» دەپ تۇرۇشىمىزغا ، تۆرتەك موللام مەيدىسىگە
چۈشكەن چار ساقىلىنى تىترىتىپ كىرىپ كەلدى ـ دە ، بىز تۆت
ئوقۇغۇچىغا : «ئاخشاملىققا تەراۋىھگـە كېلىپ تـەسبىھ ئـوقۇي-
سىلەر» — دېدى . بىز سەككىز ـ توققۇز ياشلىق باللار يازنىڭ
قىسقا تۈنلىرىدە قانغۇچە ئۇخلىمىغاچقا ، خۇپتەن تۈگىگۈچىلا مۈگ-
دەشكە باشلايتتۇق ، چوڭلارغا ئوخشاش يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا چى-
دىمايتتۇق ، ئەمما ئامال يوق ئىدى .
«سۇبۇھانەزىل ئىززەتى ۋەل… » دەپ ئاۋازىمىزنىڭ بارىچە
ۋارقىراپ تەسبىھ ئوقۇيمىز . باللار ۋە ئاياللار چاقماق پەنجىرىلەر-
دىن مارىشىدۇ ۋە بىزگە قاراپ كۈلۈشىدۇ . ھەر قېتىم : «سۇببۇ-
ھۇن ، قۇددۇسۇن رەببىل مالائىكەتى ۋەررۇ !» دەپ تەسبىھنى
ئاخىرلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ كۆزلىرىمىز يۇمۇلۇپ كېتىدۇ . ئوت-
تۇز كۈن روزا توشقۇچە ، بىز ھەر كۈنى تەسبىھ ئوقۇشىمىز ۋە
ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى تارتىشىمىز لازىم .
‹قانداقمۇ قۇتۇلارمەن ، مەن قۇراملىق باللار شۇ تاپتا تاتلىق

ئۇيقۇدا… ›، مەن ئەمدىلا شۇنى ئويلاۋاتاتتىم، يېنىمدىكى بالا «غىڭ!» قىلىپ سوزۇپ قويۇپ بەردى، مەسچىتتە پىخىلداپ كۈلگۈچىلەرمۇ بولدى، لېكىن قاقاقلاپ كۈلگۈچىلەر بىز بولدۇق. تەسبىھ ئوقۇيدىغان ۋاقىت كەلگەندى، بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەن ئەمدى: «سۇبهان… » دەپ باشلىشىمغىلا، يېنىمدىكى راززاق يەنە «غىڭ» قىلىپ قويۇۋەتتى، بىز قاقاقلىشىپ كۈلۈشتۇق.

— ۋۇي، بەتبەختلەر! — موللام ۋارقىرىدى. بىز تېخىمۇ بەتتەر كۈلۈشتۇق. تۇرتەك موللام ئۆزىنى تۇتالمىدى ـ دە، مەرەپ-كە قويۇپ قويغان كەشىسىنى بىزگە ئاتتى. بىرىنچى بولۇپ مەن ئۆزۈمنى ئىشىككە ئاتتىم!

ئەمدى ماڭا مەدرىسىگە كىرىش يوق ئىدى. دادام خاپا بولۇپ:

— مەھەللىنىڭ مەزىنى بولۇپ قالساڭمۇ، بالام، بىر پارچە نان ئۈچۈن يەر تاتىلاپ يۈرمەسلىكىڭ، ئەمدى بۇ ئاش بېرىدىغان تاۋاقنىمۇ چاقتىڭ، قوي باقامسەن؟— دېدى.

— ياق، دادا، مەن ئوقۇيمەن!

— يەنە نېمىنى ئوقۇيتتىڭ، تېرەڭنى سويۇپ بەرسەممۇ مول-لام ئەمدى سېنى ئالمايدۇ!

— مەن يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇيمەن، — دېدىم دادامغا يالۋۇ-رۇپ.

— نەدىكەن ئۇ مەكتەپ؟

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكەن!

— ۋاي ـ ۋۇي، نە ئۇ؟ ئۇ يەر بىر بەيگىلىك يىراقلىقتىكى يەر تۇرسا!

— مەيلى، مەن بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇيمەن!

دادام بېشىنى تاتىلاپ ئۇزاق ئويلاندى ـ دە:

— ئەمىسە، مەن سېنى ئاپىرىپ باقاي، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ماڭالمايسەن، ئىتلار يامان، مەن ساڭا چىغىر يوللارنى كۆرسىتىپ

قوياي ،— دېدى .

ئەتىسى دادام مېنى ئېتىز ئارىلاپ كەتكەن ، بىردە يوقىلىپ ، بىردە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان يوللار بىلەن يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان يىراق يېزىغا ئېلىپ باردى .

ئېگىز ، چوقۇر مۇئەللىم مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ :

— توۋا ، ماقۇل ، كەلگەن بولغانىدىكەن ئوقۇغىن ،— دېدى ۋە ماڭا ئاق سۈت قەغەزدىن بىر تاختا بەردى .

ھەر كۈنى بامداتقا ئەزان ئېيتقاندا دادام بىلەن تەڭ تۇرىمەن ـ دە ، ئاشۇ مەكتەپكە ئېتىز ئارىلاپ يۈگۈرەيمەن ، ئىككى چوڭ ئۆستەڭنى كېچىپ ئۆتىمەن . ئەتىگەنلىكى سوغۇق سۇ جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ ، لېكىن مەن يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمنى ئويلىساملا ، پۈتۈن بەدىنىمگە ئىسسىق يۈگۈرەيدۇ . چۈشلۈكى ئېرىقتىكى سۇغا نان چىلاپ يەيمەن ، كالا پادىسى بىلەن تەڭ ئۆيگە يېتىپ كېلىمەن .

بىر ئاي قاتىرىغاندىن كېيىن دادام بىر كۈنى كېچىسى بېشىمنى سىلاپ :

— بالام ، ھېلىقى ئىككى ئۆستەڭگە لاپاستىكى لىملارنى ئاپىرىپ يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك سېلىپ قويدۇم . ئەمدى سۇ كەچمەيسەن ! — دېدى .

مەن يەرگە قىرو چۈشكەن مەھەلدە ئىككىنچى سىنىپقا چىقتىم… مەن بىر كۈنى مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن دادامنى باشلاپ باردىم . مۇئەللىم دادامغا :

— بالىنىڭ ئىدراكى بار ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى . بىرىنچى سىنىپ ئۇنىڭغا ئوڭايلىق قىلىۋىدى ، ئىككىنچى سىنىپقا ئاچىقىپ قويدۇم . ئەمدى ئىككىنچى سىنىپمۇ بۇنىڭغا يېنىكلىك قىلىۋاتىدۇ . مەن بۇنى ئۈچىنچى سىنىپقا ئاچىقىپ باقماقچى ، لېكىن قىش كېلىۋاتىدۇ ، ئۆي يىراق . قارىغىنا ، بالا قۇرۇق ئۈستىخانلا بولۇپ

قالدى . ئوقۇمىغىن دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ ، بەش بالام بولمىسى-
غۇ ، ئاغىنە ، بالاڭنى ئۆزۈملا ئوقۇتاتتىم ، قولۇم قىسقا ، بىرلا
ئېغىز ئۆي ، ئارانلا بىر يوتقان ، بالاڭ سىغقۇدەك بىر بۇلۇڭنى
تاپالمىدىم . قانداق قىلارمىز ؟ — دېدى .

دادام بېشىنى سىلاپ ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن :

— خىجىل بولماڭ ، مۇئەللىم ، مەن بالامنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن-
لا مۇشۇ مەھەللىدىكى بىرىگە بىر قىش قورۇ خىزمەتچىسى بولۇپ
ياللىنىمەن . بىكارغا ئىشلىسەممۇ مەيلى ، ئۈچ بالام بىلەن سىغقۇ-
دەك بىر ھۇجرا بەرسىلا بولدى ، قىشچە مېلىنى بورداي ، كۆمۈر-
نى توشۇي ، بېدە توغراي ، هارۋىسىنى ھەيدەي ، قانداق دەيسىز ؟

— قېنى ، بۇنىڭمۇ بىر ھالاۋىتى بولۇپ قالار . سېنىڭ بىلەن
بىزنىڭ بولىدىغىنىمىز بولۇپ بولدى ، ئەمما بىر ئامال قىلىپ ،
سېنىڭ مۇنۇ ئەلارىڭنى بىر ئوقۇتۇپ كۆرەيلى !...

ئۇلار كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىشتى . دادام داۋۇت ھاجىلارغا
چاكار بولۇپ ياللانغانىدى .

مېھرىبان دادام مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈنلا قەھرىتان قىشتا دا-
ۋۇت ھاجىلارغا كۆمۈر ئەكېلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يولغا بېرىپ
كېلەتتى . ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە ، مورا ئوچاققا ئۇزاق قاقلىنات-
تى ۋە مېنىڭ بېشىمنى تىزلىرىغا قويۇۋېلىپ ساددىلىق بىلەن :

— بۇ يىل ئۈچىنچى سىنىپنى تۈگىتىسەن . ھەر يىلى ئىككى
سىنىپنى ئوقۇساڭ ، بالام ، يەنە ئۈچ يىلدا يەتتىنچى ، سەككىزىنچى
سىنىپنى تۈگىتىدىكەنسەن . بۇ يەرنىڭ ئىشى بۇ يىل تۈگىسە ،
شەھەرگە كىرىمىز ، مەدىكارچىلىق قىلىپ بولسىمۇ سېنى ئوقۇتى-
مەن . سەن بولساڭمۇ ئوقۇشنىڭ نېنىنى يېگىن ! — دەيتتى .

دادام شۇنداق دەپ بولۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە يۆتىلەت-
تى . قارا چىراغنىڭ گۈڭگا يورۇقىدا ئۇنىڭ قارايغان چىرايى
تېخىمۇ قارا ۋە سولغۇن كۆرۈنەتتى . مەن دادامغا قاراپ يېتىشنى

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرەتتىم. ئانىمىزنىڭ قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىسەكمۇ، بۇ دۇنيادا بىزگە دادىمىزدىن باشقا كۆيۈمچان ئادەم يوق ئىدى. دادام بىزنى ھەرقانچە بەڭۋاشلىق قىلساقمۇ ئۇرمايتتى، مەنمۇ ئۇكىلىرىمنى ئۇرمايتتىم. بىز كىچىككىنە پەنجىرىسىگە سامان قەغەز چاپلانغان ۋە شۇ قەغەزنىڭ شىلىمىنى ساقلاش ئۇچۇن پەنجىرىگە سىغىمىزخان ئۆلۈكى ئېسىلغان بۇ ھۇجرىدا قىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتۇق. مەن قارا چىراغ يورۇقىدا ئۇكىلىرىمغا ھەر خىل سۈرەتلەرنى سىزىپ كۆرسىتەتتىم، ئېلىپبەدىكى شېئىرلارنى يادلىتاتتىم. چىراغنىڭ يېغى تۈگىسە ھارۋا پىگىزىسىدىن قۇيۇپ كىرەتتۇق، كۆمۈر بولسا ئۆكسۈمەيتتى، داۋۇت ھاجى پات ـ پاتلا مېنى سارىيىغا ئاچىقىپ «گۆر ئوغلى»نى ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى، بەزىدە «مىڭ بىر كېچە»نى ئوقۇپ بېرەتتىم···

خۇشاللىقىمىز ئۇزاققا بارمىدى. ئەتىيازغا يېقىن دادام بىر كۈنى ئۆيگە جالاقلاپ تىترەپ كىردى ـ دە، ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ يىقىلدى، يۈزىدىكى كۆمۈر يۇقىنىمۇ يۇيۇشقا ھالى يوق ئىدى. تېۋىپ دادامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ: «ئۇچۇلما!» دېدى ۋە داخانغا ئوقۇتۇشنى بۇيرۇدى. بىزنىڭ مۇئەللىم بولسا: «ئۆپكىگە سوغۇق تەگكەن، ھەي شورى قۇرغۇر يوقسۇللۇق!» دەپ غەزەپلەندى. دادام گەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ: «زاماندىن ئەپەندى··· بالىلارغا قاراپ قويۇڭ··· » دېدى. مۇئەللىم دادامنىڭ پېشانىسىگە ھۆل ماتانى قويدى··· دادام قاتتىق يۆتەلدى ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېڭەكلىرى چېتىلدى···

مەن ئۇكىلىرىمنى بېقىش ئۇچۇن بىر يىل مەھەللىمىزنىڭ يىغما قويلىرىنى باقتىم. شۇ يىلى كۈزلۈكى زاماندىن مۇئەللىم مەھەللىمىزگە كەلدى. ئۇ رايوننىڭ مائارىپ ھەيئىتى بوپتۇ.

— رايوندا تۆتىنچى، بەشىنچى سىنىپلار ئېچىلدى، ئۇكىلى-

ـرىڭنى جايلاشتۇرالامسەن؟— دېدى زاماندىن مۇئەللىم ماڭا قاراپ.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم. زاماندىن مۇئەللىم ئورۇنسىز سوئال قويغىنىنى چۈشەندى - دە:

— مەن ئەخمەت ئەپەندى قۇرغان «ئىتتىپاق»قا كىردىم. «ئىتتىپاق» يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، مەن سېنى خاتىرجەم ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئۆكىلىرىڭنى دارىلئېيتامغا كىرگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي، سەن ياتاقتا يېتىپ تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇغىن! — دېدى.

ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۆكىلىرىمنى مەھەللە مۇتىۋەرلىرى شەھەرگە — دارىلئېيتامغا ئېلىپ كەتتى. مەن بولسام دادامدىن قالغان قۇراق كۆرپە ۋە يىپ تاغارنى ئالدىم، تۇجۇركىنى كىيدىم، ئاندىن يالاڭغىداقلا ئۆمەر تەمبۇر دېگەن ئادەمنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ رايونغا باردىم. سېرىق يوپۇرماقلار ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، قامغاق توسۇلۇپ قالغان كۆۋرۈك يېنىدا مەن ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتۈم ۋە ئالدىمدىكى ئاقارتىلغان رايون مەكتىپىگە قارىدىم. ئۆمەر تەمبۇر مەكتەپ ئالدىدا جاڭزا تېپىپ ئويناۋاتقان باللارنى كۆرسىتىپ:

— قارىغىنا، ھەممىسىنىڭ پۇتلىرىدا ئۆتۈك، سەنلا يالاڭغىداق، ئۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتەلەمسەن؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

مەن ئۆمەركامغا ئەگىشىپ مەكتەپ ئالدىغا كەلدىم. باللار: «قاراڭلار، ماۋۇمۇ ئوقۇغۇدەك!» دېيىشىپ مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى، چىبەرقۇتتىن شىم - تۇجۇركا ۋە ئۆتۈك - كالاچ كىيگەن بالا مېنى مازاق قىلىپ:

— يازچە باققان قويلىرىڭنى ئالغاچ كەلمەپسەن، ھېلىمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويلىرىڭ ماۋۇ قۇراق كۆرپەڭنىڭ ئىچىدىمۇيا؟ !— دېدى.

— ھا... ھا... ھا !...

مېنىڭ غەزىپىم كەلدى، كىچىك بولغىنىم بىلەن مۇشتلە-شىپ پىشقان بالا ئىدىم. مەن ھازىر باي بالىسىنىڭ ئىڭەكلىرىگە مۇشت ئېتىشقا تەييار ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىدىم:

— سوخرۇن، مەن ئوقۇغىلى كەلدىم، سېنىڭ تىللىغىنى ئاڭ-لىغىلى كەلمىدىم،— دېدىم. باللارنىڭ ئالدىدا تىل ئىشتكەن ھېلىقى بالا مەيدەمگە بىرنى قويدى. مەنمۇ چەنلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ياڭىقىغا بىرنى سالدىم. ئۇ ھودۇقۇپ كەتتى، كەينىدىنلا تىرەجەپ تۇرۇپ قورسىقىغا بىرنى ئۇسۇۋىدىم، ئوڭدىسىغا چۈشتى. باللار قىقاس سېلىپ:

— ئالە شەرىڭنى، رەقىپ بايۋەچچە !— دەپ كۈلۈشتى.

شۇ چاغدا بايا ئىدارىگە كىرىپ كەتكەن ئۆمەركام مەكتەپ مۇدىرىنى باشلاپ چىقتى. مۇدىر چىقىپلا ۋارقىرىدى:

— نېمە بولدى، ئابدۇرەقىپ؟

— ماۋۇ بەدرەك بىكاردىن ئۇسۇۋەتتى!

مۇدىرنىڭ كۆتمەك بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ كەتتى. ئۇ بارمىقى بىلەن مېنى جوتۇپ:

— زاماندىن مائارىپ مۇشۇ ئەبگارنى شۇنچە ماختىدىما! — دېدى. ئۆمەركاممۇ مېنى سىلكىشلىدى:

— يېتىم بولۇڭدا، تېرىق تولۇمدا دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ نېمە كېلە - كەلمەيلا بەڭۋاشلىق قىلىسەن؟

— نېمىشقا كېلە - كەلمەيلا مېنى زاڭلىق قىلىدىكەن؟— دېدىم مەن.

— مۇنۇ كىشى مۇدىر بولىدۇ، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ بولمىغاندىكىن گۆشۈڭمۇ، ئۇستىخىنىڭمۇ مۇدىرنىڭ. سەن بۇنىڭدىن كې-

يىنى ئۇنداق قىلما. خاپا بولماڭ، رەقىپبەگ! يەنە كېلىپ، سىزنىڭ ئىنىڭىزنى خاپا قىلغىنىنى قارىمامدىغان مۇدىر، — ئۆمەركام بىلىنىپ يۇرۇپ مۇدىرنى يۇمشاتتى.

مەن ياتاققا ئورۇنلاشتىم. ئەتىگەنلىكى چىقسام، ھەممىلا يەرنى قار بېسىپتۇ. مەن تۆتىنچى سىنىپقا كىردىم. پەقەت ئەڭ ئارقىدىكى پارتىدىلا بىر بوش ئورۇن بار ئىدى. مەن شۇ يەردە كۆك كۆزلۈك بىر باي بالىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇردۇم. بالا چاپانلىرىنى ماڭا تەگكۈزۈۋالماسلىق ئۈچۈن يىراق سۈرۈلدى.

ھېساب مۇئەللىمى تۆت ئەمەلنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىدىن بىرنى بەردى. مەسىلە ماڭا تونۇش ئىدى. مەن زامانىدىن ئەپەندى بەرگەن تۆت ئەمەلنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىنى قوي بېقىپ يۈرۈپ چىقىرىپ بولغانىدىم. مۇئەللىم مەسىلىنى ئېيتىپ بولۇش بىلەنلا مەن قولۇمنى كۆتۈردۈم. مۇئەللىم ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— تەڭنەڭنى يېرىملىتىپ كىرسەڭ بولمايتتىمۇ؟ قانداق ئەخلاقسىز نېمە سەن!...

— مەن ھېسابنى چىقىرىپ بولدۇم، — دېدىم. مۇئەللىمنىڭ ھەيران بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— نېمە دەيدۇ مۇنۇ! — ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. رەتلىك ئىشلەنگەن ئون ئىككى ئەمەلنى ۋە جاۋابىنى كۆرۈپ ھىجايدى. مېنىڭ يالاڭغىداق پۇتلىرىمغا، ئۆسكىلەڭ چاچلىرىمغا ۋە يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىمغا سىنچىلاپ قارىدى. مەن مۇئەللىمگە يەر ئاستىدىن قارىدىم: يوغان بۇرۇن، يوغان قوي كۆزلىرى قويۇق قاشلىرى ئاستىدا ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئاغزى ئېچىلغان ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— توۋا، بىز ئىككى مۇئەللىم باش توخۇغىچە ئىشلەپ ئاران يېشىمىزۇ، مۇنۇ بالا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ھە ... — غودۇڭشىدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى مېنى سىنىپتىكى ھەممەيلەن ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى ، يالغۇز رەقىپلا خىرىس قىلىپ يۈرەتتى ! يېنىمدىكى باي بالىسىمۇ ماڭا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ ھېسابلىرىمنى كۆچۈرىدىغان بولۇۋالدى .

— پۇتۇڭ مۇزلىغاندۇ ، مېنىڭ خۇرجۇندا چوسۇنكا پىيمام بار ، ساڭا بېرەيمۇ ! — دېدى ئۇ .

— ياق .

— بىكار ئېلىشنى خالىمىساڭ ، ھەققىگە ماڭا بىلىۋاي يېزىپ بەرگىن .

— ياق .

— ياق ، ياق دەپ يۈرۈپ پۇتۇڭنى ئۈششۈتىسەن !

— ئۆمەركام ماڭا كىگىز پايپاق بىلەن پۈرۈم چورۇق ئەكېلىپ بېرىدۇ ، — دېدىم مەن ئۆمەركامنىڭ ۋەدىسىنى ئەسلەپ .

بىر كۈنى زامانىدىنكام مەكتەپكە كەلدى ۋە ماڭا قاراپ دېدى :

— ساڭا تۆتىنچى سىنىپ يېنىكلىك قىپتۇ . مەن ئىلمىي مۇدىرغا ئېيتتىم . سەن بەشىنچى سىنىپقا چىقىپ ئوقۇغىن ، مە ، مۇنۇ دەپتەرلەرنى ئىشلەت !

مەن ئەتىگەنلىكى بەشىنچى سىنىپقا كىردىم . جۇغراپىيىگە مۇدىر ئۆزى كىرىدىكەن . ئۇ بىزگە ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ قەيەرلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ياۋروپادىكى دەريالارنى ئۆتتى . ئۇ تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئىسمىنى بىرلا قېتىم ئېيتتى ۋە تاياق بىلەن كۆرسەتتى ـ دە : «چۈشەندىڭلارمۇ ؟ » دېدى . بۇ ئۇنىڭ ئادەت گېپى ئىكەن . مەن ئوقۇشماستىنلا : «چۈشەندۇق !» دەپ ۋارقىراپتىمەن . مۇدىرنىڭ بۇرۇتلىرى تىك ـ تىك بولۇپ كەتتى . ئۇ يېنىمغا كېلىپ قولىقىمدىن تۇتقىنىچە خەرىتىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلدى :

— نېمە دېدىڭ ؟ !

— چۈشەندۇق ، دېدىم !
— نېمىشقا ۋارقىرايسەن ؟
— سۆزلەپ باقاي دېۋىدىم .
قۇلاقلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى . بىر بالا ۋارقىرىدى :
— ئەدھەم ئاكا ، مانا ئەمىسە دەپ بايىقى دەريالارنى سورىغە !
مۇدىر ماڭا تايىقىنى تۇتقۇزدى :
— سانا ، ياۋروپادىكى دەريالارنى !...
مەن ھودۇقماي تاياق بىلەن كۆرسىتىپ سانىدىم :
— ئوپ ، ئورال...
— توختا !
مەن توختىدىم .
— ئاسىيا بىلەن ياۋروپا نېمىلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ ؟
— كاسپى دېڭىزى ، ئورال تېغى ، ئورال دەرياسى...
مەن مۇئەللىم نېمە دېگەن بولسا شۇنى ئەينەن دەپ بەردىم .
مۇدىر بىگۇناھ ئادەمنى جازالىغانلىقى ۋە مېنىڭ ئەدىپىمنى بىرىمەن دەپ لەت بولغىنى ئۈچۈن غەزەپلەنگەنىدى . ئۇ گەجگەمدىن مۆجۈپ تۇتتى ـ دە ، ئىشىككە قارىتىپ ئىتتىردى :
— چىق شۇم ! سېنى بەشىنچى سىنىپقا ئەكىرىپ قويغان ئادەمنىڭ گۆرى كۆيسۇن !
مەن تۆتىنچى سىنىپقا قايتىپ چىقتىم . تۆتىنچى سىنىپنىڭ باللىرى خۇشال بولۇشۇپ كەتتى . بولۇپمۇ ، ھېساب مۇئەللىمى خۇشال بولدى . ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنى ئۆيىگە ئاپىراتتى ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ئىشلەشكە سالاتتى .
بىر كۈنى مۇدىر چاقىردى . مەن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم .
— ئاڭلىسام ، سەن ھېساب دەرسىدە ھەممىدىن بۇرۇن قول كۆتۈرىدىكەنسەن ، بىلەمسەن ، رەقىپ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ . سەن كەلمەستە ، ئۇ تۆتىنچى سىنىپتا ھەممىنىڭ ئالدى ئىدى . سەن

www.uyghurkitap.com

كىلىپ ھە دېسىلا ئۇنىڭدىن بۇرۇن قول كۆتۈرىۋېرىپ، ئۇنى پايسىندۇرۇۋەتتىڭ . ئۇ ھار ئېلىپ كېچىسى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى . ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسا ، مەن ساڭا موماڭنى كۆرسىتىمەن . سەن بۇگۇندىن باشلاپ رەقىپىڭ ئالدىغا ئۆتمەيسەن ، ئۇ ھېسابنى چىقىرىپ بولمىغۇچە ، قولۇڭنى كۆتۈرمەيسەن ، دوسكىغىمۇ رەقىپ چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرىدۇ ، سەن ئاتىكارچىلىق قىلىمايسەن ! بىلىدىڭمۇ ؟ دېگىنىمنى قىلمىساڭ ، قوغلىنىسەن !

مەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم ۋە ياتاققا چىقىپ ئەلەمدىن يىغلىۋەتتىم .

— يىغلىما ، ئەلا ، شۇنداق جاھان ئىكەن ، كەمبەغەلگە خۇدايىم چىراي بەرسىمۇ دۇشمەنلىك بولىدىكەن ، ئەقىل ـ ئىدراك بەرسىمۇ تارتقۇلۇقى بولىدىكەن… ئاڭلىسام ، رايونغا كادىرلار دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى كەپتۇدەك… بېرىپ دەپ باقامسەن؟ …— دېدى قارا خىزمەتچى ئايال زىۋەرخان ھەدەم ھالىمغا يېتىپ .

بۇ چاغ قىش ، 1950 ـ يىلى بىرىنچى ئايلار ئىدى . بىرنى بەش كۇنلۇك قويۇپ بەردى . مەكتەپكە كۆمۈر ۋە ئوتۇن ـ ياغاچ ئەكىلىش ۋەزىپىسى يۇكلەندى . مەن ئۆيىمىزدىكى بىر توپ قورۇق قارىياغاچنى ئۆكۈزگە سۆرىتىپ ئالتىنچى كۇنى كەلدىم . ئۆكۈزنى ئاغىنەم راززاق ئېلىپ كەتتى . بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇپەتتىش كەلدى . ئۇ قاپىقى يامان ، سۆسەر جۇۋا ، بۇلغار تاشلىق قۇلاقچا كىيگەن ئادەم ئىدى . ئۇ بىزنى قاتار تىزىپ قويۇپ :

— كىچىككەنلەر كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى . مۇدىر مېنى ۋە يەنە بىر بالىنى ياقىمىزدىن سۆرەپ چىقتى .

— قانچە كۇن كېچىكتىڭ ؟ — دەپ سورىدى مېنىڭدىن مۇپەت-

تىش .

— بىر كۈن !

— يالغان !— دېدى مۇدىر ،— ئالتە كۈن كېچىككەن ھېلىقى بالا مۇشۇ !

— سولا !

مېنى ۋە ھېلىقى بالىنى سوغۇق ئۆيگە سولاشقا ئېلىپ ماڭدى .

— ئالتە كۈن كەلمىگەن رەقىپقۇ ! — دېدىم ئاچچىقىمغا چىدىماي .

— بۇ ناھەق بولىدى ! — دېدى ھېساب مۇئەللىمى كەينىمىزدىن .

بىز ئىككى بالا سوغۇق ئۆيدە يېرىم كېچىگىچە تۇردۇق . ئۆمەر ئاكام ئەكېلىپ بەرگەن پۇرۇم چورۇق بىلەن كىگىز پايپىقىم مېنى سەنجۇسەنىڭ سوغۇقلىرىدىن ساقلاپ قالالمىدى . بىز جالاقلاپ تىترەپ ، ئۆي ئىچىدە يىغلاپ يۈرۈپ قاتراشقا باشلىدۇق . مېنىڭ پۇت - قوللىرىم كۆيۈشۈپ ھالىمدىن كېتىشكە ئاز قالغاندا ، بىرى قۇلۇپنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چاقتى . زىۋەرىخان ھەدەم بىلەن ئېرى — ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئىسمايىل ئاكام ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

— نېمىشقا ئەقىللىق بولۇپ تۇغۇلغانسەن ، قوزام ! — زىۋەرىخان ھەدەم مېنى باغرىغا چىڭ باستى .

ئۆپكەمگە سوغۇق تېگىپ يىقىلدىم ، ئورۇن تۇتۇپ قانچە كۈن ياتقىنىم ئېسىمدە يوق . مەن شۇ ياتقىنىمچە مەكتەپتىن قالدىم . ئىككى ئايغىچە زىۋەرىخان ھەدەم باقتى ، تېخىمۇ يامانلىشىپ ، كېيىنىك قوشۇلغاندىن كېيىن مېنى ھېلىقى رايونغا كەلگەن كادىرلار دوختۇرخانىغا ئەكىرىپتۇ . ناۋادا ، شۇ كادىرلار ۋە يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئەخمەت ئەپەندىنىڭ غەمخورلۇقىنى بىزگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان زامانىدىن مۇئەللىم ، مېھرىبان زىۋەرىخان ھە-

www.uyghurkitap.com

دەملەر بولمىغان بولسا، مەن ھايات قالمىغان بولاتتىم. مەن شۇ كادىرلارنىڭ پېشىنى تۇتقىنىمچە قويۇپ بەرمىدىم. ئۇلار ماڭا تۇغۇلۇپ مېھرىگە قانمىغان ئانام ۋە مېنىڭدىن كۆتكەن ئۈمىدلىرىنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرەلمىگەن دادامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمىدى. مەن ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن 1950 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىگە بەشىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا كىردىم...

كېچە، جىمجىت كېچە. مەن بۇ بالىلىقىمنىڭ ئەستىن چىقمايدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ، نەملەشكەن كۆزلىرىمنى سۈرتتۈم. دادامنىڭ ئارمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن سولغۇن چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ئۆپكەم ئۆرۈلىدۇ. ھايات بولغان بولسا، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان مۇنۇ شەھەرلەرنى، مۇنۇ باياشاتچىلىقنى كۆرمەسمىدى؟ ھېلىقى گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا ئوكىلىرىغا رەسىم سىزىپ بېرىشنى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ھېسابلايدىغان ئوغلىنىڭ، بوگۇن تاغ باغرىغا سىلىنغان، ئېلېكترلىك، ئاجايىپ گۈزەل ياتاقلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالماسمىدى؟...

ئىشىك چېكىلدى. ئۆيگە رەقىپ كىرىپ كەلدى. ھېلىقى مېنى مازاق قىلغىنى ئۈچۈن مۇشت يىگەن، كېيىن ئاكىسىغا تايىنىپ مېنى بوزەك قىلغان رەقىپ مانا مۇشۇ. رەقىپ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى، قانداق قىلىپ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن جۇرىنى ۋە پارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالدى، بۇ نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈش مېنىڭ ئىشىم بولمىغاچقا، كارىم بولمىدى. ما جۇرنىنىڭ دېيىشىچە، 1951 ـ يىلى ھەرقايسى جايلاردىن يېتىم بالىلارنى ئەكېلىپ ئوقۇتقاندا، شۇ قاتاردا رەقىپمۇ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىكەن...

— ساڭا بىر ھادىسە بولدىمۇ، نېمانچىلا تاتىرىپ

كەتتىڭ ؟ — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ .

— ھېچ ھادىسىغۇ بولغىنى يوق ، چىراي دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن !— دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا .

— مەن ئەتە شىنجاڭغا ماڭىدىغان بولدۇم ، ئۈچ ئايلىق رۇخسەت ئالدىم !— دېدى رەقىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ، — ئاپامنىڭ ئاغرىقى ئېغىركەن ، تېلېگرامما كەلدى .

— مۇشۇ كۈنگىچە سېنىڭدىن سورىماپتىمەن . سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ ؟

— ئانام بار ، دادام 1952 ـ يىلقى چاپچاپ بازاردا ئېتىلىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ مەيۈس ئاھاڭدا ئۇھ تارتىپ ، — كېيىن دادامنىڭ خاتا ئېتىلغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلدى .

— ئاپاڭچۇ ؟

— ئاپام ئاكام بىلەن بىللە .

— ئاكام بىلەن ؟ ئەدھەم مۇدىرنى دەمسەن ؟

— ھەئە ، ئۇ ھازىرمۇ مۇدىر .

بىز جىمىپ قېلىشتۇق .

— ئاداش ئەلا ، سېنىڭ قېشىڭغا مەسلىھەتكە كىردىم ،— دېدى رەقىپ گەپ باشلاپ ،— مەن گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم . بۇنىڭغا قانداق پىكرىڭ بار ؟

— نېمە دەيسەن ؟ — كالتەك يېگەن ئادەمدەك سىلكىنىپ ، غەزەپ بىلەن سورىدىم .

— كېلىشىپ قالدۇق . پۇل بىلەن ئاخىر ئۇنىڭ قەلبىنى يۇمشاتتىم . ئۈچ قېتىم پۇل ئەۋەتتىم ، ئاخىر ماقۇل جاۋابى كەلدى . بىر يۈز ئەللىك سوم خەجلەپ رازىلىق خېتىنى قولغا چۈشۈردۈم .

— ئادىلەنى قانداق قىلىسەن ؟ — مەن تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سورىدىم .

— قوغلىغاندىن قاچ ، قاچقاننى قوغلا دەپتىكەن ، ئوغايلا ساغا بېرىلگەن قىزنىڭ قانچىلىك قەدرى ـ قىممىتى بولاتتى ؟ ئادىلەنىڭ بېپىشقاقلىقى جېنىمغا تەگدى . ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم ، گۈزەلئاي مېنىڭ !

بۇ ئىش ماڭا قاتتىق هار كەلدى ، لېكىن رەقىپكە غەزەپلىنىشىم ئورۇنسىز ئىدى . سەۋەبى ، مەن مورا ئوچاقتىكى كۆمۈر چوغىدەك ئىس ـ تۈتۈنسىز كۆيگەنىدىمغۇ . رەقىپ مېنىڭ قىز ئۈچۈن ئازاب چەككىنىمنى نەدىن بىلەتتى ؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە ، مەن قىزنى يامان كۆرەتتىم ، قىز راستتىنلا مېنىڭ خىلىم ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، گۈزەلئاينىڭ ماددىي تەلىپى يۇقىرى ، مېنىڭ بۇ تەلەپكە جاۋاب بەرگۈدەك كۈچۈم يوق ، بۇ كۈچ ، كۆپ پۇللۇق رەقىپتە بار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مېنىڭ ئۇنى چەكلەشكە ، ئۇنىڭدىن رەنجىشكە ئاساسىم يوق ، لېكىن مەن ئاڭسىز هالدا پارتلاشقا تەييار ئىدىم . شۇ تاپتا ئاخىر بىر كۈن گۈزەلئاي باشقا بىرىنىڭ خوتۇنى بولۇپ كېتىدىغىنىنى بىلدىم . ئۇنداق پىكىر نېمىشقا بۇرۇنراق يادىمغا كەلمىدى ، مەنمۇ ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ تۇرمايتتىممۇ ؟ «گۈزەلئاي باشقا بىرىنىڭ خوتۇنى بولۇپ كېتىدۇ !» دېگەن خىيال بۈگۈنلا يادىمغا كەلدى . بۇ نەقەدەر ئېغىر تۇيۇلىدىغان گەپ ـ هە ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاش نېمانچە قورقۇنچلۇق ؟ گويا تاغ گۈلدۈرماممىسىدەك ، دېڭىز بورانلىرىدەك ، تاغ قىيانلىرىدەك دەهشەتلىك ئاڭلىنىدىغان بۇ گەپ تېخى دوستۇمنىڭ ئېغىزىدىن چىقماقتا…

ياق ، مەن ئۇنىڭسىز ئازابلىنىدىكەنمەن ، مېنىڭ هاياتىمدا ئۇ بولمىسا زادىلا بولمايدىكەن… مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۆزگەرگەن چىرايىمنى ئوڭشۇۋېلىش ئۈچۈن كىتاب جاۋىنىگە قارىۋالدىم . ئون مىنۇتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن رەقىپ :

— جىمىپ كەتتىڭغۇ ، قىيالمايۋاتامسەن ، ئەمدى كېچىكتىڭ ،

ئىشەنمىسەڭ، مۇنۇ خېتىنى ئوقۇپ كۆر!— ئۇ مەغرۇر گىدى-يىپ كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن چىرايلىق كونۋېرتنى ئالدى ـ دە، ئۈستەلگە تاشلىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى، بۇ مەغلۇبىيەت، روھىي زەربە پۈتلىرىمنى ماغدۇرسىزلاندۇردى، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقتى. مەن خۇد-دى قوقاس دەسسىۋالغاندەك بىئارام بولدۇم، پېشانە تەرىمنى تەستە ئېرتىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا:

— گۈزەلئايمۇ؟ ياق، ئۇ سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ!— دېدىم.

— ئۇنىڭ روھى سېنىڭ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن جىسمى مېنىڭ!

— ياق، ياق! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن رەقىبىمگە، — سەن ئۇنى پۇل بىلەن تۇرماق، پىچاق، پالتا، ئوق، خەنجەر بىلەنمۇ مېنىڭدىن ئاجرىتىۋالالمايسەن. ئۇ چىن يۈرىكى بىلەن ماڭا بېرىل-گەن. سېنىڭ پۇللىرىڭ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

— كۆرىسەن تېخى! — ئۇ غەزەپتىن تىترىدى، — سېنىڭ يادىڭدا يوق چاغلاردا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنمەن، قانچىلىك كۆيۈك ئازابى تارتتىم بىلەمسەن؟ ئەمدىزە، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئاپلا دەپ گۆشۈڭنى يېگىنىڭ بىلەن پايدا تاپالمايسەن، دوستلۇقنى مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىمەنكى...

— نېمە قىلساڭمۇ، قىزنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمايسەن!

— نېمە؟ كىم قەيەردىن ئورۇن ئالىدىغىنىنى كۆرىمىز تې-خى، ۋۇي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھاماقەت!

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ھەقتە رەقىپ بىلەن توقۇنۇشۇم تېخى تۈنجى قېتىم ئىدى. مەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن سۈركىلىش بولۇشىنى بىلەتتىم. بۇ سۈركىلىش ئويلىغىنىمدىن بۇرۇن ۋە تۇيۇقسىز كەلدى. رەقىپىنىڭ گۈزەلئاي ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇ باھانە تېپىپ مېنى پۇتلاشتۇرۇشى ، سىرغامغا تايدۇرۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇنىڭ بىلەن ئېچىشىش كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقا ئىش ئەمەسقۇ ؟ ئۇ ئۇستۇمدىن ئىغۋا ـ تۆھمەت تارقىتىشىمۇ ، ئەڭ مۇھىمى ، مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە توسقۇنلۇق قىلىشى ، مېنىڭ بەد-خۇدلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ زىيان سېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ ؟ خاتىرجەم ئۆگىنىش ئۈچۈن ، قولىقىمنى چىڭ ئېتىپ قىزدىن كېچەيمۇ ؟ ئۇ چاغدا ، مېنىڭ ياشلىق غۇرۇرۇم نەدە قالىدۇ... مەن رەقىپ ئۇستەلگە تاشلىغان كونۋېرتنى ئاچتىم :

«سالام ، رەقىپ ئاكا !

سىز ئارقىلىق ئادىلەگە ، ھېلىقى سوغۇق مىجەز ئاغىنى-ڭىزگە سالام .

مېنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشۇمنى بىلىشكە قىزىقىدىكەن-سىز . مەن قىسقىچىلا ئېيتىپ بېرەي . ئاۋازىمنى مەشىق قىلىش مېنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتىم بولغاچقا ، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ، دەرەخ ئارىلىرىدا يۈرۈپ ۋارقىرايمەن ، چىر-قىرايمەن ، ئاندىن كېيىن تاماق ، دەرس ، چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىن يەنە ئىككى سائەت دەرس ، دەرستىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز كوچا سەيلىسى قىلىمەن ، خىيال سۈرىمەن . ئاخشاملى-رى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كىتاب كۆرىمەن (رومان) ، قىزىقار-لىق كىتابلار يوق . «كۆكيۈن»نى ئوقۇسام ، قىزىقى يوق-كەن ، «ياشلىق ناخشىسى» ماڭا ياقىدۇ . «قىزىل قىيا»نى ئوقۇپ قورقۇپ قالدىم . ھە راست ، «مېھرابتىن چايان» بىلەن «ئۆتكەن كۈنلەر»نى ئەۋەتىپ بېرەلەمسىز ؟ ئائىلە ، مۇھەببەت توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلار بولسىمۇ بولىدۇ . سىز بۇنداق كىتابلارنى يامان كۆرىسىز . سىز تاپالمىسىڭىز ، ھېلىقى ئەلا دېگەن دوستىڭىزغا دېسىڭىز تېپىپ بېرىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئاخشىمى كىتاب كۆرىمەن ، كۆپىنچە كىنو كۆرىمەن . «سەرگەردان» ، «باغدات ئوغرىسى»غا ئوخشاش كىنولار ماڭا ياقىدۇ... بۇ يەردە پۇل بەك خەجلىنىدىكەن . دادام ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا ئوتتۇز سومدەك ئەۋەتىدۇ ، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىككىلا ئاران يېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىزنىڭ سودا بۇيرۇپ ئەۋەتكەن بىر يۈز ئەللىك سوم پۇلىڭىزنى خەجلەپ قويدۇم . ئۇنى ئۆيدىن پۇل ئالدۇ-رۇپ قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن . خاپا بولماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . بېيجىڭغا مېنى يوقلاپ كېلىمەن دەپسىز ، ئىختىيا-رىڭىز ، لېكىن مەن سىزنى تەكلىپ قىلالمايمەن ، شۇنداقلا سىزنىڭ ئۆزۈڭىزدىن بېرى ماڭا قويۇپ كېلىۋاتقان تەلىپىڭىزگە ھازىرمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن . مەن ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقمىغۇچە ، بۇ توغرۇلۇق ئويلىنالمايمەن . ئون يىل كۈتىمەن دەپسىز ، كەلگۈسىنىڭ ئىشىغا ھازىر بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ ، شۇ چاغدا كۆرەرمىز...

مەن ئومۇمەن ، سىز توغرۇلۇق يامان پىكىردە ئەمەس-مەن . ئەلاغا قارىغاندا ، سىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭىز كۆپ يۇقىرى . مەن سىزنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭىز بىلەن بەختلىك بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ۋە سىزگە چىن دىلىمدىن بەخت تىلەيمەن .

سالام بىلەن : گۈزەلئاي

1958 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست ، بېيجىڭ»

مەن خەتنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدۇم ، لېكىن رەقىپكە «ما-قۇل جاۋاب» بەرگەن بىرەر سۆزنى تاپالمىدىم . رەقىپ بۇ خەتنىڭ قايسى يېرىدىن گۈزەلئاي تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى دېگەن مەنە چىقاردىكىن ، مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم . لېكىن ، قىزنىڭ رەقىپ-

www.uyghurkitap.com

كە يازغان خېتىدە مېنى ئۈچ يەردە چېقىپ ئۆتكىنى ، سوغۇق مىجەز دېگىنى ماڭا ئەلەم قىلدى . بولۇپمۇ ، ئادەمگەرچىلىكتە مېنى رەقىپتىن تۆۋەن ئورۇنغا قويغىنى ماڭا هار كەلدى . مېنىڭ پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىشقا نېمىشقا چىقمىغىنىم ، هېلىقى كۈنى قىز-نىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىغىنىم ، قىز ئۈچۈن چۈشىنىك-سىزمىدۇ ـ هە؟ ئەلۋەتتە ، بىر قىز سېنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلىرىغا جاۋاب ۋە هېسداشلىق تەلەپ قىلىۋاتاندا ، سەن ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىساڭ ، قىز سېنىڭدىن رەنجىشكە ، هەتتا نەپرەتلىنىشكە هەقلىق ، سەن ئۆزۈڭنىڭ قىزغا بولغان يال-قۇنلۇق مۇھەببىتىڭنى يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۇنى سىر ۋە تىلسىم قىلىۋالساڭ ، مۇھەببەت دۇنياسىغا تېخى ئەمدى قەدەم قويغان تەلۋە قىزدىن بۇ سىرلىق تېپىشمىقىڭغا جاۋاب ئىزدىسەڭ ، قىزنى بىزار قىلماي قالاتتىڭمۇ؟ سەن ، ئەلۋەت-تە ، ئۆزۈڭنى ئازابتىن قۇتقۇز ، بۇنىڭ بىلەن ساڭا تەلپۈنگەن ياش دىلنى بەختلىك قىل . سەن ئادەمسەن ، ئۆزۈڭنى ئەۋلىيا سۈپەت قىلىۋېلىشقا هەقلىق ئەمەسسەن . بىلىم ، خىزمەت ، تۆهپە ، يەنە تۇرمۇش ، مۇھەببەت ئىنسان ئۈچۈن هاۋادەك زۆرۈر . هەممىلا ئىنسان مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ياشايدۇ . سېنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشقا زادىلا هەققىڭ يوق!

مەن ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان مۇئامى-لەمدىكى خاتالارنى مانا مۇشۇنداق ئىزدىدىم ۋە ئۇنى هەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇردۇم .

## 4

خىيال بىلەن ئازابتىن قۇتۇلالمىدىم . خىيال قىلغانسېرى ، مېنىڭ روھىي ئازابلىرىم كۆپەيگىلى تۇردى . خەنزۇچە يېزىلغان

«دۇنيا ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتىمەن . مەن هازىر كۇندىلىك ئۆگىنىش مەشغۇلاتىمنى ئون سائەتتىن ئاشۇرۇۋەتتىم ، لېكىن خىيال قىلىشقا يەنە ۋاقىت چىقىرالايمەن ، خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇنلا ، ئۇيقۇم كەلمىگەچكە ، كېچىلىرى «فائۇست»نى ياكى شېكىسپېر دراملىرىنى ئوقۇيمەن . بايرون ، شىللېر ، پېدوفى ، پۇشكىن ، لېرمونتوۋلارنىڭ شېئىرلىرىنى ، بولۇپمۇ مۇهەببەت ، جۇدالىق ، ئىنتىزارلىق توغرىسىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇيمەن ، خەنزۇچىسىنى يادلايمەن ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىمەن… نەۋائىنىڭ :

غۇربەتتە غەرب شادمان بولماس ئىمىش ،
ئېل ساڭا مۇشفىق ، مېهرىبان بولماس ئىمىش .
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىلگۇل بۇتسە ،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش .
(غۇربەتچىلىكتە غېرىب شاد ـ خۇرام بولمايدىكەن .
باشقىلار ئۇنىڭغا شەپقەتچى ، مېهرىبان بولمايدىكەن ،
ئالتۇن قەپەستە قىزىلگۇل ئۆستۇرۇلگەن بىلەنمۇ ،
ئۇ بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ئۇۋا بولمايدىكەن ) .

دېگەن مىسرالىرىنى ئوقۇغىنىمدا ئىختىيارسىز هاياجانلىنىمەن . مانا ، بايرۇننىڭ مىسرالىرىنىمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كۆردۇم :

ئۇنتۇما ، ئەي قىزچاق ، خوشلاشقاندا
يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن ماڭا .
يۈرىكىم ۋىدالاشقان بولسامىگەر
تەندە قالغان پارچىنىمۇ ئالغىن مانا !…

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىدىنلا ئۆز ھېسسىياتىمنى ئەيىبلەش ئۈچۈن، پىدوفىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى تەرجىمە قىلدىم:

مۇھەببىتىم ئوخشايدۇ سۇرلۇك ئورمانغا،
قاراقچىدەك كۈنداشلىق قىلدۇرىدۇ ئۇندا.
ئۇ ئۈمىدسىز: خەنجىرى يالتىرار قولدا،
ئاسايىشلىق ئۆلۈم ياتار ھەر ئۇرۇلغاندا.

... لېكىن يادلاش، تەرجىمە قىلىش، مېنىڭ مىنۇتسېرى ئۆرلەۋاتقان سېغىنىش، ئىنتىلىشلىرىمنى ھېچ باسالمىدى. ئۆزۈمنى بىرەر كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىدا شەخسىي ھالاۋەتكە بېرىلمىگەن شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى قاراشتۇردۇم، لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالالمىدىم. ھاشىرنىڭ خېتىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ مېنىڭ خېتىمگە جاۋابەن يازغان سۆزلىرى مېنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلىۋالدى: «نېمە؟ سەن قىزغا ئاشىق بولدۇم دەمسىنا؟ ۋۇتەيدە بىرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، ئادىكالۇن[1] بىلەن ئۆزىنى پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھېلىقى تەكەببۇر گۈزەلئايغىمۇ تېخى! مۇشۇ بىر ئىشتىنلا سېنىڭ چۈشكۈنلۈكۈڭ، غايە، ئارزۇ دېگەنلەرنى چۆرۈۋەتكەنلىكىڭ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپ قىزلارغا ئاشىق بولۇپ، كېچىسى ئۇخلىيالمىغان بولساڭ، بىزدىن چىقىدىغان «ئۇلۇغ ئالىم» بۆشۈكىدىلا تۈگەپتۇ. مۇھەببەت — چىرىتكۈچ، مۇھەببەت — ئىنسان روھىغا چۈشىدىغان ھال كېسىلى، شۇم بۇيا! ئاشىقتىن ئالىم چىقمايدۇ (لاۋزا شائىرلار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ). ئۇلۇغ نيۇتون، نوبېل... ساڭا ئۈلگە بولارمىكىن دەپ

[1] ئادىكالۇن — بىر خىل ئەتىرنىڭ نامى — ت.

ئويلىسام ، سەن ئەخمەق لىرمونتوفچىسىغا «زامانىمىزنىڭ قەھرىـ
مانى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپسەن ، پۇشكىنچىسىغا گـۇنچـاروۋا
ئۇچۇن دۇئېلدا ئۆلىدىغان ئوخشىمامسەن !··· »
مەن بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتىم . مەن ھاشىرغا
خىيالىمدا جاۋاب بەردىم : «فائۇست ئۇلۇغ ئالىم ، ئۇ كامالىغا
يەتكەن چېغىدا بىر قىزغا ئاشىق بولدىغۇ؟ ئۇلۇغ يازغۇچىلاردىن
لىف . تولستوي ، بالزاك ، شېكىسپېر ، گيوگو ، گيۇتىلارمۇ ئۆز
ھاياتىدا شەخسىي مۇھەببەت ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى سەرپ
قىلغانغۇ؟ ئىنسان بار ئىكەن ، مۇھەببەت بولىدۇ . ئىنسان ئۈچۈن
مۇھەببەت يۈكسەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بىر پەزىلەت . سەن
نېمىشقا بۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايسەن؟ ئۇنى ئاز دەپ ، ئۆز
نەپرىتىڭنى ئىنسانىي خىسلەتنىڭ بىر ئۈلگىسى قىلىپ باشقىلارغا
تاڭىسەن؟ سەن ئوقۇپ يۈرگىنىڭدە ، ياشلارنىڭ مۇھەببەت سەزگۈـ
لىرى ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي گەپلەرنى قىلغانىدىڭغۇ؟ بارلىقىنى
خەلققە بېغىشلىغان ئادەملەردە مۇھەببەت سەزگۈسى بولماسلىقى
لازىممۇ؟ ساڭا بۇ چۈشەنچە نەدىن يۇقتى؟ كوممۇنىست — ئۇلۇغ
نام ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ساپ مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى ئەمەسقۇ؟
قىممەتلىك دوستۇم ، مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سېنى ئەيىبلەپ ئۆتەي .
سېنىڭ ئىنسان توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭ خاتا ، ئىنسان — تۆمۈر
پارچىسى ئەمەس ، ئۇنىڭ نازۇك ، گۈزەل سەزگۈلىرى بولىدۇ .
مانا بۇ سەزگۈلەرنىڭ جەۋھىرى — ساپ مۇھەببەت . ساڭا بىر
داڭلىق ياپون شائىرىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئېيتىپ بېرەي :

بار ئىكەن چۆل ئارا كىچىك بىر ماكان ،
دەرەخسىز ، گىياھسىز··· بار ئىكەن ئىنسان .
قۇشلارمۇ قونماسكەن ، ئۇ يەردە لېكىن ،
كامالەت تاپاركەن مۇھەببەت ھامان···

www.uyghurkitap.com

... بىلىپ قوي ، مېنىڭ سەن نەپرەتلىنىدىغان بىر ھاكاۋۇر قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىشىم نەپرەتلىنەرلىك ئىش ئەمەس ، بەلكى قەدىرلىگۈدەك ئىش . مەن سېنىڭ ئىزىڭنى بېسىپ ، ئۆز ھېسسىياتىمنى سۈنئىي يول بىلەن يوشۇرۇپ يۈرۈپ ، مانا چەكسىز ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولدۇم . مېنى بۇ دولقۇنغا تىخىمۇ پاتۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەي ، ماڭا قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسەت ! مەن سېنىڭدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن... ‹تۈزۈكرەك قىزنى ياخشى كۆرسەڭچۇ كاشكى › دېگەنلىرىڭنى قانداق قىلاي ، گۆدەك بالىدەك سۆزلەيسەن ـ دە ، ھاشىر . سەن قازادىن ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ ، چىرايلىقراق يەردە ئۆلسەڭ بولماسمىدى ! دېگەندەك ئەخمىقانە گەپ قىلىۋاتىسەن ، كىم قانداق قازا بىلەن ئۆلۈشنى بىلمىگەندەك ، كىشى قانداق بىر قىزغا ئاشىق بولۇشىنىمۇ ھەرگىز بىلمەيدۇ . كىم كىمگە ئاشىق بولسا ، ئاشۇ مەشۇقى ئاشىقى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە چەكسىز گۈزەل . مۇھەببەتنىڭ ئەتىۋارىمۇ مانا شۇ يەردە !...

مەن ھاشىر بىلەن غايىۋانە بولۇۋاتقان مۇنازىرەمنى ۋاقىتلىق توختاتتىم . بۇ مۇنازىرىلەرمۇ گۈزەللىكى ئۈچۈن ئېچىشىۋاتقان يۈرىكىمگە مەلھەم بولالمىدى . كىتاب ئوقۇسام زېھنىمگە ھېچ كىرمىدى ، ياتسام ئۇيقۇم كەلمىدى ، بىر ئارتىس دوستۇم يادىكار قىلىپ قويۇپ قويغان تەمبۇرۇمنى قورسىقىمغا قويۇۋېلىپ مۇڭلۇق كۈيلەرگە چېكىپ باقتىم ، ياق ، يەنە ئارام ئالالمىدىم . ئىچ ـ ئىچىمدىن دولقۇنلىنىپ چىقىۋاتقان ھېسسىياتلىرىمنى شېئىر بىلەن بايان قىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدىم :

# ئۈنتۈما

سەن كەتتىڭ كەينىڭگە يېنىشلاپ بېقىپ ،
قالدىم مەن جۇدالىق ياشلىرىم ئېقىپ .
ئەسلەيمەن ھەر مىنۇت ئۈنسىز سېغىنىپ ،
يول يىراق ، دىل يېقىن ، شۇنى ئۈنتۈما !

يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەلمىدىم ،
ۋەسلىڭگە تەلمۈرۈپ ھېچ يېتەلمىدىم .
بىردەممۇ دىلىمنى خۇش ئېتەلمىدىم ،
سېنىڭسىز كۈن قىيىن ، شۇنى ئۈنتۈما...

يازغان شېئىرىم ئۆزۈمگە ياقمىدى ، ئېيتمىدىغان سۆزلىرىم مىسرالارغا سىغمىدى . مېنى قىيناۋاتقان ھېلىقى يوشۇرۇن كۈچ ھېچ ئازايمىدى ، مەن سىرتقا چىقىپ پويىز يولىنىڭ بويىغا كەلدىم . كۆمۈر باسقان بىر پويىز ئەتراپنى تىترىتىپ ئۆتۈپ كەتتى . مەن پويىز كەتكەن شەرق تەرەپكە قاراپ قاتتىق خورسىنىش بىلەن گۈزەلىكىنى كۆرۈشنى ئارمان قىلدىم . مەن ئەمدى ئىقرارمەن ، ئارزۇيۇمنىڭ تەتۈرىچە ، بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانمەن . ھېچ بىلمەيمەن ، قىزنىڭ نېمىسى ماڭا ياققاندۇ ؟ چىرايىدىن باشقا ئادەمنى جەلپ قىلارلىق يەنە نېمىسى بار ! مەن ، ئادەمگە باھا بېرىشتە ئاۋۋال قەلبىگە قاراش كېرەك ، دېگەننى دائىم سۆزلەيتتىم . مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئاشىقمەن . دېمەك ، مەن يالغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ كەلدىممۇ ياكى پەزىلەت جەھەتتە مەن تېخى خامموۇ ؟...

ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ ھاراق ئىچتىم ، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەنلا تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدىم .

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەنلىكى ئىشىكىم قاتتىق ئۇرۇلغاندا ئويغاندىم.

— بولۇڭ، تېز كىيىنىڭ، ئويۇن باشلىنىپ كېتىدىغان بولدى!— بۇ، ئادىلەنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم:

— يەنە چىلانلىققا بارىدىغان گەپمۇ؟ دەرياغا بوتۇلكا ئېتىشىمىزمۇ؟

— ھەئە، ئەمدى دەرياغا ئۆزىمىزنى بىراقلا ئاتىمىز! ھا... ھا... ھا...

قىز شوخلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى.

مەن كىيىنىشكە باشلىدىم.

— بولۇڭ دەيمەن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ۋالىبول كوماندىسى بىلەن گەنسۇ ۋالىبول كوماندىسى ئويۇن كۆرسىتىدىكەن. ياق دېيىشكە رۇخسەت يوق! ياسىنىشقا ۋاقىت يوق!

قىز قولۇمدىن تارتىپ كارىۋىتىمدىن چۈشۈردى. مەن بۈگۈن بولىدىغان دوكلاتتىن قېلىپ قېلىشنى خالىمايتتىم. لېكىن، ئۆزۈم ۋالىبولغا ناھايىتى ئامراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ قىزنىڭ تەلىپى قاتتىق ۋە قەتئىي ئىدى.

بىز يېرىم سائەتتىن كېيىن شەھەر ئىچى پويىزىغا چۈشۈپ، يازلىق تەنتەربىيە مەيدانىغا قاراپ ماڭدۇق.

بىز قىستىلىشىپ يۈرۈپ مەيدانغا يېقىن جايدىن ئورۇن ئالدۇق ۋە كۈنگە قاقلىنىپ خېلىلا پىشقاندىن كېيىن ئويۇن باشلاندى. ئاۋۋال قىزلار كوماندىسى چۈشتى. شىنجاڭ كوماندىسىدىن ياش، زىلۋا قىز ئويۇن باشلىنىش بىلەنلا كۆرگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. قىز ئاساسلىق ھۇجۇمچى ئىدى. ئۇ تېز چىققاتتى، ئېگىز سەكرەيتتى، قاتتىق ئۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇزۇلمەي چاۋاكلار چېلىندى. «7» نومۇرلۇق بۇ قىز ماڭا بىردىنلا تونۇش ۋە ناھايىتى يېقىن بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن ۋارقىرىۋەتتىم:

— ئەلانۇر !

ئادىلە ھەيران بولۇپ قالدى . مەن ئەلانۇر توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى ئادىلەگە سۆزلەپ بەردىم .

— تېز ئۆسۈپتۇ ،— دېدى ئادىلە خۇشال بولۇپ ،— بىزنى باشقىلار «غۇلجىلىق پوچىلار» دېيىشىدىكەن ، بىزدە پوچىلارمۇ بار ، لېكىن مۇنۇ ئەلانۇردەك ، سىزدەك ، گۈزەلئايدەك نوچىلارمۇ بار . بىر يىلدىن كېيىن ئاساسىي ئويۇنچىغا ئايلانماق ئاسانمۇ ، تالانت بۇ ، خۇددى سىز بىر يىلدىلا خەنزۇچە رومان ئوقۇيالايدىغان بولغاندەك ، گۈزەلئاينىڭ ئاۋازى ئالاھىدە يۇقىرى ئاۋاز بولۇپ چىققاندەك بىر مۆجىزە !

ئۇ ئۆز سۆزىدە ھامان گۈزەلئاي بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى بىر يەرگە قويۇۋالاتتى ۋە ھەر ئېغىز سۆزىدىن كېيىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى . دولقۇنلۇق قىرقىم چاچلىرى ئارىسىدىن يېنىچە قارىغاندا ، ئۇنىڭ قۇۋلۇق يوشۇرۇنغان قوي كۆزلىرىدە بىر سوئال «مانا مەن» دەپ تۇراتتى .

— سىزدىنمۇ تېز ئۆستىمۇ؟— مەن ئادىلەگە چاقچاق قىلدىم ،— ناخشىچى ، گارمونچى ، رويالچى ، چاقچاقچى ، تانسىچى — بەشتە ئاتاقلىق ! ›

— ھە ، يەنچۇ ؟ — قىز مېنىڭ جەينىكىمنى چىمدىپ قويدى . مەن خۇددى ئەتراپىمىزدا ئولتۇرغان خەنزۇلار ئۇيغۇرچە گەپنى ئۇقۇپ قالىدىغاندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم :

— فاكۇلتېت جۇرنىلىنىڭ بولغۇسى خانىمى !

— ئۆلۈڭ ! — دېدى ئادىلە يالغان دومسىيىپ ، — شۇ جۇرنىلىڭىزنى چېكىڭىزغا قىسىۋېلىڭە ، بۇ «خانىم»لىقىڭىز ومايىغا گۈل ياراشمىغاندەك ، ماڭا ياراشمايدۇ !

ئۇ ئەلەم بىلەن ئىچىنى تارتتى ـ دە ، ماڭا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ پىچىرلىدى :

— ئۇ گۇزەلئاي كەتكەندىن بېرى ، بىر قېتىممۇ مېنى كەچكى سەيلىگە تەكلىپ قىلمىدى ، ياتىقىغا كىرسەممۇ تۇزۇك ئېچىلمايدۇ . ئاچچىقىمدا گۈزەلئايغا خەت يازدىم . بىر ئامال قىلىپ مۇشۇ رەقىپ دېگەننى مۇرادىغا يەتكۈزەي دېدىم . گۈزەلئايدىن تۆت كۈندىن كېيىنلا جاۋاب كەلدى . نېمە دەپتۇ دېمەمسىز ؟ ئىككى دۇنيا سەن ئادىلەدەك دوستۇم يوق ! دەپ يېزىپتۇ . ئەتىسىلا چاقچاق دەپ خەت يېزىۋەتتىم . ھەي تەشەلمىگەن ئالەم . رەقىپ گۈزەلنى ، گۈزەل سىزنى ياخشى كۆرىدۇ . سىز بولسىڭىز كىتابنى... ئەنە قاراڭە ، ئۇ قىزمۇ سىزگە قاراۋاتىدۇ !

قىزلارنىڭ ئويۇنى ئاخىرلاشتى . ئەلانۇر كىيىمىنى كىيىپ بولۇپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم ، قىز مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى . مەن ، ئەلانۇر قىزغىن كۆرۈشىدۇ ، ھەتتا ۋارقىرىۋېتىدۇ ، دەپ ئويلىغاندىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنى ئاتلاپ ئۇنىڭغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدىم . مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم . ئەلانۇر نېمىشقىدۇر ماڭا ناتونۇش بىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك سوغۇق مۇئامىلە قىلدى :

— مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ ئەلانۇر ، مەن ئەلا !

— تونۇدۇم ،— دېدى قىز پەرۋاسىزلا ،— بايىلا تونۇغان !

مەن ئەجەبلەندىم ۋە نارازى بولدۇم . ياتىقىمغا كەلگەن رازىيەنىڭ دوستى — رازىيەنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ماڭا ئېيتقان قىز ئەمدى مېنى تونۇمىغىلى قىللا قالدىغۇ ؟ مەن خىجىل بولۇپ :

— رازىيە خەت يېزىپ تۇرامدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— سورىغىنىڭىزغا رەھمەت ، — دېدى قىز تۆۋەن لېۋىنى ئاستا چىشلەپ قويۇپ ، — يېقىندا ئۇرۇمچىگىمۇ كېلىپ كەتتى !

مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم :

— نېمىگە كەپتۇ ؟ نېمىشقا ماڭا خەت يازمىدى ؟ سىز بولسىڭىزمۇ تېلېگراممىا بېرىپ قويماپسىزغۇ ؟

— نېمە پايدىسى؟ — دېدى قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئەرزىمەس ئىشلارغا سىزنىڭ ئاۋارە قىلىشىڭىز ھاجىتى بولمىسا كېرەك!

مەن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى پەملىدىم - دە:

— رازىيە رەنجىپ قاپتىمۇيا؟ — دەپ سورىدىم. ئەلانۇر تىر-نىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ سۆز ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى:

— بىچارە، بەختسىز دوستۇم، مېنىڭدىن رەنجىيدۇ. مەن پۇشايمان قىلىمەن، نېمىشقىمۇ رازىيەنىڭ ھېسسىياتلىرىنى سىزگە بىلدۇرۇپ قويدۇم! بىلەمسىز، رازىيەنىڭ بەختسىزلىكىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم. سىزدىنمۇ رەنجىيمەن، نېمىشقا ھاشىر دېگەن تومپالقىغا بۇ سىرنى ئېيتتىڭىز، ئۇ رازىيەگە شۇنداق بىر خەت يېزىپتۇكى، خۇددى ئېسىل يىپەك كىيىمگە قارىماي چاچرىغاندەكلا بىر ئىش بوپتۇ. ئۇنىڭ خېتىدىن مۇنداق مەنە چىقىدۇ: رازىيەنىڭ ھاشىرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بىر چاكىنا ئىش. سەۋەبى، رازىيە ئۇنىڭ چىرايىغا كۆيگەن، قەلبىنى تېخى بىلمەيدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت يوپۇرماق ئۈستىدىكى بىر تامچە شەبنەم، كۈن پارلا قىلسا يوق. ھېسسىياتنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، رازى-يەمۇ ھاشىردەك جاپالىق جايغا كېلىشى لازىممىش، بولمىسا دادى-سىدەك يولدىن ئازارمىش... كۆردىڭىزمۇ، ماۋۇ نەسىھەتچىنىڭ قوپاللىقىنى! بۇ قوپاللىق رازىيەنى ئەقلىدىن ئازدۇردى، قىز قاتتىق ئاغرىدى، چاچلىرى چۈشتى. ئاخىر ئەلەمگە چىدىماي، ئۆزى تازا يامان كۆرىدىغان بەھرام مۇئەللىمگە تۇرمۇشقا چىقىشقا رازى بولدى — ئۆمۈر بويى بەختسىز بولۇشقا قارار قىلدى. سىزگە بىر خەت يازغان، خېتىنى كەچقۇرۇن ئېلىڭ، ياتىقىم لەنجۇ مېھ-مانخانىسىنىڭ يەتتىنچى قەۋەت ئون ئالتىنچى ئۆيدە...

ئەلانۇر شۇ گەپلەرنى ئېيتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى. قىز-

نىڭ دوستى ئۈچۈن تۆكۈلگەن ياشلىرى ، ماڭا خۇددى يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان ئازاب زەردابىدەك بىلىندى . ئۇ دوستىنىڭ بەختسىزلىكىگە ياش تۆكمەكتە . بايىلا شۇنچە مەيداننى زىلزىلىگە سالغان چەبدەس قىز ، مۇھەببەت ئالدىدا ئىلاجسىز بىچارىگە ئايلانغانىدى . ئۇ دوستى ئۈچۈن ياش تۆكتى . مەنمۇ نۆۋىتىدە دوستۇمنىڭ خاتاسى ئۈچۈن ، رازىيەنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن ئازابلاندىم . ئادىلە مېنىڭ تاتىرىپ كەتكەن جۇدۇنلۇق چىرايىمغا قاراپ ھەيران بولدى :

— سىزنى بىكارلا باشلاپ كەپتىمەن !— دېدى ئۇ ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ ،— دېسەم - دېمىسەم يەنە شۇ مۇھەببەت خاپىچىلىقى ، سىزنىمۇ ئارماندا قويىدىغانلار باركەن - دە ، كېرەك يوق ، كۆڭلىڭىزنى پۈتۈن تۇتۇڭە ، سىزگە ئۇ قىزچىلىك بىرى تېپىلماسمىدى !

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم ، چۈنكى جاۋابىم قوپال چىقىشى ئېنىق ئىدى . مەن يەنە بىر قىزنى رەنجىتىشنى خالىمايتتىم .

مەن ياتىقىمغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزۈمنى ئازراق بېسىۋالالىدىم . ھېلىمۇ ئىچىمدە بىر ئوت ياناتتى ، بىر يوشۇرۇن كۈچ مېنى بوغاتتى ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن بىر يوشۇرۇن غەزەپ ھېلىلا پارتلايدىغاندەك قىلاتتى . مەن يىگىت بولۇپ يېتىلگەندىن بېرى مۇنداق جىددىيلەشمىگەن ھەم ۋەسۋەسىگە چۈشمىگەنىدىم . رازىيە بىلەن ئوبدان گەپلىشىپ ، بۇ ئىشنى تۈزەشنىڭ يولىنى قىلغىلى بولاتتىغۇ ، لېكىن ئەمدى كېچىكتۇق . ھاشىرغا ئەھۋالنى يازايمۇ ! ئۇ ئەمدى قانداق قارايدىكىن ؟…

— تېزرەك ئالىم بولۇڭ ، خۇدايىمدىن تىلەيمەن ،— دېدى ئەلانۇر كەچقۇرۇن مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ،— سىز توغرۇلۇق رازىيە ماڭا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەردى . سىز بىلىم ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلىپسىز…

ئۇ كۆزىنى يەردىن ئالماي گەپ قىلاتتى .

ئۇ هازىر ۋالىبول مەيدانىدىكى داڭلىق ئويۇنچى ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ گەپ قىلىشى ، هودۇقۇشلىرى ھەتتا بوينىدىكى كەھرىۋالىرى يەنىلا بۇلتۇرقى ساددا قىز ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى . ئەتىگەنكى هاياجانلىرى هازىر بېسىلغان ، ئاد-دىي ئوقۇغۇچىلاردەك ئاق كوپتا ، كۆك يوپكا كىيگەن ، بىر قولىغا بىلەزۈك ، يەنە بىر قولىغا كىچىككىنە سائەت تاقىغان ، بىر بارمى-قىغا ئالتۇن ئۈزۈك ، قۇلىقىغا ئالتۇن هالقا سالغان… ئۇنىڭ كۆنىدە قارايغان يۈز ۋە بىلەكلىرىدە بۇلتۇرقى نازۇكلۇق خېلىلا ئازايغانىدى .

— تىنىك سەكرىشىڭىز بەك ياخشىكەن ، بويىڭىزمۇ ئۆسۈپتۇ ، — دېدىم ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگە قاراپ .

— ئورنۇمدىن قىرىق بەش سانتىمېتىر تىك كۆتۈرۈلەلەيدى-كەنمەن ، — دېدى قىز قىزىرىپ تۇرۇپ ، — بويۇم بۇ يىل بىر مېتىر سەكسەن يەتتە سانتىمېتىر بوپتۇ ، ئەمدى ئۆسمىسەم بولاتتى !

مەن رازىيەدىن كەلگەن قېلىن خەتنى ئېلىپ قىز بىلەن خوشلاشتىم . ئەلانۇر مېنى بىرىنچى قەۋەتنىڭ چوڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى . بىز مەرمەر پەلەمپەيدە خوشلاشتۇق .

مەن لەنجۇ مېھمانخانىسىدىن چىقىپ خۇاڭخې دەرياسى بويىغا قاراپ ماڭدىم ، يىگىرمە مىنۇتتەك پىيادە ماڭغاندىن كېيىن دەريا بويىغا كەلدىم . ئوڭ تەرەپتە يەنتەن ئارىلىغا ئۆتىدىغان ئۇزۇن ياغاچ كۆۋرۈك ، سول تەرەپتە — خېلى يىراقتا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئەگمە بولۇپ ئون ئىككى تۈۋرۈك-لۈك ئاسما تۆمۈر كۆۋرۈك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دەريا شاۋقۇنسىز ، ئاستا ئاقماقتا ، ئۇنىڭ غۇلجا دېھقانلىرىنىڭ ئەتكەنچى-يىغا ئوخشايدىغان سېرىق سۈيى غۇۋا يورۇقتا كۆل رەڭ ـ سارغۇچ تۈسكە كىرگەن ، ئۇنىڭ قارىيىپ كۆرۈنگەن نېرىقى قىرغىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سانسىز چىراغلار ياندى ، كۈندۈزى كۆرۈنمىسىز كۆرۈنىدىغان مەجنۇنتاللار غۇۋا يورۇقتا باراقسانلاشقان ، سۇ چاقپەلىكى بىر خىل ئاۋازدا «شالاپ ـ شالاپ» قىلىپ قىرغاقتا سۇ تۆكۈپ ئاستا ئايلانماقتا ، خۇددى بۇ دەريا بويىدىكى ھەممىلا نېمە ئاستا ۋە ھۇزۇرلۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك . يالغۇز مېنىڭ يۈرىكىملا تېز ئۇراتتى ، نېرۋىلىرىم جىددىي ئىشلەيتتى . مەن رازىيەنىڭ خېتىنى ئوقۇش ئۈچۈن لامپۇچكا يورۇقى ياخشى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردۇم . كونۋېرتنى ئاچتىم . ئاۋۋال سارغۇچ قەغەزلەرنى ئالدىم . بۇ ھاشىرنىڭ تونۇش پوچېركىسى ئىدى . سارغۇچ قەغەزگە يېزىلغان خەتنىڭ ئارقىسىغا مۇنۇلار يېزىلغان :

«بىز مەڭگۈلۈككە خوشلاشتۇق . مەن قاراڭغۇ جاڭگالغا ئېلىپ بارىدىغان يولغا قاراپ بۇرۇلدۇم . ئۇ داغدام يول بىلەن كېتىۋەردى . كەينىمگە بۇرۇلۇپ داغدام يولغا ھەۋەس بىلەن قارىشىم لازىممۇ ؟ ياق ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراش ئالدىمدىكى قاراڭغۇ جاڭگالغا قاراپ مېڭىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق . خەير ، مېنىڭ بەختلىك دوستۇم…»

ئەمدى مەن رازىيەنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنى ، نازۇك سىرلىرىنى ئاسمان قەھرىگە قۇيۇۋەتكەندەك ئاچچىقىپ كەتكەن سېرىق قەغەزلەرنى ۋاراقلىدىم ، ھاشىرنىڭ يوغان ـ يوغان خەتلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ، ئۇنىڭ دائىم تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قوشۇما قاشلىرى ، قارىماققا سوغۇق ، لېكىن ناھايىتى مېھرىبان چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى . گويا ئۇ ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ، موخوركىسىنى شوراپ ـ شوراپ قويۇپ ، ئالدىرىماي سۆزلىمەكتە ئىدى :

«سالام ، رازىيە ! سىز ئارقىلىق ئۆمەر ئەپەندىگە ، مەلد-

كە ھەدەمگە، ھۆرمەتلىك مومايغا سالام. سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ مانا بۇ يىل يەتتىنچى ئايدا، ئەلا ئىككىمىزنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇپ قايتقىنىمىزغا ئىككى يىل بولۇپ ئاشتى. بىز بۇ يەردە بىكار بولساقلا ئانا مەكتىپىمىزنىڭ گېپىنى قىلىمىز: بىز تىككەن كۆچەتلەر، توشۇغان توپا، ياسىغان يول، توپ ئوينايدىغان مەيدان، كۇنچىقىش تەرەپتىكى دۆڭگە سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ياتاق، ئوڭ تەرەپتىكى دەرەخلىك ئىچىگە سېلىنغان كىچىككىنە چىرايلىق دوختۇرخانا، پۈتمەي قالغان مۇنچا، بىز يېڭى مەكتەپكە كەلگەندە ياتاق قىلىپ ياتقان ئات ئامبىرىنىڭ بالىخانىسى، ئاشخانا، ئۇ يەردە بولىدىغان كۆڭۈللۈك تانسا ھەتتا ماي ئىسكىلاتى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئۆستەڭ، ئىسكىلاتنىڭ شىمالىي تەرەپ ئويمانلىقىدىكى كۆڭۈللۈك سازلىق··· بىز پارىڭىنى قىلمايدىغان ھېچنېمە، ھېچبىر مۇئەللىم قالمايدۇ. چاقچاقچى نىزامىدىنكام، ئارغىماق باقىدىغان قازاق يىگىت، چۈچۈمەل ۋە يىرىك بولكا، ئالىيۇمىن داسلاردا ياتقىمىزغا تىقىۋالىدىغان مايلىق قورداقلار توغرىسىدىمۇ سۆزلىشىپ كېتىمىز. دېمەك، رازىيە، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىز سىلەرنى كۆپ ئەسلەيمىز. سىز بىلەن ۋالىس ئوينىغىنىم يادىمغا كەلسە ھەيرانمەن، بىلمىدىم، قانداق كۈچ مېنى شۇنچە پىرقىراشقا مەجبۇر قىلدىكىن؟ (رازىيە بۇ گەپلەرنىڭ ئاستىغا قىزىل قېرىنداش بىلەن سىزىپ قويۇپتۇ).

لېكىن، رازىيە، بىز يۇرتىمىزنى قانچە سېغىنغان بىلەنمۇ، بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە پۇشايمان قىلمايمىز. مەن ئۆز ئەھۋالىمنى سىزگە قىسقىچە يېزىپ ئۆتەي، پۇشكىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ۋاقىت قىس بولغىنى ئۈچۈن ئۇزاقراق يېزىۋېتىدىغان بولدۇم.

مەن ھازىر مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، لېكىن مەكتەپ خىزمىتىنى بىر كۈنمۇ ئىشلىگىنىم يوق. ۋىلايەتلىك ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسىدىكى ئىشىم ئاخىرلىشىش بىلەنلا مائارىپ ساھەسى بويىچە پولات تاۋلاش قوماندانلىق ئىشخانىسىغا يۆتكەلدىم. تاغ ئىچىگە بېرىپ رۇدا توشۇيدىغان، پېچ قۇرىدىغان، گەمە كولايدىغان جايلارنى كۆرۈپ كەلدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن بىرنەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇن پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا ماڭىمىز. «بۇ يىل پولاتنى ئون سەككىز مىليون تونىغا يەتكۈزۈش، ئون بەش يىلدا ئەنگلىيەدىن ئۆتۈپ كېتىش دېگەن شوئار» قانداق مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ـ ھە! مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشنىڭ بىر جەڭچىسى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. تىك قىيالارغا يامىشىپ چىقىپ، مۈرىلىرىمدىن تىرىملاپ قان ئاققۇچە رۇدا كۆتۈرگۈم كېلىدۇ. مېنىڭچە بولغىنىدا، ئون بەش يىل بەك ئۇزۇن، پۈتۈن جۇڭگولۇق كېچە-كۈندۈز جاپالىق كۈرەش قىلىپ سەكرەپ ئىلگىرىلەۋەرسە، بەش يىلدىمۇ ئەنگلىيەدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىكەن. مەن ئەنگلىيەنىڭ پار ماشىنىسى پەيدا بولغاندىن بېرىقى ئىككى يۈز نەچچە يىللىق تارىخىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى نۇرغۇن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ باقتىم، ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز نەچچە يىللىق سەپىرىنى ئون يىلدا بېسىپ بولغىلى بولۇشىغا ئىشەندىم. بەلكىم مېنىڭ بۇ ھېسابلاشلىرىم ئەخمەقلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن مەن بۇنىڭغا قاتتىق ئىشەندىم. ئوڭچىلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن روھلانغان جۇڭگو خەلقى — تەڭداشسىز كۈچ. پارتىيىمىزنىڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يولى بىلەن دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدا قوللانغان تەدبىرلىرى ھەقىقە-

تەنمۇ مېنى خۇشال قىلدى . مەن بارلىقىمنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلالىسام ، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم ھې-سابلايتتىم . ئىنسان دۇنياغا نېمىگە كېلىدۇ ؟ «ئۇ شۇنداق ياشىشى لازىمكى ، ئۇ ئۆلەر ۋاقتىدىمۇ بارلىقىم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىشقا يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشىغا بې-غىشلاندى دەپ ئېيتالايدىغان بولسۇن » (ن .ئوستروۋىس-كىي ) ، مەن بۇ يەرگە شان ـ شەرەپ ئىزدەپ كەلگەن . بىز ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ئەڭ قىيىن جايلارغا بېرىپ ، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارد-تىش ، بۇنىڭ بىلەن شان ـ شەرەپنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش دېگەننى نىشان ۋە مەقسەت قىلىۋالغانىدۇق . مەن ئەمدى بۇ ئارزۇيىمىزنىڭ شەخسىيەتچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن . چۈنكى ، مەن ئۆزۈمنى ئالسام ، شان ـ شەرەپ-نىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندىن كېيىن ، ياخشىراق خىز-مەتكە كۆتۈرۈلۈش ، ياخشىراق ئىناۋەت تېپىپ ، خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش دېگەندەك نەرسىلەرنى خېلىلا ئويلىغان . جاپالىق جايلاردا شەرتسىز ياشاش ، راھەت ، ئورۇن ، ئابرۇي دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن زادىلا ھېسابلاشماسلىق دېگەنلەرنى مەن ئەمدىلا ئويلاۋاتىمەن . پارتىيىگە يۈرەك تاپشۇرغاندا ، مانا شۇ شەخسىيەتچىلىكلىرىمنى تاپشۇردۇم . جۇڭگودا كوممۇ-نىزمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تېز بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ ، كوممۇنىزم بىزدىن «مۇلۇكچىلىك كۆزقارىشى ۋە ئەنئەنىۋى كۆزقاراش »تىن ئۇزۇل ـ كېسىل چېگرا ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . «مانىفېست »قا قاراڭ ، بىز مانا شۇ «ئۇزۇل ـ كېسىل » ئۆلچىمىگە لايىقلىشىشىمىز لازىمكەن . ئۆزىمىزنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئۆزگەرتكۈچى ھېسابلىماي ، ئۆزگەر-گۈچى ، ئۇزۇل ـ كېسىل «چېگرا ئاجراتقۇچى » ھېسابلىشى-

www.uyghurkitap.com


مىز لازىمكەن . سىز بىلەن بىز ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قوينىدا بىللە تەربىيىلەندۇق . مەن سىزگە ئىنقىلابىي سەپداش سۈپەتى بىلەن مۇشۇ گەپلەرنى يېزىۋاتىمەن . مېنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىم مانا شۇنداق . قىسقىسى ، مەن قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى زادىلا شەخسىي پايدىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەم قىلىپ چىقالايمەن دېگەننىلا ئويلايمەن . ئىككى كۈندىن كېيىن پولات تاۋلاشقا ماڭىمىز ، مەن تاغلارنى غۇلاتقاندا رۇدا ئاستىدا قېلىپ ، جاڭ سىدىيەك قۇربان بولۇش ياكى پولات ئېقىنىدا مېيىپ بولۇش ياكى بولمىسا بىزنىڭ ئۇتۇقلىرىمىزنى كۆرەلمەيدىغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولۇش قاتارلىق شېرىن خىياللارنىمۇ قىلىمەن تېخى ! (بۇ يەرگە رازىيە قېرىنداش بىلەن : «ھەممىلا ئوقۇتقۇچى سىزدەك بولسا بالىلارنى كىم ئوقۇتىدۇ ؟ » دەپ يېزىپ قويۇپتۇ ) .

خىيالدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش بىر چوڭ سىناقكەن . كىتابلاردىكى چىرايلىق سۆزلەرنى يادلىۋالغان بىلەن ئىستىقبال قولغا كەلمەيدىكەن . قاتتىق زاغرا ، سوغۇق سۇ ، كىر كىيىم ، داق يەر ، ئېغىر ئەمگەك ، كەم ئۇيقۇ ، ھېرىش - چارچاش ، كۆيۈپ - قارىداش ، چاڭ - توزانغا مىلىنىش — ئەمەلىيەت ، يەنى تۇرمۇش . مۇشۇ تۇرمۇش ئىچىدىمۇ راھەتلىنىشنى بىلىش — ئىنسانىي خىسلەت . مەن كەلگىلى بىر يىلدىن ئاشتى ، ئارانلا ئىككى قېتىم كىنو كۆردۈم ، تانسا دېگەن خىيالىمغىمۇ كىرىپ قويمايدۇ . مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن كۆك شىم — تۈجۈركا ھازىرقى مېھمانلىق كىيىمىم . كىيىم سېتىۋېلىشقا ۋاقىت يوق . مائاشىمنى ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئالىمەن ، بىر ئايلىق تامقىمغا ئون سوم ، تاماكامغا بەش سوم بولۇپ ، ھەر ئايدا ئون بەش سوم كېتىدۇ . بىر

قىسىم پۇلۇمغا زايوم ئالدىم ، قالغان پۇلۇمنى بانكىغا قويۇۋا-
تىمەن . بىر تىيىن پۇلۇم بولسىمۇ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئىشلە-
سۇن دەيمەن . ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭ ، مېنىڭ شەخسىي تۇر-
مۇشۇم ئۇستىدە باش قاتۇرۇشقا نەدە ۋاقتىم ۋە ئىختىيارىم
بولسۇن . مەن كورچاگىننى ياخشى كۆرىمەن ، «نېمە قىلىش
كېرەك » ، تىكى رەخمەتوفنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن . ئەمدى
ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا كېلەي : مەن سىزنىڭ
ساپ ، ئەخلاقلىق ، غايىگە ئىگە ، قىزغىن قىز ئىكەنلىكىڭىز-
دىن گۇمان قىلمايمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خۇددى ئەلاغا
يۈرەك - باغرىمنى كۆرسەتكەندەك ، سىزگىمۇ كۆرسىتىشنى
خالايمەن . مېنىڭ تۇرمۇشقا قاتتىق تەلەپ قويغۇم كېلىدۇ :
تۇرمۇش جەڭگىۋار ھاياتىڭىزنىڭ بىر قايىنىمى بولسۇنكى ، ئۇ
ھەرگىزمۇ ھېچكىم قىيا كۆزىنى سالمايدىغان شىۋاق باسقان
بىر چۆل بولۇپ قالمىسۇن . بۇنىڭ ئۈچۈن ، تۇرمۇش ئىستىد-
كى بىلەن بىرلەشكۈچى ئىككى ياش قەلبداش بولۇشى لازىم .
قەلبداش دېگەن نېمە؟ بىر - بىرىنىڭ قەلبىنى سۆيۈش
(ھەرگىزمۇ چىراي ، خۇلق ، بىلىم ، پۇل قاتارلىقلار ئە-
مەس ) ، ئىككى قەلب بىر رىتىمدا ئۇرۇپ تۇرۇش ، ھەتتا
زۆرۈر بولغاندا بىرى توختىغاندا يەنە بىرىمۇ توختاپ قېلىش
دېگەن سۆز (رازىيە بۇ يەرگە قېرىنداش بىلەن : «چىراي ،
خۇلق ، بىلىم ، پۇل قاتارلىقلارنىڭ ئىنسان قەلبى بىلەن
مۇناسىۋىتى يوقمىكەن؟ » دەپ يېزىپ قويۇپتۇ ) . مۇشۇ مەنە-
دىن قارىغىنىمدا ، سىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا دوستلۇق-
تىن ھالقىپ كېتىدىغان نازۇك ھېسسىياتنىڭ بولۇشىنى ئىق-
رار قىلغۇم كەلمەيدۇ (رازىيە قېرىنداش بىلەن يوغان سوئال
ۋە ئۈندەش قويۇپ قويۇپتۇ ) . ناۋادا ، سىز مەن تۇرۇ-
ۋاتقان چاڭ - توزان ئارىسىغا كەلسىڭىز ئىدى ، ئورتاق ئارزۇ

ۋە ئىنتىلىش بىزنىڭ قەلبىمىزنى يېقىنلاشتۇرغان بولاتتى، لېكىن مەن بىلىمەن، سىز دادىڭىزدەك كىتاب ئەھلى بولۇشنى، بىزنىڭ دونكىخوت — ئەلادەك بىلىم سەھراسىدا چېپىشنى ياخشى كۆرىسىز. ئەمەلىيەت بىلەن كىتاب ئەقىدىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر كۆرۈنمەس سېپىل بولغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ ھاياتقا قارىشىمىزدىمۇ بىزنى مەڭگۈ ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن سېپىل بار، بىز بۇنى ئىقرار قىلىشىمىز لازىم. مەن سىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن: ھاياتقا بولغان نەزىرىڭىزنى كېڭەيتىڭ، تار قەپەستىن قېچىپ چىقىڭ، ئىلى تورغىيىدەك پايانسىز كۆككە ئۆرلەڭ، بىز دوستلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، ناۋادا ھاياتنىڭ ئاشۇ چەكسىز ئاسمىنى كەلگۈسىدە بىزنى بىرلەشتۈرسە، قەدىردان ھاياتقا، بىزنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ چىققان چاڭ - توزانغا، غورىگىللىككە، پۇچۇلىنىشلارغا رەھمەت ئېيتايلى. سىزگە كۆتكىنىڭىزدەك بەخت تىلەيمەن، سىزنىڭ دوستىڭىزغا مەن توغرۇلۇق يازغان خېتىڭىزدىن ماڭا مەلۇمات بەرگەن ئەلاغا رەھمەت، خەت ماڭا سىزنىڭ ساپ، قىزغىن ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىڭىزنى مەلۇم قىلدى. بۇ پەزىلەتلىرىڭىز بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن — ھەقىقىي گۈزەللىك بىلەن تولغان تۇرمۇش بېغىغا بىللە كىرىشىمىز ئۈچۈن پاياندار بولالايدۇ...»

خەتنىڭ ئاخىرىنى نېمىشقىدۇر بىرى يىرتىپ تاشلاپتۇ.

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ يۈزۈمنى تۇتۇپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. ھاشىر بۇ خېتىدە كىشىنى ئويغا سالىدىغان خېلى مەنىلىك گەپلەرنىمۇ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتىن، ياشلاردىكى ئەمەلىي ئىنتىلىشنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن خىيالى نەرسىلەرنىمۇ ئېيتقان. نېمىلا بولمىسۇن، مەن ھاشىردىن نارازى بولدۇم. چۈن-

كى ئۇ شۇ تاپتا ، ئالتۇن پىيالىدە شەربەت ئەكەلگەن ئاق كۆڭۈل ساھىبخانىنى قوپال مۇئامىلە بىلەن رەنجىتكەن ئەخمەق مېھمانغا ئوخشايتتى . «ئادەمنىڭ قەلبى ئەينەككە ئوخشايدۇ . ئۇ بىرلا سۇنسا قاداق تۇتمايدۇ »① دېگەن سۆزنى ئەسلىدىم ۋە ئېسىل ئەينەكنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەبكار بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە قاتتىق غەزەپلەندىم .

ئىككىنچى خەتنى ئاچتىم . بۇ خەت قىسقا ۋە ئاچچىق بىلەن يېزىلغانىدى .

«سالام ، ئەلا ! غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت . مېنىڭ ھاياتىم توختام سۇ بىلەن تولغان كۆلگە ئوخشىسىمۇ ، لېكىن بۇ كۆل ئۈستىدە گۈلپەرى ، نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇراتتى . سىز بۇ كۆل سۈيىنى ياخشى نىيەت بىلەن بىر ئۆستەڭگە قىيناپ باشلىغانىدىڭىز ، ئەمدى مېنىڭ ھاياتىم توختام سۇ ئەمەس ، ئېقىن سۇ . ئۇ ئاقىدۇ ، لېكىن ئۇ سۈزۈك ، شوخ تاغ سۈيى ئەمەس ، ئۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئاقىدىغان قارا سۇ . ئۇ گۈزەل ئېتىزلار ، گۈللەر بىلەن تولغان باغلارغا قاراپ ئاقمايدۇ ، بەلكى نامەلۇم ياققا — مەن خالىمىغان ، بەلكى نەپرەتلىنىدىغان تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ . دېمەك ، سىز مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك خاپىلىق تېپىپ بەردىڭىز . خەير ، سىلەرنىڭ بەختىڭلار ئۈچۈن قۇربان بولغان دوستۇڭلارنىڭ كۆز يېشى نېمىگە ئەرزىيتتى؟ مېنى ئۇنتۇڭ ، ھېچبولمىسا خەت يازماڭ ، سىزدىن تىلەيدىغىنىم مۇشۇ .

سالام بىلەن : رازىيە
1958 ـ يىلى 7 ـ ئاي»

① لېف تولستوينىڭ «قايتا تىرىلىش» دېگەن رومانىدىن — ئاپتور .

مەقسەتسىزلا دەريانى ياقىلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭدىم. ئەتراپ جىمجىت، دەريا ئاستا ئاقماقتا، قىرغاقتا چاچرىغان ئاق بۇژغۇنلار ھۇرۇنلۇق بىلەن لەيلەپ، غىل ـ پال كۆرۈنۈپ غايىب بولماقتا. مەجنۇنتاللار چۆرىسىدىكى تاشلاردا جۈپ ـ جۈپ ياشلار دەريا سۈيىگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشىدۇ... مېنىڭدە ئىختىيارسىز سوئال تۇغۇلدى: «مۇنۇ ياشلارنىمۇ ئورتاق غايە، قەلبداشلىق بىرلەشتۇرگەندىمۇ ياكى ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ بىرلا تەرىپىنى ياقتۇرۇپ قېلىشقانلىقى ئۈچۈن قەدىردان بولۇپ قېلىشقاندىمدۇ؟...»

مەنمۇ ھاشىرغا ئوخشاش گۈزەللىكنى ئاتايىن ئۆزۈمدىن نېرى ئىتتەردىمغۇ، بەلكىم گۈزەللىكمۇ رازىيەگە ئوخشاشلا مېنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، كۆڭلى تارتمىغان بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى بولغاندۇ؟ رازىيەنىڭ خېتى ماڭا مۇنداق بىر تۇرمۇش پاجىئەسىنى ئاشكارىلىدى: قوپاللىقىمىز ۋە خىيالپەرەسلىكىمىز بىلەن ئىككىمىز ئىككى گۈزەل قىزدىن ئايرىلدۇق. ئايرىلدۇقلا ئەمەس، ئۇلارنى تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە ئۇچراتتۇق. تۇنجى مۇھەببەت زەربىسى قىزلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئىتتىردى!

مەن ياتىقىمغا مەست ۋە ماغدۇرسىز ھالدا قايتىپ كەلدىم. قورسىقىم ئاچ، لېكىن غىزاغا دىلىم تارتمايدۇ، ھاراق ئىچكۈملا كېلىدۇ. مەست بولۇپ يەردە ياتقۇم، كۆكسۈمنى نەم يەرگە چاپلاپ مىدىرلىماي ياتقۇملا كېلىدۇ. مەن كارىۋىتىمدا دۈم يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈش كۆردۈم: چۈشۈمدە رازىيە دەريادا ئېقىۋاتقۇدەك، ھاشىر ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئېتىۋاتقۇدەك، مەن قىرغاقنى بويلاپ قىزغا قارىتىپ ئارقان تاشلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. بىر چاغدا گۈزەللىكتاي تاش ئۈستىدە سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن پەيدا بولدى ـ دە: «قويۇپ بېرىڭ، ئېقىۋەرسۇن، نېلۇپەرلىك كۆلدە

تۈرغىنىدىن سىيىق كۆلچەككە ئېقىپ چۈشكىنى ياخشى. ها… ها… ها…» دەپ كۈلگۈدەك. مەن ئۈنىڭغا بۇرۇلۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتىمەن: «رەھىمسىز! ۋەھشىي قىز!…»

مەن ئويغىنىپ كەتتىم، چىلىقلاپ تەرلەپ كېتىپتىمەن. يۈرىكىم شۇنچە تېز سالماقتا، لەۋلىرىم قۇرۇپ، پۇت-قولۇمدا جان قالماپتۇ. «دېمەك، مەن ئاغرىپ قاپتىمەن» دەپ ئويلىدىم چايدانىدىن چاي قۇيۇۋېتىپ قارىسام، سائەت ئىككىدىن ئۆتۈپتۇ. دەريانىڭ شاۋقۇنى، گۈزەلئاينىڭ ئاۋازى، مېنىڭ ئالاقزادە بولۇپ ۋارقىرىشىم خۇددى ئۇخلۇمدا بولغاندەكلا مېڭەمدىن ئورۇن ئالغاندى. مەن تېخىچىلا چۈشۈمدىن قالايمىقانلاشقان پىكىرلىرىمنى يىغىۋالالماي قىينىلاتتىم.

ئاچچىق چايدىن كېيىن ئۆزۈمگە كەلدىم-دە، خاتىرە دەپتىرىمگە قارىدىم: «بۈگۈنكى كۈنۈڭ قانداق ئۆتتى؟» دېگەن سوئالغا كۆزۈم چۈشتى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ: «بۈگۈن مەنىسىز خىياللارنىڭ چىرمىۋېلىشىدىن ۋە ئىرادىسىزلىكىمدىن چۈشتىن كېيىن قولۇم ئىشقا بارمىدى. ناۋادا، ھەربىر زەربىدىن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق يوقىتىۋېرىدىغان بولسام، پۈتۈن ھاياتىم مەنىسىز ئۆتۈشى مۇمكىن!» دەپ جاۋاب يازدىم.

يەرگە يورۇق چۈشكەندە، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلدى…

… مېنىڭ كۆڭلىرىم كۆڭۈلسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۆگىنىشىم قىزغىن ئەمەس ئىدى، تامىقىم كۈندىن-كۈنگە ئازىيىشقا باشلىدى، زېھنىم خىرەلەشتى، ئۆزۈم مىسكىن ۋە كۆڭلۈم يېرىم ئىدى.

مەن ياشلىق ھاياتىمدا مۈشكۈلچىلىكلەرنى كۆپ تارتقان، لېكىن ھازىرقىدەك ئازابلانمىغان؛ مەن باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان، لېكىن بۇ قېتىمقىدەك ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويمىغانىدىم. مەن يىگىتلەرنىڭ قىزلار ئۈچۈن ئۆلگەنلىكى، ساراڭ بولغانلىقى

ۋە سەۋدايى بولۇپ قەھرىتان تومۇزلاردا نەچچە كۈنلۈك يوللارنى باسقانلىقلىرىنى ئاڭلىغان، بىراق ئۇلارنى ئىرادىسىز ۋە ھاماقەت يىگىتلەر ھېسابلىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلگەندىلا، ئۇلارنى بىكار ئەيىبلىگەنلىكىمنى بىلدىم.

... مەن چۈشكىچە بېرىلىپ ئۆگەندىم. چۈشتىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن ئالىم «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» توغرىسىدا ئىلمىي دوكلات بېرىدۇ، بېرىپ ئاڭلىشىم لازىم. ئەتە لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لۇشۈن توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە بولىدۇ... ئاندىن كېيىن يەنە پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات ئىلىملىرى ئۈستىدە مەخسۇس تېمىلاردا دوكلاتلار بولىدۇ. مەن بۇ دوكلاتلاردىن تولۇق مەنپەئەت ئالالايمەن. مەن كۈنلىرىمنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزۈشۈم لازىم. مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىلىم ـ پەن بولۇشى لازىم. ھازىر بولسا، مەن خۇددى مۇھەببەت ئۈچۈنلا يارالغاندەك، باشقا ئىشلار مېنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىيەتتەك، پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇماقتىمەن. بۇ ئىرادىسىزلىك بولماي نېمە؟ تاماكىنى تاشلاشقا قانچە قېتىم ئۇرۇندۇم، نېمىشقا تاشلىيالمىدىم؟ لېنىن ئانىسىنىڭ: «تاماكا زىيانلىق» دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزى بىلەن تاماكىنى تاشلىۋېتىپتىكەنغۇ، بۇ ئۇنىڭ ياشلىقىدىنلا ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەن نەقەدەر ئىرادىسىز ـ ھە! مەن مۇھەببەت ئالدىدىمۇ ئىرادىسىزلىك قىلىۋاتىمەنغۇ، نېمىشقا ھە دېسىلا خىيالىمغا گۈزەلئاي ئارىلىشىۋالىدۇ؟ ھازىر مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىگەن كۈچ، بىلىم تەشنالىقى ئەمەس، مۇھەببەت ئىنتىزارلىقى بولۇپ قالدى. بۇ ھال مېنىڭ ئۇلۇغ ئىرادە ئىگىلىرى ئالدىدا ئەرزىمەسلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇغۇ!

مەن ئۈستىلىمگە كېلىپ خاتىرە دەپتىرىمگە مۇنۇ سۆزلەرنى يازدىم: «ھاشىرنىڭ تەنقىدى توغرا، مېنىڭدىن ياراملىق ئادەم

چىقمايدۇ . يارامسىز بولۇپ ياشىغىنىڭدىن ، قۇرتتەك ئاسان ئۆلگىنىڭ تۈزۈك . ئۆلۈمدىن قورقساڭ ، ئۆزۈڭنى تۇت ، ھالاۋەت ، بەخت توغرىسىدا ئويلىما . بىلىم سېنىڭ ھاياتىڭ ، جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدىغان شان ـ شەرەپ ، بەختىڭ بولسۇن ! ئەگەر سەن بۇنى قىلالمىساڭ ، خۇاڭخې دەرياسىغا ئۆزۈڭنى ئات . يارامسىزلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ جازالا ! » .

باش چۆكۈرۈپ ئوقۇۋاتىمەن ، يېزىۋاتىمەن ، مېڭەمدىن قىزنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن ، لېكىن ئىرادەم يۈرەك تەلپۈنۈشىنى يېڭىشكە ئاجىز ، كۈنلىرىم تەس ۋە ئاستا ئۆتۈۋاتىدۇ...

ياتىقىمغا ما جۇرىن كىرىپ كەلدى :

— يۈرگىن ، ھەدەڭنىڭ لەڭمىنىنى سېغىنغانسەن ! — دېدى ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ .

ئۇنىڭ مېھرىبان ، ئاق چاچلىق ئانىسى ، بالىجان ، قازان بېشىغا ناھايىتى ئەپلىك ئايالى ماڭا بىردە ئۇيغۇرچە ، بىردە خۇيزۇچە سۆزلەپ ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى .

مانا ، كۈلۈپلا تۇرىدىغان ، ئاق يۈزلۈك ، ئۇزۇن چاچ ھەدەم — ئايشا ماڭا سۆزلىمەكتە :

— ئاش سوزامدۇيا ، ياق ، سەن بۈگۈن ئولتۇرۇڭ ، ئاپام سوزسۇن ، سەن شۇ مومايىنىڭ قول تەمىنى بىر كۆرۈپ باقە !

— مەن ئۆزۈم ساڭا يارىتىپ سوزۇپ بېرىدۇ شۇ ،— دېدى موماي مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ ،— سېنىڭ ئاپاڭ يوق ، موماڭ يوق ، غۇلجا شەھرىدە بىر كىچىك ئاپاڭ بار ، لەڭمەنگە ئۇستا ـ ھە ، مەن دائىم ياخشى تاماق ئەتسەملا ، سېنى ئويلايدۇ !

موماي مېھرىبان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ شۇلارنى دېگەندە ، مېنىڭ مىسكىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇشقا باشلىدى .

— ئانا ، بۈگۈن مەن كىچىك ئاپامنىڭ لەڭمىنىدىنمۇ ياخشى

لەڭمەن يەيدىغان بولدۇم ، — دېدىم ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىدـ
ۋېتىپ مومايغا ، — سىزنىڭ ھېلىقى چاغدىكى لەڭمىنىڭىز ئاغزىمـ
دىلا قالغاندى .

ما جۇرىن كۆتۈلمىگەنلا يەردىن ئۈستەلگە بىر بوتۇلكا هاراق قويدى ۋە :

— بۈگۈن ئازراقتىن ئىستېمال قىلىمىز ، ئايشا ، قېنى بايدـ
قىنى ئەكەلگىن !— دېدى .

ئايشا ھەدە ياخشى پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ۋە تەخسىدە قازان كاۋىپى ئېلىپ كەلدى .

— مانا زاكۇسكىمىزمۇ ياخشى ،— دېدى ما جۇرىن ،— شەرت شۇ : بۈگۈن تويغۇچە ئىچىمىز ، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن هاراقخورـ
لۇق قىلمايمىز .

مەن ما جۇرىننىڭ هاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغىنىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم .

— ماقۇل ، بۇ مېنىڭ لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم مەست بولغىنىم بولسۇن ، — دېدىم .

بىز پاراڭ بىلەن بىر بوتۇلكا هاراق ئىچىۋېتىپتۇق . ما جۇرىن قىزارغاندى . ئۇ چېكىلىرى ئاقارغان چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— سەن هازىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭ ـ ھە ؟— دەپ تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى . دېمەك ، ئۇ مېنىڭ يېقىندىن بېرىقى روھىي كەيپىياتىمنى بايقىغان ۋە سىردىشىش ئۈچۈن مېنى بۈگۈن هاراققا چاقىرغاندى . ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىمنى بىلىشنى خالىغانىكەن ، ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىشقا بولمايتتى .

— شۇنداق ، ما جۇرىن ، مەن هازىر مەجنۇن ! — دەپ راستىنى ئېيتتىم يەرگە قاراپ ، — پۈتۈن ئەس ـ يادىمنى قىز ئىگىلىۋالدى .

— پۈتۈن ئەس ـ يادىمنى دەمسىنا ؟

— ئىشقىلىپ، خاتىرجەملىك ئاز…

— ھەي، ياشلارنىڭ مۇشۇنداقلىقى، مەن سېنى مۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەس دەپ ئويلىغۇدىم… ئۆچكەن ئوتنى يەنە كىم كوچىلىدى، رەقىپمۇ؟ ئاشۇ بالا خىرىس قىلمىغان بولسا، ئۇنتۇپمۇ قالاتتىڭ — ھە؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تەنە، ئەيىب ئەمەس، غەمخورلۇق چىقىپ تۇراتتى. مەن ھەممىگە ئىقرار بولدۇم:

— راست، رەقىپ قىزغا كەينى – كەينىدىن خەت يېزىپ، پۇل ئەۋەتىپ، ماڭا ئازاب سېلىۋاتىدۇ! — مەن تالادىن دىلى ئازار يەپ ئانىسىغا ھال ئېيتقان گۆدەكتەك ما جۇرىنغا دات ئېيتتىم، — ئۇ ئۈچ يۈز يۈەن ئەۋەتىپتۇ، پۇل بىلەن قىزنى ئايىنىتماقچى!

— چىرايىڭ نېمانچە ئوسال، خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك كەيپىڭ يامان. بۇ ھالەت يەنە بىر ئاي داۋاملاشسا، راستتىنلا مەجنۇن بولىسەن. مەجنۇندىن بىز كۈتكەن ئىلىم – پەن خادىمى قانداق چىقسۇن؟ بىز سېنى ئالاھىدە ئوقۇمى بار بالا بولغىنىڭ ئۈچۈن، چوڭ ئۈمىد بىلەن تەربىيىلەۋاتىمىز. ئۆگىنىدىغان بىلىمىڭ تېخى تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. سېنىڭ خىيالىڭنى بىلىم ئەمەس، قىز ئىگىلىۋالغان. مەنمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن، ئۇكام. شۇي شۇجى سېنىڭ توغراڭدا مېنىڭدىن پات – پات سوراپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتىمىز.

مەن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدىم. پارتكومنىڭ مېنىڭ تېزرەك ئۆسۈپ يېتىلىشىم ئۈچۈن قانچىلىك غەمخورلۇق قىلىۋاتقىنىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىزلىك قىلىۋاتقىنىمدىن رەنجىدە بولدۇم:

— ما جۇرىن، مەن پارتىيىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمايدى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غان ئوخشايمەن ، ئىرادىسىزلىكىم مېنى يېرىم يولدا نابۇت قىلىشقا ئوخشايدۇ !

— خوش ، سەن نېمە دېمەكچى ؟

— مېنىڭ ئورنۇمغا لاياقەتلىكرەك بىرى تېپىلارمىكىن ، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن !

ما جۇرىن كۆلۈمسىرىدى ۋە يەنە رومكىغا هاراق قۇيدى . ئۇ رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن سەل - پەل كۆتۈرۈلدى - دە :

— سېنىڭ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭ ، ياخشى كۆرۈپ قېلىپ كېچىلىرى ئۇخلىماي خىيال قىلىشىڭ ، ئىرادىسىزلىكىڭدىن بولغان ئىش دېيىلسە توغرا بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ، ئىرادىلىك بولغىنىڭدا بەلكى شەخسىي هېسسىياتقا بېرىلمىگەنمۇ بولاركەنسەن ! لېكىن ، ئىنسان يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتىدا ئومۇمەن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە باي بولىدۇ ، بىزنىڭ ئاتاقلىق ئادەملىرىمىزمۇ قىزلارنى ياخشى كۆرگەن ، مۇھەببەتلەشكەن ، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس ، گەپ ئۇنى قانداق هەل قىلىشتا . مېنىڭ سېنى چاقىرىشىمدىكى مەقسىتىم — سېنىڭ بۇ مەسىلىنى ياخشى هەل قىلىشىڭغا ياردەم قىلىش . شۇي شۈجىننىڭ پىكرى — قىزنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ مۇشۇ ئالدىمىزدىكى چاغاندا تويۇڭنى قىلىش ، بۇنداق قىلغاندا سەن تۇرمۇشتىكى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە روهىي چۈشكۈنلۈكتىن ئازاد بولالايسەن . قانداق ؟

ما جۇرىن مېنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتسەم دېگەن سوئالىمغا جاۋابمۇ بەرمىدى ، ئۇ سوئالنى ئاڭلىمىغاندەك ، باشقا ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىمەكتە ئىدى . مەن قاتتىق خىجالەت بولدۇم - دە ، رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ :

— رەھمەت ، غەمخورلۇقۇڭلارغا رەھمەت ، لېكىن توي قىلىشقا تېخى ئەتىگەن ، مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا تېزرەك بېرىشنى

خالايمەن . قىزنىڭ يېنىغا بارساملا ، ھەممە ئىش تۈزۈلۈپ كېتەتتى ،— دېدىم كۈلۈمسىرەپ .

— مانا دونكىخوت ! — دېدى ما جۇرىن چاقچاق قىلىپ ، — ئەمدى گۈلسىنەيىننى① ئىزدەپ ماڭىدىكەنسەن ـ دە ؟ مەن ساڭا سانچۇپانسا② بولالىسام ئىدى . ھا ، ھا ، ھا...

بىز كۈلۈشتۇق . ما جۇرىن يەنە ھاراق قۇيدى :

— مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن سېنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلمەيۋاتىدۇ . بىز تېلېفون بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەيلى .

كۆڭۈللۈك ئىچىشتۇق . مەن خېلىلا مەست بولۇپ قالدىم . ما جۇرىنغا ھاشىر بىلەن رازىيە توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم . ما جۇرىن ھېكايەمنى بېرىلىپ ئاڭلىدى .

— مۇنداق دېگىن !— دېدى ئۇ ئاخىر رومكىغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ ،— دېمەك ، سەنمۇ ھازىر ئاشۇ ھاشىرنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاۋاتىسەن ـ دە !

— شۇنداق بولۇۋاتىدۇ .

— مۇھەببەت ، ئائىلە — ئىنسان ھاياتىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم نەرسە . لېكىن ، كۆڭۈلگە بىر ئۇلۇغ غايە پۈككىنىڭدە ، ئۇ ۋاز كەچكىلى بولىدىغان نەرسە . پېتوفىنىڭ شېئىرى ئېسىڭدا ؟ مۇھەببەت ئىنسانغا جاندىنمۇ ئەزىز ، لېكىن ئەركىنلىك ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسىدىن كېچىمەن دېگەنغۇ ، دەيمەن ؟ ئەركىنلىك ئۇنىڭ يۈكسەك غايىسى ئىدى . سېنىڭچۇ ؟ ھەممىنى قۇربان قىلالىغۇدەك غايەڭ يوقمۇ ؟ مېنىڭچە بار...

مۇشۇ سۆھبەت بولۇپ تۆت كۈندىن كېيىن مەن پۈتۈن تەييارلىقمنى پۈتتۈرۈپ ، پويىز بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتىم .

---

① ② «دونكىخوت» رومانىدىكى شەخسلەر — ت .

## 5

— قاچان كەلدىڭىز ؟
— ئۈچ ئاي بولدى .
— نەدە تۇرۇۋاتىسىز ؟
— مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا .
— نېمە ئىش بىلەن ؟
— تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىۋاتىمەن .
— مۇنداق دەڭ ، شۇنداق قىلىپ ، ساۋۇتوفنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن دەڭ . ياخشى ، بۇ ئىشنىمۇ قىلىدىغان ئادەم بولغىنى ياخشى...

1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بىزنى خىزمەتكە تەقسىم قىلغان پەۋاز قاپاق كادىر بىلەن ئەنە شۇنداق ئەھۋاللاشتۇق . ئۇ بېيجىڭغا مەجلىسكە كەپتۇ . هازىر شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋېتىپتۇ .

— يۈرۈڭ ، ھايۋانات باغچىسىنى بىللە كۆرۈپ چىقىمىز ، — دېدى ئۇ ئاجايىپخانىنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان ئىشىكىنى شەرەت قىلىپ ، — بۈگۈن يەكشەنبىغۇ ، دەم ئالغانسىز ؟
— مەن ئوبسېرۋاتورىيىگە كىرەي دەيمەن ! — دېدىم ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىپ .
— ئۇنداق بولسا ، ياتىقىمغا كېلىڭ ، ئىككى يۈز ئون سەككىزىنچى ياتاق ، پاراڭلىشىمىز .
— ساۋۇتوفنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سىزدىن سوراي دېۋېدىم ؟
— ساۋۇتوفما ؟ — ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى ،— راستىمنى ئېيتسام ، سىزنىڭ سورىمىغىنىڭىز تۈزۈك ، مېنىڭمۇ سىزگە دەپ بەرمىگىنىم ياخشى .

— ھەرقانچە چوڭ گۇناھى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر ئادەمغۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن نارازى بولۇپ، — ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساقلا، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. قىسقىسى، بىر غالجىر ئىتنىڭمۇ ئىگىسى بولىدۇ.

— مەن سىزنى ئاياۋاتمەن، — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، — ئۇ ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ بىلىم ئەھلى، لېكىن بىز ئۇنىڭ بىلەن نېمىلا بولمىسۇن بىر سەپتە ئەمەس. ئۇ كىم؟ دۈشمەن. بىز كىم؟ خەلق كادىرى.

— بىزنىڭ ساۋۇتوف بىلەن بىر سەپتە بولالماسلىقىمىز، ئۇنىڭ بىزنى دۈشمەن ھېسابلىغانلىقىدىن ئەمەس، سىياسەتتىكى ئۇقۇشماسلىقتىن بولۇۋاتقان ئىشتۇ؟

— سىز ئۇقمايسىز، ئۇكام. ئۇنىڭ بىلىمىنى ھۆرمەتلەڭ، مەن بۇنىڭغا قارشى ئەمەس، بىراق ئۇ سىزگە ئۈلگە بولماسلىقى لازىم. ئۇنىڭ دەسسىگەن ئىزىغا قاراشقا بولىدۇ، لېكىن ئۈستىگە دەسسەشكە بولمايدۇ.

— ناۋادا، ئۇ ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەنلا شۇغۇللانغان بىر ساپ كۆڭۈل ئادەم بولۇپ چىقسىچۇ؟

— سىز ئىشىنىڭ، ئۇ ساپ كۆڭۈل ئادەم ئەمەس، تەتقىقات — ئۇنىڭ شوئارى. مەقسىتى باشقا…

— خەير، سالامەت بولۇڭ! — مەن ئۇنىڭغا سوغۇقلا قول ئۇزاتتىم.

— دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ خوشلىشاردا، — بىز ئۇنى ئايىمىغان بىلەن، سىزنى ئايايمىز. سىزنى ئاسراش — بىزنىڭ بۇرچىمىز. خەير، سالامەت بولۇڭ!

مېنىڭ قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئونىنچى يول بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. بۇ يول شىدەنگە بېرىپ، بۇك تۇخۇمەك دەرەخلى-

www.uyghurkitap.com

ـرى بار كوچىغا ئايلىنىدۇ . مەن شۇ دەرەخلىك كوچىدا ئاپتوبۇس-تىن چۈشىمەن ۋە ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ ، دەرۋاز-سىنىڭ ئۈستى يېشىل كاھىشلىق قورۇغا بارىمەن . بۇ يەر — مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى ، مەن بۇ يەرنى كەلگەن كۈندىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر تاپتىم . ھەتتا بالكونى جەنۇبقا قارايدىغان (ئىككىنچى قەۋەتتىكى) ياتاق ، ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتىنچى نومۇرلۇق مەشغۇلات ئۆيىنىمۇ بىلىۋالدىم . مانا بۇ ، گۈ-زەلئاينىڭ ياتىقى ۋە مەشىق ئۆيى . مەن ھەر يەكشەنبە كېلىمەن ، مەشىق ئۆيىنىڭ بالكونى ئاستىدىكى ئارچىغا يۆلىنىپ ئۇزاق تۇرد-مەن . مەشىق ئۆيىدىن ئاۋۋال مۇڭلۇق رويال ئاۋازى ، ئاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازلىق ئىتالىيە ناخشىلىرىنىڭ يېقىملىق ساداسى كېلىدۇ . مەن گۈزەلئاينىڭ ساز ۋە ئاۋازىنى كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ زوق بىلەن ئاڭلايمەن ، ئەمما غۇرۇرۇم قىزنىڭ ياتىقىغا كىرىشكە يول قويمايدۇ . ئالتە يەكشەنبە شۇنداق ئۆتتى...

مانا ئونىنچى يول ئاپتوبۇسقا چىقتىم . بۈگۈن نېمىلا بولمى-سۇن ، گۈزەلئاي بىلەن سۆزلىشىمەن دېگەن قارارغا كەلدىم .

تەقەززالىق ، تەلپۈنۈش ، ھاياجان... بىلمىدىم ، نېمە ئۈچۈنكى تىترىدىم ، ئاكاتسىيە ۋە سېرىنگۈللەرنىڭ سېرىق يوپۇرماقلىرى ماڭا كۆڭۈلسىز كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىنى ئەسلەتتىمۇ ياكى چاڭئەنجېي كوچىسىدىن جەنۇبىي تار كوچىغا ئايلانغان ئاپتو-بۇس ماڭا بىرەر دەھشەتلىك خەۋەر بەردىمۇ؟...

بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بولدى : مەن كۈندە يۆلىنىدىغان يايپاڭ شاخلىق ئارچىغا يۆلىنىشىم بىلەن مەسخىرىلىك ئاۋاز ئاڭلاندى :

— يەنە كەپتۇ ، ھى... ھى !...— بويلىرى زىلۋا ، چاچلىرى بۇدۇر ئىككى چىرايلىق قىز ماڭا شوخلۇق بىلەن قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشتى . بۇ گەپ كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى-

ـدەك سوغۇق تۇيۇلمايتتىمۇ؟
دېرىزىگە قارىدىم. نەق شۇ چاغدا، بىرى ھېلىقى مەشىق ئۆيىنىڭ بالكونىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يۇندى چاچتى، مېنىڭ كاسـ تۇمۇمغا پۇرچاقتەك ئىككى تال لاي چاپلاشتى. مانا بۇ دەھشەتلىك خەۋەر بولماي نېمە؟
ئالتە يەكشەنبە، بەش سائەتتىن ئوتتۇز سائەت، بۇ مەن ئۇـ چۇن قىممەتلىك بايلىقۇ، دىدار ئۇچۇن شۇنچە بايلىقنى سەرپ قىلايۇ، ئىلتىپات ئورنىغا دەشنەم ئاڭلاي. بۇ ماڭا ئەلەم ئەمەسمۇ؟
مەن بالكونلۇق ئۆيگە قاراپ غەزەپ بىلەن يۇگۇردۇم.
ئىشىك چېكىشنىڭ ھاجىتى بولمىدى، ئىشىك ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى. مەن ئىنتىزار بولغان قىز بىر تال ئۇزۇن چېچىنى ئالدىغا چۇشۇرۇۋېلىپ، بەش سىزىقلىق نوتىغا قاراپ پۇتۇن زېھنى بىلەن رويال چېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىزدىدىم. بۇ كۆزلەر قۇمچاق لىچىنكىلىرىدەك بەلگىلەر چۇشكەن بەش سىزىقلىق نوتىغا خۇددى يوشۇرۇن يىپ بىلەن تارتىپ باغلاپ قويغاندەك تىك قادالغاـ نىدى. مەن ئۇنىڭ ئالىي سورتلۇق ئۇندىن قىلىنغان ئىنچىكە لەڭمەن پىلتىسىدەك ئاپئاق ۋە نازۇك بارماقلىرىغا قارىدىم. ئىككى جۇپ ئالتۇن ئۇزۇك سېلىنغان بارماقلار نازۇك ئاۋاز چىقارغۇچى مېتال تىللار ئۇستىدە لەرزان ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. قوللارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ قىزنىڭ ئەۋرىشىم بەدىنى ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئوبدانلا كۆتۇرۇلگەن كۆكسى بوش سىلكىنەتتى. مېنىڭ بەدىنىمگە ئوت تۇتاشتى. بارلىق غەزىپىم خۇددى ئوتقا چۇشكەن نېپىز قوغۇشۇندەك شۇررىدە ئېرىدى. مەن ھالال ئەمگىكى بىلەن گۇزەللىك پەيدا قىلغان قىزغا زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ ئۇزاق تۇردۇم...
لىرىكا ۋە تاتلىق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان گۇزەل مۇزىكا ئاخىرلاشتى. قىز بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ چىرايـ

لىق كېرىلدى ۋە ئالقىنىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ ئەسنىدى .

— گۈزەلئاي ! — مەن تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردىم . قىز چۆچۈپ ماڭا قارىدى . ئاۋۋال قىزاردى ، ئاندىن تېزلا تۇتۇلدى ـ دە ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ دېرىزە تەرەپكە داجىدى :

— كېلىڭ !... قاچان كەلدىڭىز ؟

— بېيجىڭغا كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى . بۇ يەرگە بايا...

مەن قىزغا قارىدىم . ئۇ ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك تامدىن سويۇلۇپ چۈشكەن بىر گۈزەل ئايالنىڭ سۈرىتىنى قاداش بىلەن ئاۋارە ئىدى . مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم :

— بېيجىڭغا كېلىپلا سىزنى سۈرۈشتۈردۈم . بۇنىڭدىن ئالتە يەكشەنبە بۇرۇن بۇ يەرنى ئىزدەپ تېپىپ كەلگەنىدىم ، لېكىن...

مەن يەنە قىزغا قارىدىم ، «نېمىشقا كىرمىدىڭىز ؟» دەمدىكىن دەپ سۆزۈمنى توختاتتىم . لېكىن ، قىز قارا دۇخاۋا پىنجىكىنىڭ چىلتىكىنى بىكاردىنلا سۆكۈۋاتاتتى . ئۇ يەنىلا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى . مەن نە ئولتۇرۇشقا ، نە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالماي ئارىسالدى بولۇپ قالدىم . بىردىنلا بىر خىل خورسىنىش ، كەمسىتىلىش ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى :

— ئېيتىڭە ، گۈزەلئاي ، مېنىڭدىن رەنجىدىڭىزمۇ ؟

— ياق...

— مەن سىزنى يىراق يەردىن ئىزدەپ كەلدىم ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى ئايلار بولدىغۇ...

— ئولتۇرۇڭ !... — ئۇنىڭ ئاۋازىدا 1957 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىكى مەغرۇرلۇق بار ئىدى .

— يەكشەنبىنىمۇ ياتاقتا ئۆتكۈزەمسىز ؟ — دېدىم گۈزەلئاي-

ـدىن كۆز ئالماي .
— ھەئە .
— زېرىكمەمسىز ؟
— ۋاقتىم يوق...
— زېرىكىشكىمۇ ؟
— ھە !
— ئاۋۇ رەسىمىڭىزنى بېيجىڭدا چوڭايتتىڭىزمۇ ؟
— ھە !...
— مىللىي ئاشخاناڭلار باردۇ ؟
— ھەئە .
— بىر ياتاقتا نەچچىڭلار ياتىسىلەر ؟
— تۆت...
قىز بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىدىغان تېما تېپىلمىدى . نې-ـملا بولمىسۇن ، مۇنۇ يالغۇز ئۆيدە ھېچبولمىسا ئون مىنۇت بول-ـسىمۇ پاراڭلىشىش كېرەك ئىدى ، پاراڭلىشىش ئارقىلىق قىزدىكى خاپىلىقنى يوقاتقىلى بولاتتى . مەن بىر خەلقئارا ئاھاڭ ئېلىپبەسى-ـنى قولغا ئالدىم .
— بۇنىمۇ ئۆگىنىۋاتامسىز ؟
قىز يالت قىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچراشتى . ئۇ سۇس قىزاردى ـ دە ، ئوماق لەۋلىرىدە يوشۇرۇن تەبەسسۇم پەيدا قىلدى :
— چەت ئەل ناخشىلىرىنى توغرا ئېيتىش ئۈچۈن لازىم بولىدۇ .
— قايسى تىللارنى ئۆگەندىڭىز ؟
— فرانسۇز ، نېمىس ، ئىتالىيان تىللىرىنى... ياق ، تىلنى ئەمەس ئوقۇشنى ئۆگىنىمىز ، ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلۇشىنى خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بويىچە تاپىمىز...

بۇ ئۇنىڭ يېرىم سائەتتىن بېرى سۆزلىگەن ئەڭ ئۇزۇن سۆزى ئىدى. مەن ئۇنى سۆزلىتىشنى كۆڭۈللۈك مەشغۇلات دەپ بىلەتتىم:

— نېمىشقا سىز دائىملا ئىتالىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىسىز؟

— ئىتالىيە تىلىدا سوزۇق تاۋۇش كۆپ، ناخشا ئېيتىش مەشغۇلاتىدا ئۇنىڭ رولى چوڭ...

— سىز رويال چېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋېتىپسىز، كەلگۈسىدە مۇزىكانت بولاي دەمسىز؟

— رويالنىڭ ناخشىدا رولى چوڭ، كۆزدە ئوقۇش، قۇلاقتا پەرق قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە، رويال ھەل قىلغۇچى نەرسە. بىر ناخشىچى ئۈچۈن، زۆرۈرى ناخشا ئېيتىشلا ئەمەس، مۇرەككەپ ئاھاڭلار ئىچىدىن يالغۇز ئاھاڭنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش، ئومۇمخور ئىچىدە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاش — مانا بۇلارمۇ مۇھىم...

ئۆز كەسپى توغرىسىدا گەپ باشلىنىۋىدى، گۈزەلئاي بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ماڭا ھەسەل بىلەن چاي بەردى، نەشپۈت ئاقلاپ تۇتتى. ئۆزىنىڭ دەرسلىرى، ئۇستازلىرى، ناخشا ـ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ناخشا ئېيتقانلىقى، ئارگىنتىنا، ئىتالىيە ناخشىلىرى، جۈملىدىن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تاتارچە ناخشىلارمۇ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى، ئېركېل سىمفونىيىسىدىن ناخشىلار ئېيتقانلىقى، ھازىر ئۇنىڭ ئۇستازى شىنجاڭ مىللىي ناخشىلىرى بىلەن ياۋروپا ئاھاڭلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى سىناق قىلىش ئۈچۈن تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، بۇ سىناقتا ئاساسىي ناخشىچى ئۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىزىقىپ سۆزلىدى، ئاتاقلىق كومپوزىتورلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسەتتى، سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردى.

مەن قىزدا ناخشا ۋە مۇزىكىغا كۈچلۈك مۇھەببەت پەيدا بولغان-

لىقىنى بىلدىم ـ دە ، خۇشال بولۇپ :

— يارايسىز ، گۈزەلئاي ، ئەمدى توغرا يول تاللاپسىز ، بارلى-قىڭىزنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلاڭ . بىز ئۇيغۇرلار ناخشا ـ مۇزىكىغا باي ، لېكىن تېخى بىزنىڭ بايلىقىمىز دۇنيا سەھنىسىگە چىقمىدى ، بىزدە مۇزىكا ئىلمىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ئادەملەر ئاز ، بەش سىزىقلىق خەلقئارا نوتىنى بىلىدىغانلارمۇ ئاز . ناخشا ئېيتىش بىر ئاددىيلا كەسىپ ئەمەس ، ئۇ بىر ئىلىم ، ئىلىم بولغىنى ئۈچۈن جاپاسى جىق ، ئەمما…

لېكىن ، گۈزەلئاي دېرىزىگە بېرىپ سىرتقا قارىۋالغانىدى . دېمەك ، ئۇ مېنىڭ ۋەزخانلىقىمنى خالىمايدىكەن . مەن رەنجىدىم : بۇ قانداق بولغىنى ، مېنىڭ هاياجانلىنىش ۋە تەسىرات سۆزلەش هوقۇقۇممۇ يوقمۇ ؟

يەنە ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئور-نۇمدىن قوزغالدىم :

— مەن كېتەي ، گۈزەلئاي ، بىز تەرەپكىمۇ بېرىڭ . مەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچىدە ، تۆتىنچى ياتاق بىنا-سىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت ، ئون ئالتىنچى ئۆيدە . كۆپىنچە ئىشخا-نىدا بولىمەن… ئىشخانامنىڭ تېلېفون نومۇرى…

شۇ چاغدا ئۆيگە بىر ياشانغان ئىشچى كىرىپ كەلدى :

— گۈلى ، سىزگە بۈگۈن ئۈچ يەردىن چەك كەپتۇ . قاراڭ ، قىزىق ، ھەممىسى ئەللىك يۈەندىن ، جەمئىي بىر يۈز ئەللىك يۈەن ، بىرى دادىڭىز ، بىرى ھەدىڭىز ، بەلكى بىرى دوستىڭىز بولسا كېرەك . ئۈچىلا چەك بىر كۈندە لەنجۇدىن سېلىنغان .

گۈزەلئاي قىزىرىپ كەتتى ۋە دەپتەرگە قول قويۇۋېتىپ غو-دۇڭشىدى :

— دادامنىڭ ئىسمىنى يېزىپتۇ ، لەنجۇدىن ساپتۇ ، ھەدەمنىڭ ئىسمى تۇردۇ ، بۇمۇ لەنجۇدىن ، ئادىلە نېمىگە پۇل سېلىپ يۈردى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىنتاك ، بىر سودىسى بار ئوخشايدۇ .

مېنىڭ يادىمغا رەقىپنىڭ : «دادىسىنىڭ ، دوستلىرىنىڭ نامىدىنمۇ پۇل ئەۋەتىمەن» دېگەن سۆزى كەلدى ـ دە ، بىردىنلا ۋۇجۇدۇم سوۋۇدى . گۈزەلئايغا قارىدىم : ئېسىل پوپايكا ، جىلىتكە ، سارجا بۇرۇلكا ، توفلەي ، يـاقـۇت بـۇلاپكا ، ھالقا ، ئۈزۈكلەر… مۇنۇ گۈزەل غايىلىك قىز رەقىپنىڭ پۇلى بىلەن ئۆزىنى بېزەۋاتقان ، شۇ سەۋەبتىن ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسا ، بۇ قانداق دەھشەتلىك ئىش ـ ھە ؟…

قىز چەكلەرنى قولىغا ئېلىپ ، مېنىڭ بار ئىكەنلىكىمنى ئۇنۇتتى ـ دە ، مەشىق ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ياساشقا باشلىدى .

— مەن كېتىمەن !

— خوش .

مەن تاپسىدا تۇرۇپ سورىدىم :

— قانچە يىل ۋاقتىڭىز قالدى ؟

— يەنە تۆت يىل بار .

— ئەسلىي ئىككى يىل ئەمەسمىدى ؟

— ئۆزگەردى ، بەش يىل…

مەن ماڭدىم ، پەلەمپەيگە يېقىنلاشقاندا ، گۈزەلئاينىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ھە راست ، رەقىپكام سىزگە سالام ئېيتىپتۇ . خېتىنى كۆرسىتىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن…

خۇددى بىرى كەينىمدىن كۈچ بىلەن تەپكەندەك ، پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردۈم . ئۈستى كاھىشلىق دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ ، مەشىق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قايرىلىپ قارىدىم . بالكونغا چىقىدىغان ئىشىكتىن گۈزەلئاينىڭ بېشى غىل ـ پال چىققاندەك بولدى ، ياق ، خىيال ، تەلپۈنۈش خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلغان ئوخشاي-

ـدۇ ، بالكونغا قانچە قارىساممۇ قىزدىن بىرەر بەلگە كۆرۈنمىدى .
ۋاگفۇجىندىكى مىللىي ئاشخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئاۋۋال يالغۇز ، كېيىن ناتونۇش ئۇلپەتلەر بىلەن غەرق مەست بولغۇچە هاراق ئىچتىم . مېنى كىملەر ياتىقىمغا ئەكېلىپ قويغىنىنى بىلـ ـمەيمەن . ئەتىگەنلىكى فېن جياۋشۇ ئىگىز گەۋدىسىنى سەل مۈكـ ـچەيتكەن هالدا ياتىقىمغا خاپا هالدا كىردى :
— ئۆگەنگۈڭىز بولمىسا ، ئەتىلا قايتىڭ ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ، — هەر يەكشەنبە چىقىپ كېتىسىز ، تاپقىلى بولمايدۇ ، بىلەمسىز ، ئىلىم خادىمىغا دەم ئېلىش يوق ، تەتىل يوق . ئادەمنىڭ كاللىسى گەۋدىسىنى باشقۇرىدۇ . سىزنىڭ بولسا باشقىچىكەن . گەۋدىڭىز كاللىڭىزنى خالىغان يەرگە ئەكېتىۋېرىدىكەن ، بۇنداق ئادەمدىن ئىلىم ئىگىسى چىقمىقى تەس !
قانداق قىلاي ؟ مۇهەببەتنى بۇيرۇق ، پوپوزا ، ئەهدىنامە بىلەن چەكلىگىلى بولمايدىكەن . ماڭا نېسىپ بولغان بەختنى باشقا بىرى پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇۋاتسا ، مەن ۋىجدان ئازابى تارتماي قانداق قىلاي ؟ ماقۇل ، يەكشەنبىلەرنىمۇ كىتابلار ، كارتىـ ـلار ئارىسىدا تىل يادلاش ، سېلىشتۇرۇش ، ئىسپاتلاش ، كۆچۈرۈپ يېزىشلار بىلەن ئۆتكۈزەي . قىممەتلىك ئالىم ! مەن سىزنىڭ دېگەـ ـنىڭىزنى قىلاي ، مۇنۇ مۇهەببەت ، ياشلىق هەۋەسلىرىگە ئامراق گەۋدەمنى باشقۇراي ، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى يازما ئەسەرلەرنى ئوقۇي ، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنەي ، شېئىرلارنى يادلاي… بۇلارنى قىلىشقا سىزگە ۋەدىمۇ بېرەي… لېكىن يۈرەكتىن ئۈرغۈپ چىقىۋاتقان تەلۋە مۇهەببەتنى چەكلەشكە ، يوق قىلىشقا هېچقانداق ئامالىم يوق . بوپتۇ ، مەن ئۈن - تىنسىز بەختىمنىڭ هالاكىتىنى كۈتەي…
بېيجىڭدا يالىڭاچلانغان تاغ تېرەكلىرىنى پۈشتەك چالغۇزۇپ قىشنىڭ ئىزغىرىن شاملى كېزىپ يۈرىدۇ ، قارىغاي ، ئارچىلار

يىگىنە يوپۇرماقلىرىنى تىترىتىپ ، ئاچچىق سوغۇقتىن نالە قىلىشى-
دۇ ، كۆلۈپ چۆرىسىدىكى قارىياغاچلار ، ياش ياڭاق كۆچەتلىرى ،
يوللارنىڭ چۆرىلىرىدىكى قىرقىم ئارچىلار شۈمشەيگەن يولۇچىلار-
دەك كۆرۈنىدۇ… تەبىئەت ۋە ئىنسانلار قىشنىڭ تۈگىشىنى ، كۆ-
ڭۈللۈك باھارنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە .
تەقەززالىق — خۇددى مېنىڭ پەرىشان كۆڭلۈمدەكلا ئۇپراتقۇچى
كۈچ . ئەنە شۇ كۈچ مېنى جۇدەتتى ، كۈنلەر مېنىڭ پېشانەمگە
سىزىقلارنى چەكتى . مەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قارلىق كۈنلىرى ،
شامالىلىق كېچىلىرىنى ساناپ تۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم .

تۆت ئايدىن كېيىن ، يەنى 1960 - يىلىنىڭ بېشىدا مەن
رەقىپتىن خەت ئالدىم . بۇ خەت مېنى بېيجىڭدا ئىككىنچى قېتىم
غەرق مەست بولۇشقا مەجبۇر قىلدى . خەتتە تىنچلىق سورىشىشلار-
دىن كېيىن مۇنداق يېزىلغانىدى :

«قىممەتلىك ئاغىنەم ، ئەلا ، ئاڭلىسام ناھايىتى جۇدەپ
كېتىپسەن . ساڭا پوچتىدىن قورۇغان گۆش ، توقاچ (ئۆيدىن
كەلگەنىكەن ) ئەۋەتتىم ، دەۋەن جياۋشۇغا ئەۋەتكەن ‹ئوغۇزنامە
ۋە ئوغۇز توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر › دېگەن ماقالەڭنى مەنمۇ
كۆرۈپ چىقتىم . ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن ، سېنىڭ نا-
مىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن ، سەن مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن
دوستۇم ، ئاغىنەم ، قەدىردان ئادىمىم سەن ! ماقالەڭنى ئۇي-
غۇر ، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلدۇرۇشنى دەۋەن جياۋشۇ
ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز . سالامەتلىكىڭنى ئايا ، ئاڭ-
لىسام ، ھازىرمۇ كۈنىگە ئون - ئون ئىككى سائەت كىتاب
ئوقۇيدىكەنسەن ، بۇ زىيانلىق . كۆپ بولسا ئالتە - يەتتە
سائەت ئوقۇ ، ھېچبولمىسا ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقتىڭنى
قىزلارغا سەرپ قىل ، خالىساڭ ساڭا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-

ـدا ئوقۇۋاتقان بىر گۈزەل قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويای ، ئۇ بىزگە شىرەم تۇغقان… »

مەن خەتنى ئاتلاپ ئوقۇدۇم ، خەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يېزىلغان :

«… باياتىن ساڭا مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تىلىدىم ، سەنمۇ ماڭا بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلىگىن . گۈزەللىكى قولغا كەلدى ، يېقىندا ئوچۇق جاۋاب ئالدىم . ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قارلىغاچ بىلىكىمگە ئاخىر قوندى ، نۇرلۇق يۇلتۇز ئالدىمغا ئېقىپ چۈشتى ، ئەمدى گۈزەللىكى مېنىڭ !… »

مەن خەتنى پۈكلەپ - پۈكلەپ يەرگە ئۇردۇم ۋە ئۈستىگە دەسسىدىم - دە : «سەۋر قىلاي ، بەزىدە سەۋر - تاقەتمۇ بەخت كەلتۈرىدۇ ، لېكىن بەزىدە سەۋر - تاقەتمۇ هالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ . مەن نېمىشقا هالال ئەمگىكىم بىلەن هاياتىمغا يېڭى مەنە — خۇشاللىق بېرەلمەيمەن . توخۇ جېنىدا ئۆز تۇخۇمى بىلەن خۇشال بولىدۇ . پۈتۈۋاتقان ئەسەرلىرىم ، كۆپىيىۋاتقان بىلىملىرىم ، هەل قىلىۋاتقان ئىلمىي مەسىلىلىرىم مېنى نېمىشقا خۇشال قىلالمايدۇ . ئىنسان هاياتىدا ئېرىشكەن مەرتىۋىسى ، تۆهپىسى ، ئىززەت - هۆرمىتى بىلەنلا بەختلىك بولالامدۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزىنى هاياتتىن تولۇق بەهرىمەن بولالىغان قانائەتلىك ئىنسان هېسابلىيالامدۇ ؟ مېنىڭچە ، ياق ! سەۋەبى ، مىڭلىغان ، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان خانلار ، ئەربابلار ، ئالىملار ، يازغۇچىلار ۋە نامى ئۆلمەس باشقا مەشهۇر ئادەملەرنىڭمۇ يۈرىكىنى ئاختۇرساڭ قاداق تېپىلىدۇ . مانا بۇ قاداق شەخسىي هاياتىدا ئۇچرىغان بەختسىزلىكنىڭ يالدامىسى… » . مەن

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ گەپلەر بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم . مانا شۇ چاغدا يۈرىكىمگە مۇھەببەت ۋە شەخسىي هايات پاجىئەسىدىن قاداق چۈشكەن مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى ئالدىمدىن ئۆتتى : سۇۋوروف ، تولستوي ، چايكوۋسكىي ، پۇشكىن ، لېرمونتوف ، ماياكوۋسكىي ، بالزاك ، مۇپاسسان ، بايرۇن ، نەۋائى ، ئاباي ، چۈ يۈەن ، لى بەي ، دۇفۇ...

... يالغۇز ياتقىمدا ئاغرىپ ياتتىم ، ئۈچىنچى كۈنى ئارانلا ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈدەك بولدۇم . فېن جياۋشۇنىڭ ياردەمچىسى بېشىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈردى ، قۇلىقىمغا ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كەلدى :

— شياۋئەي ، سۈيۈقئاش ئىچىڭ ، ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭ... ئۇ بېشىمنى يۆلىدى ، مەن غىزالاندىم .

— هاراقتىن يىقىلدىڭىز ـ هە ؟

— هەئە . هاراق ئىچىپ ، ئىچىمگە ئوت كەتتى ، نەم يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن ، يېرىم كېچىدە ئويغانسام ، جالاقلاپ تىترەۋېتىپتىمەن .

— قىشتا ـ هە ،— دېدى ياردەمچى كۈلۈپ ،— راستىنلا ئىچىڭىزگە ئوت كەتكەنىكەن !...

ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى فېن جياۋشۇ ئۆيىگە تاماققا چاقىردى . مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى بوسۇغىدىن ئارانلا يۆتكەپ ئۆيگە كىردىم . بىر قولىدا ئارقا مېڭىسىنى ، بىر قولىدا كەينى يانچۇقىنى سىلاپ ئۆيدە مېڭىپ يۈرگەن فېن جياۋشۇ مېنى كۆرۈپ سول قولىنى كۆتۈردى ۋە ئوڭ قولى بىلەن پاخپايغان شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— يېڭى ئاليۇمىن قازان ئالدۇق . سېمىز قوي گۆشىدە شورپا قىلدۇق ، شەك كەلتۈرمەي يەۋېرىڭ ! — دېدى .

مەن ئۇنچىقماي كۈلۈپ قويدۇم . فېن جياۋشۇ ساپاغا تەكلىپ

قىلدى . مەن ساپاغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ :
— جۇدەپسىز ، لېكىن ئۆگىنىشكە بېرىلىشىڭىز ناھايىتى ياخشى . يازغان ماقالىڭىزنى كۆردۈم ، ياخشى . لاۋچېن ، لاۋمۇلارمۇ كۆردى . «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ بىرىنچىسىنى تەييارلاشتا ، بىز پايدىلانغان ماتېرىياللار ئىچىدە ئەدەبىياتقا دائىر ماتېرىياللار كۆپ ، مالوفنىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىل ئابىدىلىرى» ، خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «تۈركچە قىپچاقخان ئابىدىلىرى» ، بىرشىخ تۈزگەن «پارىژ دۇڭخۇاڭ تەلىماتلىرى» ، ئۇنىڭدىن قالسا ، سىكرىن بىلەن روسسىن يازغان «ئاردىيا يۈرىكى» ، «ئىسلام دىنى ئېنسىكلوپېدىيىسى»[1]… قاتارلىق كىتابلارنى كۆرۈڭ ، ئاڭلىسام ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئەلا دەرىجىدە ئىمتىھان بېرىپسىز . سىزنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىڭىز ياخشىكەن . لېكىن ، بىلىپ قويۇڭ ، هاراق سىزنى ئۇنتۇغاق ، ئاخىرىدا كېرەكسىز ئادەم قىلىپ قويىدۇ . مەن ئۆتكەندە قاتتىق ئېيتتىم ، ئەمدى ئېچىنىپ تۇرۇپ ئېيتىمەن : سىز بىر يارامىلىق ئادەم بولالايسىز ، لېكىن بىرلا شەرت ، هاراقنى تاشلاڭ .
— بولىدۇ . مەن ئەمدى ئاغزىمغا ئالمايمەن ! — دېدىم يەرگە قاراپ .
شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىككى ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقمىدىم . سوقۇشتۇرۇشقا قورقۇپ كەتكەن خوراز ھەتتا بىر - ئىككى ھەپتىگىچە چىللاشتىنمۇ قېلىپ قالىدۇ . مەنمۇ قورققان خورازغا ئوخشاپ قالدىم . مۇھەببەت مەغلۇبىيىتى ماڭا قاتتىق زەربە بولدى ، بەزىدە ھاشىرنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلىمەن : مۇھەببەت بىر ئۇپراتقۇچ ، ئادەمنى كاردىن چىقىدۇ .

---

① فېن جاشىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ بىرىنچى كىتابىدىكى كاتولوگدىن ئېلىندى ، (خەنزۇچە نەشرى ، 176 - بەت) .

رىدۇ ، دەپ ئويلايمەن ، بۇ چاغدا گۈزەللىكىنى تارتتۇرۇپ قويغىنىمغا ئۆكۈنمەيمەن ، لېكىن بۇ بىر ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ۋە ئەڭ ئاسان يول بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەن ھامان مەغرۇر ، گۈزەل ۋە قاتتىق بويۇن قىزنىڭ نامىنى يادلايمەن ، ئويلايمەن ، ئىچ ـ ئىچىمدىن خورلىنىمەن . بولۇپمۇ ، خىلۋەت ئورۇندۇقلاردا ، ئارچا ۋە سىرىنگۈللەر دالدىسىدا تاتلىق پىچىرلىشىۋاتقان ، كۈلۈشۈۋاتقان ، سەيلە قىلىشىۋاتقان ياشلارنى كۆرگىنىمدە ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىمەن ، يىگىرمە تۆتلەردىكى بىر ياش يىگىت ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب تېپىلماس دەيمەن…

تۇيۇقسىزلا ھاشىردىن تېلېگرامما ئالدىم . ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭغا پويىز بىلەن بارىمەن ، دەپتۇ . شىنجاڭدىن كېلىدىغان پويىز كەچ سائەت سەككىزدىن يىگىرمە ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ كېلىدۇ ، ھاشىرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئىككى كۈن قالدى . قالايمىقان كارىۋىتىمنى ، كىتابلار بىلەن تولغان ئۈستەلىمنى رەتلىدىم ، دېرىزەمنى سۈرتتۈم . سىرتقا قارىسام دەرەخلەر كۆكىرىپتۇ ، مەجنۇنتاللار باھار شادلىقىدا ئەۋرىشىم تەۋرىنىپ ، يېشىل نوتىلىرى بىلەن تەبىئەتكە گۈزەللىك بېرىۋېتىپتۇ . ئەنە ئاۋۇ زاڭزۇ قىز يوللۇق يوپكىسى ، قىزىل پوپايكىسى بىلەن باھار قۇياشىدىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپتۇ . گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان بوۋايمۇ بىلەكلىرىنى تۈرۈپ باھارغا يارىشا ئىشلەۋېتىپتۇ . دېمەك ، ھايات گۈزەل ، تەبىئەت ياشارغان ، ھاۋا سۈزۈلگەن ، كۆڭلۈمدىن غەم بۇلۇتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدىغان چاغ كەلگەن ئوخشايدۇ . ناخشا ئېيتىشىم ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈم ، بارلىق بەختلىك ياشلاردەك ھەربىر كۈندىن خۇشاللىق ، لەززەت تېپىشىم لازىم . مەن ئىككى ئايدىن بېرى ئېلىنمىغان ساقىلىمنى ئالدىم ، يازلىق كىيىملىرىمنى چامادانىمدىن ئېلىۋېتىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتتىم :

سەن ـ سەن سىۋەرىم ، خاھ ئىنان ، خا ئىنانما ،
قاندۇر جىگەرىم ، خاھ ئىنان ، خاھ ئىنانما .
ھىجران كېچەسى چەرخى فەلەككە يېتەر ، ئى ماھ ،
ئاھى سەھەرىم ، خاھ ئىنان ، خاھ ئىنانما…

ئۇلۇغ شائىر لۇتفىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى يېنىك ئۆزبېك ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن ، مەن بۇ ئاھاڭنى بىر قېتىم ساۋۇتوفتىن ئۈگىنىۋالغان . ناخشا خۇددى مېنىڭ ئارزۇ ـ ئۇمىدىمنى مېنى ئىنتىزار قىلغۇچىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۇۋاتقاندەك ، ۋۇجۇدۇمنى خۇشاللىق چىرمىۋالدى . مەن ئاھاڭنى يۆتكىدىم :

ئول مېنىڭ جانى جاھانىمغە سالام ،
جانىدىن ئارتۇق مېھرىبانىمغە سالام .
بىر زامان خالىي ئېمەسمەن يادىدىن ،
مۇنسۇ جانۇ راۋانىمغە سالام .

دوستلۇق ھەم بەخت . دوستلۇق مۇھەببەت بىلەن قېرىنداش ، ئۇ سېنىڭ سولغۇن كۆڭلۈڭگە مەلھەم ، يۈرەكنى قاپلىغان دەرد ـ ئەلەمنىڭ قارا بۇلۇتلىرىنى سۈرۈپ چىقارغۇچى سەلكىن شامال . دوستلۇق لەززىتى سېنى ھاياتنى ، ئىنساننى ، ئۆزۈڭ قەدىرلەپ ياشاۋاتقان ماكاننى سۆيۈشكە ، ئەتىۋارلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ .

ھاشىرغا رەھمەت ، بىرلا تېلېگراممىسى بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يېپيېڭى مەزمۇن بەردى .

مەن ئۇنى قۇچاقلاشقا قۇچاق ئاچتىم ، ئۇ بولسا يوغان قاتمال قوللىرىنى ماڭا سۇندى . بىز ئەپسىز ، ئەمما قىزغىن كۆرۈشتۇق .

www.uyghurkitap.com

ئۇ مېنىڭ ماغدۇرسىز ئالـدـقانلىرىمنى تىرنـدـقى بىـلـەن چىمدىپ تۇرۇپ :
— راسا تۆت ئورمىچىنىڭ كەينىگە بىر ئاي باغ باغلاشقا سېلىپ قويسا سېنى، مۇنۇ خام ئۆپكىدەك قـوللىرىـڭ تار-مۇشـقا ئايلىناتتى !— دېدى .
— يوك - تاقاڭ مۇشۇلىمۇ ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ مۇرىسىگە سېلىۋالغان ئاددىي بىرېزېنت سومكىسىنى شەرەت قىلىپ .
— ماياكوۋسكىينىڭ ، قەلـىمىمدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ، دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمىغانسەن ، بىزنىڭ بايلىقىمىز مۇشۇ ئات توربىسى . ھا ، ھا ، ھا...
ئىككىمىز بىرپەس كۈلۈشتۇق . مەن ئۇنى يېڭى پۈتكەن ۋوگـزالنىڭ ھەيۋەتلىك زاللىرى بىلەن باشلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتىم . ئۇ غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ چاقچاق قىلدى :
— پاھۇي ! ھۆكۈمەت پۈتۈن تاپقان پۇلىنى شەھەر ياساشقا ئىشلىتىپتۇ ! نېمىدېگەن يول ، نېمىدېگەن تۇۋرۇك ، تۆمۈر ۋادەك-لىرىچۇ تېخى ! زىيارەت قىلغۇچىلىكى بار ئىكەن...
ئۇ ھاياجان ۋە قىزىقىش بىلەن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇنىڭ مىجەزىلا ئەمەس ، چىرايىمۇ ئۆزگەرگەن ، تاتارغان ، ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقالغان ، بۇرۇنقى دۇگـدـلەك يۈزى سوزۇنچاق بولۇپ قالغان ، خىيالچان كۆزلىرى ئولتۇ-رۇشقان ، بۇرۇنقىدىن يوغىنىغان قوي كۆزلەر ھازىرلا سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك جىددىيلىك بىلەن ئويناپ تۇراتتى ، بۇرنى قىڭراقتەك ئىنچىكە بولۇپ قالغان ، تولۇق يۈزى ئورۇقلاپ قوۋۇ-زى ئولتۇرۇشقان ۋە كۆز تەرىپىدىن ئېڭەككە قاراپ ئىككى چوڭقۇر سىزىق پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى . ئۇنىڭ كىيىملىرى تېخىمۇ ئاددىي ، پۇتىدا يېڭى كۆك رېزىنكە ئاياغ ، ئۇچىسىدا تۆت يانچۇقلۇق كۆك خادانى چاپان ، سىيرىپ چۇشۇرۇلگەن بېشىدا كۆك خادانى

شەپكە… ئۇ پۈتۈن تۇرقى بىلەن ئەجارە ھەققىنى كېمەيتىشكە چۈشكەن، ئۆز ۋاقتىدىكى بيۇرو كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشايتتى.

— ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشكە چۈشكەن كادىرنىڭ ئۆزى بوپسەن! — دېدىم مەن چېقىشىپ. ئۇ كۈلدى، كۈلكە بىلەن تەڭ كۆز قۇيرۇقلىرى سانسىز قورۇقلار بىلەن پۈرۈلدى. ئۇ مېنىڭ ئۇستۇپشىمغا قاراپ قويۇپ:

— ھەرنېمە دېيىشكە ھەقلىقسەن، قارا، كاستۇم - بۇرۇلكا، چىرايلىق چاچ، قانداق ئاقىرىپ كەتكەنسەن - ھە؟ يۈزۈڭنى سۈت بىلەن يۇمايدىغانسەن - ھە؟ گەپ قىل، ئەلا، خەتلىرىمنى ئالدىڭمۇ؟

— ئالدىم، ئاداش، خەت يازغۇچە ئۆزۈڭ يېتىپ كەلدىڭ، ئاپتوبۇس بىلەن كېتىمىزمۇ ياكى ماشىنا چاقىرايمۇ؟

— توختا! — دېدى ئۇ چىقىش ئىشىكىدىن چىقىۋاتقان ئادەملەردىن بىرىنى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ، — مەن باشلىقىمىزغا ئېيتىپ قوياي…

ھاشىرنىڭ ئىشى پۈتكەندىن كېيىن، بىز چاڭئەنجيې كوچىسىغا چىقىپ غەربكە قاراپ پىيادە ماڭدۇق. ھاشىر يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تيەنئەنمېن مەيدانىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— يۈرگىنە، پىيادە ئالدىدىن بىر ئۆتەيلى. سەن مېنى گەپكە تۇتما، ياتىقىڭغا بارغاندا گەپ سورا، مۇنۇ بېيجىڭنى كۆرگىلى قوي. سېنىڭ بىلەن بىز قانداق قىلىپ بولسىمۇ تېخى تۇرغۇن كۆرۈشەلەيمىز، مۇنۇ بېيجىڭنى كۆرگىنىم مۇشۇ بىرلا قېتىم بولۇپ قالامدۇ تېخى. پاھ، نېمىدېگەن كەڭ كوچا بۇ، ئېيتقىنا ئەلا، دۇنيادا مۇشۇ كوچىدىنمۇ كەڭ كوچا بارمىدۇ؟

ئۆز ۋاقتىدىكى كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق دوستۇم بۈگۈن ماڭا سۆزمەن، يېنىك مىجەزلىك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. پۈتۈن

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايلار، يىللارنى يېزىلاردا، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا ئالدىراپ يول يۈرۈپ ئۆتكۈزىدىغان ئاغىنەم ئۈچۈن، راستتىنلا بۇ كوچىلارمۇ ئاجايىپ تۇيۇلۇۋاتقاندۇ، ناخشىلار، كىتابلار، دوكلاتلاردا ۋە سىيا- سەتلەردە ھەر كۈنى تەرىپلىنىدىغان پايتەختتە بولۇش بەلكىم مېنىڭ مۇنۇ ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئىشىغا بېرىلگەن قىزغىن دوستۇم ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق تۇيۇلغاندۇ. كۆرۈۋال، قېنىۋال، ھايا- جانلىرىڭنى ئەركىن بايان قىلىۋال، ئەي، مېنىڭ پىداكار، جانباز دوستۇم. بولىدۇ، مەن ساڭا دەخلى قىلماي، مانا تيەنئەنمېن ئالدىدا ئولتۇرۇۋال، رەسىمگە چۈش، جىنشۈيچياۋ كۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ تيەنئەنمېن پەشتىقىغا، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ خەلق سارىيىغا، قەھرىمانلار مۇنارىغا، ئاۋۇ جەنۇبقا كەتكەن يول- نىڭ شەرقىدىكى تارىخىي مۇزېيغا خالىغىنىڭچە قارىۋال، كۆكسى - قارنىڭ يېيىلغۇچە يايرىۋال...

بىز جىنشۈيچياۋدا سېمونت ۋادەككە تايىنىپ قولتۇقلىشىپ توختاشتۇق. مەن ھاردىم، ھاشىر بولسا تېخىچىلا شەھەرنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. قايماق رەڭ سېمونت تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ئاسمانغا ھازىرلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرغان ئاپئاق لامپۇچكىلار، ياپيېشىل ئارچا - قارىغايلار، تىنىمسىز ماشىنىلار، كەچ سائەت توققۇز - ئونلاردىمۇ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەملەر، پاكار، ياش دەرەخلەرنى دالىدا قىلىپ مۇھەببەتلىشىۋاتقان ياش- لار... راستتىنلا گۈزەل ۋە ئىلھامبەخش ئىدى. ئۆزۈڭدىن بىرى كىچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلمىغاچقا، تيەنئەنمېندە توختاپ تاماشا قىلىش مېنىمۇ ھاياجانغا سالدى.

— جۇڭنەنخەي نەدە؟

— غەربكە بىرئازلا ماڭساق بارىمىز.

— مۇنۇ تيەنئەنمېننىڭ ئاستىدىكى قىزىل دەرۋازىلارچۇ؟

— گۇگۇڭ خان سارىيى.

— يۈرگىن، خەلق سارىيىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىپ كۆرەيلى.

— خوپ.

ھاشىر نەقىشلەرگە، شىپال تاشلارغا، ھەيۋەتلىك دۈگىلەك تۈۋرۈكلەرگە، قەھرىمانلار مۇنارىدىكى نەقىش - سۈرەتلەرگە زور قىزىقىش بىلەن قارايتتى، سىلاپ باقاتتى، ماڭا يازما بېغىشلىملارنى ئوقۇتاتتى، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنى - بۇنى سورايتتى، ساپ ۋە ساددا قىزغىنلىق بىلەن گېزىتتىن ئوقۇغانلىرىنى كۆرگەنلىرى بىلەن سېلىشتۇراتتى. ئۇنى باشلاپ جۇڭنەنخەي دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدىم. كۆركەم نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئۈچ چوڭ ئىشىكلىك دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى ھەيۋەتلىك شىرلار، غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرغان قىزىل پانۇسلار تورۇسلاردا يالتىراپ تۇرغان كۆك، سېرىق، يېشىل سىرلاردىن چىققان نۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭگارەڭ شولىلار چېچىپ تۇراتتى. ئىككى قوراللىق ئەسكەر ئاشۇ گۈزەل نۇرلار ئىچىدە قوراللىرىنى تۇتۇپ تىك تۇراتتى...

— كىرگىلى بولسا - ھە، مۇشۇ تۇرقىدا رەھبەرلەر نېمە قىلىۋاتىدىكىن... — دېدى ھاشىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

بىز كەچ سائەت ئون بىرلەردە چيەنمېن مەيدانىغا كېلىپ ماشىنا ياللىدۇق ۋە كەچ سائەت ئون ئىككىلەر ئەتراپىدا ياتاقتا تاماققا ئولتۇردۇق.

— قۇيغىنا، ھارىقىڭنى! — دېدى ھاشىر تېخىچىلا ھاياجاندىن ئۆزىگە كېلەلمەي، — جاپانى بىزگە، راھەتنى ساڭا نېسىپ قىلغانىكەن - دە. مۇنداق شەھەردە دېۋانىچىلىك قىلساڭمۇ راھەتقۇ، پاھ، بىزنىڭ كۈنىمىز، يېيىشىمىز زاغرا، مىنىشىمىز ئېشەك، دەسسىشىمىز تىزغىچە توپا، كۆرىدىغىنىمىزنىڭ ئەڭ ئالىيسى گۈمبەز... پاھ، چىرايىڭ، مىجەزىڭ ئۆزگەرگىنى بىلەن مىلجىڭلىقىڭ ئۆزگەرمەپتۇ جۇمۇ، ئەلا. مۇشۇمۇ رومكىمۇ، ئە-

كەل ئۆزۈم چۆرۈۋېتەي ، توخۇنىڭ كۆزىنى رومكا قىلىۋالغىنىنى، قوي ، ماۋۇ ئەجدىها سۈرەتلىك پىيالىگە ، لىقىقىدە قۇيغىنا بىر !...

ئۇ بىر پىيالە هاراقنى دەم ئالماستىنلا ئىچىۋەتتى .

ئۇ تورۇسقا قارىتىپ بىر پۈۋلىدى ـ دە ، مۇشتۇمىنى ئۈستەلگە قويدى :

— تۇتۇپ باققىنا ، چويۇن ، سىنىڭچۇ ؟ ئاداپ كەتكەن پەمىدۇر . راهەت سېنى كېرەكسىز پاختىغا ئايلاندۇرىدۇ ، مۇشەققەت مېنى چويۇندىن ئېسىل پولاتقا ئايلاندۇرىدۇ ، ئىشىنەمسەن ؟

— سەن تەنقىدتىن باشقىنى بىلمەمسەن ؟ مۇشۇنداق رەهىمسىزلىك ، بىلىپ قوي ، سېنى پولاتقا ئەمەس ، ئىگىسىنى چىشلەيدىغان بۆرە كۈچۈكىگە ئايلاندۇرىدۇ .

— ها ، ها ، ها... بۇلتۇرقى خەلق سارىيى توغرىسىدىكى «خەلق گېزىتى»نىڭ خەۋىرىنى ئوقۇغانسەن ؟ بېيجىڭدىكى ئون چوڭ قۇرۇلۇشنى سېنىڭ گەپ ئىشلەپ چىقىرىدىغان كاللاڭ ئەمەس ، مېنىڭ تاش كۆتۈرىدىغان يەلكەم پۈتكۈزگەن . جۇڭگو پولات مۇرىلەر بىلەن قەد كۆتۈرىدۇ . ئەقىل ـ پاراسەت ، دانالىق قىممەتلىك نەرسە ئەمەس ، ئالتە يۈز مىليون خەلق ئىككى يەلكىسى بىلەن دۆلىتىمىزنى دۇنيا سەهنىسىگە كۆتۈرۈپ ئاچىقىۋاتىدۇ . رەهىمسىز دەمسىنا ، يەلكىسى پىشمىغانلارغا كاچاتمۇ جازا ئەمەس ، مۇكاپات !

— بۇ گەپلىرىڭ بەلكى سىشى تەيخۇ يېخېيۋەن باغچىسىنى ياساتقان مەزگىللەردە ھەقىقەت بولغان بولار ئىدى ، لېكىن هازىر...

— قويىمامسەن ، گەپدان ! — دېدى ئۇ مېنىڭ بېشىمنى تۆۋەنگە بېسىپ تۇرۇپ ، — قويە ، بۇگۈن كارىۋىتىڭنى سۇندۇرۇپ ، بۇرنۇڭنى قاناتقۇدەك مەست بولمىسام ، هاشىر ئەمەسمەن !

— يارايسەن ، ئىچە !

— كۆتۈرە ، توخۇ كۆزىدەك رومكاڭغا بىر ئۇرۇشتۇراي !

ئۈچىنچى پىيالىدىن كېيىن ھاشىر خېلىلا مەست بولدى . ئۇ مەست بولسا ، خۇشخۇي ، مۇھەببەتلىك بولۇپ قالاتتى .

— ناخشا ئېيتسام قونداقتىكى توخۇلىرىڭ چۆچۈپ كېتەرمۇ ؟ پاھ ، بىز جاپا تارتىپ ياشايمىز ، قۇرىمىز ، مۇنۇ ئەلادەك تەييار ـ تاپلار كېرىلىپ ـ يېيىلىپ ھۇزۇرلىنىدۇ . بىلەمسەن ، 1957 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغىچە جەمئىي نەچچە كۈن ئۆتتى . بىلىپ قوي ! ئوتتۇز ئايدىن ئاشتى ، تەخمىنەن مىڭ كۈندەك بولدى ، مىڭ كۈندىن بېرى ئارانلا ئىككى كۈن ھاراق ئىچىپتىمەن ، بۈگۈن ئۈچىنچىسى . ھە ، قورسىقىڭ ئاچمۇ ؟ مېنىڭ ئاۋۇ توربامدا ساڭا سوۋغا بار .

ئۇ بىر كاللەك گۆش بىلەن ئۈچ توقاچ ۋە ئىككى تال ئانار ، بىر كىچىك خالتىدا كىشمىش ، پىستە ، بادام ، مېغىزلارنى چىقاردى ، بىر ئانارنى ئالىقىنىغا ئېلىپ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى ـ دە :

— مۇنۇ بىر تېلى ، ھېلىقى گۈزەلىڭگە ! — دېدى .

مېنىڭ بويۇم شۈركۈنۈپ كەتتى :

— ئۇ··· مېنىڭ ئەمەس ··· — مەن ئۈچەيلىرىمنى سۇغۇرۇپ چىقارغاندەك قىيىنلىقتا بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالىدىم .

— ياخشى بوپتۇ ، بۇ بىر غەلىبە !— دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ ،— كېلە ، مۇشۇ غەلىبەڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ! ھە ، ئالىيەسەنغۇ ، بىر چۈشەكتىن قۇتۇلۇپسەن ، بەدىنىڭ مىكروبتىن تازىلىنىپتۇ .

مەن راستىنلا خاپا بولۇپ بېشىمنى ساڭگىلاتتىم . ئۇ مېنىڭ چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى :

— ياخشى كۆرسەن ـ ھە ، چىرايىغا كۆيگەنمىدىڭ ، غايىسىز

چىراي، مۇزدىن ياسىغان بۇتقۇ بىر! ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، مانا مۇنداق ئىشتا رەھىمسىزلىك ئەسقاتىدۇ. بىلەمسەن، پويىزدا سېنىڭ ھېلىقى رەقىپ دېگەن دوستۇڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ شىجياجۇاڭدا چۈشۈپ قالدى.

— ئۇ نېمە دېدى؟ — مەن دەرھال سورىدىم.

— ماقالەڭ بېسىلىپتۇ. قالتىس بىرىلىپ ئۆگىنىۋېتىپسەن، لېكىن بۇرژۇي خېنىمغا ئاشىق ئىكەنسەن، نېمىلا بولمىسۇن بەددىنىڭدىكى ساقايماس يارا ئېغىز ئاپتۇ. سەن ئۇ قىزنى ئويلىما، بۇ جاراھەتتىن تېزرەك قۇتۇلغىن!

— مەسىلەن، رازىيە ساڭا ئاچچىق قىلىپ تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكەندەك ئاددىيلا يول بىلەمسۇ؟

ھاشىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدا ئىككى تۈرۈم پەيدا بولدى:

— سېنىڭچە، مېنىڭ رازىيەنى ئىلگىرىلەشكە ئۈندەپ خەت يازغىنىم خاتا بولغانمۇ؟ — ئۇ ئۇزاق جىمىلىقتىن كېيىن سورىدى.

— سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھەببەتكە سىياسەتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىشقا ئاشمايدىغان تەلەپلەر بىلەن رازىيەنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى خورلىدىڭ، بۇ، ئورنىدىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان يوقىتىش، تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىق!

— بولدى قىل!

ئۇ بۇ قېتىم ئۆزى ھاراق قۇيدى. بىز جىمىپ كەتتۇق. ئۇ كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ تاماكا چەكتى، ھەر قېتىم ئۇھ تارتقاندا ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس بۇرۇقتۇرما بولۇپ چىقاتتى:

— قاتتىق تەلەپ رەھىمسىزلىك بولامدۇ؟ مەن ساڭا مەريەم بىلەن بولغان پاجىئەنى سۆزلەپ بېرەي. مەريەم 1958 - يىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە بارغان. ئۇ ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈردى،

لېكىن كۆڭلۈم تارتمىدى . بىلمىدىم ، نېمەم يېقىپ قالدىكىن ؟ بىر كۈنى ئۆزى ماڭا ئىشنى ئاشكارىلىدى . مەن ئۇ چاغدا ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسىدا ئىدىم . مەريەم ماتېرىيال رەتلەيتتى . بىز يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتۇق . مەن دائىم كېچىسى سائەت ئون ئىككىدىن كېيىن قىزنى ئاپىرىپ قوياتتىم ، يولدا ماڭغۇچە غىڭ-شىپ ناخشا ئېيتاتتىم ، قىزمۇ گەپ قىلمايلا ماڭا ياندىشىپ ماڭات-تى . ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، مەن : «خوش ئەمىسە» دەپ قويۇپلا ياناتتىم ، شۇنىڭدىن ئوشۇق گەپ - سۆز بولمايتتى . كېيىن مەن پولات تاۋلاش ئۇچۇن تاغلار ئارىسىغا كەتتىم ، ھەدېسىلا مەر-يەمدىن خەت - خالتا ئېلىپ تۇردۇم ، خەتمۇ يېزىپ رەھمەت ئېيتىپ قويدۇم ، شۇنداق قىلىپ ، ئۆتكەن يىلنىڭ (1959 - يىلىنىڭ ) بېشى ، سەن رازىيەنىڭ رەنجىپ قالغانلىقىنى يازغاندىن كېيىن ، بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئىلمىي بۆلۈمدە كېچىسى ئىككىمىز بىللە بولۇپ قالدۇق . قىز كوچا ئايلىنىشنى تەكلىپ قىلدى ، مەن قوبۇل قىلدىم . ئۇن - تىنسىز ئايلاندۇق ، قايتىپ مەكتەپ ھويلى-سىغا كەلگەندە ، قىز مېنى ئاۋۋال قولتۇقلىدى ، كېيىن بىردىنلا بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى - دە :

— نېمىشقا قىينايسىز ؟... — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن قوللىرىمنى تۇتۇپ ،— ئۇن - تىنسىز يۈرۈۋېرىمسىزمۇ ؟ ياكى سىز...

مەسىلە چۈشىنىشلىك بولدى . مەن رەھىم - شەپقەت بىلەن ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلىدىم .

ئارىدا بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا ياتىقىمغا كىردى :

— سىزگە گېپىم بار ئىدى .

— ئېيتىڭ .

— مەن سىزنى ئۆتكەن قېتىمقى جىگدىلىكتە كۈتد-

www.uyghurkitap.com

مەن··· — دېدى قىز .

جىگدىلىكتە تاش ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇردۇق . ئۇنىڭ قوللىرى لاغىلداپ تىترىدى . جىگدە شوخلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇنىڭ سارغۇچ چاچ ، قوي كۆزلۈك ، قاڭشار بۇرۇن ۋە چوچۇرە قۇلاقلىق بېشىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . بەزىدە تەڭگىدەك دۈگىلەك شولا ئۇنىڭ ئوماق ئاغزىنى غىل - پال يورۇتۇپ قوياتتى . ئۇ ئالىقىنىنى تىزىمغا قويدى :

— توغرا چۈشىنىڭ ، مەن سىزگە بىر كۆڭۈلسىز ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرەي .

— قېنى سۆزلەڭ ؟ — دېدىم قىزغا قاراپ . مەريەم يىغلامسىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى :

— مەمەت مۇدىر ئەسكى ئادەمكەن ، تۈنۈگۈن مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ پارتىيىگە كىرىش توغرىسىدا پاراڭلاشتى . مەن خۇشال بولدۇم ، ئۇ سىياسىي تەلەپلەرنى سۆزلەپ بولۇپ ، بىر چاغدا : «ئەمدى بىر گەپ بار ، ئۇكام ، ئاڭلىق چۈشىنىڭ ، پارتىيىگە كىرىشنى خالىغان بولغاندىكىن ، پارتىيە ئۈچۈن جان پىدا بولۇپ ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىمۇ ھىمايە قىلىڭ··· گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام ، سىدىق شىيەنجاڭنىڭ سىزگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ . خەۋىرىڭىز بار ، ئۇ كىشى بويتاق ، تۇرمۇشتا يار - يۆلەكى يوق ، كەينى - كەينىدىن ئىككى تويىڭىزنى قىلساق دەپ ئويلاۋاتىمىز . پارتىيىگىمۇ كىرىسىز ، شىيەنجاڭغا ئۆمۈرلۈك يولداشمۇ بولىسىز··· » دېمەمدۇ ، جان - ئىمانىم چىقىپلا كەتتى ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم··· ئۈچ كۈندىن كېيىن···

— نېمىشقا ماڭا شۇ چاغدا دېمىدىڭىز ؟ — دېدىم قىزغا ۋارقىراپ . قىز چوچۇپ كەتتى ، ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ :

— ئاڭلىقراق قارىسىڭىزچۇ ؟ مېنىڭدە گۇناھ بولسا ، مەيلى ، كاچىتىمغا ئۇرۇڭ . ئۈچ كۈندىن كېيىن تۈيۈقسىزلا مېنى ناھىيى-

لىك مائارىپ بۆلۈمىگە چاقىرتتى ، بارسام ، كېرەم كېجاڭ :
«سىزنى ناھىيىلىك مائارىپقا ئىنسپېكتور قىلىپ ئالىدىغان بول-
دۇق» دېدى . مەن ھېلىقى ئىش يادىمدا بولغاچقا ئۈنىمىدىم .
كېرەم كېجاڭ مېنىڭ بىلەن ئېيتىشىۋەردى ، مەن زادىلا ئۈنىمى-
دىم . قاراڭغۇ چۈشكەندە بىزنىڭ مۇدىر پەيدا بولدى ، بىللە قايت-
تۇق ، چىلانباغنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا قولۇمنى تۇتتى ،
مەن قولىنى سىلكىۋەتتىم . مۇدىر : «ئۇكام… ئايالىم بىلەن ياخ-
شى ئەمەسمەن ، يازلىق تەتىلدە قويۇۋېتىمەن… شىيەنجاڭنى قېرى
كۆرسىڭىز ، مەن… » دەپ تىلىنى چايىنىغىلى تۇردى . مەن ئالدىمغا
قاراپ يۈگۈردۈم . ياتىقىمغا كىرىپ كارىۋاتقا دۈم چۈشۈپ يىغلى-
دىم ، شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە لايىق ئىزدەپ كەلگەنىمدىم ،
دېسەملا ئۆپكەم ئۆرۈلىدۇ… — دېدى .

قىز بۇقۇلداپ يىغلىدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .
مەن قىزغا :

— ماتېرىيال يېزىڭ ، ناھىيىلىك پارتكومغا بېرىڭ ! —
دېدىم .

— مەن بىر قىز تۇرسام ، — دېدى مەريەم ئۇزاق جىملىقتىن
كېيىن ، — بۇ ئىشتىن ھەر خىل مەنە چىقىرىدىغانلار بولىدۇغۇ ،
ئىككىمىز بىلدۇق ، مۇدىرمۇ يالۋۇردى . بولدى قىلساق بولمىدى-
مۇ ؟ مەن سىزگە سادىق بولغاچقا…

— بولدى قىلىڭ !— دېدىم مەن قولۇمنى سىلكىپ ،—
ئۇنداق بولسا ، ھازىردىن باشلاپ ئارىمىز ئۈچۈق !

قىز يۈزىنى تۇتۇپ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى…

— شۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟

— يەنە قانداق كېيىنى بولاتتى ؟ — دېدى ھاشىر تورۇسقا
قاراپ تۇرۇپ ، — بىرى ئاشكارىلا ئۇنى ۋىجدانسىزلىقتا ئۇندەۋات-
سا ، ئۇ بولسا بۇنى كەچۈرۈۋاتسا…

— ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى، سىپنى ئاسرىشى، تۆككەن ياشلىرى، ۋىجدان ئازابى… بۇلارنى ھېسابقا ئالمامسەن؟

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىجدان بۇلغىنىشىنىڭ باشلىنىشى. بىلەمسەن، قىزلار ھەممىلا ئىشنى كۆز يېشى بىلەن باشلايدۇ، كۈلكە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ، قاتتىق تەلەپ ساختىلىق، ئاجىزلىق ۋە مۇرەسسەگە قىلچىمۇ يول قويمايدۇ. ناۋادا، مەريەم مۇدىرنى بىرىنچى سۆھبەتتىلا — پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن شيەنجاڭغا خوتۇن بولۇپ كېلىمەن دېگەندىلا كاچات بىلەن قويغان بولسىدى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلاتتىم…

— لېكىن، ھاشىر، سەن پەزىلەت بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىپ قىلىشىڭ كېرەك. مەسىلەن، ئوخشاشلا بىر خىل رەزىللىككە ئىككى خىل خاراكتېرلىك ئىككى ئادەم ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن، ئېھتىياتلىق، بىرى شاپىلاق بىلەن، يەنە بىرى ئاچچىق كۈلكە بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈشى مۇمكىنغۇ… ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش…

مەن ھاشىرنىڭ خورىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇنى ئوڭشاپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاققىچە مۇنازىرىلەشتىم…

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا، نېمىلەرنى دېيىشمىدۇق، نېمىلەرنى تالاشمىدۇق، بەزىدە راستتىنلا ۋارقىرىشىپ خاپا بولۇشۇپ قېلىشاتتۇق، بىز ئۆز ۋاقتىدا پىكىرداش ۋە سىرداش ئىدۇق، كەمدىن - كەم تالىشاتتۇق، دائىم ئىناقلىق بىلەن: «بىز ئىككى گەۋدە، بىر يۈرەك» ياكى «گەۋدىسى باشقا بىر ئادەم» دېيىشەتتۇق، لېكىن ھازىرچۇ؟ بەزى مەسىلىلەردە ئوت بىلەن سۇدەك، يەنە بەزى مەسىلىلەردە سۇ بىلەن ياغدەك؛ ئايرىم مەسىلىلەردە (چوڭ مەسىلىلەردە)، مەسىلەن، ئىنسانلىق بۇرچ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراش مەسىلىلىرىدە سۇ بىلەن سۈتتەك

ئارىلىشىپ كېتەتتۇق...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ھاشىر ناھايىتى ھاياجان بىلەن كىرىپ كەلدى :

— بۈگۈن جۈزۈڭلىنى كۆردۇق ! — دېدى ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، — جۈزۈڭلى تۆت ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى خەلق سارىيىدا قوبۇل قىلدى ، بىللە رەسىمگە چۈشتۇق . ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . «ئىشچىمۇ سىز ؟ » دەپ سورىدى . مەن تىلىمنى كالۋالاشتۇرۇپ : «جاۋيەن » (جياۋيۈەن دېمەكچى ) دېيەلىدىم . ئىسىت ، خەنزۇچىنى بىلمىگەنلىكىم ، بىلگەن بولسام جىق گەپلەرنى دەۋېتەتتىم ، جەنۇبى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئېيتاتتىم . بىز قاچانغىچە توپىلىقتا يالاڭغىداق يۈرىمىز ، قاچانغىچە قاتناش قورالىمىز ئېشەك ، ئۈچ ۋاخ تامىقىمىز زاغرا بولىۋېرىدۇ ؟ دەپ سورايتتىم . زۇڭلى ئاڭلىسا ، جەزمەن ئامال قىلاتتى . ئىسىت ، تىل بىلمىگىنىم . ئەمما ئۇن چوڭ قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ ، خەلقىمىزنىڭ كۈچىگە قايىل بولدۇم . شۇنچە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارنى بىر يىلدا پۈتتۈرۈۋەتكەن خەلقىمىز ئېشەك بىلەن زاغرىدىن قۇتۇلالمامدا ؟ مېنىڭچە ، جەنۇبى شىنجاڭدىكى مۇشۇ ئىككى پالاكەتنى خۇددى پۈتۈن خەلق پولات تاۋلاشقا ئاتلانغاندەك ، قۇشقاچ بىلەن چاشقان - چىۋىننى يوقاتقاندەك داغدۇغا ، ئاممىۋى ھەرىكەت بىلەن يوقىتىش كېرەك ! ئەلا ، مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى ، مەن بېيجىڭدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ يوللار ، ھەيۋەت بىنالارنى كۆرۈپ ، تەكلىماكاننىڭ ئىچىدىكى بىزنىڭ نامرات يېزىلىرىمىزنى ئەسلىدىم . خۇددى ئۆيدىن چىرايلىق ياسىنىپ تويغا بارغان قىز ھەيران قالغۇدەك ياسانغان باشقا قىزلارنى كۆرۈپ خورسىنغاندەك ، مەنمۇ قالتىس بولۇپ كەتتى ، سوتسىيالىزملاشتى ، دېگەن شەھىرىمىزدىن مۇنۇ كارامەتلىك شە-

ھەرگە كېلىپ خورسىنىش ھېس قىلدىم . قاچانمۇ بىزنىڭ ياقا يۇرتتىكى شەھەرلىرىمىز بۇنچىلىك بولار ؟ كىچىككىنە باغچىمىز، تۆت كوچىدىكى ماگىزىن بىلەن كۇتۇپخانا ، ئۇچ بۇرجەك بازاردىكى سودا - سېتىقنى كۆرۈپ بەزىدە قىن - قىنىمغا پاتماي خۇشال بولۇپ : «مانا سوتسىيالىزم ، مانا يېڭى ھايات !» دەپ پىچىرلايتتىم . بېيجىڭغا سېلىشتۇرسام ، بىز تېخى چۆلدىكەنمىز . قىلىدىغان ئىشىمىز چېچىمىزدىن تولىكەن . سەن تېخى ئۇ قىز ، بۇ قىز توغرىسىدا ، ئائىلە ، شەخسىي ئىستىقبال توغرىسىدا سۆزلەيسىنا ! يەنە ئېيتىپ قوياي : كىتابلار سېنى بۇزۇپتۇ . سېنى سېپى ئۆزىدىن ئوبلوموف قىلىپ قويۇپتۇ . سەن نېمىشقا دۆلەتنىڭ تەقدىرى ، خەلقنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا سۆزلىمەيسەن ؟ نېمىشقا ھەدېسىلا مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئەدەبىي مىراس ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ، ئەرەب - پارس ئاتالغۇلىرى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى توغرىسىدىلا سۆزلەيسەن ؟ نېمىشقا بىز ئىككىمىز ئىككى خىل ئادەم بولۇپ قالدۇق - ھە ؟...

ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ مېنى تەنقىدلىمەكتە . ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، خۇددى سىنىپتا بالىلارنى جونۇغاندەك مېنى جونۇماقتا . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەربىر سوئال بىلەن تەڭ ماڭا قارىتىپ ئوتلار چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، سۆزلىگەندە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قوۋۇز تېرىلىرى لىپىلدايتتى . ئۇ مېنى «خەتەرلىك » يولدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقاندەك ئەستايىدىل سۆزلىمەكتە ئىدى .

— ۋارقىرىمىغىنا ،— دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئاخىر ، — ۋارقىراش بىلەن ئىش پۈتىدىغان بولسا ، جۇڭگو خەلقىنى باي قىلىش ئۈچۈن ئۇخلىماي ، تاماق يېمەي ۋارقىراشقا تەييارمەن . قۇرۇق قىزغىنلىق ، كۈچلۈك ھاياجان بىزگە بايلىق يارىتىپ بېرەلمەيدۇ ، ھاشىر . مېنىڭچە ، ھەربىر جۇڭگولۇق ۋاراڭ - چۇ-

رۇڭ قىلماستىن ئۆز ئىشىنى پۇختا ئىشلىسە ، ئۆزى سۆيىدىغان كەسىپنى قىزغىن سۆيسە ، ئۆز كەسپى توغرىسىدا سۆز بولغاندا يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسا ، ئاندىن خەلقنى باي قىلغىلى ، دۆلەتنى كۈچلۈك قىلغىلى بولمامدۇ...

— ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ، تۇتقان يولۇم توغرا دېمەكچىمۇ سەن ؟

— ئەلۋەتتە ، ھېچ نەرسە ھەل قىلالمىسامىمۇ ، مۇشۇ كىتاب دۆۋىلىرى ئىچىدىن چىقماي ئۆمۈر ئۆتكۈزسەم ، بايلىق ياراتقان بولىمەن !

— كۈننىڭ يېرىمىنى قىزلارنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزسەڭمۇ ، بايلىق ياراتقان بولامسەن ؟

— ۋاللىقلىما ! — مەن تېرىكىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ، — مەن ئادەم ، ھېسسىياتلىق مەخلۇقمەن ، مېنىڭ قىزلار توغرىسىدا ئويلىشىم ، ھايات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن . ئائىلە ، مۇھەببەت ، نەسىل قالدۇرۇش ، بالىلارنى سۆيۈش ، چوڭ قىلىش — ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنلىرى . بۇنى سەن ئۆزگەرتەلمەيسەن . مېنىڭ قەلبىم مۇھەببەتنى خالايدىكەن ، مەن بۇ قەلبتىن ۋاز كېچەلمەيمەن ، شۇ قەلبىمنىڭ تەلىپىگە ئۆز جىسمىمنى تاپشۇرىمەن . بىلەمسەن ، ساپ مۇھەببەت — ھايات گۈزەللىكىنىڭ مېغىزى .

— بۇ توغرىدا ماڭا دەرس بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن ساڭا چۈشكۈنلۈك كېسىلىڭ توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن !

— مەن بۇ كېسىلىمنى ئېتىراپ قىلمايمەن !

— ساقىيىشنى خالىمايمەن دېگىنە ؟

— ساڭا ئوخشاش تەلۋە بولۇشنى خالىمايمەن !

— كاپشىما ! — ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىك قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى ، ئورۇق ، تاتىراڭغۇ يۈزىنىڭ قوۋۇز تېرىلىرى لىپىلدىدى . مەن بىلد-

مەن . مۇنداق چاغدا ئۇ ئايانماي مۇشت ئاتىدۇ ، لېكىن مەن غەزە-
پىمنى يۇتۇۋېتىشكە ئىلاجسىز ئىدىم . پۈتۈن غەزىپىم بىلەن ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم ـ دە :

— بىلەمسەن ، سەمىمىي ، ساپ بىر قىزنىڭ ئەڭ نازۇك
ھېسسىياتىنى ، گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بوغۇزلىغان
روھىي قاتىلسەن ! — دېدىم .

— ئىپىلاس ، بۇرژۇي ! — ئۇ مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭلات-
تى ـ دە ، غالىلداپ تىترەپ ، — خەپ ، پارتىيە ئەزاسى بولۇپ
قالغىنىم ! ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان قىلىدىغان پەيت كەلگە-
نىدى ! — دېدى ۋارقىراپ .

ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇردى .
مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم ، زالغا چىقىپ غالىلداپ تىترىدىم .
مېنىڭ گۈزەل غايىلىرىم ، جان بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان ئىشىم
توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچكىمدىن ھاقارەتلىك تىل ئاڭلىمىغان-
دىم ، ھاشىرنىڭ تەنقىدى ئورۇنسىز ، تىل ـ ئاھانىتى ئارتۇقچە
بولۇپ تۇيۇلدى . لېكىن ، مەن كۆڭلۈمگە دۈشمەنلىك ئورۇقى
سېلىۋېلىشنى خالىمايمەن ، قىممەتلىك دوستۇمنىڭ قەلبىنى چۈ-
شىنىمەن ، ئۇنىڭغا ئازار بەرگىنىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن...

بەش مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كىردىم . ھاشىر ئۆينىڭ ئى-
چىدە مېڭىپ يۈرۈپتۇ . ئۇ ماڭا يالت قىلىپ قارىدى . مەن ئەمدى
ئۇنىڭ خوشلىشىپ ماڭىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايمەن ، يەنە ئىككى
مىنۇتتەك جىم تۇرۇشتۇق .

— يېگۈدەك بىرنېمەڭ يوقمۇ ؟ — ئۇ دېرىزىگە قاراپ تۇرۇپ
سورىدى . مەن گەپ قىلماستىن ئۇنى كۈتۈپ تېخىچە يېمىگەن
تاماقلىرىمنى — تەستە تاپقان ئىككى تەخسە گۆشلۈك سەي ، جىڭ-
موما ، ئىككى قۇتا بېلىق كونسېرۋاسىنى ئۈستەلگە يېيىپ ، چايدان-
دىن پىيالىلەرگە چاي قۇيدۇم . ھاشىر ئورۇندۇقتا ئېغىر

گەۋدىسىنى تاشلىدى ـ دە ، يۇمشاق جىگـموسىنى ئىشتىها بىلەن چىشلىدى :

— نېمىشقا ئاشخانا قىس شەھەر بۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مېهماذـ خانىلىرىنىڭ تامىقى ناچار .

— ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانىلىرى بار ، لېكىن تامىقى قىممەت !

— نېمىشقا نەچچە كۈندىن بېرى باشلىمىدىڭ ؟

— ئەللىك سومغا ئىككىمىز ئارانلا تويىمىز...

— مەيلى ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ گۆشلۈك سەينى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ ، — پۇلۇڭ بولمىسا ، مەندە بار ، كىيمەي ـ يېمەي سېنى مېهمان قىلىشقا يىغقان پۇللىرىم بار . نەگە خەجلەيمەن ئۇنى ؟ ئولتۇرسەنغۇ ، ئەجدىها سۈرەتلىك پىيالەڭنى نېمىگە بىكارـ لاپ قويدۇم ، قۇيمامسەن ؟

ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پىيالە هاراق ئىچتى ـ دە ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— ئىچە ، كىتاب خالتىسى ، چالا قورساق بولۇۋېلىپ هېلىقى ئالىي ئاشخاناڭغا باشلا ، مە ، مۇنۇ يۈز سومغا مېهمان بول !

— بۈگۈن مەندىن بولسۇن ، ساڭا ئەتىلەتىن ئۈچىرەت كېلىپ قالار...

ئىناق دوستلار كۆز باغلانغاندا قولتۇقلىشىپ مەركىزىي مىلـ لەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشتۇق . ئاپتوبۇس بىلەن «ۋاڭفۇجىن» بازىرىغا كېلىۋېتىپمۇ ، ئاشخانىنىڭ هەشەمەتلىك ئىككىنچى قەۋىتىدە ئاپئاق داستىخانلىق ئۈستەلدە سەي ـ غىزا ئىسمىلىرى يېزىلغان دەپتەرچىنى ۋاراقلاۋېتىپمۇ ، سىلىق مۇئامىـ لىلىك كۈتكۈچىنىڭ : «نېمە يەيسىلەر ؟» دېگەن سوئالىغا يارىشا بۇيرۇتما بېرىۋېتىپمۇ ۋە لەززەتلىك سەيلەر ، ماۋتەي هارىقى ، مەزـ زىلىك شورپىلار بىلەن غىزالىنىۋېتىپمۇ ، بايىقى ئۈزۈلۈپ قالغان

www.uyghurkitap.com

مۇنازىرىنىڭ داۋامىنى باشلىمىدۇق . گويا ئۇنداق ئىش بولمىغاندەك ، خۇددى ھازىرلا دىدارلىشىپ تۇرغاندەك ، ئانا مەكتىپىمىز ، ئوقۇتقۇچىلار ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كەتكەن دوستلار توغرىسىدا سېغىنىش بىلەن پاراڭلاشتۇق : قۇرماش رايونلۇق بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ يۆتكىلىپتۇ . ئۇ چىرايلىق ئۇيغۇر قىزىغا ئۆيلىنىۋاپتۇ ، ئۇ ھازىر ئۆزىنى خوتەنلىك ھېسابلىغۇدەك . نامەت بولسا كۈندۈزى مەكتەپكە كېلىپ خوجىلىق بۆلۈمىدە ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنۈپ قويۇپ ، كەچقۇرۇنلىرى باي ئايالىنىڭ تىككەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگۈدەك . ئۇ ھازىر ناھايىتى بايىمىش ، شوپۇرلارغا پۇل بېرىپ خوتەندىن ئۈرۈمچىگە گىلەم ، ھەر خىل قاق ـ يېمىش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ سودا قىلىپمۇ تۇرغۇدەك . ئۇنىڭ ئامۇت ، نەشپۈت ، ئانار ، تەكلىك چوڭ بېغى ، بالىخانىلىق ئۆيى ، ئۆيىنى ساقلايدىغان بۆرە ئىتلىرىمۇ بار ئىكەن . يېقىندا مەكتەپكە نامەتنىڭ پۇل بىلەن ياش قىزلارنى بۇزغانلىقىنى پاش قىلىپ ماتېرىيال كەپتۇ . ھاشىر قەشقەرگە كەلگەندە ئوسمان ، تاشپولاتلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ . ئوسمان ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ . قەشقەردىن ئالغان گىلەم ، قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقلىرىنى ھاشىر ماڭغان ماشىنىغا بېسىپ زۇلخۇمارغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ . ئۇ 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپ زۇلخۇمار بىلەن توي قىلىۋالغانىكەن . دېمەك ، ماشىنىدا تېپىشقان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئاخىر بەختلىك بوپتۇ . مۇلايىم تاشپولات بۇ يىل يازدا غۇلجىغا بېرىپ ، كىچىك ئاپىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ كەلگۈدەك ، تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ۋەلى بىلەن ھېمىت يازلىق تەتىلدە كولخوزدا پاختا يىغىمىغا قاتنىشىپتۇ ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قىرىمدا ئۆتكۈزۈپتۇ ، 1961 ـ يىلى غۇلجىغا كەلگۈدەك...

مەن بەختلىك دوستلىرىم بىلەن پەخىرلەندىم…

1960 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى خاتىرەمگە مۇنداق يازدىم : «بۈگۈن ھاشىرنى يولغا سالدىم . پويىز قوزغىلىپ كەتتى . ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ خېلى ئۇزاققىچە قولىنى پۇلاڭلى‌تىپ ماڭدى ، خۇددى بىرى قولۇمدىن سۆرەۋاتقاندەك پويىز بىلەن تەڭ خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈپ باردىم . ھاشىر كۆزۈمدىن يىتتى . پويىزنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن شامال باھار چېچەكلىرىنىڭ پۇرىقىنى بۇرنۇمغا ئۇردى… دوستلۇق رىشتىمىز مۇستەھكەم ، لېكىن بىز نېمىشقا نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىككى خىل تۇرمۇش رېلىسىدا ئىككى ياققا كېتىپ بارىمىز ، مەن خاتالىشىۋاتىمەنمۇ ؟ مەن گۈزەل بىلگەن نەرسىلەر نېمە ئۈچۈن ھاشىرغا سەت كۆرۈن‌دۇ . مەن مۇھەببەتنى گۈزەل ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى دەيمەن ، ئۇ بولسا پۇتقا چۇشەك ، مەنبەسى شەخسىيەتچىلىك دەيدۇ . مەن بېرى‌لىپ كىتاب ئوقۇشنى مەنىۋى بايلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى دەيمەن ، ئۇ بولسا جاپادىن قېچىش ، چىڭ تارتىلغان ھايات سىڭىرلىرىنى بوشاشتۇرۇش دەيدۇ . ئۇ ھەتتا گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا پارتىيە نېمىنى قىل دېسە ، شۇنى قىلىدىغانلىقىنى ، بەلكى ئىككى مۇرە ، ئىككى بىلەك كۈچى بىلەن پۈتىدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلىدىغانلى‌قىنى ئېيتىدۇ . ئۇنىڭغا ھەيرانمەن : ھەر كۈنى پۇت ـ قولىنى ئالالمىغۇدەك جىسمانىي چارچاش بىلەن ئورۇنغا كىرمىسە ئۇچى پۈشقۇدەك . ئۇنىڭ قارىشىچە ، بىزگە ئوخشاش ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋەزىپىسى بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئەمەس ، بەلكى مول مەھسۇلات ئۈچۈن كەتمەن چېپىش ، سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ، جۇڭگولۇقنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن پولات زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشچىسى بولۇش… ئومۇمەن ئېيتقاندا ، پاكىز ئۆيلەردىن چىقىپ ، چاڭ ـ توزان ئىچىد‌

گە بېرىش ئىكەن. بىلىم ئىگىلەش، تارىخ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، فىزىكا، خىمىيە تەجرىبىسى، ماتېماتىكا ئۈستىدە ئىزدىنىش، تېبابىي ئىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلار تۆتىنچى ئەۋلادتىن باشلىنىدىغان ئىشمىش... ئۇنىڭ سۆزى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانماقتا. ‹يەنئەندىكى پېشقەدەملەر مىلتىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئاندىن كېيىنكىلەر بىزگە ئىشلەيدىغانغا زېمىن قۇرۇپ بەردى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — بۇ زېمىننى كۆكەرتىش. كۆكەرتىشنىڭ يولى كەتمەن، جوتۇ تۇتۇش، نەچچە يۈز گرادۇسلۇق پېچ ئەتراپىدا بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈش. پۈتۈن جۇڭگو ئەزىمەتلىرىنىڭ سەكسەن - توقسەن پىرسەنتى مۇشۇنداق قىلىشقا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغاندا ھېلىقى زېمىن ئاندىن كۆكلەيدۇ. مەن ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تىنىقىم توختىغۇچە ھەسەل ھەرىسىدەك جىددىي ئىشلەشكە، بەدىنىمدە بار كۈچۈمنى ئايىماي تۆكۈشكە، ئۆلگەندىمۇ تەر ياكى قان ئىچىدە ئۆلۈشكە بەل باغلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلارغا تەلىپىم قاتتىق، دوستلىرىمغا تەنقىدىم جىق. مەن بەلكى بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتەرمەن، مېنىڭدىن نە بىرەر ئەۋلاد، نە بىرەر ئەسەر، نە بىرەر نام - شۆھرەت قالماس، لېكىن تۆكۈلگەن تەرىمدىن كۆكلىگەن نوتىلارنىڭ قان تومۇرىدا مەڭگۈ ياشايمەن... ›.

كىتابلار مېنى چېكىندۇرۇپ قويدىمۇ ياكى ئازغىنە شان - شەرەپ بەرگەن جاپالىق جىسمانىي ئەمگەك ھاشىرنى خاتالاشتۇرۇپ قويدىمۇ؟ بۇنى كەلگۈسى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىسۇن، خەير، دوستۇم، ساڭا سالامەتلىك، غەيرەت ۋە شان - شەرەپ تىلەيمەن... ».

«تۆتىنچى ماي» ياشلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مىللەتلەر سارىيىدا كۆڭۈللۈك كېچىلىك ئۆتكۈزۈلدى. مەن كەچ سائەت يەتتىدىن كېيىن چىرايلىق ياسىنىپ تاختايلىرى مۇزدەك سىلىق ئىككىنچى قەۋەتتىكى زالغا كىردىم. كېچىلىكنى باشقۇرغۇچى

سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن ۋە تانسا باشلاندى . غۇۋا يورۇتۇلـ
غان ھەيۋەتلىك زالدا كۆزلىرىم بىرىنى ئىزدەيدۇ : «كەلگەنمىدۇ ؟
ساپلا ئىلغار ئىتتىپاق ئەزالىرى ، ئەمگەك نەمۇنچىلىرى كەلگەن
سورۇنغا كىلىشكە بەلكى ئۇ قىزغا سان تەگمىگەندۇ . مەن شوخ
زاڭزۇ قىزى بىلەن ۋالىسقا پىرقىرىدىم ، توختىماي زالنى تولۇق
ئايلىنىپ چىقتۇق . تونۇشلىرىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ . دوناي
ۋالىسى مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ئاۋۋال ئىلى دارىلمۇئەللىمىن ئاشخا-
نىسىنى ، ئاندىن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ھەيۋەت-
لىك ئۇچىنچى قەۋەت زالىنى كەلتۈردى . مەن پىرقىراۋېتىپ غۇل-
جىدىكى دوستلارنى ، لەنجۇدىكى ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتداشلارنى
ئەسلىدىم : ھاشىرنىڭ تۇرۇلگەن چىرايى ، ئوسماننىڭ بۇدۇر چاچ-
لىرىنى سىلكىپ قويۇپ ، كۈلۈپ تۇرۇپ تېز پىرقىرىشى ، رازىيە-
نىڭ ئاق ياقىلىق كۆل رەڭ كۆڭلەك بىلەن چېچىغا ئاق بانتىك
تاقىۋېلىپ ، بېشىنى قىيپاشراق قىلىۋېلىپ ئايلىنىشى... يەنە شۇ
قاتاردا رەقىپىنىڭ گالستۇكىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئادىلەنىڭ نازۇك بې-
لىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرگە
يالت ـ يۇلت قاراپ قويۇپ ئېغىر ئايلىنىشى... ئاخىرىدا گۈزەلئاي-
نىڭ يىگىتلەرنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ ، چىرايلىق بېشىنى
سىرتقا بۇراپ ، جادۇ كۆزلىرىنى يەرگە قارىتىپ چاققان ئايلىنىشى
بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلدى .

مۇزىكا توختىدى ، ئويۇن باشقۇرغۇچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىد-
دە ئۇقۇشسىز بىرنېمە دەپ ئېلان قىلدى . مەيداندا بىر نازۇك
بەدەنلىك قىز پەيدا بولدى ـ دە ، قوللىرىنى كۆكسىنىڭ تۆۋىنىگە-
رەك جۈپلەپ ناخشا ئېيتتى . زال بىردىنلا جىمىدى . ئۇيغۇر ناخ-
شىسى ، گۈزەلئاينىڭ تونۇش ئاۋازى ھەيۋەتلىك زالغا گۈزەللىك
بېغىشلىدى . مەن خۇددى چېچەكلەرگە پۈركەنگەن قىزىلگۈل ، ئە-
تىر پۇرىقى بىلەن تولغان باغدا كېپىنەكلەر بىلەن بىللە سەيلە

قىلىپ ، بۇلبۇلنىڭ ئارمانلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . كۆز-
ىۈمنى يۇمۇۋىدىم ، كۆز ئالدىمغا ئىلى دەرياسى ، ئىلى باغلىرى ،
تيانشان تېغىنىڭ ئاق قارلىق چوققىلىرى ، قىلىن قارىغايلىق
قاپتاللىرى ، مەرۋايىت چاچراندىلىرى بىلەن تەبىئەتكە ھۆسن بەر-
گۈچى شارقىراتما ، ئويناق سۇلىرى ، لەيلى بىلەن تولغان يېشىل
يايلاقنىڭ دېڭىزدەك تەۋرىنىشى ، باشاقلار بىلەن دولقۇنلانغان ئېد-
تىزلارنىڭ ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆزنى چېقىشى... قىسقىسى ،
يۇرتۇمدىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى بىرمۇبىر تىزىلىپ كەلدى...

ناخشا تۈگىدى ، گۈلدۈراس چاۋاك چېلىندى . مېنىڭ
چاقماق - چاقماق تاختايلىق ئەت رەڭ زالنى مۈز قىلىپ تېپىلىپ ،
گۈزەلئاينىڭ يېنىغا بارغۇم كەلدى . شۇ چاغدا قىز خەنزۇچە ،
ئاندىن ئىتالىيە ، ئارگېنتىنا ناخشىلىرىنى ئېيتتى .

— پاھ ، ناخشىسى نېمىدېگەن يېقىملىق ! — دېدى يېنىمدا
تۇرغان چىرايلىق بىر خەنزۇ قىز ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىپ ، — پۈتۈن زالدا ئەڭ چىرايلىقى ئاشۇ كەن...

مەن تېخىمۇ پەخىرلەندىم ، ئىچىمنى يوشۇرۇن بىر كۈچ تاتى-
لىدى . مەن ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ گۈزەلئاي-
نىڭ يېنىغا بېرىشقا ھەرىكەت قىلدىم .

مۇزىكا رومبىغا چېلىندى ، مەن ئادەملەرنى جەينەكلەپ يۇرۇپ
قىزنىڭ ئورۇندۇقى يېنىغا باردىم . بارسام ئۈچ يىگىت ئۇنى تەكلا
تانسىغا تەكلىپ قىلىشىپتۇ . مەن ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن ئىرىلاپ
گۈزەلئاينىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم :

— قانداق ئەھۋالىڭىز ؟...

— ياخشى ... — ئۇ ماڭا يالت قارىدى - دە ، تاتىرىپ كەتتى .
شۇ چاغدا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن خەنزۇ يىگىت ئېڭىشىپ
ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى . مەنمۇ باتۇرلۇق قىلىپ يەنە بىر قولىغا
قول ئۇزاتتىم . ئۈچ يىگىتنىڭ قالغان ئىككىسى كۈلۈپ كەتتى .

ھېلىقى ئىككى يىگىتنىڭ بىرى:

— ئىككى شىنجاڭلىق دوستنى ئويۇنغىلى قويايلى!— دېدى. شۇنىڭ بىلەن گۈزەلئاي ماڭا قالدى.

ئۇنىڭ ئوڭ قولى سول ئالقىنىمغا، نازۇك بەللىرى ئوڭ قولۇمغا تەگدى؛ بەدىنىم توك ئۇرۇۋاتقاندەك سىلكىنىدى، ۋۇجۇدۇمغا بىر لەززەتلىك كۈچ يۈگۈردى، پۇتلىرىم تىترىدى. تانسا ئويناۋېتىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارايمەن. بىر غېرىچ ئارىلىقتىكى ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئاۋۋال بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى - دە، تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىنى دەرھال قاچۇرۇپ يۈزىنى سىڭايان قىلىۋالدى.

— نېمىشقا ئىزدەشمەيمىز، گۈزەلئاي، — دېدىم ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، — بىر چوڭ ھويلىدا ياشايمىز، ئارىمىزدا سېپىل بار ... —

قىز گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ كىمدۇ بىرى بىلەن قىزغىن ئامانلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

— رەنجىپ قالدىڭىزمۇيا؟...

— ھە؟... — ئۇ ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ، خۇددى بىر يامان گەپ ئاڭلىغاندەك، ماڭا چۆچۈپ قارىدى.

— رەنجىدىڭىزمۇ؟...

— رەھمەت... كېيىن كۆرۈشەرمىز... — مۇزىكا توختاش بىلەنلا، ئۇ خۇددى باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك قىيغىتىپ دوستلىرىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى.

مەن ئەلەم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئىچىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش، مېنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر كۆڭۈللۈك ۋە راھەت!

مەن ئۇنى قايتا ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم، يەنە ياتىقىمغا

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپ بېرىشقا يېگىتلىك غۇرۇرۇم يول قويمىدى . مەن سىغى-
نىش ، خىيال ۋە خىيالەن سۆھبەتلەر بىلەن بېيجىڭنىڭ كۆڭۈللۈك
باھار ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم . مانا شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلىدىغان
ياز — كوماندا بىلەن چىرىلدىشىدىغان تومۇزغىلارنىڭ يايرايدىغان
پەسلى كەلدى . بېيجىڭ خەلقى سالقىن جايلاردا ئارام ئېلىش ئۈ-
چۈن دېڭىز بويلىرىغا ، شىمالىي ئۆلكىلەرگە مېڭىشقا ئامال ئىز-
دەشمەكتە . مەن ھەر كۈنكى ئىشىمنى تەر ۋە يەلپۈگۈچ بىلەن
باشلاپ ، خۇددى شۇنداقلا تىنجىقلىق ، تەر تۆكۈش بىلەن ئاخىرلاش-
تۇرىمەن . ئەمما مەيلى راھەت ياكى ئازابلىق كۈنلەر بولسۇن ،
گۈزەلئاينى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم بولمىدى...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ماڭا فېن جياۋشۇ بىلەن دالىيەنگە
بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىش ئۇقتۇرۇلدى...

## 6

... ئون تۆتىنچى ئىيۇل . بىز بېيجىڭدىن بىۋاستە تاڭگۇغا
بارىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقتۇق . فېن جياۋشۇنىڭ
ھۆرمىتى بىلەن ، بىز يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ئالاھىدە ۋاگونغا جاي-
لاشتۇق . ئاپئاق قاپلار بىلەن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانلار ، دېرىزد-
لەردىكى گۈللەر ، كۈن نۇرىدا يالتىرىغان قىزغۇچ تاختاي تاملار ،
كۈلۈپ تۇرىدىغان كۈتكۈچىلەر ۋە ھەمراھلار... كىشىنىڭ كۆڭلىنى
كۆتۈرىدۇ ، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۇم غەش ، خۇددى بېيجىڭدا بىر
مۇھىم نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك كەينىمگە قايرىلىمەن ۋە ناھايە-
تى مىسكىنلىك بىلەن خىيال سۈرىمەن .

مەن دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرىمەن ، فېن جياۋشۇ ئېگىز گەۋ-
دىسىنى مۈكچەيتىۋېلىپ ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئارقا مېڭىسىنى
سىلاپ قويۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ . يېرىم ئې-

چىلغان دېرىزىدىن گۈركىرەپ شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ . بۇك دەرەخ-
لەر ، سارغايغان بوغداي ئېگىزلىرى ۋە تېخى ئورۇلمىغان بۇغدايلار
ئالدىمدىن يوگۇرۇشۇپ ئۆتىدۇ ، بورنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك
پۇراقلار ئىلى ۋادىسىدىكى يۇرتۇمنى — مەن ناخشا ئېيتىپ ، شوخ
سۇلىرىغا پاقام ئېتىپ ، شاخلىق دەرەخلىرىگە يامىشىپ چوڭ بول-
غان يېزامنى ئەسلىتىدۇ… لېكىن ، مەن نېمىنىلا ئويلىماي ، گۈ-
زەلئاي خىيالىمدىن نېرى كەتمەيدۇ .

ئون ئالتىنچى ماي كۈنى ئىدى ، ئاخىرقى قېتىم گۈزەلئاينىڭ
ياتىقىغا باردىم . راستىنى ئېيتسام ، سېغىنىش ، تەلپۈنۈش ماڭا
كۈچ ۋە جەسۇرلۇق ئاتا قىلدى . مەن ھېلىقى مەشىق ئۆيىنىڭ
ئىشىكىنى قاقتىم . گۈزەلئاينىڭ : «چىڭ جىنلەي ![1]» دېگەن تو-
نۇش ۋە يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل
خۇشاللىق ۋە ھاياجان بار ئىدى . مەن بەختتىن كۆلۈمسىرىدىم ،
لېكىن قىز ئىشىكنى ئاچتى - دە ، چىرايى قەغەزدەك ئاقاردى ،
كالپۇكلىرى سىنىكا بەرگەندەك كۆكەردى :

— سىز… خاپا بولماڭ … بۇنىڭدىن كېيىن مېنى
ئىزدىمەڭ !… — دېدى ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېنىڭ-
دىن قاچۇرۇپ .

مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم - دە ، دۇدۇقلىدىم :

— … رەقىپىڭ سىز توغرۇلۇق ماڭا يازغىنى راستمۇ ،
ئەمىسە ؟…

قىز ئەجەبلىنىپ سورىدى :

— نېمە راستمۇ ؟ !

— بۇ يىل ياز رەقىپ بىلەن توي قىلىشقا…

— نېمە ئۇ توي - پوي دېگەن ! — دېدى قىز ئەسەبىيلىك

---

① چىڭ جىنلەي — كىرىڭ !

بىلەن ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ، — بېشىمنى قايدۇرماڭلار-چۇ، مەن سىزگە دېدىمغۇ، نېمىشقا چۈشەنمەيسىز، مەن سىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇرماقچىمەن!...

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، دېرىزىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— خەير ئەمىسە، سالامەت بولۇڭ!

پۇتلىرىم تاش باغلىغاندەك ئېغىرلاشتى، پۈتۈن بەدىنىم چەكسىز ھارغىنلىق ھېس قىلدى. «ياق، مۇھەببەت مېنى مەڭگۈ قىيناۋەرمەيدۇ، مەن سەن قىزنىڭ كۈلكەڭنى، ئوت يېنىپ تۇرغان بەختلىك كۆزلىرىڭنى كۆرمىگۈچە قەدىمىمنى توختاتمايمەن، چۈنكى بۇ مېنى قىيناۋاتقان تۇنجى مۇھەببەت» دەپ ئويلىدىم. تونۇش ئارچىغا يۆلىنىپ بىردەم تۇردۇم، ئىچىمدە: «رويال ئاۋازى ئاڭلانسا، ئىشنىڭ پۈتكىنى، ناۋادا جىمجىتلىق بولسا، ئۇمۇ ئازاب ئىچىدە بەخت ئىزدەۋاتىدۇ» دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە. يېرىم سائەت ئۆتتى، رويال ۋە ناخشا ئاۋازى ئاڭلانمىدى. مەن ئۈستى كاھىشلىق دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ كەينىمگە قايرىلدىم، ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ بالكون ئىشىكى قىيا ئېچىلغاندەك، گۈزەللىكىنىڭ بېشى غىل-پال كۆرۈنگەندەك بولدى. سەزگۈلىرىم مېنى ئالداۋاتامدۇ ياكى...

پويىز سىلكىنىپ توختىدى، فېن جياۋشۇ كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا:

— ئىككى سائەتنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈش قانچىلىك چوڭ زىيان، — دېدى راستىنلا خاپا بولۇپ.

ئاڭگۇ ۋوگزالىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دېڭىز بويىغا — لىمانغا بارىدىغان بولدۇق. يامغۇر شۇنچىلىك ياغدىكى، مەن كۆزلۈك ئاستىدا فېن جياۋشۇنى قولتۇقلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا تونۇش كۈلكىنىڭ ئىگىسىنى كۆرەلمىدىم. ھەر خىل كۈنلۈك تۇتقان، يامغۇرلۇق چاپان كىيىۋالغان بىيجىڭلىقلار قاتار-قاتار

ئاپتوبۇسلارغا قاراپ قىستىلىشىپ يۈگۈرۈشمەكتە . ئۇلارنىڭ ھەمـ-مىسىلا بېيجىڭنىڭ تىنجىقى ۋە تومۇزغا ئاۋازىدىن قېچىپ ، دېڭىز بويلىرىغا پاناھ ئىزدەپ مېڭىشقان ستودېنتلار ، كادىرلار ، ئىلىم - پەن خادىملىرى ئىدى .

مەن قۇملۇق دېڭىز قىرغىقىنى دەسسەپ ، لىڭشىلداپ تۇرىدىغان شوتا بىلەن فېن جياۋشۇنى قولتۇقلاپ ، سەپەر سومكىلىرىمىزنى تەستە كۆتۈرۈپ چاڭجياڭ ماركىلىق پاراخوتقا چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، ھېلىقى تونۇش كۈلكە يەنە ئاڭلاندى ، لېكىن بۇ تار ، غىلىتاڭ شوتىدىن كەينىگە قايرىلىش ۋە توختاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . «ياق ، سەزگۈلىرىم مېنى ئالداۋاتسا كېرەك ، گۈزەلئاي بۇ يەردە نېمە قىلسۇن...» دەپ ئويلىدىم پاراخوتنىڭ زال ئىشىكىنى دەسسەۋېتىپ . شۇنداق بولسىمۇ ، يۈكلەرنى زالغا قويۇپ كەينىمگە قايرىلدىم ، ۋادەكلىك تار پالوبىغا چىقىپ قىزنى ئاختۇرماقچى بولدۇم ، لېكىن ساقچىلار مېنى ھەيدەپ كىرگۈزۈۋەتتى . بېلەتلەرنى كۆتكۈچىلەرگە كۆرسەتتىم . بىر كۈتكۈچى قىز قوللىرىنى شىلتىپ :

— تېز مېڭىڭلار ، ئىككىنچى دەرىجىلىك كارىۋات يۇقىرىدا ! — دېدى ۋارقىراپ .

بىز ياتىقىمىزغا ئورۇنلاشتۇق . ئىككى لۆم - لۆم كارىۋات ، بىر ئۈستەل ، ئىككى تومپۇچكا ، يۈز يۇيىدىغان ئايرىم خانا ؛ قېلىن ئەينەكلىك دۈگىلەك دېرىزىدىن پايانسىز بوخەي دېڭىزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، دېڭىزنىڭ ئاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنلىرى ئۈستىدە نەيزە قاناتلىق چايكىلار ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ . يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا شۇنچە سۈزۈك . دېڭىز بىلەن ئاسمان خۇددى بىرلىشىپ كەتكەندەك ، پۈتۈن ئالەم بىر چوڭ كرىستال جىسىمدەك ، بىز شۇ كرىستال جىسىم ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمىز .

فېن جياۋشۇ چارچاپ قالدى ، ئالدىراپ غىزالاندى - دە ، كارىۋاتتا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى . مەن خانىدىن چىقىپ قىزغۇچ ،

www.uyghurkitap.com

سىلىق تاختايلىق زال بىلەن مېڭىپ پالوبىغا چىقتىم ، ۋادەكلەردىن ئۇرۇن تەگمىدى ، دېڭىز شامىلىدا ھۇزۇرلىنىۋاتقان ياشلار ۋادەك-لەرگە تايىنىۋېلىپ ، دېڭىزنى تاماشا قىلماقتا ئىدى . پاراخوت سائەت ئون ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە گۇدۇك بېرىپ قوز-غالدى . ھازىر تاڭگۇ پورتىمۇ ، ئۇستىنى تۇتەك بېسىپ تۇرىدىغان تيەنجىن شەھىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى . پايانسىز دېڭىز دولقۇنسىز ، تىنچ كېتىپ بارغان پاراخوتتىن قارىغاندا ، دېڭىز ئالدىراپ ئېقىۋات-قاندەك ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇژغۇنلىرى بىلەن پاراخوتنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . تىنىمسىز ئۇششاق دولقۇنلار بولسا ، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ زەنجىر ھاسىل قىلىپ ، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چەكسىز يايلاقنى ئەسلىتەتتى . بىردىنلا ئۈپۈق سىزىقىدىن بىر چېكىت چىقىپ كېلەتتى - دە ، بىردىنلا بىر قارا خادىغا ئايلىناتتى ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ قارا خادا ئاقىرىپ يالتىرايتتى - دە ، كېڭىيەتتى . زەن سېلىپ قارىسىڭىز ، ئۇ بىر يىراقتىكى پاراخوت بولۇپ چىقاتتى . دېڭىزدا بولىدىغان بۇ ھال چەكسىز قۇملۇقتا بولىدىغان سەزگۈ خاتالىقى بىلەن ئوخشاش . مەن : «تەبىئەت ئىنساننى ئالدايدۇ ، شۇنچە چوڭ دېڭىزمۇ بىزدەك ئۇششاق مەخلۇقلارنى ئالدايدۇ ، سۇنئىي ، يالغان ھالەت بىلەن باشقىلارنى ئالـداش بىر قانۇنـيەتمىكىنتاڭ !...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە .

... بورانلىق قۇيرۇق پالوبىلىرى ، راھەت بىلىنىدىغان ياندىما ۋادەكلىك ئايلانما پالوبىلار ، دېۋانلار بىلەن بېزەلگەن قىرائەتخانا ، كۇلۇب ، پاكىز ئاشخانا ، تۆت قەۋەتلىك ياتاقلار ، قىسقىسى ، مەن ئارزۇلىمىغان ھېچ يەر قالمىدى ، لېكىن گۈزەللىكىدىن دېرەك بولمى-دى . مەن ئالدامچى سەزگۈلىرىمنى تىللىغىنىمچە ياتىقىمغا قايت-تىم ، زالنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇشۇمغا ، يەنە ھېلىقى تونۇش كۇلكە ئاڭلاندى . مەن توختىدىم . تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ كۇلۇ-

شوپ قىزلار چىقىۋاتاتتى . مەن دەرھال ئۇلار چىقىۋاتقان تۆشۈككە كەلدىم ۋە خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتىم :

— سىز ... گۈزەلئاي ، راستتىنلا باركەنسىزغۇ !...

قىز كۈلدى ، ئاندىن تاتىرىپ كەتتى ـ دە ، سوغۇقلا قىلىپ دېدى :

— ھەئە ، گۆرگە سالدى ، لېكىن بار بىز تېخى !

— ياتىقىڭىز ؟

— نەدە بىزگە ياتاق ، — دېدى قىز خاپا ھالدا ، — بەشىنچى دەرىجىلىك ياتاق دەپ بىر چوڭ گۆرگە سولاپ قويدى...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، پاراخوت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ، ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى .

مەن ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۆز كارىۋىتىمنى بېرىشكە ، ھېچبولمىسا قىزلار ياتقىدىن ئۇنىڭغا كارىۋات ئېلىپ بېرىش ئۈ-چۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىرىدىم .

— كارىۋات يوق ! — دېدى پاراخوت باشلىقى مېنىڭ چۈشەن-دۈرۈشلىرىمنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ ، — ئۇ قىزلار-غىمۇ دېگەنتىمغۇ ، ئۇلار بىر ئەمەس ، ئۈچ قىز ـ دە !

— بىر ئامالىنى قىلىپ ھېلىقى ئۇيغۇر قىزغا بولسىمۇ...

— بىر كارىۋات تېپىلىدۇ دېسەم ، ئۇلار ئۈچ كارىۋات لازىم دەپ ئۇناشمايۋاتسا...

پاراخوت باشلىقى گەپ تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ ، كەڭ قاس-قانلىق شەپكىسىنى قولىغا ئالدى . مەن تۆشۈكمۇتۆشۈك تۆۋەنلەپ ، ئاخىر ۋاقىتلىق ياسالغان شوتىنىڭ ئۈچى كۆرۈنۈپ تۇرغان بەشىن-چى دەرىجىلىك بۆلۈمنىڭ چۈشىدىغان تۆشۈكىگە كەلدىم . راست-تىنلا بىر چوڭ ئامبار ئىكەن . مەن شوتىدىن چۈشتۈم . دېرىزىسى يوق ، تېگىگە بورا سېلىنغان كەڭ زالغا ياشلار تىقمۇتىقماق جايلاش-قان ، بىرلىرى ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ يېتىشاتتى ، بىرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىشاتتى ، بىرلىرى كىتاب كۆرەتتى ، يەنە بىرلىرى ۋارقىرىشىپ بىرنېمىلەرنى تالىشاتتى… ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەستە يول تېپىپ يۈرۈپ ، گۈزەلئاينى ئىزدىدىم . كۆل رەڭ چويۇن تام ـ تورۇسلۇق بۇ ئامباردا ، بورا ئۈستىدە يىگىرمە تۆت سائەتنى توشقۇزۇش قىز بالا ئۈچۈن راستىنلا ئازابلىق ئىدى . مەن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇدەك جاي تاپتىم ، ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى :

— دېڭىز هايۋانلىرى بىلەن بىللە كېتىۋاتىمىز . مۇشۇ تۈرقىدا تىرناقچىلىك بىر يەر تېشىلسىدى ، راسا داش قازانغا چۈشكەن بولاتتۇق .

— ماۋۇ يەردە بىر ئۇيغۇر قىز بار ئىدى ، ئاكولا بېلىقىنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ قېچىپ چىقىپ كەتتى .

مەن كۈلدۈم . يېنىچە يـاتقـان بىـر قىز بىردىنـلا ئۆرۈلدى ـ دە ، مېنى كۆرۈپ :

— گۈلـىنى ئىزدەپ كەلـدىڭىزمۇ ؟ — دەپ ئىلـلىق كۈلۈمسىرىدى .

— هەئە .

— ئۆلسەممۇ بۇ يەردە تۇرمايمەن ، قانچە پۇل ئالسىمۇ باشقا ياتاق تاپىمەن دەپ چىقىپ كەتتى . جاپاغا چىدىمايدۇ ، پۇلى جىق ، ناهايىتى نازۇك ، لېكىن ئىنتايىن ئەقىللىق !…

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم .

هەممىلا يەر ياشلار بىلەن تولغان ، دېڭىزنىڭ شارقىرىشى ، شامالنىڭ پۇشتەك چېلىشى ياشلارنىڭ قىۋ ـ چۇۋلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، قۇلاقنى پۇتتۇرىدىغان زور ئاۋازغا ئايلانغانىدى . مەن يەنە قەۋەتمۇقەۋەت ئارىلاپ يۈرۈپ گۈزەلئاينى ئىزدىدىم . مانا ئاخىر ئۇنى پاراخوتنىڭ ئەڭ شامالliq يېرى — قۇيرۇق پالۇبىسىنىڭ ۋادىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان يېرىدىن تاپتىم . دولقۇنلار پاراخوتقا

قەھرى بىلەن ئۇرۇلماقتا، كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن پاراخوتنى تۆۋەنگە تارتىۋاتقان، كەينىگە سىلكىۋاتقان تېگى يوق يېشىل قاينام غەزەپ بىلەن چىرقىرىماقتا. دېڭىزدا شامال كۆتۈرۈلگەن، يېشىلغا مايىل سۇ ئۆركەش ياساپ، ئاق قىرغاقلىرى بىلەن ئۈيەر - بۇيەردە تام پەيدا قىلىپ تەۋرەنمەكتە. بۇ تەۋرىنىش ئادەمدە گويا پۈتۈن جاھان تەۋرىنىۋاتقاندەك بىر ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ - دە، دەھشەت - ۋەھىمىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيدۇ…

گۈزەلئاي مېنى كۆرمىدى. ئۇ قورقۇنچلۇق — ھەممىلا نېمە-نى يۇتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان مايسا رەڭ دې-ڭىزغا قاراپ، ئوڭ جەينىكى بىلەن سالاسۇنغا تايىنىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدىكى سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم: ئۇنىڭ كۆل رەڭ شاماللىق چاپىنىنىڭ ئىككى پېشى چايكا قانىتىدەك كەڭ كېرىل-گەن، چۇۋۇلغان قارا چاچلىرى ھازىرلا بېشىدىن يۇلۇنۇپ كېتىدى-غاندەك زەربە بىلەن يەلپۈنمەكتە، ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق، ئوماق لەۋلىرى ھىم يۇمۇلغانىدى. مەن ئۇچۇن سېھىر-لىك ۋە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالغان بۇ گەۋدىگە، مەن زوق بىلەن قاراپ، يېرىم سائەت جىم تۇردۇم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم، سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىدىم. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا ئۆزۈڭ-نى ئۇياتتىن ھىمايە قىلغۇدەك كۈچ قالمىدىمۇ؟ مۇھەببەت ئۇياتنى بىلمەيدۇ… سەن ساپ مۇھەببەت ئۇچۇن شۇنچە زېھنىڭ ۋە ۋاقتىڭ-نى سەرپ قىلىۋاتامسەن، سەن بۇنى نېمەڭ بىلەن ئىسپاتلايسەن؟ ئاۋۇ قىز شۇ تۇرقىدا، جەزمەنكى، سېنى ئويلاۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۇچۇن قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، لەۋلىرى پۈرۈشۈۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر سېنىڭ ئايىغىڭغا يىقىلىشقا تەييار، لېكىن ۋۇجۇدىغا سىڭگەن مەغ-رۇرلۇقى بۇنىڭغا يول قويمايۋاتىدۇ… مېنىڭ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تاقىتىم يوق. ناۋادا، بىر قارا كۈچ شۇ تاپتا قىزنى ئاشۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەھشەتلىك مايسا رەڭ دېڭىزغا تاشلىسا ، مەن ھېچ ئىككىلەنمەي كەينىدىن سەكرەيمەن ، ئۇنىڭسىز ھايات ماڭا لەززەتسىز...

بىر چاغلاردا ، مەن بۇ قىزدىن ئۆزۈمنى تارتاتتىم . ئۇ ھازىر مېنىڭ ئۈچۈن پەرىشتە ۋە كەم - كۈتىسى يوق گۈزەللىكنىڭ ئۈلگىسى . مەن بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلدىم ، لېكىن پايدىسى بولمىدى . دەسلەپ ئۇنى مەنسىتمىدىم ، ئۆزۈمگە ئىشەندىم ، ئۆز ھېسسىياتلىرىمنى : «مۇھەببەت ئەمەس ، بەلكى ئەرلىك جىنسىي تەلەپنىڭ ساداسى» دەپ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئەيىبلىدىم ، لېكىن يۈرىكىمدە بىر يوشۇرۇن ئوت يېنىۋاتقىنىنى كېيىن بىلدىم ، قىزنى ئويلايدىغان ، سېغىنىدىغان ، خىيالىمدا مۇڭدىشىدىغان ، كەلگۈسى ھاياتىمنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىغان بولدۇم ، ماڭا ئارام بەرمەيۋاتقان بۇ كۈچ ، مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولدۇم . قىزنى كۆرگەندە بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلالمايدىغان ، ئەركىن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم . كۈنلەر ئۆتۈش بىلەن مەن ھېسسىياتىمغا تەسلىم بولدۇم ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ، سەسكەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار بولۇپ چىقتى . مېنىڭ مەغرۇرلۇقۇم ، ناخشا ئېيتىپ ئۆزۈمنى بىپەرۋا ، خۇشال تۇتۇشلىرىم ، ياسالما نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئاسانلا مەلۇم بولدى . بەدىنىمدە ياسالما نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش مېنىڭ ئۈچۈن ئازابلىق ، بەدىنىمدە مېنى مۇھەببەتتىن ساقلاپ قالالىغۇدەك كۈچ قالمىغانلىقى ئەجەب قورقۇنچلۇق - ھە !...

گۈزەلئاي مەن تەرەپكە بۇرۇلدى - دە ، ئارتىسلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئۆزىنى بىپەرۋا ، خۇشال كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۈلۈمسىرىدى ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى . مەن ئويلىدىم : «مېنىڭ ئازابلىرىمنى ئۇ ئويۇن بىلىۋاتقان بولمىغىيتتى . ئۇنىڭ خىيالى

رەقىپ ۋە ئۇنىڭ پۇلى بىلەن بەندتۇ بەلكىم؟ راستتىنلا شۇنداق بولسا ، مەن بۇ ئەرزىمەس قىزغا نۇرغۇن نەرسە سەرپ قىلىۋەتكەن بولامدىمەن؟...»

— گۇزەلئاي !...

— ھە !... — ئۇ ماڭا چۆچۈپ قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش ، چىرايى تولىمۇ تاتىراڭغۇ ئىدى . مەن ئۇنىڭ جەينىكىگە قولۇمنى تەگكۈزدۈم :

— ئۆيىڭىزنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— ھە... سېغىندىم ... — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى ھىل - ھىل ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ ،— مەن بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمەن...

نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە ! ياتاق تېپىلمىغىنىنى... ئۇ ياتاق ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى باشقا ئىش ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئاشۇ دېڭىزدەك تىنىمسىز دولقۇنلىماقتا ئىدى . مېنى بىر خىل ئوت ۋە غەيرەت چىرمىۋالدى :

— گۈزەلئاي ، — دېدىم بۇ قېتىم ئۇنىڭ سالاسۇننى تۇتۇپ تۇرغان نازۇك قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ، — نېمىشقا بىكارلا ئازاب چېكىمىز ، مەن مەغرۇرلۇقۇمدىن قول ئۈزدۈم ، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ... بىزگە ھېچ توسالغۇ يوقتۇ !...

— نېمە دەۋاتىسىز؟... — ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى تارتىۋالدى - دە ، كېتىشكە ئالدىراپ ،— مەن سىز ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقىنىم يوق...

— مەن چېكىۋاتىمەنغۇ !...

قىز ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ سەمىمىي ، دەردلىك ۋە تەسلىم بولغۇچى كۆزلىرىمگە قارىدى - دە ، تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە ئالدىمدىن ئۆتۈپ پالوبا ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى .

مەن ئەمدى ئۇنى ھېچنەدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم . بەشىنچى

www.uyghurkitap.com

دەرىجىلىك ياتاقتىكى سەپداشلىرى : «نەگە كەتتىكىنتاڭ» دەپ جاۋاب بېرىشتى… مەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم ، تاڭ ئاتقاندا ئۇخلاپ قاپتىمەن ، فېن جياۋشۇ مېنى نوقۇدى :

— تۇرۇڭ ، دېڭىزدا كۈنىنىڭ چىققىنىنى كۆرمەن دېۋىدىڭىزغۇ ، يۈرۈڭ ، تۆپىگە چىقايلى .

ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پالۋىسىدا تۇرۇپ شەرققە قارىدۇق . سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى چاچلارنى ئۇچۇراتتى ، يۈزلەرنى چىمىلدىتاتتى . ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆز بىلەن تىنىمسىز قىمىرلاپ تۇرغان قىرغاققا قارىسىڭىز ، ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرىسىز . يېيىلىپ ياتقان دېڭىز سۈيى بىردىنلا يېڭى ئوتتىن چىققان كەتمەندەك يېرىم قىزىل ، يېرىم قارا بولۇپ كۆرۈندۇ - دە ، قىزىل كۆرۈنگەن قىسمىدا ئاسمانغا قاراپ سەكرىشىۋاتقان سانسىز جانلىقلاردەك ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ . مانا بۇ ، قىزىل نۇر ئىچىدە شادلانغان دېڭىزنىڭ ، چىقىۋاتقان قۇياش ئۈچۈن چېلىۋاتقان چاۋاكچى قوللىرى . مانا ، قوللار ئۈستىگە بىردىنلا بىر قىزىل شار ئېتىلىپ چىقتى - دە ، قارا دولقۇنلار كۈمۈش رەڭ ، قىزىل دولقۇنلار سېرىق رەڭگە كىردى . يالغۇز ئۇپۇق سىزىقى ۋە يۇپقا بۇلۇتلاردىلا قىزىل ، سېرىق ، كۆل رەڭ ، قارامتۇل رەڭلەر پەيدا بولدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، پۈتۈن بوخەي دېڭىزىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش رەڭلىرى بىلەن سۇغىرىپ ، قۇياش غۇلاچ ئۆرلىدى . مانا شۇ چاغدا پاراخوت گۈدۈك بەردى .

— يۈرۈڭ ، چۈشۈشكە تەييارلىنايلى ! — دېدى فېن جياۋشۇ . بىز ياتاققا قايتىشتا لىمان تەرەپ بىلەن ئۆتتۇق . دالىيەن پورتى ھەر خىل پاراخوتلار بىلەن تولغان ، ئاپئاق بۇزغۇنلار بىلەن تىنىمسىز سۆيۈشۈپ تۇرغان قارامتۇل قىرغاقمۇ ئەمدى روشەن كۆرۈنمەكتە ئىدى : «گۈزەللىكى نەدىدۇ !» دېگەن سوئال مېنى خاتىر-

چەمسىزلەندۈردى. ئۈۋۈسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىلەردەك قىمىرلى-شىپ تۆشۈكلەردىن چىقىۋاتقان، پەلەمپەيلەردە بىر - بىرىنى مۈ-رىدىشىپ، چامادان، سومكىلىرىنى ئۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشكەن ئال-دىراش ئادەملەر ئىچىدىن كۆزلىرىم گۈزەلئاينى ئىزدەيتتى، لې-كىن ئۇنىڭ ھېچ يەردە قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىز سېمونتتىن قاتۇرۇلغان قىرغاققا، ئاندىن كېيىن بىز ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر-نىڭ ياردىمى بىلەن لىماندىن كۆتۈۋېلىش ئۆيىگە، ئۆيدىن ماشىنىغا چىقتۇق. مەن ئەتەي «دالىيەن لىمانى» دېگەن يوغان ۋىۋىسكا يېزىلغان چىقىش دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قىسقۇچپاقا ساتقۇچىلار بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ خېلى تۇرۇۋالدىم، چىقىۋاتقانلارنى بىر-مۇبىر كۆزدىن كەچۈردۈم، لېكىن گۈزەلئاينى ھېچنەدىن تاپالمى-دىم. پاراخوتتىن چۈشكەن بىر مىڭ يەتتە يۈز ئادەمنىڭ يالغۇز ئاشۇ قىزدىن باشقا ھەممىسىگىلا قاراپ چىققاندىمەن، يالغۇز ئاشۇ مەن ئىزدىگەن قىزلا كۆزۈمگە چېلىقمىدى.

ئالىي دەرىجىلىك «دالىيەن مېھمانخانىسى»دىن چىقىپ، توق-قۇز قەۋەتلىك بوخەي مېھمانخانىسىغا باردۇق. بېيجىڭلىق دەم ئالغۇچىلارنىڭ تولىسى شۇ يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. مەن چۈشكىچە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، توققۇزىنچى قەۋەت يىگىرمە يەتتىنچى ئۆيدىن گۈزەلئاينىڭ كارتوتىكىنى تاپتىم.

— ئۇلار دېڭىزغا كەتتى، — دېدى كۈتكۈچى قىز مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — كەچقۇرۇن كېلىدۇ.

مەن دېڭىز بويىغا بارمىدىم. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىز-نىڭ دەم ئېلىش ئورنىمىز بەلگىلەندى. بىزنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دالىيەن شەھىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باڭچۈيداۋ ئىستىراھەتخانىسىغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. مەن گۈ-زەلئاي بىلەن، شۇنداق قىلىپ، ئەمدى كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم.

كىچىك ماشىنا قۇلۇلە قىپىدەك چۆرگىلىمەچ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. قاپتاللار بوك دەرەخ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن چۈمكەلگەن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مۇنبەت قارا تۇپراق ئارىسىدا قوناق ۋە ئاپتاپپەرەس تېرىلغان بوشلۇقلار ئۇچراپ قالىدۇ. فېن جياۋشۇ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ يەرلەر ناھايىتى مۇنبەت. قاراڭ، ئاۋۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى نېمىدېگەن قېنىق، يالتىراق. بۇ يەردىكى دەم ئېلىش جايىنى ئۆز ۋاقتىدا خانلار، ياپونىيە ئەمەلدارلىرى ئىگىلەپ كەلگەن، مانا ئەمدى بۇ يەردىن ئېلىم ـ پەن خادىملىرى بەھرىمەن بولماقتا.

بىزنىڭ يېنىمىزدىكى ھەمراھىمىز — قىسقا چاچلىق، ئاق سېرىق ئادەم كۆلۈپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— باڭچۇيداۋ — چىڭداۋدىكى دەم ئېلىش ئورنى. بېيجىڭ ئەتراپىدىكى چېندې، مۇدەنجياڭ يېنىدىكى جىنبوخۇ، بېيدەيخې قاتارلىق جايلاردا ھازىر ئاساسەن دۆلەت رەھبەرلىرى، چەت ئەللىك مېھمانلار دەم ئالىدۇ. باڭچۇيداۋغا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك كېلىپ دەم ئالغان. فېن جياۋشۇ بۇ قېتىم گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا كەلگەن.

— ئالىي دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنى كۆرۈش مېنىڭ ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. ئۆمرۈمدە دېڭىزنىمۇ كۆرمىگەن، فېن جياۋشۇنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ قېتىم ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلمايدىغان جايلارنى كۆرۈۋالدىم، — دېدىم خۇرسەنچىلىكىمنى بىلدۈرۈپ.

— بۇ يىگىتنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، — دېدى فېن جياۋشۇ مېنى ھېلىقى كىشىگە تونۇشتۇرۇپ، — تىرىشچان، ئۆتكۈر، غايىلىك. ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت بايلىقى مول مىللەت. ئۇلار كۆرەشچان، ئەمگەكچان خەلق. بىرىنچى ئەسىردە ھونلارنىڭ

غەربكە قېچىپ[1] كېتىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان...

فېن جياۋشۇ ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئىزاھاتلىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە گەپنى ماڭا يۆتكىدى :

— چاغاتاي تىلىنى ئوبدان ئۆگەندى ، پارس تىلىنىمۇ خېلى بىلىۋالدى ، خەنزۇچە كونا كىتابلارنىمۇ كۆرەلەيدۇ . ھازىر ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ . بايرون ، شېللى شېئىرلىرىدىن ئىنگلىزچە يادا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ .

ھەمراھىمىز ماڭا قاراپ قويدى - دە :

— ئوتتۇزلارغا كىردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

فېن جياۋشۇ كۈلۈپ كېتىپ :

— تېخى يىگىرمە تۆتكە توشمىغان يىگىت بۇ ! — دېدى .

— چىرايى چوڭ كۆرۈنىدۇ ، — دېدى ھېلىقى كىشى كۈلۈپ كېتىپ ، — ئۆيلەندىڭىزمۇ ؟

— ياق .

— ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقتىنى شۇ ئىشقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ ، تېزلىشىپ قالدىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى فېن جياۋشۇ چاقچاق قىلىپ .

— راست ، ئاز قالدى ... — دېدىم يوشۇرماي .

— ئىلىم - پەن خادىمى ئۈچۈن ئىككى يول بار ، — دېدى بۈگۈن ئالاھىدە چاقچاقچى بولۇپ قالغان فېن جياۋشۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىرى ، بويتاق ئۆتۈش . ئىككىنچىسى ، مۇۋاپىق لايىق تېپىلغاندا ۋاقتىدا ئۆيلىنىش . مېنىڭچە ، يولداش ئەلا ، تېزرەك ئۆيلىنىۋېلىڭ ، سىز ئويلايدىغان ھېلىقى قىز نەدە ؟

---

① فېن جاشىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، خەنزۇچە نەشرى ، 1 - كىتاب ، 78 - بەت .

— بېيجىڭدا — مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. بىر بىلەن پاراخوتتا بىللە كەلدى. هازىر «بوخەي مېهمانخانىسى»نىڭ توققۇزىنچى قەۋەت، يىگىرمە يەتتىنچى ئۆيىدە تۇرىدۇ.

مەن بىرەر ئېتىبارغا ئېرىشىپ قالارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىككى پېشقەدەمگە هېچ نەرسىنى قالدۇرماي ئېيتتىم.

— ناخشىچى دەمسىز؟ — دېدى هېلىقى هەمراهىمىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ئۇلارنى باڭچۇيداۋغا ئەكىلىشنىڭ بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرەي، — پاه، قاراڭە، هېلىتىنلا خۇشاللىقتىن كۆزلىرىڭىزگە ياش كەلگىلى تۇردىغۇ! ها... ها... ها...

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. بۇ چاغدا ماشىنا تۆپىلىككە كۆتۈرۈلۈپ سولغا بۇرۇلدى ـ دە، بۈك دەرەخلەر ئارىسىدىكى توققۇز قەۋەتلىك مېهمانخانىغا قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى. مەن تۆۋەنگە قارىدىم: دەرەخلەر گويا بىزنى مەزمۇت قوللىرى بىلەن بۇلۇتقا كۆتۈرۈۋاتقاندەك، مېهمانخانا قويۇق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئۈستىگە ئورۇنلاشقاندەك بىلىندى. تۆپىگە قارىدىم: پاختىدەك ئاپئاق تۇتەك ئارىسىدىكى ياش قارىغايلار گىرىمسەنلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ يېشىل ئېرىتمىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، بۇ ئېرىتمە گويا شەرق تەرەپتە تۇم كۆك — تىنىق ئاسماندەك يېيىلىپ ياتقان دېڭىزغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

مەرمەردەك يالتىراق تاشلار، چىپار ئەينەكتەك يالتىراق، يېشىل، كۆك، سېرىق كاتەكچە يەرنى دەسسەپ بىرىنچى قەۋەتتىكى زالنىڭ دەم ئېلىش ئورنىدىكى ساپالارغا ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن كۇتكۇچىلەر بىزنى لىفت بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى. قىزىل پاياندازلىق زال بىلەن مېڭىپ، ئىككى يۈز ئون سەككىزىنچى نومۇرلۇق ياتاققا ئورۇنلاشتۇق. ياتاقتا ئازادە ئىككى لۆم ـ لۆم كارىۋات، بىر جۈپ ساپا، ئالاهىدە يۇيۇنۇش ئۆيى بار ئىدى. سىلىق ۋە گۈزەل جاهازلار بىلەن بېزەلگەن ياتاقنىڭ دېرىـ

ـزىسى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى . دېرىزىنىڭ ئۇدۇلى بوك قارىغايلىق
تاغ ، تاغ قاپتىلىدا دېڭىز بويىغا قاراپ تۆۋەنلەپ كەتكەن سېمونت
يول ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئارچا ، ئاكاتسىيە ، يۇلغۇن ، شاپ-
تۇل ، سېرىن دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان . دەرەخلەر ئارىسىدىكى
گۇللەردە قاپقارا ۋە ناھايىتى چوڭ كېپىنەكلەر ھۇرۇنلۇق بىلەن
ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى .

— دېرىزىدىن قاراۋەرمەڭ ، — دېدى فېن جياۋشۇ چاقچاق
قىلىپ ،— قىزنىڭ ئىسمىنى گۈزەلئاي دېدىڭىزما ؟ ئۇنى بۇ يەردە
تۇرۇپ كۆرەلمەيسىز... مالوفنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى»
دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ ؟

— خاتىرە يېزىپ بولالمىدىم ، يۇسۇپ زىيا شىرۋاند-
ىنىڭ «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخي مەسىلىلەر» دېگەن كىتابى-
نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇپ بولدۇم ، خاتىرىمۇ يېزىپ قويدۇم .

— ئۇنداق بولسا ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئايلىق ئۆگىنىش
پىلانىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ ، تېزىس يازسىڭىزلا بولدى . ۋاقتىنى
كۈندۈزى ئالتە سائەت ، ئاخشىمى ئىككى سائەت قىلىپ ئورۇنلاش-
تۇرساق بولار . ئون ئىككى سائەتلىك پىلانىڭىز بېيجىڭغا بارغاندا
ئىشلەيدۇ . بۇ يەردىكى بىرىنچى ۋەزىپە دەم ئېلىش ، ئاندىن قالسا
ئۆگىنىش . ئاڭلىدىڭىزمۇ ، بايىقى ئادەمنىڭ سىزنى ئوتتۇز نەچچە
ياشمۇ ، دېگىنىنى . مەن سىزگە ئەمدى ئېيتىپ قوياي ، سالامەتلى-
كىڭىزنى ئاسراڭ ، ئاتمىش ئىككى كىلو كېلىمەن دەمسىزا ؟ بويى-
ڭىز بىر مېتىر يەتمىش سانتىمېتىر بولسا ، بۇ ناھايىتى ماسلاشمى-
غانلىق . بۇ يەردىن كەتكەندە كۆسەيدەك قارىداڭ ، ھېچبولمىسا
يەتمىش كىلوغا چىقىڭ . ئەتىگەنلىكى يۈگۈرىمىز . دېڭىزدا ھەر
كۈنى ئۈزىمىز ، قۇمدا ياتىمىز . ئۈزۈشكە قانداقسىز ؟

— پاقىچىلاپ ئۈزەلەيمەن...

— ياخشى ، ئەمىسە پىلانىڭىزنى ئىككى سائەتتىن كېيىن

كۆرىمەن ، مەن يۈيۈنۈۋالاي .

ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىمىزنى ئىشكاپقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتىم .

باغچۇيداۋنىڭ گۈزەللىكى زېھنىمنى ئاچتى : سۈزۈك يوپۇرماقلىق قويۇق ئورمانلار ، سۈزۈك ئاسماننىڭ سىرلىق قوينىغا كۆز تىكىپ ، پۈت - قولۇڭنى سۇنۇپ ياتساڭ ، بەدىنىڭگە ئانا مېھرىدەك ھارارەت بېرىدىغان سېرىق قۇملۇق ، قوينىغا شۇڭغۇساڭ سۆڭەكلىرىڭگە - سۆڭىكىڭگە راھەت بېغىشلاپ ، سېنى ئەلەڭگۈچتەك سىلىق سىلكىپ قوينىغا تارتىدىغان ۋە ئاندىن كېيىن شاكىراپ سۈيى بىلەن سېنى ئىمىندۇرۇپ ، لەپەڭشىتىپ قىرغاققا ئاچىقىپ قويىدىغان ئاپئاق بۇژغۇنلۇق ، سۈرلۈك ، لېكىن مېھرىبان دېڭىز ، قېن جياۋشۇنىڭ ئانا سۈتىدەك تاتلىق ھېكايىلىرى··· باغچۇيداۋنىڭ ئىللىق ، راھەت ھاۋاسى ، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىدىن قىلىنىدىغان تەملىك تاماقى ، ماڭا چەكسىز راھەت ، خۇشاللىق ۋە نازۇك ھېسسىيات بېغىشلىدى . مەن ئانا ۋەتىنىم بىلەن پەخىرلەندىم ، بۇ پەخىرلىك ھېسسىيات مېنى تېخىمۇ تىرىشچان ، جانبازلىق ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى . مەن كۈنلەرنى خۇشال ، ئەمگەك ۋە سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزمەكتىمەن .

مانا بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە ھەش - پەش دېگۈچە ئون كۈن بولۇپ قالدى . ئون كۈندىن بېرى سائەت ماياتنىكىدەك بىر خىل ئىشنى تەكرارلايمەن . ئەتىگەنلىكى سائەت بەشتە قېن جياۋشۇ بىلەن تەڭ تۇرىمەن - دە ، ئىچ كىيىمىم بىلەن مېھمانخانىدىن دېڭىز بويىغا ، ئاندىن دېڭىزنى ياقىلاپ كەتكەن يولنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ يۈگۈرىمەن ، چامامدا ، ئۈچ كىلومېتىردەك يۈگۈرگەندىن كېيىن ، تەنتەربىيە ئوينايمەن ، دەرەخلەرگە ئېسىلىمەن ، باغچۇيداۋ ئارىلىغا قارىتىپ تاش ئاتىمەن ، بىر سائەتلىك مەشغۇلاتتىن كېيىن چىلىق - چىلىق تەرلەيمەن - دە ، ياتىقىمىزغا كىرىپ راھەتلىنىپ

يۇيۇنىمەن، ئاندىن كېيىن سائەت سەككىز يېرىمغىچە ئىنگلىزچە شېئىرلارنى يادلايمەن. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئۈچ سائەت مىدىر قىلماستىن كىتاب كۆرىمەن، كارتا تۈزۈپ، خاتىرە يازىمەن. سائەت ئون بىردىن ئۆتكەندە قېن جىياۋشۇ بىلەن دېڭىزغا بېرىپ چۆمۈلىمەن ۋە قۇمدا ياتىمەن. چۈشتە ئېسىل تاماق ۋە چىڭداۋ پىۋىسى بىلەن غىزالىنىمىز - دە، سائەت ئىككى يېرىمغىچە ئۇخلايمىز، ئاندىن سائەت ئالتە يېرىمغىچە يەنە مىختەك ئولتۇرۇپ ئوقۇيمەن. يازىمەن، كەچكى تاماقتىن كېيىن دېڭىز سۈيىدە يۇيۇنىمىز - دە، ياتاققا قايتىپ كېلىپ تازا سۇدا چايقىنىپ يەنە كىتاب ۋە قەغەزلەر ئىچىگە چۆكىمىز…

لېكىن، مېنىڭ گۈزەلئاينى ئەسلىمىگەن ۋە سېغىنمىغان بىرمۇ كۈنۈم بولمىدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ يولىغا قارايمەن، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ خاتىرە ۋە شېئىرلارنى يازىمەن. تاڭ شائىرلىرىدىن لى بەي، لىيۇيۇشى، لى شياڭيىن، لى خېلارنىڭ؛ چەت ئەل شائىرلىرىدىن شېكىسپىر، گيۇتې، پۇشكىن، بايرون، فېنس، فىلوۋىر، لېرمونتوف، يېسىنىنلارنىڭ؛ ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ھاياجانلىنىپ ئوقۇيمەن، تەقلىد قىلىپ شېئىر يازىمەن. شۇ شېئىرلىرىمدىن بىرى مۇنداق يېزىلغان:

قارايمەن تەلپۈنۈپ يىراق قىرغاققا،
ئۇپۇقتىن نىگارىم چىقىسىدى دەيمەن.
يۈرىكىم پۇچۇلدى، بىلمىدىم نەھال؟
دەردىمگە ھەر تاڭدىن شىپا تىلەيمەن.
… ئەي ئىللىق، مېھرىبان تاڭ شامالىرى،
ئويغاتقىن يارىمنى سۆيۈپ يۈزىدىن.
ئېلىپ كەل قەلبىنىڭ جاراھىتىدىن،
كۆز يېشى، مۇڭ زارى، سۆيگۈ سۆزىدىن…

بىر كۈنى ئورمان ئارىلاپ قايتىپ كەلسەم، فېن جياۋشۇ مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى يېزىلغان توپلاملىرىم بىلەن قولياز-مىلىرىمنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئەمدى تەنە گەپ ئاڭلايدىغان بولدۇم دەپ، ئەنسىرەپ يەرگە قارىدىم. فېن جياۋشۇ ئوڭ قولى بىلەن ئارقا مېڭىسىنى، سول قولى بىلەن ئارقا يانچۇقىنى سىلاپ، ئۆيدە ئۇياق - بۇياققا ماڭدى - دە، بىردىنلا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئالدامچى ياشلىق، — دېدى ئۇ شائىرانە ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ، — كىملەرنى ئالدىمىغان ياشلىق بۇ دەيسىز؟ ئۇ دۇنيادى-كى ھەممىلا بەختنى سىزگە ئاتا قىلىۋېتىدىغاندەك، سىزنى ۋەسۋە-سىگە سېلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىزنىڭ چەكسىز بەختكە تەلپۈنگەن قەلبىڭىزدە ئارمان ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس دېغىلا قالىدۇ. مەنمۇ ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، سىز ئوقۇغان مۇشۇ شېئىرلارنى ئوقۇغان، كۆك كۆز، سېرىق چاچ بىر قىزغا ئاتاپ شېئىرمۇ يازغان. بۇ ئىشتىن كىم ئۆزىنى ساقلاپ قالالىغان دەيسىز؟ مەن ماركسنىڭ مۇھەببەت شېئىرى يازغىنىنى بىلمەن. بەزىلەر بىزنى كەچ كىرگۈچە كىتاب بىلەنلا ھەپىلىشىدۇ، دەيدۇ. لېكىن بىزنىڭمۇ قىزلارغا كۆيگەن ۋاقتىمىز، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈز-گەن تۈنلىرىمىز بولغان... پۇشكىننىڭ «يېۋگىنى ئونېگىن» داس-تانىدا:

ئىشق سەۋداسى بار ياشتا - قېرىدا،
سۆيگۈنىڭ زارى يوق كىمنىڭ شېئىرىدا؟①

دېگەن مىسرالار بار. سىز مېنىڭ بالامغا ئوخشاش، مەن ئىشەنچنى

① بۇ مىسرالار مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىندى — ئاپتور.

سىزگە باغلىدىم . سىز ھازىرقى قەدىمىڭىز بىلەن ماڭسىڭىز ، يەنە ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەربابى بولۇپ چىقالايسىز . ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى ، تىلى ۋە باشقا مەدەنىي بايلىقلىرى تېخى ئېچىلمىغان بىر بوز ، بۇ بوزنى ئېچىش ئۈچۈن سىزگە ئوخشاش يۈزلىگەن ئىلىم - پەن خادىملىرى لازىم . بۇ خادىملار بىلىمگە ، ئەخلاقتا ئۈلگە بولۇشى ، ئۆز خەلقىنى ، ئۆز ئىشىنى ، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇشى لازىم . ساپ مۇھەببەت — ھاياتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئالامىتى . يىگىت ، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن . لېكىن ، ياشلىقنى قەدىرلەڭ ، ئېھتىيات قىلىڭ ، ئۇ سىزنى ئالداپ قويمىسۇن…

… شۇنداق ، كۆڭلەرنىڭ بىرى ماڭا بەخت ، چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدى .

… شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياش قارىغايلارنى بېسىۋالغان ئاق تۇتەكنى يۇيۇپ يوقاتتى . يامغۇردىن كېيىن قارىغايلار يالتىراپ ، يول بويىدىكى ئارچا ، شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرىدا مەرۋايىتلار پارلىدى . مەن دېرىزىدىن تەبىئەت گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ ، تاشيولدا كېتىۋاتقان قىزلارنى كۆردۈم . ئۇلار تاغ گۈللىرىدەك ياسىنىپ ، كېيىك بالىسىدەك چاقىقان قەدەم بىلەن دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . مەن تونۇدۇم . بۇلار مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ناخشىچى قىزلىرى ، ئاۋۇ ئوتتۇرىسىدىكى زىلۋا بوي ، بويۇنلىرى يامغۇردىن كېيىنكى ئاق بۇلۇتتەك كۆرۈنگىنى گۈزەلنائىي ئىدى . مەن سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم . بىرىنچى قەۋەتتە مېنى ھېلىقى بىزنى باشلاپ كەلگەن ئادەم تۇتۇۋالدى .

— ئولتۇرۇڭ ،— دېدى ئۇ مېنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ ،— مەن سىزگە خۇش خەۋەر ئېيتىمەن . سىز ئىزدىگەن قىز بۈگۈن مۇشۇ مېھمانخانىغا كەلدى . ئۇلارنى كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان كېچىلىككە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق . ئۇسسىغانسىز ، پىۋا ئىچىڭ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئۇ قىز بىلەن يولدا كېلىۋېتىپ سىز توغرۇلۇق سۆزلەشتىم . سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالغاندا ، ئۇ خۇددى ئالتۇن ھالقىسىنىڭ ياقۇت كۆزىدەك قىزىرىپ كەتتى . بەختلىك بولۇڭ ، ياش يىگىت ، راستىنلا ئاجايىپ گۈزەل قىز ئىكەن . مەن شىنجاڭغا بارمىغان ، لېكىن سىلەرگە مېنىڭدە ياخشى نىيەت ، قېرىنداشلارچە مۇھەببەت بار .

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتىم . ھېچ نەرسە بىلمىگەن بولۇپ دېڭىز بويىغا كەلدىم . قىزلار دېڭىز سۈيىدە سۇ چېچىشىپ ئوينىشىۋاتاتتى . گۈزەلئاينى ئىككى دوستى ھەدەپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە تارتماقتا ۋە ئۇنىڭغا سۇ چاچماقتا . گۈزەلئاي ئاپئاق ، نازۇك بىلەكلىرى بىلەن قىسقا سۇ ئۈزۈش كىيىمى يېپىپ كېتەلمىگەن سۈتتەك ئاق گەۋدىسىنى مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى . مەن ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى لايىق كۆرمىدىم ــ دە ، نېرىدا ھۆپۆلدەپ ئىسسىق چىقىپ تۇرغان ئورمان چېتىدە زوق بىلەن قاراپ ئولتۇردۇم : قىزلار ئاق غاز باللىرىغا ئوخشاش ۋارقىرىشاتتى ، كۈنلۈكلىرى تېگىدە بىردەم يېتىپ قويۇپ ، يەنە سۇغا يۈگۈرۈشەتتى... ئۇلار بىر چاغدا شىمال تەرەپتىكى تاغ قاپتىلىغا يۈگۈرۈشتى ۋە ئۈزۈن ئۆتمەي كىيىنىشىپ مەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . مەن ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ كىتاب ئوقۇغان بولۇۋالدىم ، يۈرىكىم بولسا كۆكرىكىمگە پاتماي تېپىرلايتتى . مانا ئۇلار كۈلكە بىلەن ئالدىمغا كەلدى ۋە تەڭلا ۋارقىراشتى :

— شۇ ، شۇ !...

— ھەئە مەن ، ياخشىمۇسىلەر ؟

مەن قىزلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم . گۈزەلئاينىڭ چىرايىدا ھېلىقى سۈنئىي تەكەببۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ئۇ ھودۇقۇپ ، تاتىرىپ تۇرۇپ ماڭا قول ئۇزاتتى ــ دە ، لەيلىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى . ئىككى خەنزۇ قىز قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ

بىر ـ بىرىگە گۈزەلئاينى ئىشارەت قىلدى ـ دە، ئۈركۈگەن بۆجەنلەردەك يۈگۈرۈشۈپ مېھمانخانا تەرەپكە كېتىشتى… مەن گۈزەلئاينىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدىم. ئەتراپ جىمجىت، قويۇق ئورمانلار بىزنى ئۆز باغرىغا چىللىماقتا، قارا مەخمەلدەك يالتىراق قارا كېپىنەكلەر ئەتراپىمىزنى ئايلانماقتا. مەن گۈزەلئاينى قولىدىن تۇتقىنىمچە مېھمانخانا تەرەپكە ئەمەس، تۆۋەنلەپ كەتكەن باشقا بىر يولغا باشلاپ ماڭدىم. قىزنىڭ قوللىرى تىترىمەكتە. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئۈن ـ تىنسىزلا ئۇنى قولتۇقلاپ، ئۇششاق بارماقلىرىنى ئويناپ كېتىپ بارىمەن. قېرى قارىغاينىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيدۈم. قىز ماغدۇرسىزلىنىپ ماڭا يۆلەندى. مەن ئۇنى باغرىمغا باستىم، پۈتۈن ئارمان، مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىقىمنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بويۇن، چاچ، قۇلاق، كېيىن بولسا ئىسسىق لەۋلىرى ۋە خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان چولپان كۆزلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيدۈم…

فېن جياۋشۇغا رەھمەت، باڭچۇيداۋغا رەھمەت، مېنىڭ ھاياتىم يېڭى مەزمۇن تاپتى. خۇددى ئاسماندىن ئالتۇن ئېقىپ چۈشكەندەك، خۇددى نىمجان بىر تەن يېڭى قان بىلەن تەمىنلىنىپ قايتا مادار تاپقاندەك، ئۆلۈمگە ماڭغان بىر جان تۇيۇقسىز ئەركىنلىككە ئېرىشتى. مېنىڭ ھاياتىمدىكى بەختلىك كۈنلەر ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ۋە ئۈن ـ تىنسىزلا باشلاندى: بىز ھەر كۈنى دېڭىزدا بىللە چۆمۈلىدىغان، بىللە غىزالىنىدىغان، ئاخشاملىرى قانغۇچە بىللە سەيلە قىلىدىغان، ئادەم كىرمىگەن ئورمانلارنى بىللە ئارىلايدىغان بولدۇق. ئۈچ كۈن خۇددى ئۈچ مىنۇتتەكلا تېز ئۆتۈپ كەتتى. خوشلىشىدىغان كۈنى مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ، بېشىنى سىلىدىم.

— توي قىلايلى، — دېدىم يالۋۇرۇپ، — مېنى خاتىرجەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن، ماقۇل دەڭ.
ئۇ بېشىنى كۆكرىكىمگە قويۇپ يىغلىدى...
8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بىز دەم ئېلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنى ئادىلەنىڭ خېتى قولۇمغا تەگدى. ئادىلە تىنچ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى يېزىپتۇ:

«غالىب ئىنىكىت، سىزنى تەبرىكلەيمەن، گۈزەلئاينىڭ يازغان خېتىنى قوشۇپ ئەۋەتتىم، ئېيتىپ قويۇپ يۈرمەڭ يەنە، ئوقۇپ بولۇپ ئۆزۈمگە ئەۋەتىپ بېرىڭ. بۇ خەتنى مانا ئەمىسە دەپ رەقىپكامغا كۆرسەتتىم. توۋا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى قارىلىقىنى بىلمەيتىكەنمەن، بۇياقتا مېنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇياقتا دوستۇمغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، پۇلغا ئىشىنىدۇ ـ دە! بولمىسا، كۆرەڭلىكۇدەك نېمىسى بار، ئۆزىمۇ بىر پەۋاز قاپاق، خام كاۋىدەك سىدام بىر ئادەم. گۈزەلئاي ئۇنىڭ خەتلىرىنى ماڭا ئەۋەتتى. ئوقۇپ بىر كۈن يىغلىدىم، مەنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، سەت بولسىمۇ، بىلىمسىز بولسىمۇ مەنسىپى، پۇلى باركەنغۇ، بوپتىلا، تۇرمۇش قۇرسام قۇراي دەپ ئويلاپ، نېمىلا دېسە ماقۇل دەۋېرىپتىمەن... ئۇنىڭ مېنى ئەمەك ئۈچۈنلا ئوينىتىقىنىنى، ئەس ـ يادى دوستۇمدا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ راسا يىغلاپ بولۇپ، يۈزىگە تۈكۈرەي دەپ ياتىقىغا كىردىم، كىرىپلا پەيلىمدىن ياندىم. قارىسام، گۈزەلئاينىڭ خېتىنى مىجىقلاپ تۇتۇپ، بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ھۆركىرەپ يىغلاۋېتىپتۇ. توۋا، خۇدايىم قىز بالا دېگەننى ئەجەبمۇ ئاجىز يارىتىپتىكەنغۇتاڭ، يەنە ئىچىم ئاغرىدى، بېشىنى سىلىدىم، كۆڭلىنى ياسىدىم. ئۇ مېنى يەنە

قۇچاقلاپ ، بىر تالاي ۋەدە بەردى . ئۇنىڭ ۋەدىسىگىمۇ ئىشەن-مەيمەن ، ئەمما ئەر كىشىنىڭ كۆز يېشى قىز بالىنى ئوڭايلا ئىشەندۇرۇپ قويىدىكەن ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ، خاپىلىقىم كۆز يېشىم بىلەن تۆكۈلگەن ئوخشايدۇ ، بەخت رەقىپتىن كې-لىدىغانلا بولسا مەيلى ، ئۇ بەخت ئازراق بولسىمۇ ، رازى بولىدىغان ئوخشايمەن . گۈزەلئاينىڭ خېتىنى ئۇنتۇماي قايتۇ-رۇۋېتىڭ ، بولمىسا خاپا بولىمەن . سىزگە بەخت ۋە سالامەت-لىك تىلەيمەن .

سالام بىلەن : ئادىلە

1960 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى .

ئەسكەرتىش : لەنجۇدا ئاچارچىلىق ئېغىر ، سىزگە خالتا قىلالمىدىم ، خاپا بولماڭ » .

مەن گۈزەلئاينىڭ خېتىنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇماقتىمەن :

«سالام ئادىلە ، قانداق ئەھۋالىڭ ؟ يازلىق تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزدۈڭمۇ ؟ نېمىشقا شىنجاڭغا بارمىدىڭ ؟ ئاۋۋاللا بارماي-مەن دېگەن بولساڭ ، مەنمۇ ھېچنەگە بارمىغان بولاتتىم ، ئىككىمىز تەتىلنى بىيجىڭدا ئۆتكۈزگەن بولاتتۇق . قىممەتلىك دوستۇم ، مەن مۇشۇ كۈنلەردە مەست ، مەن مەست بولغىلى بىر ئايدەك بولدى . ئۇنداق دېسەم كۈلمە يەنە ، راستلا ياكى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ ، ياكى قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن ، مەن مۇھەببەتنىڭ بۇنچىلىك مەست قىلغۇچى كۈچ ئىكەنلىكى-نى بىلمەپتىكەنمەن ، كىتابلاردىكى يىگىت ئۈچۈن ئۆلۈۋالغان قىزلارنى كۆرۈپ يىرگىنەتتىم . ئۇلارنى ئەخمەق ، ساراڭ دەيتتىم ، ئەمدى بىلدىم ، ئۇلار پاك ۋە ئالىيجاناب ئىكەن .

قىممەتلىك دوستۇم، مېنى تەبرىكلە ۋە زاڭلىق قىل. مەن ئاخىر ئەلاغا تەسلىم بولدۇم. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە بەخت ۋە ئازاب تېپىۋالدىم. بەخت دېگىنىم، ئۇ مېنى جېنىدەك ياخشى كۆرىدىكەن، مەن بۇنى بىلدىم. ئەنە شۇنداق يىگىتنى ئۇچراتقىنىم ئۇچۇن، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن. ئازاب دېگىنىم، ئۇنى ئويلىمىغان، ئۇنىڭ بىلەن خىيالىمدا مۇڭداشمىغان بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىم يوق. سەن بىلىسەنغۇ، مەن ئۇنى لەنجۇدىلا — ھېلىقى ئاخشىمى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. لېكىن، راست سىرىمنى ئېيتسام، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋېتىپ ۋۇتەيدە تۇنجى ئۇچراشقاندىلا ئەلا مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىغان، لېكىن ئۇنىڭ كۆك خادانى چاپىنى، پۇتىدىكى چۇخىيى مېنىڭ خىلىم ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يىرگەندۈرۈش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغاندىم... لېكىن، قېرىشقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە بولۇپ قالدۇق، كۆڭۈلگە چۈشكەن تۇگۇچنى يەشمەك تەس بولدى. مېنىڭ ياسالما قىلىقلىرىم مېنى قىيىندى، مەن ئاخىر ئۇنىڭ خادانى چاپىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇشنى خالىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمگە ئارام تاپماقچى بولدۇم. لېكىن، مەندە راستتىنلا مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىش ماڭا ھاقارەت ۋە كەمسىتىش بولۇپ تۇيۇلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش كويىغا چۈشتۈم...

ئادىلە، بىز قىزلار كالتە پەم كېلىدىكەنمىز، ئۆز بەختىمىزنى يىگىتلەردىن ئىزدەيدىكەنمىز. مېنىڭچە، بەختلىك قىز، يارامىلىق يىگىت تېپىش بىلەن بەختلىك ھېسابلىنىدۇ. يارامىلىق يىگىت دېگەن قانداق بولىدۇ؟ مەنچە، سېنى ۋە

دوستلىرىڭنى جەلپ قىلغۇدەك چىراي ۋە قامەت ، ئاندىن
سېنى باشلاپ ماڭالىغۇدەك ئەقىل ۋە بىلىم ، ئۇنىڭدىن قالسا
سېنى خۇش قىلالىغۇدەك پۇل ۋە مەردلىك… مۇشۇ ئۈچ
شەرتكە تولغان يىگىت ، قىزلارنى بەختلىك قىلالايدۇ (بەزىلەر
ئەخلاق ـ پەزىلەت ، سەمىمىي سادىقلىق دېگەندەكلەرنىمۇ
شەرت قىلىدىكەن ، مېنىڭچە ، بۇ نەرسىلەر ئىككىنچى شەرت
بىلەن ھەل بولىدۇ ) . ئەلا ئاشۇ ئۈچ شەرتنىڭ ئىككىسىگە
تولاتتى ، لېكىن ئۇ كەمبەغەل ۋە پىخسىق كۆرۈندى . مەن
خۇاڭخې بويىدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ، يۈرۈپ
باقسام قانداق بولاركىن ، كېيىنرەك ئۈچىنچى شەرتكىمۇ تو-
لىدىغان بىرى ئۇچرىغاندا بىر گەپ بولار دەپ ساددىلا ئويلى-
غان . لېكىن ، كېيىنچە بىلدىم ، ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ مەرد
يىگىت ئىكەن ، كۆڭلى تۈز ، مۇلايىم ئىكەن ، ئەمدى ئىككى-
لەنمەستىن ئۇنىڭ ماڭا تەلەپ قويۇشىنى كۈتەي دېگەن يەرگە
كەلگەنىدىم . بىراق ، سەن بىلىسەن ، ئۇ كۈتكەن يېرىمدىن
چىقمىدى . مېنى كىم خالىمىسۇن؟ مەن ھەرقانداق يىگىتنى
بىرلا قاراپ ئۆزۈمگە قارىتالايمەن ، مەن ساڭا ماختىنىپ قو-
ياي ، ئون ئالتە يېشىمدىن تارتىپ مۇشۇ يىگىرمە يېشىمغىچە
ماڭا تەلەپ قويغان ، خەت يازغان يىگىتلەر يىگىرمىدىن ئاشى-
دۇ . مەن ھېچقايسىسىغا ماقۇل جاۋاب بەرمىدىم . ئەمدى
ئەلانىڭ كۆزگە ئىلمىغىنىنى كۆرۈپ ئازابلانماي تۇرالامتىم؟
بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭغاندا ، يول بويى كۆز يېشىم قۇرۇمى-
دى . بېيجىڭغا بېرىپمۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى يىغلىدىم . بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئەلا ئۈچۈن بولدى . مەن ئۇنى بېيجىڭغا
ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن نەچچە قېتىم كۆردۈم . ئۇ بىر
قېتىم ۋاڭفۇجىڭنىڭ ئۇدۇلىدىكى چىمەنلىكنىڭ پاكار ۋادىكى-
دە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ كۆ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ قالدىم ـ دە ، شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە ساراڭدەك ئاچ-چىقلىنىپ يۈردۈم ۋە ئاخشىمى قاتتىق يىغلىدىم . بىر كۈنى قارىسام ، ئۇ دېرىزەمنىڭ يېنىدىكى ئارچا يېنىدا خىيال سۈ-رۈپ تۇرامدۇ ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم ۋە ئازابلىرىمنى سەنئەتكە زورلاپ رويال چالدىم ، ناخشا ئېيتتىم ، لېكىن كۆز ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىم . مېنىڭ خاھىشىمغا قار-شى ، ئۇ مەشىق ئۆيۈمگە كىرمىدى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ماڭغان يوللىرىدا مەقسەتسىزلا ئازاب بىلەن ئۇزاق ماڭدىم . ئالتە يەكشەنبە ئەنە شۇنداق ئۆتتى . ئۇ كېلىدۇ ، كىرمەيدۇ . ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى بالكوندىن تاشلىغۇدەك بولىمەن... ئاخىر ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى تاپىسىدا پەيدا بولدى . ناۋادا ، ئۇ كىرگەن پېتى مېنى قۇچاقلىغان بولسا ، راستىنى ئېيتاي ، مېنىڭ قارشىلىق قىلا-غۇدەك ھالىم قالمىغان ، مەن بىھوش ھالدا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ياتقان بولاتتىم ، لېكىن ئۇنداق بولمىدى . ئۇ كېرەكسىز ۋە ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلدى ، قانچە ئەقىللىق بولغىنى بىلەنمۇ ، شۇ كۈنى ئەقلى ئىشلىمىدى...

پاراخوت پالوبىسىدا نېمىشقىكىن خىيال سۈرۈپ تۇرات-تىم . گۈش ئىسكىلاتىدەك بەشىنچى دەرىجىلىك ياتاق ئۈچۈن-مۇ ؟ ياق . مەن ئەلانى تۇيۇقسىز كۆرگىنىم ئۈچۈن . ئۇ باتۇرلۇق قىلدى ، مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ماڭا چىن كۆڭلىدىن بېرىلگەن ، نۇرغۇن ئازاب ۋە سېغىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلا-دىم . مەن شۇنچە سوغۇق ۋە بىپەرۋا كۆرۈنۈشكە تىرىشسام-مۇ ، ئۇ مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىمغا ئىشەنگەندى . مەن ئۇنىڭ سىنچى ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە قايىل قالدىم . قايسى كۈچ مېنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدىكىنتاڭ ، پالوبا بوي-

لاپ قاچتىم ۋە ياتاققا كىرىپ ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلىدىم . بۇ قېتىم ئازاب بىلەن ئەمەس ، بەلكى بەختتىن يىغلىدىم…

قىممەتلىك دوستۇم ! ئۇ هازىر مېنىڭ ، ئۇ مېنىڭ جېنىم بىلەن باراۋەر . ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىمنى تەقدىم قىلىشقا تەييارمەن ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى مېنىڭ ئۇچۇن روھىي ئوزۇق ، ئەڭ گۈزەل ناخشا ، يېقىملىق مۇزىكا . ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىگە قاراپ ، قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇش — چەكسىز راھەت . ئۇنىڭ قولى بەدىنىمگە تەگسە ، ۋۇجۇدۇم ئوتتەك قىزىيدۇ ، يۈرىكىم چېكىلگەن تارىدەك تىترەيدۇ ، ئۇنىڭ مېھرى ـ مۇھەببەت شەربىتى تېمىپ تۇرغان لەۋلىرىچۇ (قېلىنلىق قىلدىم ) ، مېنى بىھوش قىلغۇچى بىر سىرلىق كۈچ . ئۇنىڭسىز ئۆتكەن كۈنلەر ، مېنىڭ ئۇچۇن چەكسىز ئازابلىق ۋە قاراڭغۇ . مۇھەببەت — بەخت دېگىنىم مانا شۇ . ئەلانى كۆرمىگىلى ئىككى ھەپتە بولدى . كۆزۈم ئۇنىڭ يولىدا ، تىلىم ئۇنىڭ نامىنى زىكرى قىلىدۇ ، يۈرىكىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئۇرۇپ تۇرىدۇ . بەزىدە «ئەلا» دېگەن ئىسىمنى قويغان ئاتا ـ ئانىلارغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ ، چۈنكى بۇ ئىسىم ھەممە ئىسىملاردىن گۈزەل ، يېقىملىق…

قىممەتلىك ئادىلە ! ماڭا كەلگەن نۇرغۇن پۇللارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، رەقىب ئاكىنىڭ ماڭا تۆت يۈز يۈەن ئەۋەتكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقتىم . يېنىمدا پۇل يوق ، ھالقام بىلەن قول سائىتىمنى سېتىپ ، دادامدىن پۇل ئالدۇرۇپ ئىككىگە بۆلۈپ تۆلىۋېتىمەن . مەن يىگىتلەر توغرىسىدىكى ئۈچ شەرتنىڭ ئۈچىنچىسىنى ئىنكار قىلماقچىمەن . ئىشەنگىن دوستۇم ، ساپ مۇھەببەتلىك پاكىز يۈرەكنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىكەن…

مېنىڭ ئەلارىم يېقىندا بېيجىڭغا قايتىپ كېلىدۇ ، بىز

www.uyghurkitap.com

بىللە رەسىمگە چۈشۈپ ساڭا ئەۋەتىمىز .

سالام بىلەن سىنى قاتتىق قۇچاقلاپ سۆيىمەن .

بەختلىك دوستۇڭ : گۈزەلئاي

1960 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى»

مەن چالا ـ بۇلا يۇيۇندۇم ۋە ئالمان ـ تالمان كىيىندىم ـ دە ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يۈگۈردۈم . مەن سۆيۈملۈك قىزنى باغرىمغا بېسىشقا ئالدىرايمەن . كۇلۇبنىڭ ئالدىغا كەلگەندە فېن جياۋشۇنىڭ ياردەمچىسى ئۇچراپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدا تېلېگراما بار ئىدى . مەن تېلېگراممىنى ئوقۇدۇم . تېلېگراممىدا : «9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىڭ ، مەكتەپتە جىددىي ئىش بار . تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىشخانىسى» دەپ يېزىلغان . تېلېگراممىنى يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە ، دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردۈم .

گۈزەلئاي بىلەن تېلېگراممىنى ئۇزاق مۇلاھىزە قىلدۇق ۋە ئاخىر گۈزەلئايمۇ ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى . بىز 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭ بىلەن خوشلاشتۇق…

# ئۈچىنچى باب كەلگۈسى ئۈچۈن

## 1

ھەر ـ ھەر ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئادەملەر — ھامان خۇشاللىقنى كەلگۈسىگە بېغىشلىغانلار . ئۇلار : «كەلگۈسىدە ھەممە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ ـ دە ، مۇرىسىدىن تاغدەك ئېغىرچىلىق بېسىپ تۇرسىمۇ ، ئۆزىنى يېنىك ۋە چەبدەس ھېس قىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي : كەلگۈسى گەرچە ئاسماندىكى يۇلتۇز ، قول يەتمەيدىغان شاختىكى مېۋە بولسىمۇ ، شېرىن ۋە گۈزەل ، چۈنكى ئۇ غايە ، ئارزۇ ! ئارزۇ — ئىنساننى ئۈمىدلەندۈرگۈچى كۈچ . شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇنىڭغا ئالدىرايسەن ، جان پىدا قىلىسەن .

شۇنداق ، كەلگۈسى ئۈچۈن مەن كەمىرىمنى چىڭ باغلاپ ، قاتتىق ئورۇندۇقتا ماغدۇرسىز ئاياغلىرىمنى ئالماشتۇرۇپ ، سەككىز ـ توققۇز سائەتلەپ ئولتۇرالايمەن .

مانا ، گۈزەلئاي كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولدى . ئۇ ماڭا يالغۇزلۇق ، ئاچلىق ، كەمبەغەلچىلىكنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە ئويۇن قويغىلى كەتتى ، لېكىن مەن زارلانمايمەن ، يەنىلا ھەۋەس ۋە غەيرەت بىلەن ئۆگىنىمەن ، ئىشلەيمەن...

بىز بېيجىڭدىن لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا يېلىندىم :

— توي قىلايلى ، تاپقان پۇلىمىزنى قىممەت باھالىق پېچىنە بىلەن شىفەنگە خەجلىۋېتىپ ، ئىككىمىز ئىككى ياتاقتا كۈن كە-

چۇرگۈچە ، بىر ئۆيدە تۇرايلى ، كىم توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ بىزگە ؟

— ئىزا - نومۇس ، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ پىچىرلاپ ، — توي ھاياتىمىزدا بىرلا قېتىم بولىدۇغۇ ، ئىككى كارىۋات ، بىر ساندۇق ، ئىككى چامادان ، بىر ئېغىزلىق ياتاق ، قالغان ياغاچ سايمانلار ھۆكۈمەتنىڭ… شۇمۇ ئۆي بولدىمۇ ؟ دېدىمغۇ ، شىنجاڭدىن ئىككى پارچە گىلەم ئالدۇرايلى ، مەن دادامغا خەت يېزىپ توينىڭ ئاش سۈيىگە ئامال قىلغۇزاي ، باشقىلار توي دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا… دەپ قالسۇن . نېمىگە ئالدىرايسىز . توي قىلمىساقمۇ ، بىز كۈندە بىللىغۇ ؟…

ئۇ ئەركىلەپ مېنىڭ قوينۇمغا كىردى . ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا ، ئۇ مۈزلىغانىدى . مەن ئۇنىڭ پوپايكا ئىچىدىكى نازۇك گەۋدىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدىم :

— چوڭ توينى شىنجاڭغا بېرىپ قىلايلى ، ماقۇل دەڭە ، ئاددىيراق بولسىمۇ توي قىلايلى .

— گېپىمنى ئاڭلاڭە ، ئەلا ، سىز ئۈچ - تۆت يۈز سوم پۇل جايلاڭ ، قالغان كەم - كۈتىسىنى دادام جايلاپ كېلىدۇ . ھېچبولمىغاندا ، يىگىرمە كىلو گۈرۈچ سېلىپ ، ئىككى يۈز ئادەم چاقىرمىساق قانداق بولىدۇ . ئىككىمىزگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم تىكتۈرىمىز . گۇڭيېجۈەن① يىغىنشقا توغرا كېلىدۇ ، بۇنىڭسىز قانداق سارجا سېتىۋالغىلى بولىدۇ…

— ھازىر كۆرۈۋاتىسىز ، تۆت - بەش تال موما ئۈچۈن ئادەملەر يېرىم كۈن ئۆچىرەت تۇرىدۇ ، بىر قاچا سۈيۈقئاش ئالسىڭىز ، ئارانلا ئىككى تال چۆپ چىقىدۇ . ئىششىپ كەتكەن ، ياداپ كەتكەن ئادەملەرنى كۆردىڭىزغۇ ، ئۆيدىكىلەرگە ئېغىرچىلىق سالمىساق بولارمىكىن ؟…

---

① سانائەت بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش بېلەتى .

— سىز ماقۇل ، دەڭە ،— دېدى ئۇ بارماقلىرى بىلەن ئېڭەك-لىرىمنى ئاستا چىمدىپ قويۇپ ،— دادامغا خەت يازىمەن . سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز بولمىغاندىكىن ، مېنىڭ ئاتا - ئانام ھەر ئىككىمىز-نىڭ ئاتا - ئانىسى ، تويىمىزنى چىرايلىق قىلىپ قويىدۇ .

ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ تەلمۈرۈ-شىگە بەرداشلىق بېرەلەيتتىممۇ ؟ ئاخىر ماقۇل ، دېدىم ، لېكىن مېنىڭدە پۇل قالمىغان ، تېجەپ يۈرۈپ يىغقان بەش يۈز نەچچە سوم پۇلۇمنىڭ تۆت يۈز نەچچە سومى گۈزەلئاينىڭ قەرزى ئۈچۈن رە-قىپكە تۆلەنگەنىدى .

— رەقىپكام ھازىر سىز بىلەن ياخشىغۇ ،— دېدى خېلى جىملىقتىن كېيىن گۈزەلئاي مېنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ ،— بەش يۈز سوم قەرز سورايلى ، ئاستا - ئۈزۈۋېتەمەيمىزمۇ...

— ياق ، جېنىم ، ئۇنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمايلى...

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى مەجنۇنتاللارنىڭ يالىڭاچ شاخ-لىرىنى چىرقىرىتىپ ئۆتۈپ ، مېنىڭ چاچلىرىمنى ئۇچۇردى . يو-غان ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان لوڭقۇيىشەن تېغىنىڭ غۇۋا چىراغ يورۇغان غولىدىن بالىنىڭ قارغىشلىق بىلەن يىغلىغان ئاۋازى كەلدى . بىردەمدىن كېيىن ، بىز تۆمۈريولغا يېقىنلاشقاندا ، پەلەم-پەيدىن بىر مەست ئادەمنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك ناخشىسى ئاڭلاندى :

... ئېتىمنى بەختىيار قويسا ،
خۇدا بەرمەپتۇ بەختىمنى .
خۇدا بەرگەندە بەختىمنى ،
ئالۇرمەن سەن گۈزەلئاينى .

«ئالۇرمەن تاجۇتەختىمنى» دېگەن مىسرانى ، «ئالۇرمەن سەن گۈزەلئاينى» قىلىپ ئۆزگەرتىۋالغان بۇ قايسى «بەختسىز» ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەن ؟ مېنىڭ ئۇنى بىلگۈم كەلدى ـ دە ، تامنىڭ دالدىسى بىلەن پەلەمپەيگە يېقىنلاشتىم . بىرى بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىۋېلىپ ، بىردە ناخشا ئېيتاتتى ، بىردە مېنى بىشەم تىللار بىلەن تىللايتتى ، بىردە گۈزەلئايىنى تىلىنى چاينا پ ئەركىلىتەتتى…

— مېڭىڭ ، مەن قورقۇۋاتىمەن ،— دېدى قىز ئاستا قولۇمدىن تارتىپ پىچىرلاپ ،— بۇ ھېلىقى خامىت …

راست شۇ خامىت ئىدى ، ھازىر ئۇ رەقىپىنىڭ دوستى .

— بىز توي قىلساق ، مۇشۇ «ئالۇرمەنلەر» بىراقلا تۈگەيتتى ،— دېدىم مەن قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ،— نېمىشقا مېنى قىينايسىز ؟

قىزنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى . ئۇ يىغلاشقا ئارانلا تۇراتتى ، قىلدىن قىيىق كەتسىلا ، كۆز يېشى ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىن سىمابتەك تۆكۈلەتتى .

— مەن قىينالماپتىمەنمۇ ؟— دېدى ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن ،— يالغۇز ياتاقتا يېتىش ماڭا راھەت دەمسىز ؟ كېچە ـ كۈندۈز يېنىڭىزدا بولسام ، ئۇخلىساممۇ تىنىقىڭىز يۈزۈمگە تېگىپ تۇرسا دەپ ئارزۇ قىلىمەن . بىراق چالىمىز كۆپ … باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىنى خالامسىز ؟ «ھالىنى ئات كۆتۈرەلمەيدۇ ، قىلغان توينى ، تۇتقان ئۆينى قارىمامدىغان !» دېسە ، ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ ؟ بىرنەچچە ئاي چىدىسىڭىز بولمامدۇ ، سىز ئىرادىلىك يىگىتقۇ…

— ماقۇل ، جېنىم ، مەن كۆز يېشىڭىزنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرمەي ، دېگىنىڭىز بولسۇن !

مەن ۋەدە قىلدىم ، ھەممىلا ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا باقتىم .

ئۇ بىر كۈنى ئۆكۈپ ـ تاتىرىپ كىرىپ كەلدى ـ دە ، كۆز يېشىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ :

— جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە ئويۇن قويغىلى ماڭغۇدەكمىز . خاڭ-

جۇ ، شاڭخەي ، نەنجىڭ ، ۋۇخەنگە ، ئاندىن سىچۇەن ، گۇيجۇ ، يۈننەنگە بارغۇدەكمىز ، ئالتە ئاي ئاشۇ ياقلاردا ئويۇن قويىدىكەنمىز !— دېدى .

— ئالتە ئاي !— مەن بېشىمغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكتىم ، — كېلەر يىلى تۆتىنچى ئايدا قايتامدىكەنسىلەر ؟

— ھەئە !— ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى .

— ئۇنداق بولسا… سىز مېڭىشتىن بۇرۇن توي قىلىۋېتەيلى ،— دېدىم قىزغا ئىلگىرى بەرگەن ۋەدەمدىن يېنىپ .

ئۇ ياستۇقنى قۇچاقلاپ دۈم ياتتى ـ دە ، ئازاب بىلەن پىچىرلىدى :

— نېمىشقا ئالدىرايدىغاندۇ… قېنى ئۇ توي تەييارلىقى ؟…

— قالغىنىنى سىز كەلگەندىن كېيىن قىلىۋالارمىز …— مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدىم .

ئۇنىڭ يەلكىلىرى مىدىرلىدى . ئۇ يىغلىماقتا ئىدى . مەن ئۇنى بەزلەپ كۆزلىرىگە سۆيدۈم ـ دە :

— ماقۇل ، سىزنى ئالتە ئاي كۈتەي ئەمىسە !— دېدىم .

ئۇ تويلۇقنى پۈتتۈرۈپ كېلىمەن دەپ پۇل تەلەپ قىلىۋىدى ، تۆت يۈز سوم جايلاپ بەردىم ، شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئىككى يۈز سوم قەرزدار بولدۇم . بارى ـ يوقى ئەللىك سەككىز سوم مائاش ئالىمەن ، ھەر ئايدا ئوتتۇز سوم قەرزگە تۇتۇلىدۇ . ئۆي ، توك ، گېزىت ـ ژۇرنال پۇللىرىدىن سىرت قولۇمغا يېگىرمە ئۈچ سوم تېگىدۇ ، تاماق ناچار ، گۆش ـ ياغ يوق . بازاردىن قوشۇمچە قىلاي دېسەم ، قىممەت باھالىق ئاشخانىلاردا بىر تەخسە سەي ئون سوم ، تاتلىق يېمەكلىك ئاشخانىلىرىدا بولسا ، بىر جىڭ پېچىنە بىر قاچا شىفەن بىلەن تۆت سوم . بۇنىڭغا نەدە پۇل . قولۇمغا تەگكەن يېگىرمە ئۈچ سوم پۇلدىن ئون بەش سومغا تاماق بېلىتى ئالىمەن ، قالغان يەتتە سومغا بىر ئايلىق خىراجەت…

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەمرىمىنى چىگدىتماي، پۈتلىرىم تىترىمەي، قاندداق قىلاي ئەمدى...

لېكىن، مەن ئادەملەر ئارىسىدا بولغاچقا، يەنىلا خۇشاللىق، سەۋر - تاقەت تاپالايمەن، بەزىدە «ئوتچىل جىخۇيجۇيى خاتالىقى ئۆتكۈزدى» دەپ ئىشتىن توختىتىلغان ماجۇرىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىدە - مەن - دە، ئاقۋاش ئانىسىنىڭ سۆيۈق - سەلەڭ ۋە قۇرۇق بولسىمۇ تەملىك تېتىيدىغان ئېشىنى ئىچىپ، ماجۇرىن بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭدىشىمەن.

— مەنغۇ مەيلى، — دەيدۇ ماجۇرىن ھەسرەت بىلەن — چاقىرىق بىلەن ئوقۇشنى تاشلاپ كەلگەندىن بېرى پېپەن قىلىندىم، شۈي شۈجىنىڭ ئاتامانى دېگەن نامغا ئىگە بولدۇم. ئەمدى سېنى نېمىگە چاقىرتىۋالدى؟ سېنى «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا ماڭغۇزغان مەن، لېكىن بۇ جاۋابكارلىقنى شۈي شۈجى ئۆز ئۈستىدە گە ئالدىغۇ! تۈنۈگۈن ئۇنى ئون سەككىزىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلار چوڭ يىغىنىدا پېپەن قىلدى. يېڭى كەلگەن خې شۈجى پېپەنگە چىقتى. ئاز سانلىق مىللەت ئاكتىپلىرىدىن بىزنىڭ رەقىپ سۆزلىدى...

— رەقىپمۇ سۆزگە چىقتى دەڭ تېخى؟

— ھە، بۇ يىل ئۇنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستى. ئۆزى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ جۇرىنى، پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۈجىسى بولدى. باش ياچېيكىنىڭ شۈجىسى مەن ئىدىم، لېكىن مەن ئەمدى ئۆلۈك يولۋاس، ھوقۇق يۈرگۈزىدىغىنى ئاشۇ رەقىپ...

مەن شۈي شۈجى بىلەن ماجۇرىنىنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى بىلمەيتتىم، ئۇنى سوراشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۆزۈمنىڭ بولسا، «خاتا ھالدا تەربىيىلەنگەن مايسا» ئىكەنلىكىمنى، شۇ سەۋەبتىن ئوقۇشتىن قايتۇرۇلغىنىمنى لەنجۇغا قايتىپ كېلىپ بىر

ئايدىن كېيىن بىلدىم. بىراق، مەن يەنىلا شۇ كونا كىتابلارنى ئوقۇشنى، بېيجىڭدا باشلىغان تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم، ھېچكىمنىڭ مېنىڭ بىلەن ئىشى بولمىدى. بەزىدە كافېدرا ياكى ئىنستىتۇت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان پىرپەن يىغىنلىرىغا قاتنىشىشنى ئۇقتۇرۇپ فاكۇلتېت كاتىپى، بەزىدە ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكا شۇجىسى كىرەتتى، لېكىن مەن كۆپىنچە يىغىنلارغا چىقمايتتىم، بەزىلىرىگە چىقساممۇ، ئاستىلا كۆرۈنۈپ قويۇپ قايتىپ چىقاتتىم، كىتاب، كارتا، قولىيازمىلىرىم خۇددى گۈزەلئايدەك مېنىڭدىن نېرى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايدىن بېرى كىتاب، كارتا بىلەن تولغان ئۈستىلىمدە قېقىلغان قوزۇقتەك تىك ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى كۆڭۈللۈك ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ئىككىلا نەرسە مېنى قىينايدۇ: بىرى، گۈزەلئاينى سېغىنىش؛ يەنە بىرى، ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىق. سېغىنىشنى قىزنىڭ ئەينەككە ئېلىنغان رەسىمىگە قاراش بىلەن باسىمەن، لېكىن قورساق ئېچىنى بېسىشقا ئامال يوق. قۇرۇق قايناق سۇنى توختىماي ئىچىمەن، بەزى كېچىلىرى قورسىقىم شۇنچىلىك ئاچىدۇكى، كەمەرنى چىڭىتىش، قايناق سۇ ئىچىش بىلەن ئۇنى يېڭەلمەيمەن، پەقەت تاتلىق خىياللار — يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن گۈزەلئاي كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، دېگەن شېرىن ئارزۇلار ماڭا تاماق ۋە قۇۋۋەت بولالايدۇ، مەن شۇ ئارزۇنى تامشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىمەن…

يانۋار، تۈنۈگۈن ياغقان يۇپقا قار لۇكچۇبېيشەن تېغىنىڭ چوققىلىرىنى بېسىپ ياتىدۇ، ئىزغىرىن شامال جاندىن ئۆتىدۇ… مەن يېگۈدەك بىرنېمە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا كوچىغا چىقتىم، يېنىمدا قالغىنى بار - يوقى ئىككى سوم. بازارغا ماغدۇرسىز ئاياغلىرىم بىلەن ئالدىراپ كېتىپ بارىمەن، پۇتۇمدىكى پاختىلىق خەي، توقۇلما ياقىلىق كۆك چاپان مېنى ئىزغىرىن شامالنىڭ ئاچچىق نەشتىرىدىن ساقلىيالايتتىمۇ؟ مەن تىترىدىم، ئىچىمدىن

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

بوران چىقىۋاتقاندەك بىلىندى . شۇ تاپتا ئاچچىق ـ چۇچۇك چۈچۈرە ياكى ئوخشىغان لەڭمەن بولسا ـ ھە؟ دەپ ئويلىدىم . مېنىڭ كىتابلاردىكى يېڭىلىقلار ، تارىخىي مەلۇماتلار بىلەن تولۇپ كېتىدىغان مېڭەمگە ، بىرىنچى قېتىم ھاياتىتىن لەززەت ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى — غىزالىنىش ئارزۇسى كىرىۋالغانىدى : «ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا ، ئۆگىنىش پىلانىم بىكار بولىدىغان ئوخشايدۇ . مەن قاچانمۇ يول مېڭىۋېتىپ تاماق توغرۇلۇق خىيال قىلغان ؟ مانا بۇگۈن نە كەلگۈسى ، نە گۈزەللىكى توغرۇلۇق ئەمەس ، لەڭمەن ، پولۇ... توغرىسىدا ئويلاۋاتىمەن ، مېنىڭ روھىمدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتامدۇ ياكى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى مۇشۇنداقمۇ ؟...»

— ئەلا ، ئەتىگەندە نەگە ؟

دۇەن جياۋشۇ ئالدىمدا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ، شالاڭ ساقىلى ئۈزۈندىن بېرى قىرىلمىغانىدى .

— سىزمۇ دانلىغلى چىقىپسىز ـ دە ، تۇنجى قېتىممۇ ؟ بىز پۈتۈن كافېدرا بويىچە كىتابلارنى يىغىشتۇرغىلى بىر ئايدىن ئاشتى ، ئىزدىنىش ، ئۆگىنىش ، تەتقىقات دېگەنلەرنى تاختىۋېتىشقا ئېلىپ قويدۇق . سىزگە قايىل بىز ، سىز تېخىچىلا ئىزدىنىۋاتىدىسىز ، كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىسىز . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسلىرى» نى كۆرۈپ چىقتىم ، ياخشى تەييارلاپسىز ، پايدىلانغان ماتېرىياللىرىڭىز مول ئىكەن . شارائىت ياخشى بولغان بولسا ، يېزىشقا كىرىشىسىڭىز بولاتتى .

— يېزىشنى باشلىۋەتتىم ،— دېدىم تىترەپ تۇرۇپ ،— ھازىر «ئوغۇزنامە» بىلەن «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە مەخسۇس ماقالە يېزىۋاتىمەن...

— ھازىرما ؟— دۇەن جياۋشۇ ھەيران بولۇپ سورىدى ،— ئاچ قالغىنىڭىزنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ ـ ھە !

— ئاچلىقىمنى مانا ھازىر ھېس قىلىۋاتىمەن...

— يۇرۇك ، يۇقىرى باھالىق ئاشخانا ئېچىلىپتۇ ، دەيدۇ . مەن سىزنى مېھمان قىلاي ، بىر قېتىم تويۇۋالايلى ، لېكتوردىن يۇقىرى زىيالىيلارغا ئالاھىدە تەمىنلىنىش كىنىشكىسى تارقاتتى . لېكىن ، بېرىدىغىنى يېرىم جىڭ ياغ ، بىر جىڭ گۆش ، بىر جىڭ شېكەر ، بىر دوژنا پاپىروس ، بىر بوتۇلكا ھاراق . بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە تەمىنلەنگىلى بولمايدۇ . ھەرھالدا سىلەردىن ياخشى ، قاراڭە ، تىنىد-رەۋاتىسىز ، كۆردىڭىزمۇ ئاۋۇ ئىككى بالىنى ، يېرىم ۋوۋوتۇ[1] ئۈچۈن بوغۇشۇۋاتىدۇ . ئادەمنىڭ قىممىتى قالمىدى ، ئەلا ، ئۇنىڭ ماۋۇ قىشتا سولاشقان يوپۇرماقلاردىن ھېچ پەرقى يوق··· لېكىن مەن ئىشىنىمەن ، ئىككى - ئۈچ يىل غەيرەت قىلساق ، ياخشىلى-نىپ كېتىدۇ .

شۇ چاغدا ئۈچ ئۇكىسىنى ئەگەشتۇرگەن ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز ماڭا قولىنى سوزدى ، باللارنىڭ ئۇستـ-ۋېشى توپا ، يۈز - كۆزى قاسماق ، كىيىم - كېچىكى جۇل - جۇل ئىدى . ئۇلار قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىشىپ تۇ-رۇشاتتى . دۇەن جياۋشۇ ئۇلارغا پۇل بەردى . مەن ھېلىقى ئىككى سوم پۇلۇمنى قولۇمغا ئالدىم - دە ، قىزنىڭ ئالىقىنىغا قويدۇم :

— ئۇكىلىرىڭغا ياخشى قارا ، قىزچاق ، ئىككى - ئۈچ ئاي غەيرەت قىلساڭلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ . ئۈمىدۋار بولۇڭلار ، ھامان كەلگۈسى بۈگۈنگە قارىغاندا ياخشى بولىدۇ ،— دېدىم .

كەچ سائەت تۆتلەر بىلەن بىزگە تاماق تەگدى . دۇەن جياۋشۇ-نىڭ سېخىيلىقى تۈتقانىكەن ، بىر ئولتۇرۇشقىلا يۈز سوم خەجلى-ۋەتتى . بىز ئوبدان سەي ، «شىفىڭ» ھارىقى بىلەن راسا قىزارغان-دا ، يېنىمىزدا بىردىنلا رەقىب پەيدا بولدى . ئۇنىڭ يېنىدا خامىت بار ئىدى ، ئۇ دۇەن جياۋشۇنىڭ سالدىمىغا سوغۇقلا باش لىڭ-

---

① قوناق مومىسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىمتتى ـ دە ، مېنىڭ قولىقىمغا پىچىرلىدى :
— ماۋۇ تۇلۇمچاشقاننى يولغا سېلىۋەت ، ئايرىم ئولتۇرىمىز ، مەن سېنى ئىزلەپ ياتىقىڭغا باردىم .
ئۇنىڭ دوەن جياۋشۇنى ھاقارەت قىلىشى ماڭا ياقمىدى ، رەقىپكە ئالايدىم . شۇ چاغدا سەزگۈر جياۋشۇمۇ ئورنىدىن تۇردى :
— مانا ، جوزا بىكار بولدى ، رې شۇجى ، قېنى ئولتۇرۇڭلار .
— دوەن جياۋشۇ ، بىللە ئولتۇرايلى ،— دېدى رەقىپ ياسالمىلىق بىلەن . ئۇ ئالدىرىماي پەلتوسىنى يەشتى ، مايلىشىپ ، قىزىرىپ تۇرىدىغان يۈزىنى سۈرتتى ـ دە ، كۈتكۈچىگە ۋارقىرىدى :
— ھەي شياۋياڭ ، ماۋۇ پەلتونى بىر يەرگە ئاسقىنا ، جوزاڭنى تېزرەك سۈرت .
ئۇ دوەن جياۋشۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى ، دوەن جياۋشۇ بېشىنى ئىرغىتتى ۋە ماڭا كۈلۈمسىرىدى . مەن ئۇنى سىرتقا ئۇزدتىپ چىققاندا :
— سىلەر ئولتۇرۇڭلار ، مەن قايتاي ، رې شۇجىنىڭ سىزگە گېپى بار ئوخشايدۇ ، مەست بولۇۋېلىپ ئېيتىدىغان گەپ ئوخشايدۇ . ياق ، سىز بىللە كېتىمەن دېسىڭىز خاپا بولىمەن ،— دېدى ئۇ مېنى ئاشخانىغا يېنىك ئىتتىرىپ .
... ئۇلار يېمەكتە ، ئىچمەكتە . مەن ئۆز خىيالىم بىلەن ، ئۇلارنىڭ گەپلىرى قولىقىمغا زادىلا كىرمەيدۇ . رەقىپ بىردە سالماقلىق بىلەن ، بىردە قايناپ سۆزلىمەكتە . مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلايمەن ، لېكىن گەپلىرىنى چۈشەنمەيمەن ، كۈچلۈك ھاراق ئاجىز بەدىنىمنى تېزلا كاردىن چىقاردىمۇ ياكى خاپىلىق ، خورسىنىش مەست قىلىپ قويدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، مەن ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى ئۇقالماي ئولتۇرىمەن . راستىنى ئېيتسام ، ئۇقۇشنىمۇ خالىمايمەن ، سەۋەبى ، مەن رەقىپتىن نەپرەتلىنىمەن ، گەرچە ئۇ ماڭا چىرايلىق سۆز ، ياخشى ۋەدىلەرنى جىقلا قىلغان بولسىمۇ ،

ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايمەن . ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى پۇل بىلەن خاراب قىلىشقا ئۇرۇنغان رەزىل ئادەم . ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىنىڭ كەينىدە نېمىلەر بارلىقىنى كىم بىلىپتۇ...

— نېمىشقا يېمەيسەن ؟ ھەي ئاۋاق ،— دېدى رەقىپ گۆشلۈك ئالىقىنىنى مېنىڭ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ،— يە ، ئىچ ، ئۆچ كۆڭلۈڭنى بىراقلا يەۋال دەيمەن . يە پۇلۇڭ يوق ، يە ساڭا خالتا كەلمەيدۇ ، ھەر كۈنى مېنىڭ يانتىقىمغا كېلىپ بىر ۋاخ تاماق يېگىن ، سۇر گۆش ، قېزا ، سېرىقماي ، شېكەر ، غۇلجىنىڭ توغاچلىرى تولۇپ تۇرىدۇ . تۈنۈگۈن گۈزەلئايغا يېگىرمە كىلو يېمەكلىك ، ئىككى يۈز يۈەن پۇل سېلىۋەتتىم . سەن مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغىنىڭ بىلەن ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن ، گۈزەلئايغا ياخشى نىيەت بىلەن ئەۋەتكەن پۇللىرىمنى خاتا چۈشەندىڭ . بىلەمسەن ، قىز بالا پۇلنى جان دەپ بىلىدۇ ، پۇلسىز يۈرۈشنى يالىڭاچ يۈرگەندەك نومۇسلۇق بىلىدۇ ، بىلگەنسەن ، پۇل — جاننىڭ ئاكىسى . قارا ، سەن قانداق ؟ مەن قانداق ؟...

مەن ئۇنىڭغا ئالايدىم ۋە غەزىپىمنى باسالماستىن قاتتىق گەپ قىلدىم :

— مەن قانداقكەنمەن ؟ سەن قانداق ئىكەنسەن ؟ پۇل سېنى رەزىل قىلىۋەتتى ، گادايلىق مېنى يولدىن ئازدۇرغىنى يوق...

— ھا... ھا... ھا... قويە ئۇ كونا گەپلىرىڭنى !— دېدى ئۇ مۈرەمگە قولىنى قويۇپ ،— سەن خاپا بولما . مەن ئىقرار ، سەن ئۇلۇغ ، سەن بىزنىڭ پەخرىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ ھاقارەتلىرىڭگىمۇ پىسەنت قىلمايمەن ، ناۋادا باشقا بىر شۇجىنى رەزىل دېگەن بولساڭ ، گەپ باشقىچە بولاتتى ، لېكىن مېنى نېمە دېسەڭمۇ خاپا بولمايمەن . ئوڭ كاچىتىمغا ئۇرساڭ ، سول كاچىتىمنى تۇتۇپ بېرىمەن ، بارغىنا خامىت ، بۇلارنىڭ توخۇ شورپىسى

www.uyghurkitap.com

نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ !— خامىت ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن رەقىپ مېنىڭ بوينۇمغا گىرە سېلىپ ، قۇلىقىمغا پىچىرلىدى :— بىلەمسەن ئاۋاق ، سېنىڭ توپۇڭنى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىۋاتىمەن ، سەن خالىساڭمۇ ، خالىمىساڭمۇ ساڭا مىڭ سوم خەجلەيمەن ، مەندىن باشقا نېمەڭ بار سېنىڭ؟ ماجۇرىن ، شۇي شۈجى دېگەنلىرىڭ ئاغزىدا ۋاي دېگىنى بىلەن ، ساڭا بىر تىيىن ياردەم قىلالامدۇ؟ مانا مەن سېنىڭ ئىگەڭ ، مەن سېنى مۇشۇ خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمايمەن ، ئاڭلىدىم ، قەرز بوپسەن ، ئاچتىن - ئاچ يۈرۈۋېتىپسەن ، ھېلىقى ماڭا بەرگەن تۆت يۈز نەچچە سوم پۇلۇڭنى بۇگۈنلا ئال . سېنى ئالدىمغا كېلىدۇ ، ياردەم ، مەسلىھەت سورايدۇ دەپ كۈتتۈم ، لېكىن بوينۇڭ قاتتىق ئاۋاق جۇمۇسەن ، ئاخىر يەنە مەن سېنىڭ ئايىغىڭغا يىقىلدىم...

يېرىم كېچىدە تاماقلىرىم قۇرۇپ ئۇسساپ ئويغاندىم . بېشىمدىلا تۇرىدىغان ئۇستەل چىرىغىنىڭ كۇنۇپكىسىغا قول سوزدۇم ، لېكىن بېشىمدا چىراغ تۇرماق ئۇستەلمۇ يوق ئىدى . سەنتۇرۇلۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە بېشىم قېيىپ يىقىلدىم . چىراغ ياندى ، يېنىمدا مايكىچان رەقىپ پەيدا بولدى .

— تىرىلدىڭمۇ ئاۋاق ، ئىچە ، مانا مۇزدەك چاي ، بىلەمسەن ، بىز سېنى ئاشخانىدىن ماشىنا كىرا قىلىپ ياتاققا ئەكەلدۇق . باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ، ئادەم ئايىغى بېسىلغاندىن كېيىن ئەكەلدۇق . بىراق ، قوزىچىلىكلا ئېغىر كەنسەنغۇ ، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۈچىنچى قەۋەتكە ئاچىقتىم . مەن ئەمدى سېنى ياتىقىمغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋالىمەن ، بولمىسا ، ئاشۇ غېرىبخانىدا ئاچتىن ئۆلىدىغان ئوخشايسەن .

مەن ئۈن - تىنسىز سوغۇق چاي ئىچتىم . مېنى بىر خىل خورسىنىش ، بىر خىل يوشۇرۇن ئازاب قىينىماقتا ئىدى . رەقىپنىڭ شەپقىتى ماڭا ھاقارەت ۋە كەمسىتىش بولۇپ تۇيۇلماقتا ، مەن

ئەنە شۇ شەپقەتسىز قۇتۇلۇشنى ، ھازىرلا بۇ يۇمشاق سىم كارىۋاتتىن چۈشۈپ ، ئۆزۈمنىڭ ياتىقىغا كېتىشنى خالايتتىم ، بىراق ھازىر ياتاق بىناسىنىڭ سىرت ئىشىكى ئېتىلگەن ، تالا بولسا سوغۇق ئىدى .

— بىرىنچىدىن ، مەن سېنىڭ رەھبىرىڭ ،— دېدى ئۇ ماڭا ئىششىپ تېخىمۇ سەتلەشكەن قاپىقىنى سۈزۈپ يېلىنىپ ،— ئىككىنچىدىن ، ئەڭ مۇھىمى ، سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم . باشقىلار سېنىمۇ ماجۇرىنىڭ قاتارىدا تەنقىد قىلىش كېرەك دېيىشتى ، لېكىن مەن سېنى قەتئىي قوغدىدىم . مەن سېنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن ، ئاداش . ئۆتكەن ئىشنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت . ئىقرار قىلىمەن ، ساڭا قارا كۆڭۈللۈك قىلغان يېرىم بار ، قانداق قىلىمەن ، سېنىڭدىن بۇرۇن مەن گۈزەلئايغا ئاشىق بولغان . قولغا كەلتۈرەلمەستىن ، سېنى ئۇتتۇرىغا كوزىر قىلىپ تاشلىغانىدىم ، يەنە قاملاشمىدى ، قىزنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ، بەختلىك ئىكەنسەن . ھازىرچۇ ؟ راست گەپنى ئېيتسام ، مەن ياخشى نىيەتلىك دوستۇڭمەن ، قىزنى تالاشمايمەن ، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن ، ئۆز قولۇم بىلەن تويۇڭنى قىلىپ قويىمەن…

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىمەكتە ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، كالپۇكلىرى كۆكەرمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، ئۇنىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۈلۈمسىرىدىم . ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا بىرلا قارىدى ـ دە ، قوللىرىنى ئىككى مۈرەمگە تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى…

مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم ، كۆڭلۈمدىكى نەپرەتلىرىمنى ئۇ كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ تاشلىدى .

ئۇستىلىمدە تۆت يۈز يەتمىش يۈەن پۇل بىلەن گۈزەلئاينىڭ خېتى تۇرىدۇ . پۇل مېنى ئازابلىماقتا ، بۇ پۇل ئۆز ۋاقتىدا مېنى

گۈزەلئايدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان پۇل، يەنە بۇ پۇل ئۆز ۋاقتىدا بىزدەكلەرنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدىغان، لېكىن بىزدەك يالىڭاچلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن پۈتكەن ھەشەمەتلىك باي قورۇسىنىڭ پۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ماڭا يىرگىنچلىك، لېكىن مەن مۇشۇ يىرگىنچلىك قەغەز دۆۋىسىگە موھتاجمەن. مۇشۇ يىرگىنچلىك نەرسە بىلەن راھەت، ئارام تاپالايمەن، خاتىرجەم ۋە قىينالماي ئۆگىنەلەيمەن. مۇھىمى، گۈزەلئاينى خۇش قىلالايمەن...

مەن ئازاب بىلەن تىترىگەن قوللىرىمغا گۈزەلئاينىڭ خېتىنى يەنە ئالدىم. خەتتىن خۇددى ئۇنىڭ نازۇك، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، خۇددى ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى.

مەن خەتنىڭ مېنى ئازابلىغان قۇرلىرىنى يەنە ئوقۇدۇم:

«... جېنىم ئەلا، سىزنى قىيناشنى ھەرگىز خالىمايمەن. بىلسىڭىز، بۇ خەتنى كۆز يېشىم بىلەن يېزىۋاتىمەن، غەيرەت قىلىڭ، بىر ئامال قىلىپ ماڭا يەنە ئىككى يۈز سوم ئەۋەتىپ بېرىڭ. ئادىلە نېمىنى سېتىۋالسا، مېنىڭمۇ شۇنى ئالغۇم كېلىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن بىر يۈز سەكسەن سومغا ئاجايىپ چىرايلىق ياقۇت كۆزلۈك، جىڭ ئالتۇندىن ياسالغان بىر جۈپ ئۈزۈك سېتىۋالدى، مەن شۇنچىلىك بوينۇمنى قىستىمكى، يىغىدىن ياستۇقنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپتىمەن... كەلگۈسىدە بىرلىشىپ قەرزلەرنى ئۈزۈۋېتەرمىز، بەلكىم داداممۇ پۇل ئەۋەتىپ قالار، ئەجەبمۇ روھىم چۈشتىغۇ...»

مەن گۈزەلئاينىڭ ئۈستەلدىكى سۈرىتىگە قارىدىم: ئۇنىڭ سۈرىتىدىن ھازىرلا كۆز يېشى تامىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى... «ماجۇرىندىن پۇل سورايمۇ؟ بېرىدۇ، لېكىن تەربىيىمۇ بې-

رىدۇ…» يەنە بايىقى نەپرەتلىك پۇلغا قارىدىم ، ئالدىمدا ئوخايلا
يول تۇراتتى ، پوچتىغا سالىمەن ـ دە ، سىغىنىشلىرىمنى قوشۇپ
تۇرۇپ گۈزەلئايغا خەت يازىمەن . ئۇنىڭ چىرايلىق يۇزلىرىدىكى
كۆلكىدىن پەيدا بولىدىغان زىنخلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرد-
مەن ، بۇ مېنىڭ ئۇچۇن چەكسىز خۇشاللىق . دېمەك ، يىرگىنچ-
لىك نەرسىدىن ئارام ۋە خۇشاللىق تاپالايمەن . ۋىجدان ئازابىچۇ ؟
ئۇنى ئۇنتۇشقا بولماسمۇ ؟… قىينالسامىمۇ ، ئازابلانسامىمۇ مۇنۇ يىر-
گىنچلىك نەرسىدىن ئۇمىد ۋە خۇشاللىق ئىزدىمەي ! بۇرۇنقىدەكلا
ئاچ ، لېكىن ئۇمىدۋار بولۇپ ئۇچ ئاي ۋاقىت ئۆتكۇزسەم گۈزەلئاي
قايتىپ كېلىدۇ… لېكىن قايتىپ كېلىپ ماڭا دومسايسا ، دۇم
يېتىپ يىغلىسىچۇ ؟… مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈشنى خالايمەن-
مۇ ؟ قەرز بولغاندىكىن نېمە بولاتتى ؟ «ۋېنىتسىيە سودىگىرى»[1]
دە شاھزادە خىجالەتتىن ۋە نومۇستىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۆز دۇشمى-
نىدىن قەرز ئالىدىغۇ… شۇنداق قىلىپ ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم .

ئەتىسى گۈزەلئايدىن تېلېگراما تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇنىڭدا :
«تېلېگراما قىلىپ ئىككى يۈز سوم ئەۋەتىڭ» دېيىلگەنىدى . ئەم-
دى ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى . ئۇستەلدىكى پۇلنى قولغا
ئېلىشقا ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تولدۇرۇپ
ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى…

كۇتۇلمىگەندە ئۇچىنچى ئايلىق مائاشىم تولۇق تەگدى . بوغال-
تىر كۈلۈپ :

— قەرزىڭىز تۈگىدى ، بەش ـ ئالتە كۈن بۇرۇن تىل ـ
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ كاتىپى كېلىپ قەرزىڭىزنى تۆلى-
ۋەتتى ، — دېدى .

ئەلۋەتتە ، بۇ رەقىبىمنىڭ شەپقىتى ئىدى .

---

[1] شېكىسپىرنىڭ دراممىسى .

كۆنلەر ئەمدى راھەت ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن خاتىرجەم، بەزىدە غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قويىمەن. ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئىش بىلەن بولىمەن، ئون بەش كۈندىن كېيىن «ئوغۇزنامە» ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالەم پۈتتى. بۇنى لى لاۋشى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى، ئىچكىرىدە چىقىدىغان «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلانمۇ قىلىندى. دۇەن جياۋشۇ مېنى رىغ-بەتلەندۈرۈپ:

— مانا شۇنداق بىرنەچچە ماقالىڭىزنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىڭ، «ئالتۇن يارۇق» پۈتتىمۇ؟ پۈتكەن بولسا شياۋلىغا بې-رىڭ، تەرجىمە قىلغاچ تۇرسۇن، كېيىن مۇشۇ ماقالىلىرىڭىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. پەرىزىڭىز-چە، قانچە پارچە ماقالە يازماقچىسىز؟ — دېدى.

— سەكسەن ئۈچ پارچە ماقالە يازغاندا، ھازىر بىز بىلىدىغان ئاساسىي ئەسەرلەر ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ بول-غان بولىدۇ.

— ياخشى، چاغاتاي تىلىدىكى قىينالمايسىز، رۇسچە ماتېرى-ياللاردىن قىينىلىسىز شۇ، بۇ تەرىپىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

— ياردىمىڭىز نېمىسى، دۇەن جياۋشۇ، بىز بۇ سەكسەن ئۈچ پارچە ماقالىنى بىرلىشىپ ئىشلەيمىز. شياۋلى ئۈچىمىزنىڭ نامىدا ئىشلەيلى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداققۇ!

— ياق، قەلەم سىزنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئىلمىي كۆزقاراشلار ئۆزىڭىزنىڭ.

— نەدە مېنىڭ بولسۇن؟ — دېدىم راست گېپىمنى ئېيتىپ، — بۇ كۆزقاراشلار بىزنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىمىزدىن كېلىپ چىققان، ياردەم يولىدا بولسۇن، مېنى بۇنداق چوڭ ئىشلارغا بىردىنلا ئىگە قىلىۋەتسەڭلار، ماڭىمۇ زىيانلىقتۇ…

— قىنى ، كېيىن كۆرەرمىز...

دېمەك ، ھازىر مەن ھەممىلا جەھەتتىن خاتىرجەم ، ئىلمىي تەتقىقات ، ئۆگىنىش ئىشلىرىم ياخشى كېتىۋاتىدۇ ، گۈزەلئايدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا «يالقۇنلۇق سالام» كېلىپ تۇرىدۇ . رەقىپ ياتىقىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرالمىدى ، لېكىن مېنى ھەر كۈنى ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بىر چەتتىن توينىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىۋاتىمەن ، مائاشىم ۋە قەلەم ھەققىمنى قوشۇپ ئەت رەڭ سارجىدىن مانا بەش يېرىم مېتىر سېتىۋالدىم ، دېمەك ئىككىمىزنىڭ تويلۇق كىيىمىمىز پۈتتى دېگەن سۆز . ئۆزۈم خۇشال ، گۈزەلئاي كۆرسە تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ ، مەن بەختلىك بولماي ، كىم بەختلىك بولسۇن ! ؟

لېكىن ، خۇشاللىقنىڭ سايىسى خاپىلىق ، بەختنىڭ ئەگەشكۈچىسى پالاكەت ئىكەن ، خۇشاللىقىم ئۇزۇنغا بارمىدى ، خىيال ئاسمىنىمدا يەنە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولدى .

بىر كۈنى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم ، باش ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يېڭىدىن ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ياش يىگىت ئىدى . ئۇ كۈمۈش چىشنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ ، ئىككى قولى بىلەن قولۇمنى چىڭ قىستى ، ئاندىن ئىستاكاندا قايناق سۇ ، كېيىن تاماكا تۇتتى ، سەرەڭگە ئوتىنى بۇرنۇمغا ئەكېلىپ تۇرۇپ :

— لاۋ ئەي ، بۇ يەرگە ئانچە كەلمەيسىزغۇ ؟— دېدى .

— ئالدىراش مەن ،— دېدىم تاماكا ئىسىنى پۈۋلەۋېتىپ .

ئۇ بىردەم مېنى ماختىدى . مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ، خىزمىتىمنى سورىدى ، ھەتتا يېشىم ، گۈزەلئاينىڭ چىرايى ، قانچىلىك پۇل يىغقانلىقىم ، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ، ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىم قانداقلىقى توغرىسىدا ئۇزاق سورىدى . مەن زېرىكىشكە باشلىدىم . ئۇ ئاخىر ئوڭايسىزلاندى - دە ، ئاساسىي گەپنى

يىراقتىن ئەگىتىپ باشلىدى ، جۇڭگوغا قارشى خەلقئارا ئومۇمىي
خور ، ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ قۇترىشى ، غەربىي شىمال مىللەتلەر
ئىنىستىتۇتىدا ئۇچچىل جىخۇيجۇيىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇرلۇقى ،
شۇي ، مالارنىڭ ئادەملىرى ئەنزە ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت
قىلىشۋاتقانلىقى ، خې شۈجى باشچىلىقىدىكى پارتكومنىڭ سەزگۈر-
لۈك بىلەن بۇ قارا قۇيۇننى بايقىغانلىقى قاتارلىقلارنى ھاياجان
بىلەن سۆزلەپ كەتتى ، كېيىن تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ قو-
يۇپ ، ماڭا بىر قارىۋالدى ـ دە ، گەپنى ماجۇرىن بىلەن شۇي
شۈجىنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى .

— ئۇلارنى پاش قىلىش كېرەك ، بولۇپمۇ ئۇلار سىزنى قانداق
قىلىپ «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا باشلىغانلىقى ، شيۇجېڭ-
جۇيىلىق مايىسلارنى يېتىشتۈرۈشتە ، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە قانداق
سىناقلارنى قىلغانلىقى ، شۇي شۈجى كېچىسى ياتقىڭىزغا كىرىپ
فېئودال شائىرلارنى قانداق ھوزۇرلىنىپ ماختىغانلىقى ، ماجۇرىن
سىزنى نېمىلەرنى ئۆگىنىشكە ئۈندىگەنلىكى ، قىسقىسى ، ئۇلار
نېمىلەرنى قىلىپ ، نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى يېزىپ چىقىڭ . راست
گەپنى ئېيتساق ، بىز سىزنى قۇتقۇزۇۋالدۇق ، بولمىسا خەتەرلىك
يولغا ماڭغاندىڭىز...

مەن ھەيرانمەن ، خەتەرلىك يول دېگىنى نېمىسى ؟ بىيجىڭغا
بېرىپ ئوقۇغىنىممۇ ؟ ياكى ئەدەبىيات ئۆگەنگىنىممۇ ؟ ئۇلار نېمە-
دىن قۇتقۇزدى ؟ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۆگىنىۋاتىمەن ، يەنىلا كونا
يولۇمدا مېڭىۋاتىمەنغۇ ؟...

«ئالدىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ قىزغىن يىگىتكە ئاچچىق قىلىش-
نىڭ ھاجىتى يوق ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى
يوق . ئاچچىقنى يۇتۇش كېرەك ، بۇنداق گەپلەرنى بوسۇغىدىن
چىقىپلا ئۇنتۇش كېرەك ، گەپ تالىشىپ ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىش-
نىڭ ھاجىتى نېمە ؟» مەن ئۇندىمەي جىم ئولتۇردۇم . ئۇ ئاخىر

تاقەتسىزلىنىپ :

— بولىدۇ ، ئويلىنىڭ ، ئەتە كەچقۇرۇن مەن ياتىقىڭىزغا ماتېريال ئالغىلى بارىمەن !— دېدى .

مەن تالاغا چىقتىم ـ دە ، بىردىنلا روھسىزلاندىم ، خۇددى بىكاردىن ھاقارەت ئاڭلىغاندەك ياكى قىممەتلىك نەرسەمنى ئوغرى. لىتىپ قويغاندەك كۆڭلۈم غەش ، ئۆزۈم بىئارام بولدۇم . توساتـ. تىنلا ماجۇرىننى كۆرگۈم كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم .

— ياخشى كەپسەن . كەلمەس بولۇپ كەتتىڭ ، رەقىپ ئاغىـ. نەڭ ياخشى قاراۋاتامدۇ ؟ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنى كۈندە ساڭا تاماق توشۇيدۇ دەيدىغۇ ؟ بوپتۇ . ياخشى ئۆتكىن ، ئۇمۇ بىر ياش ، بۇرنىغا تېخى سۇ كىرمىگەن . ئۇنىمۇ شىنجاڭدىن مەن ئەكەلگەن ، پارتىيىگىمۇ مەن تونۇشتۇرغان ، ياخشى ئۆستى ، خىزمەت قابىلدـ. يىتىمۇ يامان ئەمەس ، سەل ئالدىراڭغۇراق ، تۈزىلىپ كېتىدۇ .

— سۇيۇقئېشىمنى سېغىندىڭمۇ ؟— دېدى ماجۇرىننىڭ ئانىسى يۇمشاق ئالىقىنى بىلەن قولۇمنى سىلاپ ،— ۋاي ـ ۋۇي ، تازا ئورۇقلىدى سەن شۇ ، تازا چىرايلىق قىز تاپتىغۇ ، توي قىل ، بالاڭنى ئۆزۈم بېقىپ بېرىدۇ شۇ .

ماجۇرىن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ لەڭمەن يەۋېتىپمۇ ، ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ مەكتەپتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بىلـ. گەنلىرىمىزنى سۆزلىشىۋېتىپمۇ ، مەن ھامان ئازابلىنىپ ئولتۇرـ. دۇم . بۇ ئاق كۆڭۈل ، قىزغىن ئادەمنىڭ ئۇستىدىن ماتېريال بېرىشكە مېنى مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى كۈمۈش چىشلىق يىگىتكە غەزەپلىنىپ ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇھ تارتتىم .

— نېمە ، بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدىڭمۇ ؟ ياكى سېنىمۇ ئۇچۇقلىدىمۇ ؟— دېدى ماجۇرىن كۆزۈمگە قاراپ ،— بىرەر قىيىنـ. چىلىققا يولۇقتۇڭمۇيا ؟ لېكتور بولدۇڭ ، يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىلدا فۇجياۋشۇ ، قىرىق ياشقا كىرمەي تۇرۇپ جياۋشۇ بولىسەن ، مېـ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نىڭچە ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىلىم - پەن خادىملىرى ، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم - پەن خادىملىرى ناھايىتى زۆرۈر . مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ھازىرغىچە سىياسىي - مەمۇرىي كادىرلارنىلا تەربىيىلەپ كەلدى . ئەمدى نىشاننى بۇراش كېرەك ، ئىلىم - پەن خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش كېرەك . دەۋرمۇ ئۆز- گەردىغۇ ، ئىلىم - پەن خادىملىرى ھەرقايسى تارماقلارغا رەھبەر- لىك قىلسا ، زامانىۋىلىشىش تېز بولامدۇ ؟ بۇ شۇي شۇجىنىڭ كۆزقارىشى ، مەن بۇ كۆزقاراشنى ئاخىرغىچە قوللايمەن .

لېكىن ، مەن ماجۇرىنغا ھېلىقى مۇئاۋىن شۇجىنىڭ تاپشۇر- مىسى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدىم .

ئەتىسى كۈمۈش چىشلىق يىگىت ياتىقىمغا كىردى . مەن ئۇنىڭغا :

— يازالمىدىم ،— دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردىم .

— قاچان يازىسىز ؟

— بىلمەيمەن .

— سىز ئېتتىپاق ئەزاسى ، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ، بىزنىڭ پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىمىز سىز . پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىدىن باش تارتماڭ ، ئەمەلىي كۆرەشكە كۆپرەك قاتنىشىڭ !

— مېنىڭ ئۆگىنىشىم ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىم ، سىزچە كۆرەش ئەمەسمۇ ؟— مەن ئۇنىڭ بېسىم ئىشلىتىشىگە چىد- دىماي شۇنداق دېدىم .

ئۇ ئۆكۈپ ، تاماكىسىنى ئالدىراپ تۇتاشتۇردى - دە :

— ئاۋۋال قىزىللىشىش ، ئاندىن مۇتەخەسسىسلىشىش كې- رەكقۇ ، سىز بولسىڭىز ، تېخىچىلا قىزىللىشىش يولىغا سەل قاراۋاتىسىز ، سىزنىڭ ئاساسىي يېتەرسىزلىكىڭىز ، مانا مۇ- شۇ جەھەتتە ،— دېدى .

— باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ماتېرىيال بېرىشنىڭ قىزىللىشىش بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار؟

— ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى چوڭ! — دېدى ئۇ قىزىدىشىپ، — پارتىيىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن جەڭگىۋار بولۇشى لازىم. بىلەمسىز، بۇ بىر مىلتىقسىز كۈرەش. ماتېرىيال يازغىنىڭىز ئوق ئاتقىنىڭىز.

— مەن بۇنداق ئوقنى ئېتىشتىن باش تارتىمەن، مۆرىتى كەلگەندە، بىرى كوماندا بەرمىسىمۇ ئۆزۈم ئوق ئاتالايمەن!

ئۇ ماڭا ئۆڭۈپ - تاتىرىپ قارىدى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ بىردىنلا ھەيۋە قىلىشقا ئۆتتى:

— ئۇنداق بولسا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇرمۇش يىغىنىدا ئاشكارا سۆزلىشەيلى. ئوقۇيدىغىنىڭىز كونا كىتاب، ئويلايدىغىنىڭىز نام - شۆھرەت، ھىمايە قىلىۋاتقىنىڭىز ئوڭچىل جىخۇيجۇيى، ئۇنتۇماڭ، يولداش، سىز بولمىسىڭىزمۇ، جۇڭگو ئىنقىلابى يېرىم يولدا توختاپ قالمايدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز دۈشمەنلىرىنى يېڭىۋېرىدۇ. دۈشمەنلەر جۇڭگوغا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى ئومۇمىي خور ئۇيۇشتۇرۇۋاتىدۇ، سىز بولسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ خورغا ماسلاشماقچى!

مېنىڭ ئەمدى تاقىتىم تۈگىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇنىڭغا ئىشىكنى كۆرسەتتىم:

— يازمايمەن دېدىم، گەپ تۈگىدى. سىزنىڭ تەربىيىڭىزگە ھاجىتىم چۈشكىنى يوق. مەن ئۆز يولۇمنى تېپىپ ماڭالايمەن، پايدا - زىيىنىغا ئۆزۈم مەسئۇل!

ئۇ تېخىمۇ تاتاردى، ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى:

— قانچىلىك پېتىشنى خالىسىڭىز پېتىۋېرىڭ، ئەمما سىزنى ھامان پاتقاقتىن بىز تارتىپ چىقىمىز! — دېدى ۋە ئىشىكنى يېپىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى .

كەچقۇرۇن مەن رەقىپىمنىڭ ياتىقىغا باردىم ۋە ئۇنىڭدىن :

— مەن راستىنىلا پاتقاقتا پېتىۋاتىمەنمۇ ؟— دەپ سورىدىم .

ئۇ كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، پەۋاز قاپىقىنى سوزۇپ تۇرۇپ :

— لاۋگاۋ بىلەن بولغان تالىشىشتا خاپا بولۇۋاتامسەن ؟ ئاڭلىدىم ، مەن ئۇنى تەنقىد قىلدىم . ئۇ قوشۇمچە ئېتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەمەسمۇ ، ساڭا سەل قاتتىقراق تەلەپ قويغان ئوخشايدۇ . خاپا بولما ، ماتېرىيال يازمىساڭ مەيلى ئەمەسمۇ ، ھە دەپ يالغان ـ ياۋىداق بولسىمۇ بىرنېمىلەرنى يېزىپ بەرگەن بولساڭ ياخشى بوپتىكەن ، ئىختىيارىڭ . مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي ، سېنى تولا قىستىمىسۇن ،— دېدى .

لېكىن ، مەن كۈمۈش چىشلىق يىگىتتىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمىدىم . ياشلار ئىتتىپاقى يىغىنىدا ماڭا ئاچچىق گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچىلار بولدى . مەن ئاخىر ياشلار ئىتتىپاقى يىغىنلىرىغا بارمايدىغان بولۇۋالدىم . مېنىڭ تىنچ ، خاتىرجەم تۇرمۇشۇمغا بىر خىل يوشۇرۇن ۋەھىمە ھۇجۇم قىلماقتا ، مەن خۇددى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرگەن ئاغمىخانىدەك ئۆزۈمگە پاناھ جاي ئىزدىمەكتىمەن . رەقىبىم ھەر قېتىم ھال ئېيتسام :

— خاتىرجەم بول ، بولدى ، مەن ئېيتىپ قوياي ، ئۇلار سېنى تولا چىڭ تۇتمىسۇن !— دەپ قوياتتى . لېكىن ، كۈمۈش چىشلىق ياش شۇجى مېنىڭ بىلەن ئېچىشىشنى بالداقمۇبالداق كۈچەيتمەكتە . ئۇ ئەمدى مېنى كۆرسە قاپاق تۈرۈپ ئۆتىدىغان ، گەپ قىلسىمۇ بۇرۇنقىدەك ھىجايمايدىغان بولۇۋالدى . ئۇ بىر كۈنى مېنى چاقىرتتى ـ دە ، قىسقىلا قىلىپ :

— سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى كۆزقارىشىڭنى ، يېقىنقى كۈنلەردىكى ئىدىيە ئەھۋالىڭنى يېزىپ چىق ،— دېدى .

مەن ئۇنىڭغا :

— يېزىپ چىقالمايمەن! — دېدىم.

— نېمىشقا؟

— خالىمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، ياشلار ئىتتىپاقىدىن چىقىرىلىسەن! — دېدى كەسكىن قىلىپ، — چېكىنىشكە ئىلتىماس ياز.

— بولىدۇ...

رەقىپ بۇنى ئاڭلاپ، يەنىلا:

— مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي، چىقىمەن دەپ ئىلتىماس يازما. سېنىڭ توغراڭدا ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئېيتىشىپ قالدىم، خې شۇجىغا ئېيتىمىساق بولمىدى، ئۇنى! — دېدى-دە، يەنە جىمىپ كەتتى.

بەزى كۈنلىرى بەلكىم خاتا قىلىۋاتقان يېرىم بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلىنىپمۇ كۆردۈم، لېكىن خاتالىق دەپ تونۇغانلىرىم ئەرزىمىگەن بىر نەرسىلەر بولۇپ چىقتى. بىر كۈنى ماجۇرىنغا بۇ ئەھۋالنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتتىم. ماجۇرىن كۈلۈپ قويۇپ:

— ئاددىيلا ئويلايسەن-دە، بىرى سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ماتېرىيال يازغان بولۇشى، شۇ ماتېرىيالدا بەلكىم قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى رەقىپ بىلىدۇ. سېنى ئوتتۇرىغا ئاچىقىشنىڭ باھانىسىنى ئىزدەپ قىلىنىۋاتقان ئىشلار بۇ. رەقىپنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى بار. رەقىپسىز ھېلىقى گاۋ دېگەن نەرسە ساڭا قانداق چېقىلالايتتى، — دېدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا رەقىپنىڭ ئۆيىگە كەم بارىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەم سۆزلىشىدىغان بولدۇم. مەن بولغۇسى كۆڭۈلسىزلىككە ئوبدان تەييارلىنىپ قويدۇم.

بىراق، تۆت يۈز يەتمىش سوم پۇل بىلەن ئۇنىڭغا يېپىسىز باغلانغان تۇرسام، نەگىمۇ قاچالايتتىم. ئۇ بىر كۈنى ياتىقىمغا

غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە :

— نەگە يوقالدىڭ ، ئاۋاق ؟ ئۇقتۇڭمۇ ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆي ـ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇش قارار قىلىندى . يېرىم يىللىق تاماق پۇلى ، يول خىراجىتى قولىغا بېرىلىدىغان بولدى . ھازىر پويىز ئىستانسىسىنى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بېسىۋالدى . شىنجاڭغا مېڭىۋاتقان ئادەم خۇددى دولقۇنلۇق دەريا . قانداق قىلىسەن ؟ شىنجاڭغا ماڭامسەن ياكى گۈزەلئاينى كۈتەمسەن ؟

— كۈتىمەن...

— ھىم ، ئۇنداق بولسا مەنمۇ كەتمەيمەن ، بۇرۇنقى پىلان بويىچە ، بەشىنچى ئايدا تويۇڭنى قىلىمىز .

— تويۇمنى قىلامسىلەر ياكى مېنى كۆرەش قىلامسىلەر ؟

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم . ئۇ بوزىرىپ قىزاردى ـ دە :

— ھەممە خەق قورساق غېمىدە . پۈتۈن خىزمەت توختالدى . دوختۇرخانا جىگەر كېسىلى بىلەن ئىششىق كېسىلىگە تولدى . سېنى كۆرەش قىلىشقا كىمنىڭ چولىسى .

— ھېلىقى كۈمۈش چىشلىق ئورۇنباسارىڭچۇ ؟

— ئۆلۈكىنى بۆرە يېسۇن ئۇنىڭ ،— دېدى رەقىپ قولىنى شىلتىپ ،— يىگىرمە كىشىلىك ئۇۋچىلار گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى . ئۇ مەرگەننى شۇ گۇرۇپپىغا قېتىپ چۆلگە قوغلان ، ئارقار ئوۋلاشقا ئەۋەتتۇق . تۇنۇگۈن يولغا چىقتى . كىم بىلىدۇ ، ئۆلۈكى قۇمنىڭ ئاستىدا قالامدۇ تېخى...

ئاچارچىلىق ، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان جىددىيلىك مېنى ۋەھىمىدىن قۇتقۇزۇۋالدى . مەن ئۆز ئىشىمغا كىرىشتىم ، ماي ئايلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇم...

## 2

ئاپرېلنىڭ ئاخىرى ، مەجنۇنتاللار ئەمدىلا كۆكەرگەن ، خۇاڭ-خې دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى بەيتاشەن تېغىنىڭ قاقاس قاپتاللىرىدا ئالا - بۇلا يېشىللىق پەيدا بولغان بىر كۈنى ، بىزنىڭ تويىمىز بولدى . گۈزەلئاي ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قايتىپ كەلگەن ، قېيىناتام بىلەن قېيىنانامۇ كىچىك بالىسىنى ئېلىپ يىگىرمە بىرىنچى ئاپرېل كۈنى يېتىپ كەلگەنىدى .

توي كۈنى بىز بەشىنچى قەۋەتتىكى زالدا ، مەيدىمىزگە گۈل تاقاپ ، يېڭىچە ئادەتلەرنى تۈگەتتۇق . ياشلار گارمون ۋە جىر بىلەن بىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ ئالاھىدە تەييارلانغان ئۇسسۇلغا ئەكېلىشتى . مېنىڭ ئوڭ قولۇم بۆرتمە ياغلىقتا يۈزىنى يېپىۋالغان ، ئۈزۈن ئاق يىپەك كۆڭلەك ، ئەت رەڭ كاستۇم كىيىۋالغان گۈزەلئاينىڭ سول بىلىكىدىن قولتۇقلىغان ، سول قولۇم بولسا ، ماڭا ئوخشاشلا ئەت رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا ، كۆك كۆڭلەك كىيىپ ، قارا كۆك ، سۇس يوللۇق گالستۇك تاقىغان رەقىپىنىڭ قولتۇقىدا ئىدى . مەن ئۆزۈمنى چەكسىز راھەتتە ، چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتىم . يۈرىكىمنىڭ تارلىرىنى تىترەتكۈچى جىر ياڭرىماقتا :

قاشىڭ قارا ، قاشىڭ قارا ،<br>
قاشىڭدىن كۆزۈڭ قارا .<br>
كىرپىكىڭدىن نۇرلار تاما ،<br>
سۆيسەم يۈرەكىم قانا .

گۈزەلئاينى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئىنچىكە ، سوزۇق ئاۋازى خۇددى مېنى تەبرىكلەۋاتقان مەدھىيە كۈيىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى .

نىكاھتىن كېيىن گۈزەلئاينىڭ قىرىق ياش ئۆپچۆرىسىدىكى چىرايلىق ئاپىسى مېنىڭ، ئاندىن قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى - دە، شاكىرابقا چىللانغان ناندىن يېگۈزدى. بىزنىڭ ئاتىمىز — كۆتمەك بۇرۇت، قاڭشارلىق، يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ يۈزىگە قورۇق چۈشمىگەن، چاچ - بۇرۇتىغا ئاق كىرمىگەن، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئادەم ئىدى. ئۇ قىزىل لېۋىنى ئارىلاپ يىمىرىپ قويۇپ، يانچۇق سائىتىنى ئويناپ ئولتۇراتتى:

— قېنى، يەھياخان ئاكا! — دېدى رەقىپ ئورۇنلىرىغا جايىلاشقان كۆپچىلىككە غۇلچىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر دۇئا بېرىڭ.

ئاتىمىز كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى - دە:

— بولدى، بولدى، قالغىنى يېڭىچە بولىۋەرسۇن! — دېدى.

ئاۋۋال خام سەي بىلەن هاراق تارتىلدى، ئاندىن كېيىن لېگەنلەردە گۆش بېسىلغان پولۇ كىردى، بىردەمدىن كېيىن قىزدىغان ياشلار تانسىغا چۈشتى...

بىزنى كەچ سائەت توققۇزلاردا ھۇجرىمىزغا، يەنى مېنىڭ ياتىقىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ يەردىمۇ ئىچىش، ھەر خىل ئادەتلەر، مەسىلەن، ياغلىق يەشتۈرۈش، ئالما يېگۈزۈش، ھەتتا «گوركى» ئويۇنلىرىمۇ بولدى. بىزنى راسا چارچاتقاندىن كېيىن كۆپچىلىك چىقىپ كېتىشتى. مەن شۇ چاغدىلا گۈزەلئاينىڭ بەختلىك ۋە ئەنسىز - ئۇياتچان كۆزىگە تىكىلىپ قارىدىم:

— ئۇھ، مانا ئەمدى بىزنىڭ ئۆيىمىز بار. قارىغىنا!...

— «سەن» لەپ كەتكىنىنى سەتلىشىپ، — دېدى قىز ئىككى كىشىلىك كارىۋات ئۈستىگە يېڭى تىكىلگەن كۆرپىلەر بىلەن ماموق ياستۇقلارنى تاشلاۋېتىپ، — «سىز» دەڭ، ئۆمۈر بويى «سىز» لىشەيلى.

— ماقۇل، جېنىم، قېنى ماۋۇ گالستۇكنى ئۆز قولىڭىز

بىلەن يېشىپ قويۇڭ ، ئەمىسە !

ئۇ قىزاردى ۋە سۇس تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى ئېگىكىمگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەگكۈزۈپ ، گالستۇكنى يېشىشكە باشلىدى . مەن ئۇنىڭ يېشىپ بولۇشىنى كۈتمەيلا نازۇك بېلىدىن قورۇپ تۇتۇپ قۇچاقلىدىم .

— ئۇنداق قىلماڭ ، قورقىمەن ، يىغلىۋېتىمەن...

... چىراغ ئۆچۈرۈلدى ، بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ راستتىنلا ئۆپكىدەپ يىغلىدى . لېكىن ، بۇ يىغا ماڭا چەكسىز ۋە ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق بەخش ئەتتى...

ئەتىگەنلىكى ئادىتىم بويىچە سەھەر تۇرۇپ كەتتىم . مانا شۇ چاغدىلا مەن ئۆز ھۇجرامغا كۆز يۈگۈرتتۈم : ھۇجرا ئىچىدە قوش كىشىلىك ياغاچ كارىۋات ۋە كومىسسىيون دۇكىنىدىن سېتىۋېلىنـ‍ غان نەقىشلىك سىم كارىۋات ، ھەر ئىككى كارىۋاتنىڭ بېشىغا بىردىن گىلەم تارتىلغان ، چاققان ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئۇدۇلىدا بىر جۈپ سافا ، ئۈستەل ، تومپۇچكا ئۈستىدە ھەر خىل چىنە ـ قاچا ، ھەيكەللەر ، لوڭقىلاردا گۈللەر ، دېرىزە ، ئىشىكلەردە دۇخاۋا ۋە تور پەردىلەر پەيدا بولغان ، قوش كىشىلىك كارىۋاتقا سېلىنغان يىپەك كۆرپىلەر ئۈستىدە قاپلىما كىرلىكىگە گۈللەر چېكىلگەن دۇخاۋا تاشلىق يوتقاننى يېرىم يېپىنىپ ، قاپقارا چاچلىرىنى بىر جۈپ ماموق ياستۇقنىڭ قىزىلگۈللەر ، يېشىل ياپراقلار كەشتە قىلىنغان ئاپئاق قاپلىرى ئۈستىگە يېيىپ گۈزەلئاي ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ گۈزەل يۈزىنىڭ قېنى قاچقان ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يۇيۇپ قويغاندەك يالتىراپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ئىككى ياققا تاشلانـ‍ غان ، ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان قوللىرىدىن ئاستا ، يېنىككىـ‍ نە سۆيدۈم ـ دە ، ھايات ماڭا ئاتا قىلغان بۇ بەختتىن لەززەتلىنىپ ئۆزۈمچە كۈلۈمسىرىدىم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى ، مەن ئەمدى ئۆمۈرۋايەت خاتىرجەممەن ، توسقۇنسىز ئىلـ‍

www.uyghurkitap.com

گىرىلەيمەن ، بەش يىلدا يېزىپ تۈگىتىشكە پىلانلىغان ماقالىلىرىم-
نى ئۈچ يىلدا تۈگىتىمەن . رەھمەت ، گۈزەلئاي ، مېنىڭ ھاياتىمغا
يېڭى مەنە ، يېڭى بۇرۇلۇش ۋە يېڭىچە رەڭ بەرگەن گۈزىلىم ، ساڭا
رەھمەت » دەپ پىچىرلىدىم ۋە ئۈستەل تارتمىسىدىن ئۈچ كۈندىن
بېرى ئوقۇلماي تۇرۇۋاتقان كىتابىمنى قولۇمغا ئالدىم - دە ، ھەم-
مىنى ئۇنتۇدۇم...

لېكىن ، تويىمىز بولۇپ بىر ئايدىن كېيىنلا مەن ھاياتىمدا
بەخت بىلەن بىللە پالاكەتنىڭمۇ ئۆيۈمگە كىرگەنلىكىنى بىلدىم .
بۇ پالاكەت ، مېنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇم بىلەن كىتابلىرىم ئوتتۇ-
رىسىدىكى زىددىيەت ئىدى . كىتابلىرىم — مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل-
لۈك ، ئەزىز بايلىقلىرىم . گۈزەلئاي ئۆي ياسىغان كۈنىلا كىتابلى-
رىمنى بىر ياغاچ ساندۇققا قالايمىقان تاشلاپ ، ئۈستىنى پاكىز
قەغەزلەر بىلەن پېچەتلەپ زالغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ . كىتاب ، كارتا
ۋە قولىيازمىلىرىمسىز بىر ئاينى ئۆتكۈزۈش ماڭا ئازابلىق ، زېرى-
كىشلىك بولدى .

مەن بىر كۈنى ساندۇققا سېلىنغان پېچەتنى بۇزدۇم - دە ،
ئۆي جاھازلىرى قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلگەن كىتاب ئىشكاپىمنى
ئۆيگە ئەكىرىپ ، كىتابلىرىمنى بۇرۇنقى تەرتىپى بىلەن تىزىپ
چىقتىم . بۇ ئىشقا تولۇق يېرىم كۈن ۋاقىت كەتتى . چۈشتە گۈزەل-
ئاي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى - دە ، ئاسقىدىن پەرتۇقى-
نى ئېلىۋېتىپ :

— سەي ئاقلىدىڭىزمۇ ؟ نېمە قىلىۋەتتىڭىز ئۆينى ؟ — دېدى .
ئۇ تويىمىزدىن كېيىن تۇنجى قېتىم خاپا بولدى .

— داداملارنى يولغا سالدۇق ، ئەمدى ئىشلىمىسەم بول-
ماس ، — دەپ كۈلدۈم ئۇنىڭغا قاراپ ، — قىلىدىغان ئىشىم چې-
چىمدىن تولا .

— سىز كىتاب ئوقۇڭ ، مەن ئېغىكىمنى تۇتۇپ ، سىزگە

قاراپ ئولتۇراي ، ماڭا سىزنىڭ چىرايىڭىزلا ئەمەس ، گېپىڭىز ، ناخشىڭىزمۇ لازىم… بىلمەيدۇ دەمسىز ، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئوغرىلىقچە كىتاب ئوقۇۋاتىسىز ، ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرۇۋېلىپ كىتىرلىتىپ يېزىۋاتىسىز . مەن ئەمدى تەرتىپ ئورنىتىمەن : سا- ئەت ئوندىن قالماي ئۇخلايسىز ، كېچىسى چىراغ يېقىشقا رۇخسەت يوق ، ئەتىگەنلىكى مەن ئويغانمىغۇچە ئورنۇڭىزدىن تۇرمايسىز ، كۈندۈزلىرى چۈشتە ئۇخلايسىز ، مەن كەلگۈچە سەي ئاقلاپ ، ئوت يېقىپ ، تەييار قىلىپ تۇرىسىز . يەكشەنبە كۈندىمۇ باشقا ئىش قىلمايسىز . ماركسمۇ يەكشەنبە كۈنى سىرتقا چىقىپ دەم ئالاتتىكەن .

ئۇ ئەركىلەپ تۇرۇپ ، بەختلىك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، شۇ گەپلەرنى دېدى ـ دە ، ئىككى قولىنى بوينۇمغا سېلىپ كۆزۈمگە قارىدى :

— خاپا بولۇۋاتامسىز ؟ خاپا بولمىغان بولسىڭىز ، كېلىڭ ، ماۋۇ كىتاب ئىشكاپىنى زالغا ئاچىقىۋېتەيلى ، سىزنىڭ كىتابىڭىزغا ئوغرى كەلمەس…

— ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ياخشى جايلاشتىمغۇ…

— ماقۇل دەڭە ،— دېدى ئۇ نازلىنىپ تۇرۇپ ،— قاراڭە ، زادىلا ياراشمىدى ، ئۆيىمىزنى تارايتىۋەتتى . كەلگۈسىدە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچكەندە ، مەن سىزگە جايلاشتۇرۇپ بېرىمەن…

— ئاچچىقايلى دەمسىز ! — دېدىم خاپىلىقىمنى يوشۇ- رالماي ،— راستىنى ئېيتسام ، كىتابلىرىم تالادا تۇرسا ، بالام تالادا تۇرغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن…

ئۇ خاپا بولدى ۋە ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ كارىۋاتتا جىم ئولتۇرۇۋالدى . مەن كىتابلىرىمنى رەتلەش بىلەن بولۇپ كەتتىم . بىركەمدە ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

— يىغلاۋاتامسىز ؟ ماقۇل ، ئاچچىقساق ئاچچىقايلى ،— دېدىم. تاماق ئۈستىدە ئۇندىڭ خۇشال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھال ئېيتتىم :

— بىر ئاي بولدى ، ئۆگىنىشىم ياخشى بولمايۋاتىدۇ . «ئالتۇن يارۇق» نى بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قولدىن چىقىرىشىم لازىم ئىدى ، ئەمدى ئالتىنچى ئايغا قالدى . ھېسابلاپ باقسام ، توي قىلىمىز دەپ يەتتە يۈز سوم قەرز بوپتىمىز . بۇ پۇلنى قەلەم ھەققى بىلەن ئۈزمىسەم ، نېمە بىلەن ئۈزىمەن . ئىككىمىزنىڭ مائاشى تامىقىمىزغا ئارانلا يېتىۋاتىدۇ…

— قەلەم ھەققى ؟— دېدى ئۇ ئىشەنمەي ،— سىز پۇل تاپالامسىزا ؟ بولدىلا ، شۇ قەلەم ھەققىڭىزنى كېلەر يىلدىن باشلاپ تاپارسىز . رەقىپكامنىڭ پۇلنى تۆلىمىسەكمۇ بولىدۇ . ئۇ توي قىلىپ قالسا ، لايىقىدا بىر نەرسە قىلىۋېتەرمىز . قالغان پۇللارنىمۇ ھازىر قىستىمىغاندىكىن تۇرۇپ تۇرامدۇ ، سىز پۇلنى ئويلىماڭ ، پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ ، بويتاق ۋاقتىڭىزدىكىدەك كەچكىچە كىتاب ئوقۇيدىغىنىڭىزنى قويۇڭ ، بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن كۈلكە ، ناخشا ، مۇزىكا ئاڭلىنىپلا تۇرىدىغان بولسۇن ، رادىئونى ئېچىپ قويۇڭە…

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم . مېنىڭ تۇرمۇشۇم ، پىلانىم ئۆزگەرمەكتە : ئەتىگەنلىكى يۈگۈرۈشنىڭ ئورنىغا ، گۈزەلئاينىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيمەن ؛ چەت ئەل تىلى يادلاش ئورنىغا ، قەرز ئۈزۈشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ خىيال سۈرىمەن ؛ ماقالە يېزىش ئورنىغا ، گۈزەلئاينىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۆينى سۈرتىمەن ، سەي ئاقلايمەن ، قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيىمەن ، چىلانغان كىرلارنى مۇجۇيمەن تېخى (بۇ كىرلار ھەر كۈنى چىقىپ تۇرىدۇ )… چۈشلۈكى تاماقتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە كارىۋاتتا يەنە ئېغنايمىز… كەچكى تاماقتا رەقىپ بىلەن ئادىلە كىرىپ كېلىدۇ . ئۇلار ھەر كۈنى كەچنى بىزنىڭكىدە ئۆتكۈزىدۇ . رەقىپ گۆش ـ ياغ ،

ئۇن ـ مايلىرىنى ئايانماستىن توشۇپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى بىر بوتۇلكىنى بوشىتىمىز، ئاندىن كېيىن سەيلە ياكى تانسا، ھېچبولمىسا كەچ سائەت ئون ـ ئون بىرلەرگىچە پاراڭ سېلىشىمىز ياكى قارتا ئوينايمىز…

بۇ كۈنلەر گۈزەلئاي ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە لەززەتلىك. مېنىڭ ئۈچۈن بولسا، زېرىكىشلىك ۋە ئازابلىق. چۈنكى، توپا بېسىپ ياتقان كىتابلىرىم، چالا پېتى تۇرغان ماقالە، كارتىلىرىمنى كۆرسەم، خۇددى زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقاندەك ئازابلىنىمەن ۋە: «كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا، بەش يىلدىن كېيىن كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىمەن، گۈزەل ئارزۇلىرىمنى چىرايلىق ئائىلە ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتكەن ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ چىقىمەن. ياق، مەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى قىلاي. گۈزەلئاينى ئىرادەمگە بويسۇندۇراي!» دەپ ئويلايمەن.

تومۇز باشلاندى. دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، سەلكىن شامال بىلەن كىرگەن سېرىن ۋە ئەتىرگۈللەرنىڭ پۇرىقىدىن لەززەتلىنىش قانداق ياخشى. مۇنداق ياز كېچىلىرىنى تالاي ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇ چاغلار ھازىرقىدىن راھەت ئىدى. پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كىتاب ئوقۇيتتۇم ياكى ماقالە يازاتتىم، جىمجىت كېچىدە سىرتقا چىقىپ گۈللەر ئارىسىدا بۈيۈك ئارزۇلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئايلىناتتىم. «ھاياتنى قەدىرلەش كېرەك!— دەپ ئويلايتتىم قويۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ،— مىليون يىللارنى نۇر چېچىش بىلەن ئۆتكۈزگەن يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدىغۇ، مەن نېمىدىم، تۇرخۇندىن پىللىدە قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان سامان ئوتىنىڭ ئۇچقۇنچىلىكمۇ ئۆمرۈم يوق. كائىناتقا، دۇنياغا سېلىشتۇرغاندا، شۇنچىلىكمۇ ئەمەسمەن. مەيلى كۆل بولاي ياكى بۇ دۇنياغا كېچىسى يالتىرىغان فوسفورلۇق چىرىندىچىلىك بولسىمۇ نۇر چېچىپ ئۆچەي، ئىنزاسىز توپىغا ئايلىنىش — ئۆز قەدرىنى بىلگەن ئىنسان ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

پاجىئە . ئىنسان پاجىئەدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى لازىم . سىېنىڭ ھىمايىچىڭ — ھالال ئەمگەك تەرىڭ . ئۇلۇغۋار غايىگە ئىرادە باغلاپ ، شۇ غايىنى ھاياتىڭنىڭ مەنىسى ھېسابلاپ تەر تۆك ، شۇ چاغدا سەكراتتا ياتقاندا قىلىدىغان پۇشايمىنىڭ ئاز بولىدۇ» . مانا بۇ سۆزلەر مېنى روھلاندۇراتتى ، مەن كېچىنى قەدىرلەيتتىم . جىمجىت كېچىنىڭ دەرەخلەر بىلەن ياشنىغان ھاۋاسىنى قېنىپ ـ قېنىپ ئىچىمگە تارتىپ ، كەلگۈسى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيتتىم...

ھازىرچۇ ؟ قېنى ئۇ زوقمەنلىك ؟ ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ ساپ كۆچ مۇھەببەتكە سەرپ قىلىنىپ بولغانمىدۇ ؟ نېمىشقا گۈزەلئاينى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن ، ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ يازما يادىكارلىقلارغا ئىزاھات يازالمايمەن ؟...

گۈزەلئاينىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىدىن ئېھتىيات بىلەن ئاجراپ چىقتىم ـ دە ، پۈتۈمنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ كىتابلىرىمنىڭ يېنىغا كەلدىم . خۇددى باگچۇيداۋدا گۈزەلئاي بىلەن كۆرۈشكەندەك ھاياجان ۋە مۇھەببەت بىلەن ئۇلارنى بىرمۇبىر تۇتۇپ چىقتىم . قولۇمغا كۈندىلىك خاتىرە يېزىلغان بىر دەپتەر چۈشۈپ قالدى . مەن دەپتەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن يېزىلغان يالقۇنلۇق سۆزلەرنى ئوقۇدۇم :

«1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇلۇپ بولغان كىتابلار ، خاتىرە يېزىلغانلىرى ، يېزىلمىغانلىرى ، نۇقتىلىق ئوقۇلغانلىرى ، مۇھىم بەتلەر مەخسۇس بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن جەدۋەل مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . مەن جەدۋەلگە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن رازى بولدۇم ـ دە ، كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنۇلارنى ئىپتىخار بىلەن يازدىم : كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىسەن ؟ مەن ئۆزۈمنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇۋاتىمەن . ئوقۇغان كىتابلىرىم

كېرەكسىز نەرسىلەر ئەمەس . توققۇزىنچى ئايدا ئون كۈن ئەمگەك قىلدىم ، شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇغان كىتابلىرىم سەككىزىنچى ئايدىكىدىن جىق ، يازغان خاتىرە ، كارتىلىرىممۇ جىق . بۈگۈن توققۇزىنچى ئايغا يىگىرمە تۆت . بۇ ئايدا يەنە ئالتە - يەتتە كۈن بار . مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭسام ، ئۆگىنىش پىلانىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولىمەن ! » .

خاتىرىنى يېپىپ قويۇپ كىتابلىرىمغا قارىدىم : مېنىڭ دوستلىرىم — ھەر خىل كىتابلار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشاتتى . پەلسەپەۋى ، سىياسىي كىتابلار ، تارىخىي ۋە قوشۇمچە پايدىلىنىدىغان كىتابلار ، ئەدەبىي كىتابلار رەت - رېتى بىلەن تىزىلغان . ئوقۇپ بولغانلىرىم بىر چەتتە ، ئوقۇغان بولسامۇ ، مەزمۇنىنى تېخى ئۆزلەشتۈرۈپ بولمىغان كىتابلار بىر چەتتە ، گېزىتلەر ۋە ژۇرناللارمۇ رېتى بىلەن قاتلاقلىق تۇراتتى . خاتىرىلىرىم بىلەن كارتىلىرىم بولسا مەخسۇس ياسىتىلغان كىچىك ساندۇقتا تۇراتتى . ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىم ماڭا كايىپ : «قېنى ، مېنى ۋاراقلا ، ھېچبولمىسا بىر بېتىمنى بولسىمۇ ئېچىپ قوي ، بىز ساڭا بىلىم بەرگەن ، سەن بىزنىڭ ۋاراقلىرىمىزدىكى بىلىملەرنى ئۆزۈڭگە ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇۋىدىڭ ، بىز ساڭا سوغۇق ۋە ئارتۇقچە بولۇپ قالدۇقمۇ ؟ بىزنى تاشلىۋەتمە ، ئورنىمىزغا باشقىلارنى تىزىپ قويۇشنى ئويلاۋاتامسەن ، ياق ئۇنداق قىلما ! » دەۋاتقاندەك ؛ ئوقۇلمىغان كىتابلار بولسا : «بىزگە قاچان نۆۋەت كېلىدۇ ؟ ئالدىرا يىگىت ، ئۆمرۈڭ باغلاقلىق موزاي ئەمەس ، ئېرىقتىكى ئېقىن سۇ ، ياشلىقىڭنى قەدىرلە ! » دەۋاتقاندەك ؛ يەنە بىرقانچە كىتابلىرىم بولسا : «بىزنى ئوقۇدۇڭ ، لېكىن ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىدىڭ . قۇرلىرىمىزنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويدۇڭ ، بەتلىرىمىزگە قەغەز پارچىلىرىنى قىستۇرۇپ قويدۇڭ ، خاتىرەڭگە كۆچۈرەمسەن ياكى باشقىلارغا كۆر-

ستىش ئۇچۇنلا شۇنداق قىلىپ يۈرەمسەن؟ يىگىت، بىزنى ئوقۇغاندىكىن، ئەمدى ئۆزلەشتۇرۇۋال. بىزمۇ ۋاراقلىنىش ۋە سىزىلىشتىن بالدۇرراق قۇتۇلايلى. بەت ۋە قۇرلاردىكى بىلىملەر، سىنىڭ قەلىمىڭ ياكى تىلىڭ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىللىرىغا قۇيۇلسۇن. ئالدىرا، بىزنى يېرىم - يارتا ئوقۇپ قويۇپ بولدى قىلما!» دەۋاتقاندەك؛ شېئىر توپلاملىرى، يىلنامىلەرمۇ: «بىزنى يادلىۋال!» دەپ چۇقان - سۈرەن سېلىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى... كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەدۋىلىمگە قارىدىم. ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىش ۋاقتىم كۈنىگە ئون سائەت قىلىپ بەلگىلەنگەن. يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرغان كۈنلەر، سەھەر تۇرۇۋالىدىغان كۈنلەر ئون سائەتنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ جىددىيلىكنى بوشاشتۇرغىلى بولسۇن. مەن سالامەتلىكىمنى ئاسرايمەن، تەنھەرىكەت قىلىمەن، شاھمات ئوينايمەن، دۇتار چالىمەن، ياخشى ئوزۇقلىنىمەن، باشقا ھەۋەسلەردىن ئۆزۈمنى تارتالايمەن، لېكىن ئۆگىنىش - يېزىش، مېنىڭ ھاياتىم بىلەن باراۋەر! سالامەتلىك جان ئۈچۈن خىزمەت قىلىندۇ، جان بولسا غايە ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇغۇ...

شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا غەيرەتلەندىم - دە، ئۈستىلىمگە مۈكچەيدىم. مۈكچەيدىم - دە، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان گۈزەلئايىنىمۇ، چىرايلىق ئۆيۈمىنىمۇ ئۇنتۇدۇم...

... ئون كۈن شۇنداق ئۆتتى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئىشتىھاسىزلىق مېنى قاتتىق جۇدەتتى، تېرىككەك، كەم سۆز بولۇپ قالدىم. بىر نەرسە «تىرىق» قىلسىلا تېرىكىمەن، لېكىن گۈزەلئايغا تولىمۇ سەۋر - تاقەت ۋە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. مەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، گۈزەلئاي كىرىدۇ - دە: «نېمانچە تاتىرىپ كەتتىڭىز؟» دەيدۇ. مەن قاتتىق

چۆچۈيمەن ، تىترىكىمەن ، لېكىن زورىغا كۈلۈمسىرەيمەن : «مىجەزىم يوق··· » .

«دوختۇر سىزدىن كېسەل تاپالمىغانتىغۇ ؟ ياكى بىرەرىگە··· » .

مەن چىراي ئۆزگەرتىمەن . ئۇ : «ئاشىق» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ ـ دە ، خاپا بولۇپ كارىۋاتتا دۇم يېتىۋالىدۇ . مەن ئۇنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىمەن .

مەن ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ، قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالدىم . لېكىن ، بۇنىڭ بەدىلىگە مەن «ئابدىلەرگە قىسقىچە ئىزاھات» يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا لى لاۋشىغا بەردىم .

بۈگۈن گۈزەلئاي روھلانغان هالدا كىرىپ كەلدى ـ دە ، دوختۇرنىڭ قەغىزىنى ئالدىمغا قويۇپ ، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى . مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ :

— مۇبارەك بولسۇن ، ئەمدى پەرزەنتىمىزگە ئىسىم تېپىشىم كېرەك !— دېدىم .

— ئوغۇل··· — دېدى ئۇ چوغدەك قىزارغان يۈزىنى كەينىمگە يوشۇرۇپ···

شۇ كۈنى مەن هاشىرغا خەت يازدىم :

«سالام ، هاشىر ، ساڭا گۈزەلئايدىن ئالاهىدە سالام . ئۇ سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ، ساڭا كۆرسەتمىگەن خۇش چىرايىنى ئەمدى كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . بىلەمسەن ، ئۇ يالغۇز مېنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىملا ئەمەس ، يەنە يەتتە ئايدىن كېيىن يورۇق دۇنيانى نۇرلۇق كۆزى بىلەن كۆزىتىدىغان ئوغلۇمنىڭ ئانىسى . ‹قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ئانا بولغانلىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دا، ‹‹بۇ كىمنىڭ شېئىرى، بىلەمسەن؟[1] مەن ئۇنىڭ ئانا بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. بۇنىڭ شەرىپىگە تۆت كىشىلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرىمەن. زىياپەتتە سېنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاۋۋال قەدەھ كۆتۈرىمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ تۇغۇلغۇسى ئوغلۇم ئۈچۈن ھەممىدىنمۇ قالتىس خۇشال بولىسەن. راستىمۇ؟ گۈزەلئاينى ‹‹بۇرژۇي›› دەۋەرمىگىن. ئۇ ھازىر بىر ئۆينى پىرقىرىتىپ تۇتۇۋاتىدۇ، دېمەك ئەمگەكچى...››

— قالغىنىنى ئاخشاملىقتا يېزىڭ! — دېدى گۈزەلئاي بويىنۇمغا كەينى تەرىپىمدىن گىرە سېلىپ ۋە كۆكرىكىنى بېشىمغا قويۇپ تۇرۇپ، — يۇرۇڭ، بىللە چۆچۈرە تۈگىمىز...

بىز بوجا گۆشلەردىن قىلىنغان قىيمىنى چىمدىپ ئېلىپ چۆچۈرە تۈگۈۋېتىپ، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

كەچكى تۆت كىشىلىك زىياپىتىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى. رەقىپ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىچتى ۋە مەست بولۇپ قالدى. ئۇ ھەدىسىلا گۈزەلئاينى تانسىغا تارتىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئىككى رومكا ئىچىپ ئاجىزلاشقان بەدىنىمنى زەھەرلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا غەزەپلەندىم ـ دە، ئادىلەگە پىچىرلاپ:

— بىر ئامال قىلىپ بۇنى ئېلىپ كېتىڭە، مېنىڭ مىڭەم ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدىم. لېكىن ئادىلەنىڭ قايتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەقىپ قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى ـ دە، ماڭا قاراپ:

— سەن ئەمدى مېنى قوغلايدىغان بولدۇڭ، مەن ساڭا ياخشى بولالمىدىم. لېكىن مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ ئۆينىڭ بىر ئەزاسى ھې-

[1] شىپاچىۋنىڭ شېئىرىدىن.

سابلايمەن، راستمۇ گۈزەلئاي، ئېيتىڭە، ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىڭە، مەن سىلەرگە ئاز ياخشىلىق قىلدىممۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ئۆمۈرۋايەت…

— ياخشىلىقىڭىزنى بىلگۈچىلىكىمىز بار، رەقىپكا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ئەلانىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، قارىڭە، قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالدى…

— سالامەتلىكى ياخشى!— دېدى رەقىپ گۈزەلئاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ،— سىز بىلمىگەن بىلەن مەن بىلىمەن. ئۇ كېچىسى سىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ماقالە يازىدۇ. نەچچە قېتىم كېچىسى سائەت ئۈچ ـ تۆتلەردە ئەلانىڭ ئۇستەلدە مۈكچىيىپ ئىشلەۋاتقىننى كۆردۈم، يېقىندا ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە پۈتتۈردى، قاچانلاردا يازدى بىلەمسىز؟

گۈزەلئاي ماڭا گۇمان، ئاغرىنىش ۋە ھېسداشلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئۇ قاراشتىن مەن: «مېنى ئالدىدىڭىز ـ ھە؟» دېگەن مەنىنى چۈشىنىپ، يەرگە قارىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ رەقىپكە بولغان كونا غەزەپلىرىم يەنە قوزغالدى. ئۇ تېخىچىلا مېنىڭ ئايالىمنىڭ پېيىدا ئىكەن، مەن بۇنى بىلدىم ۋە بىلگەن كۈنۈملا گۈزەلئايغا مەسلىھەت سالدىم:

— ئۆي جابدۇقىنى سېتىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتەيلى، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى تارتايلى…

— ماڭا ئىشەنمەمسىزا؟— دېدى ئۇ تامدەك تاتىرىپ،— ئۇ نېمە قىلسىمۇ قىلسۇن، مەن ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنى سالمايمەن، ئۇنى سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن.

— قەرز بولغاندىكىن، تىلىمىز قىسقا بولىدىكەن ئەمەسمۇ…

— قەرزنى تۆلەيمىز، يولسىزلىق قىلسا، كاچىتىغا يەيدۇ…

مەن رەقىپكە قاپاق ئاچمايدىغان بولۇۋالدىم، لېكىن گۈزەلئاي يەنىلا ئۇنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇنى تاماقىا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ قالاتتى . بەزىدە ئۇلار ئۇچى تانىسىغا ياكى كىنوغا بىللە كېتىشەتتى . گۈزەلئايىنى ئۇلار ئەكېلىپ قويۇشاتتى ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن گۈزەلئاي ماڭا غوتۇلدايتتى :

— ۋاي - ۋۇي ، كىتابىڭىزدىن تويدىغۇ كىشى . رەقىپكاملارمۇ سىزچىلىك كىتاب ئوقۇمايلا ئۆسۈۋاتىدىغۇ ، خىزمىتى جايىدا ، ئۆيۈن - تاماشىسىمۇ ئۆز يولىدا ، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ماڭىمۇ ئۆيۈن - كۈلكە خۇشياقمايدىغان بولىدۇ ، شۇ چاغدا كېچىچە ئىشلىسىڭىزمۇ مەيلى دەيتتىم . لېكىن ، ھازىر…

— لېكىن ، ھازىر قىلىدىغان ئىشىم چېچىمدىن تولا تۇرسا ، پىلانلىرىم ئورۇندالمايۋاتسا…

— بىرى سىزنى ئورۇنلىمىدىڭ دەپ كۆزىڭىزگە كىرىۋالدىمۇ ؟

— ۋىجدانىم ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ . ئىچىمدە بىر ئوت بار ، جېنىم…

— ئۇنداق ئادەم ئۆي تۇتمىسىڭىز بولمايتتىمۇ ؟…

ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى . مەن يەنە ئۇنى بەزلەشكە يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلدىم .

مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلەم رەقىپىنىڭ يولىنى توسقان چېغى ، ئۇنىڭ قەدىمى ئازايدى ، پەقەت مەست بولۇۋالسىلا بىزنىڭكىگە كېلەتتى ، بەزى كۈنلىرى كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ ئۇخلاپمۇ قالاتتى ، بەزىدە بولسا ، يېرىم كېچىگىچە مېنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلاتتى - دە ، خاپا بولۇپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كېتەتتى . ئۇ نېمە باھانىلەر بىلەن كەلمىسۇن ، مەن ئۇنىڭ ئاياللىنى چۆرگىلەپ يۈرگىنىنى ئوپئوچۇق بىلىپ تۇرىمەن .

ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، بىز شىنجاڭغا بېرىشقا تەييارلىق قىلدۇق . مانا ئەمدى ماڭىمىز دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مېنى كادىرلار بۆلۈمىگە چاقىرتتى .

— خوش ، تويىنىڭ شېرىن ئېيىمۇ تۈگىدى ،— دېدى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئېگىز بويلۇق كېچاكى كۆزۈمىنىڭ ئىچىگە قاراپ ،— ئەمدى گەننەنگە بېرىپ يىگىرمە كۈن ئەمگەك قىلىپ كېلىڭ . كادىرلار نۆۋەت بىلەن بېرىۋاتىدۇ . ئەمدىكى نۆۋەت سىزگە ، سىلەرنىڭ كافېدرادىن دۆەن جياۋشۇ ئىككىڭلار بارىسىلەر .

— مەن توققۇزىنچى ئايدىن كېيىن بارسام قانداق ؟

— ئۇ چاغدا سىز قىلغۇدەك ئىش قالمايدۇ ، هازىر ياڭيۇغا توپا يۆلەيسىلەر .

— مەن شىنجاڭغا بېرىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغان .

— سەككىزىنچى ئايدا بېرىڭ ، توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلىڭ ، سىزگە ئېتىبار بېرەيلى .

— نېمىشقا بويىنى قاتتىقلىق قىلىسىز ،— دېدى گۈزەلئاي كۆزىگە ياش ئېلىپ ، مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ ،— رەقىپكامغا يالۋۇرۇڭ ، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ ، سىزنى ئەمگەكتىن قالدۇرالايدۇ .

مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ دېدىم :

— ئۇنىڭغا يالۋۇرمايمەن ، ئۇنىڭ تەپتىدە تەرلىگىنىمدىن ، تاشنىڭ كامېرىدا توڭلاپ قالغىنىم راھەت . بىلەمسىز ، قىرغىزلارنىڭ : «ئەر كېرەك ، ئەردەك كېرەك ، بۇرغىسى تۇتقان ناردەك كېرەك . قۇرغۇيەك سايىسىدە جان باققۇچە ، بوز لاچىن چاڭگىلىدا ئۆلمەك كېرەك» دېگەن داڭلىق قوشىقى بار . يىگىرمە كۈن چىداڭ ، دۆەن جياۋشۇمۇ بارغۇ ، بەلكى ماڭا ئېتىبار قىلار . يىگىرمە كۈن دېگەن نېمە ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە توشۇپ كېتىدۇ . ماجۇرىنىڭ ئانىسى بىلەن ئايالىغا تاپىلاپ قويىمەن ، سىزگە ياردەم قىلىدۇ . بوپتۇ ، بېرىپ كېلەي .

— ئادىلەنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋالىمەن .

— ياق ، ئۇنداق قىلماڭ ، رەقىپتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ .

ئادىلە كۆچۈپ كەلسە، رەقىپ بۇ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىز سەھەرلەپ يولغا چىقتۇق. گۈزەلـ.ئاي ئۆيدىن خوشلىشىپ چىقىشىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— كالىندارغا ھەر كۈنى بىرنى سىجايمەن، يىگىرمە سىزىق بولغان كۈنى كەچ كىرگۈچە دەرۋازا ئالدىدا — شىپاڭدا يولىڭىزغا قاراپ ئولتۇرىمەن!— دېدى.

مەن ماگاردا كىتابلىرىمدىن بىرنەچچىنى ئېلىۋالغاندىم، مانا ھازىر چاققان تېگىلگان يۈك ـ تاقلىرىم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۈستى بىرېزېنت بىلەن يېپىلغان قارا ماشىنىدا كېتىۋاتىمەن. مەن تېزرەك قايتىپ كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلىۋاتقان لەن.جۇ شەھىرى، بارغانسېرى مېنىڭدىن يىراقتا قالماقتا.

يېشىل چاتقاللىق تۆپىلىكلەرگە تولغىماچ يوللار بىلەن يامى.شىش، چۈشكە يېقىن سىپىل يېنىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئاشخانىدا چۈش بىلەن تالىشىپ تاماق يېيىشىۋاتقان، قەھەتچىلىك ئازابىدىن ئىنسانىي مېھماندوستلۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئادەملەرنى ئاچ ھالدا كۆرۈپ تۇرۇش، ئاندىن كېيىن ئۈماچتەك قويۇق ئېقىنى بىلەن قورقۇنچلۇق دولقۇن ياساپ، بىز چۈشۈۋالغان كېمىنى جەنۇ.بىي قىرغاققا ئىتتىرىۋاتقان تاۋخې دەرياسىغا قاراپ تۇرۇش، تۇ.تاش، لېكىن نامرات يېزىلار، تاشلىق، ئۇنۇمسىز تۆپىلىكلەر...مېنىڭدە نە زوق، نە زېرىكىش ھېسسى قوزغىمىدى. خىيالىم گۈزەلئاي بىلەن، مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندۇ، چۈشتە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى رەقىپ بىلەن ئادىلە كىرگەندۇ، مېنىڭ گۇمانخور كۆزلىرىمدىن قۇتۇلغان رەقىپ شەھۋەتخور، خۇپسەن كۆزلىرى بىلەن گۈزەلئايغا قانغۇچە قارىۋالغاندۇ، بەلكى ئۆز مەردلىكى ۋە دوستلۇق ساداقىتى.نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىككى قىزنى ئېلىپ ئالىي ئاشخانىلارغا

ئېلىپ بارغاندۇ ، مەست بولۇۋېلىپ بەلكى گۈزەلئاينى قولتۇقلاپ-
مۇۋالغاندۇ…
قاراڭغۇ چۈشكەندە لىنشا شەھىرىنىڭ پەشتاقلىق سېپىلىدىن
كىرىپ باردۇق - دە ، ئادىمى شالاڭ كوچىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆ-
تۈپ ، ئىككى قەۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق .
ئاخشىمىلا مەن گۈزەلئايغا خەت يازدىم :

«سالام ، مېنىڭ قىممەتلىكىم ! ئىشتىھايىم تېخىمۇ ئا-
زايدى ، سىزنىڭ قولىڭىزدا پىشقان سامسىلارنى ئاغزىمغا سې-
لىپ قويىمەن ، لېكىن ھېچ نەرسە يېگۇم كەلمەيدۇ… مەن
كۆرگەن ناھىيىلەردە ۋە مۇنۇ ئوبلاست مەركىزىدە قەھەتچى-
لىك بوراندەك ھۇۋلاپ ، بۇلۇڭ - بۇلۇڭلاردا قىدىرىپ يۈرى-
دۇ . بۇ يەرنىڭ مەخسۇسلا كەندىر تېرىلىدىغان بىر كوچىسى-
دىن ئۆتتۇق . بۇرنۇمغا گۈپپىدە كەندىر پۇرىقى ئۇرۇلدى .
كوچا تۇزۇلۇشى غۇلجا شەھىرىنىڭ تەختىيۇن مەھەللىسىگە
ئوخشايدۇ ، لېكىن كەندىر پۇرىقى ماڭا قۇم ئارىشاڭ يولىدىكى
ئەمەنلىكنى ئەسلەتتى . يادىڭىزدا بارمۇ ، مەن كىچىك ۋاقتىم-
دا موللامدىن قېچىپ ئەمەنلىكتە ئۇخلاپ قالغىنىمنى سىزگە
ھېكايە قىلىپ بەرگەندە ، سىز ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ يىغ-
لاپ كەتكەنىدىڭىز… بۇ يىغىڭىز شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە سەمى-
مىي ئىدى . مەن كۆزلىرىڭىز ئارقىلىق ئېقىپ چىققان يۈرەك
سۈيىڭىزنى ئالىقانلىرىم بىلەن سۈرتكەن ، بۇ ئىش باغچۇيداۋ
دەم ئېلىش ئورنىدا بولغانىدى… مانا بۈگۈنمۇ سىزنىڭ ئۈنچى-
دەك ياشلار مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئاشۇ ئوماق كۆزلىرىڭىز
ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ . قاچان كۆرۈشىمىز ؟ مەن ئۈچۈن
ناتونۇش ۋە سىرلىق بولغان زاڭزۇ يايلىقىدا نېمىلەرگە ئۇچ-
رارمەن ؟ مەن ناھايىتى كۆڭۈلسىز ۋە بىئارام بولۇپ كېتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

بارىمەن . ماشىنىدىكىلەردىن بىرى : «بىلەمسىلەر؟ ئىككى خىل ئادەملەر كېتىۋاتىمىز . بىرلىرى قىزىل ، بىرلىرى قارىلار . بەلكىم قىزىللار يېگىرمە كۈندە قايتار ، لېكىن قارىلار ئۈچ يىلسىز قايتمىغۇدەك» دېدى . ناۋادا مەن شۇ قارىلار قاتارىدا بولۇپ قالسامچۇ ؟ مەن ھەر خىل ئېھتىماللارنى ئويلاۋاتىمەن . دۆەن جياۋشۇمۇ مېنىڭ گۇمانىمغا قوشۇلدى ، چۈنكى كەلگۈچىلەرنىڭ بىر قىسمىغا قىشلىق كىيىم ئالغۇزغان ، بىر قىسمىغا ئالغۇزمىغان . ئۆزىڭىز بىلىسىز ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئادىمى ماڭا : «تۆيۈقسىز سوغۇق بولىدۇ ، پاختىلىق چاپان ، ئۆتۈك ، قولاقچا ئالغىن» دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى ، سىزمۇ مېنى ئاياپ بۇ نەرسىلەرنى ئالغۇزدىڭىز . دۆەن جياۋشۇنىڭ ئېيتىشىچە ، تارىخىي مەسىلىسى بارلارنىڭ ھەممىسىگىلا شۇنداق ئۇقتۇرۇپتۇ . ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىغا گەپمۇ قىلماپتۇ ، يالغۇز مەنلا مەسىلىسى بارلار قاتارىدا قوراللىنىپتىمەن… بۇ ئىش مېنى گۇمانغا سېلىۋاتىدۇ . سىزدىن قايتا ـ قايتىلاپ تىلەيدىغىنىم ، رەقىپتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ… كېلەر ئايلىق مائاشىمدىن يېگىرمە سومنى بانكىغا قويۇڭ ، قولىڭىزغا ئوتتۇز بەش سومدەك تېگىدۇ . ماڭا ئون بەش سوم ئەۋەتسىڭىز يېتىدۇ . قالغان يېگىرمە سومنى ئۆز مائاشىڭىزغا قوشۇپ ئۆزىڭىزنى كۆتۈشكە سەرپ قىلىڭ . ھەرگىزمۇ رەقىپنىڭ سوۋغىلىرىغا تەلمۈرمەڭ…» .

خەتنى ئەتىسى شياخې ناھىيىسىدە قونغاندا يەنە داۋاملاشتۇردۇم :

«شياخې ناھىيىسى ، شياخې دەرياسىنىڭ بويىدا . ئوڭ

تەرەپ جەينەك چوققىلىق تاغ ، سول تەرەپ يېيىلاڭغۇ دەريا ، بۇ يەر مۇنداق قارىماققا موڭغۇلكۈرەنىڭ كۆكسۇ بويىغا ئوخ- شايدۇ ، لېكىن قارلىق چوققىلار بىلەن بۇك قارىغايلار يوق . يەنە بىر قارىسا ، غۇلجا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى جىرغىلاڭغا ئوخشايدۇ ، لېكىن بۇ يەرنىڭ تاغلىرى ئېگىز ، دەرياسى كى- چىك . ئىككى قەۋەتلىك مېھمانخانىسىنىڭ ئۆيلىرى قارىماققا غۇلجىدىكى ھاپىز ھاجىنىڭ سارىيىغا ئوخشايدۇ ، لېكىن بۇ يەردە ساماۋار ۋە ۋارقىراپ تۇرغان مانتىپەزلەرنىڭ ئاۋازى يوق . يەنە بىر قارىماققا ، تيەنجىننىڭ قالايمىقان بازىرىدىكى «نەنشى مېھمانخانىسى »غا ئوخشايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭدەك ھە- شەمەتلىك ئەمەس... نېمىشقا كۆكسۇ بويى ، ھاپىز ھاجىنىڭ سارىيىنى ئەسلىتىمەن ؟ چۈنكى ، سىزنىڭ ئۇ يەرلەردە يۈر- گەنلىكىڭىز مېنىڭ ئېسىمدە . سىز ئۇ يەرلەر توغرىسىدا قى- زىق ھېكايىلەرنى ئېيتقانىدىڭىز ، «نەنشى مېھمانخانىسى »دا بولسا ، بىز بىر كۈننى بىللە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن... يول بويى كۆرگەنلىرىم ئىچىدە ئىككىمىزگە مۇناسىۋەتلىك نەرسى- لەرلا مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىماقتا . بىزگە مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر خۇددى مەنىسىز خىيالدەك ئېسىمدىن تېزلا كۆتۈ- رۈلمەكتە . مەسىلەن ، ئۈچ مىڭ لاما ياشايدىغان لابلۇك بۇتخا- نىسى بۇ يەردىكى ئەڭ كاتتا ئورۇن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ھەيۋەتلىك قورۇقى ، قورام تاشلاردىن يا- سالغان ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك سۈر رەڭ بىنالىرى ، ئۈزۈن قوڭۇر چاپانلارغا يۆگىنىۋالغان ، بېشى پاكىز قىرىلغان ، چىرايى سۇرلۇك لامالار مېنىڭ ھېچ دىققىتىمنى قوزغى- يالمىدى... دېمەك ، بۇ ئەھۋالدىن مېنىڭ سىزنىلا ئويلايدىغان- لىقىمنى ، سىزگە شۇنچىلىك جىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلىۋات- قىنىمنى بىلسىڭىز بولىدۇ . تىلىكىم يەنە شۇ بىرلا — كىچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇكۇندۇز مىنىدىلا ئويلاڭ ، مىنى ئەندىشىدىگە سالىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ… » .

ئەتىسى يېشىل تۆپىلىكلەر ئارىسىدا شىمالغا قاراپ ئۆزاق ماڭدۇق . بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ، پاكار چاتقاللار بىلەن چۈمكىلىپ كەتكەن تۆپىلىكلەر ، خۇددى قولدىن قولغا ئۆتۈۋاتقان بىر خىل تاۋۇزدەك ئالدىمدىن تېز ۋە تەكرار ئۆتمەكتە . ناگان ـ ناگاندا تام ئۆيلەر ياكى كىگىز ئۆيلەر ئۇچرايدۇ ـ دە ، ئۇ ئۆيلەردىن يالىڭاچ ، بۇدۇر چاچلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن باللار ، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى ساپماي ساڭگىلىتىپ ، ئالدى تەرىپىنى ئوچۇق قويۇشقان ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، گەننەن يايلىقىنىڭ ئاچچىق شامىلىدا قارىدىغان يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، چۈشىنىكسىز تىللار بىلەن ۋارقىرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ دىقماق ، يۈگلۈق ئىتلىرى خۇددى ماشىنىنى بوغۇۋېتىدىغاندەك ئەسەبىيلىك بىلەن ماشىنىغا ئېسىلىپ ھاۋشىيدۇ…

يايلاقنىڭ كۆل رەڭ ـ قوڭۇر تويىسىغا ئوبدان مىلىشىپ ، چۈشتىن كېيىن گەنجا يايلىقىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە بىزنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىمىز جايلاشقان كونا بۇتخانا ئالدىدا توختىدۇق . مەن شوپۇردىن سورىدىم :

— قاچان قايتىمىز ؟

— ئەتە ياكى ئۆگۈن .

— خېتىم بار ، ئالغاچ كېتەمسىز ؟

— بولىدۇ .

مەن خېتىمنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردۇم :

… «قاراڭغۇ ، تورۇسلىرى ئىسلاشقان كونا بۇتخانىنىڭ كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭىدىن ماڭا ئورۇن تەگدى ،

ئاستىمغا يۇمشاق كوكاتلارنى سېلىپ ، قارامتۇل خىش ئۇستىگە ئورۇن سېلىۋالدىم . كەلگەن كۈنىمىزلا تۆپىلىككە چىقىپ ياڭيۇغا توپا يۆلەشكە كىرىشتۇق . بىرىنچى كۈنى كۆڭۈللۈك بولدى ، چۈنكى ھەممىلا نەرسە ماڭا يېڭى : ياپيېشىل يايلاقمۇ ، قويچى قىزچاقنىڭ يېشىل قىرغاقتا تۇرۇپ تايىقنى پىرقىرىتىپ سوزۇپ ، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشىمۇ ، ئەتراپتىكى قالايمىقان ، كۆرۈمسىز ئۆيلەردىن چىقىشقان يېرىم — يالىڭاچ ئاياللارنىڭ بىزگە ئالدىيىپ قاراپ : «مىشگى ! »① دېيىشلىرىمۇ ، قوتازلارنىڭ يۇڭلۇق قۇيرۇقلىرىنى تىك قىلىشىپ ئوقرۇقلاپ قېچىشلىرىمۇ ، جەنۇبتىكى سۇت رەڭ ، يۇپقا تۇمان ئارىسىدا قارامتۇل يېشىل كۆرۈنگەن تاغنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى چىراي ئېچىشىمۇ ، ھەتتا تۆۋەندە ئاستا ئاقىدىغان تىنىق سۇدىكى ئۇششاق بېلىقلارنىڭ ئادەمنىڭ پۇتىنى ئەيمەنمەستىن چىشلەپ بېقىشىمۇ… ھەممىسىلا يېڭى . لېكىن ، سائەت يەتتىدىن ئۆتۈش بىلەن بۇتخانىنىڭ قىزىل دەرۋازىسى ئېتىلدى . پاناق ، چىشاڭ ، ھىجايغاق چاڭجاڭ كۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— بۇ يەرلەر خاتىرجەم ئەمەس ، توپىلاڭ يېڭىلا تىنجىتىلدى ، تاغلاردا ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بار . ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرىمىز ، ئەمما بالدۇر ياتىمىز ، ئون سائەت ئۇخلاشقىمۇ رۇخسەت !

بىر تال شام تېزلا كۆيۈپ بولدى ، دۈملەنگەن قازاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە توپتوغرا ئون ئىككى سائەتنى خىيال ۋە چالا ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزدۈم . كىتاب ئوقۇشقا بولسىمغۇ كاشكى… خىيالمۇ بىر بايلىق ، بىر كىتاب ، لېكىن ماڭا

① يامان دېگەن مەنىدە .

ئوخشاش كىتاب ، تەھلىل ، پىكىر ۋە مۇھەببەت بىلەن كۆن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم ئۇچۇن ، بۇ بىر ئازاب . بىلمىدىم ، بۇ ئازاب قاچانغىچە داۋام قىلاركىنتاڭ !… ئەتىگەنلىكى كۆپچىلىك «سويۇزاڭبا»[①] بىلەن غىزالاندى ، بۇ ئارپا تالقىنىنى سىرىقماي بىلەن كۆملاچ قىلىپ يەيدىغان تاماق ئىكەن . مەنمۇ ئىغىز تەگدىم ، لېكىن ئاچ قورساقلا ئەمگەك قىلىشقا ماڭدىم . ئاش ۋاقتى بىلەن سوغىدىن بىر چىنە قىتىق ئېلىپ ئىچىۋىدىم ، چاڭجاڭ نارازى بولدى :

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— ئەلا .

— ئەلا ، ھىم ، تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىنغۇ ـ ھە ؟ سەن ياخشى ئىشلە ، بۇ يەر ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى پايدىلىق . ‹كىتاب ئوقۇشقا شارائىت يوق › دەپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان سەنغۇ ؟ كىتابنى قايتىپ بېرىپ ئوقۇۋال ، بۇ يەردە ئىككىلا ئىش بار : بىرى ئەمگەك ، بىرى ئۇخلاش . يامغۇر ياغقان كۈنلىرى سىياسىي ئۆگىنىش بولىدۇ ياكى تۇرمۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ . تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، كۈرەش ـ يىپەن يىغىنلىرىمۇ بولىدۇ . قانداق ، ياخشىمىكەن ؟

— كىتاب ئوقۇشقا شارائىت بولمىسا قانداقسىگە ياخشى بولاتتى ؟

ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشتى :

— ياخشى ئەمەسما ، ئەمىسە ؟

— ياخشى ئەمەس . ئۇن ئىككى سائەتنى قاراڭغۇ بۇتخاندا خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈش ياخشىمىدى ، ئەمىسە ؟ مەن كى-

① زاڭزۇ تامىقى .

تابسىز بىر كۇنمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالمايمەن .
— ئەمگەك قىلماي ، تەييار ناننى يەپ يۈز يىل ياشاشقىمۇ تەييارغۇ دەيمەن ؟ خىيال بىلەن دېگىنىنى ، سېنىڭ نېمىنى خىيال قىلىدىغىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ شىنجاڭدىكى شېرىكلىرىڭمۇ قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپ ، ساڭا ئوخشاش خىيال بىلەن كۇنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ !
مەن ئۇنىڭ قوپال ۋە بىمەنە گەپلىرىگە چىدىمىدىم :
— سەن تولا ۋالاقلىما ، مەن سېنىڭ چارۋا مەيدانىڭدا ئوتلاۋاتقان قوتاز ئەمەسمەن . بىلىپ قوي ، مەنمۇ ئەمگەكچى ، خەلققە مەنىۋى بايلىق يارىتىش ئۈچۈن كېچەيۈكۇندۈز باش قاتۇرۇۋاتقان ئەمگەكچىمەن . مېنىڭ قايسى شېرىكلىرىمنى بىلەتتىڭ ؟
— سەكرىمە !— دېدى ئۇ ماڭا قوللىرىنى شىلتىپ ، — سېنى ۋە سېنىڭ ساۋۇتوف ـ پاۋۇتوفلىرىڭنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانمەن . كېلەر ـ كەلمەيلا ئۇنىسى يامان ، بۇنىسى يامان دەيسىنا ، يامىنىنى ئەمدى كۆرسەن تېخى ، ماڭ يۈ-گۈر ، بېرىپ ئەمگەك قىل ، ۋاقىت ئۆزۈن ، سېنىڭ بىلەن ئازادە سۆزلىشۋالىمىز تېخى !...
جېنىم گۈزەلئاي ، مېنى پاجىئە ۋە كۆڭۈلسىزلىك كۇ-تۈپ تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ . دۈەن جياۋشۇغا بۇ ئەھۋالنى دېۋى-دىم ، دۈەن جياۋشۇ : «بىز سۈرگۈن قىلىنغانلار ئوخشايمىز . ساۋۇتوفقا سىزنى كىم چاتىدۇ ، ئەلۋەتتە ، رەقىپ . سىز ئۇ-نىڭغا ساۋۇتوف توغرىسىدا ئېيتقانمۇ ، ھە ، ئۇنداق بولسا چۈشىنىشلىك : كادىرلار بۆلۈمىمۇ ، ھېلىقى گاۋ فۇشۇجىمۇ بۇ ماتېرىيالدىن خەۋەردار . ئۇ ماتېرىيالدا ، جەزمەنكى سىز-نىڭ ساۋۇتوف بىلەن سىياسىي ئالاقىڭىز بارلىقى ئىسپاتلان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ، هازىر بۇ ئىش تەكشۈرۈلۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سىزنى ئەيىبلەيدۇ ، قارىلىيالمايدۇ ، چۈنكى سىزنىڭ قەلبىڭىز ساپ . پارتىيە ئادىل ، بىز شۇنىڭغىلا ئىشەنسەك بولىدۇ ، دېدى . شۇنداق ، بۇنىڭدا شۈبھە يوق ، دېدىم مەنمۇ ئىشەنچ بىلەن .

... گۈزەلئاي ، جېنىم ، روھسىزلانماڭ ، بىلدىڭىزمۇ ، ئەمدى مەسىلە چۈشىنىشلىك ، ماڭا غەيرەت ، سەۋر ـ تاقەت ۋە سالامەتلىك تىلەڭ !

سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزنى قىزغىن سۆيۈپ : ئەلا .
1961 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى »

مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىنىمنى چۈشەندىم ، شۇڭا يېڭىچە تۇرمۇشقا ئادەتلىنىشنىڭ ، قېيىن شارائىتتىمۇ كۆ-ڭۈللۈك ، غايىلىك ياشاشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتىمەن . مەن هازىر كەم سۆز ، خىيالچان . يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك هاۋادا بۇتخانا ئارقىسىدىكى تۆپىلىككە چىقىپ ، مەخمەلدەك يۇمشاق چۆپ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ «چىۋ ـ چىۋ» قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان تورغايغا ، تاغ باغرىدا قانىتىنى سوزۇپ ئۈچۈپ يۈرگەن بۈركۈتكە ، يايلاقنىڭ يېشىل باغرىدىكى ئاق قويلارغا ئۆزىنى تەقلىد قىلىپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە توپلاشقان پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلارغا قاراپ خىيال سۈرىمەن . خىيالىمدا كەلگۈسى گۈزەل هايات بىلەن قۇچاق-لىشىمەن ، ئۆزۈمنىڭ خەلققە بېرىدىغان مېۋەمنىڭ شىرنىسىنى تامشىپ ئۇزاققىچە ياتىمەن ۋە ئاخىر يېنىكلەپ ، خۇشخۇي ناخشام بىلەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن ، چۈنكى ئۇيغۇر ناخشىسى غەملىك يى-گىتلىرىنىڭ سىردىشى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئانلىق مېهرى بىلەن ساڭا تەسەللى ۋە كۈچ بېرىدۇ...

## 3

يىگىرمە ئۈچ كۈن بولغاندا لەنجۇدىن ماشىنا كەلدى ۋە ئەتى-سىلا قايتىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ئېلىپ قايتىدىغان بولدى . مەن سەھەر تۇرۇپ يۈك - تاقامنى تاڭدىم . بىز ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ياش چاڭجاڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ ، ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە :

— ئەلا ، چۇش ، سەن ھازىر قايتمايسەن ! — دېدى .

— كادىرلار بۆلۈمى يىگىرمە كۈن ئىشلەپ قايتىسەن دېگەنتىغۇ ؟

— ھازىرمۇ شۇ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىۋاتىمىز ، سەن قايتمايسەن .

— قايتىمەن !

— ئۇنىڭ يۈك - تاقىنى تاشلاڭلار ، ئۆزىنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىڭلار !

— نېمە ، مەن گۇناھكارمىدىم !

— لاۋلەي ، شياچياۋ ، تاشلاڭلار ، ئۇنىڭ يۈك - تاقىنى ! لاۋيەن ، ئۇ چۈشمىگۈچە ماڭما ! قارا ، بۇ مۇتتەھەمنى !

مەن چەكسىز خورلۇق ۋە يېتىملىك ھېس قىلدىم : «ئىلى دەرياسى بويىدىن بۇ ناتونۇش يايلاققا خورلانغىلى ، دۆشكەلەنگىلى كەلگەنمىدىم . خەلقىم ، ۋەتىنىم ئۈچۈن شان - شەرەپ ئىزدەپ ئېلىم - پەن ئۆگىنىش يولىدا تىرىشقىنىم گۇناھمۇ ؟… ياق ، بۇ بىر كىچىككىنە قارا بۇلۇت ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئۇلارنىڭ دۆشكەلەش-لىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچە چۈشۈپ كېتەي . ئاۋۇ دۆەن جياۋشۇمۇ ئەللىكتىن ئاشقىنىغا قارىماي ، خۇشخۇي ، ئۈمىدۋار تۇرۇۋاتىدى-غۇ ، مەن نېمىشقا مۇنۇ قىسقا پەم چاڭجاڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئۈمىدۋار ، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتەلمەيمەن ؟ ئۇ مې-

www.uyghurkitap.com

نىڭ كىم ۋە نېمە قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلسۇن ، مېنىڭ غايەم ، ئوي ـ پىكرىم ئۇنىڭ دەپتىرىدە بولمىغاندىكىن ، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرى : «ئەلا يامان ! » دېگەن ئۇقۇمنى قاچىلاپ قويغاندىكىن ، ئۇنىڭ ماڭا قوپاللىق قىلىشقا ھەققى بارغۇ !… »

مەن ماڭا تىكىلگەن ھېسداشلىق ، ئىچ ئاغرىتىش ، غەزەپ ـ نارازىلىق ۋە قىزىقىش… ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتىم ، خاپىلىقلىرىمنى بىردىنلا ئۇنتۇپ ، روللىـ نى يەڭگۈشلىگەن ئارتىستەك ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ زورىغا كۈلدۈم ۋە يۈك ـ تاقامنى يەرگە تاشلاپ ، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشـ تۈم ـ دە ، چاڭجاڭغا قاراپ :

— ماڭا ئەمىسە ، ئون كۈنلۈك رۇخسەت بېرىڭ ، كىتابلىرىمـ نى ئەكېلىۋالاي ،— دېدىم .

— رۇخسەت قىلىنمايدۇ .

— پىيادە بىر ئاي مېڭىپ بولسىمۇ ، بېرىپ كېلەـ مەن ،— دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مېنىڭ ئايالىم شىنجاڭغا بارماقچى ، مەن ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ كېلەي !

— رۇخسەت يوق !

— ئەلا !— دېدى دۆڭ جياۋشۇ يېڭىمدىن تارتىپ ،— يۈرۈڭ ، كېيىنرەك سۆزلىشەيلى ، ھازىرچە ئالدىرىماڭ…

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى . مەن ئازاب بىلەن ئۇزۇن ساپلىق ئوتىغۇچنى مۈرەمگە سېلىپ ، يېشىل ئېدىرلارغا قاراپ ماڭدىم .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۇرمۇش بىر ئىزغا چۈشتى . مەن ئەمدى يېشىل ئېدىردا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشتىن قىزىل نۇر ئالغان ئورمانلار ، قىزغۇچ قوڭۇر قىيالاردىكى قۇشلار ئۇۋۇلىرى ياكى يامغۇردىن كېيىن تاغ بېشىدىكى بۇلۇتلارنىڭ يايلاقتا ئاستا چۈشۈشى ياكى يىراق تاغدا كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا يالت ـ يۇلت قىزىللىق پەيدا بولۇپ ، بىردىنلا كۆل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ

ئاقىرىپ يالتىرىشى… قاتارلىقلار بىلەن ھەپىلەشمەيمەن، يا بولمىسا زاڭزۇ ئاياللىرىنىڭ يالاڭ ئاياغ ھالدا ئۇزۇن سوغىلارنى دۈمبىسىگە تېڭىپ ئالدىراپ مېڭىشلىرى، بويىغا يەتمىگەن قىزلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىگە ئىچ كۆيئوغۇللۇقتا كەلگەن ياش بالا، يەنى بولغۇسى ئېرى بىلەن ئىت ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، يوتىلاردا ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ ئويناشلىرى، يازدىمۇ زىخۇا (قىشلىق جۇۋا) كىيىپ يۈرىدىغان، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ راھىبىنىڭ بۇتخانىنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ ھەر ئالتە ـ يەتتە قەدەمدە بېشىنى يەرگە قويۇپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى ۋارقىراپ ئىبادەت قىلىشلىرى… قاتارلىقلارغىمۇ ھەيران قېلىپ قاراپ تۇرمايمەن. ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرىمەن ـ دە، قىزىل دەرۋازىنىڭ كىلىتاڭ ۋە قۇلۇپلىرىنى ئاچىمەن. بۇتخانىدىن بىردە تۆۋەندىكى سۇ بويىغا، بىردە يۇقىرىدىكى كۆل رەڭ قورام تاشلار يېنىدا مېڭىپ يۈرۈپ، ئىنگلىز تىلى يادلايمەن. مېنىڭدىن يۈز مېتىر نېرىدا دەۋن جياۋشۇ نېمىسچە «فائۇست»نى ئۈنلۈك ئوقۇپ، نېمىس تىلىنى مەشىق قىلىدۇ. كۈن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگۈچە بىز شۇنداق قىلىمىز.

«ئاداشى… » دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن، مەن زاڭزۇلار ئىچىگە نەدىندۇر كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان خۇيزۇ بوۋاينىڭ كەپىسىگە قاراپ ماڭىمەن. مېنىڭ تامىقىم شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەتىگەنلىكى ئالىقاندەك تاۋا نېنى بىلەن بىر چىنە قوتاز سۈتى ئىچىمەن ـ دە، كەم سۆز بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەمراھلىرىم بىلەن ئەمگەككە ماڭىمەن. ئەمگەك قىلىۋېتىپ كۆپرەك گۆزەلئاينى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى، يىراقتىكى دوستلىرىمنى، مەن چوڭ بولغان يەرلەرنى — ئىلى دەرياسى بويىدىكى توقاي يېزىلىرىنى ئويلايمەن… خىيالمۇ بىر بايلىق، بەزىدە خىيال بىلەن خۇش بولالايسەن، بەزىدە خىيال بىلەن ھەممىگە قول يېتىدىغان بەختلىك ئادەم بولالايسەن، لېكىن خىيال مېنى كۆپرەك رەنجىتىدۇ. ماڭا ئاۋۋال لەززەت، كېيىن سېغىنىش، ھەسرەت ۋە

كۆڭۈل يارىسى قالدۇرۇپ ، بىردىنلا غايىب بولىدۇ . مەن بىلىمنى كۆتۈرۈپ ، بىردە شىمالغا — گۈزەلئاي تۇرۇۋاتقان لەنجۇ شەھىرى تەرەپكە ، بىردە غەربكە — مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مېھرىبان يۇرتۇم — غۇلجا تەرەپكە قارايمەن . مېنىڭ كۆڭلۈمنى تېز چۈشىنىدىغان دۇەن جياۋشۇ مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ :

— ناخشا ئېيتىڭ ، ئەلا ، ناخشا ئېيتىڭ ، سىزنىڭ ناخشىڭىز ماڭا بەك ياقىدۇ . ناخشىڭىزنى ئاڭلاۋېتىپ خىيالىمدا پەنجىم ، تۇرپانيۇزى ، جىلىيۇزىنىڭ ئاق ئۆرۈكلۈك باغلىرى ، ئۇنى ساز بۇلبۇل ، كاككۇكلىرى ، مېھماندوست ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىغا كېتىپ قالىمەن… — دەيدۇ .

مەن غەمخورچۇمنى خۇش قىلىش ، ئۆزۈمنى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، مۇڭلىنىپ ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن :

ۋادەرىخا دەردى بىلەن ،
مەن ئادا بولدۇم نېتەي .
زەرۇ گۆھەرنى يىتتۈردۇم ،
تاپمىدىم ئەمدى نېتەي .

بارمىغاچقا ، يانمىغاچقا ،
يېگانە دەيدۇ يار مېنى .
بېشىدا پەرۋانە بولسام
مەستانە دەيدۇ يار مېنى .
…
كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇرمەن ،
ياغلىقىقا تۇگۈپ ئال مېنى .
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ ،
يارىم ئېسىڭگە ئال مېنى .

چۈشتە سەي بىلەن قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان ئۇماچ ئىچىمەن ، چۈشتىن كېيىن يەنە ئەمگەك ، كەچتە گۆش - مېيى يوق سۇيۇق-ئاش… كەچتە شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇش ، خاتىرە ياكى ماقالە يېزىش… تاماقمۇ ، ئىشىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق تەكرارلىنىۋېرىدۇ . يايلاقنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان قويلىرىدەك ، كۆڭلەرمۇ ئاستا ۋە ھورۇنلۇق بىلەن ئۆتمەكتە… لېكىن مەن كۆڭلەرنى ناخشا ، خۇشاللىق بىلەن ئۇزاتماقتىمەن… مەن ھەر كۈنى ناخشا ئېيتىد-مەن ، ناخشا مېنى باش - ئۇچى يوق خىياللاردىن ، تىنجىقتا گىنژىلداپ ئارام بەرمىگەن قاشقا چىۋىنغا ئوخشاش جانغا تېگىدىغان غەملەردىن خالاس قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن بۇتخانا دەرۋازد-سىدىن چىقىپلا ناخشا باشلايمەن ، ناخشامغا يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەت ، سېغىنىش ، قايغۇ - ئەلەم ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئارزۇلىرىم سىڭىپ كېتىدۇ . مۇڭلۇق ئاۋازىمغا كۆز يېشىم ، قايناق ھېسسىياتىم ئارىلىشىپ كېتىدۇ . مېنىڭ ناخشامغا يەرلىك زاڭزۇلار زوقلىنىپ ، ئات ئۈستىدە ، قىرلاردا ياكى كۆرۈمسىز ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇشۇپ باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ :

— لى لاڭ نو شاگى[①]…

— لى ۋا ! لى ۋا ![②]… — دەپ ۋارقىرىشىدۇ .

مەن ھەرنېمىگە قىزىقىدىغان ھەۋەسكار ياش بولغىنىم ئۈ-چۈن ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقىمەن ، مەخسۇس بىر دەپتەرگە زاڭزۇچە سۆزلۈكلەرنى يېزىپمۇۋالدىم . ماندا ھېلىقى ئىچ كۆيـئوغۇل بىلەن ئوينىشىدىغان قىز چىم بىلەن قوپۇرۇل-غان پاكار قورۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە :

---

① ياخشى ئېيتىدىكەنسەن .

② ناخشىچى ، ناخشىچى .

— ئارۇ ، ئارۇ ، چۇ نىياڭ چى سىر[1] ؟— دەپ سورىدى .
— نى نىياڭ ئەلا .[2]
— ها... ها... ها... ئارۇ ، چاۋنى گى چىم ناچىق[3]
— گاجىڭ چى ، گاجىڭ چى ، شىماۋ ،[4]— دېدىم مەن قولۇمـ-نى كۆكسۈمگە قويۇپ . قىزنىڭ ئەتراپىغا باللار ئولاشتى . ئۇلار مېنى ئۈزىتىپ :
— دىمۇش ، دىمۇش ![5]— دەپ ۋارقىراشتى .

ھېلىقى قىز ھەر كۈنى يولۇمنى توسايدۇ ، مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ ، بەزىدە قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ خېلى يەرگىچە ئېسىلىپ باردۇ . يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن قارا ، قىزىل يۈز باللار ، يۈڭ-لۈق ئىت ۋە ئۆيدە باقىقان ئوغلاق ، قوزا ، موزايلارمۇ باللارغا ئارىلىشىپ مېنى ئېتىزغا ئۈزىتىشىدۇ . مەن ھەر كۈنى شۇلارنى كۆرۈشكە ، ئېتىزدا ناخشا ئېيتىشقا ، سۇ بويىدا راھەتلىنىپ يۇيۇ-نۇشقا ; چۈشلۈكى قايتىپ كېلىپ ئالدىراپ يۇرۇپ بۇتخانىنى تازى-لاشقا ، قالغان ئۈچ ھەمراھىم — لاۋياڭ ، مى جياۋشۇ ، دۇەن جياۋشۇلار بىلەن ئىلىم - پەن ، ۋەزىيەت ، تۇرمۇش بىلىملىرى ھەققىدە پاراڭلىشىشقا ، ئاندىن كىتاب ئوقۇشقا ئالدىرايمەن...

مەن تولستوينىڭ «تىرىلىش» دېگەن رومانىدىن تۇرمىدە يالغۇز ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ چىۋىن بىلەن دوست بولۇپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتىنى ئۆتكۈزگىنىنى ئوقۇغانمەن . ئىنسان ئۈچۈن بىر مەھەل زېرىكىشلىك ياكى يىرگىنچلىك كۆرۈنگەن شارائىت ، ۋا-قىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىبنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەل بولۇپ قالىدىكەن . مەن بىر ئايدىن كېيىن بۇتخانىغا ئۆگىنىپ قالدىم .

① ئېتىڭ نېمە ؟
② ئېتىم ئەلا .
③ ھەي ، بىزنىڭ ئۆيگە كىر .
④ رەھمەت ، رەھمەت ، قىزچاق .
⑤ خوش ، خوش...

قاپقارا تام، قارىيىپ كەتكەن كۆك خىشلىق يەر، مايلاشقان تۈۋ-
رۈك، ئىس ۋە چاڭ - توزاندىن قارا قوڭۇر تۈسكە كىرگەن
تورۇسلارمۇ ماڭا چىرايلىق ۋە مەنىلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. ھاۋا
ئوچۇق كۈنلىرى زالنى پاكىز سۈپۈرىمىز - دە، سۇ چېچىپ
قويىمىز. جەنۇبقا قارىغان خىرە ئەينەكلىك تۆپە پەنجىرىدىن چۈش-
كەن كۈن نۇرىدا، بىزنىڭ رەتلىك تىزىلغان ئورۇن - كۆرپىمىز،
كېسەكلەردىن ياسالغان يېزىقچىلىق ئۈستىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈستى-
دىكى كىتابلىرىمىز يورۇيدۇ. قۇياش نۇرى چۈشكەن ھەرقانداق
يەردە ھايات ۋە گۈزەللىك بولىدىكەن، بىز قۇياش بىلەن ئىللىغان
ياتىقىمىزدا ئوڭدا يېتىۋېلىپ، ئەمگەك بىلەن ھارغان، ناچار غىزا-
دىن ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىمىزنى ئۇزۇن سوزۇپ، كەلگۈسى
ھەققىدە ئىشەنچ بىلەن سۆزلىشىمىز:

— مەن يەنە ئون بەش يىل خىزمەت قىلالايمەن، — دەيدۇ
مى جياۋشۇ قېرىلىققا تەن بەرمەي، — تولىستوي ئاتمىش بىر
يېشىدىن يەتمىش بىر يېشىغىچە «تىرىلىش» نى يازغان. تولىستوي-
نىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى، ئەلۋەتتە «تىرىلىش»، كۆردۈڭلارمۇ،
كەچ كۈزدە پىشقان مېۋە قانداق تەملىك.

— مى جياۋشۇ، روھىڭىز ياخشى. لېكىن، — دەيدۇ دۇەن
جياۋشۇ تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، — لېكىن ئىزاھاتىڭىز جايىدا
بولمىدى، تولىستوينىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى «ئۇرۇش ۋە
تىنچلىق».

— نېمە، نېمە؟ — دەيدۇ مى جياۋشۇ غاڭزىسىغا كۆك تاماكى-
نى بارمىقى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، — سىز مېنى ئەمدى قولىڭىز-
دىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىزا؟ يۈز نەچچە مىڭ
مىسرادىن ئوشۇق «جاڭگىر»نى ئۆز قولۇم بىلەن خەنزۇچىغا تەر-
جىمە قىلماقچىمەن، تېخى سىزدىن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىپ، «ما-
ناس» داستانىنى ئوقۇماقچىمەن.

بۇ ئۆز ھاياتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق داستانلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان قېرى جياۋشۇنىڭ سۆزىدىن مەنمۇ، مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدىكى بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ «ئانتى ـ ديۇ. رىڭ» نىڭ ئىچىگە ئۇششاق قەغەزلەرنى قىستۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان لاۋياڭمۇ تەسىرلەندۇق. لاۋياڭ سىياسىي كافېدرانىڭ مەسئۇلى، ئۇمۇ «ئوڭچىل جىخۇيجۇيى» خاتالىقى بىلەن بۇ يەرگە چۈشۈرۈلگەن. ئۇ ئارىمىزدىكى بىردىنبىر پارتىيە ئەزاسى.

— مى جياۋشۇ! — دېدى لاۋياڭ كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چېچىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن يۇقىرىغا تۇرتۇپ قويۇپ، — دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن داستان «ماخاپخاراتا»[1] مۇ ياكى «جاڭگىر» مۇ؟

— «ماخاپخاراتا» ئۇزۇن، لېكىن ئۇ رەتلىنىپ بولدى، «جاڭگىر» تېخى رەتلىنىپ بولمىدى. «جاڭگىر»نىڭ كىرىش قىسمىلا مىڭ مىسرادىن كۆپ، جەمئىي ئەللىك قىسىمدىن ئاشىدۇ. دۇنيادا يۇنان، ھىندىستاندىن باشقا دۆلەتلەردە قەھرىمانلىق داستانى يوق دېيەرلىك. بىزنىڭ جۇڭگونى ئالساق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىز خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يەتمەيمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ، دوەن جياۋشۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەھرىمانلىق داستانلىرى بارمۇ؟

— بار، — دېدى دوەن جياۋشۇ، ماڭا قاراپ قويۇپ.

— مەن يەنە ئون يىلدىن كېيىن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىمەن، — دېدى مى جياۋشۇ، — تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، ياپون تىلىنىڭ گراماتىكىدا ئوخشاشلىقى بار. مەسىلەن، جۈملىدە ئىگە باشتا، خەۋەر ئارقىدا كېلىدۇ، راستمۇ ئەلا؟

— ھەئە، ئوخشاشلىق بار، — دېدىم مى جياۋشۇغا

---

[1] ھىندى داستانى.

قوشۇلۇپ ،— تۈرك تىلىدىكى نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى موڭغۇللار ھا-
زىرمۇ قوللىنىۋېتىپتۇ . مەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن دائىم
ئاتالغۇلار ئۇستىدە سۆزلىشىمەن . بىز ھازىرغىچە ئورتاق قوللىنى-
ۋاتقان ئاتالغۇلاردىن يۈز نەچچىسىنى يېزىپ چىقتۇق…

— مى جياۋشۇ ، نەچچىگە كىردىڭىز ؟— دەپ سورىدى لاۋياڭ
بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن .

— ئىككى كەم ئاتمىشقا ، دۇفۇ بۇ يېشىدا ۋاپات بولغان ،
بالزاك ، مۇپاسسان ، بايرون ، پۇشكىن ، گوگول ، بېلىنسكىي ،
چېخوفقا ئوخشاش نۇرغۇن داڭلىق ئەدىبلەر ، مېنىڭ بۇ يېشىمغىچە
ياشىمىغان ، ھەتتا جاھاننى زىلزىلىگە سالغان لېنىنمۇ مېنىڭ يې-
شىمغا كەلگەن ئەمەس . لۇشۇنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋېتىپ
دۇنيادىن ئۆتكەن . مەن ھازىرغىچە نېمە قىلدىم ؟ كىتاب ئوقۇدۇم ،
بەي جۈيىنىڭ ئىككى مىڭ سەككىز يۈز مىسرادىن ئوشۇق شېئىرى-
نى چالا قويماي يادلىدىم . ئەمدى راسا ئىشقا كىرىشۋاتقاندا ، مېنى
گومىنداڭچى ئەمەلدارلار بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى . ئەمەلدار بول-
غىنىم راست ، گومىنداڭغا كىرگىنىم ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغى-
نىممۇ راست ، لېكىن مەن سوتسىيالىزمنى ھاياتىمدىكى ئىللىق
باھار دەپ قارايمەن . بۇ باھاردا ، ئەلۋەتتە ، چېچەكلەپ مېۋە بېرە-
لەيمەن . يەنە ئون بەش ـ يىگىرمە يىل ئىشلىيەلەيمەن ، لېكىن
ئىنسان قېرىغاندا كۈچىدىن قالىدىكەن ، ئەلادەك چاغلىرىمىز ئۆ-
تۈپ كەتتى . قاراڭلار ، ئەلا كېچىلىرىمۇ ئوقۇيدۇ ، يازىدۇ ، پىكىر-
لىرى چوڭقۇر ، غەيرىتى زور ، ئىشەنچىسى چوڭ . بىلىمى مول
بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن ، ئەلادەك بولۇش كېرەك . ئۇنىڭ تاللىغان
يولى ، مېنىڭچە ، توغرا . مەن ياشلىقىمنى بىلىمگە ئىنتىلىشكە
بېغىشلىغان ، لېكىن قىزلارغا سەرپ قىلىۋەتكەن ۋاقتىم بەك كۆپ
بولۇپ كەتتى…

ئۇ غاڭزىسىغا يەنە تاماكا باستى ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ

قويۇپ كۆكۈچ ، قېلىن كالپۇكىنى مىدىرلاتتى ، ئاندىن قولى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى . دۈەن جياۋشۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى :

— قانچە قىزغا ئاشىق بولغانىدىڭىز ، مى جياۋشۇ ؟

— ئۈچ ،— دېدى ئۇ ئۈچ بارمىقىنى كۆرسىتىپ ، — ئىككىسىگە مەن ئاشىق بولغان ، لېكىن ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويمىغان . بىرىنچىسىگە ئاشىق بولغىنىمدا يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدىم ، ئىككىنچىسىگە يىگىرمە سەككىز يېشىمدا ئاشىق بولدۇم . بىرىنچىسى سودىگەرنىڭ قىزى ، ئىككىنچىسى ئوقۇتقۇچىمىنىڭ ئايالى ئىدى .

— ئۈچىنچىسىچۇ ؟— دەپ كۈلدى دۈەن جياۋشۇ ،— هازىرقى خانىمىڭىزمۇ ؟

— نەدىكىنى ؟— دېدى مى جياۋشۇ ئايغىنى ئالدىرىماي يېشىۋېتىپ ،— بۇ ئايالىمنى زادىلا ياخشى كۆرمىگەنمەن ، كىم بىلىدۇ ، ئاتمىشتىن ئاشقاندا ، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۆلگەندە ياخشى كۆرىمەدىمىكىنتاڭ . ياخشى كۆرۈشمىسەكمۇ ئۈچ باللىق ، ئىككى نەۋرىلىك بولدۇق ، بىرەر قېتىممۇ سەن - پەن دېيىشمىدۇق . نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئايالالارنى ئالىدۇ . ئۇلار مۇھەببەتسىزمۇ ئىناق ، بەختلىك ياشاۋېرىدۇ . مەن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى . ئۈچىنچىسى دەمسىزا ؟ هەي ، مەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن مۇشۇ ئايالىمنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى بىزنىڭكىدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇدى . شەيتان قىز ماڭا كۆيۈپ قاپتۇ ، مەنمۇ كېيىن ئۇنى ياخشى كۆردۈم . ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدە···· هەي ، ياشلىقتا ئىنسان نېمىلەرنى قىلمايدۇ ؟ يوشۇرۇنچە ئۇچرىشىپ يۈردۇق···· ئەمدىلا كىچىك خوتۇنلۇققا ئالاي دەپ تۇرغىنىمدا ئازادلىق بولدى . راست گەپنى ئېيتسام ، مەن يېڭى جەمئىيەتنى ياخشى كۆرىمەن ، يېڭى جەمئىيەت ماڭا ئىشلەشكە زېمىن هازىرلاپ بەردى . مەن پەس ئارزۇ - هەۋەسلەردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدۈم ، لېكىن ياشلىق

ئىسراپ بولدى . مانا ئەمدى كەچ قالغان بازارچىدەك دۇنيادا بىرەر ئىز قالدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىشلەۋاتىمەن .

— شۇنداق قىلىپ ، ھېلىقى ئايالىڭىزنىڭ تۇغقىنى ، يەنى سىزنىڭ ئاشىقىڭىز بارمۇ ھازىر ؟

— بار… — ئۇ ئوڭدا يېتىپ جاۋاب بەردى .

— نەدە ؟

— ھە… ھىم…

— مەخپىيكەن - دە ؟

— نېمىسى مەخپىي بولسۇن ، — دېدى مى جياۋشۇ غودۇڭ-شىپ تۇرۇپ ، — بىزنىڭ دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ كەلگەن لى لەنيىڭچۇ !

— ھوي … — دېدى لاۋياڭ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — لى لەنيىڭ بىزنىڭ خې شۇجىنىڭ ئايالى ئەمەسمۇ ؟

— ھىم… ھە ، ئەلا ، «يېڭۇگېنى گراندې» سىزدىمۇ ؟ ئۇنداق بولسا «سوت»[1]نى ماڭا بېرىڭ…

مەن ئۇنىڭغا كىرلىشىپ كەتكەن كىتابنى ئاپىرىپ بەردىم . ئاچچىق تاماكا ئىسىدىنمۇ ياكى تاتلىق ئەسلىمىدىنمۇ بىلمىدىم ، ئۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلگەنىدى .

مەن ئورنۇمدا ئوڭدا يېتىپ لى لەنيىڭ ئىسىملىك دوختۇرنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم : بۇدۇر چاچ ، تولۇق ، ئاق يۈزلۈك ، قارا كۆك سوكنىدىن ئۇستىۋاش كىيگەن خۇشخۇي ئايال خىيالىمدىن غىل - پال ئۆتتى…

كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن تاللىنىپ قالغان بىز تۆت ئادەم كەچكىرگىچە يېشىل ئېدىرلاردا ياڭيۇغا توپا يۆلەيمىز ، ئارپا ئارد-سىدىكى ئوتلارنى ئوتايمىز ، بەزىدە زەمبىل بىلەن قوتانغا چىم

[1] «سوت» — ئاۋستىرالىيە يازغۇچىسى كاپكا (1883—1924) نىڭ ئەسىرى .

www.uyghurkitap.com

تۇشۇيمىز ، بەزىدە قوتازلارنىڭ لىڭگىرچاقلىرىنى تۇتۇپ مىنىۋې-لىپ ، تاغ ئۈچىگە بېرىپ ئۆتۈن ئەكېلىمىز ، بەزىدە بولسا قوتاز تېزەكلىرىنى يىغىمىز... نېمىلا قىلساق تۆتىمىز بىللە ، ئارىمىزدا قىلىشمايدىغان گەپ يوق . يالغۇز لاۋياڭلا كەم سۆز ، پاپىروسى تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ پات - پات مى جياۋشۇنىڭ غاڭزىسىنى سورايدۇ - دە ، كۈلۈپ قويۇپ :

— قاچان قايتۇرىدۇ بىزنى ، پاھ ، ھېچبولمىسا ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ كەلسىچۇ ... — دەپ قويىدۇ .

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىز ئارپا ئورمىسىنى باشلىۋەتتۇق . لاۋياڭ ئىككىمىز خېلى ئورۇيمىز ، ئىككى جياۋشۇ ئولتۇرۇۋېلىپ كىتىرلىتىپ ئورۇيدۇ . بىزنىڭ يېنىمىزغا ھىجايغاق چاڭ-جاڭ پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ . ئۇ مېنىڭ دېھقاندەك ئورغاق سالغىنىمغا زوقلىنىپ قارايدۇ - دە ، كۆزلىرى يوقاپ ، چىشلىرى-نىڭ قىزىل گۆشلىرى پۆلتايغىچە ھىجىيىدۇ :

— ياخشى ، ئەلا ، سەن ئەمگەكچى ئىكەنسەن !

— سەن مېنى نېمىدەپ ئويلىۋىدىڭ ، ئەمىسە ؟

— ھېچنېمە ، قارىماققا ، سەن...

— بۇرژۇئا زىيالىيسىغا ئوخشايدۇ دېمەكچىمۇ ؟— دەپ سورى-دى لاۋياڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ .

— مەن سىلەرنى نەدىن بىلەي ،— دېدى ئۇ ئال-يىپ ،— باشقىلار نېمە دېسە ، شۇنى دەيمىز - دە !

چاڭجاڭ كەتكەندىن كېيىن لاۋياڭ قىرغاقتا ئولتۇرۇۋېلىپ لوناچارسكىي بىلەن پلېخانوفنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلى-رى ئۈستىدە ئۇزاق سۆزلىدى . ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ، يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنا كۆرۈندى . بۇ يەرگە پوچتا كەلمەيدۇ ، گېزىت ، خەت - خالتىلىرىمىزنى بىر ئايدا بىر كېلىدىغان مەكتەپ ماشىنىسى توشۇپ بېرىدۇ . بىز كىچىككىنە ئورغاقلىرىمىزنى ئې-

ئىزغا تاشلاپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدۇق. مېنىڭ يۈرەكىم هاياجاندىن دۈپۈلدىمەكتە. مانا هازىرلا گۈزەللىكىنىڭ سىغدىنىش ۋە مۇهەببەت بىلەن تولغان خىتىنى ئوقۇيمەن، ئۇنىڭ ماڭا ئوت بولۇپ تۇيۇلىدىغان هارارەتلىك قولى بىلەن پۈتكەن خالتىسىنى قولۇمغا ئالىمەن. يەنە كىملەردىن خەت كەلدىكىن، بىزنى، قايتىڭلار، دېگەن خەۋەر كەلدىمىكىن، گۈزەلئاي، مەن ئېيتىپ بەرگەن هېلىقى كىتابلارنى ئەۋەتتىمىكىن... سوئاللار بىر ـ بىرىگە ئورۇن بەرمەي مېڭەمدە تەكرارلىنىدۇ. ئاياغلىرىم ئوقتىن ئۈركۈگەن بۆجەننىڭ پۇتلىرىدەك چاققانلاشقان، خۇددى بايرامغا ياسانغان بالىدەك خۇشالمەن، مانا هەمراهلىرىمدىن بۇرۇن ماشىنىنىڭ يولىنى توستۇم، ماشىنا توختىدى. كابىنكىدا هېلىقى تونۇش شوپۇر، ئۇنىڭ يېنىدا مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭا سۇسلا باش لىڭشىتىپ قويدى، مانا شۇ بىرلا ئىشارە بىلەن مەكتەپكە قايتىش نىيىتىم تۇپىاندەك تۇزۇپ كەتتى. خەت ـ خالتا بارمىدۇ دەپ شوپۇرنىڭ ئاغزىغا قارىدىم:

— خالتاڭ بار!— دېدى شوپۇر ماشىنىنىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ،— ئاياڭ سالام ئېيتتى، خەتمۇ ئەۋەتتى...

مېنىڭ كۆزلىرىم تۇمانلاشتى. كۆز ئالدىمغا ياسىداق ئۆيۈم، چىرايلىق ئايالىم، گۈزەل شەھەر، كۆكۈللۈك تۇرمۇش كەلگەندى.

مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاتراپ «بۇتخانا» ئالدىغىچە كەلدىم. ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئارىسىدا بالىلار، ئىتلار پەرۋانىلەردەك يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى.

يۈك ـ تاقنى چۈشۈرۈشكە پىدائىي بولۇپ بىرىنچىسىگە ماشىنىغا مەن چىقتىم. بىز هېرىپ ـ تەرلەپ يۈرۈپ ئۇن، كۆكتات، سوقما تاش، پەن، توشۇك، زەمبىللەرنى يەرگە چۈشۈردۇق ۋە

ئورنى ـ ئورنىغا جايلاشتۇردۇق . شۇنىڭدىن كېيىنلا شوپۇر ماڭا بىر خالتا ، ئۈچ پارچە خەت بەردى . كونۋېرتنىڭ سىرتىغا ئالدىراپ قارىدىم : بىرى ھاشىردىن ، بىرى گۈزەلئايدىن ، يەنە بىرى رازىيە- دىن كەلگەن خەتلەر ئىكەن . خالتىنى ياتاققا تاشلىدىم ـ دە ، خەتلەرنى ئېلىپ ئارپىلىققا — يالغۇز يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم .

ئاۋۋال گۈزەلئاينىڭ خېتىنى ئاچتىم :

«قىممەتلىكىم ئەلا ، بارمۇسىز ؟ بار بولسىڭىز ، سالامەت- مۇسىز ؟ نېمىشقا سىزدىن خەت كەلمەيدۇ ؟ ياكى مېنى ئۇن- تۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ مەن سىزگە قانچىلىك كۆز يېشىم ئاققىنى- نى ھېسابلاپ بەرمەكچى ئەمەسمەن ، ئىشقىلىپ كۆز يېشىم ئاقمىغان بىرمۇ كۈن يوق . مانا بىر ئاي بولدى ، خىزمەتكە بارمىدىم ، ئۆزۈم ماغدۇرسىز ، بېشىم قايىدۇ ، پۈتۈن ـ پۈ- تۈن كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىمەن ، تامىقىم ئاھا- يىتى ئازلاپ كەتتى . ئادىلە ھەر كۈنى كېلىپ يوقلاپ تۇرۇۋا- تىدۇ ، رەقىپكاممۇ پات ـ پات دېگۈدەك يوقلاپ كېلىدۇ . بىر كۈنى چۈشىنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ سۈرىتىڭىزگە قاراپ ئولتۇر- سام ، تۇيۇقسىزلا رەقىپكام كىرىپ كەلدى . پۈتۈن زالدا باشقا بىرى يوق . مەن قورۇنۇپ چىراي ئاچمىدىم . شۇنداق بولسى- مۇ ، ئۇ ئادەم گەپمۇ قىلماي كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكىپ يېرىم سائەتتەك ئولتۇردى . بىركەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆ- زۈمگە قارىدى :

— نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭىز ؟ — دېدى ماڭا يېقىنلاپ .

مەن بىرنېمە دېگۈچە ، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئوڭ بىلىكىمدىن تۇتۇۋالدى . مەن قولۇمنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم . تاتى- رىپ كەتكەن ئوخشايمەن ، پۈتۈن بەدىنىم مۇزلىغاندەك بولۇپ

تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى .

— قورقماڭ ،— دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ ۋە سىلاپ ،— سىز مېنىڭ ئۆز سىڭلىم ، مېنىڭدىن يامانلىق كۈتمەڭ ، سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ ، قاراڭە ، قوللىرىڭىز بىر تېرە ، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قاپتۇ . تومۇرلىرىڭىزدىكى سۇس قانلارمۇ كۆرۈنەي دېمەيدۇ . ئەلانى ئەكەلدۇرۇپ بېرەيمۇ ، ئەمما قولۇمدىن كېلىشى ناتايىن . شۇنداق بولسىمۇ ، سىز ئۇچۇن مەن ئۇنىڭ يولىدا ماڭىمەن…

— ئۇنىڭ نېمە گۇناھى بار ئىكەن ؟— دېدىم لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ،— سىز بىلىسىزغۇ ، ئۇ ئاق كۆڭۈل ، ۋىجدانلىق ئادەم !

— بۇنىڭدا گەپ يوق . ئۇ بىزنىڭ غۇرۇرىمىز . مەن ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن ، لېكىن تەشكىل ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ماڭىمۇ ئېيتمىدى . كادىرلار بۆلۈمىدىكى بىر يېقىنىمنى كوچىلاپ كۆردۈم . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەلا بىرەر تەشكىلاتقا چېتىلىپ قالغان ئوخشايدۇ . خەت يېزىڭ ، ئوبدان توۋا قىلىپ بىر خەت يازسۇن ، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن ،— دېدى .

ئەلا ، سىز ماڭا ئىشىنىڭ ، ئۇ سىزگە بەك كۆيۈنىدىكەن ؛ ماڭا خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك مۇئامىلە قىلدى ، مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلىدى ، مۈرەمدىن يېنىك قۇچاقلاپ قويدى . مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋېدىم ، ئۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى ، ھەتتا كۆزىدىن ياش ئەگىدى . ئەلا ، مېنىڭ ئاق كۆڭۈل ، جېنىم ! سىز ئورۇنسىزلا ئۇنى قارىلىماڭ . ئۇ بىزگە راستتىنلا كۆيۈنىدىكەن . قانچىلىك قىلغان - ئەتكىنىڭىز بولسىمۇ ، ماڭا ئېيتىڭ ، رەقىپكامغا ئىشىنىڭ . مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن بولسىمۇ ، مۇنۇ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقان بالىڭىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن بولسىمۇ ، بىر خەت يېزىڭ ، تووۋا قىلىڭ ، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ ! مەن قاچانغىچە ياش تۆكىمەن . قاچانغىچە يولىڭىزغا تەلمۈرىمەن :

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم ،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم .
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم…

كىتابلىرىڭىزنى ئەۋەتمىدىم ، ئەۋەتسەم ، كىتاب بىلەن بولۇپ كېتىپ مېنى ئۇنتۇيدىكەنسىزغۇ ؟ قىشلىق كىيىملىرىڭىز يېلىڭ ، ئۇ يەر سوغۇقمۇ ؟ كەچكىچە ئەمگەك ، پاتقاقلىق يول ، سوغۇق ياتاق ، ناچار تاماق ، ئاندىن قالسا كىتاب ئوقۇش… بارى شۇلىمۇ ؟ كۆڭۈل ئاچقۇدەك كىنو ، ئويۇن ، كىچىك بولسىمۇ ئولتۇرۇش دېگەنلەر يوقمۇ ؟… ئۇلارمۇ يوق بولسا ، بۇ قانداق هايات بولغىنى ؟ خەتنى يېزىۋېتىپ يەنە يىغلاۋاتىمەن . مېنى يوقلاپ كىرگۈچىلەر-نىڭ كونسېرۋا ، پىرەنىك ، قاتتىق ـ قۇرۇقلىرىنى خالتىغا سېلىپ قويىدۇم . ئاۋۇ بىر بوتۇلكا «شىفىڭ» هارىقى — رەقىپكامىنىڭ سوۋغىسى . رازىيەنىڭ خېتىنى يىرتىپ ئوقۇدۇم . سۆزلىرى نېماند-چە سىرلىق ؟ هاشىرغا ئەمەس ، سىزگە ئاشىقمىدىيا ؟ هاشىرنىڭ خېتىنىمۇ ئوقۇدۇم ، ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئۆزىدەك توڭلىغۇ ؟ ئۇنىڭ نېمىسىنى قىزلار ياخشى كۆرىدىكىن ، دۇنيادا قىزلاردەك كۆڭۈلچەك ، ئەخمەق تائىپە بولماس ، ئەڭ نازۇك ، هېسسىياتلىق ، گۈزەل قىزلار سوغۇق ، مۆرىمەس يىگىتلەرگە ئاشىق بولۇۋالىدى-كەن… (بۇ گەپ سىزگە قارىتىلمىغان ، دومسىيىپ يۈرمەڭ

يەنە ؟ )
بەك چارچىدىم ، خەتنىڭ ئاخىرىنى ئەتە يازىمەن… »

مەن يەنە بىر يېڭى بەتنى ئاچتىم . ئۇنىڭ چىرايلىق ئىملاسى ئۆزگەرگەن ، بۇ بەتتىكى خەتنى ئالدىراپ ـ سۈۋاپ يازغانىدى :

«ئەلا ، خاپا بولماڭ ، جېنىم ، مەن شىنجاڭغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم . ھېلىقى لەنجۇ ئايرودرومىدىكى مىللىي ئۇچقۇچىلارنى بىلىسىزغۇ ، رەقىپكام شۇلارنىڭكىگە بارغانىكەن ، بىزنى پۇلسىز (شىنجاڭدىن تاۋۇز توشۇغىلى بارىدىغان ) ئايروپىلانغا سېلىپ قويىدىغان بوپتۇ . بىر ئايغا قالماي قايتىپ كېلىمەن . ئادىلەمۇ بېرىشى مۇمكىن (رۇخسەت بەرسىلا ) . رەقىپكام ئىككىمىزنىڭ ئەتە ماڭىدىغانلىقىمىز جەزمەن بولۇپ قالدى . مەن كەلگۈچە قايتىپ كەلسىڭىز ، ئاچقۇچ كىتاب جازىڭىزنىڭ ئىككىنچى بالدىقىدىكى ھېلىقى قۇرئانغا ئوخشايدىغان كىتابنىڭ ئىچىدە (كىتابلىرىڭىزنى ئۆيگە ئەكىرىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم ، ئوبدان پېچەتلەپ ، قوشنىغا جېكىلەپ قويۇپ كېتىمەن ) .

ئەلا ، بۈگۈن مەن خېلى خۇش ، ئاتا ـ ئانامنى كۆرىدىغان بولدۇم . كىچىك ئاپىڭىزنى يوقلايمەن ، ئۈچ مېتىر دۇم توگا ئېلىۋالدىم ، چالىسىنى ئاپام تولۇقلاپ بېرىدۇ . خەير ، ھەر مىنۇت سىزنى ئەسلەيمەن . مېنىڭ يىراق ، نا تونۇش يايلاقتىكى ئانىسىز قۇلۇندەك مىسكىن ئامرىقىم ، مەن كەلگۈچە سالامەت قايتىپ كېلىڭ ! سىزنى سېغىنىپ ، ئورۇق يۈزلىرىڭىزنى كۆز يېشى بىلەن نەمدىگۈچى ئامرىقىڭىز :
گ . يەھياخانوۋا ، 1961 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇست » .

خۇددى بىرى كانىيىمدىن بوغۇۋالغاندەك ، خۇددى كەڭ يايلاق- نىڭ هاۋاسى كەملىك قىلىۋاتقاندەك تەستە نەپەس ئېلىپ ، تۇمان- لاشقان ، ياشلىق كۆزۈمنى خەت بىلەن توسۇپ ، ئېڭىزدا بىرپەس ئوڭدا ياتتىم . سېغىنىش ، مۇهەببەت ، كۈنداشلىق ، غەزەپ ـ نەپ- رەت... بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى سەزگۈلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ، ئۇلارنىڭ هەممىسى بىرلىشىپ مېنى بوغماقتا ، قىينىماقتا . «تۇر- مۇش نېمانچە رەهىمسىز ، نېمانچە سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز ـ هە ؟ سەۋر ـ تاقەتكە نەدىن كۈچ ئىزدەي ؟ كەلگۈسىنىڭ گۈزەل ئىكەنلى- كىگە ئىشىنىش مېنىڭ هەمراهىم بولسۇن ، مۇنۇ چەت ياقىدىكى يايلاقتا ئۆزۈمگە غەم ـ غۇسسىنى هەمراه قىلىۋالسام تۈگەشكى- نىم ؛ غەمنى ئۇنتۇشقا ، كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدىن خۇشاللىق ئىز- دەشكە ئىنتىلەي ، قېنى قالغان خەتلەرنى ئوقاي ، بەلكىم بۇ خەتلەر- دىن چارچىغان نېرۋىلىرىمغا ئارام بېرىدىغان بىرەر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالار... » مەن شۇنداق ئويلىدىم ـ دە ، جەينىكىمگە تايىنىپ ئور- نۇمدىن تۇردۇم ، يېڭىم بىلەن كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ ، تىنىق ، سىرلىق كۆك ئاسمانغا قارىدىم...

ئەتىسى ماشىنا قايتتى . مى جياۋشۇ بىلەن دۇەن جياۋشۇ چاقىرتىلغانىكەن ، ئۇلار ماشىنىغا يۈك ـ تاقىنى باستى . ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغا چىقىشقا باشلىدى ، لېكىن مەن بىلىنى تۇتۇپ ، ماڭا هەيۋە كۆرسىتىپ تۇرغان قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرىغا كۆز يېشىمنى كۆرسىتىشنى نومۇس بىلدىم . ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ دۇەن جياۋشۇغا قاراپ چاق- چاق قىلدىم :

— دۇەن جياۋشۇ ، مېنىڭ ئۈچۈن ۋۇچۈەنشەنگە بېرىپ بىر كۈن ئوينىۋېتىڭ !

— سىزنىڭ ناخشىڭىزنى سېغىنىدىغان بولدۇم ـ دە ، ئاخىر- قى قېتىم بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭە ، ئېيتىڭە ، بارغۇچە قۇلىقىم



www.uyghurkitap.com

تۇۋىدە جاراڭلاپ تۇرسۇن !

— ئېيتىڭ ! — دېدى مى جياۋشۇمۇ ماڭا خۇشاللىق ، غەيرەت تىلەپ ، — مېنىڭ بۇ يەردىن زادىلا كەتكۈم يوق . مېنىڭچە ، دۇنيادا ئەڭ گۈزەل يەر مۇشۇ بۇتخانا . نېمىشقا دېگەندە ، بۇ يەردە نېمىنى خالىساڭ شۇنى خىيال قىلالايسەن ، ھېچكىم خىيال قىلىشىڭغا دەخلى قىلمايدۇ . خىيالمۇ بىر چوڭ كىتاب . ئۇكام ئەلا ، سىز بۇ كىتابنى تازا ئوقۇۋالىدىغان بولدىڭىز .

بىز كۈلۈشتۇق...

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، بىز لاۋياڭ ئىككىمىز قالدۇق . بۇتخانىدىن ئىككى پاراڭچى بوۋاي كېتىشۇدى ، ياتاق ھۇۋۇلداپ قالدى . ئىككىمىز ئىككى بۇلۇڭدا جىمجىت ، خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ ، زېرىكىشلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزىمىز ، ئۇنى ئاز دەپ ، پۈتۈن ئەمگەك جەريانىدىمۇ لاۋياڭ لام - جىم دېمەيدۇ . ئۇ مى جياۋشۇدىن ئېلىۋالغان غاڭزىسىنى ھېلىدىن - ھېلىغا شورايدۇ . خۇددى مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئارتۇقلۇق قىلىۋاتقاندەك ، گويا ئۇنىڭ بىر مەخپىي ئىشىنى مەن ئاشكارىلاپ قويۇۋاتقاندەك ، ئۇ ماڭا ئېھتىيات ۋە گۇمان بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ - قاراپ قويىدۇ . ئۇ ئەمدى ماڭا نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدىمۇ ، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ تارىخى ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدىمۇ سۆزلىمەيدىغان بولۇۋالدى . ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى كۆڭۈلسىزلىك ، زېرىكىش تېخىمۇ كۈچەيدى . مېنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشىم ئىككىلا : ئەمگەك ۋە خىيال ، چۈنكى ناخشام دۇەن جياۋشۇلار كەتكەندىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈكۈم بىلەن تۈگىدى ، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىم بولسا ئاللىقاچان تۈگىگەن ، مېنىڭ بىلەن پاراڭ قىلىدىغان ئادەم بولسا ، ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ ، ئۆزىنى قاچۇرماقتا ئىدى...

كۈندە كۆرىدىغان يايلاق ، كۈندە ماڭىدىغان پاتقاقلىق يول ،

سوغۇق ۋە جىمجىت ياتاق مېنىڭ قايغۇلىرىمنى كۆپەيتمەكتە، چىرايىمنى كۈندىن - كۈنگە سارغايتىپ، ئۇيقۇ ۋە تامىقىمنى ئازايتماقتا...

مەن ياتاقتا ئېڭىكىمنى ئالىقىنىمغا تىرەپ، تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىدا گىرەلداۋاتقان چىۋىنغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، چاڭجاڭ بىلەن قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى پەيدا بولدى. قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى لاۋياڭغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. لاۋياڭ كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، كەڭ پېشانىسىنى سىلىدى، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى پۈلتىيىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا يالت قىلىپ قارىدى - دە، تۆۋەتى قالمىغان سوكنا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا ماڭدى.

مەن شۇ چاغدا، قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرىغا قارىدىم. ئۇ يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان، ئېڭىكىدە ئۈچ - تۆت تال ساقىلى بار، بويىنى ئالاھىدە ئۇزۇن، بۇغدىيىكىمۇ بۆلەكچىلا يوغان، لېكىن يېقىمسىز گەۋدىسىگە ماسلاشمىغان قاپقارا، يوغان كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان قىزىل يۈزلۈك، ئاغزى كەمسۈك، سوغۇق چىراي يىگىت ئىدى.

— ئەلا! — دېدى ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ، قاپاق تۈرۈپ، — تەشكىل مېنى سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. خىي شۈجى ئالاھىدە جېكىلىدى. تەشكىل سېنى قۇتقۇزۇۋالماقچى، مەسىلەڭنى ئېنىق تاپشۇرغىن!

— نېمىنى تاپشۇرىمەن! — مەنمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم.

— نېمىنى تاپشۇرىدىغىنىڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم. مەنمۇ ئاز سانلىق مىللەت، سېرىق ئۇيغۇرمەن. بىلەمسەن، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پارتىيىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولىدۇ.

— بۇنى مەن سىزدىن ياخشى بىلىمەن!

— سوتسىيالىزم بىزنىڭ بىردىنبىر يولىمىز !

— شۇنداق ، سىز نېمە دېمەكچىسىز ؟ — مەن ئۇنىڭغا ئەمدى سىلىق گەپ قىلالمايدىغىنىمنى بىلدىم . ئۇ ئالدىمغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى تىترىدى ، قارا كۆزلىرى چىمچىقلىدى ، بوينى تېخىمۇ ئۇزىراپ ، بوغدىيىكى تېخىمۇ يوغىنىغاندەك كۆرۈندى . ئۇ بىردىنلا تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى :

— سەن ساۋۇتوفنى قاچاندىن تارتىپ بىلىسەن ؟

— بۇنى سىلەرنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىدىن سورا !

— كىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا چېتىلغان ؟

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم :

— سېنىڭسىزمۇ مەن يېتەرلىك ئازاب چېكىۋاتىمەن ، تولا ئوغامنى قايناتماي ، يوقال كۆزۈمدىن !

ئۇمۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى :

— جاھىللىق قىلساڭ ، چىقىش يولۇڭ يوق !

— سېنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭگە ھاجەتمەن ئەمەسمەن !

يەنە نېمىلەرنى دېيىشكىنىمىز ، ئۇنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە يوق ، يېرىم سائەتتىن كېيىن لاۋياڭ كىردى . ئۇنىڭ تىۋىتسىز سوكنا چاپىنى چىلىق - چىلىق سۇ ، تەتۈر ئۆرۈپ تىكىلگەن بەتىنكىسى ئېغىر پاتقاقلارنى سۆرەپ كىرگەندى .

— يامغۇر يېغىۋاتامدۇ ، لاۋياڭ ؟

— قاتتىق يېغىۋاتىدۇ ، قارمۇ ياغىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئوقۇغۇدەك بىرەر كىتابىڭىز يوقمۇ ؟

— تەبىئەت دىئالېكتىكىسىغا دائىر كىتابلار بار .

— مەيلى ، قانداقلا كىتاب بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ . لاۋياڭ ، مەن تاماقسىز يۈرەلەيمەن ، لېكىن كىتابسىز يۈرەلمەيمەن !

ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدى ۋە غاڭزىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ :
— سىز سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ، بۇ يەردە يېتىپ قالسىڭىز ، سىزگە قارايدىغان ئادەم يوق قېينىلىسىز . قاراڭە ، كۆزىڭىزدە ئاجايىپ چوڭ قايغۇ تۇرۇپتۇ ، — دېدى . مەن كۆزۈمگە ياش ئالماسلىقتا ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغان . شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىغۇم كەلگەن بولسىمۇ ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم :
— كىتاب ، مۇھەببەت ، سالامەتلىك — مېنىڭ بايلىقىم . ئەمدى بىر يوشۇرۇن قول مۇشۇ ئۈچ بايلىقىمنى ئوغرىلاپ كېتىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ !
لاۋياڭ مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى :
— ئۈمىدسىزلەنمەڭ ، چوڭ يازغۇچىلاردىن ، ئىنقىلابچىلار- دىن ئۆگىنىڭ ، ئىرادىلىك ، غايىلىك ، ئۈمىدۋار بولۇڭ ! مەن بايا ھېلىقى قوغداش كادىرىنىڭ سىزنى جاھىل دەپ تىللاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . دېمەك ، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئىكەنسىز !
ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى . ياتاقتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . قارا ساندۇق تېگىدىن بىر چاشقان چىقتى - دە ، يېرىم تال تۇرۇپنى تېپىۋالدى ، ئاندىن ئۇنى تۇمشۇقى بىلەن ساندۇقنىڭ ئاستىغا قارد- تىپ دومىلىتىشقا باشلىدى . يېرىم تال تۇرۇپنىڭ غودۇر - دۈك يەردە تىرىكلىشىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى . لاۋياڭ ئوڭدا ياتاتتى .
لاۋياڭ ئۆزىچىلا سۆزلىدى :
— گيۇتې دۇنيادا سەكسەن ئىككى يىل ياشىغان ، «فائۇست» نى يىگىرمە تۆت يېشىدا يېزىشقا باشلاپ ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تامام- لىغان ، ئەللىك سەككىز يىل بىر كىتابقا ئىشلىگەن . ئەلۋەتتە باشقا ئەسەرلەرنىمۇ يازغان . سېرۋانتېس «دون كىخوت»نى ئافرىقى- دا ئەسىر ۋاقتىدا يازغان ، ھەي ئۇكام ، ئۈمىدۋارلىق — ئەڭ چوڭ

بايلىق ، ئەڭ ئالىي پەزىلەت . مەن سىزدە مانا مۇشۇ پەزىلەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم . بۇ يەر ھېچقانچە ئەمەس ، روبىنزۇ كرۇزو ئادەمزاتسىز ئارالدا يالغۇز ئون تۆت يىل ياشىدى ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتتى . «سىرلىق ئارال» كىتابىدىكى سايرۇس سىمىت قاتارلىق بەش ئەزىمەت لىنكولىن ئارىلىدا يېڭى ھايات ياراتتىغۇ ؟ ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ھەققانىيلىقى بىزگە چوڭ مەدەت ، ۋاقىتلىق قېقىلىمىز ، لېكىن بۇ قېقىلىش بىزنى چېنىقتۇرىدۇ . ئۇ بىزگە ھاياتنىڭ چوڭقۇر ، بىز بىلمەيدىغان قانۇنىيەت ، سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ . ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلىردىكىنىز يوق بولسا ، فىزىكا ، مېخانىكا ، خىمىيە ، پەلسەپە بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىڭ . گېرمانىيە يازغۇچىسى گيۇتې گومىر ، شېكىسپېر ، فرۇدۇننىڭ ئەسەرلىرىنىلا ئۆگىنىپ قالماي ، ئېلېكترولوگىيە ، مېخانىكا قاتارلىق بىلىملەرنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن . سىز يەنە ئۇلۇغ يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ نۇرغۇن بىلىملەرنى قانداق بېرىلىپ ئۆگەنگەنلىكىنى بىلىسىز . سىز مۇنۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭ ، سىزگە ئىلھام بولۇشى مۇمكىن .

مەن ئۇنىڭ قولىدىن «دۇنياغا داڭلىق بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى يازغۇچى» دېگەن كىتابنى ئالدىم . كىتاب مېنى خىيالدىن ، غەمدىن ۋە خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇردى . لېكىن ، كىتابتىكى يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى ماڭا ئۆز بېشىمدىن ئۆتۈۋاتقان ، دوستلىرىمنىڭ بېشىدىن ئۆتۈۋاتقان كۈندىلىك ئىشلارنى ئەسلەتتى . مەن تۇرۇپلا يەنە كىتابتىن تۇرمۇشقا قايتاتتىم .

··· يامغۇردىن كېيىنكى يايلاق گۈزەل ، چاققاق كوكاتنىڭ قارايغان يوپۇرمىقى ئۈستىدىكى كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك ئاق ، سۇزۇك شەبنەم ، سۇزۇلگەن چوققىلار ئۈستىدىكى رەڭدار بۇلۇتلار ، تاغ قاپتاللىرىدىكى ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن قارامتۇل باشلىرىنى چىقىرىپ تۇرغان ئارچىلار ، يېشىل يايلاق ئۈستىدە ئاق پاختىدەك

www.uyghurkitap.com

ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ، قورام تاشلارغا قونۇشۇۋالغان ئالا قاغى- لار ، پاكارلا بوشلۇقتا ئوينىشىپ يۈرگەن تۆمۈر قاناتلار... ماڭا : «هايات گۈزەل ، هاياتتىن لەززەت ئال ، قارا ، بىزمۇ جۇدۇندىن كېيىن خۇشاللىق تاپتۇق . سەنمۇ شۇنداق خۇشاللىققا — بەختكە قاراپ قەدەم تاشلاۋاتىسەن !» دەۋاتقاندەك قىلاتتى . مەن كۆندە ئولتۇرىدىغان قىزىل تاشنىڭ سىلىق ، مۇزدەك دۈمبىسىگە مىنىدىم - دە ، يىراقتىكى تاغلارغا قاراپ بىرپەس خىيال سۈردۈم ، ئاندىن هاشىرنىڭ خېتى بىلەن رازىيەنىڭ خېتىنى قايتىدىن ئاچتىم ۋە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان جايلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم :

«... يادىڭدا بارمۇ ، بېيجىڭدا پويىز ئىستانسىسىدىن تيەنئەنمېنگە بارغۇچە چاڭئەن كوچىسىغا قانداق هەيران قال- غانمەن . دۆڭدەن دېگەن يەرگە كەلگەندە ، يولنىڭ كەڭلىكىنى ماڭداپ چىقىۋىدىم ، ئاتمىش سەككىز ماڭدام كەلدى . مەن كۆڭلۈمدە چاڭئەن كوچىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنى هې- سابلاپ ، شۇنچە مۇنبەت يەر يولغا كېتىپتۇ ، ئاشلىق تېرىلسا قانچىلىك پايدا بولاتتى دەپ ئويلىدىم . يولنىڭ ئىككى يېقىدى- كى خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوت تەخسىلەردەك كۆرۈنىدى- غان سانسىز ، تۇتاش لامپۇچكىلارنى كۆرۈپ ، خوتەن يېزىلى- رىدا قىرىق - ئەللىك ئادەم كەچ كۇرس ئۇچۇن سىنىپقا تىقىلىپ قارا چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا خەت يېزىۋاتقىنىنى ئەسلىدىم - دە ، هۆكۈمەت پۇلنى شەهەرلەرگىلا خەجلەپتۇ دەپ ئويلىدىم . ئەمدى ئويلىسام ، ئىنساننى ، تۇرمۇشنى تېخى بىلمىگەنىكەنمەن . هايات — ئاشلىق ، پولات ، ئىمارەت ، تاش- يول... ئەمەسكەن ، ئىنسان — ئىشلىگۈچى ، يېگۈچى ، يارات- قۇچى ، ئىنتىلگۈچى ، ئىزدەنگۈچىلا ئەمەسكەن . هايات — گۈزەللىك ، ئىنسان — گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى ئىكەن .

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئۇنى ئىشلەشكە ، ئىجاد قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن… خاتا قىلدىم . مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئۆز ھاياتىغا گۈزەللىك ئىزدىگۈچىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپتىمەن . مانا ئەمدى ھاياتىمدا روھىي پاجىئە پەيدا بولدى . رازىيەنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ ، ۋىجدانىم ئىرادەمنى ئەيىبلەيدۇ… »

ئىككىنچى بىر يېرىدە مۇنداق يېزىلغانىدى :

«1958 ـ يىلىدىكى يەنە ئەللىك يىلدا كوممۇنىزمغا بارىمىز ، ئەنگلىيىدىن ئۆتۈپ كېتىمىز… بىر مو يەردىن ئەللىك مىڭ جىڭدىن شال ئېلىپ رېكورت ياراتتۇق… دېگەن چوقان ـ سۈرەنلەرنى ئاڭلاپ مېڭەم قىزىپ كېتىپتۇ . پولات تاۋلاشتا يېيىلىۋاتقان ئاشلىق ، خەجلىنىۋاتقان پۇلنى كۆرۈپ ، ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز باي ھېسابلاپتىمەن ، ئىككى يىلدىن كېيىن كاۋا ئۇچۇن يېرىم كۈن ئۆچىرەت تۇرىدىغىنىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن . ھەممىنى ئىلمىي ، چوڭقۇر ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ… ئەلا ، گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىپ ياخشى قىپسەن . تاشپولات ئۆيلەندى ، قۇرماشمۇ ئۆيلىنىۋالدى . نامەت ھازىر خوتەندە ئىناۋەتلىك ئادەم بولۇپ قالدى . چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى ، يوشۇرۇپ قويغان ئاشلىق ، مېيى ، نەلەردىندۇر كېلىدىغان گۆشلىرى بار . ئۇنىڭ ئۆيىدىن مەززىلىك قىيما پۇرىقى ، تۇرخۇنىدىن قويۇق ئىس چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ مېنى پات ـ پاتلا ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ . سەۋەبى ، مەن ھازىر ئۇنىڭ باشلىقى — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالدىم . لېكىن ، مېنىڭ مىجەزىم ئەسكى ، ئاچ قېلىشقا رازىمەنكى ، ئۇنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشنى ئۇيات بىلىمەن .

www.uyghurkitap.com

ھەيرانمەن ، غەيۋەتچى خوتۇنلاردەك ئۇششاق گەپلەرنى يازغىلى تۇرغىنىمنى قارىمامسەن ، ئۆيلەنگۇم بار ، لېكىن مۇھەببەتـ سىز ئۆيلىنىش نومۇسقۇ ؟ مېنىڭ كۆڭلۈم مۇزغا ئوخشايدۇ ، بۇ يىل ئۆيلىنەي دەپ ، بۇ مۇزنى ئېرىتىشكە ھەرىكەت قىلىپ كۆردۈم ، لېكىن ئامالى بولمىدى . رازىيەنى زادىلا ئۇنتۇيالـ مايۋاتىمەن . نېمىشقا مەن ئۇنىڭغا ، ئۇ قوبۇل قىلالمايدىغان تەلەپلەرنى قويدۇم . ئۆمەر ئەپەندىنى نېمانچە خەتەرلىك ھېـ سابلىدىم ؟ مەن تۇرمۇشتا نېمىنى خاتا قىلدىم ؟ ئۇنى تۇزەتكىـ لى بولامدۇ ؟ مېنىڭچە ، خاتالىقىم رېئاللىققا كۆز يۇمغانلىـ قىمدا . رېئاللىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئۆزۈمنى باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك قىلىشۋالغانلىقىمدا ... بۇنى تۈزەتكىلى بولىدۇ . ئالدى بىلەن مەن ئادەم ، ئاندىن قالسا ئىنقىلابچى ، مانا بۇ بىر رېئاللىق . رەخمەتوف[1] روھى ھازىر ئاقمايدۇ ، يۇمشاق چۆشەك ئاستىغا تاش سېلىپ يېتىش ياكى كارىۋاتقا مىخ قېقىپ يېتىش ئىرادىنى تاۋلاشنىڭ بىردىنبىر يولىمۇ ؟ ياق . مانا بۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق . ئىنساننىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىش ھېـ سابىغا ئىرادە تاۋلاش ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شوئار توۋلاش ، رېئاللىققا كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ . ئىنسان بولغىنىم ئۈچۈن ، مەنمۇ باشقىلاردەك پۇل يىغىپ ، ئۆي ـ جابدۇق ئېلىشىم ، ھەتتا دېرىزىگە قاچا گۈل قويۇشۇم ، ھەپتىدە بىر قېتىم تانسا ئوينىشىم ، ماڭا كۆڭۈل بەرگەن قىزنى شەرتسىز ھۆرمەتلىـ شىم ، كۆڭلۈم تارتقان قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىشىم ، توي ـ تۆكۈنلەرگە كاستۇم كىيىپ بېرىشىم لازىم ئىدى . تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىش ، ماكسىم گوركى لېنىننى تەسـ

---

① چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر پېرسوناژ .

ۋىرلىگەندەك ، ئۆزۈم تۇتۇۋالغان بىلىق ئۇچۇن قاقاقلاپ كۈ-
لەلىشىم لازىم ئىدى… «بىر ئۆمۈر ئىنقىلاب قىلىش» ،
سىنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىڭگە دەخلى قىلمايتتى…

بۇلارنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ . بۇ يىل يىگىرمە توققۇز
ياشقا چىقتىم ، يەنە ئەللىك - ئاتمىش يىل ياشايدىغاندەك
تۇرىمەن . ھاياتنى يېڭىۋاشتىن قۇرغىلى ، تۇرمۇشنى ئۆز يو-
لى بىلەن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ، لېكىن تۇنجى مۇھەببەتنى
قايتا تىرىلدۇرگىلى بولمايدۇ . بىر قەدەمنى خاتا بېسىش بى-
لەن پەيدا بولغان زىياننى تولدۇرغىلى ، گۈزەل ياشلىقنىڭ
ئۇن - تىنسىز ، شەپىسىز ھالدا كۆڭۈل دەرۋازاڭدىن كى-
رىپ ، يۈرىكىڭگە چېكىپ قويغان جاراھەت گۈلىنى يوقاتقىلى
بولمايدۇ… » .

مەن رازىيەنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم :

«ئەلا ، مۇبارەك بولسۇن ، گۈزەلئاي بىلەن توي قىپ-
سىز ، ئەلانۇردىن ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم . بەختلىك
بوپسىز . بەختمۇ ، بەختسىزلىكمۇ تۇيۇقسىز كېلىدىكەن -
ھە ؟ سىز بۇرۇن گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىمەن دەپ ئويلاپ
باقمىغان بولغىيتتىڭىز ؟ مېنىڭچە ، ياق . بۇ بەخت قۇشى
سىزگە غايىبتىن كېلىپ قوندى . مەنچۇ ؟ بەھرام مۇئەللىم
بىلەن توي قىلىمەن ، بىر بالىلىق بولىمەن دەپ ئويلىغانمى-
دىم ؟ ياق ، مەن بۇ كىشىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتىم ، لېكىن
تەقدىر مېنى ئۇنىڭغا قوشتى… تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزۈمنى
ئەيىبلەيمەن ، بولۇپمۇ ھاشىرنىڭ دادامغا يازغان تۇيۇقسىز
خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئەيىبلەيدىغان
بولدۇم . نېمىشقا شۇنچە ئەمەلىيەتچى بولۇپ كەتتىم ؟ نېمىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىگە شۇنچە مەھكەم يېپىشىۋالدىم؟ قىز-
بالا جەزمەن تۇرمۇشقا چىقىشى لازىم دېگەن تۇرمۇش قانۇنىيى-
تى مېنى قاچانلاردا ئەسىر قىلىۋالدى؟ پۇشايمان قىلىمەن،
قاتتىق پۇشايمان قىلىمەن. ئەلا، كۆزگە كۆرۈنمەس قەپەسكە
چۈشتۇم، شاراقلىمايدىغان زەنجىر بىلەن باغلاندىم. ‹مۇئەل-
لىم› شۇنچىلىك كۈنچىكى، يۇمشاق قارغا چۈشكەن ئۆزىنىڭ
ئىزىنى باشقا بىرىنىڭ ئىزى دەپ، كېچىچە مېنى سوراققا
تارتىپ چىققان كۈنلىرىمۇ بولدى، گويا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ
ھەممىلا يېرىدە كۆزى بار، نەدىلا يۇرسەم كۆرۈپ تۇرىدۇ،
سوقۇشمايدىغان بىرمۇ كۈنى يوق. لېكىن، قىزلار تۇرمۇشقا
چىققاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجراشسا نامى يامان بولۇپ قالى-
دۇ، ئەخلاقلىق ئايال بىر ئەر بىلەن ئۆتىدۇ، دەيدىغان گەپ-
لەرنى ئاجايىپ مۇقەددەس بىلىمەنكەنغۇتاڭ، نىكاھتىن ئاج-
رىشىشنى ئويلىساملا يۈرىكىم چىقىپ كېتىدىغاندەك دۇپۇل-
دەيدۇ، خۇددى يوشۇرۇنچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندەك ئالاق-
زادە بولىمەن…

ئەلا، ئېيتىڭە، ئاتا ـ بوۋىمىز قالدۇرغان ‹گۈزەل
ئەخلاق قانۇنىيەتلىرى›گە خىلاپلىق قىلغۇدەك بولۇش ئۈچۈن
نېمىلەرنى قىلسام بولىدۇ؟ ئۆزۈمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن ئاز ـ تولا رومانتىك بولغۇم كېلىدۇ. ئېيتىڭە، بىر
ئەمەلىيەتكە چوقۇنىدىغان ئاجىز ئايال قانداق يول بىلەن رو-
مانتىك بولالايدۇ؟…»

گويا بىر قولىقىمدىن ھاشىر، يەنە بىر قولىقىمدىن رازىيە
ۋارقىراۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ جاۋابسىز قېلىۋاتقان سوئاللىرى
يايلاقتا غوڭۇلداۋاتقاندەك بىلىنىدى. مەن كۆك ئاسمانغا قارىدىم ۋە:
«ھەممىلا ئادەم تۇرمۇشقا سوئال قويۇۋاتسا كېرەك. نېمىشقا سو-

ئاللىرىمىز كۆپ؟ نېمىشقا سوئاللىرىمىز جاۋابسىز قېلىۋاتىدۇ؟ كەلگۈسىدىمۇ جاۋابسىز قالارمىزمۇ ياكى قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالارمىزمۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

## 4

ئۈچ كۈندىن بېرى سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، قارا لاي خۇددى ئېرىگەن مومدەك ئاياغقا يېپىشىدۇ، بۇتخانىنىڭ كەينىدىكى قاپتاللاردا قامغاقتەك ئىرغاڭلاپ يۈرگەن تۇغۇمچان بۇلۇتلار يەردىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا، ئۆز تۇخۇمىنى — ئۈنچىدەك سۇ دانچىلىرىنى چاچىدۇ. بۇ دانچىلار دەسسەلگەن يوپۇرماقلار ئۈستىدە بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئاۋۋال سۈيى لېپىلدىغۇ كۆلچەكلەرگە، ئاندىن كۆلچەكلەردىن تېشىپ چىقىپ سارغۇچ كۆل رەڭ ئېرىقچىلارغا ئايلىنىدۇ. ئېرىقچىلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، غول - غوللاردىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سەلگە ئايلىنىدۇ. ئۈچ كۈنلۈك يامغۇر غول-لارنى شارقىراپ چىقىۋاتقان سادا بىلەن، گەنجا يايلىقىنى يۈگەنسىز ئېقىن بىلەن پۈركەپ تاشلىدى. دېمەك، ھازىر بوسۇغىدىن چىقى-ساڭلا سۇ كېچىسەن، سېنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك جاي — ئاشۇ گىرىمسەن بۇتخانىنىڭ ئىللىق بۇلۇڭى. سەن ئۇ يەردە يانپاشلاپ يېتىۋېلىپ، كەچ كىرگۈچە كىتاب ئوقۇيسەن، ئويلايسەن، يازىسەن!

مېنىڭ كۈنلىرىم مانا شۇنداق ئۆتمەكتە. ھازىر مەن بۇتخانىدا يالغۇز ئولتۇرىمەن. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يەنى مۇشۇ يامغۇر-نىڭ بىرىنچى كۈنى لاۋياڭ شياخې ناھىيىسىگە ئەۋەتىلدى.

ئۇ كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە بولدى: لاۋياڭ ئىككىمىز قوتازلارغا ئوتۇن ئارتىپ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندا، كۈن ئۆز قىنى-دىن بىر ئارغامچا بويى ئېگىزلىكتە — سارغۇچ بۇلۇتلار ئىچىدە

پىلىلداپ تۇراتتى . بىزنىڭ قورسىقىمىز ئاچ ، ئايىغىمىز ماغدۇرسىز ئىدى . مەن قوتاز لىڭگىرچىقىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان ئۆزۈن سوغىنى يىشىۋالدىم ـ دە ، لاۋياڭغا قاراپ :

— ئاۋۇ ئىس چىقىۋاتقان يەردە كىگىز ئۆي كۆرۈنىدۇ ،— دەپ سول تەرەپتىكى كۆكۈچ تۇمانلىق تاغ ئارىسىنى كۆرسەتتىم ،— قېتىقى بارمىكىن ، بېرىپ باقمايمىزمۇ ؟

لاۋياڭ ساڭگىلىتىپ كېتىپ بارغان بېشىنى چۆچۈپ كۆتۈردى ـ دە ، ئەستە كۈلۈمسىرەپ ، ئىششىپ كەتكەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى :

— ئۆي بارمىكەن ؟

— ھەئە . تىڭشاڭە ، قىز بالا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ .

— بېرىپ باقايلى ، ئەمىسە .

چۈلۈكتىن بۇرۇنلىرى كېرىلىپ ، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسى ئۆرلەپ كەتكەن قوتازلارنىڭ ئارقانلىرىنى چاتقاللارغا باغلاپ قويدۇق ، سوغىنى كالتەككە ئۆتكۈزۈپ ئىككىمىز مۈرىمىزگە ئېلىۋالدۇق ـ دە ، قوشۇماش توپاقلاردەك ياندىشىپ ، سارغۇچ ، ئۆسكىلەڭ ئوتلارنى دەسسەپ ، ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق . يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ئىككى كىگىز ئۆي ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن ئاياللار ، ئۆز بېشىغا ماسلاشمىغان تۇلكە ، بۆرە تېرىلىرىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىلارنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان بالىلار كۆرۈندى . مەن تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ :

— ئارۇ ، چى يوگى مەگى[1] ! — دەپ ۋارقىرىدىم . بىر ئايال قولىدىكى كۆسەينى پۇلاڭلىتىپ :

— جانىخ ، جانىخ[2] ! — دەپ ۋارقىرىدى . شۇ زامان تۆت ئىت بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . ئىتلارنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىشىپ

---

① ئىت بارمۇ ؟

② خەنزۇلار .

بالىلار ، ئاياللار يۇگۇرۇشتى . مەن لاۋياڭنىڭ قولىدىن تارتىپ تاشقا چىقارغۇچىلار ، ئىككى ئىت ئۇنىڭ پۇتىدىن چىشلەپ تۆۋەنگە تارتتى . مەن قولۇمدىكى كالتەك بىلەن يۇگۇرۇپ چۇشتۇم ، ئاڭغىچە ئۆي ئىگىلىرى كېلىپ ئىتلارنى ھەيدىۋەتتى ، لېكىن لاۋياڭنىڭ يانپىشىدىن قان ئاقماقتا ئىدى .

ئاياللار قورقۇپ ۋارقىراشتى :

— مازاڭ دا[①] ، مازاڭ دا !

— مەمبا زاگى ساڭ[②] !

— داچى يەجى[③] ؟

— رىن - رىن مامەن چىلى شىخ[④] .

لاۋياڭ كۇلۇپ تۇراتتى . مەن بۇ گەپلەر ئىچىدىن ئانچە - مۇنچە بىلىدىغانلىرىمنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم . كىگىز بېسىپ لاۋياڭنىڭ پۇتىدىكى قاننى توختاتتۇق . ئۇلار لاۋياڭنى ئاتقا مىندۇردى ، سوغىمىزنى قېتىققا تولدۇردى ، ئاندىن ئۇلار قوتازلىرىمىزنى ھەيدەپ ، بىزنى ياتىقىمىزغا ئەكېلىپ قويۇشتى .

لېكىن ، قوغداش بۆلۇمىنىڭ كادىرى بىلەن چاڭجاڭ بۇ ئىشنى باشقىچە چۇشىنىپ قاپتۇ ، شۇڭا بىرىپ ھېلىقى ئىتلارنى ئېتىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ . زاڭزۇلار يامغۇردا كېلىپ بۇتخانىنى قورشىۋالدى ، لېكىن ھەربىيلەر بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى . ئەتىسى لاۋياڭ شىياخېغا — دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلدى…

قوغداش بۆلۇمىنىڭ كادىرى مانا بۇگۈن ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، مەن ياتاقتا يالغۇز قالدىم . لاۋياڭنىڭ كىتاب-

---

① يامان بولدى .
② دوختۇر چاقىرايلى .
③ قانداق قىلارمىز ؟
④ بول ، دورا ئەكەلگىن !

لىرى مېنىڭ ئۇچۇن يېڭىلىق ۋە قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلدى. مانا مەن ئۇنىڭ پەلسەپە تارىخىغا دائىر كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېرەكلىك بىلىملەرنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋاتىمەن، پۇتلىرىم كۆيۈشتى، بېشىم قايدى... لېكىن كىتابتىن زادىلا باش كۆتۈرگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. خۇددى لاۋياك كېلىپ قالسا كىتابنى تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپمەن، تېز كۆچۈرۈشكە تىرىشماقتىمەن، خەنزۇچە خەتلەرنى سۇۋاشتۇرۇپ يېزىپ، تېززەك ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئالدىراۋاتىمەن.

— ئەكەلگىن، لاۋياك كىتابلىرىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار دېگەنتى! — دېدى قوغداش كادىرى تۇيۇقسىزلا.

مەن ئۇنىڭ قاچان كىرگەنلىكىنى، قاچاندىن بېرى بېشىمدا قاراپ تۇرغىنىنى تۇيماپتىمەن، چۆچۈپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم ـ دە:

— لاۋياك قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم.

— ئەكەلگىن! — دەپ سوغۇقلۇق بىلەن كىتابقا قولىنى ئۇزاتتى ئۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئاز قالدى، كۆچۈرۈۋالاي!

— پۈتۈن بىر ماشىنا سېنىڭ كۆچۈرۈپ بولۇشۇڭنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

— ئىككى مىنۇتقۇ!

— ياق، ئەكەلگىن!

ئۇ قوپاللىق بىلەن كىتابنى تارتىۋىدى، مېنىڭ خاتىرەم پاتقاقلىق يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. مەن غالىلداپ تىترەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ناۋادا، ئۇ ئىككى كاچات ئۇرغان بولسا، بۇنچىلىك خاپا بولمىغان بولاتتىم. خاتىرەم — يۈرەك قېنىم سىڭگەن ھالال ئەمگىكىمنىڭ ئىسپاتىغۇ، مېنىڭ ۋىجدانىم ئۇنى خورلاشقا يول قوياتتىمۇ؟ تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم. خۇددى ئارزۇلۇق بالامنى بىرى كۆزۈمچىلا ئۇرغاندەك،

قىممەتلىك ئايالىمغا بىرى ھاياسىزلىق بىلەن كۆزۈمچىلا كۆز تاشلىغاندەك، يۈرىكىم ھاقارەت ۋە خورلىنىش بىلەن ئازابلاندى - دە، پۈتۈن غەزىپىم خۇددى قولۇمغا توپلانغاندەك مۇشتۇملىرىم چىڭ تۈگۈلدى، قولۇمنى بىرلا شىلتىسەم پۇخادىن چىقىمەن، لېكىن بۇرنى قانىغان مۇتتەھەمدىن قانداق قۇتۇلالايمەن! چىشلىرىم كاسىلدىدى:

— قوپاللىقىڭ ئۈچۈن مۇشت ئارتۇقلۇق قىلىدۇ، لېكىن ئەتەي قىلغان بولساڭ، ئۇ مۇشتمۇ ساڭا ئازلىق قىلاتتى! — دېدىم مەن ھەربىر گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ.

— نېمە، نېمە؟ يەنە بىر دېگىنە؟

— ھايۋان ئۈچۈن بىر قېتىم دېگەن بىلەن مىڭ قېتىم دېگەننىڭ پەرقى يوق!

— ئىپلاس، ئەكسىيەتچى، كۆرسەن تېخى! تۈرمىگە كىردسەن، كاللاڭغا ئوق يەيسەن!

— تۈرمە بىلەن ئوق ساڭا بۇرۇنراق كېلەرمىكىن؟!

— نېمە دېمەكچى؟ سوتسىيالىستىك تۈزۈم غۇلايدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

— ساڭا ئوخشاش ياۋۇزلار غۇلايدۇ، تولا گەپ قىلماي يوقال كۆزۈمدىن!

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم. ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترىمەكتە، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چەكچەيمەكتە، ياداڭغۇ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئۆلۈك ئادەمنىڭ چىرايىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— كۆرسەن!— دېدى ئۇ بېگىز قولىنى پېشانەمگە تەڭلەپ،— لاۋياڭنى ئىتقا تالاتقانمۇ، زاڭزۇلارنى بىزگە قارشى قۇتراتقانمۇ سەن! ئەتىلا قولۇڭغا كويزا سالغۇزمىسام، ئادەم ئەمەسمەن!

ئۇ پىرقىرىغان پېتى چىقىپ كەتتى . مېنى تىترەك باستى . ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلىدىغۇ ، مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشىمۇ مۇمكىنىغۇ . ئۇنىڭ قولىدىن نېمە يامانلىق قىچىپ قۇتۇلالىسۇن . بۇنداق ئادەملەر نەدە تەربىيە ئېلىنىشىدىغاندۇ ، ئۇلارنىڭ قېنىغا ياۋۇزلۇق نەدىن قۇيۇلۇ-دىغاندۇ ؟ كىم بىلىدۇ ؟ ئۇ مۇشۇنداق كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يالغان سۆزلەپ ، ھىمايىگە ، ئېتىبارغا ئىگە بولۇۋېلىپ ، بىزدەكلەرنىڭ شىللىسىگە چىقىۋالامدۇ تېخى… مەن ئاخشىمى غۇۋا شامنىڭ يورۇ-قىدا تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنۈۋاتقان يوغان بۇتخانىدا يالغۇز يېتىپ ، ۋەھىمە ئىچىدە قوغداش كادىرى توغرىسىدا ئۇزاق ئويلىدىم . ئويلى-غانسېرى مېنى سۈر باستى : مەن مۇنۇ گەنجا يايلىقىدا يوقىلاڭ بەتنام ، ئەرزىمەس ئىش بىلەن ئۆلۈپ كېتىشنى ياكى خورلۇق تارتىشنى ھەرگىز خالىمايمەن . مەن قانچىلىك جاپا تارتسامۇ مەي-لى ، بۇ يەردىن قاچىمەن ، شياخې ناھىيىسىگە بىر كۈندىغۇ بارالار-مەن ئەڭ ياخشىسى ، تاغ ئارىلاپ قاچاي ، ئۇ مېنىڭ ئىزىمغا چۈشۈ-ۋالمىسۇن…

ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ قويغانىدىم ، زادىلا ئۇيقۇم كەلمى-دى ، سىرتتا ھۇۋۇلىغان بوران بىردە پەنجىرىنى تاراقلىتىدۇ ، بىردە نېمىلەرنىدۇر تاملارغا ئۇرىدۇ ، گويا تەبىئەتمۇ ماڭا ھەيۋە قىلىۋات-قاندەك . «سەن ئەمدى قۇتۇلالمايسەن ، ئۆلۈكۈڭ گەنجا يايلىقىدا قالغىنى قالغان . سەن قۇزغۇننىڭ يەملىكىدە ئېرىپ ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىسەن . يۇرتۇڭ ، يۇرتۇڭدىكى شاۋقۇنلۇق دەريا ، پۇراقلىق باغلار ، سەلكىن شاماللىق ئېتىزلار ، قوغۇنلۇقلار ، دە-رەخلەر ئارىسىدىكى مىرزىگۈل پۇرىقىغا پۇركەلگەن ئۆيلەرنى ئەمدى كۆرەلمەيسەن ، سېنى تالىشىپ ـ تارتىشىپ مېھمانغا چاقىرىدىغان يۇرتداشلىرىڭ سېنى يات ئارىدا ئۇنتۇيدۇ . گۈزەل ئامرىقىڭ بىر يىل كۆز يېشى قۇرۇماي يىغلايدۇ ـ دە ، ئاندىن كېيىن تەقدىرگە



www.uyghurkitap.com

تەن بىرىپ، ئىككىنچى بىر نەگە پۈتۈن مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلدى. قىسقىسى، سەن قىنىڭغا غايە، ئارزۇ سىڭگەن بىر دۆۋە جانلىق تۇپراقسەن، سىنىڭ چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىدىغان جايىڭ مۇشۇ گەنجا يايلىقى... » دەپ سۆزلەۋاتقاندەك بىلىندى.

مىسكىنلىك، خورلۇق ئىچ ـ ئىچىمدىن ئىتتىلىپ چىقىپ، كۆز يېشىمغا ئايلاندى، ماڭا يىغا ياماشتى. لېكىن مەن: «ياق، يىغلاش — نامەردلىك، مەن ئامەت — بەخت كۈتۈۋاتىمەنغۇ، ئەتىگەنلىككە قۇياش چىققاندا يايلاقنىڭ ئۈستىدىكى ۋەھىمە تۈگەيدۇ. شۈي شۈجى، ماجۇرىنلار كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى نېمىشقا خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋالمايمەن؟» دەپ ئويلىدىم ـ دە، كەلگۈسىدە، بولۇپمۇ مۇشۇ يېقىن كۈنلەردە بولىدىغان خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ ئىلھامى بىلەن قايتىدىن روھلاندىم، ئىستىقبال مېنى ئانامدەك پەپىلىدى، مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ ياماشتى.

— ئەلا، ئەلا، ئاچ ئىشىكنى! — دېدى چاڭجاڭ سىرتتا تۇرۇپ.

مەن ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ كۈلۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئىشىكنى قايتىدىن يېپىپ قويۇپ، يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ دېدى:

— ساڭا تاماق ئېتىپ بېرىدىغان خۇيزۇنى قوغداش كادىرى كۆچۈرۈۋەتتى، ئەمدى ئۆزۈڭ تاماق ئېتىپ يېگىن. لېكىن، ئەلا، ھېلىقى قوغداش كادىرى يامان ئادەمكەن، ئۇ سېنى باغلىتىمەن، تۈرمىگە سالدۇرۇۋېتىمەن دەپ تېپىرلاپ يۈرىدۇ. مەن بۈگۈن ئۇنى ئاتلىق ئىچكىرى تاغقا ئوۋغا ئاپىرىمەن. سەن ياخشى ئادەمكەنسەن، مەن ئەمدى بىلدىم، يۈك ـ تاقاڭنى ماڭا ئىشىنىپ تاشلىغىن ـ دە، شياخېغا قاراپ پىيادە ماڭ. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە بىر زاڭزۇ يىگىت بار، ئۇنىڭغا خەت يازدىم، مە، بۇ خەتنى شۇنىڭغا بەر، ئۇ سېنى لەنجۇغا يولغا سېلىپ قويىدۇ!

ئەتىگەنلىكى زامبا يېدىم. توپىغا كۆمۈپ پىشۇرغان ياڭيۇدىن بىرنەچچە تالنى سومكامغا سالدىم ـ دە، يولغا چىقتىم.

بىرنەچچە كۈن سىمىلداپ ياغقان ئاق يامغۇر قارا چىلان تۇپراقلىق يوللارنى ئېچىغان خېمىردەك بوشىتىۋەتكەن، يېڭىلا ماڭغان ماشىنا چاقىنىڭ ئورنى خېمىر ئۈستىگە چۈشكەن قىڭراق ئىزدەك تىلىمچا بولۇپ قالغان، پەقەت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چاققاق، ئەمەن ۋە يۇلغۇن ـ يانتاقلىقلار ئارىسىدىنلا يول تېپىپ مېڭىشقا بولاتتى، بەزىدە ئازغانلار ئارىسىدىن ئۆتۈشكە بولمىغاندا، ئىزغىچە پاتقاق كېچىپ يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ھالسىراپ كەتكىنىمنى بىلدىم. بىر سائەت ماڭا ـ ماڭمايلا پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقتى، پۇتلىرىم تىترەشكە باشلىدى. ئۈستۈبېشىمنى ئاياپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئىككى قېتىملىق يىقىلىشتىن كېيىن، يامغۇرلۇق چاپىنىم قارا پاتقاققا مىلىنىپ، يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇردا ئىۋىپ، كۆلگە مىلەنگەن خام تېرىگە ئوخشاپ قالدى. مايلىشىپ كەتكەن شەپكەمنى پۈكلەپ يانچۇققا سالدىم، پۇشقىقىمنى تىزدىن يۇقىرى تۈرۈۋالدىم، ئۆزۈن قونچلۇق رېزىنكە ئايىغىمنى قۇرۇق كىيىۋاپتىكەنمەن، پۇتۇمنى غاجاشقا باشلىدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا بېشىمدىكى كىرنى ئىۋىتىپ كۆزۈمگە، جاۋغايلىرىمغا تىقىۋاتقان يامغۇرنى كىر ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ قويىمەن، يالاڭ چاپىنىمنىڭ يان يانچۇقىدىكى ئىككى كىتابنى، سومكامدىكى خاتىرەم بىلەن قەلىمىمنىلا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاسرايمەن، ئۇلارنى نەمدىن، پاتقاقتىن ساقلاشقا تىرىشىمەن.

ئىككى سائەت ئالدىراپ ماڭدىم، ئالدىمدا كۆل رەڭ تاملىق جاڭزا كۆرۈندى. ئىتتىن قورقۇپ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باقتىم. دۆمبىسىگە ئەسكى پالاس ئارتىلغان ئىككى موزاي

بېشىنى بۇلۇڭغا تىقىپ دۈگدەرەپ تۇرۇشۇپتۇ . قانچىلىك ماڭدىم-كىن دەپ كەينىمگە قارىدىم : بۇتخانا گىرىمسەن تۇتەك ئىچىدە چوقچىيىپ ، بۇرۇنقىدىن ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈندى . دېمەك ، ئىككى سائەتتە تېخى بىر غولدىن چىقىپ بولالماپتىمەن . ئالدىمدا تېخى بۇنداق غولدىن ئون نەچچىسى بار ئىدى . مۇشۇنداق ئالدىراپ - قاتىراپ ماڭسام ، يىگىرمە بەش - ئوتتۇز سائەتتە ئاران تاغ ئارىسىدىن تۈزلەڭگە چىقالايدىكەنمەن ، بۇ نېمانچە ئۇزۇن يول !...

... يەنە ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، ئوڭ تەرىپىمدىكى تاغ تەرەپتىن زاڭزۇ ناخشىسى ئاڭلاندى . قارىسام ياتقان يول ئەمدى تۆپىلىككە قاراپ كۆتۈرۈلمەكتە . مەن ھەربىر قەدىمىمنى قىينىلىپ ، كۈچ بىلەن يۆتكەپ تۆپىلىككە قاراپ ماڭماقتىمەن . شۇ چاغدا قورسىقىم ئاچتى ، مەن چۆپلۈكتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ياڭيۇ ئاقلىدىم . زاڭزۇ ناخشىسى يېقىنلاشماقتا . مانا ئەمدى ئىككى ئادەم ناخشا ئېيتىۋاتاتتى . بىردەمدىن كېيىن قۇلاقلىرىنى تىك قىلىۋالغان ئىككى يۇڭلۇق ئىت پەيدا بولدى . ئىتلار ھەربىر چات-قالنىڭ ئارىسىنى پۇراپ - قاساپ كەلمەكتە ئىدى . مەن چۆچۈپ ، ئىككى قولۇمغا ئىككى كاللەك چىم ئېلىۋالدىم ، ئىتلار ماڭا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى . ئارقىدىنلا شادلىق مىلتىقلىرىنى قوش باشلىق ئېگىرىگە توغرا قويۇشقان ، تۇلكە قۇلاقچا (مالخايغا ئوخ-شاشراق ) ، كۆرەك زىخۋا (زاڭزۇچە ئۇزۇن چاپان ) كىيگەن ئىك-كى ئاتلىق چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ ناخشا ئېيتاتتى . مەن بۇ يايلاقنىڭ غەمسىز خوجايىنلىرىنىڭ ناخ-شىسىغا زوقلاندىم ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن :

— لى لاڭ نوشاگى ، لى ۋا ، لى ۋا[①] ! — دەپ ۋارقىرىدىم .

---

① ياخشى ئېيتتىڭلار ، ناخشىچى ، ناخشىچى .

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ناخشىسىنى توختىتىپ ماڭا قاراشتى ـ دە ، دەرھال مەن تەرەپكە ئاتلىرىنى دېۋىتتى . پاكار ئاتلار تۇياقلىرى بىلەن پورپاڭ يەردە ئىز قالدۇرۇپ ماڭا يېقىنلاپ كەلگەندە ، ئۇلار ماڭا مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ تەڭلەشتى . ئاۋۋال قورقتۇم ، ئاندىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارغا قاراپ كۈلدۈم ۋە بىلىدىغان سۆزلىرىمنى ئىشلەتتىم :

— گوڭگى ياڭنى① ؟

لېكىن ئۇلاردىن بىرى ماڭا خەنزۇچە دۇدۇقلاپ سۆزلىدى :

— ئاتىمەن… سائىتىڭنى ئەكەل !

مەن چۆچۈدۈم . ئىككى مىلتىقنىڭ تۆشۈكلىرىگە ۋەھىمە بىلەن قارىدىم ۋە قول سائىتىمنى ئۇزاتتىم . شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىرى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە :

— چوگوڭا جوجى② ؟ — دېدى .

— لارنىگى جوجى③…

— ھا … ھا…— ئۇلار ئاتلىرىدا ئىككى ياققا ئىرغاڭلىشىپ قاتتىق كۈلۈشتى . مەن بىردە خەنزۇچە ، بىردە زاڭزۇچە سۆزلەپ ، ئۇلاردىن مۇشۇ چىغىر يول بىلەن شياخېغا بېرىشقا بولۇش ـ بولماسلىقىنى سورىدىم ۋە ئۇلارنىڭ چۈشىنىكسىز گەپلىرى ئارىسىدىكى «لارنىگى» (شياخېنىڭ زاڭزۇچە ئېيتىلىشى ) سۆزىدىن ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا شياخېدىن كېلىۋاتقىنىنى بىلدىم . ئۇلار مېنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ، مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىم . ئۇلارنىڭ بىردە ئاسماننى ، بىردە يەرنى ، يەنە بىردە شىمال تەرەپتىكى غول ئىچىنى كۆرسىتىپ سۆزلەشلىرىدىن : «ھاۋا يامان ، يەر پاتقاق ، ئاۋۇ غول ئىچىدە بىزنىڭ ئۆيىمىز بار ، قونۇپ كەتكىن»

---

① نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ؟

② نەگە بارىسەن ؟

③ شياخېغا بارىمەن .

دەۋاتقىنىنى ئۇقتۇم ـ دە ، قانچە سائەتتە شياخېغا بارغىلى بولىدىـ
غانلىقىنى سورىدىم . ئۇلار تۆت بارمىقىنى كۆرسىتىشتى .
مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ ، ئوڭ قولغا — ئۇلار كەلگەن
غولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم . يول تۆۋەنلەپ باراتتى . كىچىككىنە
تۆپىلىكتىن ئاشقاندىن كېيىن يول تېخىمۇ تۆۋەنلىدى . بۇ تاشلىق
چىغىر يولدا سىرغىپ سۇ ئاقاتتى . خۇددى بىرى كەينىمدىن ئىتتىرـ
ىۋاتقاندەك پەسكە قاراپ قاتراپ كېتىپ بارىمەن ، لېكىن نەگە
كېتىپ بارغىنىمنى بىلمەيمەن . يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇك چاتـ
قاللىق غولغا چۈشتۇم . غول غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ، ھەر
ئىككىلا تەرەپكە چىغىر يول بىلەن ماڭغان ئاتلىقلارنىڭ ئىزلىرى
چۈشكەن ، مېنىڭ يولۇمنىڭ قارشىسىدىكى جەنۇبىي تەرەپ تىك
قىرغاق ، پۈتۈن قاپتال قويۇق چاتقاللىق ئىدى .
مەن قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ، كەينىمگە
قايتاي دېسەم چىغىر يول بىلەن بايا قاتراپ چۈشكەن تۆپىلىككە
ئەمدى چىقىشقا كۆزۈم يەتمىدى ، چاتقال تۈۋىدە ئولتۇرۇپ رېزىنكە
ئايىغىمغا كىرىۋالغان لاي ـ شېغىللارنى تازىلىدىم ، پۇتلىرىمنىڭ
يېغىر بولۇپ كەتكەن يېرىگە لۆڭگەمنى ئىككى قىلىپ تاڭدىم .
ۋىژىلداپ ئېچىۋاتقان قورسىقىمنى چالا پىشقان ياڭيۇ بىلەن گوللىدـ
ـدىم . لېكىن ، پۇتلىرىم جانسىز ، پۈتۈن سۆڭەكىم بارغانسېرى
ئېغىرلاشماقتا ، قولىقىم غوڭۇلداپ ، بېشىم قايماقتا ، ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە گەدىنىمدىن ئېقىپ كىرگەن يامغۇردىن ھۆل بولغان يېرىك
كېيىملىرىم گۆشىسىز بەدىنىمنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى .
يېرىم سائەتتىن كېيىن تەۋەككۇل قىلىپ يەنە شەرققە كەتكەن
چىغىر يول بىلەن ماڭدىم . ئەتراپ سۈرلۈك ، تىك قىيالاردىن
سۈرلۈك ئاۋازلار كېلىدۇ ، چاتقاللار ئىچىدىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا
قارا قۇيرۇق ، توشقان ، تۈلكىلەر چىقىپ ، ئۈركۈپ قاچىدۇ . نەدىـ
دۇر سەل سۇيى شارقىرايدۇ ، يىراقتىن قوتاز بۇقىسىنىڭ ئازنىغىـ

www.uyghurkitap.com

نى ئاڭلىنىدۇ، يەنە نەلەردىندۇر ساي ـ سايلارنى شارىلدىتىپ قاراسلىغان، پاك ـ پۇك قىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى كېلىدۇ، بىردىنلا تىك چوققىلاردىن ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىپ تاشلار غۇلاپ چۈشىدۇ…

قاراڭغۇ چۈشمەكتە، مېنى ۋەھىمە باسماقتا. يول يەنە ئىككى كىچىك ـ كىچىك يوللارغا ئايرىلدى. مەن ئەمدى قاياققا كېتىپ بارغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتراپقا قاراشتىنمۇ قورقىمەن. زاڭزۇلار ـ نىڭ ئۆيلىرىدە بۆرە، ئېيىق تېرىلىرىنى كۆپ كۆرگەنمەن، دېمەك بۇ چاتقاللار ئارىسىدا يىرتقۇچلارنىڭ بار ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق…

تۈن ئۆزىنىڭ قارا ئېتىكىنى تەبىئەت ئۈستىگە يايماقتا. بۇ ئېتەكنىڭ دالدىسىدا مەن ئۆزۈمنى يىرتقۇچلارنىڭ بۆرۈن ۋە ئۆت ـ كۆر كۆزلىرىدىن يوشۇرۇۋالالايمەن. مەن بۇ ئېتەكنىڭ ئاستىدا بىرەر ئاچ بۆرىگە يەم بولۇپمۇ كېتەرمەن… كېتىۋاتىمەن، بىردە يىقىلىپ، بىردە قاتراپ، ھەتتا بەزىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتىمەن، ئەمما نەگە كېتىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بۇ ناتونۇش تاغلار ئارىسىغا چۈشكەن ئىزلىرىمنى كەلگۈسىدە كىممۇ قەدىرلەيتتى، مېنىڭ بۇ قەدەم ئىزلىرىم كەلگۈسى ئۈچۈن، ئىستىقبال ئۈچۈن ئالغا ئىنتىلگەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئويلاپ يەتسۇن؟…

خىيال — بايلىق، خىيال — كىتاب دېگەننى ئاڭلىغان، بۈگۈن مەن خىيال يەنە ساڭا ھەمراھ ۋە قورالكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. توققۇز ـ ئون سائەتتىن بېرى مەن خىيالىمدا نېمىلەرنى قىلمىدىم؟ نۇرغۇن خېيىمخەتەرلىك يەرلەردىن خىيال بىلەن بەند بولغىنىم ئۈچۈن، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتۈپ كەتتىم…

… بېيجىڭ، دالىيەن، پايانسىز دېڭىز، دېڭىز بويىدىكى ئېسىل مېھمانخانا، ئاپئاق داستىخان ئۈستىدىكى ئېسىل يېمەكلىك ـ

لەر ، گۈزەللىكىنىڭ ناخشىسى ، كۈلكىسى... يەنچۇ ؟ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار : ئىلمىي ماقالىلىرىم ، ئىلمىي ئۇنۋان ، تەبرىكلەشلەر ، دوكلات بېرىشلىرىم ، ماڭا بولغان ئالىي ئېتىبار ، يېزىپ چىققان كىتابلىرىم ، قىرىلىقتا ئىگە بولىدىغان ھۆرمەت ، چەت ئەللەرگە ساياھەت... يەنە ئاللىنېمىلەر... ئىشقىلىپ ، خىيالغا ھەممىلا نەرسە كېلىدۇ ، مۇشۇنداق سۈرلۈك سەپەر ئۈستىدە گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق توغرىسىدا خىيال قىلىش بىر ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئىكەن . بىراق ۋەھىمە خىياللىرىمنى بىردىنلا توزۇتۇۋەتتى : يېقىنلا يەردىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنى ئاڭلاندى . ئەنە ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئوت كۆرۈندى . ئۇ پىلدىرلاپ تۇرغان جىنچىراغقا ئوخشايدۇ . ئوتلار تېخىمۇ كۆپەيدى ، بۇ چوقۇم چىلبۆرىلەر...

«ئۆزۈم ئۆلسەممۇ ئارمانلىرىم ئۆلمىسە بولاتتى . مېنىڭ نېمىنى ئارمان قىلىپ گەنجادىن قاچقانلىقىمنى ئىنسانلار بىلسە بولاتتى . خاتىرەمگە يازاي ، ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم ، مېنىڭ ھالال نىيەت بىلەن ئۆلگەنلىكىمنى كۆپچىلىك بىلىپ قالسۇن» . مەن تاشقا ئولتۇردۇم ـ دە ، خاتىرەمنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ (ئوتتۇرىسىغا تېخى خەت يېزىلمىغانلىقىنى بىلىمەن ) ، ئالدىراپ مۇنۇ گەپلەرنى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قىلىپ يازدىم :

«مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى ، ئەمدى يىگىرمە بەشكە كىردىم . شۇ فاكۇلتېتنىڭ جۇرنى رەقىپىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ناھەق ھالدا جازالىنىۋاتىمەن . گەنجا يايلىقىدا ئىشلەش كۆڭۈللۈك ئىدى ، لېكىن رەقىپىنىڭ قولى بۇ يەرگىمۇ يەتتى . مەن ماڭا كېلىۋاتقان خەۋپتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن قاچتىم . مەقسىتىم : جانجان پارتىيىمىزگە مۇنۇ ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ، پارتىيىدىن مەدەت ۋە ياردەم تى-

لەش . مەن هالال نىيەت بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىشقا ئۆزۈمنى هازىرلاۋاتقان بىر ياش . دېمەك ، مەن پارتىيىنىڭ سادىق ئوغلى . مەن بۇ ئەقىدەمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتىم . بەختسىزلىك مېنىڭ نامىمنى قارىلىمىسۇن ، ۋاقىتسىز ئەجەل ئۆلۈغ ئىدىشىمنى ئاقساتمىسۇن . مېنىڭ قولىيازمىلىرىم توغرىسىدا دوەن جىياۋشۇ بىلىدۇ . قىسقا ئۆمرۈمدە يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ قالدۇرغان ، بىر تامچە سۈچىلىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئەمگەك مېۋەم ئىلىم - پەن خەزىنىسىگە قوشۇلسۇن...

1961 - يىلى 24 - سېنتەبىر ، گەنجا»

ئوتلار يېقىنلاشتى . مەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىم بىلەن قاپتالدىكى دەرەخكە ياماشتىم . ياماشتىم ، ياماشتىم ، بېشىم پىررىدە قايدى - دە ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى ، ۋارقىرىدىم...

... كۆزۈمنى ئاچسام بۇتخانىدا يېتىپتىمەن . بېشىمدا لاۋياڭ بىلەن ماجۇرىن تۇرۇپتۇ . مەن كۈلۈپ كەتتىم .

— مەن چۈش كۆردۈممۇ ؟ — دېدىم ما جۇرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ .

ئۇلار كۈلۈشتى ۋە مېنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردى .

مەن بېشىم تەۋرەپ مېڭىۋېرىپتىمەن - دە ، ئاخىر گەنجادىن شياخېغا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا چىقىپ قاپتىمەن . مەن كۆرگەن ھېلىقى ئوتلار ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى ئىكەن . ماجۇرىنلار شياخېدىن لاۋياڭنى ئېلىپ ، ماشىنا بىلەن شۇ ئارىلىقتا كەلگەندە ، ماشىنىسى پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ . ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىسى ئۇنى چىقىرىشۋاتقانىكەن . شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ قولىقىغا

بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇلار تاغ قاپتىلىـ
غا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قولچىراغلىرى بىلەن يورۇتۇپ قارىسا ،
مەن قارىغاي تۈۋىدە پۈكلىنىپ ، ئۇستۇبىشىم پاتقاق ، تامدەك تاتىـ
رىپ بىھوش ياتقۇدەكمەن . ئۇلار مېنى گەنجاغا ئېلىپ كەپتۇ .

كېلىنىۋاتقۇچە ھەربىي ئات مەيدانىدا ، ئۇلار ماڭا ئوكۇل سالدۇ-
رۇپتۇ . دوختۇر : «ماغدۇرسىزلىق ، قان ئازلىق سەۋەبىدىن يۈرە-
كى ئاجىزلاپ كەتكەن ، ئوڭشىلىپ قالىدۇ» دەپتۇ . دېگەندەكلا ،
كېچىچە ئۇخلاپ ئەتىگەنلىكى پۈتۈنلەي ئېسىمگە كەپتىمەن .

— ئۈچ - تۆت كۈن دەم ئال ، ئاندىن كېيىن سېنى مەكتەپكە
قايتۇرىمىز !— دېدى ما جۇرىن ماڭا تەسەللى بېرىپ ، — بولغان
ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇقتۇم . شياۋشىن دېگەن ھېلىقى قوغداش
كادىرىنى بۈگۈن شياخېغا يولغا سېلىۋەتتۇق . مانا بۇ خەت - خالتا
ساڭا…

گۈزەلئاينىڭ ئۆتكەنكى خالتىسىنى يەپ تۈگەتمەيلا باشقىلارغا
بېرىۋەتكەنىدىم ، مۇنۇ خالتىنىمۇ ئېچىشتىن بۇرۇن خېتىنى ئوقۇ-
دۇم . قوللىرىم ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ ياكى خەتنىڭ كۈچىدىنمۇ ،
ئىشقىلىپ ، تىترىمەكتە . كۆزلىرىم ھاياجان ياشلىرىدىنمۇ ياكى
ئاخشامقى بىھوشلۇقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، تۇمانلاشماقتا .
مەن خەتنى ئوقۇدۇم :

«… ئەلا ، سىزنى ھەم سېغىندىم ، ھەم سىزدىن خاپىـ
مەن . نېمىشقا بىزمۇ باشقىلاردەك يېنىك ۋە ئوڭاي ئۇسۇل
بىلەن خۇشال ، بەختلىك ياشىيالمايمىز ؟ سىزگە ئادەم چۈ-
شەنمەيدىغان كونا كىتابلار بىلەن چەت ئەل تىللىرىنى شۇنچە
باغرىڭىزنى يېقىپ ئۆگىنىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى ؟
نام - شۆھرەت قوغلاشقانلارنى يامان كۆرۈسىزۇ ، ئۆزىڭىز
شۆھرەت ئۈچۈن جېنىڭىزنى سېلىپ بېرىسىز . مەن بۇ قېتىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇرۇمچىدە ، غۇلجىدا ياش دوستلىرىمنىڭ ئۆيلىرىگە باردىم . ئۇلار ئەجەب بەختلىك ، ئەجەب خۇشال ـ خۇرام ئىكەن . ئىككىسى خىزمەتتىن كېلىدىكەن ـ دە ، چايغا ياكى كىنو ، تانسىغا چىرايلىق ياسىنىپ ، قولتۇقلىشىپ بارىدىكەن ، كەچ قايتىپ كېلىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشۇپ چاي ئىچىشىدىكەن . ئۇلار كەلگۈسىدە بولىدىغان تەقىقات ، ئىجادىيەت ، دوكلات ، ئۇنىۋان ئۈستىدە ئەمەس ، ئوينىغان تانسىسى ، ئۆي ـ جابدۇق ، كىيىم ـ كېچەك ، بولغۇسى بالىلىرىنىڭ ئىسىم ـ چىرايلىرى ، ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرى ، ئائىلە پىلانلىرى ، ئۆتۈپ كەتسە ، ئىدارىسىدە ياكى شەھەردە بولغان يېڭىلىقلار توغرىسىدا پاراڭلىشىدىكەن . ئۇلارنىڭ يا غېمى ، يا تالاش ـ تارتىشلىرى يوق ئىكەن ، بىر ـ بىرىگە يول قويىدىكەن ، بىرىنىڭ قىلىمەن دېگىنىگە يەنە بىرى قارشى چىقمايدىكەن . تامىقى ، ئۆيى ، ئويۇن ـ تاماشىسى — ھەممىلا نېمىسى بىر ـ بىرىگە ياقىدىكەن ، جايىدىكەن…

غۇلجا شەھىرى ئويۇن ـ تاماشىنىڭ كانى ئىكەن . كۇزىدۇزى توغرا كۆۋرۈك ، ئۈچ دەرۋازا ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى ، ھەتتا تاشلەپكە ، بوينىكېسىكلەردە توپ ـ توپ قىز ـ يىگىتلەر يۈرۈشىدىكەن . ئۇلار چىرايلىق كىيىنىشكەن ، خۇشال ـ خۇرام ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ، نەرسە ـ كېرەك باياشاتلىق . كەچتە ئىسھاقبەك كۇلۇبىنىڭ ئارقىسىدىكى يازلىق مەيداندا تانسا بولۇپ تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ يېنىدىكى يازلىق ئاشخانىدا قىمىز ، پىۋا ، كاۋاپ ، سامسىلار بىلەن ھەر قەيەردىن كەلگەن مېھمانلار كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن . رويالغا تەڭكەش قىلىنغان گارمون ياكى گىتار بىلەن گارموشكا ئاجايىپ لىرىكىلىق ، شوخ مۇزىكىلارنى ياڭرىتىپ تۇرىدىكەن . دوستۇم بىلەن (ئەسلىي «رەقىپكام» دەپ يېزىپتىكەن ، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ-

تۇ . مەن سىنچىلاپ يۇرۇپ بۇنى ئۇقۇۋالدىم ) ئىككىمىز ھەر كۈنى تانىسىغا كېلىپ تۇردۇق . ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاجايىپ كۆل-كېلىرى ، ناخشىلىرى ، ھەتتا مەيداندا پەيدا بولغان ئەتىر - ئادىكالۇن پۇرىقى ، مۇزىكا ، كەيپ بولغان يىگىتلەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ، مېنى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتىۋالدىكى ، زادىلا كەتكۈم كەلمەي قالدى . ئامالىنىڭ يوقىدىن ، بوينۇمدىن باغلاپ سۆرىگەندەكلا بۇ ياققا ماڭدىم··· »

خەت تۈگىمىدى··· ۋۇجۇدۇم بىر خىل نامەلۇم كۈچنىڭ خورلىشى ، بېسىشى بىلەن سۇس ھالدا تىترىدى··· شۇنداق بولسىمۇ خەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىقىشقا سەۋر - تاقەت تاپالىدىم :

«··· ھە ، راست ، رازىيە بىلەن بىر جايدا تونۇشۇپ قالدۇق . چىرايلىقكەن ، لېكىن نېمىشقىدۇر چىرايى سولغۇن ، سىزنى ئاجايىپ ئۇجۇر - بۇجۇرلاپ سوراپ كەتتى . سىز بۇرۇن خۇشخۇي ، ئويۇنچى يىگىت ئىكەنسىز ، مەكتەپتە ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بوپتىكەنسىزغۇ ! ئەمدى نېمىشقا بوۋاي مىجەز بولۇۋالدىڭىز ؟ سىزنىڭ ئۇستىدىن رازىيەگە شىكايەت قىلدىم : كەچكىچە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ ، مېنىڭ خاھىشىمغا قارىماي شەخسىيەتچىلىك قىلىدۇ ، دېدىم . بۇ دېگىنىم راستقۇ ! رازىيە بىزنى ئۆيىگە چاقىردى . رازىيەنىڭ يولدىشى ئوتتۇز بەشتىن ئاشقان ئادەم بولغىنى بىلەن خۇشخۇي ، مېھماندوست ، چىرايلىقكەن . ماڭا ياقمىغان بىرلا يېرى ، كەچكىچە رازىيەدىن كۆزىنى ئۈزمەيدىكەن··· نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭكىدىن كۆڭۈللۈككەن ، بولۇپمۇ كەچقۇرۇنلىرى ئوماق بالىسىنىڭ تاتلىق گېپى ، كۆڭۈللۈك ، ياسىداق ئۆيىدىكى رادىئو-

دىن كېلىدىغان مۇزىكا ئۇلارنى زېرىكتۈرمەيدىكەن. رازىيە-نىڭ يولدىشى — بەھرام ئاكا بىزنىڭ رەقىپكامنى تونۇيدى-كەن. شۇ كۈنى رەقىپكامنىمۇ چاقىرىپتىكەن، كەچتە مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى. «بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا بەدىنىم مۇز-لىدى». رەقىپكامنىڭ ھەدىسى، ئاكىسىنىڭ باللىرى بىر چوڭ قورۇدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئاجايىپ كاتتا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تام تەرىپى پۈتۈن ئەينەكلىك، تۆت بېشى ۋە شادا بوغۇمچىلىرىغا جىڭ مەرۋايىت، ھېقىق، ياقۇتلار بېكى-تىلگەن ئىككى كىشىلىك سىم كارىۋاتنى كۆرۈپ كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم. بىز قاچانمۇ شۇنداق جابدۇقلارغا ئىگە بولالايمىز كىنتاڭ؟! دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنى سو-رىدى. ھېلىقى ئوسمان بۇدۇر چاچ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەپتۇ. توۋا، ھېلىقى قوي كۆزلۈك، گارمونغا ناخشا ئېيتى-دىغان زۇلخۇمار دېگەن قىز بىلەن توي قىلىشىپتۇ. ئۆيىگە ئاپاردى، چوغدەك قىپقىزىل ئىككى ئېغىز ئۆي، مول داستى-خان، كۆكۈللۈك تۇرمۇش... توۋا دەيمەن، ئۇلار ماشىنىدا بىللە كېلىشىپتىپ يولدىلا تېپىشىپ قالغانلار، ئېغىزىنىڭ ئۇ-چىدىلا مۇھەببەتلىشىپ قويۇشۇپ، شۇنچىلىك ئىناق، بەختلىك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ كېتىپتۇ. بىز بىر ـ بىرىمىز-گە كۆيۈپ ـ پىشىپ، جاپا تارتىشىپ يۈرۈپ ئاران مۇرادىمىز-غا يەتكەنلەر بولساق، ئىككى ئاي بىر ئۆيدە ياشاش بىلەن ئېقىمىز كېلىشمىگىلى تۇردى...»

«ئېقىمىز كېلىشمىگىلى تۇردى» دېگەن پىكىر ھازىرغىچە مېنىڭ خىيالىمغا كىرىپ باقمىغانىدى. مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم گۈزەلئاينىڭ خېتىدىن ئوقۇپ تۇرۇپتىمەن. بۇ گەپنى ئوقۇپ خەت-نى يوتقانىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم: «ئېقىمىز كېلىشمەيۋاتامدۇ ياكى

بىرى ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتامدۇ؟» . مانا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش، جاۋاب بەرگەندىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرىش لازىم ئىدى .

جاۋاب بېرىشكە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى، دالىيەن، باڭچۇيداۋدا بولغان بىر سۆھبەتنى ئەسلەشلا يېتەرلىك بولدى... بىز دېڭىزغا بېرىپ چۆمۈلمەكچى بولۇپ، لىفت بىلەن ئالدىراپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۇق . ئادەملەر كۆپ بولغان بىرىنچى قەۋەتنىڭ دەم ئېلىش ئورنىغا كەلگەندە، گۈزەلئاي قولۇمنى قويۇۋەتتى :

— سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن ئاشخانىدىكى كۈتكۈچى قىزغا بىر گەپ ئېيتىپ قوياي، — دېدى ئۇ چاقماقلىق سىلىق سېمونت ئۈستىدە تاكاسلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ .

مەن سىرتقا مېڭىشىمغا، پەستىكى ساپادا ئولتۇرغان بىر ياشانغان ئادەم خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋېتىپتۇ، مەن نەدىن ئالغىنىنى سورىۋىدىم، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي قولى بىلەن ئەينەك پەشتاختىلارنىڭ كەينىدىكى ئۆينى شەرەت قىلدى . مەن شۇ ياققا يۈگۈردۈم . كىتابلارنى كۆرۈپ تاۋۇز سۈيىگە چاپلاشقان ھەرىدەك چاپلاشتىم . گۈزەلئاينىمۇ، دېڭىزنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، تاماققا قوڭغۇراق چېلىنغان ئوخشايدۇ، كىتاب ساتقۇچى تالانى شەرەت قىلىپ :

— تاماق، ئىشىكنى ئېتىمەن! — دېدى . مەن شۇ چاغدىلا دېڭىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم، يولدا گۈزەلئاي ئۇچرىدى . ئۇ گاز ياغلىقىنى يەرگە سۆرىتىپ تۇتۇۋالغان، خاپا ھالدا كېلىۋاتاتتى .

— نەگە كەتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى سۈزۈپ، — مۇنۇ يولدا دېڭىز بويىغا تۆت قېتىم يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كەلدىم، سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ساراڭ بولغىلى تاسلا قالدىم...

كەچقۇرۇن قويۇق ئورمانلىقتا، تىك ئۆسكەن زەيتۇن تۈۋىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلدى . ئۇ مېنىڭ مەڭزىمنى سىلاپ تۇرۇپ :
— دائىم مۇشۇنداق كىتابىنى كۆرگەندە ، مېنى ئۇنتۇپ قالامسىز ؟— دەپ سورىدى .
— بۇ ئەيىبنى تۇزىمەك تەس…
— مەيلى ، تۇزىمەك ، تۇزەشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئىشىڭىزنى ياخشى كۆرۈڭ ، مەن سىزگە دەخلى قىلمايمەن ، بىر كۈن گەپ قىلماي كىتاب ئوقۇسىڭىزمۇ زېرىكمەيمەن…
بىز بىر - بىرىمىزنىڭ مىجەز ۋە ھەۋىسىگە قاتتىق ھۆرمەت قىلىشقا ۋەدە بېرىشكەنىدۇق .
دېمەك : «ئېقىمىز كېلىشمىگىلى تۇردى» دېگەن سۆز ئارتۇقچە ، توغرىسى ئۇ : «ئارىمىزغا بىرى سوغۇقچىلىق سىلىۋاتىدۇ . مەن بۇ سوغۇقچىلىققا رازى بولۇۋاتىمەن» دېگەن بولسا بولاتتى…
بۇ خۇلاسە مېنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق كەلگۈسىدىن دېرەك بېرەتتى . مەن ياكى گۈزەللىكىدىن قول ئۈزۈپ تۇنجى مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ياش يۇرىكىمگە يارا پەيدا قىلىشىم ياكى كىتاب ، ئىلىم دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى شەخسىي ئائىلەمنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بېغىشلىشىم لازىم ئىدى . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا مېنىڭ ئۈچۈن ئازابلىق…
ئازاب ۋە ماغدۇرسىزلىق بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم . ما جۇرىن قوي سويۇپ بەردى . ھەر كۈنى سۈت ، شورپا ، گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىمەن . ما جۇرىن ھازىر بۇ مەيداننىڭ ۋاقىتلىق چاڭجاڭى ، مەكتەپنى قوشۇمچە گۆش - ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخسۇس ئارقا سەپ گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى . بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلى بولسا ، شۈي شۈجى ئىكەن .
— بۇ ھوقۇقنى قورقماي «ئوڭچىلار»غا تۇتقۇزدى ، — دەپ چاقچاق قىلدى ما جۇرىن ئاقارغان ، سىلىق چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، — خې شۈجى ئەمدى ئىشخانا ساقلاشقا مەسئۇل . بۇمۇ

بىر «جەڭگىۋار» ۋەزىپە . سائەت توققۇزدا كىرىپ ، ساپادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت گېزىت ئوقۇش ، رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈش ، چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىششىغان ، جىگەر كېسىلى بولغانلاردىن هال سورىغان بولۇپ بىر ۋاخ ياخشى تاماق يەپ قايتىش ، كەچقۇرۇن چىرايلىق ياسىنىپ تەتىيىنى ئەگەشتۇرۇپ كىنو ياكى تانسىغا بېرىش قىيىن . بۇ ، ئەلۋەتتە چۆللەردە قۇم - بورانلار ئىچىدە دۇم يېتىپ - دۇم قوپۇپ كۆپچىلىكنى گۈش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تۆگە يېتىلەپ يۈرۈشكە ، ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلاي - مەن دەپ ئېغىر كىيىملەر بىلەن كۈندىگە سەككىز - توققۇز سائەت پىيادە يول مېڭىشقا قارىغاندا نۇرغۇن «جاپالىق» . نېمىشقا دېسەڭ ، گۆش دېگەن ماددا ، كىنو كۆرۈش بولسا مەنىۋى نەرسە ، ئوۋچىلىق دېگەن ئىقتىساد ، ئىدارە ساقلاش بولسا سىياسەت !... ها... ها... ها !...

مەن ما جۇرىنىڭ خې شۇجى ئۈستىدىن بۇنچىلىك مەسخىرىلىك گەپلەرنى قىلغىنىغا هەيران قالدىم . سەۋەبى ، ئۇ ئادەم ئاسانلىقچە بۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتى .

— هەيران قېلىۋاتامسەن ؟— دېدى ما جۇرىن كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ ، — ئەمدى بىز قەد كۆتۈرىمىز . گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى غۇلىدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گەنسۇنى تۈزەشكە تەدبىر قوللىنىۋاتىدۇ . غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىمۇ خې شۇجىغا ئوخشاشلار ئەمدى غۇلايدۇ !

ئۇ هاياجانلانغان ۋە روهلانغانىدى . ئۇ بىر كۈنى ماڭا پىچىرلىدى :

— ليۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ ، سۇڭ چىڭلىڭلار لەنجۇغا كېلىپ كەتتى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى هەممىنى بىلدى . ئەمدى ناخشاڭنى ئېيتىۋەرگىن !...

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى گەنجا يايلىقىغا تۇنجى قار ياغدى . يېز-

شىل مەخمەلدەك قىرلار ئالىچىپار رەڭگە كىردى . ھاۋا سۈزۈك كۈنى ئەتىگەنلىكى قارىساڭ ، قىزىل ھەل بىلەن نۇرلانغان ئاپئاق چوققىلار ھازىرلا ئۇچۇشقا تەمشەلگەن ئاپئاق غازلارنىڭ بېشىدەك كۆرۈنىدۇ . چوققىلار ئاستىدىكى قارامتۇل قاپتاللار ئاشۇ غازلارنىڭ قاناتلىرىدەك يېيىلىپ تۇرىدۇ ، تەبىئەت يېڭىچە تۇس ئالغان . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ناخشام يەنە باشلاندى . ما جۇرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن كىرەكلىك كىتابلىرىم كەلتۈرۈلدى . بۇلۇڭغا كىسەك بىلەن كىتاب تىزىدىغان تاختىۋېشى ياسىۋالدىم ، مەكتەپتىن ئەكەلگەن ئۈستەل - ئورۇندۇقتىنمۇ بېرىلدى . مەن ئەمدى باك مەشىنىڭ تەپتىدىن ئىسسىغان بۇتخانىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيمەن ، يازىمەن ، ئىشلەيمەن…

بۈگۈن لەنجۇدىن بىر قىسىم كادىرلار ئەمگەك قىلىشقا كەلدى . ئۇلار تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مېنى چاقىرتىپ يازغان خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ . خەتتە : «… ئايالىڭىز قايتىپ كېلىشىڭىزنى قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كافېدرادا ئىش چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىزنى لايىق تاپتۇق… » دەپ يېزىلغانىكەن . ما جۇرىن خەتنى كۆرۈپ :

— ئەتىلا قايت ، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى ! — دېدى .

مەن قايتىشقا ئۇنىمىدىم . ما جۇرىن مېنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىمنى ئاڭلاپ ، مېنى قايتىشقا مەجبۇرلىمىدى . چۈنكى ، مېنىڭ لەنجۇغا بېرىپ خاتىرجەم بولالمايدىغىنىمنى ئۇ ياخشى بىلەتتى .

## 5

« … يازغۇچىلار ئۇرۇش ، ئەمگەك ، مۇھەببەت …

تېمىلىرى ئۈستىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق، جانلىق ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىدۇ، ئوقۇغۇچىلار بۇ ۋەقەلەرنى قىزىقىپ ئوقۇي-دۇ. لېكىن، زېرىكىشلىك ئىشلار ئۈستىدە، مەسىلەن، پۈ-تۈن ئۆمرىنى بىرلا ئىشقا سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي بىر ئەسەر يېزىپ چىقسا، ئۇنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلار قانچىلىك چىقاركىن؟ لېكىن، زېرىكىشلىك كىتابتىنمۇ ھۇزۇرلىنىدىغانلارنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىد-مەن، ئۇنداقلار ئاز، ئۇلار بىر سىقىم قۇم ئىچىدە غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالىدىغان كېپەك ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. يەنە ئۇلار تاغ گۈللىرى ئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان قىزىل ئۇرۇق-لۇق «مېھرىگىياھ»قا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەمگەك بىلەن ماڭ-لاي تەرنى تۆكىدىغانلارنىڭ ھىمايىچىلىرى، ئەمگەك ۋە تۇپ-راقنىڭ مەدھىيىچىلىرى… ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غىل - پال تىلغا ئېلىنىپمۇ قالىدۇ، بەزىلىرى شان - شەرەپنىڭ پەللى-سىگە چىقالايدۇ، لېكىن كۆپلىرى بولسا ئارمان بىلەن، دې-رەكسىز ھالدا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ… بىزنىڭ دەس-سەپ تۇرۇۋاتقان تۇپرىقىمىزدا ساپ نىيەتلىك، لېكىن كې-رەكسىز تۇپراققا ئايلانغانلارنىڭ ئەمگەكچان گەۋدىسىنىڭ كۆ-كۈندىلىرى كۆپ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، يەر يۈزى ئاشۇ كۆكۈندىلار ھېسابىغا مۇنبەتلىشىدۇ، چۈنكى بۇ كۆكۈندىلار ئەمگەك ئەھلىنىڭ ساپ تېنى…

ئۆمۈر بويى يەر تىلىغان دېھقان بىر قېتىممۇ خانلىق تەمەسىدە بولمايدۇ، ئۆمۈر بويى ياغاچ رەندىلىگەن ياكى كۆ-رۈك تارتىپ بازغان سوققان كاسىپ ھېچقاچان ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئەمما تەمە ۋە ئىشتىھا-نى ھاياتنىڭ لەززىتى بىلىدىغانلارچۇ؟ ئۇلار بىر كۈندىلا دۇن-يانى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ، چۈشىدە بېشىغا خان-

لىق تاجى كىيىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا ئادەملەرنى چال-
مىدەك دەسسەشنىڭ كويىدا بولىدۇ ، مانا شۇلارنىڭ كاسا-
پىتىدىن يەر يۈزى بۇلغىنىدۇ ، دۇنيانى بۇس - تۇتەك قاپلاي-
دۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ دۇنيادا ئادالەت بىلەن قاباھەت
ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈنمۇ توختاپ قالمايدۇ… »

مەن رەقىپتىن كەلگەن تۇيۇقسىز خەتنى ئوقۇپ خاتىرەمگە
يۇقىرىقى گەپلەرنى يازدىم . بۇ گەپلەر يىگىرمە تۆت يىللىق هايا-
تىمدا پەيدا قىلغان تەجرىبەممۇ ياكى رەقىپكە بولغان نەپرىتىممۇ ،
بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . خەت تۈنۈگۈن كەلدى . مەن ئۇنىڭدىن
خەت كېلىشىنى كۈتمەيتتىم هەم خالىمايتتىم . ئۇنىڭ ماڭا ئىگى-
دارچىلىق قىلىشىنى نەپرەتلىك بىر كەسپتەك يامان كۆرەتتىم .
كۈتۈلمىگەندە ، بۇ نەپرەتلىك ئىش سادىر بولدى . مانا ئەمدى بۇ
خەت مېنى ئويلاشقا ، ۋاقتىنچە ئۆزۈمدىن نېرى قىلغان تۇرمۇش
كۆڭۈلسىزلىكلىرىمنى يەنە ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى . كۆز ئالدىم-
غا ئايالىمنىڭ يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرى ، سارغايغان يۈزى
كېلىشكە باشلىدى ، پىكرىم يەنە چېچىلدى . 1961 - يىلىنىڭ
ئاخىرقى ئايلىرىنى مۇشۇ بۆتخانىدا ئوقۇش ، يېزىش بىلەن ئۆتكۈ-
زۈشكە تۈزگەن پىلانىم تەسىرگە ئۇچرىماقتا . كىتابلىرىم مەندىن
يۈز ئۆرۈگەندەك تەتۈر قاراشقان ، ئۈستىلىمنى كۆڭۈلسىزلىك قاپ-
لىغانىدى…

ئۈچىسىغا مايلاشقان پاختىلىق كۆك چاپان ، بېشىغا بۆرغاي
يۇڭلۇق سالپاڭ كىيگەن ما جۇرىن پۇتىدىكى بوز پىيمىسىنى بوسۇ-
غىدا قېقىشتۇرۇپلا ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەشنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ زوڭزايدى ۋە ئۆچۈشكە ئاز قالغان چوغنى كوچىلاشقا باشلى-
دى . مەن شۇ چاغدىلا ، ئوت قالاش لازىملىقىنى ئېسىمگە
ئالدىم - دە ، بۇلۇڭدىكى كۆل رەڭ كېسەك ۋە كەسلەنگەن شاخلارغا

قاراپ ماڭدىم .

— ئىشلەۋەرگىن ! — دەپ ئالىقىنى بىلەن مېنى توسىدى ما جۇرىن كىلەڭسىزرەك ھەرىكەت قىلىپ ،— قاتتىق سوغۇق ، شىۋىرغان بولۇۋاتىدۇ ، بىر قوتازنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ ، سويۇشۇۋاتىدۇ ، ھالال بولسۇن دەپ ئۆزۈم بوغۇزلىدىم . ئىشلە دەيمەن ، نېمە ، بۇگۇن ئىشىڭ ئاۋۇمىدىمۇ ؟

— خەت كەلگەنىكەن ، پۇتۇن دىققىتىمنى چېچىۋەتتى ، قولۇم زادىلا ئىشقا بارمىدى !

— ئايالىڭىنىڭ خېتىمۇ ؟ ۋاي ـ ۋاي ، سېنى خاتىرجەم قىلماق ئەجەبمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدىغۇتاڭ ، تويۇڭنى قىلىپمۇ تىنجىيالمىدىڭ . سەن تەجرىبىسىز ، ئىشەنمەيسەن ، چىرايلىق ئايال ئەرگە زادى خاتىرجەملىك بەرمەيدۇ . سېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭ جايىدا بولمىغان ، قەدەمنى خاتا باسقانسەن . ئىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئىشىڭىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ، ئۆمۈر بويى ساڭا يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئايال لازىم ئىدى . قانداق قىلغۇلۇق ، بۇنداقلاردىن چىرايلىق ئاز چىقىدىكەن ، چىرايلىق بولمىسا ، ساڭا ئوخشاش يىگىتلەرگە ياقمايدىكەن…

مەن گەپ قىلماي يەرگە قارىدىم .

— گەپ قىلمايسەنغۇ ، خەت زادى كىمدىن كەپتۇ ؟

— رەقىپتىن…

— رەقىپتىن ؟ ھە ، نېمە دەپتۇ ئۇ ؟ «جان دوستۇم ، جېنىم دوستۇم» دەپ يازغاندۇ ھەقىچان ؟ ئۇ سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىڭنى بىزگىمۇ ئارتىپ باقار بەلكى . مەيلى ئەمەسمۇ ، ھەر ئىشلارنى بىزگە دۆڭگىدىغۇ…

مەشىنىڭ ئىككى بېقىنى قىزاردى . بىز كۆتەكلەر ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ رەقىپىنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇق . مەن ئۇ خەتنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ بەردىم . ئىككى قېتىم ئوقۇل-

غان جايلاردا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى :

«… ئەلا ، راست گەپنى ئېيتسام ، شىنجاڭغا سىزنى ئاقلاش ئۈچۈنلا باردىم . مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن سۆزلەشتىم ، ئاخىر ساڭا تۆھمەت قىلغۇچىنى تاپتىم . ئۇنى سەن كەلگەندە ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن . قىسقىسى ، سېنى ئاقلاشقا ئاساس تاپتىم . پات يېقىندا شۇي شۇجى يەنە ئۆز خىزمىتىگە ئولتۇردۇ ، ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ… سەن نېمىشقا قايتمايسەن ؟ گۈزەلئاي شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېتىمەن دېگىلى تۇردى ، نېمىشقا سەن ئۇ قىزغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىسەن ؟ نېمىلا بولمىسۇن ، يەنە ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن بالا يۈزى كۆرىسەنغۇ !… ساڭا خۇش خەۋەر ، ئۆزۈڭلا بىل ، مائاشىڭنى ئۆستۈرىدىغان بولدۇق . ھېلىقى ئىلمىي ماقالەڭنى تېز يۆتكۈزگىن ، كېلەر يىلى سېنى دوتسېنتلىققا يوللايمىز . ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى دوتسېنت (بىزنىڭ ئېلىمىزدە ) سەن بولىسەن . ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ دوتسېنت بولساڭ بىز بېشىمىزغا تاج كىيىلگەندەك خۇشال بولىمىز . سەن بىزنىڭ پەخرىمىز ، شان - شۆھرىتىمىز . تېز قايت ، خەت تېگىشى بىلەنلا قايت . غۇلجىدىن ساڭا ئاتاپ شۇنداق بىر گىلەم ئەكەلدىمكى ، (ھەقىقىي ئىران گىلىمى ) گۈزەلئاي خۇشال بولۇپ : ‹سىزدەك ئاغىنىسى بار ئادەم بەختلىك بولماي نېمە بولاتتى !› دېدى . مەن بىر مەرد يىگىت ، سېنىڭ خاتىرجەملىكىڭ ، خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن دادامدىن قالغان پۈتۈن تەئەللۇقاتىمنى خەجلىۋېتىشكە تەييارمەن… » .

ما جۈرىن كۈلۈپ قويۇپ سىلىق چاچلىرىنى ئالىقىنى بىلەن

تارىدى .

— ئوتتۇزغا كىرمەي تۇرۇپ دوتسېنت بولۇشۇڭغا مەنمۇ قو-شۇلىمەن ! — دېدى ما جۇرىن بېشى بىلەن ئۇستەلنى شەرەت قىلىپ قويۇپ ، — ھە ، نېمىگە قاپاق تۇرىسەن ؟ «ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تېزىسلىرى »نى تۈگەتتىڭمۇ ؟

مەن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدىم :

— بۇ پىلانىم ئەمەلدىن قالدى . ما جۇرىن ، مەن بايقىماي چوڭ سۆزلەپ قويۇپتىمەن .

— نېمە ؟ يازغان ماقالىلىرىڭ ياخشىغۇ .

— مەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپلا ، ياشلىقىمغا ئېلىپ چوڭ سۆزلەپ قويۇپتىمەن . بۇ ئىش بىر چوڭ بىناكەن ، يۈزلىگەن ئادەملەر پۈتتۈرىدىغان چوڭ بىنانى يالغۇز پۈتتۈرىمەن دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپتىمەن !

ما جۇرىن ماڭا قاراپ قويدى - دە ، گەپمۇ قىلماستىن ئۈستەل-لىمگە يېقىن كەلدى ۋە تېشى كىر ، يىرتىق كىتابلارنى ئاۋايلاپ ئۆرۈپ كۆردى .

— ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن ؟— دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ .

— كىتاب ئوقۇماقچىمەن . مەن بېيجىڭغا بېرىپ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئاز - تولا ئوقۇپ كەلگەندىن بېرى ، تاتىلاش-تۇرۇپ يۈرۈپ «ئوغۇزنامە »نى ئوقۇپ ، ئاددىيلا بىر خاتىرە ياز-دىم . بۇ خاتىرىدىكى گەپلەرمۇ ئابۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرە-ئى تۈرك » دېگەن ئەسىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان ، يېڭىلىق يوق دېيەرلىك . مەن مەھمۇد قەشقىرىدىن تارتىپ تەجەللىگىچە بولغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ قولىمىزدا ھازىرچە بار ئەسەرلىرىنى بىرقەدەر پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ چىقماي تۇرۇپ ، قانداقمۇ «كاتولوگ » ، «تېزىس »لاردىن سۆز ئاچالايمەن . ئوچۇقىنى ئېيتسام ، مۇشۇ يې-قىندىن بېرى ، «بىرقەدەر پىششىقراق » ئۆزلەشتۈرۈشنى باشلىغان-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن ، ئۆزۈمنىڭ ئۆتكەنكى «تېزىس» يازمەن دەپ قىلغان كۈلكىلىك ئىشىمدىن نومۇس قىلىدىغان بولدۇم .

— نېمانچە قىزىرىسەن ؟— دېدى ما جۇرىن كۈلۈپ كېتىپ ،— ئۆزىگە بۇنداق تەمەننا قويۇشنىڭ مەلۇم چاغلاردا پايدىسىمۇ بولىدۇ . تەمەننانىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن... لېكىن ، ئەلا ، سەن بىر يىل ياكى بىر يېرىم يىل ئوقۇ ، پىششىق ئۆگەن ، ئۆگەنگىنىڭنى ئۆزۈڭنىڭ بىلىمىگە ئايلاندۇر ، ھەربىر ئەسىرنىڭ تولۇق مەزمۇنى ، شائىرلارنىڭ ھاياتى ، ئۇلار ياشىغان تارىخىي شارائىت ، ھەتتا يازغۇچى ، شائىرلار توغرىسىدىكى خەلق ئىچىگە تارالغان ھېكايە ، چۆچەكلەرنىمۇ قويماي پۇختا ئۆگەن . ھەممىنى بىلىپ بولۇپ ، ئاندىن ئۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە تېزىس ياكى ئىزاھات يازمەن دېسەڭ ، ۋاقتىنى بەك سوزۇۋېتىدىسەن . لۇشۇنمۇ «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى»نى يالغۇز تۈزدىغۇ . يەنە قانچىلىگەن ئادەملەر سەن دېگەن «چوڭ بىنا»لارنى يالغۇز پۈتتۈرگەن . ياشلىق — ئالامەت چاغ ، سەن بۇ چاغنى قەدىرلە ، ئۆگەن ، لېكىن ئىلمىي ئەمگەكنى ھەرگىز كەينىگە سوزما ، قانچىلىك بىلسەڭ شۇنچىلىك ياز ، خاتا بولۇپ قالسا كېيىن تۈزەت ، ھەتتا بالىلارغا خاتا نېمىلەرنى ئۆتۈپ قويساڭمۇ كېرەك يوق . تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۆتىنچى يىللىقلىرىغا «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ئۆتۈلىدۇ ، مۇكەممەل بولمىسىمۇ مەيلى . 1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بۇرۇن قىسقىچە بولسىمۇ كونسپېك تۈزۈپ چىق ، كونسپېكنىڭ 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا تەگسۇن .

ما جۇرىن ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلىمەكتە . ئۇ مېنىڭ ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ، مەن كۆرگەن ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇراتتى ، ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتقا خېلى پىششىق . «چاغاتاي تىلى» دېيىلىدىغان ئەرەب ـ پارس ئاتالمىلىرى

ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى. ئاخشاملىرى ئوچاقدا يېتىۋېلىپ ماڭا نەۋائى، نىزارى داستانلىرىدىن سۆزلەيتتى. مەن تەسىرلىك جايلىرىنى يادقا ئوقۇپ بەرسەم، ئولتۇرۇۋېلىپ:

— چۈشەندىم، بىرنەچچە سۆزنى چۈشەنمىگىنىم بىلەن مەنىسىنى چۈشەندىم. ھە، شۇنداق قىلىپ، مەسئۇتنى دىۋىلەر نىمە قىلدى؟ — دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. پەرھات ـ شىرىن داستانىنى سۆزلەپ، پەرھاتنىڭ شىرىننى ئېتى بىلەن يەردىن كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى بايان قىلغان گۈزەل مىسرالارنى ئوقۇغىنىمدا، ھاياجانلىنىپ:

— يەنە ئوقۇغىنا، يەنە ئوقۇغىنا! — دەيتتى. مەن مۇنۇ مىسرالارنى زوق بىلەن ئوقۇيتتۇم:

قۇيۇندەك يېتىپ ئول سەنەم قاشىغە،
كۆتۈردى سەمەندى بىلە باشىغە.

ئېلىپ دۈشىغە ئاينى گەردۇن كەبى،
بولۇپ باشىدا تاج فەرىدۇن كەبى.

قاچانكىم نىگارى بولۇپ تاج ئاڭا،
مۇھەببەت ماقامىدا مەئراج ئاڭا.

يېتىپ ئاڭا گەۋ نەيىن ئارا شاھلىق،
مۇۋۋەددەت سەرىرىدە ئاگاھلىق...

ئۇ بەزىدە مېنىڭ «چاغاتاي تىلى»دا يېزىلغان شېئىرلاردىن تۈزۈپ چىققان ئەرەب ـ پارس ئاتالمىلىرى ئۈستىدىكى قىسقىچە

ئىزاھلىق لۇغىتىمنى سوراپ ئاچىقىپ كېتەتتى ـ دە ، بىرەر ھەپ.
تىدىن كېيىن ئەكىرىپ بېرىپ :
— ھەممىنى بىلىۋېلىشقا ۋاقتىم يەتمىدى ، لېكىن خېلى بى.
لىپ قالدىم ، — دەيتتى .
ما جۇرىن ئەدەبىيات ، تارىخ ، پەلسەپە ، لوگىكا ھەتتا پسىخو.
لوگىيە ، بىئولوگىيە ، بوتانىكا قاتارلىق پەنلەردىمۇ خېلى بىلىمى
بار ئادەم ئىدى . ئۇ دائىم پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئىرادە
تاۋلاش ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىن ساق.
لىنىشقا ئوخشاش ئىلمىي مەسىلىلەردە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى
ئېيتىپ بېرەتتى . لېكىن ، كۆپىنچە ئۇ مېنى يالغۇز قالدۇرۇشقا ،
كۆپرەك ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىمكان بېرىشكە تىرىشاتتى . مېنى ئەم.
گەكلەردىن ، رەنجىش ، كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ئازاد قىلاتتى ، ئۆ.
گىنىش ، ئىشلەشكە ، نەتىجە قازىنىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى . مەنمۇ
ئۇنىڭ ياردىمىگە ، غەمخورلۇقىغا موھتاج ئىدىم . بولۇپمۇ ، بىرەر
ئىشنى ھەل قىلالمىغان كۈنلىرىم ، ئۇنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ
تاپاتتىم ۋە ياردەم تەلەپ قىلاتتىم . ماجۇرىن مېنى ئۆز ئوغلىدەك
يېقىن كۆرەتتى . مېنىڭ ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارغا باش قاتۇراتتى .
مېنىڭ سىرتىمدىن ئىشلىرىمنى پۈتتۇرۇپ قوياتتى .
ئۇ ئاتلىق مېھرىگە تولغان ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا مېنىڭدىن
سورىدى :
— گۈزەلئاي بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتەلەمسەن ؟
— ئۆتۈشۈم مۇمكىن ، — دېدىم تېخىچە ئۆز ـ ئۆزۈمگە
قويۇپ باقمىغان بۇ سوئالغا مۇجمەل جاۋاب بېرىپ .
— سەن ياشلىق ، مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن شۇنداق دەۋاتى.
سەن ، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — مۇھەببەت ئىنساننى
بەختلىكمۇ قىلىدۇ ، خارابمۇ قىلىدۇ . ئائىلە يالغۇز مۇھەببەت
بىلەنلا كۆكلىمەيدۇ . بەزىدە سىلەرنىڭكىدەك كۈچلۈك مۇھەببەت

تۆلىگۈسىز يوقىتىشقىمۇ سەۋەب بولىدۇ . سىلەر بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئاراڭلاردىكى ئۆزئارا ئىنتىزارلىق سۇسلىشىدۇ . بالا چوڭايغانسېرى بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبلىرى ئۈستىدە سۆزلەيدىغان بولىسىلەر ، بۇرۇن سىلەر يېڭى مۇھەببەتلەشكەندە كۆمۈلۈپ قالغان ئەيىبلىرىڭلار مانا دەپ چىقىدۇ . بۇرۇن كۆرمەسكە سالغان مىجەزىڭلاردىكى پەرقلەر ئاشكارىلىنىدۇ ، سىلەرگە كاشىلا بولىدۇ . سىلەر گەپ تالىشىسىلەر ، ۋارقىرىشىسىلەر ، ھەتتا بىرنەچچە كۈنلەپ بىر ـ بىرىڭلارغا گەپ قىلمايدىغانمۇ بولۇشىسىلەر . مۇھەببەت مايىسلىرىغا چۈشىدىغان ئۈششۈك مانا شۇ . بۇ ئۈششۈك مۇھەببەتنى خاراب قىلىدۇ . ئاخىر بىر ـ بىرىڭلاردىن قۇتۇلۇشنى بەخت ھېسابلايدىغان بولىسىلەر . مەن سىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ گەپنى دەۋاتمايمەن ، ئومۇمىي قانۇنىيەت ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمەن . بۇ ئەلۋەتتە ، مېنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەجرىبەم ، بۈگۈن ئۆزۈمچىلا ساڭا ئېيتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم .

مەن جىم بولۇپ قالدىم . ئەلۋەتتە ، ما جۇرىن بىكاردىنلا بۇ نەرسىلەرنى سۆزلەپ ئولتۇرمىسا كېرەك . بەلكىم بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى زىددىيەتلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن . «… مۇھەببەت — ئۆتكۈنچى ، ئالدامچى ھېسسىياتمۇ ؟ ئۇ ئىنساننى مەڭگۈ بەختلىك قىلالايدىغان بىر خىل كۈچ ئەمەسمۇ ؟ ئۇنداق بولسا ، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز نېمە ئۈچۈن مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى يېزىشقا شۇنچە قىممەتلىك ھاياتلىرىنى سەرپ قىلىشۇەتتى ؟ ئۇلۇغ ئاتايى ، سەككاكى ، لۇتپى ، نەۋائى ، زەلىلى ، خىرقىتى ، نىزارى ، نازىمى ، تەجەللى … قاتارلىق پېشۋالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئونلىغان ئۆلمەس داستان ، غەزەللىرىدە مۇھەببەت ۋاپا ، ئىنسان بەختىنىڭ يىلتىزى دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەنغۇ ! ناۋادا پەرھات بىلەن شېرىن ، لەيلى بىلەن مەجنۇن ، تاھىر بىلەن زۆھرە ، يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا ، ۋامۇق

بىلەن ھۇزرا ، سەئىدىن بىلەن رابىيە ۋە يېقىنقى زامان داستان ، درامىلىرىدىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇرادلىرىغا يەتكەن بولسا ، يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ جۇدالىقتا تارتقان كۈلپەتلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، بىر ـ بىرى بىلەن ۋارقىراشقان ، باتناشقان ۋە ھەتتا بىر ـ بىرىدىن زېرىكىشكەن بولاتتىمۇ ؟ مۇھەببەت ئىنسانىي مەڭگۈ بەختلىك قىلىدىغان غايىۋى ـ روھىي كۈچ بولمىسا ، ئۇنى ئىنساندىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر بەلگىسى دەپ قاراشنىڭ پايدىسى نېمە ؟ يەنە ناۋادا ئۇ ئۆتكۈنچى ، ئالدامچى ، تېزلا يوقىلىدىغان تۇتۇرۇقسىز ھېسسىيات بولسا ، ئۇنى ئۆمۈرلۈك ، خۇددى قارىغايدەك دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى يوقمۇ ؟...»

— نېمانچە دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى ؟ كۆزۈڭنى مەشتىكى چوغدىن ئالمايسەنغۇ ؟ بەلكى ئاشۇ ئوتمۇ گۇركىرەيدۇ ، يالقۇنجايدۇ ، لېكىن ئاستا ـ ئاستا كۈل بېسىپ ئۆچىدۇ ، مۇھەببەتمۇ خۇددى شۇنداقلا بىرنېمىكەن ، دەپ ئويلاۋاتىسەنغۇ دەيمەن . ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس !

مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم :

— مۇھەببەت ئالدامچى ، ئۆتكۈنچى ھېسسىياتمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

— ھەم ئۆتكۈنچى ، ھەم ئۆمۈرباقى ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى راست ، لېكىن ئۇنى تەربىيىلەپ ، ئاسراپ ئۆمۈرباقى قىلىۋالغىلى بولىدۇ . پەرۋىش قىلمىسا ، ھېلىقى ئۆششۈكتە نابۇت بولىدۇ ، دېمەكچى...

پاراڭ راسا قىزىغان ، تالاش ـ تارتىشقا ئايلانغان بولاتتىيۇ ، بىراق قوللىرى قىزىل قانغا بويالغان موڭغۇل يىگىت لېگەندە قوتاز جىگىرىنى ئېلىپ كىردى :

— ئاجايىپ سېمىز چىقتى ، كەس ـ كەسلا ماي .

— كاۋاپ قىل ، ئەلا ، ئاۋۇ مېنىڭ سومكامدا زىرە ، سوقۇل-

غان كاۋاۋچىن ، لازىلار بار . زىخقا ئاۋۇ ھۆل شىشقىلار تازا يارايدۇ...
ئۇ تالاغا چىقىپ كەتتى .
... كاۋاپ پىژىلداۋاتىدۇ ، زىختىن چوغ ئۈستىگە پىژ - پىژ قىلىپ شورپا ئېقىپ چۈشۈۋاتىدۇ . مەن بايىقى مۇھەببەت ، بەخت توغرىسىدىكى گەپلەرنى تېزلا ئۇنتۇپ ، ئۆزۈم يادلىۋالغان شائىرلار توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتىم :
... مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى يېزىش ئۈ- چۈن «قاراخانىيلار دۆلىتى» نىڭ گۈزەل پايتەختى قەشقەردىن چىقىپ ، تۈرك قەبىلىلىرى ، قىپچاق قەبىلىلىرى جايلاشقان شەھەر - داللارنى كەزگەن ۋە ئۇ يەرلەردىن ئۆز ئەسىرى ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق توپلىغان...
... يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئون ئۈچ مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ئۆلمەس داستانىنى يېزىپ قالدۇرغان...
... ھازىر ئىستانبۇلدىلا ساقلىنىۋاتقان ئەرەب ، پارس ، تۈر- كىي تىللاردا نۇسخىلار قالدۇرغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» — ئەھمەد يۈكنەكى تالانتىنىڭ جەۋھىرى . نەدە تۇغۇلۇپ ، نەدە ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان بۇ بۈيۈك ئادەم توغرىسىدا نەدىن ۋە كىمدىن سوئال سوراش كېرەك ؟...
... ئاتايىنىڭ بىرلا قولىيازمىسى بار ، ئۇ ھازىر لېنىنگرادتا . بۇ قولىيازمىنىڭ ئەينەن ئۆزىنى قانداق قىلىپ كۆرگىلى بولار- كىن ، سەككاكى توغرىسىدا كىملەر ياخشىراق بىر ماتېرىيال تەي- يارلاپ چىقاركىن...
لۇتپىنىڭ پارسچە ، ئۇيغۇرچە يازغان شېئىرلىرىنى تۇگەللەپ كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن ، تاشكەنت ، لېنىنگراد ، برىتانىيە ، ئىستان- بۇل كۇتۇپخانىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ

www.uyghurkitap.com



تالان ـ تاراج قىلىنغان ئەسەرلەرنى يىغىپ ئۆز تىلىمىزدا نەشر قىلدىغان چاغ كەلمىدىمۇ؟… توقسەن توققۇز يىللىق ھاياتىدا بىز ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ ئالتۇن خەزىنىلىرىنى بېيىتىپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ ئەمگەك ئەھلىنى، دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىگە قاچان ئې- لىپ چىقىمىز؟ قاچان دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىمىز؟

… ئۇلۇغ نەۋائىنىڭ ئون ئالتە خىل يىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان قىرىق تۆت مىڭ سەككىز يۈز ئۈچ مىسرالىق، ئۈچ مىڭ بىر يۈز ئوتتۇز پارچە شېئىرى بايلىقىنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە تونۇشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا يارامىلىق كۈچ بىزدە بارمىكىن؟…

… زەلىلى «سەپەرنامە»سىنى يېزىش ئۈچۈن، يەركەندىن ئېشەك بىلەن يولغا چىقىپ، قارىقاش، خوتەن… ھەققىدە گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرۇپتۇ. شائىرنىڭ ئېشەك بىلەن بېسىپ ئۆتكەن شۇ مۇبارەك سەپىرىنى بۈگۈن ماشىنا بىلەن تەكرارلىغىلى بولىسىدى…

… پاھ، خىرقىتى، ئون ئالتە يىل مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئە- رەب، پارس تىللىرىنى شۇنچىلىك پۇختا ئۆگەنگەن ـ ھە… بۇ جەھەتتە چوڭقۇر بىلىم ئىگىلىگەن بۇ قەلەم ئىگىسىگە بۇنىڭدىن ئىككى يۈز ئون ئالتە يىل كېيىن تۇغۇلغان تەجەللىنى سېلىشتۇ- رۇشقا بولىدۇ. تەجەللى كۆپ ئۆمرىنى دېھلى، كابۇللاردا ئۆتكۈ- زۈپ بىلىم ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ «بەرق تەجەللى ۋە سەبەق تەجەللى»سى دىۋان بولۇپ تۈزۈلگەندە، ئۇ قىرىق توققۇز ياشتا ئىكەن… ئۇنىڭ ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكى شېئىرلىرىنىغۇ ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشەنگىلى بولار، لېكىن ھىندى تىلىدا يازغان شېئىرلىرىنىچۇ؟ تەجەللى ئۈچۈنلا ھىندى تىلىنى ئۆگەنسەم بولامدۇ يا؟…

... «كىتاب غازات دەر مۈلكى چىن» توغرىسىدا خاتا ماقالىلەر يېزىلدى. كۆزىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتتا ئالەمدىن ئۆتكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ دوستى شائىر موللا بىلالنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنى، ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى جەزمەن مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك...

ئاھ مۇيەسسەر بولمادى كۆڭلۈمدە ئارمانىم مېنىڭ،
بۇ جەھەتتىن تامدى يەرگە ئەشك خۇنبارىم مېنىڭ.

«ئارمان»، «قانلىق ياش» — ئۇنىڭ ھەسرىتىغۇ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ خارابلاشقانلىقى، ۋەتىنىگە قايتىش ئارمىنىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن تۆككەن قانلىق يېشىغۇ!...

— قېنى كاۋاپ؟

چۆچۈپ قارىسام، ما جۇرىن كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن قىپقىزىل بېغىرنى كۆلگە قاقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن...

— سەن نېمە ئويلاپ ئولتۇرىسەن، ئەلا؟

— كاۋاپ كۆلى بىلەن، چوقـۇر گۆلى بىلەن، ھا... ھا... ھا...

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق.

شۇ ئاخشىمى مەن بايا مەش ئالدىدا ئويلىغانلىرىمنى تولۇق قىلىپ ما جۇرىنغا ئېيتتىم. ما جۇرىن خېلى جىملىقتىن كېيىن:

— قىلىدىغان ئىش راستتىنلا جىق. گومىنداڭ، مىلىتارىست، مەنچىڭ... كونا جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيرانچىلىق ئېغىر. ئاچ كۆز، تەمەخور خان، ئەمەلدارلار خەلق ياراتقان بايلىقنى بۇلىدى، يېدى، ساتتى، سوۋغا قىلدى. ئەمدى بىز بۇ تالان ـ تاراج قىلىنغان بايلىقنى يىغىشقا، توپلاشقا مەجبۇرمىز. پارتىيىمىز بۇنى قىلىدۇ، قىلالايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بۇنى

قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرەلەيدۇ. خوش، سەن قايتىپ بېرىپ نېمە قىلاي دەيسەن؟

— شىنجاڭغا، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ساياھەتكە ماڭسام دەيمەن.

— ناھايىتى ياخشى...

12 ـ ئاينىڭ بېشىدا يايلاقتا يېشىللىق تولدى. ئاپئاق قار قاپلىغان قىرقىلاردا ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ھەرىدەك چاقىدىغان غەربىي جەنۇب قىيپاش شامىلى ۋىژىلدايتتى. زەھەردەك ئاچچىق شامال يالتىراق قارنى ئاسماندا ئۇچۇرۇپ، بوتخانا تاملىرىغا، قوتاز قوتانلىرىنىڭ پاكار قورۇقلىرى ۋە ئەتراپتىكى زاڭزۇلارنىڭ قاقاس ھويلىلىق، پاكار قورۇقلۇق ۋە كىچىككىنە پەنجىرىلىك ئۆيلىرىگە ئەكىلىپ ئۇراتتى ـ دە، بىردەمدىلا ئاپئاق قىرغاق ـ دۆڭلەرنى پەيدا قىلاتتى. تاپتاقىر ئۆگزىلەر ئۈستىدىكى قارايغان تۇرخۇنلاردىن چىققان ئاچچىق تېزەك ئىسى، يۇقىرىدىن قويۇلۇۋاتقان كۆكۈچ يوندىدەك تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، بولۇڭ ۋە دالدىلاردا ئاچچىق پوراق قالدۇرۇپ، ئاندىن يوقىلاتتى. يايلاقتا كۆڭۈلسىزلىك باشلانغان. باللار ئىشىكلەردىن ئارانلا بېشىنى چىقىراتتى ـ دە، خۇددى قۇلۇلىدەك قورۇنۇپ يەنە ئۆز قىنىغا كىرىپ كېتەتتى. يازچە يايلاقتا ۋارقىراشقان ئايالار ھازىر سەپرالىشىپ كەتكەن: ئۇلار سۇ تولدۇرۇلغان سوغىلىرىنى مايلاشقان جۇۋىلىرى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ تېڭىپ، ئۇزۇن جۇۋىلىرىنىڭ پەشلىرى ئارىسىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەشتىلىك كىگىز ئۆتۈك كىيىشكەن پۇتلىرىنى قاردا تەسلىكتە يۆتكەيتتى ۋە نېمىلەرنىدۇ تىللايتتى.

ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى تىللايدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. لېكىن، مەن ئىچىمدە جىقلا نەرسىلەرنى — مونۇ بوتخانىنى ئىسلاشتۇرۇۋاتقان تىنىمسىز شامالنىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى قۇرۇق زامبا يېگۈزۈپ باشقا تاماق بەرمەيۋاتقان زاپخوزنىمۇ، مۆھىمى، لەنجۇدىن

بىر ئايدىن بېرى كەلمەيۋاتقان ماشىنىنىمۇ... تىللايتتىم.

كۆمۈر، ئوْن، توْز بىراقلا توْگىگەن. ئوزۇقلوْقتا ئاشۇ زامبا ئوْچوْن ئارپا ئوْنى بىلەن سېرىق ياغ، قالاشقا بولسا تېزەك بىلەن ئارپا مەڭگىنىلا قالغانىدى. ياتاق سوغۇق ۋە ئىس، نە قولنى يانچۇقتىن چىقارغىلى، نە كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. ئىشىكنى پات ـ پاتلا ئېچىۋېتەتتۇق، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆيدىكى بېزىرىۋال-غان ئىس تالاغا ماڭمايتتى، ئەكسىچە تام ياقىلىرىدا بۇلۇتتەك توْرۇلۇپ يوْرگەن ئىسلار ياتاققا قېچىپ كىرىشەتتى...

— ماشىنىلار شياخېغا بەش كوْندە ئارانلا كەپتۇ. بۇياققا ماڭغىلى بولمىغۇدەك دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئەتىگەن ئاتلىنىپ چىقىپ كېتىپ، ھېلىلا قايتىپ كەلگەن موڭغۇل مالچى قولىنى پۇۋلەپ ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ خوراز تاجىسىدەك يۇزىدىكى شالاڭ قېشىغا قونغان قىرو تېخى ئېرىمىگەنىدى.

— شۇمۇ كوْن بولدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم ئۈچ كوْندىن بېرى ئىچىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئاچچىقىمنى چىقىرىش ئوْچوْن، — يەيدىغىنىمىز تالقان، ئۆيمۇ سوغۇق تېخى، كېچىچە تىترەپ چىقىۋاتقان؛ بۇلارغۇ مەيلى، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايند-تىپ. يا ئىستىن كۆز ئاچقىلى بولمىغان. ئۈچ كوْن بولدى، كىتاب ئوقۇيالمايۋاتىمەن، بۇنداق كوْندىن دوزاخ ياخشى، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ يەردە ئوت بار!

غەزىپىم چاقچاققا ئايلىنىپ كەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىپ ئېگەر ئۈستىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ما جۇرىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋىدى، ھېلىقى ھىجايغاق چاڭجاڭمۇ، تاقىر ياقىلىق جۇۋىسىغا يۆگىلىپ، كىرلەشكەن ئاق پىيمىلىق ئاياغلىرى-نى جۇپلەپ ئوڭدا ياتقان لاۋياڭمۇ، بىر چەتتە سوغۇققا قارىماي، يوتقان، جۇۋىلىرىغا ئورۇنۇۋېلىپ قارتا ئويناۋاتقان ئىشچىلارمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— قويۇڭلار ! — دېدى ما جۇرىن كۆلكە بېسىلغاندىن كېيىن ئىشچىلارغا قاراپ ، — سىلەر ئاۋۇ يازلىق قوتاننىڭ بىر تېمىنى چۇۋۇپ ، چىملىرىنى ماڭا سۇنۇپ بېرىڭلار ، مۇنۇ تۇرخۇنلارنى بىر تۇزەپ باقاي !

ئىشچىلار ما جۇرىنغا ئەگىشىپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇشتى . ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كۆرە سوغۇق يېگەن تۇزۇك دەپ ، لاۋياڭ ئىككىمىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتۇق . ئوخشاشلا تالادىمۇ كۆز ئاچقىلى بولمايتتى ، خۇددى غەربىي جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىن مۇشۇ ياققا قارىتىپ مەخسۇس پۇۋلىگۈچ بىلەن پۇۋلەۋاتقاندەك ، پۈتۈن ئەتراپنى قويۇن ، مانان ۋە چاڭ ـ توزان قاپلىغان ، زەھەرـ دەك ئاچچىق شامال ئادەمنىڭ قېلىن جۇۋىلار ئىچىدىكى بەدىنىگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى .

بىز ھە ـ ھۇ بىلەن ما جۇرىنغا چىم سۇندۇق . يېرىم سائەتـ تىن كېيىن ئۈچ كۈندىن بېرى شامال ھۇۋلىغان باك مەشتە پاللىدە ئوت ياندى ۋە چىرايىمىزنى خۇشاللىق قاپلىدى…

كەچقۇرۇن ما جۇرىن زاپخوزغا بۇيرۇق بەردى :

— مەكتەپكە ئەۋەتىلىدىغان گۆشتىن ئەللىك جىڭ ئېلىپ قېلىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭكىنى ئەلاغا ، باشقىلارنىڭكىنى دورجىغا ئۆتكۈزۈڭ . ئۆلچەم ئۆتكەنكىدەك . نېمە ، يەشىكلەرنى مىخلىۋەتـ كەن دەمسىز ؟ مىخنى سۇغۇرماق مۇنۇ سوغۇقتا چىدىماقتا قارىغاندا ئاسان !

ما جۇرىن ئۆزى دورجىنى باشلاپ شۇ كۈنلا شياخېغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئەتىسى گۆشلىرىمىزنى خالتىلارغا تولدۇرۇپ ، خىل قوتازلارنى ئېگەرلىدۇق ـ دە ، ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن بوران ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق .

شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا ، قوتازلار تەرسالىق بىلەن ماڭماقتا ،

يول ھېلىدىن ـ ھېلىغا يوقاپ كېتىدۇ ، ئەمما بىز باشلىرىمىزنى جۈۋىلارغا چۆمكۈۋېلىپ ، قوتاز ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ ، تۇمان ئىچىدە تەمتىلەپ كېتىپ بارىمىز . مەن سوغۇق جاندىن ئۆتكەن چاغلاردا ، لەنجۇدىكى پار بىلەن ئىسسىيدىغان ئىللىق ، ياسىداق ئۆيۈمنى ، چىرايلىق ئايالىمنى ، كۆكۈللۈك تۇرمۇشۇمنى ئەسلەيمەن ـ دە ، ئازابلىنىمەن ، لېكىن بىردىنلا گۈزەلئاينىڭ رەقىپنى ئاقلاشقا باشلىغانلىقى ، رەقىپ بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكىنىنى يوشۇرغىنىنى ئەسلەيمەن ـ دە ، تىترەپ كېتىمەن . تۇرۇپلا ئايالىمنىڭ ساداقەت ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى يادىمغا كېلىدۇ ، بۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن : «ئەلا ، گۇناھسىز قىزنى بىكارلا قىيناۋاتىسەن ، ئاشۇ كۆزلەر يەنە سەندىن باشقا بىرىگە مېھىر ـ شەپقەت نۇرلىرىنى چاچارمۇ ؟ بەلكى ساددا ھېسسىديات ، ساددا پىكىر ۋە كۆڭلى تۇزلۇك ئۇنى رەقىپ توغرىسىدا ياخشى گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغاندۇ ياكى سېنى ئېغىرچىلىق ۋە روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋىجدانى كۆتۈرمىسىمۇ رەقىپكە يالۋۇرغاندۇ ، ئۇنى كەچۈرگىن ، ئۇنىڭغا خەت ياز ياكى لەنجۇغا قايت ! سەن ئۇتىللودەك يوق گۇمان بىلەن گۇناھسىز گۈزەلىڭنى نابۇت قىلما !...»

بۇنداق چاغلاردا ، مەن قوتاز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلىمەن ۋە مۇشۇ مانان ، چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا ئانىسىنى ئىزدىگەن تايدەك ھەسرەت بىلەن ئىڭرايمەن : گۈزىلىم ، شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدىغانسەن ؟...

ئەتىسى شامال توختىدى . مەن يايلاقنىڭ قار بىلەن چۆمكەلگەن كەڭ قوينىنى ئىللىق نۇرى بىلەن شادلاندۇرىدىغان قۇياشنىڭ تاغلار كەينىدىن بالقىپ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، سەھەرلىكى بۇتخانا ئۆگزىسىگە چىقتىم . قۇياش ئاۋۋال مېھىرلىك نۇرىنى — يار مۇھەببىتىدەك ئىللىق تەپتىنى ئەۋەتتى ـ دە ، ئاندىن

كېيىن قىپقىزىل شولىلار ئىچىدىن ياقا يىرتىپ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرسەتتى ، يايلاق يار ھۆسنىگە قانغان ياشلارنىڭ قەلبىدەك شادلاندى ، چوققىلار خۇددى تۈنجى مۇھەببەت ئىزھارىنى ئاڭلىغان بەختلىك قىزنىڭ كۆزىدەك نۇرلاندى ... مەن قۇياش ھۆسنىگە تويماي قارىدىم ۋە شەرقتىن چىقىۋاتقان مەيىن شامالغا مۇراجىئەت قىلىپ ، موللا بىلالنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى يادقا ئوقۇدۇم :

جەھد ئەيلەپ ئەي سەبا بىر نامە كەلتۈرگىن ماڭا ،
ئول پەرىۋەش نەزدىدىن پەيغامە كەلتۈرگىن ماڭا .

غۇنچە بويلۇق يارنىڭ باسقان ئىزىدىن بىر سىقىم .
بۇ كۆزۈمگە سۈرگىلى توھفانە كەلتۈرگىل ماڭا .

تارەئى مويىنى كەلتۈر ئەيلەيىن تەئۋىزگە باغ ،
يا ئۆزۈك بىلگەنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا .

ياكى مەي كەلتۈر بۇ دەردىمغە داۋا بولغاي دەمى ،
ئىشقىدا سىبقۇرغالى پەيمانە كەلتۈرگىل ماڭا .

يالبارىپ بادى سەباغە بۇ بىلالى دەرد ئىلە ،
يىغلاپ ئەيتۇر قىسسەئى جانانە كەلتۈرگىل ماڭا .

شېئىردىكى ئوتلۇق پىكىر مېنىڭ قەلبىمنى تىترەتتى . يۈز نەچچە يىللار بۇرۇن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ، پۈتۈن ھىجران ئازابىدىكىلەرگە يۈرەك يارىسىنى ساقايتىش ئۈچۈنلا پۈتۈلگەن تىل ۋە ھېسسىيات تۇمارىمىدۇيا ؟ نېمىشقا شۇنچە خىياللار ، ئىزدىنىشلەر بىلەن شادلانمىغان دىلىم بىرلا شېئىر بىلەن شادلىنىدۇ . يەنە

نېمىشقا شۇنچە دەرد ـ ئەلەملەر دەستىدىن نەملەشمىگەن كىرپىكلىرىمدە مۇنۇ مىسرالار مەرۋايىت ئۇنچىلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟ ... مەن دۇنياخورلۇق توغرىسىدا ما جۇرىندىن مۇنداق گەپ ئاڭلىغان: بەزىلەر ئۈچۈن پۇل — يۈرەك، پۇل يۈزىدىكى رەڭ — قان، پۇل يەنە خۇشاللىق ۋە ئۆلۈم... راست شۇنداق، پۇلى بولۇشى ياكى كۆپىيىشى بىلەن بەزىلەرنىڭ يۈرىكى چوڭىيىدۇ، كۈچىيىدۇ، يۈزىدە قان، رەڭ پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى تەڭداشسىز گۈزەل چاغلاپ، خۇددى ئۇيقۇسى قانغان دىۋىدەك خۇشال بولىدۇ. ئەكسىچە، پۇلى ئازايسا ياكى يوقالسا، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ، ھەتتا توختايدۇ، يۈزىدە بولسا قان ـ رەڭ قالمايدۇ، گويا ئەپساندىلەردىكى چېچى كېسىۋېلىنغان ئالۋاستىدەك پەرىشان بولىدۇ، ھەتتا ئۆلىدۇ... بۇ، دۇنيادىكى پەسكەشلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى...

لېكىن، مەردلەرنىڭ، ساپ ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا مەن نېمىنى بىلىمەن؟ بىلىدىغانلىرىم خېلى جىق، لېكىن ھەممىسىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئادەملەر ئۆزى ئىزدەپ تېپىشسۇن... مەن پەقەت بىرسىنىلا ئېيتىپ ئۆتىمەن: ئۇنداقلارنىڭ بايلىقى — ۋىجدان. ئۇلار ۋىجدانىنى جېنىدىن قىممەت بىلىدۇ، گوياكى بىر خەسىس سۇنۇق يارماق ئۈچۈن جېنىنى تىككەنگە ئوخشاش، ئۇلار ۋىجدان خەزىنىسىدىن كېمەيگەن بىر زەررە ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشىدۇ... شۇنداق، ۋىجدانلىق ئادەملەرلا جۇدالىق ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ، جۇدالىق ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدۇ، جېنىنى ئۈپرىتىدۇ... مېنىڭ ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىمنى سىناپ كۆرگەن ئوتلۇق شېئىرغا، بۇ مىسرالارغا قان ـ تەر، ھېسسىيات سەرپ قىلغان شائىرغا چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت!...

يىراقتىن ئاتلىقلار كۆرۈندى، ما جۇرىنلار قايتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار جەزمەن گۈزەلئاينىڭ خېتىنى ئەكەلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



••• مەن بۇ خەتنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇۋاتىمەن :

«ئەلا ، مەن بوشانغىلى غۇلجىغا بارىمەن ، بىرىنچى ئاي-
نىڭ ئون بىرىنچى كۈنىگىچە يولغا چىقمىسام بولمايدۇ . مەن
بەختسىز بالىنىڭ ئانىسى بولىدىغان ئوخشايمەن . دېگىنىز بويى-
دىكى كېچىلەر ، بېيجىڭدىكى ۋەدىلەر ئۇنتۇلغۇسىز دەك سې-
زىلگەنىدى ، ياشلىقىم مېنى ئالدىغان ئوخشايدۇ . سىز مەن
ئويلىغاندەك مېنى ياخشى كۆرگەن ئەمەس ، بەلكى يالغان
ياخشى كۆرگەنىكەنسىز . مېنىڭچە ، بىر - بىرىنى ياخشى
كۆرگەنلەر مەڭگۈ ياخشى كۆرۈشلىرى ، بىر - بىرىنىڭ
ئەيىبلىرىنىمۇ ياخشى كۆرۈشلىرى لازىم ئىدى . ‹ئىچىمدە
بىر پارچە ئوت بار › دەپ كۆكرىكىڭىزگە ئۇرۇپ ئالىقىنىد-
ڭىزنى قوياتتىڭىزغۇ ، قېنى ئۇ ئوت ؟ كېچەيۇكۈندۈز سىزنى
ئويلايدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان سادىق
ئاياللىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ يىراقتا— بىر بۇتخانىدا قىشلاۋاتى-
سىز . بۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئوت بارلىقىدىنمۇ ؟ ياق ، مەن
بىلدىم ، سىز يالغانچى ، ئالدامچى ! قەلبىڭىزدە ئوت يوق ،
مۇز بار . سىز ئەشەددىي قىساسكار . ئۆرۈمچىدە بىر قېتىم
قىلغان قوپاللىقىم ئۈچۈن ، مېنى قىيناپ قىساس ئالماقچى .
راست ئەمەسمۇ ؟ مېنىڭ ياشلىقىمنى ، تۇنجى مۇھەببىتىمنى ،
ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى ئۆز قىساسكارلىقىڭىزنىڭ قۇربانى
قىلدىڭىز . ئۆچىڭىز چىقتىمۇ ؟ سىز مېنى ئادىلەگە بىر قېتىم
ئەجەب ھاكاۋۇر قىزكەن ، دەپتىكەنسىز ، ھاكاۋۇرلۇق ئۈچۈن
شۇنچىلىك ئېغىر جازا كېلەمدۇ ؟ قېنى سىزنىڭ ئادىل ، ئاق
كۆڭۈللۈكىڭىز ؟•••

ئەلا ، مەن سىز بىلەن ئارتۇق گەپ تالىشىشنى خالىماي-
مەن ، مەن شۇنچىلىك چارچىدىم ، شۇنچىلىك جۇدىدىم ، بۇ-

نىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن بولغان ، قالغان گەپلىرىمنى بالد-
ۇمىزنى قولىڭىزغا بەرگەندىن كېيىن ئېيتىمەن . خەير ـ
خوش ، يايلاقتا مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ قېلىشىڭىزغا تىد-
لەكداشمەن...

گ . 1961 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى »

ئەمدى ئويلانغۇدەك ھېچ ئىش يوق ، ئەتىلا لەنجۈغا قاراپ مېڭىش كېرەك . بىزنىڭ ئارىمىزغا بۇ جۇدالىق ئۇرۇقىنى كىم چاچتى ؟ بۇنى گۈزەلئايغا بىلدۈرۈشۈم ، بىھۇدە گۇمانلىنىپ ئازاب-لىنىۋاتقان ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم ۋە ئۆزۈم ئۇنى غۇلجىغا بىللە ئاپىرىشىم لازىم .

— ئەمما ، — دېدى ما جۇرىن ئاخشىمى گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ ، — بىرىنچىدىن ، رەقىپ بىلەن سەن ـ پەن دېيىشمىگىن ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۈچىنچى ئايدىن بۇرۇن لەنجۇدا پەيدا بول . جەنۇ-بىي شىنجاڭغا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . توققۇزىنچى ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلسەڭلا ، كېلەر يىلى — 1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بۇرۇن بىزگە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» توغرىسىدا مەيلى تېزىس ياكى كونسېپىك بولامدۇ ، ئومۇمىي ئەھۋالنى دەسلەپ-كى قەدەمدە بايان قىلىپ بېرەلىگۈدەك بىرەر نەرسە تاپشۇرمىساڭ بولمايدۇ .

ئەمما ، مەن ئۈچ كۈنگىچە گەنجادىن قوزغىلالمىدىم ، چۈنكى بوران يەنە باشلانغان ، بۇ قېتىم قار ياغقاندىن كېيىن بوران چىق-قاچقا ، سىرتتا كۆز ئاچقىلى بولمايتتى . شىياخې يولى ئەمەس ، تۆۋەندىكى سۇ بويىغا بارىدىغان يولنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى . ما جۇرىن بۇنداق بوراندا مېنى ھەرگىز يولغا سالمايتتى .

ئالتىنچى كۈنى ، يەنى بىرىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىلا ، مەن دورجى بىلەن بىللە شىياخېغا قاراپ يولغا چىقتىم . يول يوق ، بەزى

www.uyghurkitap.com

كۆلتۈك قارلىق يەرلەردىن ئاتلارنى يېتىلەپ ئۆتكۈزەتتۇق.

شياخې مېھمانخانىسىدا تىت - تىت بولۇپ، ئۈچ كۈندىن بېرى ماشىنا كۈتۈپ يېتىۋاتىمەن. يەنە بەش كۈنگىچە لەنجۇغا يېتىپ بارمىسام، گۈزەللىكى كېتىپ قالىدۇ، ئارىمىزدىكى كۆڭۈل-سىزلىكنى يوقىتىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ.

خۇيزۇلار ئاچقان زاسۇيخانا مېنىڭ كىتاب ئوقۇپ ۋاقىت ئۆت-كۈزىدىغان يېرىم بولۇپ قالدى. چۈنكى، شياخې مېھمانخانىسىدا ماشىنا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ. مېھمانخانىنىڭ گۈل-لۈك ۋادىكى بار ئىككىنچى قەۋەت پېشايۋىنى ئېغىر قەدەملەردىن ھازىرلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك غىچىرلايدۇ. ئۇپراپ غو-دۇر - دۆڭ بولۇپ كەتكەن ياغاچ پەلەمپەيمۇ كۈرگە قاتمىغان توخۇدەك جەك - جۇك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋار - ۋۇر ... ئەلۋەتتە، بۇنداق يەردە كىتاب ئوقۇغىلى بولىدۇ دەمسىز ...

لابۇلۇڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرى ئۇزۇن، قوڭۇر چاپان-لىرىنى سۆرىشىپ، ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى تاش تاملارنى ئايلانغى-لى تۇرغاندا، ھېلىقى زاسۇيخانىغا بارىمەن - دە، كەچ كىرگۈچە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيمەن. ئاق دوپپىلىق خۇيزۇ بوۋاي كىتابنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— قۇرئانمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. مەن ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولۇش ئۈچۈن «ھەئە!» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۇ مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇڭ، بۇ يەردە زاڭزۇلار ھاراق ئىچىشىدۇ. بەزى كۈنلىرى ئۇلار بەسلى-شىپ ئىچىشىدۇ، بەسلەشكەندە قوللىرىغا ئاشۇ بېلىدىكى ئېسىقلىق پىچاقلىرىنى ئېلىشىدۇ تېخى، قورقۇپ ئۆلگۈدەك بولىمەن ...— دەپ ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ خۇيزۇ ئاشپەز. ئۇ بىر كۈنى

ماڭا مۇنداق دېدى :
— مەن ياش ۋاقتىمدا ما جۇڭيىغا ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا بارغان ، ما جۇڭيى ئورۇسلارغا يېتىۋالدى . مانا ئەمىسە دەپ بىز ما خۇشەنگە ئەگىشىپ قوزغىلاڭ قىلدۇق . بىزنى ئايروپىلان ، تانكا ، پىلىموت بىلەن قىردى . بىز قاغىلىق ئارقىلىق تاشقورغانغا ، ئاندىن كېيىن ئافغانىستان ئارقىلىق پاكىستانغا قېچىپ كەتتۇق . بۇياقتا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ ئۆتكەندە ئەكەلگەن كىتابلىرىم بار ، كۆرۈپ باقامسىز ؟
— كۆرۈپ باقاي ! — دېدىم خۇشال بولۇپ .
ئۇ چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ، كىرلىشىپ كەتكەن قىزغۇچ خۇرۇمغا ئوراقلىق كىتابلىرىنى ئەكىرىپ ئالدىمغا قويدى ، خۇرۇم يىپنى ئالدىرىماي ، پەپىلەپ تۇرۇپ يەشتى . مەن كىتابلارنىڭ تېشىدىكى خەتلەرنى ئوقۇدۇم . ئىككىسى ئەرەبچە كىتاب ، بىرى ئەرەب يېزىقىدا بېسىلغان پارس تىلىدىكى ئەدەبىي كىتاب ئىدى . ئۇ ماڭا قارىدى :
— قۇرئانمۇ ؟
— مۇنۇ بىرى ، — دېدىم مەن قېلىن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ، — يىگىرمە بەش پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرگىچە بولغان پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا تەزكىرە .
— ناھايىتى ياخشى ، بۇ ياخشى كىتاب ئىكەن ، بۇچۇ ؟
— بۇ كىتاب ،— دېدىم مۇقاۋىسى نەقىشلەنگەن ، سېرىق خۇرۇم تاشلىق كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ تۇرۇپ ، — قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى پاتىھە (باشلىنىش )دىن تارتىپ ئون ئۆتىنچى سۈرە ئىبراھىمغىچە بولغان سۈرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رىسالىكەن...
— ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ،— دېدى ئاشپەز ئۇزۇن ئاق -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىرىق ئارىلاش ساقىلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ ، — ئەمدى مۇنۇ كىتابچۇ ؟

مەن ئۈچىنچى كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ، ئۇنىڭغا يالغۇزۇپ دېدىم :

— ئون بەشىنچى ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرىپىددىن ئەلى يەزەمىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىكەن ، تىلى پارسچە ، سىز چۈشىنەلمەيسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇرئان ئەمەس !

— شۇنداقمۇ ؟ مەيلى ، بۇمۇ لازىم…

ئۇ كىتابلىرىنى يىغىشتۇردى . مەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىم :

— مۇشۇ كىتابنى ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز ، مەن سىزدىن…

— ياق ، ياق ، مەن كىتاب ساتمايمەن…

مەن يېنىمدىكى ھەممە پۇلۇمنى ئۈستەلگە قويدۇم :

— مانا قىرىق يۈەن ، ئاز دېسىڭىز ، لەنجۇغا بېرىپ يەنە ئەۋەتىپ بېرىمەن .

— ياق ، ياق ، ساتمايمەن ! — دېدى ئۇ كۆزىنى پۇلدىن ئۈزمەي ، — كىتاب ساتمايمەن .

— مۇنۇ جۇۋامىنىمۇ قوشۇپ بېرەي !

ئىچى ئاق سەنسەن ، كۆك تاشلىق ئۇزۇن جۇۋىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم ، ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ جۇۋىنىڭ يۇمشاق ئاشلانغان پەشلىرىنى تۇتۇپ كۆردى ـ دە ، بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ :

— قىرىق يىل ساقلاپ ، ئەمدى … مەن بۇ كىتابنى بىر ئاتقا تېگىشىمەن ، راست شۇنداق ، ما ئاخۇن ياراق بىر ئېتىنى بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمىغانىدىم . ئەمدى سىزگە ياق دېيەلمىدىم . بوپتۇ . جۇۋىڭىز قىبرىلارغا لايىق يۇمشاق جۇۋا ئىكەن .

ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ بىر ئاتقا تېگىشمىگىنى يالغان ، تۇنجى خېرىدارى مەن ئىكەنلىكىمدە شۈبھە يوق . ئۇنىڭ قىرىق يۈەننى تۆش يانچۇقىغا سېلىۋاتقان قولىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىشى ،

كۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقتىن ئوينىشى ، بايىقى سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى ، لېكىن مەن ئۇنىڭ يالغان سۆزىگىمۇ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم .

خوشلىشىپ چىققاندا ، ئاشپەز ماشا ئىككى قوي بېشى ، بىر قېرىن ۋە بىر كىلو كەلگۈدەك تاۋا نېنى يوللۇق تۇتتى...

يولدا مەن چۈشكەن ماشىنا پېشكەلگە يولۇقۇۋەردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇۋىسىز ئىدىم ، قاتتىق مۈزلىدىم ، لىنشاغا كەلگەندە جالاقلاپ تىترەپ ، خۇدۇمنى بىلمەي يېتىپ قالدىم . مېنىڭدە نە پۇل ، نە ئوزۇقلۇق قالمىغان ، مېھمانخانىنىڭ بىر رەھىمدىل خادىمى مېنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە كىچىككىنە بىر دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ . مەن ئۈچىنچى كۈنى بۇنى بىلدىم ۋە ئەتراپىمدىكىلەرگە قارىدىم :

— بۇ قەيەر ؟

— لىنشا ،— دېدى چىرايلىق سېسترا قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ،— غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بىر دۆڭشياڭ قىز سىزنى تونۇيدىكەن ، شۇ قىز سىزنى دوختۇرخانىغا ئەكەلدى . مەكتەپكە تېلېفون بەردى . ھازىر تاۋخې دەرياسىنىڭ كېمىسى توختاپ قاپتۇ ، ماشىنا ئۆتەلمەيدىكەن . سىلەرنىڭ شۇجى بىزنىڭ ئوبلاستنىڭ شۇجىسىغا تېلېفون بېرىپتۇ . ئوبلاستنىڭ بىرىنچى شۇجىسى تونۇگۈن كەلدى . سىزنى ياخشى داۋالاپ ساقايتىپ ، ئايروپىلان بىلەن قايتۇرىدىغان بولدى . ئۈچ كۈن بولدى ، ھېچ نەرسە يېمىدىڭىز ، تاماق يەۋېلىڭ .

مەن سېستىرادىن سورىدىم :

— بۈگۈن چېسلاغا قانچە ؟

— ئون ئالتە !

— نېمە ؟...

دېمەك ، گۈزەلئاي شىنجاڭغا كەتتى دېگەن سۆز .

بىر ھەپتىدىن كېيىن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىـ
دىن كىچىك ماشىنا كەلدى . مېنى ئەمگەككە ئەۋەتكەن كادىرلار
بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى كېجاڭى ماڭا ئىككى قولىنى سوزدى :
— ساقايدىڭىزمۇ ، ياخشى ، ناھايىتى ياخشى !
— قانداقلارچە بۇ قەھرىتان قىشتا شىياخېدىن يالاڭ چاپان
بىلەن يولغا چىقتىڭىز ؟
— شۇنداق بولۇپ قالدى…
— جۇۋىڭىزچۇ ؟ مەكتەپ جۇۋا ، پىيما بەرگەنتىغۇ ؟…
— بىلمىدىم ، نەدە قالدىكىن !…
— ساتتىڭىزمۇيا ؟
— ھەئە .
— قانچىگە ؟
— بىر كىتابقا…
ئۇ ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى .
— شۇنداق قىلىپ ، ئايالىم مېنىڭ يولغا چىققانلىقىمنى بىـ
لىپ تۇرۇپ شىنجاڭغا كېتىۋەردىمۇ ؟
— ھەئە ، يولداش رەقىپ شۇنداقراق دېدى …
كېجاڭ پۈتۈن ھېساب ـ كىتابنى تۈگەتتى ـ دە ، بىز ئەتىسى
يولغا چىقتۇق . ماشىنا مېنى تەۋرىتىپ كېتىپ باردۇ . مەن لەن‍ـ
جۇ ، خىزمىتىم ، ئاياليم توغرىسىدا خىيال قىلىپ كېتىپ بارد‍ـ
مەن . ئەمدى ئاياليم قانداق بولىدۇ ؟ راستىنلا مېنىڭ يولغا
چىققىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ كېتىپ قالغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭ مەندىن
كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ لېكىن ، ئۇنىڭ ماڭا قويغان ئەيىبلىـ
رى مەندە زادىلا يوق . مەن ئۇنى ئالدىمىدىم . مەن قىساسخور
ئەمەس . مەن ئۇنى پۈتۈن مۇھەببىتىمنى ئاتاپ ياخشى كۆرگەنمەن ،
ھېلىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىمەن… كىم بىزنى بۇ جۇدالىققا مەجبۇر
قىلىۋاتىدۇ ؟ بۇ ، رەقىپ ئەمەسمۇ ؟ ئۇ يەنە بىر ھىيلە ياكى ئىغۋا

بىلەن گۈزەللىكىنى غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتكەن بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تالىشىشى تېخىچە داۋاملىشىۋاتامدۇ؟ ئۇ بىزنىڭ ئارد- مىزدىكى كىچىككىنە جىدىرانى چوڭايتىماقچى، بىزنى ۋەيران قىلماقچى؟...

مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيتتىم. مەن گۈزەللىكىنى سېغىنماقتىمەن. ئۇنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، مەن ئۇنىڭ- سىز بەختلىك بولالمايمەن. مىسكىن كۆڭلۈمنى موللا بىلالنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن ئاۋۇتتۇم:

ئاھ نەيلەي بۇ پەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،
ئەندەلىب يەڭلىغ بولۇپمەن گۈلزارىمدىن جۇدا.

ھەم جۇدالىقتىن بېرى ئەندۇھ غەمگە يارمەن،
ھەم مېنى قىلغان ئۇچۇن ئەغيار يارىمدىن جۇدا.

يىغلاماي نەيلەي بۇگۈن بىر خەستەئى ئاۋارەمەن،
كىم ئەمىن سائەتتە بولدۇم بىقارارىمدىن جۇدا...

شېئىر مىسكىن كۆڭلۈمنى تېخىمۇ ئەزدى، كۆزۈمدىن ياشلار ئاقتى. بۇ ياشلار كەلگۈسى بەختىنىڭ تامچىسىمۇ ياكى تېخىمۇ چوڭ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ باشلىنىشىمۇ؟ بۇنىڭغا كەلگۈسى جاۋاب بەر- سۇن. مەن كەلگۈسى ئۈچۈن خۇددى قاناتلانغاندەك ئىلدام كېتىپ بارىمەن، لېكىن بەدىنىم قۇۋۋەتسىز، پۇت - قولۇم بارغانسېرى ماغدۇرسىزلانماقتا...

# تۆتىنچى باب ئايرىلىش

## 1

پەقەت 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئاندىن پۇت ـ قولۇمغا جان كىردى، شۇنىڭغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ياتتىم. ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكەن، جىگىرىمگىمۇ كېسەل تەگكەنىكەن، دوختۇر مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمغا زادىلا يول قويمىدى. مانا شۇ ئاق ماتراسلىق، قايماق رەڭ كارىۋات ئۈستىدە قىمىرلىماي يېتىپ، قارلارنىڭ ئېرىگىنىنى، يەردىن تولۇق كېتىپ، دەرەخلەر ياپيېشىل يوپۇرماق چىقارغىنىنى، كەينىمىزدىكى قاپتاللىق سارغۇچ تاغنىڭ شاپتۇل ۋە ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن چۈمكىلىپ، بايرامغا ياسانغان قىزچاقتەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرەلمىدىم. ھاياتتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان گۈزەللىك بىلەن سەتلىك؛ كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق؛ راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق؛ ئۈمىد بىلەن چۈشكۈنلۈك ... قاتارلىقلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى بارلىق گۈزەللىكنىڭ ئانىسى بولغان ئۇلۇغ يەر بېتىدە نامايان بوپتۇ، مەن تېخى بۇنى سەزمەپتىمەن.

بۈگۈن تۆنجى قېتىم بالىنىستىن بېرىلگەن خالاتنى سېلىۋېتىپ ئۆز كىيىملىرىمنى كىيدىم. مانا شۇ چاغدىلا، ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئورۇقلاپ كەتكىنىمنى بىلدىم. بويۇن، بىلەكلىرىم خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك، يول ماڭسام خۇددى بىرى پۇتۇمغا داۋاملىق چىرماق ئورۇۋاتقاندەك مۇدۇرۇپ ماڭاتتىم.

مېنى ئاخىرقى قېتىم رېنتگېندە تەكشۈردى، قان تەكشۈرۈش-

نىڭ خۇلاسىسىنىمۇ ئېيتىپ بەردى . مەن ئۇزۇل ـ كېسىل ساقدـ
ىيپتىمەن ، تېلېفون بېرىۋىدىم ، ياردەمگە شىياۋلى كەلدى . ئۇ
مېنى كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى . مېنىڭ خەت ـ چەك ،
كىتابلىرىمنى توشۇيتتى ، يىغىلىشلارنى يەتكۈزەتتى . مېنىڭ تەلدـ
پىم بويىچە بەزى كۈنلىرى كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى . بىرنەچچە
ئايدىن بېرى ، ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم بولۇپ
كېلىۋاتاتتى .

ئۇ مېنىڭ ماموق ياستۇقۇم بىلەن قاچا ـ قۇچامنى بىر قولىدا
كۆتۈرۈپ ، بىر قولى بىلەن قولتۇقۇمدىن تۇتۇۋالدى ـ دە ، پەلەمـ
پەيدىن ئاۋايلاپ چۈشۈرۈۋېتىپ چاقچاق قىلدى .

— سىز قولتۇقۇمغا قىسىۋالساممۇ ئەكېتەلىگۈدەك بولۇپ
قاپسىز ، قاراڭە ، پاختىدەك يېنىك !

مەنمۇ پۈرسەتنى قولدىن بەرمىدىم :

— سىزگە ئېغىرىم چۈشمىسۇن دېگىنىم ـ دە ، مەقسىتىم
سىزگە ئۆزۈمنى كۆتۈرگۈزۈش !

— مەن سىزنىڭ ھەددىڭىز ،— دېدى شىياۋلى ئاپئاق دومىلاق
مەڭزىدە زىنىخ پەيدا قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — كۆتۈرسەم نېمە
بولاتتى . كېلىڭ ، ھاپاش قىلىۋالاي ! — ئۇ چاقچاق قىلىپ زوڭـ
زايدى . مەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدىم :

— ھېلى بىكار يىگىتىڭىز كۆرۈپ قالسا سوقۇشىدۇ !

مەن ئۆيۈمگە خۇشخۇي يېتىپ كەلدىم ، لېكىن بىرنەچچە ئايـ
دىن بېرى ئېچىلمىغان قۇلۇپقا ئاچقۇچ ئاپىرىش بىلەن قوللىرىم
تىترىدى . مېنى مىسكىنلىك ، چۈشكۈنلۈك چىرمىۋالدى ، خۇددى
ئالدىمدا ئېچىلغىلىۋاتقان ئىشىكتىن قورقۇنچلۇق بىر نەرسە چىقىدـ
دىغاندەك بويۇم شۈركۈندى .

— نېمە بولدىڭىز ؟ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتىڭىزغۇ ، ئەلا ؟

— بىلمىدىم .

شىياۋلى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى. مەن ئورۇن-كۆرپىلەر چېچىلىپ ياتقان جۇپ كىشىلىك كارىۋاتقا قىيسايدىم، شىياۋلى پەردىلەرنى قايرىپ، دېرىزىنى ئاچتى.

مېنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كىتابلارغا كۆزۈم چۈشتى. زالدىن كىتاب ئىشكاپىم بىلەن ئەكىرىپ تۆكۈپ قويغان، يەردە تۇپا-چاڭغا مىلىنىپ ياتقان كىتابلىرىم ماڭا خۇددى نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

شىياۋلى ئۆينى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ قايتىشقا تەمشەلدى:

— دوەن جياۋشۇ كافېدرا باشلىقى بولدى. بىلەمسىز، ما جۇرېن يۆتكىلىپتۇ، كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۈگۈن شەنبە، بىز ماجۇرېننىڭ ئۆيىگە يىغىلماقچى، ئاخشاملىققا كىرىڭ، ئەمىسە، — دېدى خوشلىشارىدا.

ما جۇرېننىڭ ئۆيىگە تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار لىق تولغانىدى... ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇۋاۋا تۇگەتتى، بەزىلىرى خۇاچۇەن ئويناپ هاراق ئىچىشەتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىشاتتى: كىملەرنىدۇ قوللايتتى، يەنە كىملەرنىدۇ تىللايتتى.

— خې شۇجى قانداق شۇجى ئۇ! — دېدى مى جياۋشۇ غاڭزىسىنى خېيىننىڭ تاپىنىغا قېقىپ تۇرۇپ، — قۇرۇق ۋارقىراشنىلا بىلىدۇ، ئۇنى ئىلىم ئورنىغا ئەمەس، تۇگمەنگە ئاپىرىپ قويسا بولىدۇ...

— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، مى جياۋشۇ! — دېدى دوەن جياۋشۇ كۆزەينىكىنى يۇقىرى ئىتتىرىپ قويۇپ، — سىز قىساسخورلۇق قىلىۋاتىسىز، نېمىشقا دېگەندە، ئايالى...

— قويۇڭ، قويۇڭ! — دېدى مى جياۋشۇ تەرىنى تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — دېدىمغۇ، تۇگمەنگە لايىق! لاۋما،

نېمىشقا ئۇ خې فامىلىلىكنى مەنسېپىدىن ئېلىۋەتمەيسىلەر؟ شۇي شۇجىنى دۇمبالاشتا، ئۇنىڭ قانچىلىك تەرى ئاقتى بىلەمسىلەر! «پېڭ دېخۇەينىڭ شايكىسى شۇ!» دەيدىغان بولسا، ئۇنى ئەرشكە يېتەتتى. ئەمدى قاراڭلار، لاۋشۇي دېسە لاۋشۇي دېگىلى تۇرۇپتۇ. مانا شۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن خەلققە يەتكەن زىيان ئازمۇ؟!

— مى جياۋشۇ، ئەمدى ئىچمەڭ، — دېدى ما جۇرىن ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ، — سىياسەت سۆزلەپ نېمە قىلىمىز، قېنى، مى جياۋشۇ، بىر خېنەن باڭزى ئېيتىپ بەرسىڭىزا!

— ئېيتىپ بەرسۇنمۇ؟

— ئېيتىپ بەرسۇن! — كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشتى.

مى جياۋشۇ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، غاڭزىسىغا كۆك تاماكىدىن بېسىۋېتىپ:

— كۇڭ يىجى ئېشىپ قالغان تاماقنى ئوغرىلىغىنى ئۈچۈن پۇتلىرىدىن ئايرىلدى، ئەمما ئادەم ئوغرىلىرى مۇكاپاتلاندى. ها... ها... ها!... — كۇلۇپ كەتتى ئۇ. ما جۇرىن ئۇنى ئاستا نوقۇدى:

— لاۋمى، بىردەم يېتىپ دەم ئالامسىز؟

— پېڭ دېخۇەي قالتىس قوماندان! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇنىڭ قوللىرى ئۇستىخان ئەمەس، پولات!

ما جۇرىن ئۇنى قولتۇقلاپ ئاچىقىپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مى جياۋشۇ خىزمىتىدىن توختىتىلىپتۇ. مەن بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ما جۇرىننىڭ ئۆيىگە كىردىم. ما جۇرىن ساپادا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— قانچە ئويلىساممۇ، مى جياۋشۇنىڭ خىزمەتتىن توختىتىلغىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدىم سۆھبىتىمىز قىزىغاندا، — نېمىشقا راست گەپ قىلىش شۇنچىلىك خەتەرلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ما جۇرىن ؟

ئۇ جىم بولۇپ قالدى، ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن:

— سەن ياش، — دېدى ماڭا قاراپ، — پارتىيىگە ئىشىنىسەن، سادىقسەن، لېكىن تەجرىبىسىزسەن، سەن دېگەندەك مى جياۋشۇنىڭ گېپىدە خاتالىق يوق. ئۇ راست گەپ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ گېپى خې شۇجىغىلا ئەمەس، خېلى چوڭ يەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان گەپ… چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم!

— مەن كېتىمەن، گىنىدىڭ جامسۇ چۇجاڭ سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ. شۇي شۇجىمۇ يۆتكىلىدىغان بوپتۇ، لېكىن سەن پارتىيە كومىتېتىغا ئىشەن. پارتىيىمىزنىڭ سىياسەتلىرى ئۆزگەرگىنى يوق: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي - مەمۇرىي كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى، ئىلىم - پەن خادىملىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىنمىسا، مىللەتلەر راۋاجلىنالمايدۇ، گىنىدىڭ جامسۇ مانا بۇنى ياخشى بىلىدۇ، سەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقىن.

— رەقىپىنچۇ؟ ئۇ نېمىشقا قاتتىق جازالانمىدى؟

— ئۇنى پارتىيە ئىچىدە تەنقىد قىلدى، شۇجىلىقتىن ئېلىۋەتتى، ئۇ يەنىلا فاكۇلتېت جۇرىنى. سەن ئۇنى كەچۈرگىن، ياش ئەمەسمۇ، تۈزىلىپ كېتىدۇ. ئۇنى قاتتىق جازالاش بىلەن نېمە ئىش پۈتىدۇ دەيسەن؟ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۇ ئەمەسقۇ؟ ھەممىلا گەپنى ساڭا ئېيتىۋېرىشكە بولمايدۇ، كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن!

مەن ئارتۇق كوچىلاشنى لايىق كۆرمىدىم. نۇرغۇن سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. مەن بۇنداق گەپلەرنى بىلىشكە

ئانچىمۇ قىزىقمايمەن ، لېكىن رەقىپىنىڭ ئائىلەمگە سالغان كۆڭۈل-
سىزلىكلىرىنى ئويلىساملا ، ئۇنى زادىلا كەچۈرگۈم كەلمەيدۇ .
قوغداش خادىمىنىڭ سوراقلىرى ، مېنى تازا ھەل قىلغۇچ ۋاقىتتا
گەننەنگە ھەيدەش ، بوھتان بىلەن ۋاقتىمنى ئۇزارتىش ، تۇرمۇشۇم-
غا سورۇقچىلىق سېلىشلارنى ئويلىساملا ، رەقىپكە غەزىپىم
تاشىدۇ .

— ئۇنى كەچۈرگىن ،— دېدى ما جۇرىن تەكىتلەپ ،—
بەلكىم ئۇقۇشماسلىق ، گۇمانىمۇ باردۇ ، ھەممىنىلا رەقىپ قىلمى-
غاندۇ ؛ ئائىلە مەسىلىسىدە رەقىپىنىڭ قولىمۇ بار ، مۇھىمى ، سى-
لەر بىر - بىرىڭلارنىڭ تازا خىلى ئەمەس ئىدىڭلار . رەقىپ توغرى-
سىدا گىنىدىڭ جامسۇ ھەممىنى بىلىدۇ . سەن بۇلارنى كۆڭلۈڭدىن
چىقىرىۋەت ، ئۆزۈڭنى كۈت ، سالامەتلىكىڭنى ئەسلىگە كەلتۈر ،
سېنىڭ ۋەزىپەڭ مانا شۇ .

مەن ئەمدى سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم كېرەك .
قورسىقىم گۈركىرەپ ئاچىدۇ ، كۈچلۈك غىزا تەلەپ قىلىدۇ ،
لېكىن مېنىڭ ياسىداق ئۆيۈمدە بۇ كۈچلۈك غىزا يوق . مەن شورپا
ئىچىشنى ، گۆش يېيىشنى ئارزۇ قىلىمەن ، لېكىن بۇنىڭغا پۇل
يوق . گەرچە مەن ساقايغان بولساممۇ ، ماغدۇرسىزمەن ، ئىلاجىم
قانچە؟ تاسمامنى چىڭ باغلىۋېلىپ ، ئورۇندۇقۇمدا تۆت - بەش
سائەت مىدىر قىلماي كىتاب كۆرىمەن ، پەقەت ئورنۇمدىن تۇرغاندى-
لا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىمەن...

بۈگۈن كەچ سائەت توققۇزلاردىلا قورسىقىم ئاچتى ، تاتىملى-
رىمنى ئاختۇرۇپ يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم . قەيەرگىلا قارى-
سام چېچىلىپ ياتقان قەغەزلىرىم تۇراتتى . مەن ئىستاكانغا ئازراق
شېكەر سالدىم - دە ، قايناق سۇ قۇيدۇم . كىتاب ئوقۇغاندا باشقا
ھەممىلا نەرسىنى ئۇنتۇيمەن . مانا ھازىرمۇ پۈتۈن زېھنىم بىلەن
كىتابقا بېرىلىپ كەتتىم . ئىشىك قاتتىق چېكىلگەندىن كېيىنلا

www.uyghurkitap.com

بېشىمنى كۆتۈردۈم :
— كىرىڭ !
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ياخشى گەپنى ئوزۇق قىلالايدىغان ساھىبخانا !
سومكا كۆتۈرۈپ رەقىپ كىرىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭغا ئىلتىپاتسىزلا قارىدىم . ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى ساڭگىلىغان ، ئىككى قوۋۇزى ھازىرلا ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك سالپايغان ، كۆزلىرى پۈتۈپ كىچىكلىگەن ، كۆرۈمسىز يۈزى مايلىشىپ پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى ـ دە ، «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ ماڭا سىنچىلاپ قارىدى :
— قالتىس جۇدەپسەن ، پاھ !
— ھەرھالدا ئۆلمىدىم !...
ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا «ئۇھ» تارتاتتى ، تاماكىنى خۇددى ئاچ كالا ئاداپ شورىغاندەك ، لەۋلىرىنى شالاپلىتىپ ئىچىگە تارتاتتى . ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئۇ تىترەڭگۈ ، پەس ئاۋاز بىلەن :
—رەنجىشىڭ ئورۇنلۇق... لېكىن ...— دېدى .
— لېكىن ، سېنى گەننەنگە مەن ئەۋەتمىدىم ، ئايالىڭ بىلەن بولغان ماجىراغا مەن سەۋەبچى ئەمەس ، ساۋۇتوف گۇرۇھى دېگەننى مەن پەيدا قىلمىدىم ، دېمەكچىمۇ سەن ؟ — دېدىم ئۇنىڭ كىچىكلىگەن كۆزلىرىگە قاراپ .
— شۇنداق دېمەكچىمەن...
— لېكىن ، مەن سېنى ئەيىبلىمەكچى ياكى سېنىڭ بىلەن سىرداشماقچى ئەمەسمەن . سېنىڭ نېمە ئويلىغىنىڭ ، نېمە قىلغىنىڭ مېنى زادىلا قىزىقتۇرمايدۇ . خاتا قىلغان ئىشلىرىڭ بولسا تەشكىلگە ئېيت ، مېنىڭ ئالدىمدا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇشۇڭنىڭ زادىلا ئورنى يوق !
— ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم ، گۇزەلئاينى ئەۋەتمىسەك ، بەلكى...

— ئۇ گەپلەرنى كوچىلاپ نېمە قىلىسەن؟ دېدىمغۇ، مەن سېنىڭ بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. ماڭا جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىك كېرەك. سەن خاپا بولمىغىن، رەقىپ، سېنىڭدىن ئۆتۈنىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيۈمگە شالاڭراق كەلگىن، قەرزىڭنى پات يېقىندا تولۇق قايتۇرۇپ بېرىمەن…

— لېكىن، ھەيدىسەڭ كەتمەيمەن، چىللىمىساڭمۇ كېلىمەن!

— مېنى بۇنچە بىزار قىلىشىڭ ساڭا نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

— سەۋەبى، مەن ساڭا مەسئۇل. تەشكىل سېنى ياخشى كۆتۈشنى ماڭا تاپشۇرغان، نېمىلا بولمىسۇن مەن فاكۇلتېت جۇرنىنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان زىيالىيلارنى ئاسراش — مېنىڭ ۋەزىپەم!

— غەمخورلۇق قىلغۇڭ كەلسە، ماڭا تىنچلىق بەر! كۆيۈنگىنىڭ شۇ بولسۇن…

— ئاڭلىسام، سەن قىينىلىۋېتىپسەن. سەن مېنى چانىۋەتسەڭمۇ مەيلى، مەن ياتىقىڭغا پات - پات كېلىپ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن! بولۇپمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ساڭا قارىمىسام قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن - دە! مانا پىشىشىق گۆش، سېرىقماي، توقاچ، ھەسەل! يېگىن، ئۆزۈڭنى ياخشى كۈتكىن!

ئۇ سومكىسىدىن نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تىزدى.

مېنىڭ ئاشقازىنىم ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماقتا. مېنىڭ قۇۋۋەتسىزلەنگەن بەدىنىم ئاشۇ يېمەكلىكلەرگە تەلپۈنمەكتە. نېرۋىلىرىم مېنى: «يە، يە، تويغۇچە يەۋال!» دەپ ئالدىراتماقتا، ئاغزىمغا ھېلىدىن - ھېلىغا شۆلگەي كېلىدۇ. دېمەك، مېنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمۇ ئاشۇ كۈچلۈك تاماققا ئىنتىزار. ئۇلار: «يە، يېگىن، بىزمۇ قۇۋۋەتلىنەيلى، ياخشىراق ئىشلەيلى» دېيىشمەكتە، لېكىن ۋىجدانىملا مېنى يېيىشتىن تۇتۇپ تۇرماقتا. مەن ۋىجدان بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى قايتىدىن سومكىسىغا سالدىم. ئۇ كۈلۈپ قويدى ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۈستەلگە يەنە يايدى.

— مەن بىر ۋاقىتتا ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنداق بىر رۇبائىيسىنى سىنىڭدىن كۆچۈرۈۋالغان ! — دېدى ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىپ ، — سەن كلاسسىكلارنىڭ سۆزلىرىگە بەك ئىخلاس قىلىسەنغۇ ، ئاڭلا !

بىر غېرىبنىڭ كۆڭلىنى قىلالىساڭ شاد ،
ياخشىدۇر يەر يۈزىنى قىلغاندىن ئاۋات .
لۇتفۇڭ بىلەن بىر دىلنى قۇل قىلىپ ئالساڭ ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلغاندىن ئازاد .

— ئۇنداق قىلما ، ماڭا ئازراق خىزمەت كۆرسىتىپ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىشقا يول قوي . قېنى يىگىت ، مېنىڭ ئەرزىمەس زىياپىتىمگە داخىل بول ، مەن خۇش بولاي !

مەن ئۇنىڭغا ئاچچىق كۈلكە بىلەن قارىدىم - دە ، مۇنداق دېدىم :

— سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى ، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى ! نېمە قىلىسەن ، دەز كەتكەن ئەينەكنى پۈتۈن قىلىمەن دەپ !

ئۇنىڭ چىرايى قانداق ئۆزگەرگىنىنى بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ ئاۋازى ئۆچتى . مەن ئۇنىڭ ئۈستەلگە قويغان يېمەكلىكلىرىگە قاراپ ، ئۆزۈمچىلا شېئىر ئوقۇدۇم :

بىر سۆڭەككە ساردەك قانائەت قىلغان ،
ئەۋزەلدۇر ناكەسكە بولغاندىن مېھمان .
ناكەسنىڭ مەززىلىك نېنىدىن ياخشى ،
ئۆزۈڭ تېپىپ يىگەن بۇردا ئارپا نان .

رەقىپنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :


— سەن مەدەنىيەتلىك ئادەممەن دەيسەن ، بىر ئادەمنى ناكەستىن - ناكەسكە سېلىپ تىللايسەن ، ھەرنېمە بولسامۇ ياخشى نىيەت بىلەن ساڭا يېلىنىۋاتىمەن ، بەلكىم سۆڭگۆچ كاككۈك بالىسىنى ئېغىزى بىلەن دان بېرىپ باققاندەك ، كاككۈك بالىسى ئۆچۈم بولۇۋېلىپ سۆڭگۆچنى تونۇمىغاندەك ، بىر ئەخمىقانە ئىش قىلىۋاتقاندىمەن . نېمىلا بولسۇن ، سېنى ئاسراش — مېنىڭ ۋەزىپەم . تىل ئاڭلىغىنىمغا بەلكى باشقىلار رەھمەت ئېيتار ، بۇنى كەلگۈسىدە كۆرىمىز .

ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل خورسىنىش ، بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش بار ئىدى . مەن ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم : «ناۋادا ، رەقىپ راستتىنلا گۇناھسىز بولسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا مەن بىكاردىنلا ئۇنىڭغا دىل ئازارى بەرگەن بولمامدىمەن ؟ » . مەن ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ تاماكىسىنى تۇتۇپ ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئولتۇراتتى . مېنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى . «كەچۈرۈش كېرەك ، ئۆزۈڭنى پۇتلىغان بىرىنى كەچۈرۈش - كەچۈرەلمەسلىكىڭ سېنىڭ پەزىلىتىڭگە باغلىق . ساڭا تىغ ئۇرمىغانلا بولسا ، سەن ئۇنى ئۆز پەزىلىتىڭ بىلەن قولىدىكى تىغنى تاشلاشقا مەجبۇر قىل . ھەرگىزمۇ ئۇنى تىغ ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويما !… » بۇ سۆزلەرنى قايسى كىتابتىن ئوقۇغانلىقىم يادىمدا يوق ، بەلكى ئەپلاتۇننىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرى ئارىسىدا كۆرگەندىمەن ، مانا ھازىر شۇ گەپ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى . مەن رەقىپكە كۈلۈمسىرەپ قارىدىم :

— بوپتۇ ، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشمەيلى . شۇنداق قىلىپ ، بىزنى قاچان شىنجاڭغا يولغا سالىسىلەر ؟

— ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ! — دېدى رەقىپ كۆزىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ .

www.uyghurkitap.com



ما جۇرىن يۆتكىلىپ كەتتى . مەن مىسكىنلەشتىم ، لېكىن رەقىپ ئۆز قىزغىنلىقىنى يەنە باشلىۋالدى . ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر غەمخورچۇم بولۇپ قالدى . ئۇ دائىم دېگۈدەك مېنىڭ بىلەن بىللە ئىدى ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ياتىقىمغا كىردى ـ دە :

— شىنجاڭغا ئەتە ماڭىدىغان بولدۇڭلار . بۈگۈن بېلەت ئال-غۇزدۇم ، مېنىڭ ياتىقىمدا سېنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم شىنجاڭلىق كادىرلارنى يىغىپ زىياپەت بەرمەكچىمەن ، قەتئىي بارد-سەن ! — دېدى ۋە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى .

شىنجاڭلىق كادىرلار ئىچىدە مەن قويۇق ئالاقە قىلىدىغانلار ئاز بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم . ئۇلار بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ، دۇتار ياكى راۋاب بىلەن ناخشا ـ پاخشا ئېيتىش كۆڭۈللۈك ئىدى . بىراق ، بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش دىلىم تارتمايدىغان رەقىپنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ ، شۇ تەرىپىنى ئويلىساملا بارغۇم كەلمەيدۇ ، لېكىن بارمىسام ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمەن ! نېمىلا بولمىسۇن ، بېرىپ قويۇش كېرەك .

مەن ساقاللىرىمنى قىرىپ ، كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ يولغا چىقتىم .

مەن ئەڭ ئاخىرقى مېھمان بولۇپ ئۆيگە كىردىم . ئۇستەلگە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسىلا ئورنىدىن تۇرۇشتى . رە-قىپ مېنى قولتۇقلاپ يۇقىرىغا — بۇدۇر چاچ ، تەمبەللىك قارا يىگىتنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى . سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى يال-تىرىتىپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ يىگىتتىن باشقىلىرىنى مەن تونۇي-مەن . ئۇلار ئون نەچچە ئادەم ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل ، قىرغىز ، تاتار ، شىبە ، ئۆز-بېك ، داغۇر ياشلىرى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىنىپ تەربىيىچىلى-رى ، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى ، تەرجىمان ؛ بەزىلىرى فاكۇلتېتلارنىڭ

مەسئۇللىرى ، يەنە بەزىلىرى بولسا مەمۇرىي خادىملار . ئۇستەل
توغرالغان نان ، پىششىق گۆش ، سېرىقماي ، قېزا ، سامسىلار بىد-
لەن تولغان . تاشقىرىقى ئۆيدىن قايناۋاتقان سۇر گۆشنىڭ
پۇرىقى كېلەتتى… رەقىپنىڭ سىم كارىۋىتىدا بولسا ، ياخشى قەش-
قەر دۇتىرى تىكلەكلىك تۇراتتى .

— باياتىن بىز پارىڭىنى قىلغان ياش ئالىم — بىزنىڭ
ئەلا !— دېدى رەقىپ مېنى ھېلىقى ناتونۇش ئادەمگە تونۇش-
تۇرۇپ ، — ئەڭ مۇھىمى ، مېنىڭ 4 - سىنىپتىن باشلاپ بىر
ئورۇن ، بىر قويۇن بولۇپ بىللە ئۆسكەن دوستۇم ، بىز ئۇيغۇرلار-
نىڭ تۇنجى ئالىمىمىز…

— قويساڭچۇ ، قۇرۇق گەپنى !…— دېدىم ئۇنىڭ ماختاشلى-
رىدىن خورسىنىپ ، — بۇ كىشى كىم بولىدۇ ؟

— گىنىدىلىڭ جامسۇ !— دېدى رەقىپ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ، —
بىزنىڭ ئىلمىي باشقارمىنىڭ باشلىقى ، مىللىتى زاڭزۇ…

مەن ئۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم . ما جۇرىن
ئېيتقان ھېلىقى چۇجاڭ شۇ ئىكەن . ماجۇرىن بۇ كىشىگە مەن
توغرۇلۇق ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ :

— يىگىرمە بەشكە كىرگەن بولسىڭىز ، ناھايىتى ياش ئىكەن-
سىز ، يولداش ئەلا ، سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا باراي دېگەنىدىم ، بۈگۈن
بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز بەك ياخشى بولدى ، — دېدى .

— گىن چۇجاڭ ، دەيدىغان گەپلەرنى ھازىر ، ئىچىشتىن بۇ-
رۇن دەۋالايلى ، ئىچىشكە خىزمەت ئارىلىشىپ قالمىسۇن ، قېنى
ئەمىسە ، بەش مىنۇت خىزمەت توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە
رۇخسەت !— دېدى رەقىپ . ئۇ چىرايلىق پوپايكا كىيگەن ، چاچلى-
رىنى رەتلىك تارىغانىدى .

— ئەتە ماڭىسىز ،— دېدى گىنىدىلىڭ جامسۇ ،— پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بىر ئالاقىسى بار . ئۇلار بىزدىن

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» توغرىسىدا دوكلات بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ . بۇ قېتىم دۆەن جياۋشۇ ئىككىڭلار بۇ ۋەزىپىنىمۇ ئورۇنلىغاچ كېلىڭلار ، بىز ئالاقىلەرنى يېزىپ تەييارلاپ قويدۇق .

رەقىپ بىردىنلا چاۋاك چېلىپ كەتتى ـ دە ، مېنىڭ مۈرەمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— مانا ئەمدى سىزنى پۈتۈن شىنجاڭ تونۇيدۇ ، دۇنياغا تونۇل ، بىزنىڭ پەخرىمىز ! — دېدى .

مەن چوغ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم :

— دۆەن جياۋشۇ بۇ ئىشنى قىلالايدۇ ، مەن بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن .

— ئوبدان تەييارلىق قىلىڭ ، دۆەن جياۋشۇمۇ قوشۇلدى ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» سىزگە يۆكلەندى ،— دېدى گىندىڭ جامسۇ .

ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا يېقىپ قالدى . ئۇ ئۇدۇل ، گېپى ئاشكارا ۋە مېھرىبان ئادەم بولۇپ كۆرۈندى .

— مەن سىزدىن ئون ياش چوڭ ئىكەنمەن ! — دېدى ئۇ ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن ، — لېكىن بىلىدىغان نەرسەم ئاز ، مەن ئارانلا 2 ـ سىنىپنى ئوقۇغان . نۇڭنۇلۇقتىن① قۇتۇلۇپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ، ئالىي پارتىيە مەكتىپىگىلا باردىم . تەبىئىي پەن ، ئىجتىمائىي پەن دېگەنلەرنى بىلمەيمەن . خەنزۇ تىلىنىمۇ تازا دېگەندەك بىلمەيمەن . ماڭا ياردەم قىلىڭ ، يولداش ئەلا . ياشلىقىم تۈگىگەن بولسىمۇ ، قالغان ئۆمرۈمدە تىرىشىپ بىلىم ئۆگەنگۈم كېلىدۇ . سىلەرمۇ ، بىزمۇ تارىخىمىز ئۇزۇن ، مەدەنىيەتلىك ، لېكىن جىق خورلانغان مىللەت . ئەمدىلا ئازاد بولدۇق ، بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىمىز باشقىلاردىن

---

① نۇڭنۇ — قۇللۇق — ت .

كۆپرەك !

گىنىدىنىڭ جامسۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ياقتى . مەن بۇنداق ئادەم- لەرنى ياخشى كۆرىمەن . ئۆزى بىلىم دېگەننى بىلمەيدىغان ، ئىلىم ئەھلىنى بولسا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەسمايە قاتارىدىلا كۆرىدىغان ، مەسىلەن ، خالىسا ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ماختاپ قويىدىغان ، يەنە ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن دۇمبالاپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى يامان كۆرىمەن . رەقىپ ئەنە شۇنداق ئەمەس- مۇ ؟ ئۇنىڭ ھازىر مېنى ماختىشى ، كۆككە كۆتۈرۈپ «پەخرىمىز» دېيىشى ، گىنىدىنىڭ جامسۇ چۇجاڭنىڭ خاھىشى ئۈچۈنلا بولۇۋاتقان ئىش . ناۋادا ئىلىم ئەھلىگە ھومىيىپ قارايدىغان بىرىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇسى كەلگەن بولسا ئىدى ، ئۇ مېنى بۇ چاغقىچە بىرنەچچە قېتىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۇمبالاپ بولغان بولاتتى . مانا ئۇ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ ، قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى پاكىز ياغلىقى بىلەن سۈرتتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇگۈنكى سورۇن ، بىزنىڭ يېڭى رەھبىرىمىز گىن چۇجاڭ بىلەن ياخشى تونۇشۇش ، ئۇنىڭ قىزىقارلىق ئىلمىي مۇلاھىزىلىرى- دىن بەھرىمەن بولۇش ، شۇنداقلا بىزنىڭ ياش ئالىمىمىز ئەلانىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىدىن ئاز بولسى- مۇ خەۋەردار بولۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر ياخشى مەيدان . ئولتۇرغان- لىرىمىز سىياسەت ۋە ئىلىم - پەن جەھەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ئەربابىمىزدىن ناھايىتى تۆۋەن ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— شۇنداق بولماي ! — بەزىلەر ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بېرىشتى .

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى رەقىپ ، — ئىلىم دۇنياسىدىن مىسال ئالايلى . ئاي يەرگە قارىغاندا قىرىق توققۇز ھەسسە كىچىك ، شۇنداق بولسىمۇ ، يەر ئۇنى كىچىك كۆرمەي ئۆزىنىڭ ھەمراھى ھېسابلايدىكەن ، ئاي ئۆزىنىڭ مەردانە دوستى بولغان يەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدىكەن . يەنە مەسىلەن ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇياشنى ئالايلى ، ئۇ يەردىن بىر مىليون ئۈچ يۈز مىڭ ھەسسە چوڭ بولسىمۇ ، قىلچە مەغرۇرلانماي ، يۈز ئەللىك مىليون كىلو-مېتىر يىراقلىقتىن ئۆزىنىڭ دوستى بولغان يەر شارىغا نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن ! مەن بۇ گەپلەرنىمۇ بىر ۋاقىتتا دوستۇم ئەلا بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىدا يېزىۋالغان ۋە ئۇنى دوراپ يادلىۋالغان . دېمەكچىمەنكى ، ھەر خىل سۈپەتلىرد-مىز بولسىمۇ بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنەيلى ، ئاسمان جىسىملىرى-نىڭ چوڭلىرىدىكى كەمتەر سۈپەتنى ، كىچىكلىرىدىكى ئۈمىدۋار خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالايلى !...

ئۇ يەنە سۆزلىمەكچىدى ، بىراق ئۆيگە پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېڭى كەلگەن شۇجىسى كىرىپ كەلدى :

— رې جورىن !— دېدى خې شۇجى تاپىسىدىن قەدەم تاشلا - تاشلىمايلا گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەپ ، — تازا كېچىكتىم ، ئەپۇ قىلىڭ !...

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق . ئۇزۇندىن بېرى نامىنىلا ئاڭلاپ يۈرگەن بۇ ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدىم : ئۇ ئورۇق ، ئېگىز بوي ، سېرىق چاپىنىدىن مورە ئۇستىخانلىرى بىلىنىپ تۇرىدىغان ، كۆتمەك چاچ ، لەۋلىرى كۆك ، كۆزلىرى يۇمۇقراق ، قىزىل بۇ-رۇن ئادەم ئىكەن .

— خې شۇجى ! خې شۇجى ! — دەپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشتۈردى رەقىپ خۇشامەت بىلەن باشلىرىنى ئېگىپ ، — شۇنچىمۇ كۈتكۈزەمسىز ، كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ داستىخان سېلىنىۋەردۇق !

ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ، خې شۇجىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۆتتى :

— خې شۇجى مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇتەخەس-سىسى ، بىلىمى چوڭقۇر ، رەھبەرلىك سەنئىتى ئۈستۈن ، ئاق

كۆڭۈل ، كەمتەر ئادەم . ئۆز ۋاقتىدا ئەلەممۇ ، قەلەممۇ تۇتقان ، بولۇپمۇ مىللىي خىزمەت تەجرىبىسى مول !

رەقىپىنىڭ ماختاشلىرىدىن رازى بولغان خې شۈجى كەمتەرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوڭ قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ :

— ھەي ، نەدە ، نەدە ! — دېدى يۇقىرىدىن ئورۇن ئېلىۋېتىپ . ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرنى قىزىرىپ پىشقان لازىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . مېنىڭ يادىمغا بىردىنلا شۈي شۈجى كەلدى ـ دە ، خىيالىمدىن : «شۈي شۈجى بولغان بولسا ، بۇنداق سورۇندا ئولتۇرمىغان ، بەلكى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى» دېگەن پىكىر يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى .

بىزنىڭ خې شۈجى سۇنۇلغان رومكىنى قايتۇرمىدى ۋە ئۇستەلدىكى ھەر خىل سەيلەردىن ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى . رەقىپ بىزنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر تونۇشتۇردى . ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ھەربىرىمىزگە بىردىن قاراپ قويۇپ كۇلۇپلا قويدى ، بىراق بىرەرىمىز بىلەن ئەھۋال سورىشىپ قويمىدى .

— بىزنىڭ رې جۇرىن ئەھۋاللارنى ياخشى تونۇشتۇردى ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ ، — تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ھازىر ئون ئالتە مىللەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىكەن ، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ ياخشى ئۆگىنىۋېتىپتۇ . پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئىچىدە چۇجاڭ ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىكەن ، مانا بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال !

خې شۈجى ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا زادىلا سۆزلىمىدى . مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىلىم ـ پەن ، تەتقىقات ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىرى كۆپ ، نەتىجە قازانغانلىرى نۇرغۇن تۇرسىمۇ ، ئۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى . كەسىپ ئۆزگەرتىپ ، مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئۆسكەنلەرنى ماختىدى . مەن ئۇنىڭ بۇ ماختىشىغا نارازى بولۇپ :

— خې شۇجى ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى بىز تۆت ـ بەش يىل ئىلىم ـ پەن بىلەن تەربىيىلەيمىز . ئۇ بىر كەسىپنى ئىگىلەپ جەمئىيەتكە چىقىدۇ . ئۇنىڭ شۇ كەسىپنى تېخىمۇ پىششىقلاپ بېيىتىشى ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ جەمئىيەتكە خىزمەت كۆرسىتىشى قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش . مېنىڭچە ، مانا شۇنداقلارنى ماختاپ ، شاختىن شاخقا قونىدىغانلارنى ئانچە ـ مۇنچە تەنقىد قىلىپ قويغان ياخشىغۇ دەيمەن ! — دەۋەتتىم .

— ياخشى پىكىر ،— دېدى گىنىدىڭ جامىسۇ خۇشال بولۇپ .

بىز ئەمدى ئاز ـ تولىدىن ئېچىشىپ ، قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشكەندۇق .

— تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنى ئوقۇغانلارنىڭ ئۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ناتايىن ،— دېدى خې شۇجى ماڭا قاراپ قويۇپ ،— ھازىر مىللىي رايونلار ئۇچۇن زۆرۈرى ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار . ناۋادا ، بىزنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىمىز شىنجاڭغا يۆتكىلىپ بېرىپ گوڭشې شۇجىسى بولالىسا ، بۇ چوڭ ئۇتۇق !

— شىنجاڭغا بېرىپ يەنە ئوقۇتقۇچىلىق قىلسىچۇ ، — دېدىم ئىختىيارسىزلا ، — بۇ ، ئۇتۇق بولمامدۇ ؟

— ئوقۇتقۇچىلىق ؟ ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئوقۇتقۇچى بولۇشمۇ ياخشى . ناۋادا ، ئۇ ئۆسۈپ گوڭشې شۇجىسى ، ناھىيە شۇجىسى ، ھەتتا بۇجاڭ بولۇپ كەتسە ، تېخىمۇ ياخشى ، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى تېخىمۇ زور بولىدۇ . مانا بۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىش نىشانى .

يېنىمدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ماڭا ئاستا پىچىرلىدى :

— ئالىم بولىمەن دېگۈچە ، شۇجى بولۇشقا تىرىشساق بوپتىكەن ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشان شۇ بولىدىغان بولسا ، باشقا كە-

سىپلەرنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى؟ سىياسەت ئۆتسەكلا بولمامدۇ!
— سىياسىي خادىملارمۇ مۇھىم، — دېدى گىنندىنىڭ جامسۇ، — مىللىي رايونلار ئۈچۈن ئىلىم - پەن خادىملىرىمۇ مۇھىم. شىنجاڭلىقلار دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە ياشاۋېتىپ، جۇمۇلاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى قانچە دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە، شىنجاڭلىقلار دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر ئويمانلىق بولغان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن قانچىلىك تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۆزى ياشاۋاتقان يەر ئاستىدا نىمىلەر بارلىقىنى، ئۇنى قانداق ئېلىش، قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەي كېتىۋەرسە، قانداق قىلىپ جەمئىيەتنىڭ خوجىسى بولالايدۇ. سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىز مىللىيلار زامانغا لايىق بولۇپ چىقىشىمىز كېرەك. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىزنى نادانلاشتۇرۇشنى ئەۋزەل بىلەتتى. پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگو نادانلىققا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بەرمىسە، قايسى جەمئىيەت خاتىمە بېرەلەيدىكەن؟
گىنندىڭ جامسۇ ئىچىملىكنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى خې شۇجىنىڭ پىكىرلىرى دىتىغا ياقمىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ، جىددىيلەشكەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە بىر خىل ئاچچىق ۋە نارازىلىق بار ئىدى. مەن: «ئەھۋال چۈشىنىشلىك، ما جۇرىنىنىڭ ئورنى بوش قالماپتۇ، ئەمما شۇي شۇجىنىڭ ئورنى تولماپتۇ - دە» دەپ ئويلىدىم.
ئولتۇرۇش ماڭا زېرىكىشلىك ۋە كۆڭۈلسىز تۈيۈلۇشقا باشلىدى. ئولتۇرۇشتا ئەڭ كۆپ سۆزلىگەنلەر رەقىپ بىلەن خې شۇجى بولدى. خې شۇجى رەقىپنى بىردە «جۇرىن» دېسە، بىردە «لاۋرې» دەيتتى. رەقىپ بولسا «خې شۇجى، خې شۇجى» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىدىن باشقا مېھمانلار چىقىپ كەتكەندەك، گويا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا خې شۇجىنى كۈتۈش، كۈلدۈرۈش ۋە رازى قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك، ئۇ بىردەم:

«خـېـي شۇجـى ئۇيغۇرچـە ناخشـىلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، قېنى ئېيتقىنا!» دېسە، تۇرۇپلا مېنىڭ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «خەنزۇ كلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئوقۇغىنا، خېي شۇجىنى بىر ھەيران قالدۇرغىنا!» دەيتتى.

ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىككە ۋە تەمەخورلۇققا ئادەتلەنگەن ۋۇجۇدىدا بايىقى «گىپ چۇجاڭ، ئەلا» دېگەن سۆزلەر گويا قاتتىق بوراندا تورۇپ تۇگىگەن بىر سىقىم قۇرۇق كۆلدەك ئىزناسىز يېتىپ كەتكەنىدى.

مەن كېتىشكە ئالدىرىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— تالاغا چىقىپ كىرەي، بەش مىنۇت رۇخسەت قىلساڭلا ئىكەن!

ماڭا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى، دالاندا ئاشپەز ئۇستام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ئوقۇغۇچىلار ۋوۋوتۇ يەپ چالا قورساق يۈرگەن، سىلەردە بولسا مانا نېرىن!— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ دېگىنى راست، قىيىن يىللاردا ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەم بۇنداق باياشات يېـمەكلىكلەر تولغان ئۇستەلـدە ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ قولۇم ـ قوشنىسىنىڭ غورىگىل ئۇستىلىنى يادىغا ئالماي تۇرالمايتتى. مەن ئاشپەزگە جاۋاب بەرمىدىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم، شۇ چىقىپ كەتكىنىمچە قايتا بۇ ئۆيگە كىرمىدىم.

مەن ياتىقىمغا كېلىپ بىر خىل خورلۇق ھېس قىلدىم، لېكىن بۇگۈنكى ئولتۇرۇشقا بارغىنىمنىڭ پايدىسى بولدى. مەن گىندىڭ جامسۇ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، شىنجاڭلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئەھۋاللاشتىم، خېي شۇجىنىڭمۇ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ قانداقتۇر بىلىم بىلەن چىقىشالمايدىغان، مەنسەپخور ئادەمدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مېنىڭ قارىشىمدا، بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتتە ئىلىم ـ پەن بولمىسىمۇ ئىنسانلار ئوخشاشلا

ياشاۋېرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئىنسانلار ئۆزىگە زۆرۈر بولغان بۇ نەرسىلەرنى قايسى يول بىلەن بولسىمۇ تەبىئەتتىن ئالالايدۇ . ئىنسانلارغا لازىم نەرسىلەر يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، تۇرالغۇ جاي ، ئوتۇن ـ ياغاچ… ئىنسان ئۇچۇن لازىم بولغان بۇ نەرسىلەردىن باشقىلىرىنى ، مەسىلەن ، دېڭىزنىڭ تېگىنى ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ، يەرنىڭ ئاستىدىكى سۇنى ، سۇنى يېقىلغۇ قىلىشنىڭ يولىنى ، چۆلدىكى هايۋانلارنى ، هاشاراتلارنىڭ هاياتىنى ، ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ تارىخىنى ، ۋەهاكازالارنى بىلىشنىڭ هاجىتى يوق . ئىنساننىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن شېئىر ئوقۇمىسىمۇ ، ناخشا ئاڭلىمىسىمۇ ، رومان ئوقۇمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، بىكار بولسا ئۇخلىسۇن ياكى بالىلىرىنى ئويناتسۇن… ئىنساندا بىرلا جىسمانىي هاجەت بولىدۇ . ئۇلار ئوزۇقلىنىدۇ ، قۇۋۋەتلىنىدۇ ، جىقراق ياشاشقا ، دۇنيادا جىقراق بىر نەرسە يەۋېلىشقا ئالدىرايدۇ… دېمەك ، خۇلاسە شۇ : مائارىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە باشقىلار ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس ، بەلكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىر خىل ئەمەك…

ئادەملەرنىڭ مانا مۇشۇنداق نادانلىرىدىن رەنجىشنىڭ هاجىتى يوق . بىراق ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نادانلىقتىن قۇتۇلغان ، ئۇلار ئۆزىنى سېنىڭدىن ئۇستۇن هېسابلايدۇ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سېنى باشقۇرىدۇ ، ساڭا ئىش بۇيرۇيدۇ ، ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ . ئۇلارنىڭمۇ بەزىلىرى ئاق كۆڭۈل ، ئىشلەمچان ۋە مېھرىبان ، لېكىن ئۇلار هاياتقا هامان شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىدۇ . مەسىلەن ، ئېسىل باغقا بىر ئېشەك كىرىپ قالغان بولسا ، ئۇلارمۇ ئېشەكنى هەيدەيدۇ ، لېكىن ئېشەكنى ئۇرۇش ئۇچۇن باغدىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىلىك دەرەخنى ئوشتۇپ تاياق قىلىۋالىدۇ !

مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سانى ئىنتايىن ئاز قەبىھلىرىدىن قورقىمەن ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هاياتىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى يوشۇ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇش ئۇچۇن، دۇنيادىكى گۈزەل نەرسىلەرگە دۇشمەنلىك قىلىدۇ. ئالايلى، بايىقى گۈزەل باغقا ئېشەك كىرگەنلىكىنى ئۇلار كۆرۈپ قالسا، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولىدۇ، ئېشەككە بارىكاللا ئېيتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئېشەك بولۇپ قالمىغىنىغا ھەسرەت چېكىدۇ!

مەن خىيالىمدىن ئەنە شۇنداق خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ كارىۋى-تىمدا ئۇزاق ياتتىم. سائىتىمنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، قورسىقىم ئاچتى، مەن چايداندىن چاي قۇيدۇم. ئويلاپ باقسام، مەن رەقىپىمنىڭ ئۆيىدە ھېچ نەرسە يېمەپتىمەن، ئۆز ئۆيۈمدە قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن غىزالىنىشقا باشلىدىم.

ئىشىكىم چېكىلدى، ئورنۇمدىن تۇرغۇچە ياتىقىمغا گىنىدىلىڭ جامسۇ كىرىپ كەلدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

— كېلىڭ، ئەجەب ياخشى كەلدىڭىز! — دەۋەتتىم خۇشاللى-قىمدا.

— قارىسام چىقىپ كېتىۋاتىسىز، نارازى بولدىڭىز، ئەتىما-لىم، — دېدى ئۇ رەھىمدىللىك بىلەن، — سىز خې شۇجىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىڭ! ھەرھالدا ئۇ كىشى مىلە-لىي رايونلارغا مىللىي كادىرلار كۆپرەك لازىم دېگەننى كۆزدە تۇتۇۋاتسا كېرەك، سىز ئوقۇتقۇچىلارنى كەمسىتتى دەپ چۈشىنىپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ شۇنى سورىدى، مەن راستىمنى ئېيتتىم:

— توغرا، مەن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزقاراشلىرىغا قوشۇلمىدىم، ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ گەپلىرى ياقمىدى.

— بىر مەسىلىدىكى كۆزقارىشىغا قاراپلا بىر ئادەمگە باھا بېرىشكە بولمايدۇ، كۆزقارىشى توغرا بولمىغان ياخشى ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن!

— دېمەك ، خې شۇجىدىن رەنجىمەڭ .

— رەنجىگىنىم ، ئۇنى يامان كۆرگىنىم ئەمەس .

— شۇنداق ، لېكىن سىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىز توغرۇلۇق پاراڭ بولدى . سىزنىڭ شىنجاڭدا دوكلات بېرىشىڭىزغا خې شۇجىمۇ قوشۇلدى . ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا تاپىلاپ قويدى . سىز جەزمەن ياخشى تەييارلىق قىلىپ بېرىڭ ، دوكلاتىنىمۇ ياخشى بېرىڭ . سىز توغرۇلۇق ما جۇرىن ماڭا ئېيتقان ، ئەسلى پىلان بويىچە سىزنى بەش يىل زەربىدارلىق بىلەن تەربىيىلەپ باقماقچىدىكەن ، يەنە بىر يىل بار . بەش يىلدا سىز قانچىلىك سەۋىيىگە يېتەلەيسىز ، بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ . سىزنىڭ هازىرقى سۈرئىتىڭىز مۆلچەردىن جىق ئېشىپ كەتكەن ، ئويلاپ كۆرۈڭە ، 1957 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ، تۆت يىلدىن كېيىن مەخسۇس ئىلمىي دوكلات بېرەلەيدىغان بىر ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە سىرت رايونلارغا كېتىپ بارىدۇ . بۇ نەقەدەر خۇشاللىنارلىق ئىش ـ هە !

— يولداش گىندىڭ ،— دېدىم مەن ئۇنى يېقىن هېسابلاپ ،— مېنىڭ سۆزلىرىمدىن سىزمۇ پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك كادىرلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن دېگەن مەنىنى چۈشىنىپ قالماڭ . ناۋادا ، شۈي شۇجىدەك ، ما جۇرىندەك پارتىيە كادىرلىرى بولمىغان بولسا ، ماڭا ئوخشاش ئىلىم ئىگىلەش يولىغا يېڭىدىن قەدەم قويغان هەۋەسكار نەدىن بولاتتى ؟ مەن ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ، دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان پارتىيە كادىرلىرىنى جېنىمدەك قەدىرلەيمەن !

گىندىڭ ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق…

ئۇ ئەتىسى بىزنى پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ چىقتى .

… پويىز قاتتىق گۇدۇك بېرىپ ، كۆرمىگىنىمگە تۆت يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ئانا يۇرتۇم تەرەپكە قاراپ قوزغالدى ، ھاياجاندىن ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇم كېلەتتى . پەقەت پويىز خېشى كارىدورىغا كىرگەندىن كېيىنلا ئورنۇمغا قايتىپ كىردىم ، شۇنىڭغىچە ۋاگون ئىشىكى ئالدىدا خىيالغا چۆمگەنىدىم .

— شۇنداق قىلىپ ، دوكلات بېرىدىغان بولدۇق ! — دېدى دەۋەن جياۋشۇ يۇمشاق ياتقۇدا يانپاشلاپ يېتىپ ، — ماڭا قىيىن ، ئەمما سىزگە ئاسان !

— ئۇستازغا قىيىن بولغان ئىش ، شاگىرتقا ئاسان بولىدۇ !— دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن چاقچاق قىلىپ ، — سەۋەبى قىيىنىنى ئۇستازى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ ، شاگىرتىغا ئاسىنى قالىدۇ ـ دە !

— ئۇنداق بولغاندا دۇنيا ئىلگىرىلىمەيتتى . دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ : ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن ، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۆتۈپ كېتىدۇ !

پويىز غەربكە — چېلىيەنشەننىڭ ئاقۋاش چوققىلىرى تەرەپكە قاراپ تېز ماڭماقتا...

## 2

«ئۈرۈمچى مېھمانخانىسى»نىڭ 2 ـ قەۋەت 39 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىككى ھەپتە بولدى . غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ، تۆمۈريول ، سىياسىي قانۇن ، مال دوختۇرلۇق ، سەنئەت كەسپلىرىنى تۈگىتىپ ھەرقايسى ئىدارىلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان تونۇش ـ بىلىشلەر ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمدىن ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ۋە موسكۋا ، لېنىنگرادتىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنى ، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىنى تۈگەتكەن دوستلىـ

رىم ، تىل ، تارىخ ، ئەدەبىيات ۋە تەرجىمانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سەپداشلىرىم... ئاندىن قالسا مېنىڭ يۇرتداشلىرىم ، گۈزەلئاينىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى ، بولۇپمۇ دۆەن جىياۋشۇ ئىككىمىزنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ۋە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» توغرىسىدا سۆزلىگەن لېكسىيىلىرىمىزدىن كېيىن مېھمانلار تېخىمۇ كۆپەيدى . ئۇلار بىزنى ئۆيلىرىگە چاقىراتتى ، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە مېھمان بولاتتۇق ، بۇ كۈتۈشلەر بىزنى خۇش قىلدى ، بولۇپمۇ مېنىڭ ئائىلە ئىشىم ئېلىپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇردى...

— يامان بولدى ، — دېدىم مەن بىر كۈنى سەھەرلىكى دۆەن جىياۋشۇغا ، — كۈنلەر بىكار كېتىۋاتىدۇ ، كۈندۈزكى ۋاقىت سۆھبەت ـ پاراڭ ، ئاخشامقى ۋاقىت ئولتۇرۇش بىلەن تۈگەۋاتىدۇ . كىتاب كۆرۈشكە زادىلا ۋاقىت يوق !

— بىرەر ئاي دەم ئېلىڭ . قاراڭە ، چىرايىڭىزغا قان يۈگۈرۈپ ، كۆزلىرىڭىز نۇرلىنىپ قالدى . قەشقەرگە بارغاندا پىلانلىق ئىش قىلايلى ، بېرىش ـ كېلىشنى ئازايتىپ ، كىتاب ئوقۇشقا جىقراق ۋاقىت چىقىرايلى ، ھە راست ، سىز غۇلجىغا بېرىپ كېلىشنى ئېيتىۋىدىڭىز ، قانداق ، بېرىپ كېلەمسىز ؟

— شۇنداق قىلاي ، سىزمۇ بىللە بېرىڭ ، — دېدىم نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈمدە كېلىۋاتقان جىياۋشۇنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىپ ، — ئۇ يەردىنمۇ كىتاب ئالغىلى بولىدۇ .

— ياق ، سىز بېرىپ كېلىڭ ، سىز كەلگۈچە مەن «شىنجاڭ مۇزېيى»دا ئىشلەپ تۇراي ، كۆچۈرۈۋېلىشقا رۇخسەت قىلىدىكەن ، بىر قىسىم ناھايىتى ياخشى ماتېرىياللار بار ئىكەن...

ئىشىك قېقىلدى ، ئۆيگە ئوسمان كىرىپ كەلدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى :

— ئۇۋۋاڭلاردىن باستىممۇ ، تازا ئالغۇر ماشكىمىكەنمەن . تېز-

رەك كىيىنىشلار ، زۇلخۇمار پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكەلگىن دەپ ئەۋەتتى . بولدى ، يۈزنى ئۆيگە بىرىپ يۇيۇشلار!
ئوسمان ئۆزرىخاھلىققا يول قويمايتتى . دۆەن جياۋشۇ تۈزۈت قىلىپ بىقىۋىدى ، ئوسماننىڭ كۈلكىدىن نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىردىنلا ئالايدى ، ئىنچىكە قاشلىرى يىمىرىلىپ ، كۆ-كۈچ لەۋلىرى مىدىرلاپ ئىچىلدى ۋە مۇنۇ سۆزلەر ئاچچىق ئارىلاش ئېتىلىپ چىقتى :
— نىمە دەيدىغاندۇ ، مۇنۇ ئادەم ! پۈتىڭىزدىن سۆرەپ ، پەيپەي ئەتكۈزۈپ ئېلىپ بارىمەن !
— ئەتىگەندە نىمانچىلا !— دىدىم مەن ئۇنىڭ قويۇق ساقاللىق ئېڭىكىنى تۇرتۇپ قويۇپ ،— ئاخشام ئون ئىككىگىچە ئارام بەرمى-دىڭ ، قاغا تىزەك چوقۇماستا يەنە نىمە كاتا ـ كاتاڭ !
— ئاخشامقىنىڭ چالىسى ،— دىدى ئۇ كۈلۈپ قو-يۇپ ،— بارغاندا كۆرىسەن ، سىلەر كىتىپلا بىزنىڭكىگە بىر مىھ-مان كەلدى . كىچىچە سىنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا ، بارمى-ساڭ ، ئاپلا دەپ قالىسەن .
— ئاخشام قالتىس كۆڭۈل ئاچتۇق !— دىدى دۆەن جياۋشۇ ،— مەن بەك خۇشال بولدۇم .
مەن ئوسماننىڭ بەختلىك ئائىلىسىگە بىرىشقا قىزىقىمەن . ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆز تۇرمۇشۇمدا كەم بولغان نەرسىلەرنى كۆ-رىمەن . ئۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشايدىكەن . ئوسمان ئاشۇ كۆ-ڭۈللۈك ئائىلىنىڭ قورغۇچىسى ، خوجايىنى . ئۇ ھازىر بۇرۇنقى شاللاق ئوسمان ئەمەس ، ئېغىر ـ بېسىق ، تەمكىن يىگىت . ئۇ بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىر بولۇپ ئىشلەيدىكەن ، زۇلخۇمار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن . ئۇلار ئىككى ئوماق بالىسى بىلەن قانغۇچە ئويناپ ، قانغۇچە كۈلۈشىدىكەن . مىنىڭ بىر يىللىق كۈلكەمنى ، ئۇلار بىر سائەتتىلا كۈلۈپ بولىدىكەن . بىزنىڭ ئوس-

ـمان باللىرىغا ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىپتۇ ، ئۆزى ئۇستا سازەنـ
ـدە بولۇپ قاپتۇ ، زۇلخۇمارمۇ خۇشخۇي ناخشىچى ئايال بوپتۇ .
ئاخشام بىز ئىچكەركى ئۆيدە ساز چالدۇق ، زۇلخۇمار دالاندا تاماق
قىلىۋېتىپ ئاجايىپ ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى . ئۇ ئىچكىرىگە
ناخشا ئېيتىپ كىرەتتى ـ دە ، بەزىدە ئادەمنى كۇلدۇرىدىغان گەپـ
ـلەرنى قىلىپ قويۇپ ، ئۇسسۇل بىلەن چىقىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ
دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان سارغۇچ چاچلىرى ئاۋۋالقىدەكلا كۆركەم
ۋە يارىشىملىق ئىدى . ئۇلار بىر سىڭلىسىنى ئەكېلىۋاپتۇ . ئۇ
قىزمۇ ئاجايىپ ئۇسسۇلچى ۋە ناخشىچى ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆي ـ
جاهازلىرىغا زوقۇم كەلدى : سىم كارىۋات ، ئىشكاپ ، ئۇستەللىرى
ئاجايىپ چىرايلىق . گىلەملىرىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ .
ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئۇلارنىڭ توي قىلغان كۈنىدىكى رەسىمى ئېسىلـ
ـغان . رەسىمدە ئۇلار يوغان ساپادا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ، مۇهەبـ
ـبەت ئىزهار قىلىشىۋاتقان ياشلاردەك تارتىنىشىپ ، كۈلۈشۈپ ئولـ
ـتۇرۇشۇپتۇ... ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ئەر ـ ئايالدەك ئەمەس ،
خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن ئىچ سىر ئېلىشقان كونا دوستلاردەك ،
ئەركىن چاقچاق قىلىشىدۇ ، ئەركىن ئىش جورۇشىدۇ... ئۇلارنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇشىنى سوراپ كۆردۈم ، كۆڭۈللۈك ئىكەن . ئۇلار
سەهەر تۇرىدىكەن ـ دە ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن باللىرىنى
كىيىندۈرۈپ ، غىزالىنىدىكەن . ئاندىن ئىككىسى ئىككى ۋېلىسىـ
ـپىت بىلەن ئوماق باللىرىنى يەسلىگە ئېلىپ ماڭىدىكەن ، چۈشلۈـ
ـكى تەڭ كېلىپ قول ـ قولچە تاماق ئېتىدىكەن ، كەچكى تاماقنى
بولسا ئالدىرىماي يەپ ، بەزىدە تانسىغا ، بەزىدە كىنوغا ياكى بولمىسا
دوستلىرىنىڭكىگە مېهمانغا بىللە بارىدىكەن . باللىرى ئۇلارنىڭ
هاياتىنى كۆڭۈللۈك قىلىدىغان ئەمەك ئىكەن ، هەرگىزمۇ ئۇلارغا
يۈك ياكى چۈشەك ئەمەس ئىكەن . ئوسمان بىلەن زۇلخۇمارنىڭ
كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى . ئۇلار هەقىقىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ . مەن بولسام ، تېخىلا شۇ «غايە» بىلەن ياشاۋېتىپتىمەن . «غايە»دىن تۇرمۇشقا سەپەر قىلىدىغان چاغ قاچان كېلەركىن ؟...

كەچكى ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا مۇنداق ئىككى ئىش سەۋەب بولدى . بىرى ، ئەلانۇر ئۆز يىگىتىنى باشلاپ كىردى . ئەلانۇر هازىر ئاتاقلىق ۋالىبولچى ئىكەن . ئۇ چەت ئەلدىن يېقىندا قايتىپ كەپتۇ . ئۇ يەردە نۇرغۇن ناخشا ۋە ئۇسسۇللارنى ئۆگىنىۋاپتۇ . ئۇنىڭ يىگىتى — رۇستەم ئېگىز بوي ، چىرايلىق يىگىت ئىكەن . ئۇلار بىر - بىرىنى «سىز» دېيىشىدىكەن . بىزنىڭ ئوسمان بىلەن زۇلخۇمار بولسا «سەن» لىشىدىكەن . مەن ئۇلارغا «سەنلەش» سىلەرنىڭ چىرايلىق كەشتىدەك تۇرمۇشۇڭلارغا ياراشماي قالغان «قارا يىپ» بولۇپ قاپتۇ ، «سەن» دېيىشمەيمۇ ئىناقلىقنى بىلدۈرگىلى بولماسمۇ ، دەپ مەسلىھەت بەردىم . زۇلخۇمار كۈلۈپ تۇرۇپ :

— بىز جاقاڭ - جۇقۇڭ يولدا تېپىشىپ قالغان ، شۇ قوپال سەپەرنىڭ يالدامىسى ئۈچۈن «سەن»نى ساقلاپ يۈرۈۋاتىمىز ! — دېدى .

بىز غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە چىققان ۋاقىتتىكى سەپىرىمىزنى ئەسلەشتۇق... شۇ چاغدا ، ئۆيگە خۇرجۇن - تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر يولۇچى كىرىپ كەلدى . بىز ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ بۇ ئادەمنى تەستە تونۇدۇق ، ئۇ نامەت ئىدى . ئۇ مائارىپ خادىمىغا هېچ ئوخشىمايتتى . ئۇنىڭ قوللىرى لوققا - قاتتىق ، چىرايىدا قورۇقلىرى كۆپەيگەن ، هەتتا ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىغا ئاق سانجىغانىدى . دېمەك دۇنياخورلۇق ، ئەيش - ئىشرەت ئۇنى قېرىتقان ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە قوپال هەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ يېشىنىدى ، چىمەن دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۆيدىكىلەرگە يالت - يۇلت قاراپ قويۇپ ، تاغاردىن بىر چوڭ ئانار گۈللۈك

گىلەم، يەنە بىر ئىران نۇسخىدىكى زىلچىنى چىقاردى. نامەت بۇلارنى يېيىپ تۇرۇپ:

— سىلەرگە قىلغان سوۋغىتىم! — دېدى. بىز كۈلۈشتۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەلانۇرنى ئىشارە قىلىپ چاقچاق قىلدىم:

— ئەلانۇرغا سوۋغات بەرمەمسەن، سېنىڭ ئالدىڭغا مانا كۈيئوغۇلنى باشلاپ كەپتۇغۇ!

كۆپچىلىك كۈلۈشتى. نامەت گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، يەر ئاستىدىن ئەلانۇرغا قاراپ قويدى ـ دە، زىلچا خورجىنىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىپ ياڭاق، گۈلە، پىستە ـ بادام، مېغىز قاتارلىق يېمىشلەرنى ئوچۇملاپ ئۈستەلگە قويۇشقا باشلىدى، ئاندىن كېيىن ھەربىرىمىزگە ئىككىدىن ئانار بەردى. بىز ئىچىشتۇق، قىزىق پاراڭلارغا چۈشتۇق. ئەلانۇرنىڭ چەت ئەل توغرىسىدىكى، نامەتنىڭ ھەر خىل سودىگەر، كاززاپلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىزنى كۈلدۈردى، مەن قانغۇچە كۈلۈۋالدىم.

مېنىڭ رازى بولغان يەنە بىر يېرىم ئوسمانمۇ، زۇلخۇمارمۇ مېنى بىرەر قېتىم «ئالىم»، «دوستۇم» دېگەندەك ئاتالمىلار بىلەن ئاتىمىدى. مېنىڭ ئىلمىي دوكلاتىمنى ئۇلارمۇ ئاڭلىغان، لېكىن بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىدى، مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

دۆەن جياۋشۇ قايتار چاغدا ماڭا:

— ئۇلار ياخشى ئەر ـ خوتۇن ئىكەن. ئەخلاقلىق ياشلار ئىكەن! — دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردۈم:

— ئۇلارنىڭ ھاياتىدا بىر چوڭ نۇقسان بار، ئۇلار كىتاب ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنى يادىدىن چىقىرىشقان. ياشلىق — ئاجايىپ چاغ، سىزدىن بېھىساب جىق خۇشاللىق تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ياشلىقنىڭ تەلىپىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇشاللىقنى ھاياتنىڭ كۈز ۋە قىش پەسىللىرىگە

www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇشنى ئويلىغان ئادەم ، ياشلىق دەۋرىدىكى تەلپىنگە ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز ئەمگەك بىلەن جاۋاب بېرىشنى بىلىشى كېرەك !

دۈەن جياۋشۇ كۈلۈپ قويدى ۋە مېنىڭ مۈرەمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— سىز دېمەتلىكلەر نېمىنى ھەۋەس قىلىدۇ ؟ ئۇلار مەنىلىك ياشاش ئۈچۈن ، ھاياتتىن نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ . سىز بولسىڭىز ، ئەكسىچە جاپالىق ۋە باشقىلارغا زېرىكىشلىك بولغان ئىشلاردىن لەززەت تاپالايسىز...

يۇقىرىقىلار مۇشۇ ئۆيدە بولغان ئىشلار ۋە تەسىراتلار . بىز تۈنۈگۈن كېچىسى ياخشى تەسىرات بىلەن قايتقان بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا بۈگۈن يەنە كەلدۇق . مەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئاشخانا تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدىم ، ئوسمان مېنىڭ مۈرەمدىن تۇتۇۋالدى :

— نامەھرەم بار ، چالۋاقىماي سارايغا ماڭ !

بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوسمان قاتتىق يۆتىلىپ قويدى . شۇ چاغدا تاپسىدا زۇلخۇمار پەيدا بولدى . ئۇنىڭ دولقۇنلۇق چاچلىرى پارقىرايتتى ، خۇشخۇي لەۋلىرىدە ، يوغان ، ھەييار قوي كۆزلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى بىر خۇشاللىق ۋە ھاياجان جىلۋە قىلىپ تۇراتتى . ئۇ بىز بىلەن تېزلا تىنچلىق سورىشىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇڭلار ، بۇلار قۇچاقلىشىۋالسۇن !— دېدى . شۇ چاغدا تاپسىدا گۈزەلئاي پەيدا بولدى . مەن خۇددى توك سىمى تۇتۇۋالغاندەك سىلكىندىم ـ دە ، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . ئۇ راستتىنلا گۈزەلئاي ئىدى : ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزى ئون بەش كۈنلۈك ئايدەك تولغان ، ماڭا بىرلا تىكىلىپ ئاندىن يەرگە قارىغان ، سۈرمە سۈرگەندەك گۈزەل ۋە سىرلىق كۆزلىرى بۇرۇنقىدىن يوغىنىغان ، نۇرلانغاندەك بىلىندى ،

نىپىز ، ئالۇچىدەك قىزىل لەۋلىرى غىل ـ پال تىترىدى ـ دە ، بوزاردى . ئۇنىڭ بەدىنىگە چىڭ كەلگەن ئاق كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوڭ كۆكسى سىجىي ئانا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى ، سول كۆكسىگە مەھكەم بېسىۋالغان ئاپئاق ، پاخلان بوۋاق بىرىنچى مىنۇتتىلا ماڭا قاراپ كۈلدى ۋە قىسقا يەڭ ، ئاق يىپەك كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان بوغۇم ـ بوغۇم قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ بىزگە تەلپۈندى... بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى ، بۇ مېنىڭ كىچەيۇكۈندۈز خىيالىمدىن كەتمىگەن ئايالىم بىلەن ئوغلۇم ئىدى . مەن غايىۋانە تارتىش كۈچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ، ئۇلارغا قاراپ قولۇمنى سوزۇپ سەندىرەكلەپ ماڭدىم :

— ئەلى ، مېنىڭ قارچىغام ! — دېدىم مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ .

ئەلىنى قولۇمغا ئالدىم ، ۋۇجۇدۇمدىن قايناپ چىققان تۇنجى ئاتىلىق مېھرىم بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدۈم . ئەلى قاپقارا ، نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى ، ئوماق لەۋلىرىنى بىر ئۇمەچەيتتى ـ دە ، ئانىسىغا قاراپ قويۇپ يەنە ماڭا قارىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ لەۋلىرىگە ئوخشاش قىزىل ۋە چىرايلىق لەۋلىرىدە كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىمنى سىلىدى . ئۇنىڭ يۇمران قولى گويا ، تومۇزدا تەرلەپ ـ پىشىپ سۇ بويىدىكى يالغۇز ياغاچ سايىسىدە ئوڭدا ياتقىنىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان غۇر ـ غۇر شامالدەك ئارام ۋە راھەت بېغىشلىدى . مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈندۈم .

— تونۇدى ، يۈرىكى تونۇدى ، ئانام ، ئانام ! — دېدى ھاياجانلانغان زۇلخۇمار ئاتىلىق مېھرىنى يوشۇرالماي ، ئۇ بىردىنلا ماڭا قارىدى ـ دە ، كۈلكە بىلەن چاقچاق قىلىشقا باشلىدى ، — بالىڭىز بولسىلا بولىدىكەن ـ دە ، ۋىي تېخى ، گۈزەلچۇ ، ئەلىڭىزنى مۇشۇنچىلىك قىلغان ئانىسىچۇ !

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
كىتاب تور بېكىتى



— قېنى ، بىز قارىمايمىز ، يېقىن تۇرۇپ كۆرۈشۈۋې- لىڭلار… — دەپ ئوسمانمۇ شوخلۇق بىلەن بېشىمنى گۈزەلئايغا قارىتىپ ئىتتەردى . مېنىڭ جەينىكىم گۈزەلئاينىڭ يېتىلگەن كۆكسىگە تېگىپ كەتتى . بەدىنىمگە ئوت تۇتاشقاندەك سىلكىنىپ ، ئۇنىڭغا قارىدىم . گۈزەلئاي تامدەك تاتىرىپ ، لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراپ تۇراتتى . مەن 1961 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى ھەر كۈنى ئويلىغان ئايالىمنى قانداق سۆز بىلەن كۈتۈۋېلىشىمنى بىلمەي دۇدۇقلىدىم :

— دادام ـ ئاپاملار تىنچلىقمۇ ؟…

— تىنچ … — ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئارانلا شۇنى دېدى ۋە «لىق »نى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .

بىر سائەتتىن كېيىن ئۆيدە ئەر ـ ئايال ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق . ئەلى ئۇزۇن ، قويۇق كىرپىكلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپ- لەپ ئۇخلىماقتا . ئۇنىڭ تىنىقى ئاڭلانماقتا ، دېرىزىدىكى گۈللەر ئارىسىدا كۈمۈشتەك قانىتىنى پىلدىرلىتىپ پەرۋانە تېپىرلىماقتا ، نەدىندۇر بىر يەردىن مۇڭلۇق ئۇيغۇر ئاھاڭى ئاڭلانماقتا ، بىز ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرىمىز…

— مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمنى قانداق بىلدىڭىز ؟… — دېدىم ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن .

— ئادىلە تېلېگراممىا بەردى … — دېدى ئۇ چېچىنى بىكاردىنلا چۇۋۇپ ـ تاراۋېتىپ . ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭمۇ تىترەۋاتقىنىنى كۆ- رۈپ قالدىم ـ دە ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم .

— يېقىن كەلمەڭ ، بىكار ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كې- تىمەن ! — دېدى ئۇ چاچراپ كەينىگە شوخشۇپ .

— نېمە بولدىڭىز ؟

— مۇشۇنداق…

مەن سىزنى ھەر كۈنى ئويلاپ تۇردۇم دېمەكچىدىم ، لېكىن

ئۇنىڭ ئورنىغا سۆزۈمنى يۆتكىدىم :

— مەن سىزنى ئەكەلگىلى غۇلجىغا ماڭاي دەپ تۇراتتىم .

— رەھمەت ! ...— ئۇ تەتۈر قارىدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشى ، ماڭا بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىشلىرىنىڭ ياسالما ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ياسالما مەغرۇرلۇقىنىڭ تېگىدە تىل بىلەن ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان روھىي ئازاب يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدىم ـ دە ، ئۇنىڭ روھىغا تەسىر قىلىش ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان ئوغلۇمنىڭ يېنىغا قىيسايدىم ۋە بالىنىڭ يۇمشاق ، ئىسسىق ، سۈت پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان مەڭزىگە لېۋىمنى تەگكۈزدۈم :

— ئوغلۇم ، يۈرىكىمنىڭ پارىسى...

بىردىنلا گۈزەلئاينىڭ يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . مەن كارىۋاتتىن ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم .

— يېقىن كەلمەڭ !— دېدى ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋە كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولغان يۈزىنى نېپىز ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ،— ئەمدى ئۇ بالىنى سۆيمەڭ ، بىكار ئۆزىڭىزگە ئازاب تېپىۋالىسىز .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟

— بىلەمسىز ، مەن ئاپام بىلەن بىللە كەلدىم ، لەنجۇغا ماڭدۇق ، ئۆي ـ جابدۇقلىرىمنى ئېلىپ قايتىمەن . سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن : نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تارتىشماي قوشۇلۇڭ !

كانىيىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى . مەن بۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەنىدىم . قانچىلىك جىمجىت ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن ، ئۇ يەنە ماڭا نەسىھەت ئاھاڭىدا سۆزلىدى :

— سىز بىزنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز ، خەت يازمىغىنىڭىز ، بالا بەش يېرىم ئايلىق بولغۇچە ھالىمدىن خەۋەر ئالمىغىنىڭىز ، يەنە مېنىڭدىن گۇمانلانغىنىڭىز... مەن بۇلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىمەن ، بىراق ماڭا يەنە شۇ ئاتا ـ ئانا مېھرىبان ئىكەن .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۇلار سايوزغا كەتمەكچى ، مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالالمايمەن .

— ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ، يولدىشى بىلەن تۇرۇۋاتقانلار يالغۇز سىزلا ئەمەسقۇ . بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت...

— مەن بۇنى ئېتىراپ قىلمايمەن !— دېدى ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ ۋە يەرگە قاراپ تۇرۇپ مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى ، — ئەر ـ ئاياللىق ، مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى دەيتتىڭىزغۇ . مۇھەببەت تۈگىگەندىكىن ، ئەمدى ئەر ـ ئاياللىقمۇ تۈگىسۇن !

— ئوغلىمىزچۇ ؟ ئۇمۇ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلىغۇ ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى بەختىسىز ،— دېدى ئۇ بالىنىڭ يۈزىنى يېپىۋېتىپ ،— يا ئاتىسىز ، يا ئانىسىز چوڭ بولىدۇ ، شۇ...

— يەنە ئويلىنىڭ ، — دېدىم مەن پېشانەمدىكى تەرىمنى ، كۆزۈمدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان يېشىمنى سۈرتۈۋېتىپ ، — مەن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى بار ، بەختلىك بالا قىلىشنى خالايمەن .

— مەن جىق ئويلىدىم ، ئەمدى ئويلايدىغان يېرى قالمىدى . سىزمۇ يېتىم چوڭ بوپسىز ، مانا ھازىر بەختلىك ئادەمغۇسىز ، بالىغا تارتىشسىڭىز مەيلى ، بالىنىمۇ بېرەي . سىز خېلى مەرد يىگىتتىقۇ ، نېمىشقا مېنىڭدە يوق نەرسىنى مېنىڭدىن تەلەپ قىلىسىز ؟

— بۇ گېپىڭىز يالغان ! — دېدىم دەرھال ، — مەن سىزدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىمەن ، بۇ سىزدە بار . ئۆزىڭىز ئۇنى قانچىلىك يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىڭىز بىلەن ، كۆزىڭىز يوشۇرالمايۋاتىدۇ !

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم . ئۇ ماڭا «يالت» قىلىپ قارىدى ـ دە ، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە بالىسىنىڭ يېنىغا دۈم ياتتى... لېكىن ، مەن چۈشكىچە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولساممۇ ، ئۇ مېنىڭ شەرتىمگە كۆنمىدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇ-

تىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە قارىتىپ مۇنۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم :

«ئايالىم گۈزەلئاينىڭ ئاتا ـ ئانىسى چەت ئەل پاسپورتى بولغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەكچى ، گۈزەلئايمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە چىقىپ كەتمەكچى ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىمىزنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . ئائىلىمىزدىكى ئىككىمىزگە ئورتاق بولغان ئۆي جابدۇق گۈ-زەلئاينىڭ ئىختىيارىچە ھەل بولسۇن . بۇلتۇر تويىمىزدا ئال-غان قەرز پۇللارنى ئۆزۈم تۆلەيمەن . ئوغلىمىز ئەلىنى قىسقا ۋاقىتلىق ئائىلە تۇرمۇشىمىزنىڭ خاتىرىسى ، ئانىلىق ماددىي تەربىيىنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن ، گۈزەلئاينىڭ ئىختىيارىدا قالدۇرۇشقا قوشۇلىمەن .
ئەلا ، 1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى »

پويىز ئىستانسىسىدا ئوغلۇمنى ئاخىرقى قېتىم باغرىمغا باس-تىم ۋە ئىككى مەڭزىدىن سۆيدۈم . مانا شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشتىن ئالىدىغان بارلىق لەززەتلىرىم ئاخىرلاشقاندەك ، ياش-لىق مۇھەببىتىم ، ئىنسان ئۆمرىدە كۆپ قېتىم ئادا قىلىشقا تې-گىشلىك بولغان ئاتىلىق بۇرچۇم تۈگىگەندەك ، كۆڭۈل ئاسمىنىم-دىكى ئۈمىد يۇلتۇزۇم نۇرسىزلىنىپ ، ماڭا ئەمدى تۇرمۇش قۇ-رۇق ، لەززەتسىز ۋە ياسالما نەرسە بولۇپ بىلىنىۋاتقاندەك... ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى...
— قەشقەرنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئالايلى ، دوەن جياۋشۇ .
— غۇلجىغا بارمايدىغان بولدىڭىزمۇ ؟
— ھاجىتى قالمىدى .

— ئۇنداق بولسا، بۇگۈنلا تىزىمغا ئالدۇرايلى .

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بىز ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇچتۇق . مەن يۇقىرى ـ تۆۋەن تەۋرىنىپ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايروپىلاننىڭ دۈگلەك دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئولتۇرۇپ يېشىل، سېرىق، كۆك، ئاق، قارا چېكىتلەر بىلەن بېزەلگەن، خۇددى چار تاۋۇزلاردەك كۆرۈنىدىغان نەنسەن، ئاندىن بەزى يەرلىرى بۇلۇتلار ئاستىدا كۈمۈشتەك يالتىرايدىغان، بەزى يەرلىرى ھەسەن ـ ھۈسەندەك كۆرۈنىدىغان، ھەتتا بەزى يەرلىرىدىن ئالتۇن سۈيى ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان تيانشان، ئاندىن كېيىن تارىم بويلىرى، سارغۇچ تەكلىماكان… ئومۇمەن ئۆزگىرىشچان ۋە ئەسلىي ئۆزىدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغان تەبىئەتنى كۆزىتىپ، خىيالغا چۆمۈپ بارىمەن : «تەبىئەتمۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ، شەخسنىڭ تۇرمۇشىمۇ گۈزەل . ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىڭدا كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدىغان گۈزەللىكلىرى، بەزىدە مانا مۇشۇنداق تۆپىدىن — قول سۇنۇشقا بولمايدىغان ئېگىزلىكتىن قارىغىنىڭدا كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ . مۇزات ئۇستىدە بەلكى ئالتۇن ئېقىمى ياكى كۈمۈش قاپلانغان چوققىلار يوقتۇ . سەن يۇقىرىدىن قاراپ، ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ساڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە بەرگەن بۇ زىننىتىنى كۆرۈۋاتىسەن، قوبۇل قىلىۋاتىسەن . سارغۇچ قۇم ۋە كۇل رەڭ بارخانلاردىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغان سەھرالارمۇ ساڭا ئۆزىنى سېرىق زەردىن ھەل بېرىلگەن گۈللۈك داستىخاندەك گۈزەل كۆرسەتمەكتە . سەن ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىۋاتىسەن . تۇرمۇشمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ساڭا سۈركىلىپ يۈرگەن، ھەتتا بەزىدە جېنىڭغا تەگكەن ئايالىڭ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان بىرنەچچە ئېغىز سوغۇق گەپ، ئۇنىڭ قاپاق تۈرۈشى، سىلكىپ قويۇشى، تۇرمۇشتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى، سەن ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغىنىڭدا زېرىكىشلىك ھەتتا جانغا تېگىدىغان بولۇپ تۇيۇلغاندىغۇ، مانا

ئەمدى ئۇ نەرسىلەر سېنىڭدىن يىراقلىشىۋىدى ، خۇددى ساڭا ئاۋۇ تىيانشان ئۈستىدىكى ئالتۇن ئېقىم ، كۈمۈش دۆمچەكلەرگە ئوخشاش گۈزەل ۋە زوق قوزغىغۇچى بولۇپ تۇيۇلۇۋاتامدۇ… مەن تۇرمۇشقا تار ۋە قاتمال نەزەر بىلەن قاراۋاتقان ئوخشايمەن . ئايالىمنىڭ مىجەز ۋە خاھىشىدىكى خاسلىقتا كۆز يۇمغان ، ئۆزۈمگە قويغان تەلەپنى ئۇنىڭغىمۇ قويغان ئوخشايمەن . مەن گۈزەلئاي بىلەن ، دەريا بويىدا ، رومىش هوشىغا كېلىپ ، خاتا هالدا كېمە ئاپىتىگە ئۇچراپ يېنىدا هوشسىز ياتقان كومۇنانى[①] ئۆزىگە ئايال قىلىۋالغىنىغا ئوخشاش تېپىشقان ئەمەسقۇ ۋە ياكى ياش ئوفىتسېر نىخلىيۇدوفنىڭ ماسلوۋانى[②] ياخشى كۆرگەن ، لېكىن ئۆمۈرلۈك هەمراهى دەپ قارىماي ، ئاياغ ئاستى قىلغىنىغا ئوخشاش ، گۈزەلئاينى بىردەملىك هەۋەس ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن تاللاپ ئالمىغانغۇ ؟ مەن ئۇنى پاك مۇھەببىتىم ، بارلىق قىزغىنلىقىم بىلەن ياخشى كۆرگەن ، ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى مۆلچەرلىگەن ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلىشقا ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنغۇ ؟… ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن يادلىغان شېئىرلار ، ئۇنىڭغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمنى بايان قىلىش ئۈچۈن يازغان مىسرالار ، نېمىشقا ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى ؟ مەن ئۇلۇغ كۈچ دەپ قارىغان مۇھەببەت شۇنچىلىك ئاجىز نەرسىمىدى ؟ ئۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا ، ئالىقاندەك ئالاقە بىلەنلا ، سېنىڭ ئىختىيارىڭدىن مەڭگۈلۈككە ئاجراپ چىقىدىغان ئەتىۋارسىز نەرسىمۇ ؟ ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچە جىق ۋاقتىم بىلەن يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلدىم ؟…

— ئاقسۇ ، قاراڭە ، ئاقسۇغا چۈشىدىغان ئوخشايمىز ، چۈشۈپ قالىمىزمۇيا ؟— دېدى دۈەن جىياۋشۇ مېنىڭ جەينىكىمدىن تار-

① هىندى يازغۇچىسى تاگورنىڭ «هالاكەت» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانلىرى .

② ل . تولستوينىڭ «تىرىلىش» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانلىرى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىپ ، — بېشىڭىز قايمىدىمۇ؟ ئىككى ـ ئۈچ سائەت دېرىزىدىن قاراپ تۇرالايدىغان ئوخشايسىز ، قاراڭ ، ئاۋۇ يېزا كوچىلىرىنى !...

ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان چۆكمە ئورۇندۇقتىن قوزغىلىپ ، ماڭا گەۋدىسىنى تاشلاپ ، دېرىزىدىن تۆۋەنگە قاراشقا باشلىدى . مەن شۇ چاغدىلا ئايروپىلاننىڭ بالداقمۇبالداق تۆۋەنلەپ ، ئالىيېشىل بولۇپ كۆرۈنىدىغان يەرگە يېقىنلاپ قالغىنىنى سەزدىم...

خىيال بىلەن قەشقەرگىمۇ كېلىپ قاپتۇق . ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ، ئەتراپىنى پاكار جىگدە ، قارا ياغاچلار قورشىغان قۇمسۇق توپىلىق ئايرودرومدا كېتىۋېتىپمۇ ، ئايرودرومدىن شەھەرگە ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپمۇ ، ئىككى كىشىلىك ياتاقتا ئورۇنلىشىپ ، يۇمشاق كارىۋاتتا تامدىكى ئانار گۈللۈك گىلەمگە قاراپ يېتىۋېتىپمۇ ، ئاز كۈندە مېنىڭ بىلەن يات بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئايالىمنى ، يەنە بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن : «دادام قېنى؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب ئالالماي مەيۈس چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلۇم ئەلىنى ئويلىدىم . ئۇلارسىز كۈن ئۆتكۈزۈش مېنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى ئەمدى سېزىۋاتىمەن ، بەلكى كۆرمىگەن بولسام بۇنچىلىك كۆڭلۈم غەش بولماسمىدىمىكىن؟...

«بىر ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ، ئۇنچىلىك نۇرغۇن نەرسە لازىم ئەمەس»[1] . تۇرمۇش — بەختنىڭ بۆشۈكى ، تۇرمۇش — بەختنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ، لېكىن شۇ تۇرمۇش يەنە بەختنىڭ دۈشمىنىكەنغۇ؟

ئاشىق بولۇش ، توي قىلىش ، باللىق بولۇش — تۇرمۇشنىڭ بىرگە تەقدىم قىلغان مېۋىلىرى . بۇ مېۋە ئاشۇ بۆشۈكتە چوڭ بولغان ، ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقتا ۋايىغا يەتكەن . ئارازلىق ، ئايرىلىش-

① شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» دېگەن رومانىدىن .

چۇ؟ ئىنساننى بىزار قىلىدىغان بۇ ئاتالغۇلارنىمۇ ئىنسانغا ئاشۇ تۇرمۇش تەقدىم قىلىدىغۇ؟ دېمەك، سەن تۇرمۇشنىڭ بىرلا سوۋغىسى بىلەن بەختلىك، يەنە بىر سوۋغىسى بىلەن بەختسىز، قەدىمىڭنى توغرا باسساڭ، تۇرمۇش سېنى مۇكاپاتلايدۇ، خاتا باسساڭ، جازالايدۇ... مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ ھاشىرنىڭ گېپىچە: «مۇھەببەت — غايىنىڭ دۈشمىنى»مۇ؟ ما جۇرىنىنىڭ سۆزىچە، خاتالىقىم — «چىرايلىقنى تاللىغىنىمدا»مۇ؟ مەن بۈگۈن ئازابلىنىۋاتقانىكەنمەن، دېمەك، تۇرمۇشتا ئۆزۈم سەزمىگەن ھالدا خاتا قەدەم باسقانمەن. بۇ خاتا قەدەمنىڭ ئىزىنى تۇرمۇشۇمدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە، ئۆتكەن ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشكە بولامسىكىن؟... ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنتۇش كېرەك. ماڭا خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى، جۇشقۇنلۇق كېرەك، بۇ نەرسىلەر بولمىسا، مەن ئىشىمدا ئاقسايمەن، مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشاپ قالىمەن. مەن ئۆزۈمگىمۇ تەسەللى بېرىشكە باشلىدىم: «ئۆزۈڭنى يوقاتما، ھاياتىڭدا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىڭنى ئۈزۈپ پراتما. سەن خۇشاللىقنى، بەختنى، تەلەي - پېشانەڭدىن ئەمەس، ئەمگەك تەرىڭدىن ئىزدە. مېۋىلىك دەرەخ بول، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شاخلىرى كۆپ سۇنىدۇ، سەۋەبى كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆپرەك تاش ئاتىدۇ[1]...».

دۇەن جياۋشۇ ئۇخلاپ قالدى. مەن كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىزدەپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى كوچىسىغا قاراپ ماڭدىم. ھېيتگاھ... كەڭرى مەيدان ۋە كۈنچىقىشقا قارىغان نەقىشلىك، شەرق پاسونىدا ياسالغان پەشتاقلىق، ئۈستى گۈمبەزلىك خانىقا مېھرابى... ئۇنىڭ ئىككى قانىتىدىكى سۇپا، ئۇ يەردە ۋە مەسچىت

[1] «كەلىلە ۋە دىمنە»دىن.

ھويلىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان مويسىپىتلار… بومبا ساقال، ئۆچكە ساقال، كەكە ساقال، ئاچا ساقال، قىرقىم ساقال… ئىشقىلىپ، ھەر خىل ساقاللار، نەچچە يۈزلىگەن مويسىپىتنىڭ ساقىلىمۇ نەچچە يۈز خىل، بۇ خىللارغا ئاتالغۇ كەملىك قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ساقاللارنىڭ بىرلا ئورتاقلىقى بار، يەنى بۇ ساقاللارنىڭ قارىسىدىن ئېقى تولا، بەزىلىرى تۇم ئاق، بەزىلىرى تورۇق ئاتنىڭ يالىسىدەك كۆل رەڭ، بەزىلىرى ناسۋالدىنمۇ ياكى قېرىلىقتىنمۇ سارغىيىپ كەتكەن، بەزىلىرى قىزغۇچ ئاق، بەزىلىرى ئارىلاپ-ئارىلاپ تۇم قارا.

بۇ مويسىپىتلارنىڭ بەزىلىرى يىگىرمە-ئوتتۇز يىلدىن بېرى باشقا ھېچ ئىش قىلماي شۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىكەن، بەزىلىرى بولسا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىكەن… ئۇلار چۈشلۈكى بېلىدىكى زاغرىسىنى ياكى مايلىق توقچىنى بىر چەينەك چاي بىلەن يەۋالىدىكەن، تاپقانلىرى ئۈزۈم، مېغىز ياكى ئازراق ناۋات قوشۇمچە قىلىدىكەن-دە، غايىۋانە ئۈمىدكە كۆڭۈللىرىدە تەلپۈنۈپ ئولتۇرىدىكەن.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قولىدا تەسۋى، بەزىلىرىنىڭ ئالدىدا كىتابى بار، بەزىلىرى ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدىكى ئارانلا پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىپ، قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىدىكى چىشسىز ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇيدۇ، بەزىلىرى بولسا، ھەيۋەتلىك گەۋدىسىنى سەل ئېگىپ، ئېگىز قاڭشىرى ئۈستىدىكى مىس ساپلىق كۆزەينەكنى پات-پات سۈرتۈپ، قاپقارا، ئۆسكىلەڭ قېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئالدىراپ كىتاب ئوقۇيدۇ، يەنە بىرلىرى كىتابنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئۆتكەن ياشلىقنىڭ قايتىپ كەلمەسكە كەتكەن گۈزەللىكى، گۆر ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتقان كەلگۈسى قېرىلىق ھاياتىنىڭ ۋەھىمىسى ئۈستىدە خىيال قىلغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، نامەلۇم سەۋەب بىلەن يىغلىماق-

تا ۋە ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكىنىڭ پېشى ياكى بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتمەكتە...

مەن بۇ مويسىپىتلارنى كۆرۈپ ساۋۇتوفنىڭ بىر چاغلاردا : «ھېيتگاھ ئالدىدا ئەدەبىيات بار» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم ۋە كۆڭلۈمدە : «مۇشۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ بىلىدىغان شېئىر ـ داستانلىرىنى يىغىۋېلىشنىڭ ئامالى بارمىكىن؟ كىم بىلسۇن ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى شۇ تۇرقىنىڭ ئۆزىدە ، ئىچىدە ئاجايىپ داستان ـ شېئىرلارنى ئوقۇۋاتامدۇ تېخى !... » دەپ ئويلىدىم .

سەينادا قارا ساقاللىق بىر ئادەم ئۇزۇن بويىنىنى سوزۇپ ، قوللىرىنى ئالدىغا پۇكۇپ دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ قۇيۇلۇپ كەتكەن ئىككى كۆزىدىن ئېقىۋاتقان زەردابتىن ئېگىز بۇرنى ئەتراپىدا تاغىل يوللار پەيدا بولغان قىزغۇچ يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، زىل ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «ھۆكمەت» ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان قېرىلار ، ئاياللار ، بالىلار ئېڭەكلىرىنى تۇتۇشۇپ ، بەزىلىرى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ ، ھاياجان بىلەن ئاڭلاشماقتا ئىدى . كاللامنى خىيال ئىگىلەشكە باشلىدى : «مانا ، ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ، ئۇنىڭ تىل بىلەن بايان قىلىۋاتقان جەڭنامىسى ئەينەن جەڭدەك دەھشەتلىك ، ئۇنىڭ ماختاۋاتقان قەھرىمانلىرى خۇددى ھازىرلا ئاسماندىن چۈشۈپ كېلىدىغاندەك ھەيۋەتلىك . مۇشۇنداق ئادەملەر ئەدەبىياتنىڭ ياراتقۇچىسى... بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ ئالتە يۈز يىللار بۇرۇن ئىدىقۇت ، ئىلىك خان ، تەڭرىقۇت ، قاغان خاقان دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ ، ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن قاراخانىيلار ئاتالغان بۇ يەرلىرىمىزدە نېمىلەر بولمىدى؟ قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خانى بوقاخاندىن تارتىپ ئون بەشىنچى خان بۇرھانددىن خانغىچە بولغان ئون بەش قېتىم خان ئالماشقان دەۋرلەردە بولسۇن ياكى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر يۈز ئوتتۇز يىل ، جۇڭغارلار زۇلمى ئاستىدىكى بىر يۈز يىگىرمە ئىككى يىل ياكى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەنچىڭ زۇلمى ئاستىدىكى نەچچە ئونلىغان يىللاردا بولسۇن، بۇ يەرلەردە تىنىمسىز ھالدا باشلار كېسىلدى، قانلار ئاقتى. ئىككى مىڭ ئالتە يۈز نەچچە يىلدىن بېرى كېسىلگەن باشلارنى يىغسا، سۆڭەكلەردىن تاغ پەيدا بولىدۇ، تۆكۈلگەن قانلارنى توپلىسا، دەريا ھاسىل بولىدۇ، لې- كىن شۇنچە قىرغىن — بالايىئاپەتمۇ بىزنىڭ داستان - شېئىرلى- رىمىزنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتەلمىدى. ئەدەبىيات نەچچە مىڭ يىللىق مەزمۇت چىناردەك كۆكلەۋەردى، ئۇنىڭغا نوتىلار قوشۇلۇ- ۋەردى. ھازىر بىز قىرغىن ۋە مالامەتتىن قۇتۇلدۇق، ئەدەبىيات ھاياتى يول تاپتى. ئەدەبىياتىمىزنى قان ۋە كۆز يېشى بىلەن قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن مۇنۇ كۆرۈمسىز ئادەملەر بىزنىڭ قەلبىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدى- غان چاغ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسى ۋە ئەمگىكى بولمىغان بولسا، بىز بۈنچىلىك باي بولمىغان بولاتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆز يېشى ۋە نالىسى بولمىغان بولسا، بىز بۈگۈن كۆكرىكىمىزنى كېرىپ چوڭ سۆزلىمىگەن بولاتتۇق. بىز ئۆزىمىزنى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ھەقلىق ۋارىسى ھېسابلىغۇچىلار، كۆرۈمسىز موللىلارغا، بىچارە مەدداھ، جاپاكەش داستانچىلارغا، پىخسىق كىتابپۇرۇش، ئىخلاس- مەن خەتتاتلارغا، ھەۋەسكار ئەمگەكچىلەرگە رەھمەت ئېيتساق بو- لىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاھى ۋە كۆز يېشىغا ئايلانغان ئوتلۇق مىسرالار بىلەن ئۆلمەس داستانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئەكىرىدىغان، دۇنيا سەھنىسىدە ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان دەۋر كەلدى. مانا بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ بىر جەڭچىسى بولۇش — چوڭ بەخت. مەن ئەمدى مۇشۇ ئۇلۇغ ئىشقا ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىمەن. شۇ چاغدىلا ھايات ماڭا كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك تۇيۇلىدىغان بولىدۇ... دۇنيادا ئايالسىز، مۇھەببەتسىز بەختلىك بولالىغانلار بار، شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىم كېرەك...

يۇقىرىقىلار بىر خىيال، كۆڭۈلگە ئارام ۋە تەسەللى بېرىدىغان چىرايلىق سۆزلەر، سۆزنى، خىيالنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىرادە ۋە غەيرەت كېرەك. بۇلار مەندە بارمۇ؟ بۇنىڭغا كېلەچەك جاۋاب بەرسۇن...

كەچقۇرۇن بىزنى تاشپولات يوقلاپ كەلدى. ئۇ مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك، بىز ئوخشاشلا غۇلجا يېزىلىرىدا ئۆسكەن «تارانچى» باللىرى ئىدۇق. مانا بەش يىلدىن كېيىن مەن ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۆدەكلىكتىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى ئەتراپىدىكى سېرىق تۈكلەر ئورنىغا هازىر يىرىك، تۇم قارا ساقال ـ بۇرۇت چىققان، زىلۋا سۆڭىكى توغرىسىغا يوغىنىغان، ئاۋازىمۇ، مىجەزىمۇ ئۆزگەرگەن؛ ئۇ هازىر بۇرۇنقىدەك كەم سۆز، قىزىرىپلا تۇرىدىغان يىگىت ئەمەس، خۇش چاقچاق، مۇلاهىزىچى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ بىزنى قاتتىق تۇتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا ئەكېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، ئاخىر دۈەن جياۋشۇ بىر دوستىنىڭكىگە، مەن تاشپولاتنىڭكىگە بارىدىغان بولدۇق.

ئۇ مەكتەپ ئىچىگە سېلىنغان ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا تۇرىدىكەن، ئىشىكىنىڭ ئالدىنى قاشالاپ ئايرىم هويلا قىلىۋاپتۇ. كىچىك چاخسىدىن كىرگەندىلا، چاققان هويلىدىن غۇلجا يېزىلىرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. پارچە خىشلاردىن ياسالغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقى رەڭگارەڭ گۈللەر، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىر بېشىدا قوناق ياكى ئاپتاپپەرەس ئۆسكەن، ئايرىم كەيزىلەرگە تېرىلغان مىرزىگۈل، سىمابگۈل، خېنىگۈل، نامازشامگۈللىرى، باراڭغا يانداش قىردىكى هەر خىل رەڭدىكى ئورۇسگۈللىرى بىلەن قىزىلبۇغداشلار گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان رەيهانگۈللەر (بىدىن كۆكلىرى) هەتتا قاچىسىدىن يەرگە كۆچۈرۈلگەن تالگۈل، پىكوس، قاچا گۈللەر، جاپاكەش ئىلى ئاياللىرىنىڭ گۈلخۇمار خىسلىتىدىن

www.uyghurkitap.com

دېرەك بېرىپ تۇراتتى . بىز سۇ سېپىلىپ ، پاكىز كۇچار كىگىزى
سېلىنغان سۇپىغا ئولتۇرۇشتۇق ، مېنىڭ ئاستىمغا يىپەك كۆرپە
سېلىنغانىدى .

— مانا جاپانى تىلەپ تاپىدىغان كېلىنىڭ ،— دېدى تاشپولات
ئايالىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ ،— قارىمامسەن ، كېلە ـ كەلمەيلا ئىك-
كى يۈز چامدام يىراق يەردىن توپا توشۇپ يۈرۈپ مۇشۇ سۇپىنى
چىقىرىۋالدى . ماۋۇ بارىڭىدىكى بوغما قاپاق ، مانتا كاۋىلىرىنىڭ
ساڭگىلىشىپ كەتكەنلىرىنى دېمەمسەن !

— ئاغزى ئېچىلدىغۇ مايىقىنىڭ ئەمدى ! — دېدى ياش چوكان
قېشىدىكى قېنىق ئۇسمىنى بايىتىن بىلەكلىرى بىلەن توسۇپ نو-
مۇستىن قىزىرىپ تۇرغان يېرىدىن يەرگە قاراپ پىچىرلاپ . مەن
ئۇنىڭغا قارىدىم : چېكىم گۈللۈك چىتتىن تىكىلگەن ، ئۇزۇن
يەڭلىك كۆڭلەك ، كۆڭلەك ئېتىكىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ
تۇرغان كۈچۈك چىشى جىيەكلىك قىزىل ئىچ كۆڭلەك ، ئۇزۇن
پايپاق ، پاكار پاشنىلىق توپلەي كىيگەن . يېلىم چېپىلىپ ، ئوتتۇ-
رىسىدىن ئىككىگە ئايرىلغان يالتىراق چاچلىرىنى باستۇرۇپ ، ئار-
قىسىنى سەل كۆتۈرۈپ هال رەڭ يىپەك ياغلىق تاڭغان بۇ يېزا
قىزى ، ماڭا ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن يېزامنى ئەسلەتتى . ئۇنىڭ
قولىدىكى قېنىق ئىچكەن خېنىسى ، بىلىكىدىكى ئاق تۈچ بىلە-
زۈك ، بوينىدىكى بىرقۇر ئاق ئۈنچە ـ مارجان بىلەن ئۇنىڭدىن
تۆۋەنرەك چۈشۈپ تۇرغان قىزغۇچ سېرىق كەھرىۋا… ئۇنىڭ زىن-
نەت بۇيۇملىرى ئىدى . ئاشۇ ئاددىي بۇيۇملار ئۇنىڭ سۇس سەپكۈن-
لۈك ، لېكىن ئانار ئۈرۈقىدەك سۈزۈك يۈزى ، قاڭشارلىق ، لېكىن
سەل ئۇچلۇق بۇرنى ، نومۇسچان قوي كۆزلىرىگە ۋە قىزىل مارجان
پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان لەۋلىرىگە بىر خىل تەبىئىي گۈ-
زەللىك قوشقانىدى . مەن قىزدىن گەپ سورىدىم :

— ئىسمىڭىز چىمەنگۈلغۇ ـ هە ؟

— ھەئە !

— قەشقەرگە كۆندىڭىزمۇ ؟

— كۆندۇق ، قارا قازان مەشەدە بولغاندىكىن... — ئۇ تۆۋەن لېۋىنى چىشلىدى . ئۇنىڭغا تېگىل بولغان قالغان گەپلەرنى بىزنىڭ تاشپولات تارتىنۋالدى :

— خۇدانىڭ مۆمىنى دېگىنە ، ئاداش ،— دېدى تاشپولات ئالدىمدا ھازىرلار ئۆچىدىغان قارچىغىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ،— پېشىمدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇ دېسەممۇ ياق دېمەيدۇ جۇما ، زېرىكىدىغانغا نەدە ۋاقتى دەيسەن ، كۆرمىدىڭمۇ ئاۋۇ قازان بېشى ، مۇنۇ سۇپىلىرىنىڭ قىرلىرىنى ، ئورغاق بىسىدەك تۇرمىسا ھېساب ئەمەس . قويۇپ بەرسەم قازاننىڭ ئاستىنىمۇ كۇنىگە ئۈچ قېتىم سۇرتكۇسى كېلىدۇ . پۈتۈن ئىككى ئېغىز ئۆي ، مۇنۇ سۇپا ، ئاۋۇ تام تۈۋلىرىنى ھەر كۇنى سېغىز لاي بىلەن شاتىراقلىتىپ سىيپىغىنى سىيپىغان . سېغىز توپا ئىزدەپ ياۋېشى ، تۇمەن بويلىرىغىمۇ بارىدۇ ، كۇندە بىر سىيپاپ چىقمىسا ، ئۇيقۇسى كەلمىگۇدەك . ئاپىمىزنى دېمەمسەن تېخى ، قاغىلىقنىڭ مەسچىت ھويلىسىدەك چوڭ ھويلىسىدا سۇۋۇمىغان ، ھاكلىمىغان ھېچبىر يېرى قالمىدى : تونۇر بېشى ، كالا ئوقۇرى ، يەڭلىك ئويۇقى ، پېشايۋان سۇپىسى ھەتتا ھەربىر تۇپ ئالمىغا ياسالغان كۆلچەكنىڭ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان قىرلىرىنىمۇ مۇشۇنداق سۇۋايدۇ ، سىيپايدۇ ، ھاكلايدۇ . ئۆيۈمدە ھېچ بايلىقىم يوق ، ئاداش ، مۇشۇ ئايالىمنىڭ بەرىكەتلىك ، تىنىمسىز قولى — مېنىڭ بار - يوقى بايلىقىم ! ...

— ئېڭىكىڭىز ئاجراپ چۈشمىسۇن يەنە ! — دەپ كۇلدى چىمەنگۇل تەتۇر قاراپ كۇلۇپ ، — ئۇستەلنى قويىمادىكىنە !

سىيادان سېلىنغان غۇلجا توقچى ، ياڭاق ، گۇلە ، پىستە - بادام ، مېغىز - جىگدە — قەشقەر نېمەتلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمگە بەك ياقتى . سىنچايدىن كېيىن چىمەنگۇل ئۇستەل يېنىغا كېلىپ

قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ تاشپولاتقا قارىدى .

— گەپ قىل ، ئەلا ! — دېدى تاشپولات ئايالىنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ ، — نېمە يەيسەن ؟ كېلىنىڭ ساڭا خالىغىنىڭنى قىلىپ بېرىدۇ .

— ئۆگرە ئاش ، — دېدىم دەرھال ئۇلارغا قاراپ ، — بىزنىڭ سەھرانىڭ ھېلىقى ئىنچىكە كېسىلگەن جالادەك ئۆگرىسى بولىدىكەن ، پۇرچاق ، كۆكۋاش ، قورۇت ، ئاشكۆكى بولارمىدى . قېتىق قوشۇپ ئىچسەك قانداق ياخشى !

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى . چىمەنگۈل تاشپولاتقا قاراپ :

— ئۇ ، مېھمان تامىقى ئەمەس ، ئورمىچىلارنىڭ ھاردۇق ئېشىغۇ !— دېدى .

— مېنى ئورمىچى ھېسابلاۋېرىڭ ، ئەگەر قاملاشتۇرالمىسىڭىز مەيلى ، قىينالماڭ !

— ۋيەي ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ! ؟

— قولىنىڭ ئۇچىدا ئەتمەكچى بولغان ئۆگرە دېگىنىڭنى ، — دېدى تاشپولات كۈلۈپ تۇرۇپ ،— سەن دېگەن پۇرچاق ، كۆكۋاش ، قورۇت دېگەنلىرىڭنى ۋاگونىسى بىلەن قېينانام ئەۋەتىپ تۇرىدۇ ، تازا كونىسىدىن بار . ھە ، چىمەن ! قېتىقنى ھازىرلا پەيدا قىلىمەن . قېنى ئەمىسە ، چىمەن ، پېتىر مانتاڭنى ئەتىگە قوي ، غاچچىدە قازان كاۋىپى قىلىپ ، ھېلىقى تىقىپ قويغىنىڭنى !… ھە ، بولدى ، ھا… ھا… ھا… خاپا بولۇۋاتىدۇ ، قارىغىنا ئەلا ، بۇنىڭ سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدۇ ، بۇيرۇتمىسىڭىز ئۆزۈم بىلىپ قىلالمايتتىمۇ دەپ دومسىيىۋاتىدۇ ، بوپتۇ ، ئىشقىلىپ ، بىزنى رازى قىلساڭلا بولىدىغۇ !…

بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق .

شۇنداق قىلىپ ، تاشپولات مېنىڭ بىلەن بىللە مېھمان بولدى . چىمەنگۈل مەززىلىك قازان كاۋىپىنى ، بۇلۇڭغا تىقىپ ساق-

ـلاپ قويغان بىر بوتۇلكا ئىلى ئاق هارىقىنى ، ئىسسىق ـ ئىسسىق چېپىنى ، بىز ئۇبدان قىزىغاندىن كېيىن تەييار بولغان ئۇگرە ئېشىنىمۇ پەتنۇس بىلەن داستىخانغا ئۆزى ئەكېلىپ تۇردى . بىز ئاغزى ـ ئاغزىمىزغا تەگمەي سۆزلەشتۇق ، كۈلۈشتۇق ، دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتتۇق...

مەن ئۇلارنىڭكىدە قونۇپ قالدىم . ئۇلارنىڭ ئۆي سەرەمجانلىـ ـرىمۇ غۇلجا دېهقانلىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى : ئىككى پارچە غۇلجا تېكىمتى پاكار سۇپىغا لىققىدە كەلگەن ، تۆرىدە بىر ئۇستەل ، ئىككى چېتىدە پەتنۇس قېقىلغان بىر جۈپ غۇلجا ساندۇقى ، ساندـ ـدۇق ئۇستىدە ئىككى ياققا جۈپتى بىلەن تىزىلغان ئورۇن ـ كۆرـ ـپە ، تور تۇتۇلغان ، كەشتىلەنگەن ماموق ياستۇقلارمۇ جۈپى بىلەن ئىدى . مەن تور جىيەكلىك ، قىزىلگۈل پورىكى ۋە بىر جۈپ كېپىنەك كەشتىسى بار كىيىم ياپقۇچقا قارىدىم . تاشپولات كۈلۈپ تۇرۇپ :

— چىمەننىڭ قول ئىشى ، — دېدى كىيىم ياپقۇچنى شەرەت قىلىپ ، — هازىر دوپپا تىكىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى .

— نېمىشقا زەدىۋال تارتىۋالدىڭلار ؟ — دېدىم دالاندىكى قارا جىيەكلىك ، يوغان گۈللۈك ، تېگى قىزىل باسمىدىن قىلىنغان زەدىۋالنى شەرەت قىلىپ .

— دورىمچۇق ! — دېدى تاشپولات قەشقەرچە سۆزلەپ ، — كۆرمەمدىغان تامنى ئالىپاساق قىلىپ...

— زەدىۋىلى يوق ئىكەن دەۋەرگەندىكىن ، — دېدى چىمەنگۈل ماموق ياستۇقلارنى كىگىز ئۇستىگە تاشلاۋېتىپ ،— قولۇم ـ قوشـ ـنىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ تارتىپ قويدۇق . هى... هى... هى...

— سەن ، تاشپولات ، خۇپسەنلىك قىلىپ قەشقەرچە سۆزلەۋاـ تامسەن ياكى ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نەدىكىنى ، — دېدى چىمەنگۈل گېپىنى بۆلۈپ ، — سىپى ئۆزىدىن قەشقەرلىك بولدى !...

— بولمامدىكى ، — دېدى تاشپولات تېخىمۇ قەشقەر تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ ، — خۇپسەنلىك دەۋاتامدا ، كۇنىگە تۆت سائەت ۋاللاقلايمىز ، ئۇنى ئاز دەپ دەرستىن كېيىن مەجلىس ، ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ، ھەممىسىلا قەشقەرچە سۆزلەۋەرگەندىكىن سىڭىدىغان گەپكەن . مۇشۇكىنى قويىلارنىڭ ئارىسىدا باقسا ، مىياۋلاشنى ئۇنتۇپ ، مەرەيدىغان بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن . تىل دېگەن شۇنداق نېمىكەن...

بىز كۈلۈشتۇق ، كېچىچە سۆزلىشىپ مۇڭداشتۇق ، ئەتىسى ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ :

— ئۆمۈر بويى بەختلىك بولۇڭلار ! تاشپولات ، سەن تەلەيلىك ئىكەنسەن ، — دېدىم .

بۇ مېنىڭ راست سۆزۈم ئىدى . ئۇلار قىرىق نەچچە يۈەن پۇل بىلەن خاپىلىقسىز ، كۆڭۈللۈك ، مۇھەببەت بىلەن ياشايدىكەن . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى لەززەت بىرلا مەنىلىك ئىشتا ئىكەن : ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىكەن ، كۆڭۈل ئىزدەش ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەختنىڭ مەنبەسى ئىكەن .

قەشقەردە ئون ئۈچ كۈن تۇردۇق . تاشپولاتنىڭ ئۆيىگە بارمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق . ھەر قېتىم بارسام چىمەنگۈل خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ ، قىزغىن كۈتىدۇ . مانا بۇ ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ تاشپولاتقا بولغان ساپ مۇھەببىتىنىڭ بەلگىسى .

مەن ئويلايمەن ، ئۇلار ئۆمۈر بويى بەختلىك بولالايدۇ . سەۋەبى ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ساپ . ساپلىق — مەڭگۈلۈك بەختنىڭ چىرىمەس يىلتىزى . مەن ئاشۇنداق ساپلىققا تەشنا...

# 3

ماشىنا بىلەنمۇ ، ئېشەك قېتىلغان كىچىك ھارۋا بىلەنمۇ ، ئۆكۈز قېتىلغان يار - يار ھارۋا بىلەنمۇ ، ھەتتا ئېشەك چومى ئۈستىدە ئىككى پۇتىنى بىر ياققا قىلىپ مۈگدەپ ئولتۇرۇپمۇ ، پىيادە تىزغىنچە توپا كېچىپمۇ يول ماڭدۇق . ئۆيلىرى شالاڭ ، ئەمما كۆمىلاچ تاملىق ھويلىلىرىنىڭ ئەتراپى بوك باغلىق يېزىلار ، ھەشتەرخان ، جىگدە دەرەخلىرى بىلەن كوچىلىرى يېڭىچە تۈسكە كىردۋاتقان ناھىيە بازارلىرى ، تار ، ئەگرى - بۈگرى ئارقا كوچىلار ، كوچا پەنجىرىلىرى كىچىك ، ئىشىكلىرى ھىم ، ھويلىسى ئۈزۈم تاللىرى بىلەن قاراڭغۇلاشقان ھويلىلارنىڭمۇ تالايلىرىغا بىزنىڭ قەدەم ئىزىمىز چۈشتى . ھەربىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ، سىزنى شۇلۇۋېلىشقا تەييار تۇرىدىغان كىتابپۇرۇشلارنىڭ ئىللىق چىرايى ؛ بىر دۇتار ياكى بىر داپ بىلەن پۈتۈن - پۈتۈن داستانلارنى يادقا ئېيتالايدىغان داستانچىلارنىڭ تۈگىمەس تەرى ؛ مەدداھلارنىڭ تىنىمسىز ئاۋازىدىن چىقىدىغان نالە ؛ ئاق كۆڭۈل ، لېكىن يالاڭغداق ، كۆرۈمسىز ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىلتىپات - مېھماندوستلۇقى··· بىزگە تونۇش بولۇپ قالدى . قەشقەردىن خوتەنگىچە ئىككى ئايغا يېقىن سەپەر قىلىش ، بىزنى نۇرغۇن بىلىم ، كىتاب ، ھېسسىيات ، ئىلھام بىلەن تەمىنلىدى .

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەنگە كېلىپ ، ۋالىي مەھكىمە ئالدىدىكى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق . مەن شۇ كۈنىلا دۆەن جياۋشۇدىن ئەپۇ سوراپ ھاشىرنى تېپىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتىم . مەن ئۇنىڭ ياتىقىغا كەچقۇرۇن كىردىم . ئۇ ئىلمىي مۇدىر ئىشخانىسىدا ياتىدكەن . ياغاچ كارىۋات ئۈستىدىكى ئىران نۇسخىلىق گىلەمدە تۇر-

مەكلەنگەن ئورۇن ـ كۆرپە ، گېزىت ـ كىتابلار چېچىلىپ ياتاتتى . دۇخاۋا قاپلىق ئىككى كىشىلىك كونا ساپادا ياقىسى يىرتىلغان كۆك چاپان ، ئارقىسى مايلاشقان كۆك شەپكە ، دېرىزە يېنىدىكى كەڭ ئۈستەل ئۈستىدە تېلېفون ، كۈلدان ، سىياھدان ، ئىككى پىيالە ، بىر چايدان ، تىكلىمە كالېندار تۇراتتى . تامغا جۇڭگو ، دۇنيا خەرىتىلىرى ئېسىلغان ، قارامتۇل ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە دەستە ـ دەستە گېزىت ـ ژۇرنال ، ئىشىك تۈۋىدىكى كىتاب جاۋىنىدە رەت ـ سىز تىزىلغان كىتابلار تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ دۈگىلەك ، تېگى يۇمشاق ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردۇم . ياش ئايال كىرىپ ماڭا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ـ دە ، كۆزىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ :

— ئاززاق كۈتسىلە ، مۇدىر ئەپەندى پوكزەك ئويناۋاتىدۇ . ۋالىبول مۇسابىقىسى بوپتىمىش . مۇدىر ئۆزى چۈشمىسە ، بىزنىڭ ـ كىلەر ئۇتتۇرۇپ قويغۇدەك ، — دېدى .

— سىلى نېمە خىزمەت ئىشلەيلا ؟

— ئىتتىپاق شۇجىسى ، قوشۇمچە سىياسىي گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەيمەن .

— قۇرماشمۇ مۇشۇ مەكتەپتىمۇ ؟

— ياق ، ئۇنداق كىشى يوق .

— ھاشىرلار بىلەن بىللە كەلگەن ، بۇرۇن مۇشۇ مەكتەپتە ئىدى ، بۇلتۇر تويى بولدىغۇ ؟

— ھە ، — دېدى ئايال سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ ، — ئېسىم قۇرۇسۇن ، بايىمەخاننىڭ يولدىشى قۇرۋان مۇئەللىمنى دەملا ؟ ئۇ كىشى بايىمەخان تۇرۇۋاتقان گۇڭشېدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ كەتتى .

— نامەتنىڭ ئۆيى يېقىنمۇ ؟

— نامەت ساختىنى دەملا !— دېدى ئايال ماڭا قاراپ قويۇپ . مەن جاۋاب بەرمىدىم ، ئايال مەيدىسىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ

كۆلدى ، — ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ ، «ساختا» دېمىسە ، ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدۇ . ئۆيى يېقىن ، ئىشەدىكى جىگدىلىك كوچىدا ، شۇ تار كوچىدىكى تېمى ئەڭ ئېگىز ، دەرۋازىسى چوڭ ، ئىتى جىق ھويلا شۇ .

مەن ئايالىنىڭ ئوبرازلىق گېپىگە كۈلدۈم :

— قورۇسى شۇنچە كاتتىمۇ ؟

— خوتەن بويىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق . خوتۇنى كۈنىگە يۈز كوي تاپىدىكەن دېيىشىدۇ . ئۇرۇمچىدىن كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى . ھاشىركام ئۇنى خىزمەتتىن قوغلاش كېرەك دەپ سۆزلىدى . رۇخسەتمۇ سورىماي ئۇرۇمچىگە كېتىپتۇ ئەمەسما ؟ ئۆزىنىڭمۇ مەكتەپتە خوجىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگۈسى يوق . تۆت ئۆگەي بالىسى بار ، بىرىمۇ ئوقۇمايدۇ . ئىككىسى ئۆيدە گىلەم توقۇيدۇ ، بىرى ئۈچ بۇرجەك بازاردا ئۆپكە - ھېسىپ ساتىدۇ ، يەنە بىر قىزى ئانىسى بىلەن دوپپىچىلىق قىلاتتى ، مۇشۇ يېقىندا چايخانا ئېچىۋاپتۇ . نامەت ساختا مەكتەپكە تۆت سائەت ئىشلىسە ، ئۆيىگە ئون ئىككى سائەت ئىشلەيدۇ . مائاش دېگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تويىنىڭ چاچقۇسىدەك بىرنېمە . توۋا ، غۇلجىلىقتىن ساختا چىقسا ئۇنداق - مۇندىقى چىقمايدىكەن ، نامەت ساختا شەيتانغا نوختا سالىدۇ ، دېسىلە...

ئايال ماڭا چاي قۇيۇپ بېرىپ ، ھاشىرنى چاقىرىشقا چىقىپ كەتتى .

— بارمۇ سەن ، نەلەردە يۈردۈڭ ، ئاۋاق ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھاشىر كىرىپ كەلدى .

ئۇ يوغان ، يىرىك قوللىرى بىلەن ئىككى مۈرەمدىن تۇتۇپ سىلكىدى . ئۇنىڭ تەرلىگەن ، قارىدىغان يۈزىدە تەبىئىي خۇشاللىق چاقناپ تۇراتتى . مەن دوستۇمنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ :

— هازىرمۇ ئوسەيچىمۇ ؟— دەپ چاقچاق قىلدىم .

— تورنىڭ تۈۋىگە تىك چۈشۈرمەن دېگىنە ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، يالغان ماختىنىپ ، — ئابدۇللا قارىۋاي قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ !

— ئاتە ، پورۇڭنى !

بىز بىر پەس چاقچاقلاشتۇق . چاقچاق تۈگىگەندىن كېيىن ھاشىر مىس ئاپتوۋا بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇدى - دە ، ئىشكاپنىڭ ئەينىكىگە قاراپ قويۇپ ، ئۇستىرىسىنى كاپلىدى ۋە ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ :

— ئېستېتىك تەربىيىدە يوق ئىكەنسەن ، دەپ جونۇغىلى تۇردىسەن ، ھەقىچان ، بىلىمەن سەن ئاۋاقنى . توختا ، سېنىڭ ئالدىڭغا شىخىمنى تۈزەشتۈرۈپرەك داستىخان سالمىسام . كۆردۈڭمۇ ، ماۋۇ ئېڭەكتىكى ئاقىلارنى ، ئوقۇغىنا ، ھېلىقى نەۋائىنىڭ شېئىرى نېمىدا ؟

مەن شېئىر ئوقۇدۇم :

ساقال ئاقى ئۆلۈمگە ئىشاۋېدۇر ،
ھاياتلىق سەبزىسى ئارا قىراۋدۇر .

— ھا... ھا... ھا... ھايات چىمەنلىكىگە چۈشكەن قىرو دېگىنە ، مەزگىلسىز ، ئېخى يىگىتلىكنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا - ھە ، ئوتتۇز ياشقا ئەمدى كىرەيۇ ، ئېخى قىرو چۈشسۇن ، ياق ، ياق ، قار چۈشسىمۇ مەن ئۇنى ئۆلۈمنىڭ ئىشارىسى دېمەيمەن !

ئۇ ئۇستىرىسىنى ئوڭ ياڭىقىغا توغرىلىدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قارىدىم . ئۇنىڭ پېشانىسى ئېخىمۇ تارتىلىپ ، ئىككى چېكىسى تاقىرلىشىپ ، دولقۇنلۇق چاچلىرى ئىچىگە قاراپ كېڭەيگەن ، قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدا بىر قىر ، ئىككى روشەن سىزىق پەيدا بولغان ، كۆز قۇيرۇقلىرىدە-

كى قورۇقلار كۆپەيگەن ، ئىككى قوۋۇزىدىكى سىزىق ئەمدى تېخى-
مۇ چوڭقۇرلاشقان . ئۇنىڭ چىرايىغا بىرلا قارىغان ئادەم ، ئۇنى
ئوتتۇز بەش ، يا قىرىق ياشلاردا دېيىشى مۇمكىن ، يالغۇز دۈگ-
لەك ، خىيالچان يوغان قوي كۆزلىرىلا خۇددى ئۈيقۇسى قانغان
بالىنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرلۇق ۋە چىرايلىق ئىدى .

— نېمانچە قارايسەن؟ ئەمدى قىزلار ساڭا قارىمايدۇ ، بەش
بالىلىق تۇل خوتۇنلارغا ئىچ پەش تارتساڭ بولىدۇ ، دېمەكچىمۇ
سەن ؟

— بۇ توغرۇلۇق ئويلاشتىن قالدىم ، — دېدىم . ئۇنىڭ مۇرد-
سىگە ئاستا قولۇمنى قويۇپ ،— قىزىقمايمەن ، ئويلاشنىمۇ ، سۆز-
لەشنىمۇ خالىمايمەن !

— يامان بوپتۇ ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ ، — مەن
تېخى ئەمدى ئەقلىمگە كېلىپ ئىش باشلاي دېگەنىدىم ، كىم بىلەن
مۇڭدىشارمەن ئەمدى ؟ مانا بۇ ھېسسىيات قېرىلىقى — ئۆلۈمنىڭ
ئىشارىسى . ئەمما ، ئەلا ، بىزنى داغدا قويۇپ ، بوراندا يېرىلغان
شاختەك ، مېۋىلىرىڭنىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە تۆكەشتۇرۇۋەتمىگىن
جۇمۇ ، ھېچبولمىسا شاختا تۇرۇپ قاق بولىدىغان ئۆرۈكچىلىك
بولسىمۇ ، ئاغزىمىزدا تەم قالدۇرۇپ كەت !

تاماقتىن كېيىن كوچا سەيلىسى قىلدۇق ، ئاندىن
كېيىن ئاز - تولىدىن ئىچىشىپ ، قويۇق جىگدە ، نەشپۈت دەرەخ-
لىرى ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق . ھاشىر جىق ئىچكەنلى-
كى ئۈچۈن كۆپ ۋە تەسىرلىك سۆزلىدى . ئالدىمىزدا بوتۇلكا ۋە
پەمىدۇر ، ئۇ يەنە قانچىلىك ئىچەركىن ، قانچىلىك سۆزلەر-
كىن ؟...

قارا كۆك ئاسماندىكى تولۇن ئاي يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تەڭ-
گىدەك ، بەزىدە ئالقاندەك شولا چېچىپ ، يۇپقا بۇلۇتلار ئارىسىدىن
يول ئېلىپ ئاستا سەيلە قىلماقتا . سانسىزلىغان يۇلتۇزلار سۈكۈت

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك، جىمجىت جىمىرلىشىدۇ. سالقىن شامالدىن شادلىنىپ پىچىرلاشقان يوپۇرماقلار، ئاينىڭ ئەلۋەك نۇرىنى ئارىلىرىدىن سىرغىتىپ ئۆتكۈزۈپ، سۆھبەتخۇمار دوستۇمنىڭ بىردە كۆزىگە، بىردە مەڭزىگە چۈشۈرۈپ تۇرماقتا. ھاشىر ئۆز ئادىتى بويىچە ھايات، ئىنسان ۋە ئىنسانىي بۇرچ توغرىسىدا قىزغىن سۆزلىمەكتە. ئۇنىڭ تەمكىن، كىرسىز ئاۋازى خۇددى سالقىن شامال، ئىلمان سۇدەك ئادەمگە خۇشياقىدۇ...

— شۇنداق قىلىپ، شۇ ئەمگىكىم ھېسابىغا مۇدىر بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ بەش يىلدىن بېرى بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، — بەش يىل قانداق ئۆتتى، مەن راستىنلا تۇيماي قالدىم. كۈنىگە تۆت - بەش سائەت دەرس، ئۇنىڭ سىرتىدا ئۆگىنىش، مەجلىس، سۆھبەت... بىر سىنىپتىكى قىرىق - ئەللىك بالا سېنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ. ئەلۋەتتە، قاچىدىغانلارمۇ، دەرستىن چىقىپلا ئوقەت قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بىلىمنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بىلىدىغانلار، مەسىلەن، دۆلەت، خەلققە پايدىسى جىقراق تېگىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى بىلىم ئالسىمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار نەلەردىن تاپىدىكىنتاڭ، فىزىكا، ئالگېبرا، خىمىيە، ئاسترونومىيىدىن قىيىن مەسىلىلەرنى تېپىپ كېلىپ مېنىڭدىن سورايدۇ. ئۇلارچە سىنىپ تەربىيىچى دېگەن بىر قامۇس، نېمىنى ئاختۇرسا جاۋاب چىقىۋېرىدۇ. قانداق قىلىسەن، شىخىغا قېقىشقا، مەيدىسىدىن ئىتتىرىشكە بولامتىمۇ؟ تىرىشىپ - تىرمىشىپ جاۋاب بېرىمەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بەزى كۈنلىرى كېچىلىرى كىتاب ئوقۇيمەن، ئىزدىنىمەن. ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى قەدىرلەش مېنىڭ بۇرچۇمغۇ، ئانا ئۆز بالىسىنىڭ تەمتىلەپ، تام ياقىلاپ ماڭغىنىنى كۆرسە خۇشال بولغىنىدەك، مەنمۇ بالىلارنىڭ قىيىن سوئاللىرىنى ئاڭلىسام، شۇنچە خۇشال بولىمەن.

10 ـ سىنىپىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىر كۈنى «ئا پىلۇس ب»نىڭ كۋادراتى — «ئا كۋادرات پىلۇس ئىككىلەنگەن ئاب، پىلۇس ب كۋادرات» ئىكەنلىكىنى، ئالىي ماتېماتىكىنىڭ بەزى قائىدىلىرى ئارقىلىق خاتاغا چىقىرىپ ئىسپاتلاپ كەپتۇ دېگىنە! ھەي، بۇ بىر ئۆكۈزگە چۈلۈك ئىشلىتىش ئورنىغا، يۇگەن سېلىپ، ئېغىزدۇ-رۇق چىشلەتكەنگە ئوخشاشلا كۈلكىلىك ئىش، لېكىن ئۇنىڭدىن كۈلۈش ئورنىغا ئۇنى رىغبەتلەندۈرسەن، خاتاسىنى ئېيتساڭ قايىل بولمايدۇ تېخى، قانداق قىلىسەن؟ ماتېماتىكا فورمۇلىلىرىنى خاتا قوللانغىنىنى بىرمۇبىر ئىسپاتلاپ، ئۇنى قايىل قىلىسەن، ياشلىق ئادەمنى نېمە قىلغۇزمايدۇ، بالىلارنىڭ بىرلىرى تېخى مېندىبلېق ئاق قويغان كاتەكچىدىكى ئېلېمېنتلارنى تاپماقچى، بىرلىرى تېخى لوگارىفما جەدۋىلىگە تۈزىتىش كىرگۈزمەكچى، يەنە بىرلىرى تېخى نۇر سېكۇنتىغا ئۈچ يۈز مىڭ كىلومېتىردىن يول بېسىپ، سەككىز مىنۇتتا يەرگە يېتىپ كېلىدىكەن، تېز سۈركىلىشتىن ئوت پەيدا بولىدۇ، ئۇنداق بولسا نۇر بىلەن ھاۋا ئارىسىدىكى سۈركىلىشتىن نېمىشقا ئوت چىقمايدۇ؟ دەپ سورايدۇ. بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچى مېنىڭدىن ئىمتىھان ئالدى دېگىنە. ئۇ مېنىڭدىن:

— مۇئەللىم، چاڭجياڭ دەرياسى قانچە كىلومېتىر؟ — دەپ سورىدى.

— ئالتە مىڭ ئۈچ يۈز كىلومېتىرمىكىن؟ — دېدىم.

— قانچىلىك يەرنى سۇغىرىدۇ، مۇئەللىم؟

— تۆت يۈز مىليون مو يەرنى سۇغىرامدىكىن؟

— ئۇنداق بولسا، تارىم قانچىلىك يەرنى سۇغىرىشى لازىم. ھېسابلاپ كۆردىلىمۇ؟

— ياق.

— ھا... ھا... ھا... مۇئەللىم تۇرۇپ تېخى!... .

نېمە دەيسەن، ئۆگۈپ ـ تاتىرامسەن؟ ياق، پەقەتلا قوشۇلۇپ

قاقاقلاپ كۈلدۈم، خالاس. ئىلىمپەرەسلەر بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت كۆڭۈللۈك، لېكىن ھېلىقى ئىلىمدىن قاچىدىغانلار پۈتۈن كۆڭۈل-سىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇلارنىڭ دەستىدىن ئۈيقۇڭ قاچىدۇ، ئىشتىھايىڭ تۇتۇلىدۇ، كەيپىڭ ئۇچىدۇ، ھە، ئىچىپ بولغان بولساڭ، پىيالىنى بەرمەمسەن!

ئۇ ئۆزىگە ھاراق قۇيدى. پىيالىنى بوشاتتى-دە، پەمىدۇر-دىن بىر چىشلەم يەۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ناۋادا، پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرى نامەتتەك پۇلغا دۇم چۈش-سە، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ، بىلەمسەن!؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقتا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇ يەرگە قاغىمۇ كېلىپ قونمايدىغان بولىدۇ، يىلتىزىمىز شۇ چاغدا قۇرۇي-دۇ. مانا بۇنى ئويلىساڭ، ئۆمۈرنىڭ قەدرىگە يېتىسەن، بىر بالىغا بولسىمۇ كۆپرەك بىرنىمە بىلدۈرگۈڭ كېلىدۇ. دۇنيادا باشقىلارنى رازى قىلىش، خۇشال قىلىشتىنمۇ راھەت ئىش بولامدۇ؟ كۈنلەر-نىڭ بىرىدە، سېنىڭ قولۇڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرى داڭلىق ئادەم بولۇپ قالسا، قېرىغىنىڭدا ئۇ سېنى يوقلاپ كېلىپ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ سالام بەرسە، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشامدۇ، ئاداش! ئىنسان دېگەن شۇنچىلىك نەرسە، ئىنسان جىق نەرسىنى بىلسەم دەيدۇيۇ، ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىشنى خالىد-مايدۇ. بىلەمسەن، سېنىڭ قەدرىڭنى مەن، مېنىڭكىنى سەن بىلد-سەن، لېنىن ئۆزىنى بىر قېتىممۇ دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ داھىيى-سىمەن دەپ ئويلىمىغان بولغىيدى، لېكىن ئۇنىڭ قەدرىنى بىز بىلدۇق...

ھاشىر جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، مەكتەپنىڭ مۇھىم ئىشلىد-رىنى، يەنە باشقىلارنىڭ ئارزۇ، مۇھىم ئىشلىرىنى كۆپرەك سۆز-لەيدىغان، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى توغرۇلۇق ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— سەن ، هاشىر ، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ، ئارزۇلىرىڭ توغرۇلۇق سۆزلەشنى هېچ خالىمايدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ ؟ — دېدىم ئاخىر ، — ئېيتقىنا ، قانداقراق بىر ئادەم بولماقچىسەن ، زادى ؟

هاشىر كۈلۈپ كەتتى - دە ، مېنىڭ مۈرەمگە ئالىقانلىرىنى قويۇپ كۆزلىرىمگە قارىدى .

— سەن ، تېخىلا شۇ ئوقۇغۇچى پېتىڭ بىلەن تۇرۇپسەن ، — دېدى ئۇ ، — بىر چاغلاردا بىز قانداقراق ئادەم بولۇشنى ئۆزىمىزچە تاللايتتۇق ، يا ئۇنداق ، يا مۇنداق ئادەم بولسامكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق . مەسىلەن ، مېنى ئالساڭ ، ئالىي مەلۇماتلىق بولسام ، دۆلەتنىڭ مۇهىم ئىشلىرىنى هەل قىلىشقا قاتناشسام ، هەتتا چەت دۆلەتلەرگىمۇ بېرىپ - كېلىپ تۇرسام ، هاياتىمنىڭ هەربىر مىنۇتىمۇ ئاشۇ مۇهىم ئىشلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولسا ، تۇرمۇشۇم مېنىڭ ئىنتىلىشلىرىم ئۈچۈن توسقۇن ئەمەس ، تۈرتكە بولسا ، دەپ ئويلايتتىم ۋە ئارزۇ قىلاتتىم . لېكىن سېنىڭ كىم ۋە قانداق ئادەم بولۇشۇڭنى غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىڭ ئەمەس ، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تەلىپى بەلگىلەيدىكەن ، هېلىقى ئارزۇلىرىڭ ئۇ چاغدىكى بىر كېچىنىڭ چۆچەكلىرىدەك قىزىق ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن . مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگۈچىمۇ ماشىنىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ، هېلىقى بىز قىلىدىغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى خىياللارنى داۋاملاشتۇردۇم — خىيالىمدا مەن خوتەنگە كېلىپ ئىككى - ئۈچ يىل قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىدىم ، ئاخشاملىرى ئالىي ماتېماتىكىدىن بىلىم ئالدىم ، تاپقان پۇلۇمدىن ئېشىنىپ يېتىم بالىلارنى ئوقۇتتۇم ، شۇ يەردىكى دېهقانلارنىڭ ئىشلىرىغا جان - دىل بىلەن ياردەممۇ قىلدىم ، مېنى يامان دەيدىغان ئادەم قالمىدى . بۇ «ياخشىچاق»لىقنى بىرەر تەمە بىلەن ئەمەس ، بەلكى دىلىم خالىغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلدىم . شۇنىڭدىن كېيىن مەن تىلغا ئېلىندىم ، پارتىيىگە كىردىم ، نەمۇنىچى بولدۇم ، ئالىي ئوقۇش يۇرتىغا ئۇزد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلدىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەن دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئورگانلىرىدا ئىشلەش نەتىجە كۆرسىتىدىغان ئىشلارغا قويۇلدۇم، ئومۇمەن خىيالىم مۇشۇنداقراق بولدى. بۇنى غايە دېيىشكە بولاتتى، لېكىن ئەمەلىيەت سېنىڭ بۇ غايىلىرىڭگە پۈتۈنلەيلا باشقىچە رەڭ بېرىپ قويىدىكەن. سېنى ئىشۋاز ئادەم قىلىپ قويىدىكەن، ئىشۋاز ئادەملەر ھامان ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا كەم ئويلايدۇ، كۈندىلىك ئىشلارنى كۆپرەك ئويلايدۇ، ئېشىپ كەتسە ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى قىلىدىغان ئىشلارنىلا ئويلاپ قويىدۇ!

مەن ھەيران قالدىم، ھاشىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلدى. مانا قارا، غايە ۋە ھېسسىياتقا باي بىر يىگىت ئېشىپ كەتسە ئىككى، ئۈچ كۈنلۈك ئىشنىلا ئويلاپ قويىدىغان ئىشۋازلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، كىم بولۇشنى ئويلاشتىن توختىدىم دېگىنە، — دېدىم كۈلۈپ، — بەك ئېچىنىشلىق ئىش!

— بەك راھەت! — دېدى ھاشىر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — كىم بولۇشۇڭنى جەمئىيەت بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلگىنىڭ — سېنىڭ خىيالپەرەسلىكتىن قۇتۇلغىنىڭ. خىيالپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇش ئادەم ئۈچۈن راھەتكەن.

— قانغۇچە ئۇخلايسەن، تويغۇچە يەيسەن، ئەقىل ئىشلەتمەي نۇرغۇن ئېنېرگىيە ئىقتىساد قىلىۋالىسەن، شۇنداقمۇ؟

ھاشىر قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، مېنىڭ قوللىرىمنى مۇجۇپ قويدى:

— سەن مېنى تەييارتاپ، لايغەزەل بولۇۋاپتۇ دەۋاتىسەن ـ ھە! خاتا چۈشىنىۋاتىسەن. مەن بۇرۇنقىدىن كۆپ تىرىشچان، ھەتتا دۆلەت ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلغان ۋاقىتلىرىمىزغا قارىغاندىمۇ ئالدىراش ۋە جىددىي. مەن: «كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىسەن؟» دېگەن سوئالغا ھەر كۈنى ئۆزۈم رازى بولغۇدەك

جاۋاب بېرىپ تۇرىمەن . مەن ساڭا ئىككىلا ئىشنى دەپ بېرەي .
بۇلتۇر 9 ـ سىنىپنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ئىدىم ، سىنىپىمدا
ياخشى ئوقۇۋاتقان ئىدراكلىق بىر قىز بىر ھەپتە دەرسكە كەلمە-
دى . مەن ئۇ قىزنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشىنى خالايمەنمۇ ؟ ئۇ پۈتۈن
پەنلەردە ئەلاچى ، ئەخلاقلىق ، تىرىشچان قىز ئىدى ، ئۇ قىزنىڭ
جەمئىيەتكە يارامىلىق بىر خادىم بولۇپ چىقىشىغا كۆزۈم يېتەتتى .
شۇنداق قىلىپ ، مەن ئىزدەپ ـ سوراپ ، ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە پىيادە
بىر كۈن ، ئۇلاغ بىلەن يېرىم كۈن مېڭىپ تېپىپ باردىم . يالغۇز
ھويلا ئىكەن ، ئۆينىڭ ئەتراپى باغ ، نېرىسى قۇملۇق ئىكەن .
بارسام ، قىزمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كېۋەزگە ئىشلەۋېتىپتۇ . قىز
مېنى كۆردى ـ دە ، ئانىسىغا پىچىرلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ
كەتتى . مەن سالام قىلدىم ، ئۇلار سالىمىمنىمۇ ئىلىك ئالمىدى .
مەن مەقسىتىمنى ئاددىيلا قىلىپ ئېيتىپ :

— قۇتىڭگۈلنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن ، — دېدىم .

ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى ـ
دە ، ئاتىسى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ :

— يول قويسىلىكەن ، سىلىدىن سورىۋالساق ، قىزىمىز ئەمە-
دى بىزگە قاراشسا ! — دېدى .

مەن قىزنىڭ ياخشى ئوقۇۋاتقىنىنى ، قىزدا چوڭ ئۈمىد بارلى-
قىنى ئېيتتىم . ئۇ ئادەم يەرنى تاتىلاپ تۇرۇپ دېدى :

— بىزلىگە ئوقۇشنىڭ نېنى بۇيرۇلمىغان ، كەتمەننىڭ نېنى-
نى يېگىلى قويسىلا !

مەن ياخشى گەپ قىلىپ ھاردىم . تەمىنات ئېلىپ بېرىشكە ،
ھەتتا ئۆز پۇلۇمدىن ياردەم قىلىشقىمۇ ۋەدە بەردىم ، لېكىن ئۇلار
زادىلا ئەيۋەشكە كەلمىدى . مەن ئۇ قىزنى نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن
ئېلىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ ، ئاخىر ئاچچىقلاشقا باشلىدىم :

— سىز قانداق كەمبەغەل دېھقانسىز ؟ ماۋجۇشى ، پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قەددىمىزنى كۆتۈردى ، مۇشۇ ئۆي ـ جاي ، باغلارنى بەردى . بىزنى پاراۋان ياشىسۇن دەپ سوتسىيالىزم قۇرۇپ بەردى . سىز ھازىر خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەزاسى !...

— خوش ، نېمە دەيلا ئۆزى ؟ — قىزنىڭ دادىسى ماڭا قاتتىق سوئال قويدى .

— نېمە دەيتتىم ، بالىنى مەكتەپكە بېرىڭ !

— سىلى ئۆيلەنگەنمۇ ؟ — ئۇ پۇتۇنلەيلا مۇناسىۋەتسىز سوئال سورىدى .

— ياق ، — دېدىم ھەيران بولۇپ .

— ئانداق بولسا ، قىزىم بۇ يىل ئون ئالتىدە ، چوڭ بولۇپ قالدى ، بەكمۇ چىڭ تۇرۇۋاللا ، قىزغا كۆڭۈللىرى چۈشكەن بولسا ، تويىنى قىلىپ ئەكەتسىلە !

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم . ئويلىغىنا ، خەلقىمىزنىڭ ئېڭى تېخى مۇشۇ ھالەتتە تۇرسا ، بىز قانداقمۇ ئۇلارنى ئويلىماي تۇرالايمىز . بىزنىڭ ھەرقانداق غايىمىز ئاشۇ خەلقىمىزنى ئىلىم ـ پەن بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىشقا بويسۇنامدۇ ؟

— شۇنداق قىلىپ ، قىزنى قانداق قىلدىڭ ؟ — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدىم .

— قـانـداق قىلاتتىم ، — دېـدى ھـاشـىـر موخوركا ئورا-ۋېتىپ ، — دۆيجاڭغا ئېيتتىم . دۆيجاڭ بىرلا ۋارقىراپ ئۈنى ئەي-ۋەشكە كەلتۈردى . جان كۆيەر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېرىم كۈنلۈك ياخ-شى گېپىگە پىسەنت قىلمىغان دېھقان ، تەكەببۇر ۋە بۇيرۇقۋاز كىچىك ئەمەلدارنىڭ بىر ھەيۋىسىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ھازىر جاۋاب بولدى . ئويلىغىنا ، بىزنىڭ خەلقىمىز پەن ـ بىلىم-نىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بىلىم ئەھلىنى تېخى تونۇمىسا ، قەدىرلىمى-سە ، ئۇلار ئوقۇش ، بىلىم ئېلىشنى باشقىلارنى قول قىلىش ،

بوزەك قىلىشىنىڭ دەسمايىسى دەپ قاراۋاتسا ، بىز قانداقمۇ خەلق-
نىڭ غېمىنى يېمەستىن ئۆز غايىمىز توغرۇلۇق باش قاتۇرالايمىز .
راست گەپنى ئېيتسام ، مەن ئالدىرايمەن ، پۈتۈن خەلقنى پەن -
بىلىمدىن بەھرىمەن قىلىشقا ، ئۇلارنى تېزرەك دۇنيادىكى ئىلغار
خەلقلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرايمەن . مانا بۇ ، مېنىڭ غايەم !

— قۇتىگۇل ئوقۇۋاتامدۇ ؟

— بۇ يىل 10 - سىنىپنى تۈگىتىپ شىنجاڭ تېببىي ئىنستى-
تۇتىغا ئوقۇشقا ماڭدى ، — دېدى هاشىر خۇشاللىق بىلەن ، —
مەن ۋەدىگە ۋاپا قىلدىم ، قىزنىڭ ئوقۇشىغا ھەر تەرەپتىن ياردەم
قىلدىم . مېنىڭ خاتىرىلىرىم مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن تولغان . مەن
ساڭا 1958 - يىللىق خاتىرەمنى بېرەي ، مە ، ئوقۇپ كۆرگىن .
خوش ، ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە كېلەي…

— بولدى ، يېتەرلىك ،— دېدىم مەن ئۇنى مۇجۇپ
قويۇپ ،— قالغىنىنى مۇنۇ دەپتەردىن ئوقۇۋالالايمەن ، ئۇنىڭدىن
كۆرە ، سەن شۇنى ئېيتقىنا ! ئاشۇ خىل ئىشلار سېنىڭ ئۆزۈڭ
توغرىسىدا ، كەلگۈسى غايەڭ توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشىڭگە
يول قويمىدىما ؟

— مەن ھەپتىسىگە يىگىرمە ئىككى سائەت دەرس بەردىم ، ھەر
كۈنى ئۈچ سىنىپنىڭ بىر يۈز ئون نەچچە دەپتىرىنى كۆرۈپ
چىقتىم ، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا يې-
تەكچىلىك قىلدىم . بىلەمسەن ، بىر سىنىپتا ھەر خىل مىجەز ،
ھەر خىل خاھىش ، ھەر خىل ئىنتىلىشلىرى بار ئوتتۇز توققۇز
ئوقۇغۇچى بار ، ئۇلار سېنىڭدىن ھەر كۈنى ئوتتۇز توققۇز مەسىلى-
گە جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ . بىرى ساڭا ئوخشاش خىيالپەرەس ، ئۇ
ئۆز غايىسىگە لازىم بولغان ، لېكىن يېشەلمىگەن مەسىلىلىرىنى
سېنىڭدىن سورايدۇ ، يەنە بىرى بولسا ، ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىش
ئۈچۈن سېنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ، يەنە بىرىچۇ ، تۇرمۇشىدا

ئۈچرىغان قىيىنچىلىقىغا ياردەم سورايدۇ . يەنە بىرى ، رۇخسەت ، يەنە بىرى ماجىرا ؛ يەنە بىرى خۇشاللىقىنى ئېيتىدۇ ، يەنە بىرى ساڭا سوۋغا بېرىدۇ... ۋەھاكازا . قىسقىسى ، مەن مۇشۇ ئوتتۇز توققۇز ئوقۇغۇچىنىڭ ھەم ئاتىسى ، ھەم ئانىسى . ئەمدى ئويلاپ باق ، مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ ؟ مەن يەكشەنبىنى بىلمەيمەن ، يەكشەنبە كۈنى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمەن . مەن مۇشۇ ئېغىر ئىش بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمدىن خۇشال بولىمەن . ياشلار مېنىڭ ئالدىمدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ئۇۋىسىدىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ چىققان قۇش بالىلىرىدەك تەرەپ - تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ، مەن خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتمايمەن ! ئوقۇتقۇچىنىڭ خۇشاللىقى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆرۈشتە . ئاداش ، ئەمدى ئويلا ، مەن مۇشۇ بالىلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ شەخسىي غايەم توغرىسىدا باش قاتۇرالايمەن ، قانداقمۇ غايەمنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلالايمەن !...

— شۇنداق قىلىپ ، ئۆزۈمنى جەمئىيەتكە تاپشۇردۇم دېگىن ، — دېدىم مەن جىملىقنى بۇزۇپ ، — جەمئىيەت سېنى نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچى ، ئىلغار پارتىيە ئەزاسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى ! سەن نەمۇنىچى بولۇشنى ، ئۈلگىلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى مەقسەت قىلىپ قويمىدىڭ ، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ، خەلقنىڭ ساڭا چۈشكەن ھاجىتىگە جاۋاب بېرىش ، جاۋاب بەرگەندىمۇ ياخشى جاۋاب بېرىشنىلا ئويلىدىڭ ، شۇنىڭ ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلىدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى ھاشىر ئەمدى ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — مەن ئېنىقىنى ئېيتسام ، جەمئىيەتتىن ، خەلقتىن ، رەھبەرلىكتىن ھېچنېمىنى تەمە قىلمايمەن . مەن قانداق قىلسام بالىلارنى ياخشى

جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە لايىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالايمەن ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەلا دەرىجىگە كۆتۈرەلەيمەن دېگەن مەسىلىلەرنى كۆپ ئويلايمەن ، ئامال - چارە ئىزدەيمەن ، خىلمۇخىل سىناقلارنى ئۆتكۈزىمەن ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىمەن . قىسقىسى ، ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوقۇغۇچىلارنى ، قالغان قىسمىدا جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئىشلارنى ئويلايمەن . ئۆزۈمنى ئويلاشقا بولسا ، ۋاقىت قالمايدۇ !

مەن ھاشىرنىڭ قىزىقارلىق گەپلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم . مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا ئۆز ئىشلىرىمنى ، ھېسسىياتلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم . ئۇ بېرىلىپ ئاڭلىدى .

—... قىسقىسى ، مەن ئۆزۈمنى نەۋرە كۆرگەن بوۋاي دەپ ئويلايمەن . مەن بوۋايلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھەممە ئىشقا باھا بېرىمەن ! — دېدىم . ھاشىر كۈلۈپ كەتتى .

— تەتقىقاتقا بېرىلگۈچىلەردە بولىدىغان خۇسۇسىيەت ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئۇلار ئادەملەر بىلەن كەم ئالاقە قىلىدۇ ، جەمئىيەتكە كەم ئارىلىشىدۇ ، ئۇلاردا قېرىلىق مىجەز ئاسانلا شەكىللىنىپ قالىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، ئۇ كىتابلاردىن ئوقۇغان نەرسىلەرنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ھېسابلىۋالىدۇ - دە ، بىلىمى كۆپەيگەنسېرى ، ئۆزىنىمۇ كۆپنى كۆرگەن ، ياشانغان ھېسابلايدۇ . سەن ئەخمەق ، يوغان ئەيىنەك سېتىۋال ، ھەر كۈنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆزۈڭگە قاراپ تۇرغىن ، — دەپ كۈلدى ھاشىر چاقچاق قىلىپ .

مەن دوەن جياۋشۇغا تېلېفون بېرىپ قويۇپ ، ھاشىرنىڭكىدە قونۇپ قالدىم . بىز كېچىچە مۇڭداشتۇق . ئۇ بىر قېتىممۇ مېنىڭ ئايالىم ياكى رازىيە توغرىسىدا گەپ قىلمىدى . ئاخىر مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم :

— شۇنداق قىلىپ ، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتەمسەن ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ياق ، ئۆيلىنىمەن .
— لايىقىڭ بارمۇ ؟
— ھەئە .
— نەدە ؟
— نەدە بولاتتى ، غۇلجىدا بولمامدۇ ؟
— كىم ئۇ ؟
— بىلمەس بولۇۋالغىنىنى ، رازىيەچۇ ؟
— ساراڭ بولدۇڭمۇ ، رازىيەنىڭ ئېرى ۋە ئىككى بالىسى بارغۇ ؟

— ھەئە ، نېمە بوپتۇ ! — دېدى ئۇ قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ ، — ئېرىدىن ئاجرىشىدىغان بولدى ، ئۆمۈر بويى ئۇ رودۇپايغا بوزەك بولسۇنمۇ ، ئەمىسە . ئەرگە تەگكىنى — ئۇنىڭ خاتالىقى ، قوپاللىق قىلغىنىم — مېنىڭ خاتالىقىم . بۇ يىل ئۈرۈمچىدە مائارىپ ساھەسىدىكى نەمۇنىچىلەر يىغىنىدىن كېيىن بىز ئىككى كۈن بىللە بولدۇق… ھەر ئىككىمىز خاتالىقىمىزنى ئىقرار قىلدۇق . خاتادىن كېيىن بەختلىك بولساقمۇ ، كېچىكمىگەن بولدىمىز . ھە ، ئاۋاق ، نېمىگە چەكچىيىسەن ، سەنمۇ شۇنداق قىل ، ئاجراشمايمەن دەپ خەت ياز . گۈزەلئايمۇ ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىشتىن يالتىيىدۇ . شۇنچە ياخشى كۆرىسەنۇ ، سۆيگىنىڭدىن ئەيىب ئىزدەيسەن تېخى ، سېنىڭ ئەيىبىڭ يوقمىكەن ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان كىتاب خالتىسى… ئەتىلا ياز ، تەشكىلگە قارىتىپ تېلېگرامما بەر !

— كېچىكتىم… ئەمدى كېچىكتىم !…— دېدىم مەن يوتقان بىلەن بېشىمنى پۈركەپ . شۇنىڭ بىلەن ھاشىرنىڭ گېپى تۈگەپ ، خورىكى باشلاندى…

ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ نامەت كەلدى . ئۇ ساقىلىنى پاكىز قىرىپ ، يېڭى قىسقا ، دولىسى تار

كاستوم كىيىۋالغان ، ئاق پاخچۇ كۆخلىكىنىڭ بىر ياقىسى ئىچىدە ، يەنە بىرى كۆچۈكىنىڭ تىلىدەك سىرتىغا چىقىپ تۇراتتى . پۇشقىقى تولىمۇ كەڭ قارا كۆك سارجا بۇرۇلكىسىنىڭ ئالدى تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن ، بۇرۇلكىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تاسمىسىنىڭ يان تەرىپىگە بىر كاللەك ئاچقۇچ ، گۈللۈك غىلاپ ئېسىلغان ، تاسمىنىڭ ئۇچى ئالدى ئوچۇق كاستۇمىنىڭ پېشىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى .

— جياۋشۇرۇڭنى كېيىن ئايرىم چاقىرىمەن !— دېدى ئۇ مېنى تالاغا ئاچىقىۋېلىپ ، — بۈگۈن قونۇپ كەل ، ھاشىرنىڭكىدە قونۇپ ، مېنىڭكىدە قونمىساڭ ئادىل بولماس ، ئەلا . تونۇر كاۋىپى بۇيرۇتۇپ قويدۇم . ھاشىر بويتاق قانچىلىق مېھمان قىلغاندۇ ، مۇدىر بولغىنى بىلەن ئالدىغىنى ئەللىك نەچچە كوي ، مېنىڭ كىچىك قىزىمنىڭ بىر كۈنلۈك پۇلى ئۇ . يۇر دەيمەن ، ئەلا ، قورقما ، مەن كاپىتالىست ئەمەس ، بېشىمدا قالپىقىم يوق . ئاڭلىدىم ، سەنمۇ تېخى پارتىيىگە كىرەلمەپسەن ، قۇرماش قازاق چېغىدا پارتىيىگە كىرىپ بولدى ، ئوسمان قالاقمۇ كوجاڭ بولۇۋاپتۇ تېخى . ئاغىنە بولغاندىكىن بوپتۇ دەپ ، ئوسمانغا بىر گىلەمنى ئۆز دىرىغا بېرىۋەتتىم . يۇر دەيمەن ، نېمىگە تارتىنىسەن ؟

يېرىم سائەتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كوچىغا چىقتىم . مېھمانخانىدىن تۆت كوچا ئېغىزىدىكى ماگىزىنغا بارغۇچە ، ئۇ ئون نەچچە ئادەم بىلەن كۆرۈشتى ، كۆرۈشكۈچىلەرگە ئالدىغا سەل ئېگىلىپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرەتتى ۋە ئوڭ قولى بىلەن گەجگىسىنى سىلاپ قويۇپ ، خىجالەت ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئۇلارغا بىر خىل سۆزنى تەكرارلايتتى :

— ھېلىقى ئۇيغۇر تارىخى توغرۇلۇق دوكلات بېرىپ پۈتۈن شىنجاڭ زىيالىيلىرىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ئەلا نۇرىيوف دېگەن ئالىم مۇشۇ كىشى بولىدۇ ، ۋاقىتلىرى بولسا ، كەچتە ھەمسۆھبەت بولغىلى بارارلا !...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىدىن خاپا بولدۇم :

— تونۇشتۇرۇشۇڭنى قوي ، يالغان تونۇشتۇرۇپ ئادەمنى خىـ
جىل قىلما !

— بىلىمەن ، ساڭا ئارۋاق كېرەك ئەمەس ، ئەمما ماڭا كېـ
رەك . بوپتۇ ، خاپا بولساڭ ، ئارقاڭدىن تونۇشتۇراي…

— ياق ، لازىم بولسا ، ساۋاقدىشىم ئەلا دېسەڭلا بولدى .

— ماقۇل .

بىز تۆت كوچا ئېغىزىدىن «ئۈچ بۇرجەك بازار» تەرەپكە ماڭغاندا ، نامەت سول قول دوقمۇشتىكى تېبابەتچىلىك دۇكىنى ئالدىدا توختاپ ، يولنىڭ نېرىسىدا — مەدەنىيەت يۇرتى بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرغان بىر توپ ئادەم ئارىسىدىكى بىر يىگىتكە ۋارقىرىدى :

— ھېلىقى مەن دېگەندەك بولسۇن ، جۇمۇ . كونا ئولتۇرۇش بىلەن پۈتۈن سازەندە ، ناخشىچى ، ئۇسسۇلچى ، قىزىقچىلارنى باشـ
لاپ بارغىن ، ھەممىگە ئېيت ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارىخ ئالىمى نامەتنىڭكىگە كەپتىكەن ، شۇنىڭ شەرىپىگە تاڭ ئاتار ئويۇن بولىدىكەن دېگىن…

مەن خىجىللىقتىن قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدىم :

— ئەمدى توختات ، بۇ تېتىقسىزلىقىڭنى ! — دېدىم تېرىكىپ ، — بولمىسا ، بوسۇغاڭغا دەسسىمەسكە قەسەم ئىچۋېتىـ
مەن جۇمۇ !

ئۇ ھىجايدى ۋە قىزارغان كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ :

— ئەخمەق ، بىر داۋراڭ بىلەن ئەتىدىن باشلاپ ئالىقانغا چىقىسەن ، ئۆيمۇئۆي ، باغمۇباغ مېھمان بولىسەن ، گېزىتكە رەسىـ
مىڭ بىلەن چىقىرىمىز تېخى . ھەممىنى ئوخشىتىدىغان پۇل . مۇنو گال بارلىكى ئادەم ، يالغان ئېيتماي ياشمايدۇ .

— سەن مېنى خلىستاكوف① قىلىپ مەسخىرە قىلماقچىمۇ- سەن ، بولدى ، ئۆيۈڭگە بارمايمەن !

مەن راستىنلا كەينىمگە ياندىم ، نامەتنىڭ مېنى كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرغۇزۇپ سېتىۋېتىدىغىنىغا ئىشەندىم . ئۇ مېنىڭ بىلىكىمگە ئېسىلدى - دە ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— بولدى ، بولدى ، مېنى رەسۋا قىلمىساڭچۇ ، ئەلا ، بوسۇغامغا دەسسەپلا قايت زادى ، مەن ھېچكىمنى چاقىرماي ، بولدى ئەمدى !

— چاقىرىپ بولدۇڭغۇ ؟

— ئۆزۈم توغرىلايمەن .

بىز ئەمدى جىم ماڭدۇق . مەن ھۆكۈمەت ئېيتىۋاتقان ئىككى قارىغۇ قارىمىنىڭ ئالدىدا — گۆشگىردە دۇكىنىنىڭ يېنىدا توختىدىم . شۇ چاغدا ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيگەن ، كەڭ ئاق خەسە ئىشتان ۋە پۇتىغا قوڭالتاق كالاچ سېپىۋالغان ، ئېڭىكىدە تۈت تاللا ساقىلى بار ، ئوچۇق مەيدىسىنى سېرىق تۈك باسقان ، بۇرنى بىلەن كۆزى ھەددىدىن زىيادە يوغان بىر ئادەم قارا ئىشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ بىزگە سالام بەردى . ئۇنىڭ ئېشىكى ئاۋۋال قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ سىلكىندى - دە ، ئاندىن قۇلىقىنى تىك قىلىپ ئىنجىقلاپ ھاڭرىدى . نەق شۇ چاغدا ، ئۇ ئادەم نامەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . نامەت بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى - دە ، مېنىڭ قۇلىقىمغا :

— ئاشۇ ياندىكى جىگدىلىك كوچىغا كىرسەڭ ، ئوڭ قولدىكى ئەنجان تاملىق ، چىتلانغان بېغى بار چوڭ قورۇ مېنىڭ . خاپا بولماي بېرىپ تۇرغىن ، مەن ھازىرلا كەينىڭدىن بارىمەن ، ئۆيدە ئايالىم بار . قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئۇچ قېتىم چەك ، ئايالىم

---

① گوگولنىڭ «رېۋىزور» دېگەن كومېدىيىسىنىڭ قەھرىمانى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



سېنى كۈتۈۋالدۇ ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدىم .

— كىم ؟— دېگەن توم ئاۋاز ، ئاندىن ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ، كىمدۇر بىرىنىڭ ئىتنى تىللىغىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن كالاچنىڭ شىپىلدىغىنى ئاڭلاندى ـ دە ، ئىشىك ئېچىلدى . مەن نامەتنىڭ ئايالىغا ھەيران بولۇپ قارىدىم : ئۇنىڭ يوغان خۇمار كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى ، قاپىقى كۆكۈچ ۋە پولاشقان پىششىق ئۈزۈمدەك تۇرۇم ـ تۇرۇم ، قاڭشارلىق ، ئاقپىشماق ، سېمىزلىكتىن ئىككى قوۋۇزى ساڭگىلاپ ، ئېچىغان خېمىرتۇرۇچتەك كۆپچۈگەن ، ياش- لىقنىڭ تەمىنى تۇرغۇن تېتىغان لەۋلىرى ، ئەمدى تەشنالىقتىن قۇرۇپ ، گەز باغلىغان ، ئەمما بۇ لەۋلەر ئىچىدىكى يالقۇن چېچىپ تۇرغان ئالتۇن قاپلاتقان ئۇششاق چىشلىرى ، ئۇ لەۋلەرگە قىزغۇچ ھەل بەرگەن ، ئالدىغا تاشلانغان بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرسىمۇ ، ئايال ئۇنى كوزا ـ كوزاڭ قىلىپ ئويىنىتىپ تۇراتتى . ئايال ئالتۇن چىشلىرىنى يالت ـ يۇلت قىلىپ ، قولىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسىنى پولاڭلىد- تىپ ، تېرىپ ئىنچىكە قىلىۋالغان سۇس قېشىنى ئاپتاپتا قالغان سازاڭدەك سەكرىتىپ گەپ قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىمۇ يوشۇرۇپ قالالمىغان ھارام گۆشلىرى سەت سىلكىنەتتى… ئۇ مېنى كۆرۈپ قاشلىرىنى ئويناتتى ـ دە ، ئالتۇن ئۈزۈكلۈك دىقماق ، گۆشلۈك قوللىرىنى ھېيىقماستىن بىلىكىمگە سۇندى ، مەن كەي- نىمگە داجىدىم .

— ھە ، يىگىت ، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئايىغىمدىن ـ بېشىمغىچە قارىۋېلىپ ، — گىلەم لازىمما ، خېنىملىرىغا ئەتلەس ئالامىيا ، خېنىملىرى ئۈزدۇ ؟ خانئەتلەس دېگەنمىدى ، تىكتۈرۈپ ئېلىپ كې- تەملا ياكى ئەن پېتىمۇ ؟…

— ياق ، مەن…

— ھە ، بىلدىم ماگىزىنچى ئەمەسمۇ سىز ، نېمە مال كەلدى ، نەچچە تەڭگە لازىمتى ؟

— مەن…

— ھە ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ساتىدىغان ئىككى بورداق قويى بار كادىر سىلىمۇيا ؟ نەچچىدىن كېلىشكەن ، قويىنى ئەكېلىپ ، ئاندىن پۇلغا قول سۇنسىلا يىگىت ، جۇگۇسىلا !

ئۇ مېنى سىلىق ئىتتىرىپ قويۇپ ، ئىككى قولىنى ئىككى تېقىمىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى .

— مېنىڭ قويۇم يوق !…

— ھە ، ئېسىم قۇرۇسۇن !— دېدى گېپىمنى ئۈزۈپ تاشلاپ ،— ھېلىقى قارىقاش بازار ئىچىدىكى قاسساپنىڭ كادىر ئوغلى سىلىغۇ — ھە ، كاللا — پاقالچاق ئەكەللىمۇ ، ئۆپكە — زاسۇيمۇ ؟

مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم :

— سىلەرنىڭكىگە ئوقەتچىلەردىن باشقا ئادەم كەلمەمدۇ ، نېمە ؟

— ۋاي كېلىدۇ ، ۋالىيمۇ ، كادىرمۇ ، مۇئەللىم ، ئارتىس ، دوختۇرمۇ كېلىدۇ . يىگىت ، شەدداتنىڭ جەننىتىدەك بېغىم بار ، خاننىڭ سارىيىدەك ئۆيۈم بار ، ئېچىل داستىخاندەك نېمەتلىك داستىخىنىم بار ، ۋايىەي ، چىۋىن ھەسەلگە ياماشقاندەك ، ھەممىلا ئادەم مېنىڭ ئۆيۈمنى چۆرگىلەيدۇ . كىم كەلمەيدۇ دەيلا ، خوش يىگىت ، بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشىمامىلا ؟

— مەن لەنجۇدىن كەلگەن .

— ۋاي پېشانەم ! — دېدى ئۇ پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ ، — ھېلىقى نامەت دېگەن قارا دۆە ، چىرايلىق بىر يىگىت كېلىدۇ دېمەستىن ، ئالىم كېلىدۇ دېدى ئەمەسما ، ئاللا ، ما سەتچىلىكنى ، جۇسىلە ، ئەلاجان ، ماننداق دېسىلە ، ماڭسىلا ، ھويلا قاراڭغۇ ،

ئەكەلسىلە قوللىرىنى...

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن ھويلىغا كىردىم . ئامۇت ، ئانار ، ياڭاق ، شاتۇت ، مەن بىلمەيدىغان ئاللىقانداق مېۋىلىك دەرەخلەر... قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىن ئىتلار كاڭشىۋىدى ، ئايال : «چاغ !» دەپ قويىدى ؛ كالا مۆرىۋىدى ، «پىچاق يەمسەن !» دىدى ؛ قويلىرى مەرىۋىدى ، «شۇنچە شاپاقنى يەپ بولاشتىڭما !» دىدى ، ئىشەكلەر ھاڭرىۋىدى ، «ھىلى كىلىدۇ ، نامىتەك ھىلى كىلىدۇ» دىدى .

مەن تۇۋرۇك ۋە دەرەخلەرنىڭ تۇۋىدىكى ئىتلارنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىگە قاراپ مىڭىپ ، ئارانلا باراڭغا تۇتاشقان كەڭ پېشايۋانغا كىلىۋالدىم ، پېشايۋان قاراڭغۇ ۋە زەي ئىدى .

— نىمىشقا باراڭ قىلىپ ، كۈن چۈشمەس قىلىۋالغانسىلەر ؟

— ئىھ !— دىدى ئايال ئەمدى باشقىچىلا ناياقلاپ مىنى يىرگەندۇرۇپ ،— كۈن دىگەن ھەممە يەردە بار . ۋاييەي ، خوتەنلىكلەر كۈندىن تويغان ، پۇلغا زار ، بۇ باراڭ دىگەن پۇل ئەمەسما ! كۆرسىلە ، ساپلا ئالتۇن ! ئۈيگە كىرسىلە ، نىمىدىن قورقىدىلا يىگىت ، كۆتۈرۈپ ئەكىرەيمۇيا ؟

ئۇ قىلىن يوپۇرماقلار ئارىسىدا تۇرغان ئۈزۈملەرنى قىشى بىلەن شەرەت قىلدى ـ دە ، مىنىڭ قولۇمغا يەنە قول سوزدى . مەن كەينىمگە داجىۋىدىم ، ئۇ خىجىل بولغاندەك :

— كاتقا ئولتۇرسىلا ئەمىسە ، ئۇسسىغانلا ، دوغ قىلايمۇ ياكى مۇزدەك تاۋۇز ـ قوغۇن تىلايمۇ ؟ توختىسىلا ، ماۋۇ يېكەندازنى سىلىپ بېرەي ! — دىدى ۋە يېكەنداز سالغان بولۇپ كۆكرىكىنى مۈرەمگە ، چاچلىرىنى يۈزۈمگە تەگكۈزدى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غىدىقىم كىلىپ كەتتى .

— قارىسىلا ، كۆزلىرى ئىلىنىپ تۇرىدۇ ، بولمىسا ، دوغ ئىچىپ ياقسىلا ، ئاندىن تاماق پىشقۇچە بالىخانا ئۈيگە چىقىپ ئۇخلىۋالسىلا . ئۆي سالقىن ، قاراڭغۇ ، ئانىلىرىنىڭ ئىچىكىدە ياتقاد-

ـدەك ، ھى… ھى… ھى…
— سىلى نەلىك ؟ — دېدىم مەن گەپنى يۆتكەپ .
— نەلىك بولاتتىم ، نەدە پۇل بولسا شۇ يەرلىك ! نامىتەك بىلەن ، ئۇرۇمچىدىن كېلىۋېتىپ كۇچاردىكى سارايدا تېپىشقان . نەگە دېسەم ، خوتەنگە دېدى ، ماقۇل دەپ بىللە كەلدىم . قارىسام ، ئۇقەتكە ياخشى يەر ئىكەن ، ئادەملىرى ياۋاش ، بىر يىل ئوقەت قىلىپ مۇشۇ جاينى سېتىۋالدۇق . نامەتكە پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئۆگەتتىم . ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك پىسسىڭگىدە كۆلۈپ قو- يۇپ ، ئاسمانغا بىر ، يەرگە بىر قارىۋېدىمىكىن ، ئۇ ئېتىكىمگە مومدەك چاپلاشتى . ماقۇل ئەمىسە دەپ ، ئون نەچچە ياش چوڭ بولسامۇ تېگىۋالدىم . لېكىنزە ، بۇ ئوغرى بەك خوتۇنباز ئىكەن ، بەش - تۆت تەڭگە پۇلنى كۆرۈپلا ئاشنا ئوينىغىلى تۇردى . مەن بىلىدىغان ئاشنىسىلا ئوندەك بار دېسىلە . مەيلى ، ئوينىساڭ ئوينا ، مېنىمۇ ئانام سېغىزلاپ باققان ، ئەيىب - خۇسرام بولمىغاندىكىن دەپ مەنمۇ ئوينىغىلى تۇردۇم… كۈننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتىمىز ، قارىسىلا…
مەن سەسكىنىپ كەتتىم :
— سىلى نەلىك زادى ؟
— دېدىمغۇ ، غۇلجا ، ئۇرۇمچى ، كۇچار ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، يەكەن…
— بالىلارنىڭ دادىسى نەلىك ئىدى ؟
— ۋايىيەي ، تۆت بالىنىڭ دادىسى تۆت يەرلىك ! — دېدى ئۇ خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك تەبىئىي سۆزلەپ ، — سوراپ نېمە قىلاتتىلا !…
ئۇ مېنىڭ دوغاپ ئىچىپ بولۇپ بالىخانا ئۆيگە چىقىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرىمەن . مەن بولسام ئەتەيلەپ دوغاپنى ئاستا ئىچمەكتىمەن .

www.uyghurkitap.com



تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى . هويلا ئىشىكى قېقىلدى ۋە بىر دەم-دىن كېيىن ناخشا ئېيتقىنىچە ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بىر چىراي-لىق قىز كىرىپ كەلدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى ـ دە ، قولىنى قويۇۋېتىپ ماڭا سىڭايان قاراپ كۈلۈم-سىرىدى . قىز ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇدەك چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرى ، شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەندەك ھەر-قانداق يۈرەكنى تىترىتەلەيتتى . مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن كۆ-زۈمنى قاچۇرۇپ ، ئانىسىدىن سورىدىم :

— قىزلىرىمۇ ؟

— ھەئە ، ئوقۇتىمىدىم ! — دېدى ئايال قىزغا زوق بىلەن قاراپ ، — چايخانا ئاچتۇق ، چاي ساتىدۇ ، ئىككى ئايالنى ئايلىق سالدۇق ، شۇلارنى ئىشلىتىدۇ ، پەرىدىگۈل بالام خوتەننىڭ گۈلى دېسىلە ، دۇتار ، ئۇسسۇل ، ناخشا… ھەممىدە بار .

قىز ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى . ئايال ماڭا كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ پىچىرلىدى :

— نامىتەك دېگەن ئوغرى مۇشۇ قىزىمغىمۇ كۆز تاشلاپ يۈرۈيدۇ تېخى !…

مېنىڭ تېنىم شۈركۈندى ، نامەتنىڭ ئۆيىدىن تېزرەك كېتىش-كە ئالدىرىدىم .

لېكىن ، جانغا تېگىدىغان قوراي ـ چاتقاللىق ئىچىدىمۇ بەزىدە سېنى خۇش قىلىدىغان گۈللەر ئېچىلغىنىدەك ، ئادەمنى يىرگەندۈ-رىدىغان بىر خىل تۇرمۇشقىمۇ ، بىر خىل يوشۇرۇن گۈزەللىك سىڭگەنلىكىنى بايقايسەن . مەن نامەتنىڭ ئۆيىدىكى كەچكى ئولتۇ-رۇشتا ، ئەنە شۇنداق يوشۇرۇن گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى بىلدىم . ئۇنىڭ قىزى ئاجايىپ ئۇسسۇلى ، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشىسى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇردى . ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغان ۋاقتىدى-كى ئەۋرىشىم قامىتىنى ، گۈزەل ھەرىكەتلىرىنى تىل بىلەن تەس-

ۋىرلىمەك قىيىن . ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى مۇشۇ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر نۆۋبىتىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بىلەنلا بايان قىلىشقا ئامال تاپتىم :

فەسلى نەۋ باھارىدا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز ،
مىسلى كاكىلى سۇنبۇل ھەر تەرەپ ساچىلغان قىز .

بادە ئىچتىم زەۋقىدا مەيدە ئەكسىنى كۆردۈم ،
ھۆسن باغىدا تەنھا ئولتۇرۇر خىرامان قىز…

مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۇچۇن تەرلەپ ـ پىشىپ غېجەك چالغان ھېلىماخۇن ئاكا ، قارا بۇرۇتلۇق ياش مۇقامچىنىڭ زەلىلى غەزەللىرىنى تولۇق ۋە توغرا ئېيتىشى ، ئاۋۇتەك قىزىقچىنىڭ تاجىخان ئەلنەغمىچىنى دورايمەن دەپ ، نامەتنىڭ ئايالىنى مازاق قىلىپ بىزنى كۈلدۈرۈشى ، سەنئەتخۇمار قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى . مەن نامەتنىڭ قىپقىزىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ياسىداق سارىيىدا خۇشاللىقتىن مەست بولدۇم . ئۇنىڭ تونۇر كاۋىپى ، گۆشگىردە ، ھەر خىل سەي ، مېۋىلەر چېچىلىپ ياتقان داستىخىنىنى قايرىپ قويۇپ ، ئۇسسۇلخۇمارلار بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويندىم ، كۈلدۈم ، ھەتتا قولۇمغا رومكا ئېلىپ زەلىلى ، نۆۋبىتىلەرنىڭ خوتەن ـ ئىلچى توغرىسىدا يېزىلغان گۈزەل شېئىرلىرىنى ئوقۇدۇم . ئۆيگە لىق تولغان مېھمانلاردىن بەزىلىرى خۇشاللىقتىن مېنى قۇچاقلىدى ، بەزىلىرى كۆزىگە ياش ئېلىپ ، ماڭا مۇسەللەس تۇتتى . ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شائىر نۆۋبىتىنىڭ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ مېنىڭ شۇم تالەئىمدىن يار باقمايدۇ ماڭا ،
ئاي يۈزىنى ياشۇرۇپ دىلدار باقمايدۇ ماڭا .

كۆز كۆچى بىرلە باقىپ باغرىم جاراھەت ئەيلەدى ،
لەبلەرىنىڭ مەرھەمىن زىنھار ياقمايدۇ ماڭا...

دېگەن مىسرالىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا ئېيتقىنىمنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا جاۋابەن دەل شۇ نۆۋىتىنىڭ ، زەلىلىنىڭ ، ئەخمەتشاھ قارىقاشىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئوقۇپ مېنى ھەيران قالدۇردى .

يېرىم كېچىدە ئولتۇرۇش ئاخىرلاشتى . قارا بۇرۇت مۇقامچى مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ :

— يىراقتا يۈز ياشىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر ئادەم بار ، ئەگەر خالىسىڭىز مەن ئاپىرىپ كېلەي . ئۇنى كونا كىتاب ، داستان - غەزەللەرنىڭ پىرى دېسىمۇ بولىدۇ ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭغا جەزمەن بارىمەن دەپ ۋەدە بەردىم .

مەن بالىخانىدىكى سارايغا ئۇخلىغىلى چىققاندا ، باش توخۇ چىللىغانىدى . نامەت ۋالاقلاپ ماڭا ئارام بەرمىدى . ئۇ تېتىقسىزلىق بىلەن ماختىنىشقا باشلىدى :

— ھاشىرنىڭ ماختانغۇدەك نېمىسى بار ؟ تۈزۈك ئاغىنىسى يوق ، مېنىلا پۇتلايدۇ تېخى ، ئەللىك نەچچە تەڭگىسى بىلەن نېمىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ ، ھاكاۋۇرلۇقنى مانا بىز قىلساق يارىشىدۇ . غۇلجا بانكىسىدا بەش مىڭ كوي ، ئۈرۈمچىدە تۆت مىڭ كوي ، قەشقەر ، خوتەندىچۇ تېخى ؟ ھەممىسى ھالال پۇل ، بۇنى قاملاشتۇرالىغان ئوغۇل بالا تاپالايدۇ . غۇلجىدىن قوي يۇڭىنى ئىككى كويدىن كەلتۇرىمەن ، ئىككى ئوغلۇم گىلەم توقۇپ ، ئېيىغا ئۈچ يۈز كويدىن ئوشۇق پۇل تاپىدۇ . چارىسى ، شالاڭ توقۇيمىز ، جا بوياق بىلەن بويايمىز ، تەننەرخى ئەللىك كويغىمۇ توختىمايدۇ . ھەر ئايدا

ئۇلار ئىككىسىلا ئۈچ يۈز كوي نەق پايدا كىرگۈزىدۇ . مەنچۇ تېخى ، يەكشەنبە بازارغا كىرىپ ئىككى ئورۇق كالا ياكى تۆت ـ بەش ئورۇق قوي ئاچىقىمەن ، بىر ھەپتىلا بېقىپ ، ئىككى ھەسسە پايدىسىغا ساتىمەن ، مۇنۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزى ھارام ، پۇلى ھالال ، گىلەم ، ئەتلەس سودىسىدا ھېچكىم ئۇنى دورىيالمايدۇ . قىسقىسى ، ئايلىق كىرىمىم مىڭ كويدىن ئاشىدۇ . ھاشىردەك يىگىرمىنىڭ پۇلىنى بىر ئايدا تاپىمەن !...

— قويغىنا ، نامەت !

— بوپتۇ ، قۇلىقىڭغا ياقىدىغان گەپنى قىلاي ! ئوينايمىزمۇ ؟ ھازىرلا توغرىلايمەن...

— ۋالاقلىمىساڭچۇ !

— گۈزەلئاي ھېلىقى رەقىپ شىبە بىلەن ئويناپ قويۇپتۇ ـ ھە ؟...

— ئاغزىڭنى يىغ ـ ھە !

— نېمە تېرىكىسەن ، قايسىبىر چىرايلىق ئۇنداق ئىشنى قىلـمايدۇ دەيسەن ؟ جاجىسى پۇل ، پۇلنىڭ ئۈچىنى كۆرسەتسەڭ ، جەننەتنىڭ ھۆر ـ پەرىلىرىمۇ قۇچىقىڭنى ئاچىدۇ !

— ئەمدى ۋالاقلىساڭ ، مەن كېتىمەن !

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم ، ئۇ جىمىپ قالدى .

كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەندە ، ئۇ مېنى يەنە ئىرغىتتى :

— ئۇنداق بولسا خاتىرجەم ئۇخلا ، مەن ھېلىقى ئۈچ بۇرجەك بازاردا ئۇچراشقان كالا كۆز ئوغرى بىلەن بىر يەرگە بېرىشقا ۋەدىلىشىپ قويغان !

مەن يەنە كۆزۈمنى يۇمدۇم . قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيـمەن ، تۇيۇقسىزدىن يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام ، بىر گۆشلۈك قول ئېغىزىمنى سىلاۋېتىپتۇ . مەن ئۇ قولنى سىلكىۋەتـتىم ـ دە ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، چالا ـ بۇلا كىيىنىپ پەلەمپەيدىن

تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كەتتىم .
يەرگە يېڭى يورۇق چۈشكەندە هاشىرنىڭ ياتقىنىنى چەكتىم .
— نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدى هاشىر كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ .
— نامەتىنىڭ ئۆيىدە قونغانىدىم ، ئۆندەرەپ قاپتىمەن !
«نامەتمۇ ئاشۇنى تۇرمۇش دەپ ماختىنىدىغۇ ، ئاشۇ قوللىرى سېمىز ئايالمۇ تۇرمۇشتىن لەززەت ئىزدەيدىغۇ ، ئۇ ئۆزىنى زادىلا هاياتتا ئەيىبلىك ئادەم هېسابلىمايدىغۇ ، مەن نېمىشقا ئۆز ئايالىمدىن ، ماڭا تەقدىم قىلالمايدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلدىم . ئەيىبسىز ئىنسان دۇنيادا يوق تۇرسا ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى كەچۈرەلمىدىم ؟ » دەپ ئويلىدىم هاشىرنىڭ يېنىدا ئۇخلاشقا يېتىۋېتىپ .

## 4

... ئېشەك بىلەن قۇملۇق يولدا ئۇزاق ماڭدۇق . قۇم دۆۋىلىرىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە غولى قىزغۇچ سۆكسۆك ياكى قامغاق كۆرۈنۈپ قالدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكمۇ يوق . قىزغۇچ قۇم ئۇپۇققا بېرىپ تۇتاشقان ، ئىسسىق شامال بەزىدە قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن چىقىپ يۈزلەرگە ئۇرۇلدۇ ۋە كىشىنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇرىدۇ... ئېشەكلەر خۇددى ئۆز قەدەملىرىنى ساناپ كېتىۋاتقاندەك ، باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشقان . ئۇچ ئېشەكنىڭ ئۇستىدىكى ئۇچ ئادەم — دۇەن جياۋشۇ ، مەن ۋە قارا بۇرۇت مۇقامچى ئەمدى پاراڭلىرىمىزنى توختىتىپ مۇگدەپ خىيالغا بېرىلدۇق . مەن نامەتىنىڭ تاللىۋالغان يولى توغرىسىدا ئويلىدىم : «نە غايە ، نە ئارزۇسى يوق . ئۇنىڭ ئۇچۇن باشقىلارنى شىلىش قانچىلىك راهەت . ل . تولستوي ئۆزىنىڭ ‹تىرىلىش› دېگەن كىتابىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق ئادەملەرنى خاراكتېرلەپ : ‹... ئۇلار تىنىمسىز

ھالدا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدۇ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئۇپرى-تىدۇ، ئۇلارغا مۇقەددەس ۋە جانجان بولغان نەرسە باھارنىڭ سەھىرىمۇ، بەندىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن يارىتىلغان مۇنۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىمۇ ئەمەس؛ كىشىلەرنى تىنچلىق ۋە مادارغا دەۋەت قىلى-غۇچى مېھىر - مۇھەببەت گۈزەللىكىمۇ ئەمەس؛ ئۇلارغا مۇقەد-دەس ۋە جانجان بولغان نەرسە، ئۇلار ئۆزلىرى ئويلاپ چىقىرىۋال-غان، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئىشقا سالىدىغان خىلمۇ-خىل چارىلەر[①]...» دەپ يازغانىدى.

باھارنىڭ سەھىرى، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، مېھىر - مۇھەب-بەت — گۈزەل نەرسىلەر. جاھاندا گۈزەللىك نۇرغۇن، ئىنسانغا مۇشۇ گۈزەللىكنى تېپىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت، كۆرۈش ئۈچۈن كۆز بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان گۈزەللىكنىڭ تاپقۇچىسى، كۆرگۈچىسى، ئەڭ مۇھىمى، ياراتقۇچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاياتنىڭ قىممىتى گۈزەللىككە ئىنتىلىشتە...

— دەرەخ، ئەنە دەرەخ - بۇلاق بېشى! — دەپ ۋارقىرىدى قارا بۇرۇت مۇقامچى ساتارىنى خۇرجۇندىن ئېلىپ يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋېتىپ.

يېقىنلا يەردە خۇددى سېرىق داستىخاننىڭ بىر تاللا يېشىل يىپىدەك سىزىق كۆرۈنمەكتە. سىزىقنىڭ بىر چېتى ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان، ئۇ خۇددى چەكسىز دېڭىزدىن بىر ئۇچى قىرغاققا چىقىپ قالغان دېڭىز كوكىتىغا ئوخشايتتى.

بىز ئېشەكلىرىمىزنى دېۋەتتۇق ۋە بىردەمدىن كېيىن بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۈزۈك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ، چىمەنلىكتە ياتتۇق. بۇلاق سۈيى ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىردەك يەرگە بېرىپ قۇم ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدىكەن. بۇلاق بېشى دۆڭلۈك، مۇنبەت

---

① خەنزۇچىسىدىن تەرجىمە قىلىندى — ئاپتور.

تۇپراق . ئىككى قورام تاش بۇلاق سۈيىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇلدەك يېشىل قارا مۇخ باسقان بېقىننى سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇغا يېقىپ تۇراتتى . كىمدۇر بىرى بۇلاق بويىغا قارىياغاچ ۋە مەجنۇنتال كۆچەتلىرىنى تىكىپ قويۇپتىكەن ، بوستان بولۇشقا باشلاپتۇ .

— كەتمەننىڭ دەردىنى قول بىلۇر ، لەززىتىنى تىل دېگەن گەپ مانا مۇشۇ ، — دېدى قارا بۇرۇت مۇقامچى دەرەخلەرنى ئەگىم قاشلىرى بىلەن شەرەت قىلىپ قويۇپ ، — كۆسلە ، كەتمەننىڭ بىسى تەگكەن يەردىن قىزىلگۈل ئۈنمەي قالمايدۇ !

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاش ئۈچۈن ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىسىدىن بىرنى ئوقۇدۇم :

مەي ، نەغمە ، ھۆر كەبى ئۈلپىتىڭ بولسا ،
سۇ بويى ، چىمەندە سۆھبىتىڭ بولسا ؛
ھۆزۈرلان بۈنىڭدىن ، ئويلىما دوزاخ ،
بۇنچىلىك بولغاي ئۇ جەننىتىڭ بولسا...

مۇقامچىنىڭ خۇمار كۆزلىرى ئويناپ كەتتى . ئۇ خۇددى شەربەت ئىچكەندەك لەۋلىرىنى يالاپ ، قارا بۇرۇتىنى مىدىرلىتىپ ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى - دە ، ماڭا جاۋابەن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن يادقا ئوقۇشقا باشلىدى :

نەغمە ، مەي ، ئۈلپەتلەر بارى تەخ تۇرسا ،
مەن قانداق جىم تۇراي ، بەزمە نەخ تۇرسا .
شىشىگە مەي تولسا ، باغ دېگەنگە ساز ،
نېمە ئۇ بېھىش ، ھۆر ... بۇنداق بەخ تۇرسا !

— خەزىنە ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى دۆن جىياۋشۇ ھاياجان

بىلەن ياش يىگىتتەك ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، — ئۇيغۇرلار ، سىلەر ئاجايىپ قالتىس بىر مىللەت . ئەپسۇسكى ، سىلەردىكى ئېسىل خۇسۇسىيەت ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيۋاتىدۇ . قېنى ، ئۇكام ، ساتار بىلەن بىر مۇقام خاتىرە قالدۇرۇڭە ، تەكلىماكان ئاۋازىڭىزدىن بىر ھۇزۇرلانسۇن !

مۇقامچى كۈلۈپ قويۇپ ساتارىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدى . ساتار بىلەن مۇقام تەكلىماكاننى كۈلدۈردى ، نەدىندۇر ياۋا غاز ، ياۋا ئۆردەكلەر كۆتۈرۈلدى . ئۇلار كۆپكۆك ئاسماندا ھۇزۇرلىنىپ پەرۋاز قىلىشتى . مەن ئۇلارغا قاراپ چىمەنلىكتە ئوڭدا ياتتىم . ئۇلار بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ، ئەنە ئۇلار بىردەمدىلا قارا چېكىتلەرگە ئايلىنىپ قالدى . مۇقام بېيىتلىرى مېنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەكتە ، كۆكرىكىمدە ھاياجان دولقۇنلىماقتا...

... دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغە يۈز مېھنەت ،
نېتاڭ باشىم ئالىپ كەتسە قويۇپ يارۇ دىيارىمنى...

دېگەن مىسرالار كىرپىكلىرىمدە نەم پەيدا قىلدى . مەن ئىچىمدە بۇ مىسرالارنى يازغان ئۇلۇغ نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى نەزمىسىنى ئەسلىدىم :

چەكمە يۈرەك تارىمنى ،
ئەلگە يايما زارىمنى .
چۈشۈمدە كۆرەرمەنمۇ ،
يىراقتىكى يارىمنى...

مەن ياۋا ئۆردەكلەردىن پەيدا بولغان قارا چېكىتلەرگە كۆز ئۈزمەستىن قارىدىم . چېكىتلەر ئۇپۇققا يېقىنلاشماقتا... بەختلىك

www.uyghurkitap.com

ئۆردەك سائىتىگە يەتمىش ـ سەكسەن كىلومېتىر ئۇچالايدۇ. ئۇ بىر يېرىم كۈن ئۇچسىلا، ئىلى دەرياسى بويىغا يېتەلەيدۇ... مۇشۇ تۈرقىدا گۈزەلئاي نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئەلچۇ؟...

بىرئازدىن كېيىن بىز يەنە سەپىرىمىزنى باشلىدۇق.

— زەلىلىگە قايىلمەن! — دېدى دۆەن جياۋشۇ ئىككى پۇتىنى چوم ئۈستىدە بىر ياققا قىلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — مۇشۇ مىتىقلاپ ماڭىدىغان قاتناش قورالى بىلەن ئۇ يەركەندىن چىقىپ، شۇنچە يولنى بېسىپ بولغان ـ هە! «سەپەرنامە»نىڭ نۇرغۇن مىسرالىرى ئېشەك ئۈستىدە تۈزۈلگەنلىكى ئېنىقتۇ.

— بۇ توغرۇلۇق، — دېدى قارا بۇرۇت مۇقامچى قوملۇقتا يالاڭ ئاياغ بولۇۋالغان دۆەن جياۋشۇغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ، — بىزنىڭ ئۇستام جىق بىلىدۇ، زەلىلى، ئىنىسى دەلىلى، نۆۋبىتى، سەبۇرى، تەجەللى قاتارلىق شائىر توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق هېكايىلەرنى بىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇستا تەمبۇرچى، ئۇنى خوتەندىكى تەمبۇرچىلەرنىڭ پىرى دېسە بولىدۇ. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا، سىلى نېمىشقا تەمبۇردىن باشقا سازنى چالمايلا دېسەم، بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «تەمبۇرنى مىڭ يىل ئەۋلى فارابى ئىجاد قىلغان، سەككاكى، نەۋائى، ئامانىنىساخانلارمۇ ئۇستا تەمبۇرچى ئىدى. بۇ تەمبۇر بىلەن زەخمەك شۇلاردىن قېلىقلىق تۇرسا، نېمىشقا چالمىغۇدەكمەناي!» دېگەنىدى. بىز يەنە بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇ يۈز ياشلىق مۆتىۋەرنى كۆرىمىز...

بىز ئېشەك ئۈستىدە كېتىۋېتىپ مۈگدەشكە باشلىدۇق. قاپاقتىكى بۇلاق سۈيىمۇ ئىسسىپ قاپتۇ، قورساقمۇ پىژىلداپ ئېچىشقا باشلىدى. لېكىن، بىز ئۈپۈق سىزىقىدىن كۆز ئۈزمەستىن ئالغا قاراپ باراتتۇق، نەلەردىدۇ ئاسمان بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدا ئاقۇش كۆك تۆۋرۈك پەيدا قىلىپ قويۇن كۆتۈرۈلەتتى، تۇيۇقسىزلا بارخان كەينىدىن كىچىك قويۇنلار پىرقىراپ چىقىپ، بېشىمىزدىكى

سەپەرلىك ئاق شىلەپىلىرىمىزنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى . نەلەردىدۇ يالت - يۇلت قىلغان سەھرا لاۋىسى كۆتۈرۈلۈپ كۆزلەرنى ئالدايت- تى ، تۇرۇپلا شامالنىڭ ئۇشتەك ئاۋازى ، قۇشلارنىڭ قانىتىدىن چىققان غوڭۇلدىغان ئاۋازلار كېلەتتى...

كۈن چۈشتىن قايرىلدى . ئاندا - ساندا تېزەك ئۇچراپ تۇرد- دىغان يول قۇملۇق ، شېخىللىق ، قامغاق - چاتقاللىق يەرلەردىن ئۆتۈپ ئالغا قاراپ سوزۇلۇپ بارماقتا...

... قۇملۇق بارخانلىرىدىن تالايلىرىنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ كېتىپ بارىمىز . سەھرا ئاپتىپى جاندىن ئۆتتى ، ئېشەكنىڭ بىر خىل قەدىمى بىزنى تېخىمۇ مۈگدەتمەكتە...

— قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن ،— دېدىم مۇقامچىغا قاراپ . ئۇ ئېشەكدىن چۈشتى - دە ، كۈلۈپ قويۇپ :

— تۈگىمەي قالارمىكىن ، قارىسىلا ، يېزا كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، — دېدى .

مەن ئۇيۇق قىرغىقىغا قارىدىم : راستتىنلا يېشىل دۇخاۋا بۆككە ئوخشاش دۇپدۇگىلەك دەرەخلىك — يېزا كۆرۈندى .

— ئۇھ ! كېلىپ قاپتۇق - ھە !— دېدى باياتىن مۈگدەپ ئولتۇرغان دوەن جياۋشۇ جانلىنىپ ، — ئۇيغۇر يولۇچىلىرىغا قايىلمەن ، ئۇلار مۇشۇنداق ئېشەك بىلەن چۆللەردە ئايلاپ مېڭىپمۇ چىدايدۇ ، خوتەندىن پىيادە چىقىپ ئىلى ، ئالتايلارغىمۇ كېتىدۇ !

— ئىلى ، ئالتاي يېقىنغۇ ، ناھايىتى ئايلىق يول ، — دېدى قارا بۇرۇت مۇقامچى ، — ھىندىستان ، ئەرەبىستان ، شىۋىستان (ئىراننى دېمەكچى ) ، مىسىر ، ئىستانبۇللارغىمۇ پىيادە بېرىپ كەلگەنلەر كۆپ...

يېزىغا كەلدۇق ، مەھەللە كىچىك ، ئۆيلىرى شالاڭ ئىكەن . ھەممىلا يەر توپىلىق ، كوچىسىنىڭ تايىنى يوق ، بۇك - باراقسان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باغلار ئۆيلەرنى چۈمكەپ تۇراتتى . ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ، سەل ئېگىلىپ — ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئېگىز بوي ، قارا ساقال ، خۇش چىراي ۋە قاش ـ كۆزى ناھايىتى چىرايلىق بىر ئادەم پاكار قاشالىق ھويلىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئۆيىنى كۆرسىتىپ :

— مەرھەمەت قىلىشسىلا ، كادىرلىرىمىز ! — دېدى . مۇقامـ چى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە بىزنى ئۇنىڭ ھويلىسىغا باشلىدى . بىز ھويلىغا كىردۇق ۋە چوڭ ياڭاقنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا ئولتۇردۇق . ساھىبخانا بىزگە ئاتاپ ئۆيىدىن زىلچا ئېلىپ چىقتى ، ھەش ـ پەش دېگۈچە قوغۇن تىلدى ، نان ئۇشتىدى . بىز شەربەتتەك قوغۇن بىلەن يۇمشاق ناننى ئىشتىھا بىلەن يېدۇق .

— ئىسىملىرى نېمىكىن ؟

— مەتقۇربان ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ قويۇپ .

— بۇ ئىككى كادىر سەيدۇللا مەخسۇمنى بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەك دېيۈدى ، باشلاپ كەلدىم ، — دېدى مۇقامچى .

— ناھايىتى ئوبدان ، ئۇ ئادەم مېنىڭ بوۋام بولىدۇ . بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى رايونغا — پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ مەجلىسىگە كېتىپ قېلىۋىدى ، بۈگۈن كەچ كېلىپ قالارمىكىن !…

— توقسەن بەش ياشتا تۇرۇپ ، يەنە مەجلىسلەرگە قاتـ نىشامدۇ ؟

— شۇنداق . بوۋام گۈڭشېنىڭ ھەيئىتى . ھەر كۈنى كەتمەن بىلەن يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىدۇ . مانا بۇ قوغۇن بوۋامنىڭ پۈكلۈق يېرىدىن ئېلىنغان !

— بىر ئەسىر كەتمەن چاپالايدىكەن ـ دە ، — دېدىم مەن كۈلۈپ ، — سەككىز يېشىدا كەتمەن بىلەن ھەپىلەشسە دەيلى…

بىز بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدۇق ، لېكىن كۈتۈشكە توغرا كەلدى .

— ئۇ ئادەم ئۆمۈر بويى كەتمەن بىلەن لەززەتلىك مېۋە ياراتقان، يەنە مېۋە بېرىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىۋېتىپتۇ، — دېدىم مەن دوەن جياۋشۇغا، — بىز نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇزاقنى كۆزلىيەلمەيمىز - ھە؟ ئۇرۇمچىدە تۆت - بەش قېتىم دوكلات بەردىم، ئاڭلىغانلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرنەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزغا ئىشىنىدۇ، ئۇنى تارقىتىدۇ، قوللىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنى نۇرغۇن ئىزدەنگەن، تەتقىق قىلغان، شۇنداق جاپالىق ئەمگەكلەر بەدىلىگە ئاشۇ بىلىملەرنى ئىگىلىگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن، دوەن جياۋشۇ، مەن خىجىلمەن، ئوق ئېتىش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ ئوقنى تەگكۈزەلمىگەن ئادەمدەك ياكى يازىچە ئەمگەك قىلىپ مېۋە ئالالمىغان دېھقاندەك خىجىلمەن. دوكلات بەردىم دەپ سۆزلىگەنلىرىم شۇنچە يۈزە، شۇنچە چۈۋالچاقكى…

— سىز يەنە شۇ گەپكە چۈشۈۋالدىڭىز، — دېدى دوەن جياۋشۇ كۈلۈپ، — لازىم بولغان نەرسىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىم دەمسىز؟ مەنچە ئۇنداق ئەمەس، سىز «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» توغرىسىدا ئومۇمەن خېلى تەپسىلىي ساۋات بېرەلىدىڭىز، لېكىن سىز قانائەت قىلمايسىز. قانائەت — كۆرەڭلىكنىڭ باشلىنىشى، قانائەت قىلماسلىق، بىلىم تەشنالىقى — ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان پەزىلەت، سىزدىكى روھى قانات!…

بىز غىزالىنىۋېلىپ مەھەللىنى ئارىلاپ يۈرۈپ شۇ گەپلەرنى قىلىشتۇق. بىز چۇرۇقلىشىۋاتقان بالىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سۆھبىتىمىزنى توختاتتۇق ۋە شۇ ياققا باردۇق. ئۇلار بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تىقما - تىقماق بولۇۋېلىپ ئېلىپبەنى ئوقۇۋاتقانىكەن. مەن پەنجىرىدىن قارىدىم: ئالدى ئون بەش ياش، كەينى يەتتە ياش چامىسىدىكى ئوتتۇز - قىرىق بالا ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ چۇرۇقلىشاتتى. قارا تاختا ئىشىك يېنىغا ئېسىلغان.

باللار قوللىرىنى سۇنۇشۇپ قارا تاختىدىكى ھەرپلەرنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىشاتتى. مانا سىنىپقا مۇئەللىم كىردى.

— قۇرماشقۇ! — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە، ھاياجانلىنىپ.

بىزنىڭ ئىلى يايلىقىدا ئۆسكەن قازاق يىگىتىمىز تەكلىماكان ئىچىدىكى بۇ كىچىككىنە يېزىدا قارا كۆز ئۇيغۇر باللىرىغا بىلىم بەرمەكتە. قۇرماش سۆز باشلىدى:

— ئوقۇغۇچىلار، تۇنجى زامانىۋى مەكتىپىمىزدە دەرس باشلاندى. نېمىشقا تۇنجى دەيمىز؟ بۇ يەردە قەدىم - قەدىمدىن تارتىپ مەكتەپ بولۇپ باقمىغان. گۇڭشې پارتكومى بۇ يەردە بۇ يىل مەكتەپ قۇردى. ئەمدى سىلەر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئېشەك مىنىپ بىر كۈنلۈك يەرگە بارمايسىلەر!

مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم - دە، دەرھال جىاۋشۇغا:

— سىزگە پارىڭىنى قىلغان قۇرماش مانا شۇ! — دېدىم،— يېقىندا ئۇنى ئىلمىي مۇدىرلىقتىن يۆتكەپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر بۆلۈمىگە مەسئۇل قىپتۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تەكشۈرگىلى چىقىپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بوپتىكەن. ناھىيىدە بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق، ئىككى بالىسىنى ئەركىلەتتۇق. ئايالى خوشخوي ئۇيغۇر قىزى ئىكەن، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. مانا قاراڭ، ئۇنىڭ بىلەن تەكلىماكان ئىچىدىكى بۇ يېزىدا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى!

— ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ — ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ باللىرى ھېچ يەرنى ئالا قويماپسىلەر - دە، نەگىلا بارساق، سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىز!

شۇ چاغدا قۇرماش بىز تەرەپكە بۇرۇلدى. مەن ئۈنلۈك ۋارقىرىدىم:

— قۇرماش!

ئۇ هاڭ ـ تاڭ بولدى ـ دە ، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى .
— هوي ، ئەلا ، قايسى قۇيۇن سىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى ! — دېدى ئۇ مىنى چىڭ قۇچاقلاپ .
— بىز مۇشۇنداق توپىلىق يېزىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىشقان ئەمەسمىدۇق . سەنلا ئارزۇغا يېتىپسەن ! — دېدىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ، — يايلاقتا ئۆسكەن ياش كۆچەت ، قۇملۇقتا يىلتىز تارتالامدىكەن ؟
— ھەرھالدا قامغاقتەك دۇگىلەپ يۈرمىدۇق !
— يارايسىز ! — دېدى دۇەن جياۋشۇ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشۈۋېتىپ . قۇرماش ئۆز ئىشىنى زوقلىنىپ سۆزلەپ بەردى .
ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە مەسئۇل ئىكەن . ئۇلار بۇ خىل مەكتەپلەرنى جىق ئېچىپتۇ . يېڭى مۇئەللىم كەلگۇچە ئۆزى ئوقۇتىدىكەن . مۇئەللىم يېتىشمىسە ، شۇ يېزىدىن بىر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ چىقىدىكەن .
— يارايسەن ، قۇرماش ! — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ، — ھەقىقىي ئىجادچى دەپ مانا سىنى ئېيتسا بولىدۇ . رۇخسەت قىلسا ، مەنمۇ بۇ يېزىدا ئۆمۈر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا رازىمەن !
— قىممەت باھالىق سارجىنى بەلۋاغ قىلغىلى بولمايدۇ ،— دېدى ئۇ كۈلۈپ ، — بۇ ، بىزگە لايىق ئىش !
— ئىككىمىز بىر زاۋۇتتىن چىققان ئوخشاش ماركىلىق مال ، ساڭا لايىق ئىش ، ماڭىمۇ باب كېلىدۇ !
— شۇنداق قىلىپ ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققى قانداق بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى دۇەن جياۋشۇ قىزىقىپ .
— بەزىلىرىگە ئىداردىن ، بەزىلىرىگە گۇڭشېلاردىن ھەل قىلىمىز ، — دېدى قۇرماش ، — بەزىلىرىگە ئىش ھەققى ھەل بولغۇچە شاۋدۇيدىن نومۇر بېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

«··· مانا ھەقىقىي مائارىپچى ، — دەپ ئويلىدىم قۇرماش توغرىسىدا ، — بۇمۇ ھېلىقى چۆلگە كۆچەت تىككەن كەتمەنچىدەك بەختلىك ئىكەن . بىزنىڭ ئەمگىكىمىز قاچان مېۋە بېرىدۇ ؟ بەلكى ئەركەك ئۇجمىدەك يوپۇرماق بىلەن ماختىنىپ مېۋىسىزلا دۇنيادىن ئۆتەرمىز ، مېۋىسىزلىك نىمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە !»

كەچتە بىز موسىقىچى مۇقامچى ۋە ئەدەبىياتچى سەيدۇللا مەخسۇمنىڭ ھويلىسىغا قايتىدىن سالام قىلىپ كىردۇق . ياڭاق ئاستىدىكى سۇپىدا — كونىراق گىلەم ئۈستىدە بىر بوۋاي قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى : ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن ، ئېگىز قەددى تېخى تولۇق پۈكۈلمىگەن ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ۋە كەڭ يەڭلىك ئاق يەكتەك ، پۈشقىقى ئۇشۇقىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئازادە ئاق ئىشتان ، بېشىغا يەڭگىل ئاق خەسە دوپپا كىيگەن ، يالاڭئاياغ بوۋاي كۈلۈپ سۇپىدىن يەرگە يېنىك ھەرىكەت بىلەن چۈشكەندە ، بىزمۇ سالام ـ سەھىتىمىزنى تۈگىتىپ بوۋاينىڭ يوغان ، قاتتىق قوللىرىنى تۇتۇپ كۆرۈشتۇق .

— سالامەت كېلىشتىلىمۇ ، باللىرىم ،— دېدى ئۇ بىزنى كۆمەلاچ تامىلىق ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ، — يولدا تازا قىينالغانسىلەر ؟

— مەنىلىك سەپەر بولدى ، — دېدى دەۋەن جياۋشۇ ئۇقۇشلۇق سۆزلەپ ، — بىز سۇپىدىلا ئولتۇرايلى .

— ئۆيگە داستىخان راسلاپ قويغانىدۇق . بۇ يەرگە چۈشەك سېلىقسىز ، ھاي بالام··· ئەمىسە مەشەگە !···— بوۋاي چاققان ھەرىكەت بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ياڭاق ئاستىدىكى سۇپىدا تېزلا سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتۇق . بوۋاي دېھلىدا ئوقۇغانىكەن ، كېيىن كابۇل ، ئىسلامئابادلاردا مۇدەررىسلىك قىلغان ، كېيىن يەنە ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشكەن ، ئۇ يەردىن

قايتىپ كېلىپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىدە تۇرغان···
پاراڭ ئارىلىقىدا ھويلىغا ھاسا بىلەن ئارانلا ماڭىدىغان بىر بوۋاي كىردى ـ دە، كىمگىدۇر ئاچچىقلاندى :
— شۇمۇ ئىنساپ بولدىمۇ، شۇنچە ئاشلىق سېتىقسىز تۇرسا···
— ۋاي، مېھمانلار بىلەن كۆرۈش دەيمەن! — دېدى سەيدۇللا مەخسۇم بوۋاينى يېنىك كايىپ، — ئۆيدە مېھمان بار تۇرۇقلۇق، نېمانداق خامانىڭلا گېپىنى قىلىسەن!
ماڭا ئاجايىپ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. مەخسۇم ھاسا بىلەن ئارانلا ماڭىدىغان بوۋاينى خۇددى ئون ياشلىق بالىنى جونۇغاندەك يېنىك ۋە ئامراقلىق بىلەن جونۇماقتا ئىدى. دۇمچەك بوۋاي قىزاردى ۋە قولىنى ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ قولتۇقىغا ئېرتىپ بولۇپ، سۇپىغا تەستە چىقىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى.
— مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي بوۋاينى تونۇشتۇرۇپ، — مىرئابدۇللا، بۇ يىل يەتمىش ئۈچ ياشقا كىردى. مانا ھالى مېنىڭدىن يامان، گىلەم توقۇيمەن، ئەتلەس توقۇيمەن دەپ دۇكاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دوك بولۇپ كەتتى، بولمىسا مۇكچىيىدىغان ۋاقتى ئەمەس، خالۋاپلىق ئادەمنى ماغدۇرسىز قىلىۋېتىدۇ، يەنە شۇ كەتمەن بىلەن تەمبۇرگە يەتمەيدۇ. مەن ئەزەلدىن كەتمەن بىلەن تەمبۇرنى دوست تۇتۇپ كەلگەن ئادەم. داپ بارمۇ بالام، بۈگۈن مېھمانلارغا ساز چېلىپ بېرەيلى، مانا مەتياقۇپ بالاممۇ ساتارىنى ئەكەپتۇ، سەن داپ ئۇرۇپ بەرگىن.
مىرئابدۇللا خالۋاپىنىڭ ئاقۇچ قاشلار ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى ئويناپ، چىشسىز ئېغىزىدا كۈلكە پەيدا بولدى.
— قالۇن، دۇد، ساپال چورا، سېپىت مورا، بالىمان، تىلۋاز، ناغرا ـ سۇناي··· ئوتتۇز يەتتە خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ھەممىسىنى ياسايدۇ، ھەممىسىنى چالىدۇ. شۇڭا دادام ياش —

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئىنىمدەك تۇرىدۇ. خۇدايىم بەرگەن ئادەم! — دېدى ئۇ دادىسىنى زوق بىلەن ماختاپ.

— نېمە بىلىمەن؟— دېدى بوۋاي ئوغلىغا سەل قوپاللىراق سۆزلەپ،— ئوتتۇز يەتتە خىل چالغۇ ئەسۋابنىڭ ھەممىسىنى دېگىنىنى! كۆرگەنمىدىڭ؟ بۇمۇ بىر قۇلاق مولللىسى، ئوتتۇز يەتتە خىلنىڭ يەتتىسىنى كۆرگەندۇ؟ ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم دۇنيادا يوق. چېغىمنى چاغلىماي، ياش چاغلىرىمدا ئەرەبچە، پارسچە، ھىندىچە تىل ئۆگەندىم، ھەممىنى بىلەيچۇ دەپ تەلۋىلىك قىلدىم. فارابى، ئىبىن سىنالاردەك بولۇشقا بەل باغلىدىم. ئەدەبىيات، ساز، رەسىم، تېبابەت، تەقۋىمى (كالېندارچىلىق)، تەبىئەت (تەبىئەتشۇناسلىق)، مۇنەججىم (ئاسترونومىيە)، مۇھەندىس (ئىنژېنېرلىق)، ئەلۋۇجۇت (ماددا ـ مەۋجۇدىيەت ئىلمى)... ھەممىسىگىلا قول تىقتىم، لېكىن فارابى، ئىبىن سىنالار تۇرۇپ تۇرسۇن، بىزنىڭ تەجەللىچىلىكمۇ ئىش قىلالمىدىم. ئاتمىشقا كىرگەندە ئەقلىمنى تاپتىم، ئەدەبىيات بىلەن سازنى تاللىدىم. ھېچبولمىسا، ئابدۇل ھەسەن روداكىچىلىك[1] بولسىمۇ ئىش قىلاي دەپ شېئىر بىلەن تەمبۇرنى ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى يىغىشتۇردۇم. ئەمدى بىلدىمكى، روداكى پارس تىلىدا قەسىدە، غەزەل، رۇبائىي ۋە نۇتۇقلارنى قالدۇرۇپتۇ، ساز ئىشلەپ قالدۇرۇپتۇ. مېنىڭدىن بىر سىقىم توپىدىن باشقا نەرسە قالمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنى ئويلىسامىلا، كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. يېشىم توقسەندىن ئاشتى، لېكىن خەلققە ھېچ نەپ قالدۇرالمىدىم. مەن ھازىر كىم؟ بىلىم ساھەسىدە بىر قەلەندەرمەن. نامى ئۇلۇغ، سۆپرىسى قۇرۇق مەخسۇممەن. مەشرەپنىڭ بىر شېئىرى يادىمغا كېلىپ قالدى.

---

[1] ئابدۇل ھەسەن روداكى — 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئالىم. ئۇنىڭ مۇزىكا، شېئىرلار توپلاملىرى بار.

مەن قەلەندەر شاھىمە ،
ئالەم ماڭا ھەيرانىدۇر .
پايتەختىم ـ گۈلخېنىم ،
ئوردام قەلەندەرخانىدۇر .

لېكىن بوۋاي ئارتۇق كەمتەرلىك قىلغانىكەن ، شۇ كۈنى ئاخ-شىمى ، مەن بۇ بىلىم ئىگىسىگە ھۆرمەت بىلەن قايىل بولدۇم . ئۇيغۇر تارىخى ، ئەرەب تارىخى ، ھىندىستان ۋە پۈتۈن ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ، ئەرەب ـ پارس ، ھىندى ـ ئوردۇ ، تۈركىي تىللىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئېغىزچە ۋە يازما ئەدەبىياتى ، تىلى توغ-رىسىدا بىلىمى ئاجايىپ مول ئىكەن . ئۇ بىردە ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسى ، ئۇلۇغبېكنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى تەكشۈ-رۈش خىزمىتى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلىسە ، بىردە بابۇرنامە ۋە بابۇرخاننىڭ ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئوغلى ئەكبەرخان توغرىسىدا ھىندىستاندا تارالغان چۆچەكلەرنى سۆزلەيتتى ، بىردە داستانلاردىن پۈتۈن ـ پۈتۈن پارچىلارنى يادقا ئوقۇپ ، مەنىسىنى يېشەتتى ، بىردە ئۆز پىكرىنى چىرايلىق رۇبائىيلار بىلەن بايان قىلاتتى...

ئۇ مۇقام ئېيتسا ئاۋازى تىترىمەيتتى ، مۇقام ئەۋجىنى تۇۋلى-غاندا ، گۈرەن تومۇرلىرى كۆپمەيتتى . ئۇنىڭ يوغان قولىنىڭ بارماقلىرىدا زەخمەك يېنىك ۋە شوخلۇق بىلەن ئوينايتتى . ئوغلى مىرئابدۇللا خالۋاپ داپنى جايىغا ئۇرمىسا ، ئالىيىپ قوياتتى . مەتياقۇپ مۇقامچىنىڭ غېجەك چېلىشىدىن زوقلىنىپ ساقاللىرىنى لەپىلدىتىپ ماقۇللايتتى ، ئۇنىڭ بېيىتلىرى يېڭى ۋە تەسىرلىك ئىدى . ھەربىر مۇقام تۈگىگەندە ، شۇ مۇقامنى كىملەر ئىجاد قىل-غان ، كىملەر قەيەرلەرنى تولۇقلىغان ، كىملەر بۇ مۇقامنى ياخشى ئېيتقان ، يەنە كىملەر بۇ مۇقام ئۈچۈن قانداق شېئىرلارنى يازغا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىقى توغرىسىدا ئىزاھات بېرەتتى...

ئەتىگەنلىكى بىز مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق ۋە كىتاب سوردۇق. بوۋاي ئۇزاق جىم بولۇپ كەتتى ـ دە، خىيال سۈرۈۋالدى.

— ناۋادا، — دېدى بوۋاي خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، — سىلەر دېگەندەك، خەلققە ئىلىم قالدۇرۇش، كىتاب تۈزۈش ئۈچۈن ھەردىكەت قىلىۋاتقان بولساڭلار، قولۇم كۆكسۈمدە، بېشىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن. ئۇنداق بولماي، مەندىكى كىتابلارنى پۇلغا ئىشلىتىپ ئېلىۋېلىپ، تۈمۈر ساندۇقتا ساقلاشقا كەلگەن بولساڭلار، مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان كىتابىم يوق!

— ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى قۇرماش ئارىغا كىرىپ، — بۇ كىشىلەر ئۇ كىتابلارنى جەزمەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تۈزۈشكە ئىشلىتىدۇ.

— بالام، سىزگە ئىشىنىمەن! — دېدى بوۋاي قۇرماشقا قاراپ قويۇپ، — لەۋزىڭلارنى يەردە قويماي، بوپتۇ، دېگىنىڭلار بولسۇن. مەن سىلەرگە كىتاب سېتىپ بېرەي.

بىز ئۇ كىشىدىن ئاجايىپ كىتابلارنى سېتىۋالدۇق. سەيدۇللا مەخسۇم كىتابلىرى بىلەن شېئىر ئوقۇپ خوشلاشتى:

دېمىگىن قەغەزگە خالىس بىر خەتى خۇشخۇان كىتاب،
پەيزى ئەسرارى ھەقىقەت نۇر ئىلە ئىمان كىتاب.
ئىزدىسەڭ بىر پىرى كامىل يا تېۋىپنى ھەر كېسەل،
رەھبىرى دۇنيايى دۇن دۇر دەردىڭا دەرمان كىتاب.
دائىما قوينۇڭدا بولسۇن گاھى قىلغىل تاجى سەر،
قايدا بارساڭ ئەزبىرايى ئىززىتى مېھمان كىتاب.
تىل بىلەن يادئەت مىراپاقىل يۈرەگىڭ ئىچرەجا،
ھەر نىچۈك ئادەمنى ئەيلەر بىلكى بىئەرمان كىتاب.
ئەي سارايى ھەر كىتابنى تۇتىيائى دىدە قىل،
بولسا ھەر مۇشكۇللىرىڭنى ئەيلىگەي ئاسان كىتاب...

بوۋاينىڭ شۇنچە ناخشا ئېيتىپ تىترىمىگەن ئاۋازى ، بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا تىترىدى . ئۇ خۇددى بوتىسىدىن ئايرىلىۋاتقان ناردەك ، قۇلۇنىدىن ئايرىلىۋاتقان بايتالدەك ، باچكىسىدىن ئايرىلىۋاتقان كەپتەردەك زارلاندى . ئۇنىڭ كىتاب ئۇچۇن قىلغان زارى ، كىتاب ئۇچۇن ئاپئاق ساقىلىنى يۇيۇپ تۆۋەن تېمىۋاتقان ئۇنچىدەك مۆلدۈر ياشلىرى ، مېنىڭ هايات يولۇمغا چېچىلىۋاتقان چېچەكتەك تەۋەررۈك بولۇپ تۇيۇلماقتا . مەن بوۋاي قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن بىلىمنى ئىشەنچ بىلەن تېخىمۇ چىڭ باغلىدىم . چۈنكى ، مېنىڭ ئارقا تىرىكىم چىڭ...

... خوتەن ئايرودرومىنىڭ پاكار ، شالاڭ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان قۇملۇق مەيدانى تۆۋەندە قالدى . مەن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ ، ئايروپىلانغا قاراپ تۇرغان هاشىر ، قۇرماش ، نامەت ۋە مەتياقۇپ مۇقامچى قاتارلىق دوستلارنى كۆردۈم . ئۇلار بارغانسېرى كىچىكلەپ تېزلا غايىب بولدى . تۆۋەندە ئاق - سېرىق تەكلىماكان يېيىلىپ ياتاتتى . مەن خۇددى كۆز بىلەن ئىلغا قىلالايدىغاندەك ، بۇ پايانسىز قۇملۇق ئارىسىدىن سەيدۇللا مەخسۇمنىڭ يېزىسىنى ئىزدىدىم .

— تاپالمايسىز ، — دېدى دۈەن جياۋشۇ مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشىنىپ ، — ئۇ بوۋاينى ئۆمرىمىزدە كۆرگىنىمىز ، مۇشۇ بىرلا قېتىم بولۇپ قالدۇ .

— هۆكۈمىتىمىز نېمىشقا مۇشۇنداق ئادەملەرنى پەن - تەتقىقات ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلمايدۇ . «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ، «قۇتادغۇ بىلىگ» ، «ئەتەبەتۇل هەقايىق»غا ئوخشاش كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ، ئىزاهلاش ئىشلىرىنى باشلايدىغان ۋاقىت كەلدى . سەيدۇللا مەخسۇمدەك ئادەملەرنى چەتتىن ياللىۋالغىلىمۇ ، قايتىدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈۋالغىلىمۇ بولمايدىغۇ ، تەرجىمە - ئىزاهات ئىشلىرىغا قويسا ، گۈل چىقىرىۋېتىدىغۇ ؟

— راست گۇل چىقىرىۋېتىدۇ . بۇمۇ بىر ئېچىلمىغان بايلىق . بىزدە ئاجايىپ ياشلار بار . پارتىيىمىز بۇ ياشلارنى تەربىيىلەۋاتىدۇ ، لېكىن سەيدۇللا مەخسۇملارنىمۇ ئىشلىتىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى… نۇرغۇن ياشلار يېنىك يول بىلەن شەرەپكە ئىنتىلىدۇ . ئۇلار كۆكۈلدىكىدەك شان ـ شەرەپكە تېزرەك ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، تېزرەك نام چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ . نام ـ شۆھرەت — ئىنساننى خاراب قىلىدىغان نەرسە . قاراڭە ، مەخسۇم شۇنچە بىلىمى بىلەن توپىغا كۆمۈلۈش ئالدىدىمۇ نام توغرىسىدا ئەمەس ، خەلققە مېۋە بېرىش توغرىسىدا سۆزلىدى…

ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى . دۆگىلەك دېرىزىدىن قارىسام ، يەر بېتى ناھايىتى يىراقتا ، ئۇ ئاق بۇلۇتلار ئاستىدا سېرىق ـ كۆل رەڭ بولۇپ كۆرۈندى . مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم ـ دە ، دوستلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈستىدە ئويلاندىم .

مېنى مېھمانخانىغا بىر كىشى ئىزدەپ كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن مېھمانخانا زالىدىلا كۆرۈشتۇق .

— تونۇغانسىز ، مەن بەھرام بولىمەن ، — دېدى ئۇ كىشى قولۇمنى چىڭ سىقىپ ، — ساۋۇتوف بىلەن يېقىن دوست ئىدۇق . يېقىندا بىرىنچى تۈرمىگە بېرىپ ئۇنى يوقلىدىم . سىزدىن كۆپ رازى ئىكەن ، قاراۋېتىپسىز ، خەت ، پۇللىرىڭىزنى ئېلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ . دوكلاتىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق . سىزدىن بەك رازى بولدۇق… رازىيە دائىم گېپىڭىزنى قىلىپ تۇرىدۇ !…

رازىيەنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم . قاڭشارلىق ، يوغان قوي كۆزلىرى خىيالچان ، دولقۇنلۇق چاچلىرى تولىمۇ چىرايلىق ، سۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، ئاق كۆڭلەك كىيىپ ، زىغىر رەڭ گالستۇك تاقىغان ، تىلى يۇمشاق ، سىپايە ئادەم ئۆز ئايالىنىڭ ئىسمىنى تەستە ئېغىزىدىن چىقىرىپ ، خىجىللىقتىن

يەرگە قاراپ تۇراتتى .

مەن ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلدىم . ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى ـ دە :

— مېنىڭ سىز بىلەن ئازادىرەك سۆزلەشكۈم كېلىدۇ ، — دېدى .

— بىزنىڭ ياتاق ئازادە ، دۈەن جياۋشۇدىن باشقا ھېچكىم يوق .

— مەسىلەن ، مەن سىزگە ئاشخانىغا بارساق ، يالغۇز پاراڭلاشساق دېگەن تەكلىپنى قويسام ، قوبۇل قىلارسىزمۇ ؟

ئۇ پۈتۈنلەي كىتابىي تىل بىلەن ھەربىر جۈملىنى پىششىق تۈزۈپ ، ئالدىرىماي سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈمدىن جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك مەنىلىك تىكىلەتتى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك تىكىلىشىدە گۇمانخورلۇق ئالامەتلىرى سېزىلىپلا تۇراتتى .

— ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشەيلى ، نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىسىز ؟

— ئىلىم ئەھلى مۇشۇنداق رەسمىيەتچى كېلىمىز ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ، — نېمىلا قىلساق ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ماۋزۇ قويۇۋېلىشنى ياخشى كۆرىمىز . ماقۇل ، ماۋزۇسىنى ئېيتىپ بېرەي : سىز بىلەن ئىلىم توغرىسىدا ئەمەس ، ئايالىم — رازىيە توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىمەن !

ئىككىمىز قاۋاقخانىغا كىردۇق ، ئۇن ـ تىنسىز ئىككى رومكىدىن ئىچىشتۇق . بەھرام ئاكا يەنە بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن قىزاردى ۋە مېنىڭ تەلپىمگە جاۋابەن گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتتى .

— ئاغىنىڭىز ھاشىر مېنىڭ ئايالىمنى تارتىۋالماقچى ! — دېدى ئۇ ، — قانۇن ئالدىدا جاۋابقا تارتقاندىن ۋىجدان ئالدىدا جاۋابقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارتقىنىم دۇرۇس . سەۋەبى ، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ۋىجدان بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ ، ئوقۇپ چىقىڭ ، مانا «ۋىجدانلىق» دوستىڭىز ھاشىرنىڭ مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىمغا يازغان خېتى !

ئۇ ھاشىرنىڭ پوچېركىسى بىلەن ئادرېس يېزىلغان ، پوچتا ماركىسى چاپلانغان كونۋېرتنى مېنىڭ ئالدىمغا قويدى . خەت رازىيەنىڭ نامىغا يېزىلغانىدى .

— بۇ خەت رازىيەنىڭ قولىغا تەگدىمۇ ؟

— ياق ، بۇ خەت مېنىڭ قولۇمغا تېگىپ قالدى . ھەرقانچە ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسامۇ ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم ، رازىيەگە كۆرسەتمىدىم . سىزنى ئىلىم ئەھلى ھېسابلىغانلىقىم ئۈچۈن ، مەسىلىگە ئادىل قارايدۇ ۋە رازىيە بىلەن ھاشىرغا خىزمەت ئىشلەيدۇ دېگەن چۈشەنچىدىمەن . ئاۋۋال ئوقۇپ چىقىڭ ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئولتۇرايلى ، ئىشىنىمەن ، ماڭا ھېسداشلىق قىلىسىز ، ئاڭلىشىمچە ، سىزمۇ ماڭا ئوخشاشراق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈپسىز ، رەقىپ دەپ بەردى ، ئۇنىڭ بىلەن بىرئاز تۇغقانچىلىقىمىز بار .

— مەن سىز دېگەن يەردىن چىقماي قالسامچۇ ؟ ئۇ چاغدا سىزنىڭ نەپرىتىڭىز ، مېنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە كۆڭۈلسىزلىك بولماسمۇ ؟

— ئىشىنىمەن ، بۇ خەت سىزنى ئادىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . سىز دوستلىرىڭىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلىيەلەيسىز !

مەن كەچتە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم . خەت قىسقا ، لېكىن كۆچلۈك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانىدى :

«… رازىيە ، بۇ يىل ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن يىل بولدى . مەن خۇددى ساغلام تۇغۇلغان بالىدەك ، بەختى ئېچىلغان يىگىتتەك ، مۇرادى ھاسىل بولغان ئاتىدەك خۇشال ،

بەختلىك ! گەرچە سىز باشقا بىرىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بولسى-
ڭىزمۇ «مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولغان ، مەن بۇ گۇناھىمنى
ئاقلاشقا ۋەدە بەرگەنمەن » ، سىز مېنىڭ . چۈنكى ، ئىنساننىڭ
روھى جىسمىدىن قىممەت ، سىزنىڭ روھىڭىز مېنىڭكى .
مەن بەخت ئىچىدە قىينىلىۋاتىمەن ، چۈنكى سىزنىڭ تارتىۋات-
قان روھىي ، جىسمانىي ئازابلىرىڭىز مېنى قىيناۋاتىدۇ . سىز
مەنىۋى قەپەس ئىچىدە ئەركىنلىككە ئىنتىزار . بۇ قەپەسنى
بىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىز پەيدا قىلغان . ئايالار رەھىمسىز ،
مۇھەببەتسىز ، مەنىۋى گادايلىقتا چېكىگە يەتكەن ئەرلىرىدىن
تارتىدىغان زۇلۇمنى ھېچقانداق قانۇن ماددىلىرى بىلەن چەك-
لىگىلى بولمايدۇ . نىكاھلىق بولغان ئايالنىڭ مۇھەببەت يول-
دا ئەركىنلىك ئىزدىشىنى جىنايەت دەپ قارايدىغان تۇرمۇش
ئادىتىگە شۇنىڭ ئۈچۈن نەپرەت بىلەن قارايمەن . مۇھەببەت
تۇپرىقىدا يىلتىز تارتمىغان ھايات گۈلىنىڭ ئېتىبارسىز سو-
لىششىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار ئاز . تۇرمۇشنىڭ مۇنۇ تەڭ-
سىزلىكىنى كۆرۈڭ . ئىككى ياش بىر - بىرىنى ۋىجدان
بىلەن سۆيۈشسۇن ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۇن - تىنسىز ۋە
توسقۇنسىز ھالدا ئاللىقاچان بىرىككەن بولسۇن ، لېكىن ئار-
زۇ ۋە غايە ئۇلارنىڭ جىسمىنى بىرلەشتۈرمىسۇن ، شۇ ئارىدا
ئۇلارنىڭ كۆز يېشى ، تارتقان ھىجرانلىق ئازابلىرىنى تىرنى-
قىغا ئالمايدىغان بىر ئادەم ، يەنى ئاچ كالا چۆپ ئىزدىگەندەك
ئەتراپنى قاساپ ، راھەت ۋە ئاسانلىقنىلا ئىزدەپ يۈرگەن بىر
ئادەم ، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ھېلىقى بىر -
بىرىگە تەشنا تەنلەرنىڭ بىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسۇن . مانا
بۇ چاغدا ، قانۇن ۋە تۇرمۇش ئادىتى كىمنى قوللىشى لازىم ؟
ھازىر ھېلىقى تەلىيى ئوڭدىن كەلگۈچى قوللاشقا ئېرىشىۋاتى-
دۇ . مانا بۇ تەڭسىزلىك ، مانا بۇ مەنىۋى پاجىئە ! مەن ئەنە

شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، قىينىلىمەن! لېكىن، مەن ئىشىنىمەن، سىز قەيسەرلىك بىلەن مەنىۋى قەپەسنى چېقىپ چىقالايسىز. مەن سىزنى يەنى يىگىرمە يىل كۈتۈشكە تەييارمەن! ئىنساننىڭ قىممىتى بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا. بۇ بەخت، ئەلۋەتتە، ھەربىر شەخسنىڭ بەختىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادا ياشاشنىڭ بىر خىللا — ئۆي تۇتۇش، بالا بېقىش، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈش دەيدىغان يولى بارمىدى؟ ھاياتنىڭ يولى كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىك. ئىككى يۈرەك بىر - بىرىگە بىر ئۆمۈر تەلپۈنۈپ، تەشنالىقى قانماي ھەرىكەتتىن توختىشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە بەزىلەر ھاياتنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇرادىغا يېتىشى مۇمكىنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھايات يولى شۇنچە كۆپ تۇرسا، بىز بىرلا يولدا مېڭىشقا مەجبۇر بولىمىزكەن؟… مەن سىزدىن جاسارەت، ئىرادە تەلەپ قىلمايمەن، يەنى ھازىرقى نەپرەتلىك تۇرمۇش قەپىسىڭىزنى دەرھاللا بۇزۇڭ دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن. سىزدىن بىرلا نەرسىنى — مېنىڭ خاتالىقىمغا ئۆكۈنگەن پاك قەلبىمنى روھىي بايلىقىڭىز دەپ بىلىشىڭىزنىلا تەلەپ قىلىمەن. مەن ئاخىر سىزنىڭ، چۈنكى مەن: «ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك كۆزقارىشى، ئەنئەنىۋى ئادەت كۆزقارىشىدىن ئۇزۇل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇش» يولىدا تىرىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرى. سىز چوڭقۇر ئىشىنىڭ، بۇ ئادەملەر ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ. بىزنىڭ بىر ئىزدا توختاپ تۇرۇۋاتقان ھايات قانۇنىيەتلىرىمىزنىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىدۇ!…

سىزگە ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ تىلەيمەن: ھاشىر»

مەن خىيالدىن سەگىدىم. ئۈرۈمچىدىن كېتىش ئالدىدا بەھرام ئەپەندى بىلەن يەنە كۆرۈشتۈم.

— سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز مېنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەت-لىك ،— دېدى ئۇ ئۈمىدلىك ، يوغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ،— مەن ۋە ئىككى بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن قىممەتلىك مەسلىھەت بېرى-شىڭىزگە ئىشىنىمەن !

— بەخت ھەممىلا ئادەمگە زۆرۈر !— دېدىم سالماقلىق بىلەن ،— لېكىن گەپ — بەختنى قانداق چۈشىنىشتە !

— گېپىڭىزنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم ! — دېدى ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا موخوركا بۈراپ ، — شۇنداق قىلىپ ، مەسىلەن ، خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن دوستلىرىڭىزدىن قانچىلىك كۆڭلىڭىز قالغانلىقىنى بولسىمۇ ئېيتىپ باقالامسىز ؟

— ئەكسىچە ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ، — دوستلىرىمنى ئەيىبلىگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم . ئۇلارنىڭمۇ ئۆز بەختى ئۈ-چۈن كۈرەش قىلىش ھوقۇقى بار . بۇ مۇنازىرىسىز ھەقىقەت !

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئەمدى لەۋلىرى كۆكەرگەن ھالدا ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ، — ئۇنداق بولسا ، گۈزەلئاينىڭمۇ ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقىنىنى قوللايدىغانسىز ؟

مېنى ئۆزىگە تەقدىرداش ھېسابلىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قوللىشىمغا ئېرىشىدىغىنىغا ئىشەنگەن مۇنۇ بەھرام ئەپەندىگە بىر-دىنلا غەزىپىم كەلدى .

— ھاياتتا يول كەڭ ، — دېدىم ھاشىرىنىڭ سۆزىنى تەكىت-لەپ ، — بىر خىل ھايات يولىدا مېڭىشنى ھەممىلا ئادەمدىن تەلەپ قىلىشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق . سىزنىڭ بۇ مەسىلىلەردە ، مەن بىلەن تالاش - تارتىش قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن !

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدىم ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . مەن كەچ كىرگۈچە گۈزەل-ئاي ۋە بالام توغرىسىدا ئويلاپ يۈردۈم…

بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەن شەخسىي تۇرمۇشۇم توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئويلىمىغانىدىم . مانا بۇگۈن يەنە سوئاللار بېشىمدا ھەرىدەك غو-
ڭۇلدىماقتا : «گۈزەلئايمۇ مېنىڭ بىلەن خاتالىشىپ توي قىلمىغان-
دۇ ـ ھە ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا ، ئوغلۇم ئۇنىڭ بەختىگە كاشىلا
بولىدىغۇ ، نېمە بولسىمۇ ئوغلۇمنىڭ بەدىنىدە مېنىڭ قېنىم بارغۇ ،
مەن ئوغلۇمنى نېمىشقا ئېلىۋالمايمەن ؟… ياق ، گۈزەلئاي مېنى
چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ، بوخەي دېڭىزىدىكى ، باڭچۇيداۋدى-
كى ، بېيجىڭ ، لەنجۇ شەھەرلىرىدىكى ئالامەتلەر ، ئۇنتۇلغۇسىز
سۆزلەر… يالغانمىدۇ ـ ھە ؟ شۇنچە يالغان نەرسىلەر ، ئۇنىڭغا
نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى ؟… »

… پويىز شەرققە قاراپ ئۇچماقتا . مېنىڭ سوئاللىرىم خۇددى
كەينىمىزدە يىلاندەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان رېلىسلارغا ئوخشاش
مېنىڭ بىلەن بىللە كەلمەكتە . لېكىن ئۇلار جاۋابسىز . مەن كېلەر
يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىغا
دەرس ئۆتىمەن ، مېنىڭ ئۆتىدىغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»
دەرسلىكىم تېخى يېزىلمىغان ، ئۇنى تۈزۈش ئۈچۈن زېھىن ۋە
ۋاقىت كېرەك . زور ئىلمىي ئەمگەك ئۈچۈن بىر يىل دېگەن بىر
كۆنچىلىكمۇ ئەمەس . مەن ئايالىم ، بالام توغرىسىدا دەرسلىكنى
تۈزۈپ بولۇپ ئويلىسامىمۇ ئۈلگۈرىمەن . مەن ئىشىنىمەن : گۈزەل-
ئاي مېنى تاشلىغان بولسىمۇ ئۇنتۇيالمايدۇ ، ئۇقۇشىسىز مەسىلىلەر
كېيىن يېشىلىدۇ ، بالام خورلانمايدۇ . مەن ئەمدى پۈتۈن خۇشال-
لىقنى كىتابلاردىن ئىزدىشىم كېرەك ، بەختنى ئەمگەك تەرىمدىن
ئىزدىشىم كېرەك . مېنىڭ ئۈچۈن تەسەللى ۋە كۆڭۈل ئارامى
لەنجۇدىكى ياتىقىمدا — يېزىق ئۈستىلىمدە .

پويىز ئالغا قاراپ ئۇچماقتا . چەكسىز چۆل ـ دالا ، چىلىيەن-
شەن تاغ تىزمىلىرى ، خۇاڭخې دەرياسى ياقىسىدىكى شەھەر ، يېزى-
لار خۇددى ماڭا ئارام ۋە بەخت تىلىگەندەك كۈلۈپ ئۆتمەكتە .
پويىز خۇشاللىقتا — ئەمگەككە قاراپ ئۇچماقتا ، مېنىڭ قەلبىم

خۇددى ئۇچقۇر پويىزدەك ، كەلگۈسى شان ـ شەرەپنىڭ كەڭ دالىسىدا ئەركىن چاپماقتا…

## 5

قارا سوغۇق ۋە ئىزغىرىن شاماللىق قىشنى ياتىقىمدا ئۆتكۈزۈۋەتتىم . كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىمەن ، دوستلىرىمغا خەت يېزىشقىمۇ ۋاقتىم يوق . مەن بىر دۆۋە كىتاب ۋە كارتىلار ئىچىدە كۈنگە ئون سائەتلەپ ئولتۇرىمەن ، خىيالىمدا تارىختا ئۆتكەن شائىرلار ، ئەدىبلەر بىلەن مۇڭدىشىمەن . ئۇلارنىڭ چىرايى ، كىيىمى ، سەللىسى ، ھەتتا كىچىككىنە ئۇستىلى ، پەي ياكى قومۇش قەلىمىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن . شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھىجرىيە بىلەن يېزىلغان رەقەملەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇنى مىلادىيىگە ئۆرۈيمەن ، شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىنى بىلگەندىن كېيىن ، شۇ چاغدا جۇڭگودا ، قوشنا دۆلەتلەردە نېمىلەر بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلايمەن ، ۋەقەلەرنى سېلىشتۇرىمەن ، ئۆزۈمچە خۇلاسە چىقىرىپ دەۋىن جىياۋشۇ بىلەن پىكىرلىشىمەن ، بەزىلىرىنى بولسا خەت يېزىپ فىن جىياۋشۇدىن ، سەيدۇللا مەخسۇمدىن ۋە شىنجاڭدىكى باشقا كىشىلەردىن سورايمەن . كۈنلەر شۇنداق تېز ئۆتتى ! خۇددى مەن خەت يېزىپ ئۈچ ـ تۆت كۈندىلا جاۋابى كەلگەندەك بىلىنگەن ئىشقا ، كېيىن ھېسابلىسام يىگىرمە نەچچە كۈن ، ھەتتا بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ . ئەمگەك بىلەن قىشنى ۋە باھارنىمۇ ئۇزاتتىم . ھايات كېمىسى ئۈزمەكتە ، ياق ، ئۇ شۇنچىلىك تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ ئۇچماقتا… ياشلىق ئۆمرۈممۇ تېز ئۇچماقتا…

1963 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىغا كەلگەندە ، مېنىڭ ھاياتىمدا ئاجايىپ ئۆزگىرىش بولدى . مەن بەش يىلدىن بېرى ماگا بىلىم

ۋە كۆڭۈللۈك ھايات بەرگەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى-
دىن يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ، مانا ئەرز يېزىش ئۈچۈن
قولۇمغا قەغەز ئالدىم. يۆتكىلىپ كېتىش مېنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل-
سىز ۋە قايغۇلۇق ئىدى، چۈنكى مەن بۇ يەردە بەش يىلدىن بېرى
ئۆزۈمنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق ھەۋەسىمنى ئېغىر ئۆگىنىش
ۋە بىلىم ئىگىلەشكە سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن كۆڭۈللۈك
تاڭ بىلەن باشلانغان ئىشىمنى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدىم.
ئوقۇغان كىتابلىرىم ئۆز پەرزىمدە كىچىكرەك بىر قىرائەتخانا
بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەر كۈنى پەقەت چارچاپ ھالسىرىغاندىلا
ئۇخلايمەن. مېنىڭ ياشلىق ھەۋەسىم، ياشلىق كۈچ - قۇۋۋىتىم
بولغاچقىلا، بۇ ئىشقا بەرداشلىق بېرەلىدىم. مەن ھەر كۈنى
ئوتتۇز - قىرىق كىلومېتىر يول ماڭغان يولۇچىدەك چارچاپ
كېتىمەن، لېكىن چارچاش مېنىڭ ئادىتىمگىمۇ ئايلىنىپ قالدى،
چارچىمىسام ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ناۋادا، كۈنىگە ئوت-
تۇز كىلومېتىردىن يول ماڭغان بولسام، يەر شارىنى ئاللىقاچان
بىر ئايلىنىپ چىققان ساياھەتچى بولۇپ قالاتتىم، لېكىن مېنىڭ
شۇنچە كۆپ ئەمگىكىم مۇشۇ تۆت تارتمىلىق ئۈستىلىم ئۈستىدە
بولدى. مەن بۈگۈن بۇ قەدىناس ئۈستەلدىن ئايرىلىش نىيىتىگە
كەلدىم. بۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئۈچۈن چوڭ قايغۇ.

ئىلتىماسىمنى يېزىپ بولدۇم - دە، فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا
قاراپ ماڭدىم. تەلىيىمگە يولدا تۇرتەك جۇرىن ئۇچراپ قالدى.
مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم:

— ياخشىمۇسىز؟

ئۇ كۈلۈمسىرىدى - دە، توختىتىدى. ئۇنىڭ شالاڭ ئاقارغان
ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆزى بىر ئىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭغا خەتنى سۇندۇم.

— پارتىيىگە كىرىشكىمۇ؟

— ياق، شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشكە...

ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشتى - دە، سەپراسى ئۆرلىدى:

— بىز سىزنى ئەمدىلا تېخى فۇجياۋشۇلۇقا كۆتۈرۈشكە ئويلىشىۋاتىمىز. شىنجاڭغا بېرىپ قىلغان دوكلاتلىرىڭىز ياخشى بوپتۇ، بېسىپ تارقاتماقچىمىز، سىززە، ئەمدىلا جەمئىيەتكە تونۇلۇش بىلەن قاچماقچى. بىز سىزنى يۆتكىۋېتىشكە ئەمەس، ئىشلىتىشكە تەربىيىلىگەن. توققۇز قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سالدىمىز. بىزنىڭ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىمۇ يېقىندا جۇڭگودىكى ساگۇ[1] بولماقچى! جۇڭگونىڭ ساگۇسىدىن قېچىپ نەگە بارماقچى؟

— ئىمكان قالمىدى، ئۇ كەتمىسە، مەن كېتىمەن! — دېدىم ئاخىر گېپىمنى ئاشكارا قىلىپ، — ئۇ مېنى بەربىر تۇرغۇزمايدىكەن.

— رەقىپ جۇرنىمۇ؟ — دېدى قېرى جۇرنى پەس ئاۋاز بىلەن، — بىلىمەن، بىلىمەن، بىراق ئۇنى يۆتكىۋېتىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى چۇجاڭ قىلىپ ئۆستۈرمەكچى تېخى!

— ئۇنداق بولغاندىكىن...

تۈرتەك جۇرنى قولىنى قىلىچتەك سىلكىدى - دە، مېنىڭ ئەرزىمنى مىجىقلاپ تۇتقىنىچە كېتىپ قالدى، ئۇ بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدى.

... مەن ياتىقىمدىن ئالدىراپ چىقتىم. مەن بۈگۈن يېنىكلەپ قالدىم، بىرىنچىدىن، تۈزگەن كانسپىكىم تەستىقلاندى؛ ئىككىنچىدىن، رەقىپىمنىڭ كۆزىدىن نېرى بولىمەن — شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېتىمەن...

---

① ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمنى پات ـ پات ئەسلەيمەن ، چۈنكى ئۇ كۆكۈللۈك چاغلار ئىدى . لېكىن ، كۆكۈللۈك كۈنلەرنىڭ كۆ-لەڭگىسى هامان كۆكۈلسىز كۈنلەر ئىكەن ، مانا مەن شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپ ئۇرغۇن كۆكۈلسىزلىككە يولۇقتۇم . گۈزەلئاي نى-كاھتىن ئاجرىشىش خېتىنى ، ئۆي ـ جابدۇقنى تولۇق ئېلىپ ، خىزمەتتىن چېكىنىپ بىراقلا غۇلجىغا كېتىپتۇ ، ئۇنى رەقىپ ئاپىرىپ قويۇپ كەپتۇ . مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەقىپكە نەپرەت بىلەن قارىدىم ، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمى-دىم ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىش ماڭا كۆكۈلسىز ۋە ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى . ماڭا خاتىرجەملىك — تىنچلىق كېرەك . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ پايدىمۇ ئالالمايمەن .

رەقىپمۇ مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلەمنى ياقتۇرغان ئوخشايدۇ ، ياتقىمغا دەسسىمەيدىغان ، كۆرگەن يېرىدە يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كې-تىدىغان بولۇۋالدى . ئۇ مېنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ، كادىرلار بۆلۈمىدىكى هېلىقى ئېگىز بۆلۈم باشلىقىدىن ، ئەڭ مۇهىمى ، خې-شۈجىدىن پايدىلانماقتا . گىنىدىڭ جامسۇلا مېنى قوغدىماقتا ، قوللى-ماقتا .

بىر كۈنى رەقىپ مېنى بۆلۈمىگە چاقىرىپ سۆهبەتلەشتى .

ئۇ بۆلۈمىدە — ساپادا غادىيىپ ئولتۇراتتى . ماڭا بېشى بىلەن ئورۇندۇقنى شەرەت قىلدى ۋە مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىدىكى بىر تۇتام قەغەزنى پۇلاڭلاتتى :

— بۇ گەپلەردىن تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇلى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا خەۋىرىم بار ، لېكىن بۇ يەردە مېنىڭ قولۇم يوق !

— يالغان ! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا گۆلىيىپ ، — مەن ئېنىق بىلدىم . سېنىڭ بەهرام ئەپەندىنى قانداق ئىشقا سىلىقۋاتقىنىڭنى ئېنىق بىلدىم .

— تۆھمەت !— دېدى ئۇ تامدەك تاتىرىپ ،— مەن بەھرام - پەھرام دېگەننى تونۇمايمەن !

— تونۇيسەن ، سەن ئۇنىڭ تۇغقىنى ، ھەممىڭلار قىساسخورلار ! شۇنداقلار بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئويدۇرما توقۇپ تۇرۇپ ، يەنە بىلمىگەن بولۇۋېلىشىۋاتىسەن !

— بۇ سېنىڭ گۇمانىڭ ! — دېدى رەقىپ قارىداپ كەتكەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ئېيتتىمغۇ ، مەن بەھرام - پەھرام دېگەنلىرىڭنى تونۇمايمەن . ئەمما سېنىڭ ھېلىقى ساۋۇتوفقا ، تۈرمىدىن چىققان ئۇستازىڭغا نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى بەرگىنىڭنى مەن ئەمەس ، ئىنقىلابىي ئامما پاش قىلىپ يازدى ! مېنىڭ سېنى چاقىرتىشتىكى مەقسىتىم ، يەنىلا ساڭا ياردەم قىلىش ، سەن شىنجاڭدا ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن مەسىلىلىرىڭنى يېزىپ تاپشۇرغىن ، بولۇپمۇ «ساۋۇتوف جىتۇەنى» بىلەن بولغان ئالاقەڭنى يېزىپ تاپشۇرغىن . مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى ، ساڭا يەنىلا كەڭچىلىك قىلىمىز ، بۇرۇنقىدەك ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىشىڭگە ئىمكان بېرىمىز !

مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلدۈم :

— مەن سېنىڭدىن ياخشىلىق تەلەپ قىلىش كويىدا ئەمەسمەن ، مۇنداق بىر شېئىر بار :

ھەر كىشى مەقسىتىنى مەخلۇقتىن قىلسا تەمە ،

ئوت ئىچىدىن سۇ تەمە ، قىلغاي ئۆكۈزدىن سۈت تەمە !

ئۇ تېخىمۇ قارىداپ كەتتى - دە :

— سۆزمەنلىك بىلەن بۇ قېتىمقى سىياسىي مەسىلىدىن قۇتۇلالمايسەن ، زەھەرلىك گەپلىرىڭ ساڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ . ئەڭ

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشىسى، سەممىي ـ سادىقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن مەسلىلىرىڭىنى ياز!

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم:

— خۇشاللىقىڭنى يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ رەقىپ، ماڭا تېرىقتەك زىيان يەتسە، سەن مۇشتۇمدەك خۇشاللىق تاپىسەن، يەنە نېمىگە يالغاندىن قاپاق تۈرىسەن؟ «كەلىلە ۋە دىمنە» دە مۇنداق بىر شېئىر بار ئىكەن:

بى خىرەتكىم ئۆزگىلەرنىڭ رەنجى بىرلەن شاد ئىرۇر،
ئىستىمە ئاندىن ۋاپا ئۇ بارچىدىن ئازاد ئىرۇر!

— ساڭا ئوخشاشلارنىڭ نەپرىتىگە يولۇققىنىمغا ئاجايىپ خۇشالمەن، مېنى راستىنلا رازى قىلاي دېسەڭ، ماڭا قىلماقچى بولغان رەزىللىكىڭنى ۋايىغا يەتكۈز، خەلق سېنى تېزرەك بىلسۇن!

مەن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتىم. مانا ئۈچ ئاي بولدى، ئۇ يەردە ھېلىمۇ قىساس داۋام قىلماقتا... شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن كەلگۈسىدە بۇ يەردە خاتىرجەم بولالماسلىقىمنى بىلدىم، شۇي شۈجى بولغان بولسا، مېنى سۈيىقەست ۋە يامان كۆزلەردىن ساقلاپ قالالايتتى، ھازىر بولسا، مەن يوشۇرۇن سۈيىقەست ئالدىدا كۈچسىز ۋە ئامالسىز.

... بۈگۈن يەكشەنبە، ئۆزۈندىن بېرى كۆرمىگەن يەرلەرنى — خۇاڭخې دەرياسىنى، يەنە ئارىلىنى ۋە ۋۇچۇەنشەن باغچىسىنى ئاخىرقى قېتىم سەيلە قىلىش ئۈچۈن، لى لاۋشىلار بىلەن كوچىغا چىقتىم. مەن ھەمراھلىرىمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تۇنجى قېتىم كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيدىم، گالستۇك تاقىدىم، ھەقىقىي «زىيالىي» قىياپىتىگە كىردىم. لى لاۋشى مېنى قولتۇقلىۋالدى ـ دە:

— مانا ئەمدى راھىبلىقتىن قۇتۇلۇپسىز ، شۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سىزنى ئۆزۈم سۈرەتكە ئالىمەن ، مانا ئاپپارات !

قىزنىڭ بويىندا راستتىنلا ئاپپاراتى بار ئىدى . مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم :

— دادىڭىز قايتىدىن مۇھىم خىزمەتكە ئولتۇرۇش بىلەن سىزمۇ غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلدىڭىز . مەن سىزنىڭ خۇشال كۆڭ- لىڭىزنىڭ يالدامىسى ئۈچۈن ، سىزنى ئۆزۈم سۈرەتكە تارتىپ قوياي ، تېخنىكام تۆۋەن ، مايماق چۈشۈپ قالسىڭىز ، رەنجىمەڭ !

— سىزلا سۈرەتكە تارتسىڭىز ، مايماق بولسىمۇ ئەتىۋارلاپ ئۆيۈمگە ئېسىپ قويىمەن ، چۈنكى ياخشى نىيەت بىلەن تارتقان رەسىم ، مايماق بولسىمۇ ياخشى كۆرۈنىدۇ !

ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى . مەن ئۇنىڭ ئاپئاق مەڭزىدىكى زىنىخلى- رىغا قارىدىم ، ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى ، مېنىڭ تىكىلىپ قارىشىمدىن خۇدۇكسىرىگەن قىز :

— مەن بۇنداق تىكىلىپ قاراشنى يامان كۆرىمەن ، سىز بۇ خۇينى نەدىن ئۆگەندىڭىز ؟— دېدى .

— نەدىن بولاتتى ، بۇتخانىدىن !— دېدىم مەن كۈلۈپ ،— بىر يىلدىن بېرى قىزلارغا تىكىلىپ قارىغىنىم مۇشۇ ، رەنجىد- مەيسىز ـ دە !

ئۇ مېنى پەپىلەپ ئۇرۇپ قويدى ۋە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ :

— ئەسكى ئادەت ، ئەسكى ئادەت ! بىلىپ قويۇڭ ، مەن سىز- نىڭ مۇئەللىمىڭىز ، ئۆزىنىڭ مۇئەللىمىگە بۇنداق قاراشقا بولمايدۇ !

— يات بىرىگە بۇنداق قاراشقا بولمايدۇ دېسىڭىز تۈزۈك بولار ، يېقىن ئادەملىرىگە ھەرقانداق قارىسىمۇ بولىۋېرىدۇ !...

قىزنىڭ شادلانغان چىرايىدىن بىر خىل نارازىلىقنىڭ شولىسى غىل ـ پال ئۆتكەندەك بىلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۈەن جياۋشۇمۇ بالىلىرى ۋە ئايالىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن ۋە گالستۇك تاقىغان، چوققىسى تاقىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، شالاڭ چېچىنى مايلاپ تارىۋالغان. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— مەن بۈگۈن بايرام قىلدىم، — دېدى دۈەن جياۋشۇ كۈلۈپ، — بۈگۈن تاماشىنىڭ پۈتۈن چىقىمى مەندىن. شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرىقى تۇنجى تاماشىمىز بۇ، بىر يىلدەك كىتابلار ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. ئەلانىڭ ئۇلۇغ ئەمگىكىنى تەبرىكلەيدىغان كۈن كەلدى. بىر ئايدىن كېيىن بىز يەنە ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز. بۇ يىل دەرسلەر كۆپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ. ھەي ئىسست، ما جۇرنىنىڭ يۆتكىلىپ كېتىپ قالغىنى! بۈگۈن راسا بىر تاماشا قىلىۋالايلى.

دۈەن جياۋشۇ راستتىنلا جانلانغان ۋە روھلانغانىدى.

— ئۇنداق بولسا، دۈەن جياۋشۇ، بىز كىچىك ماشىنا ياللايمىز، چىدامسىز بولدى؟ — لى لاۋشى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— مەن بۈگۈن يۈز يۈەن دەسمايە سالدىم. ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانا، باغ سەيلىسى، كىچىك ماشىنا — ھەممىسىگە يېتىدۇ!

دۈەن جياۋشۇنىڭ ئايالى — سەل چىشاڭراق، قىزىل مەڭزىلىك زىلۋا ئايال ئۆز نۆۋىتىدە سۆز قىستۇردى:

— قورقماڭلار، لاۋ دۈەننىڭ يېقىندىلا بىر ماقالىسى ئېلان قىلىندى. يەتتە يۈز نەچچە يۈەن قەلەم ھەققى ئالدى. يۈز يۈەنگە ئالدانمايلى، ئىككى يۈز يۈەن خەجلىسۇن!

— مانا خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئەمدى تاپتۇق، — دېدىم مەن، — ئەڭ ياخشىسى، ئېھتىياجغا قاراپ تەمىنلىنەيلى، قېنى، دۈەن جياۋشۇ نېمە دەرسىز؟

— بولىدۇ، ئەمما كىيىم ـ كېچەك، قول سائىتى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ!

— بۇ ئارتۇقچە ئەسكەرتىش ، ھازىر قورساق توق ، ئاۋۋال كىنو كۆرىمىز . «خەلق» كىنوخانىسىدا «ۋاسكىرىسىنا» ئىكەن ،— دېدى دۆەن جياۋشۇنىڭ ئايالى رۇس تىلى مۇئەللىمى بولغىنى ئۈچۈن كىنونىڭ ئىسمىنى رۇسچە ئېيتىپ ،— كىنودىن چىقىپ ، ئېھتىياج ئۇستىدە پاراڭلىشىمىز تېخى !

بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق .

— قانداق كىنو ، ئاپا ؟— دەپ سورىدى دۆەن جياۋشۇنىڭ قىزى .

— «تىرىلىش» ، ئاتاقلىق رۇس يازغۇچىسى ل . تولستوي-نىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنو ،— دېدى قىزىغا دۆەن جياۋشۇنىڭ ئايالى .

مەن «تىرىلىش»نى ئوقۇغان ۋە خاتىرىمۇ يازغان . شۇڭا كى-نوسىنى كۆرۈشكە راستتىنلا ئالدىرىدىم :

— ياخشى تەكلىپ ، بىز شۇ تاپتا كىنوخانىغا بارايلى .

مەن خىيالىمدىكى ماسلوۋانى ئېكراندا ھەقىقىي ئادەم سۈپى-تىدە كۆرۈشنى خالايتتىم .

شۇنداق قىلىپ ، بىز كىنو كۆردۇق .

بەختسىز ماسلوۋاغا ئىچىم بەك ئاغرىدى . كەچ كىرگۈچە — پۈتۈن تاماشا جەريانىدا ئۇنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى . مەن قىزنى كاردىن چىقارغان نىخليۇدوفنى يامان كۆرمىدىم ، چۈن-كى ھايات ئۇنىڭغىمۇ پاجىئە ئېلىپ كەلگەن . ماڭا نىخليۇدوف جەمئىيەتتە ھايات ياشاۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى .

كەچتە مەن ئۇ كىنونى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە لى لاۋشىنى تەكلىپ قىلدىم . لى لاۋشى :

— ماقۇل ، كۆرەيلى ، لېكىن كىنودىن چىقىپ ئۆيگە كېتى-مەن ، مەكتەپكە قايتمايمەن !— دېدى . مەن ئۇنىڭغا رازى بولدۇم . كىنوغا بارغۇچە لى لاۋشى چاقچاق قىلىپ ماڭدى :

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

— سىز يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردىڭىز ، مەن بۇ يىل يىگىرمە يەتتە ياشتا . سىز جياڭشى① ، مەن تېخىلا جۇجياۋ② ، — دېدى ئۇ گەپ بىلەن چاققان بولۇپ ، — ئارىمىزدا ھازىر پەرق چوڭ ئەمەس ، سىز ئۇزۇنغا قالماي فۇجياۋشۇ بولىسىز ، مەن يەنىلا جۇجياۋ بولۇپ قېلىۋېرىمەن . شۇ چاغدا سىز ماڭا كىنوغا بىللە بېرىڭ ، دەپ تەكلىپ قويارسىزمۇ ؟

— ئاخىرقى تەكلىپىم ، — دېدىم مەن خېلى جىم ماڭغاندىن كېيىن ، — مەن يات ئارىدا يۆتكىلىپ كەتمەكچىمەن !

— يۆتكىلىپ ؟ ! — لى لاۋشى ماڭا چۆچۈپ قارىدى ، — نېمە دەۋاتىسىز ؟ ئايالىڭىزنى ئۇنتۇڭ ، بالىڭىز بولسا چوڭ بولىدۇ ، قايتۇرۇپ كېلىڭ ، ئۆزىمىز باقىمىز .

مەن جىم بولۇپ قالدىم ، مۇئەللىمىمنىڭ مېنى قولتۇقلىۋالغان قولى ئاستا تىترىمەكتە ئىدى .

— سىز مېنىڭ ئۇستازىم ، يېقىن دوستۇم ، — دېدىم مەن ئۇنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ ، — مەن ئىقرار ، تۇنجى مۇھەببەتتىن زەربە يېدىم ، ئايالىمدىن ئۈزۈل - كېسىل ئۈمىد ئۈزدۈم . مەن ئۇنىڭ يېنىغا ھەرگىز بارمايمەن . مەن باشقا سەۋەب بىلەن كەتمەكچى .

— قانداق سەۋەب بىلەن ؟

— بۇ مېنىڭ خىيالىم ، — دېدىم يازغان ئىلتىماسىمنى ۋە رەقىپىنىڭ تەييارلاۋاتقان سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بولۇپ ، — ناھايىتى ئېنىق ، ئۇ بار يەردە ماڭا ياخشى كۈن يوق !

لى لاۋشى جىم بولۇپ قالدى . خېلى ماڭغاندىن كېيىن :

---

① جياڭشى — لېكتور — ت .

② جۇجياۋ — ئاسسىستېنت — ت .

— بىز يۇقىرىغا ، ئەڭ ياخشىسى ، شۇي شۇجىنىڭ ئۆزىگە خەت يازايلى . ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى ھەل قىلىدۇ ،— دېدى .

كىنو تۈگىگۈچە لى لاۋشىدىن بىر يېڭى گەپ ئاڭلىمىدىم . ئۇ كىنودىن روھسىزلانغان ھالدا چىقتى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ :

— ماسلوۋاغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ، بىگۇناھ سۈرگۈن قىلىندى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەببەت پاجىئەسىچۇ ؟ تۈرمىدە ماسلوۋا نىخليۇدوفنىڭ سۆزى بىلەن ھاراقنى تاشلىدى ، دوختۇرخانىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ كىردى . ئۇ كۆڭلىدە ئاشۇ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان نىخليۇدوفنى يەنە ياخشى كۆرىدۇ ، لېكىن يەنە شۇ نىخليۇدوفنىڭ ئابرۇيىنى دەپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى . سىمىيۇننى ياخشى كۆرمىسىمۇ ، ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشقا رازى بولدى . مۇھەببەتنى يوشۇرۇش قانداق دەھشەت !...

— مېنىڭ نىخليۇدوفقا ئىچىم ئاغرىيدۇ ،— دېدىم ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ ،— پۈتۈن زېھنى ، ئىرادىسى ۋە بايلىقىنى تۆۋە قىلىشقا سەرپ قىلدى ، لېكىن ماسلوۋانىڭ ، يەنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن ، ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايالنىڭ ئەپۇسىغا ، نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى . ئۇنىڭ ھاياتىدا يەنە نېمە لەززەت قالدى دەيسىز ؟ ھەي ، پاجىئە — ئىنسان روھىغا چۈشكەن ھال كېسەل !

مەن بۇ سۆزلەرنى خۇددى ئۆزۈمگە ئېيتقاندەك ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتتىم .

— خەير ئەمىسە ، كېلەر يەكشەنبىگىچە خوشلىشايلى ،— دېدى لى لاۋشى نازۇك قولىنى ماڭا سۇنۇپ ،— شۇنىڭغىچە كېلەلمەيمەن ، ئۆيدە ئىشلەيدىغان بىر ھەپتىلىك ئىشىم بار . سىز «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخي تېزىسلىرى»نى قاچان باسمىغا تاپشۇرىسىز ؟

— كېلەر ھەپتە ،— دېدىم ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىقىپ ، — خەير ئەمىسە ، تەرجىمە قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىرلار بار ، كېلەر يەكشەنبە سىزنى ياتىقىمدا كۈتىمەن .

قىز كۈلۈپ قويۇپ خوشلاشتى .

مەن بىردە يورۇق ، بىردە قاراڭغۇ كوچىلار بىلەن كېلىۋاتىمەن . كاترىنا ماسلۇۋا يېنىمدا بىللە كېلىۋاتقاندەك ، هازىرلا ئۇ مېنى قولتۇقلىۋېلىپ : «نىخليۇدوفنى هەيدىۋەت !» دەۋېتىدىغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى… مەن كاۋاپ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىككى زىخ كاۋاپ بىلەن بىر رومكا هاراق ئىچكۈم كەلدى .

مەن كاۋاپخانىغا كىردىم ، ئاق بۆك كىيگەن خۇيزۇ ئاشپەز خۇش چىراي كۈتۈۋالدى . ئۇ ماڭا پەردىنىڭ ئارقىسىنى شەرەت قىلدى ، مەن پەردىنى قايرىدىم . ئۇ يەردە ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان بىر ئايال دۈم ياتاتتى . ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان چىرايلىق قۇلىقىدىكى ئالتۇن هالقىسى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . مەن كاۋاپچىغا قارىدىم .

— ئۆزى يالغۇز ، خېلى جىق ئىچتى ، ئەمدى كېتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ ، سەن ياخشى ئۇچرىدىڭ !— دېدى كاۋاپچى . مەن ئىككىلەندىم . كېچىدە قىز بالىنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈشمۇ ، تاشلاپ قويۇشمۇ قولايسىز . نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇنى ئويغىتىش ، ئىسسىق چاي ئىچكۈزۈپ سەگىتىش ، ماڭغۇزۇپ ئەكېتىش كېرەك دېگەن يەرگە كەلدىم - دە ، ئۇنى ئاستا نوقۇدۇم :

— تۇرۇڭ ، سىز كىم ؟

— سىزنىڭ… سىزنىڭ…— ئايال بېشىنى كۆتۈردى . مەن هەيران قالدىم :

— ئادىلە !

ئادىلە مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى - دە ، قولىنى سۇندى :

— ئاپىرىپ قويۇڭ ، مەن سىزگە دۈشمەن ئەمەسمەن ، ماڭا

بىر ياخشىلىق قىلىڭ . ھا… ھا… ھا !

مەن بۇ قىزنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان ، شىنجاڭغا كەتكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىغانىدىم .

— بۇ نېمە بولغىنىڭىز ؟

— ئولتۇرۇڭ ، ئىچىمىز ،— دېدى قىز قوللىرىمدىن تۇتۇپ تارتىپ ،— ئولتۇرۇڭ ، مانا ئوڭشالدىم ، مەن يەنە ئىچەلەيمەن !

— ئوڭشالغان بولسىڭىز ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، مەن سىزنى ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ قويىمەن !

مەن قىزنى يۆلىدىم ، قىز ماڭا بىردىنلا تاشلاندى ـ دە ، قوللىرىمغا چاپلىشىۋالدى :

— سىزگە ئېيتىدىغان يىغلىقلار كۆپ . مەن سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن ، يامان بولسىڭىز ، قوللىرىمنى كېسىپ تاشلاپ قۇتۇلۇڭ !

كاۋاپچى ئارىغا كىردى :

— مەن سىزگىلا قاراپ قالدىم ، دۇكاننى تاقايدىغان ۋاخ بولغىلى نىكەم !

بىز مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدۇق . مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزىدىم ، تۈگمىلىرىنى ئەتتىم . ئۇنىڭ كۆزلىرى ، چىرايلىق يۈزى قىزارغان ، ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاپئاق چىشلىرىنى يالتىرىتىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . بىز كوچىغا چىقىش بىلەن دۇكانچى ئىشىككە كىلتاڭ سالدى . دېمەك ، ئەمدى قىزنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويىماي ئىلاج يوق ئىدى .

مەن ئۇنى قولتۇقلاپ ئارقا كوچا بىلەن ئېلىپ ماڭدىم .

— سىز نېمىشقا ئىچىسىز ، ئادىلە ؟— يالغۇز كوچىغا كەلگەندە ، مەن ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ سورىدىم ،— قىز بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ بۇ !

— چىدىمىدىم !— دېدى قىز بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ ھۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرەپ يىغلاپ،— مېنى ئىچىشكە ئۈگەتكەنمۇ، مېنى كاردىن چىقارغانمۇ، ئاشۇ رەقىپ! جېنىم ئەلا، مەن هازىر خوتۇن، ۋىجدانى بۇلغانغان خوتۇنمەن. توي قىلايلى دېسەم، سەن خائىننىڭ قىزى، ئاتا ـ ئاناڭ ۋەتەن خائىنى دەيدۇ تېخى! مېنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك خىزمەتتىن بوشاتماقچى!

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مېنىڭ بىلەكلىرىمنى، هەتتا كىيىمىمنى هۆل قىلدى. ئۇ ماڭا مەهكەم چاپلىنىشىپ، قوللىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىپ يىغلايتتى، بىردە قاقاقلاپ كۈلەتتى، يەنە قىزىشىپ سۆزلەيتتى.

— قايسى يۈزۈم بىلەن تەشكىلگە دەيمەن، ئۇنىڭ بىلەن يۈرگىن دەپ تەشكىل ماڭا تاپشۇرغانمىدى؟ ئۆزۈم ئۇنى ياخشى كۆرگەن، نېمىسى ياراپ قېلىۋىدىكىنتاڭ، ئۇ پەۋاز قاپاقنىڭ! ئەس ـ هوشۇمنى يوقىتىپ ياخشى كۆرۈپتىمەن، هەرقانچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ كەچۈرۈپتىمەن. هەممىنى قىلغان ئۇنىڭ پۇلى. ئۇنىڭغا شۇنچە پۇلنى مىراس قالدۇرغان دادىسىغا مىڭ لەنەت. پۇل مېنى ئازدۇردى. ئابدۇللا توقاي نېمە دېۋىدا: «يالتىراپ كۆزلەرنى چېقىپ توغرا يولدىن ئازدۇرار»[1] دېگەنمىدى، مېنى پۇل ئازدۇردى، هەۋەس بۇزدى، كاردىن چىقاردى، ئەمدى ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ!

مەن نەق هايات ماسلىۋانى يۆلەپ تۇرماقتىمەن. نەپرەتلىنەيمۇ، هېسداشلىق قىلايمۇ؟ ئۇنىڭغا پاناھ بولسام، بىرەر كاساپىتى تېگەرمۇ؟ نېمە بولسا بولار دەپ تاشلاپ كېتىپ قالسام، رەهىمسىزلىك قىلغان بولمايمەنمۇ؟

مەن خېلى ئويلاندىم، خېلى ئارىسالدى بولۇشلاردىن كېيىن، ئۇنى يەنە قولتۇقلاپ ئېلىپ مېڭىشقا قارار قىلدىم.

---

[1] «ئالتۇن» ناملىق شېئىرنىڭ بىر مىسراسى.

— يۇرۇڭ !— مەن ئۇنى مېڭىشقا دەۋەت قىلدىم . ئۇ ماڭا ئۆزىنى تاشلىدى ، تۇزۇك ماڭالمايتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ مۇشۇ يەردە قونامسىز ، بىر ئامال قىلىپ مېڭىڭ !

— سىز مېنى يۆلەپ مېڭىڭ ،— دېدى ئۇ ئارانلا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ . مەن ئۇنى يۆلەپ ماڭدىم . بىز قاراڭغۇ ، تار كوچىغا كەلدۇق . جىمجىت ، ھېچكىم يوق ئىدى . ئۇ ماڭا بارغانسېرى چىڭ چاپلاشتى . مەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم . ئۇ بىردىنلا بوينۇمغا گىرە سالدى ـ دە ، مەڭزىم ، بوينۇم ، كۆزلىرىمگە سۆيۈشكە باشلىدى . مەن خۇددى يۇزۇمنى مۇشۇك يالىغاندەك سەسكىنىپ كەتتىم . چۈنكى ، بۇ سۆيۈش ئىنتىقام ئۈچۈن ئىدى . ئۇ خىيالىدا ، رەقىپمۇ سېنىڭ ئايالىڭ بىلەن چىقىشقان ، مەنمۇ گۈزەلئاينىڭ ئېرىنى سۆيەلەيمەن ، شۇنىڭ بىلەن ۋىجدانەن ئىنتىقام ئالىمەن ، دەپ ئويلايتتى .

— نېمىشقا مەن سېنى ياخشى كۆرمەي... جېنىم... مۇلايىم قوزىدەك... ھەم چىرايلىق...

ئۇ بىلجىرلاشقا باشلىدى . مەن بىرلا سىلكىندىم ـ دە ، ئۇنىڭ قولىدىن بوشىۋالدىم . ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى .

تاشلاپ كېتەي دەپ ئون قەدەمچە ماڭدىم ، لېكىن بۇ نامەردلىك . مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە ، ئۇنىڭ بېشىنى تىزىمغا ئېلىپ چاچلىرىنى سىلىدىم . ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى :

— ئادىلە ، بەختسىز بىچارە ، ئىككىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان ئادەم ھازىر غالىب قەھرىماندەك گىدەيمەكتە ، لېكىن بىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالالايمىز .

— يالغان !— دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ،— سىز ھەرگىز رەقىپتىن ئىنتىقام ئالالمايسىز . ئۇ ئەمدى گۈزەلنى بەختسىز قىلارمۇ ؟ ياق ، گۈزەل ئۇنى يامان كۆرىدۇ . گۈزەل ساپ . ئۇ

سىزنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . سىز نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىـ
ڭىز ؟ سىز ئايرىلمىغان بولسىڭىز ، ماڭا مۇشۇ خورلۇق يوق ئىدـ
ى . ئۇ… ئۇ گۈزەلدىن تېخىچىلا ئۈمىد ئۈزمىدى ، لېكىن گۈزەلـ
نىڭ يۈرىكى سىزنىلا ياخشى كۆرىدۇ . سىز يۇلتۇزدەك يورۇق ،
شەبنەمدەك تازا . بۈگۈن مېنىڭ بىلەن بىللە بولامسىز ؟

ئۇ ئەمدى مېنىڭ قوللىرىمغا تايىنىپ دادىل ماڭدى .

— سىزنىڭ بەدىنىڭىزدە گۈزەللىكنىڭ پۇرىقى بار ، كىچىچە دوستۇمنىڭ ھىدىنى پۇراپ ياتاي ، ماقۇل دەمسىز ، ئەلا ؟

مەن قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم :

— بولىدۇ ، سىزگە ھەمراھ بولاي…

— ئۇنتۇلماس خاتىرە …— دېدى ئۇ ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ .

پالاكەتكە يولۇققان بىرەر سەپدىشىڭ ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە غەمخورلۇق قىلىپ قويۇش قانچىلىك چوڭ ئىش ؟ لېكىن ئادىلەگە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلاپ ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان غەلىتە ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشنى ئويلىماپتىكەنمەن . ئۇ ئۈچ قەۋەت بىناـ نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە يالغۇز ياتاقتا تۇرىدىكەن . مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتىقىغا ئەكىردىم ـ دە ، ئارقامغا ياندىم ، لېكىن قىز قوللىرىمغا ئېسىلىۋالدى :

— ۋەدىڭىزدە تۇرىسىز ، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىسىز . ئۇنىدـ مىسىڭىز ، ۋارقىرايمەن !

ئۇ بىرلا ۋارقىرىسا ئىشىنىڭ پۈتكىنى ، ئەتراپتىكى قوشنىلار كىرىشىدۇ ، ئادىلە نېمىلا دېسە گېپى ئاقىدۇ . مەن ئادىلەدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم : ئۇ ئەتەيلا مېنى يەرگە قاراتماقچى بولۇۋاتـ امدۇ ـ قانداق ؟… ئۇنىڭ كوچىدا يېتىپ قېلىشى بىلەن ماڭا بىرەر جاۋابكارلىق چۈشمىگەندىكىن نېمىشقا رەھىم قىلدىم . مانا

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟… لېكىن، مەن ئۇيلا ـ ئۇيلا مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: مەن پاكمەن، ئەيىبسىزمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتقا ساختا كۆز بىلەن قاراشنىڭ ھاجىتى يوق، ئادىلەگە ساپ دىل بىلەن مۇئامىلە قىلىشىم لازىم. ئۆز ۋىجدانىم ئالدىدا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدىغانلا ئىش قىلمىسام، باشقىلارنىڭ تۆھمەت، ھاقا-رەتلىرىدىن قورقمايمەن، چۈنكى ھاياتنىڭ ئۆزى ئادىل ھۆكۈمچى. ۋاقىت ئۆتۈش بىلەن كىشىلەر ھامان يالغان بىلەن راستنى ئىلغا قىلالايدۇ. پەقەت بۇ ئىلغا قىلىشنىڭ بۇگۈنى ۋە ئەتىسى، ئالدى ۋە كەينىلا مەۋجۇت، خالاس!

مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ـ دە، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— ئادىلە، مەن ۋەدەمدە تۇرۇپ، بۇ يەردە قوناي، بىراق بىر شەرتىمگە ماقۇل دەيسىز، — دېدىم. ئادىلە ماڭا يالت قىلىپ قارىدى.

— شەرتىم شۇ: بىللە ياتمىز، لېكىن سىز مېنى ئەلا ئە-مەس، گۈزەلئاي دەپ چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مەن سىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن.

ئادىلە قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، قوللىرىمنى ئۆزىگە تارتتى.

ئايالللار رەھىمدىل كېلىدۇ، ئۇ مېنىڭ شەرتىمگە كۆندى، كارىۋىتىدا تورۇسقا قاراپ ئوڭدىسىغا ياتتى. مەن ئۇنىڭغا كۆز قۇيرۇقۇمدا قارىدىم: ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن كۆكرەكلىرى، قويۇق چاچلىرى، چىرايلىق ۋە تولۇق يۈزى ئەينى «تىرىلىش» تىككى ماسلىۋۋا ئىدى. ئۇنى نىخلىيۇدوف — رەقىپ كاردىن چىقارغان… يۈرىكىمنىڭ تېگى ـ تېگىدىن رەقىپكە غەزىپىم كۈچىيىشكە باشلىدى. سەن مېنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلدىڭ! بۇگۈن يەنە ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى ساڭا بېغىشلىغان بىر قىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، مانا ئەمدى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر يىگىت ئارقىلىق ئىنتىقام ئالىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ!

www.uyghurkitap.com

هازىرمۇ مۇشۇ يەردە بولغىنىڭدا ئىدى ، مەن ساڭا ئەرلىك ئار ـ نومۇسۇم بىلەن جازا بەرگەن ، چىشلىرىڭنى تۆكۈپ تاشلىغان بولاتتىم ، لېكىن سەن بۇ يەردە يوق . كىم بىلىدۇ ، سەن بىز بىلمەيدىغان ئەسكىلىكلەردىن يەنە قانچىسىنى قىلدىڭ ؟ كىم بىلىدۇ ، سەن شۇ تاپتا يەنە بىر مەسۇم قىزنى ئالداپ ، ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇۋېلىپ ، قانداق قىلسام ئاسان ۋە گەپ ـ سۆزسىز قۇتۇلىمەن دېگەن نەرسىنى ئويلاۋاتامسەن تېخى !… سەن هاياتقا ساختا كۆز بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن ، شۇڭا سەن دۇنيادا پاكىز نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيسەن . «بۇلغانمايدىغان نەرسە يوق ، تەمە قىلمايدىغان ئادەم يوق !» . بۇ ، سېنىڭ هاياتتىن چىقارغان خۇلاسەڭ . سەن شۇنىڭ ئۈچۈن ، ياخشى نەرسىلەرنى مەن بۇلغىمىسام ، باشقىلار بۇلغايدۇ دەپ قارايسەن ـ دە ، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئېپلاس قولۇڭنى بىردە ئۇنىڭغا ، بىردە بۇنىڭغا سوزىسەن !…

— ئۇ پۇلدىن ئايرىلسا ، بىر ئېپلاس ، ياۋا توڭگۇز…

ئادىلەنىڭ ئۆيقۇسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن ئۇنىڭغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى ئىرغىتىپ قويدۇم . بايىقى خىياللاردىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىپ قالدى . چۈنكى ، ئىككىمىز تەقدىرداش ، ھەر ئىككىلىمىزدىكى ساپ نەرسىنى ـ مۇھەببەت ھېسسىياتىنى بىر ئېپلاس قول بۇلغىغانىدى…

مەن ھېكايە ئېيتمىدىم ، ئادىلەنىڭ يېنىدا ئوڭدا ياتتىم . بىزنىڭ بەدەنلىرىمىز بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرىدۇ . مانا ئۇ ماڭا پۇتلىرىنى ئارتتى ، لېكىن مەندە ئەرلىك ھېسسىيات ئۆلگەن . خۇددى مېنىڭ يېنىمدا بىر ئەر كىشى ياتقاندەك ، نېرۋىلىرىمدا قىلچىمۇ ئويغىنىش بولمىدى… بۇ ئۆلگەن كۆڭۈلنىڭ يەنە بىر ئۆلگەن كۆڭۈلگە بەرگەن جاۋابى ئىدى . ئادىلە بىر سائەت ياتتى ، مېنى ئاستا قۇچاقلىدى ، يۈزىنى ياقتى . مەن بۇتتەك ياتقاندىن

كېيىن ، ئۇ تامغا بۇرۇلدى ـ دە ، بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى . مەن ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، ئۇنىڭ ياتقىدىن چىقتىم .

مەن ئىشىكتىن چىقىشىمغىلا ، ئۇنىڭ قوشنىسىمۇ ئۆيىدىن چىقىپ قالسا بولىدۇ . ئۇ ماڭا ئالدىيىپ قاراپ قويدى ۋە كەينىمدىن :

— تاڭ ئالدىدا چىقىپ كەتسەم ، ھېچكىم تۇيمايدۇ دەپتىكەنسەن ـ دە !— دەپ قالدى .

«ئەمدى سۆز ـ چۆچەككە قالدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم .

ياتىقىمغا كېلىپ نېمىشقىدۇر يۈزۈمنى يۇدۇم . بايا ئادىلەنىڭ لەۋلىرى تەگكەن يەرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسام كېرەك . كارىۋىتىمغا ياتتىم ـ دە ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتىم .

ئەتىسىدىن باشلاپ مەن ئادىلە توغرىسىدىكى ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇم .

… مېنىڭ كۈنلىرىم يەنە كىتابلار بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى . كۈنلەر ، ھەپتىلەر شۇنچىلىك تېز ئۆتمەكتە ، مەن كۈنلەرنىڭ تېز ئۆتكەنلىكىنى تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىلىمەن : لەنجۇ شەھىرىنىڭ سېرىق چاڭ بىلەن قاپلىنىدىغان كۈنلىرى كەلدى . دېمەك ، ياز . ياز كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلغىلى بولامتىغۇ ؟ لېكىن ، مەن ئەمدى يەكشەنبىلەرنىمۇ ئىشقا سەرپ قىلىدىغان بولۇۋالدىم .

## 6

تۈن ، ئىيۇن كېچىسى…

شەرققە قارىغان دېرىزەمدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەيىن شامال كىرىدۇ ، ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلىرىمنى شىلدىرلىتىپ قو-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈپ ، ئارامبەخش قوللىرى بىلەن يۈزلىرىمنى سىيپايدۇ . مەن ھۇزۇرلىنىمەن ـ دە ، ئىشتىن باش كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن قارايمەن . مەن ئېگىزدە ، شەھەر تۆۋەندە . شەھەر يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئوخشايدۇ ، نۇرلۇق چىراغلار خۇددى يۇلتۇزدەك كۆپ ، يالت ـ يۇلت ، پار ـ پۇر قىلغان نۇرلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا پەيدا بولۇپ ، يوقىلىپ تۇرىدۇ… بىرلا قارىغان كىشى ، بۇ گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك ئاسمان تېگىدىكى شادىمان شەھەردە زادىلا خاپىلىق يوق بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن . لېكىن ، مۇنۇ نۇرلۇق چىراغلار بىلەن سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىس قىزدەك ياسانغان شەھەرنىڭ خۇشاللىقىغا نۇرغۇن غەملەر ياندىشاتتى . ئەگەر سىز ئاشۇ ئۇيقۇدىكى ياكى ھەرىكەتتىكى ئادەملەر بىلەن بىرمۇبىر پاراڭلىشىپ چىقالىسىڭىز ئىدى ، ئۇ چاغدا ھەسرىتى بار ، غەم ـ قايغۇسى بار ، ئارمىنى بار ، ئاغرىقى ـ ۋەھىيمىسى بار ، دەھشىتى ـ قورقۇنچىسى بار… خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ، ئەنە شۇلارمۇ مۇنۇ گۈزەل كۆرۈنۈشنىڭ زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلەتتىڭىز… مەن ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى…

قىزىل سىياھقا چىلانغان قەلىمىمنى تۇتقىنىمچە ئاشۇلارنى ئويلاپ ، تۆۋەندىكى شەھەرگە قاراپ بىرپەس تۇرۇۋالدىم ۋە ئاززۇدىن قۇرۇغان ئېڭىكىمنى سول ئالقىنىمغا قويدۇم ، ئېڭىكىم يىرىك تۈيۈلدى . شۇ چاغدا ئەينەككە قارىدىم ـ دە ، كۈلۈپ كەتتىم . ساقال ـ بۇرۇتۇم ئۆسكەن ، كۆزلىرىم ئولتۇرۇشقان ، ياڭاقلىرىم ئورۇقلۇقۇمدىن تومپىيىپ چىقىپ قالغان ، پېشانە ۋە چېكىلىرىمدە ئىنچىكە سىزىقلار كۆپەيگەن جۇدەڭگۈ چىرايىمدىن مەيۈسلەندىم ، ھازىر مېنىڭ تېخى چىرايىمغا قېرىلىق بەلگىلىرى قونىدۇرىدىغان چاغلىرىم ئەمەسقۇ ؟ بۇ يىل — 1963 ـ يىلى ياز — مېنىڭ لەنجۇغا كەلگىنىمگە ئالتە يىل بولدى . مەن ھازىر يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن يىگىتمەن ، بېشىمدا غەم تۇرمايدىغان

چاغلىرىم بۇ . لېكىن ، بەزىدە ئۆزۈمنى نەۋرىلىرى بىلەن ئىناق
ياشاۋاتقان بەختلىك ، لېكىن غەملىك بوۋايغا ئوخشاش ئاخىرەت
ۋەھىمىسى ئىچىدە سېزىمەن . بۇ نېمە ؟ چۈشكۈنلۈكمۇ ياكى ئېغىر
ئەمگەكنىڭ ئۈپرىتىشىمۇ ؟ بىلمەيمەن . لېكىن ، مەن شۇنى بىلى-
مەن ، مەنمۇ تەنھا جېنىمنى رەقىپتەك ئوبدان كۆتەلەيمەن ، يېنىك
ئىش قىلىپ ، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە ماڭا ھېچ توسالغۇ
يوق . ئۆزۈمنىڭ بىلىمىم ، ئىش ھەققىم بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش
كەچۈرەلەيمەنغۇ ؟ ئايالىسىزمۇ راھەت ياشاشقا بولىدىغۇ ! كۆزنى يۇ-
مىمەن - دە ، بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان قىزلاردىن بىرى بىلەن
تۇرمۇش قۇرىمەن ، مېنىڭ ئائىلەمدىمۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەر ،
شېرىن سىردىشىش — مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ ، ۋاقتىمنىڭ كۆپ
قىسمى ھازىرقىدەك جىمجىتلىق ، خاپىلىق ۋە خاپىلىقنى ئۇنتۇش
ئۈچۈن ئېغىر ئەمگەك قىلىش بىلەن ئۆتمەيدىغان بولىدۇ…
لېكىن ، ئۇ چاغدا ئۆز غايەمگە ئىنتىلىۋاتقان ئىرادەمنى يوقى-
تىمەن . راھەت - پاراغەت مېنىڭ ئىرادەمنىڭ ئوزۇقى ئەمەس ،
مەن ئۆز غايىسىگە ئىنتىلمىگەن ئادەملەرنى ھاياتلىق ئۈچۈن قىدى-
رىپ يۈرىدىغان ياۋايىلار تەبىقىسىنىڭ دوستلىرى دەپ كۆپ ئېيتاد-
تىم ، دېمەك ئالغا ئىنتىلىش ئىرادەم ھەقىقىي ئىنسانىي بەلگىلى-
رىمنىڭ بىرى . مەيلى مەن قانچىلىك خورسىنىشلارغا ئۇچرىسام-
مۇ ، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايمەن .
مەن شۇنداق ئىرادىگە كەلگەندىن كېيىن ئەينەكنى تاشلاپ
قويدۇم . ئۆزۈمچىلا كۈلۈمسىرەپ : «قېرىسام نېمە بوپتۇ ، قىزلار-
غا چىرايلىق كۆرۈنۈش مېنىڭ غايەم بولمىغاندىكىن ، بۇنىڭغا مە-
يۈسلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ » دەپ پىچىرلىدىم .
مەن ئالدىمدىكى كۆرۈلۈپ بولمىغان دەپتەرلەرنى سانىدىم .
ئون يەتتە دەپتەر بار ئىكەن . بۇ مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ماقالىلىرى ، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى ئىز-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىنىپ يۈرۈپ ، ئىككى ئايدەك ئەمگەك قىلىپ يېزىپ چىققان . بۇ ماقالىلەرنى كۆرۈپ بولۇپ ، ھەربىرىگە ئۆز پىكرىمنى يېزىپ چىقىمەن . بىرنەچچە مۇئەللىمنىڭ پىكىرلىرى قوشۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى ئۈستىدىن بىر پۈتۈن باھا بولىدۇ . دېمەك ، مەن ئوقۇغۇچىنىڭ تۆت يىللىق ئەمگەك مېۋىسىگە باھا بەرگۈچىمەن . تۆت يىل كۆيۈپ - پىشىپ ئەمگەك قىلغان ، ئىككى ئايدىن بېرى ئىزدىنىپ يۈرۈپ مەلۇم مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي كۆزقارىشىنى ئىسپاتلاپ چىققان يىگىرمە نەچچە ياشلىق تەلەپچان ياش ، ھازىر مېنىڭ توغرا ۋە ھەققانىي باھايىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە . بىر سىنىپتىكى ئوتتۇز ئالتە ئوقۇغۇچى مېنىڭ باھايىمنى كۈتمەكتە . مەن ئوتتۇز ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ ماقالىسىگە ئوتتۇز ئالتە خىل پىكىر يازىمەن . مەن ھەربىر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ، ئۇنى قانچىلىك ھەل قىلغانلىقى ، نۇقتىئىنەزەر ، ئاساس ، ئىسپاتلىرىنىڭ جاي - جايىغا چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكى ، ماقالىنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى ئارىسىدىكى مەنتىقلىق باغلىنىش ، نەقىللەر بىلەن پاكىتلارنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى ، ھەتتا ئىملاسىنىڭ توغرا - خاتالىقى... قاتارلىق مەسىلىلەرگە بىرمۇبىر باھا بېرىپ چىقىشىم لازىم . ئوقۇغۇچىلار ھازىرچە ئۆز ماقالىلىرىدىن رازى ، ئۇلارچە ، ماقالىلىرىدە زادىلا نۇقسان يوق . بەزىلىرىنىڭ ئويىدا ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى پات يېقىندا جەمئىيەتكە چىقىدۇ ، چوڭ تەسىر قوزغايدۇ ، شۇ ماقالىسى بىلەن ئۇ جەمئىيەتكە تونۇلىدۇ ، ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى ئارىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ . مېنىڭ ئۇ ماقالىلەرگە بەرگەن باھالىرىم ئۇلارغا ھە دېگەندە ياخشى تۇيۇلىدۇ ، چۈنكى مەن ھە دېگەندە ماقالىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئادىللىق بىلەن بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويىمەن . بارا - بارا ئۇلار مېنىڭ باھايىمدىن نارازى بولۇشىدۇ ، چۈنكى مەن ئىچكىرىلەپ بارىمەن - دە ، ماقالىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى بىرمۇبىر كۆر-

ستىتىشكە باشلايمەن . بەزىلىرىنى بولسا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىـ
مەن ۋە كېرەكسىز قەغەزلەر دۆۋىسىگە تاشلاشقا ھۆكۈم قىلىمەن .
ئۇنداق ئوقۇغۇچى ماقالىسىنى مىجىقلاپ تۇتىدۇ ، لېكىن پۈتۈن
زېھنى بىلەن يازغان ئون نەچچە بەتلىك ماقالىسىنى يىرتىپ تاشلاش-
قا قولى بارماي ، ئۇنى مۇئەللىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە قالدۇرۇپ
قويىدۇ . دېمەك ، مەن ماقالىلەرگە توغرا باھا بېرىش بىلەن بىللە ،
ئوتتۇز ئالتە ئوقۇغۇچىنى بىرمۇبىر سۆھبەتلىشىپ قانائەتلەندۈ-
رۈش ئۈچۈنمۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويۇشۇم كېرەك . باھالاپ
بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى خۇشال بولىدۇ ، مۇ-
ئەللىمنى چىن دىلىدىن تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ، مۇئەللىمگە
قايىل بولىدۇ ، مۇئەللىمدەك بىلىملىك بولۇشقا ئۆز - ئۆزىگە
ۋەدە بېرىدۇ ، ئۆزىنىڭ : «مۇئەللىم بىلەن تەڭلىشىپ قالدىم»
دەيدىغان چۈشەنچىسىنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ ، جەمئىـ
يەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئۇستازىدىن ئۆگىنىشنى ئۆزىگە بىر
مەقسەت قىلىپ قويىدۇ . بەزىلىرى بولسا ، ئۇنداق ئەمەس . مۇئەل-
لىمىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتلىرىدىغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇيۇ ،
ئىچ - ئىچىدىن جىلى بولىدۇ ، كۆڭلىدە ئۆزىنىمۇ ، مۇئەللىمىنىمۇ
تىللايدۇ ، مۇئەللىمدىن «رەھىمسىز» دەپ ئاغرىنىدۇ . مۇئەللى-
مىنىڭ تەلەپچانلىقىنى «ئۆزىنى كۆرسىتىش» دەپ چۈشىنىدۇ ،
ئورۇنسىز ۋە خاتا ھالدا : «خەپ ، جەمئىيەتكە چىققاندا بىر ئېپىنى
كەلتۈرۈپ جاجاڭنى بەرمىسەم» دەپ مۇئەللىمگە قارىتا كۆڭلىدە
غۇم ساقلايدۇ . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بەزىلىرى خۇشال ، بەزىلىرى
خاپا بولىدۇ ، ھەتتا بىرنەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدۇ ،
ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ ، روھسىزلىنىدۇ ، خالىي يەرلەردە يىغلاپمۇ ۋا-
لىدۇ… دېمەك ، مېنىڭ باھالىرىم ، ئوقۇغۇچىلار ھاياتىدا ئاشۇنچە-
لىك زور تەسىر قوزغايدۇ .

مەن قالغان ئون يەتتە دەپتەرگە باھا يېزىپ چىقىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئولتۇردۇم . شىر ـ شىر قىلغان قەلەم ئاۋازى بىلەن چىك ـ چاك ، چىك ـ چاك قىلغان سائەت ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق . مەن پۈتۈن زېھنىم ، مۇھەببىتىم بىلەن دەپتەر كۆرمەكتىمەن ، چۈنكى بۇ ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم . بىلىمەن ، ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ دەرس ئۆتۈشتىن توختاپ قالغىنىمغا نارازى . ئۇلار نەچچە قېتىم مېنىڭ دەرس ئۆتۈشۈمنى تەلەپ قىلىپ فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا خەتمۇ يازدى ، بۇنداق خەتلەر ئۈزۈلمىدى . ئۇلار ئېغىزچىمۇ تەلەپ قويۇشتى . تەلەپنامىسىدە : «ئوقۇتقۇچىمىز ئەلا بىزگە ھەقىقىي بىلىم بېرىدىغان ، كۆيۈنىدىغان ، تەلەپچان ، بىلىملىك ئوقۇتقۇچى . بىز ئەلا مۇئەللىمنىڭ دەرس بېرىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز !» دېيىشكەن . مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ تەلىپىنى ئۇقۇپ ھاياجانلانغانىدىم . رەقىپىنىڭ يېنىغا كىردىم :

— جىنايەت ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چارە تېپىلماسمىدى ؟— دېدىم .

رەقىپ غەزەپلىنىپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ۋە :

— مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، سىنى ئۆستۈرۈشمۇ ، چۆكتۈرۈشمۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس . سىنىڭ مەسىلەڭ تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ ، ئېنىقلانغاندىن كېيىن دەرس بېرەرسەن ،— دېدى .

— ئېنىقلىمايلا مېنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋېتىڭلار ، ئەمەلىيەت كۆرسەتسۇن . يا مەن ھېلىقى خەتەرلىكلەر بىلەن بىللە قوزغىلاڭ كۆتۈرەرمەن ، يا بولمىسا كاساڭ قورايچىلىك بولسىمۇ دان قالدۇرۇپ ئۆتەرمەن !

— پىكرىڭنى يوللاشقا ۋەدە بېرىمەن . لېكىن ، مېنىڭدەك بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭ قولىدىن جەمئىيەتكە تونۇلغان بىر ئىلىم ئەھلىنى يۆتكىۋېتىش قانداق كېلىدۇ !— دېدى ئۇ تەنە بىلەن .

شۇنىڭدىن بېرى ، مەن نېمىشقا دەرستىن توختاپ قالغىنىمنى سۈرۈشتۈرمىدىم . ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە

خېلى كىتاب ئوقۇۋالىمەن، دەپ قارىدىم. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ
دەپتەرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بەزىدە خۇشال بولۇپ ۋارقىراپ كېتىد-
مەن. بۇنداق ۋاقىتتا مەن ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتىرىدە بىر يېڭى
پىكىر ياكى بىر چىرايلىق جۈملە، بىر كۈچلۈك پاكىت كۆرۈپ
قالغان بولىمەن. بەزىدە بولسا، ئۆزۈمچىلا تۇتۇلۇپ خاپا بولۇپ
كېتىمەن. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتىرىدە بىر چوڭ نۇقسان
كۆرۈپ قالغان بولىمەن، مۇنۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسى ئاجايىپ ياخشى
قويۇلغان ـ ھە ـ ھە! «رابىيە ـ سەئىدىن — ساپ دىللارنىڭ كۆز
يېشى!» مەن ماقالىنى ئوقۇۋاتىمەن. خىيالىم بىردىنلا گۈزەل
رابىيە بىلەن ساپ دىل يىگىت سەئىدىننىڭ كەچۈرمىشلىرىگە كەت-
تى. مېنىڭ يۈرىكىمدە، ئۆز غايىسى يولىدا كۈچلىرىنى سەرپ
قىلىشنىمۇ بىلەلمىگەن بىر جۈپ ياشقا ئېچىنىش، خەيرخاھلىق
ھېسسى پەيدا بولدى… مەن خىيالدىن ماقالىگە قايتتىم. ئوقۇغۇچى
رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازلىرىنى بەك كۆتۈرۈۋەتكەن، ئۇلارنى
ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئۈلگىلىرى قىلىپ كۆرسەتكەن. «بۇ باھا
بەك يۇقىرى… ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ۋەھشىي كۈچلەرگە
قارشى ئىسيانكارلار، لېكىن ئۇلار بىچارىلەر، ئۇلار ئۆزلىرىنى
ئىلاجىسىز ۋە ئاجىز ھېسابلىغۇچىلار، ئۇلار تەقدىر جادۇسىغا ئۆز
بوينىنى ئۈندىمەيلا تۇتۇپ بەرگۈچىلەر! ياق، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى
خاتا! ئۆز غايىسىگە ئىنتىلگۈچىلەر، ئۆلۈملىرى بىلەن ئۆزلىرى-
نىڭ ساپلىقىنى ئىسپاتلىغۇچىلار قارا كۈچلەر ئالدىدا ئۇنداق مۇلا-
يىم بولماسلىقى كېرەك ئىدى!» مەن شۇنداق سۆزلەرنى ھېلىقى
ئوقۇغۇچىنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەن باھالىرى ئارىسىغا قىزىل قەلەم بى-
لەن ئۇششاق قىلىپ يېزىپ قويدۇم.

مەن ھەربىر دەپتەرنى كۆرۈۋاتقىنىمدا، خىيالىمدا ئاشۇ ئوقۇ-
غۇچى بىلەن سۆزلىشىمەن. گويا ئوقۇغۇچى ئۈستەلنىڭ بىر چېتى-
دە ئولتۇرغاندەك بەزىدە ئۇنى ماختايمەن: «ياخشى ئىزدەنگەنسىز،

www.uyghurkitap.com

مانا مۇشۇنداق يىگىرمە يىل ئىزدەنسىڭىز ، خېلى چوڭ مەسىلىلەرنى هەل قىلالايسىز ! » ، بەزىدە ئوقۇغۇچىغا كايىپ قويىمەن : «سىزگە بۇ ئاددىي مەسىلە بۈگۈندىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆتۈلگەنغۇ ؟ » ، «سىز هۇرۇنلۇق قىلىپ تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇپمۇ قويماپسىز ، بىلىپ قويۇڭ ، هۇرۇنلۇق — ئىلىم ئەهلىنىڭ كۈشەندىسى ! » ، بەزىلىرىگە بولسا ئاچچىق قىلىمەن : «سىز ئىملا هەم تىنىش بەلگىلىرىگە نېمىشقا دىققەت قىلمايسىز ؟ يادىڭىزدا بولسۇن ، خاتا ۋە قالايمىقان خەت يېزىشمۇ يېرىم ساۋاتسىزلىق ! »…

مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەرلىرىگە قاراپ ئولتۇرسام ، دائىم ئۆزۈمنى كۆڭۈللۈك ئەمەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بالىدەك ياكى پايدىسى نەق ئوقەت بىلەن هەپىلىشىۋاتقان سودىگەردەك سېزىمەن ـ دە ، ئارام ئېلىش ، تاماق يەۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن… بىرەر قۇرنىمۇ ئېتىبارسىز ۋە چالا ـ بۇلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن . ناۋادا ، بىرەر نەرسىگە بەرگەن باهايىمدىن ئۆزۈم قانائەت قىلمىسام ، كۆرۈۋاتقان دەپتىرىمنى قويۇپ قويىمەن ـ دە ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىمەن ، بەزىدە هەتتا باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەسلىهەتلىشىمەن . بۇ ئىشلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپ پائالىيەتلىرىمدە ئۆزلەشكەن ئادەتلىرىم . بۇ ئادەتنى خۇددى مەسئۇلىيەتچان دېهقاننىڭ دۆڭلەرگە ئالا تارتقىنىغا ، جانباز باغۋەننىڭ هەربىر كۆچىتىنىڭ هارام نوتىلىرىنى چاتىغىنىغا ، ئىشچان مالچىنىڭ قوزىلارنى ئۆز بەدىنى بىلەن ئىسسىتقىنىغا ئوخشىتىمەن…

مەن قاتتىق چارچاشتىن ئۇخلاپ قاپتىمەن . ئىشىكىمنى بىرى قاتتىق چەكتى ، مەن ئويغىنىپ كەتتىم . سىرتتىن بوۋاقنىڭ تېلىقىپ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى . بىر ئايال ئۈنى بەزلەيتتى . مەن هاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئىشىكنى ئاچتىم . ئوبدان زاكىلانغان بىر

بوۋاقنى تۇتۇپ قوشنا ئۆيدىكى موماي تۇراتتى. موماي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ماڭا كايىدى:

— توي قىلىشۇالساڭ بولامدۇ؟ قارا، بالا يىغلىغىلى ئىككى سائەتتەك بولدى. قورسىقى ئاچ، بىر نەرسە يېگۈزگىن!

مەن ھېچ نەرسە چۈشەنمىدىم، ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىمچە موماي سۇنغان زاكىلاقلىق بالىنى قولۇمغا ئالدىم. ئاپئاق زاكا ئىچىدە ئاق يۈزلۈك، قارا چاچلىرى پارقىراپ تۇرغان بالا يىغلاۋاتاتتى. مەن بالىنى كۆتۈرۈپ ياتقىمغا كىردىم. موماي تېخىچىلا ماڭا كايىماقتا:

— چىقمىغان بولسام، بالا ئۆلۈپ قالاتتى، نىكەم يىغلىغىلى، يۇمشاق چايناپ نان يېگۈزۈپ قويدۇم. يەنە بىرئازدىن كېيىن سۈت سانتۇچىلار كېلىدۇ، سۈت بىلەن باقىسەن، بىرىگە بېرىۋەتمە يەنە!

مەن ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ئانىسىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم. يۈزىنى تۇتقىنىچە يىغلاپ، چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇ يا ئۆلگىلى ماڭدى، يا بولمىسا ئۆز يۇرتىغا قاچتى! ھەي، سەن يىگىت گۇناھقا پاتتىڭ! توي قىلساڭلار مۇشۇنداق يۈز كېتىدىغان ئىشلار بولمايتتى!

مەن مومايىنىڭ كايىشلىرىدىن ئەھۋالنى ئاز ـ تولا چۈشەندىم.

— سېنىڭ بالاڭ بولدى، ئەمدى بېقىشقا بەل باغلىغىن، — دېدى ئۇ بالىنىڭ يۆگەكلىرىنى باشقىدىن يۆگەش ئۈچۈن يېشىپ، — قىز ئىكەن، ماۋۇ قەغەز نېمىسى، مە، ئوقۇغىن. ئالتۇن ئۈزۈك، ھالقىلارمۇ بار ئىكەن، مۇنۇ كىيىملەرنى تېخى! ھەي بىچارە ئانا، ھەي بىچارە ئانا!… ئاستى ھۆل ئىكەن، ھو… ھو… قوزام يىغلىما! مەن ھازىرلا سېنىڭ قورسىقىڭنى تويغۇزىمەن، قەنت ـ پېچىنە بارمۇ؟

مەن مومايىنىڭ دېگەنلىرىنى تەييارلاپ بەردىم ـ دە، ھېلىقى قەغەزنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئىچىدە خەت بار ئىدى. مەن خەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوقۇشقا تۇتۇنغاندا بوۋاق يىغىدىن توختىغان، موماي ئۇنىڭغا بىر نىمىلەرنى پىچىرلىغاندەك بولدى. ئىدى.
خەت مۇنداق يېزىلغان:

«ئەلا، بۇ بىچارە بەختسىز قىزىمنى سىزگە قالدۇردۇم. قىز سىزنىڭ، ھەرقانچە بالا ـ ئاپەت كەلسىمۇ، قىزغا ئىگە بولۇڭ. ھېلىقى كېچىسى سىز ماڭا مۇشۇنداق قىلىشنى مەسلىھەت بەرگەن. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ كەينىدىن چەت ئەلگە كېتىمەنمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما شىنجاڭغا كەتتىم، مانا ھازىرلا ماڭىمەن، مەڭگۈلۈككە خوش!...

مەن بىر خۇسۇسىي دوختۇرنىڭكىدە بوشاندىم. ‹ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ›. بالىنى ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭمۇ بالىڭىز مۇشۇ بالىدەك تىرىك يېتىم بولغاچقا، كۆڭلىڭىز يارا، ئۆزىڭىز مېھرىبان ئادەم بولغاچقا، بالامنى سىزگە تاپشۇردۇم. گۇناھسىز، پاك بولسىڭىزمۇ، بالا ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتمايسىز، خۇدايىم سىزگە بەخت ۋە ئۆمۈر بەرسۇن! ئىشىنىمەن، دۈشمەنلىرىڭىز چوقۇم يەرگە قارايدۇ... ! سىز مېھرىبان، بالىنى ساقلاپ قالالايسىز. مەن سىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، نۇرغۇن ئازاب ۋە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى قالدۇردۇم. سىز ماڭا غەزەپلەنمەڭ، مېنىڭ قالدۇرغان غەم ـ غۇسسىلىرىم تۈپەيلىدىن نارەسىدىنى يامان كۆرمەڭ!

ئۈمىدىم: گۇناھسىز نارەسىدە قىزىم مېنىڭ ئورنۇمدا چوڭ بولسۇن. قىزىمنىڭ ئىسمىنى دىلئارا قويۇڭ! يۈرىكىمنىڭ پارىسىنى سىزگە ئىنئام قىلىپ قالدۇردۇم. خەير! بالامغا ياخشى ئاتا بولۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆمۈر

كۆزۈڭ !...
ئادىله . 1963 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى»

مەسىله چۈشىنىشلىك ئىدى . مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ بالىسى هازىر مېنىڭدىن ئاتىلىق مېھىر ـ شەپقەت تىلىمەكتە . مەن ئادىله قالدۇرۇپ كەتكەن بىر جۈپ ئۈزۈك بىلەن هالقىنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ تۇرۇپ ئويلاندىم : بالىنى مۇشۇ خەت بىلەنلا ئەته گىندىڭ جامسۇغا بېرىمەن ـ دە ، مەسىله ئاشكارا بولىدۇ . مەن بالا ـ قازادىن قۇتۇلىمەن . لېكىن ، ئادىله يوق ، رەقىپ تەن ئالمىسچۇ ؟ تۆهمەت دەپ قارىسچۇ ؟ ئۇ ، جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ . ئۇ چاغدا مۇنۇ بالىغا كىم ئىگە بولىدۇ ؟

مەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان نارەسىدىگە قارىدىم . ئاقپىشماق ، قاڭشارلىق ، كۆزلىرى يوغان قىز لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاۋاتاتتى...

— ئەجەب چىرايلىق ـ هە !— دېدى موماي بالىنىڭ يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ ،— ئانىسى چىرايلىق ئەمەسمۇ ـ هە ؟ ساڭا ئوخشمايدۇ . هەي بالا ، مەن سېنى ياۋاش ، بىلىملىك دەپ يۈرەتتىم . نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ ؟

مەن جاۋاب بەرمىدىم . موماي بىر ئەسنەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . موماي چىقىپ كېتىش بىلەن بالا بىر تۇرۇلدى ـ دە ، يەنە قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى . مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ پەپىلىدىم ، لېكىن بالا تېخىمۇ قاتتىقراق يىغلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ لەۋلىرىگە يۈزۈمنى تەگكۈزدۈم . ئۇ ئىللىق پۇراقلىق ئاغزى بىلەن يۈزلىرىمنى يالاپ ئۆزىگە تاماق ئىزدەيتتى . مەن ئۇبدان بالا باقىدىغان بىر جاينى تېپىپ ، قانچىلىك راسخوت كەتسىمۇ ، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىشنى ئويلىدىم ، لېكىن مەن باشقىلارغا نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن ؟ ئەسكىلىك قىلدىم دەيمەنمۇ ؟ مېنى هۆرمەتلەيدىغان

www.uyghurkitap.com

دوستلىرىم ، خىزمەتداشلىرىم ، ئوقۇغۇچىلىرىم بۇ ئىشنى بىلسە نېمە دېيىشىدۇ ؟ ياق ، مېنىڭ بالام ئەمەس دەپ ، ھەقىقىي ئەھۋالنى تەشكىلگە ئېيتسامچۇ ؟ ئۇ چاغدا رەقىپ : «مېنى يىقىتىش ئۈچۈن مۇشۇ بەتنامنى چاپلىدى ، سىياسىي كۆرەشتە ئۆزىنى ئاقلاشقا ئىلاجسىز قالغانلىقتىن ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ بەتنامنى ئويلاپ تاپتى» دېيىشى مۇمكىن ، ياكى بولمىسا : «ئادىلە بالىنى نېمىشقا رەقىپكە قويماي ساڭا قويدى ؟ بالىنى قويغىنى راست ، خەت ياسالما» دېيىشى مۇمكىنغۇ ؟ !

بالا تېلىقىپ يىغلايتتى . مەن قانداق قىلىمەن دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ گاڭگىرىماقتىمەن . بالا راست مېنىڭ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىلە ماڭا قالدۇرغان دېسەملا ئىش پۈتىدىغۇ ! باشقىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسى ، يېقىنلارنىڭ نەپرەتلىرى ، دۈشمەنلىرىمنىڭ ئىغۋالىرىغا پىسەنت قىلمىساملا ، بىر ـ ئىككى ئاينى پەرۋاسىز ئۆتكۈزسەملا ئىش تۈگىگەن بولىدىغۇ... ! لېكىن ، بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى . بۇ مەردانىلىك بەدىلىگە ، مەن نۇرغۇن نەرسىدىن — ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشىم مۇمكىن . مەن ئەڭ ياخشىسى ، بالىنى ۋە خەتنى گىندىنىڭ جامسۇغا بېرىمەن . مەن ھازىرلا ، مۇشۇ تاپتىلا ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىمەن...

بالا تېلىقىپ يىغلايتتى . مەن باش ـ ئۇچى يوق خىياللار بىلەن گاڭگىرىماقتا ئىدىم . تەلىيىمگە موماي كىردى ـ دە ، يەنە كايىشقا باشلىدى :

— سەن بالا ، بۇ قىزنى قىيناپ قويىسەن ، مەن شىياۋلىزى بىلەن سۆزلەشتىم ، ياخشىراق جاي تاپقۇچە بالىغا مەن قاراپ بېرەي . ئەكەلگىن بالىنى ، ھەي سېنىڭ بولۇمسىزلىقىڭ ، قارا بالا تۇتۇشۇڭنى ! بەسەي ئەمەس بۇ ، بولۇشىغا كۆتۈرىدىغان !...

گىندىنىڭ جامسۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم . ئۆي يورۇدى ـ دە ،

ئىشىك ئېچىلدى، گىندىڭ چۆچاپ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— ئاغرىدىڭىزمۇ، قاپاقلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتىغۇ؟ قېنى ئۆيگە!

مەن تاماكىغا قول ئۇزاتتىم ۋە بالا توغرىسىدا قىسقىچىلا ئېيتىپ بېرىپ:

— شۇنداق، مەن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. خاتالىقىم ئۈچۈن قانچىلىك جازا كەلسە رازىمەن! — دېدىم.

گىندىڭ جامسۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇزاق قارىدى:

— مەن ھېسابلىدىم، — دېدى ئۇ ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، — بالا سىزنىڭ ئەمەس، ئادىلە بۇ بالىغا ھامىلدار بولغاندا، سىز بۇ يەردە يوق!

— بالىنىڭ ئانىسى مېنىڭ ئاتا بولۇشۇمنى تەلەپ قىلغاندىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈم بالىنى ئۆز بالام دەپ ئېتىراپ قىلغاندىكىن، مېنىڭ قانۇنغا تاقىلىدىغان ياكى ئەخلاق - پەزىلەتكە تاقىلىدىغان خاتالىقىم ئۈستىدىلا ئويلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

— بىلىمەن، سىزنىڭ نېمىشقا بالىنى ئۆز ئىختىيارىڭىزغا ئالماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، مېنىڭچە، ئىشنىڭ ئەينى قانداق بولسا، شۇ بويىچە ھەل قىلىش كېرەك. بالا رەقىپىنىڭ، جازا كەلسە شۇنىڭغا كېلىشى لازىم. بۇ ئىشنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن سىز قورققان بىلەن، بىز قورقمايمىز!

— سىزدىن ئۆتۈنىمەن! — دېدىم مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — مېنىڭ خاھىشىمچە بولسۇن. بالا مېنىڭ، بالا مېنىڭ، مېنىڭ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشقا كۆزۈم يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم بالىنى رەقىپكە ئىتتىرىشكە يول قويمايدۇ!

گىندىڭ جامسۇ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزاق ئولتۇردى - دە، ماڭا قاراپ:

— ئويلاپ كۆرەيلى ، لېكىن بەزىلەر سىزنىڭ بۇ مەردانىلىكىڭىزدىن پايدىلىنىدۇ . سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنى چوڭ ئەيىبىڭىز قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سىزگە ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ ،— دېدى .

— مەيلى ، مېنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىم ھېسابىغا بىر نارەسىدە بەختلىك بولىدىغانلا بولسا ، مەن بۇ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن . مەن خېلى پىشتىم ، كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئوخشايدۇ ، شار - شۇر قىلىپ تۆكىدىغىنىنى تۆكىدۇ - دە ، ئۆتۈپ كېتىدۇ . بىز تاغدىكى قارا تاشتەك يەنە چىمەنلەر ئارىسىدا تۇرىۋېرىمىز !

— راست ، ئۆتۈپ كېتىدۇ ،— دېدى گىنىدىڭ جامىسۇ كۈلۈپ كېتىپ ،— لېكىن ئەلا ، مېنىڭ سىزنى ئۇپراتقۇم كەلمەيدۇ . هارۋىمۇ سۇنمايدىغان ، ئۆكۈزمۇ ئۆلمەيدىغان بىر چارە چىقىپ قالار !

ئەمدى مېنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىمغا يېڭى بىر ئىش قوشۇلدى . مەن ھەر كۈنى بېرىلىپ خىزمەت ئىشلىگەندىن سىرت ، چۈشلۈكى ۋە كەچقۇرۇن بالا كۆتۈرىدىغان بولدۇم . قىزچاق ھازىر كالا سۈتى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتۈلگەچكە ، خېلى جىق ئۇخلايدىغان ، ئاز يىغلايدىغان بولۇپ قالدى . گىنىدىڭ جامىسۇدىن ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى خەۋەر يوق ، خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك . مېنى شۇنچە گاڭگىراتقان بۇ ئىش باشقىلار ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ھەيرانمەن ، بەش - ئالتە كۈندىن كېيىنلا مەن بوۋاقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈمسىرەشلىرىنى ، چىرايىنى تۈرۈپ ئەسنەشلىرىنى ، قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى سېغىنىدىغان ، بالىنى قولۇمغا ئېلىپ ، ھېچكىم يوق يەردە : «قىزىم ، قىزىم» دەپ ئەركىلىتىدىغان بولۇپ قالدىم .

دېمەك، بالا مېنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ئادىمىمگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئېرىنمەي، يىرگەنمەي ئۇنىڭ يۆگەكلىرىنى يۇياتتىم، ئاستىنى قۇرۇقدايتتىم، ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزەتتىم. لى موماي ماڭا:

— ماڭ، بېرىپ نوپۇس دەپتىرىگە ئالدۇرۇپ كەلگىن! — دېدى. مەن كۈلۈپ قويدۇم. موماي ئەمدى ماڭا تاپا-تەنە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى ئۆز نەۋرىسىگە كۆيۈنگەندەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. مەن ئويلايتتىم: كاشكى گۈزەلئايدىن قالغان بالا بولسىمىغۇ، بۇنىڭ ئاتىسى ماڭا دۈشمەن، ئانىسىمۇ ماڭا يات، لېكىن مۇنۇ گۇناھسىز قىزچاق مەيلىمنى تارتىدۇ...

ئالتىنچى كۈنى مېنى كادىرلار بۆلۈمىگە چاقىرتتى. مەن كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا قارىمۇقارشى ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇك، قاپىقى تۈرۈلگەن، گويا جىنايەتچىگە مۇئامىلە قىلغاندەك ماڭا قوپال ۋارقىرىدى:

— ساڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ۋاقتىدا مەلۇم قىلمايسەن؟ تەكشۈرۈش ياز. ئىنتىپاق ئىچىدە ئۆزۈڭنى تەكشۈرگىن، ئاندىن كېيىن تەشكىلىي چارە توغرىسىدا ئويلىشىمىز. ساڭا بۈگۈن ئۇقتۇرىدىغان ئىش شۇ، خىزمەتتىن توختايسەن. بۈگۈنلا ئەمگەك بۆلۈمىگە بارغىن!

— بارمايمەن! مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، — دېدىم ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، — سىنىڭ ماڭا ۋارقىرايدىغان ھەققىڭ يوق!

— قىزلار بىلەن قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولىسەن، ھارامدىن بالا تاپىسەن، يەنە ۋارقىرايسەنغۇ؟ ئېيتىپ قوياي، سىنىڭ تېخى سىياسىي مەسىلەڭمۇ ئېغىر!

ئۇمۇ ئۇستەلنى ئۇردى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق

ۋارقىرىدىم :

— سەن ھېچ نەرسە بىلمەيسەن ، ئاۋۋال بىل ، ئاندىن خۇلاسە قىل ، بىلىپ قوي ، ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ، سەن مېنىڭدىن ئەپۇ سورايسەن تېخى !

— بىز تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكلاتىنى كۆردۇق . ئۇلار تەكشۈرگەن ، ئېنىقلاپ خۇلاسە چىقارغان . سەن ئادىلە بىلەن بۇرۇندىنلا نامۇۋاپىق ئالاقىدە بولغانسەن . قىزغا ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلغان ، ياتىقىدا قونغان ، بۇنىڭغا سەنئەت ئۆمىكىدىنمۇ گۇۋاھچىلار بار . گەپ تۈگىدى . سەن ئەمگەك قىلىسەن ، ئەمگەك قىلمىساڭ ، ئۇستىلەپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسەن ، بىز ساڭا قاتتىق چارە كۆرىمىز !

مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرىدىم ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ھالدا :

— ئەمگەك قىلىمەن ، بۇ ، بىر نارەسىدە ئۈچۈن قىلغان ئەجىرىم ، نارەسىدە ئۈچۈن ھەرقانداق چارىگە تەييارمەن !

مۇئاۋىن باشلىق بوشاپ قالدى :

— كادىرلار بۆلۈمىنىڭ قارارى . بىلىپ قوي ، بۇ قارارغا خې فۇشۇجى قوشۇلغان !

— سىز ، ئەلا ، چىقىپ تۇرۇڭ ، بىردەم چىقىپ تۇرۇڭ !— بىر مېھرىبان ئاۋاز قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلاندى . مەن قايرىلىپ قارىدىم . پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ساۋ ئانا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ساۋ ئانا پېشقەدەم كادىر ، شۈي شۇجىلار بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن . ئۇ شۈي شۇجىنىڭ يېقىن ئادىمى ۋە قوللىغۇچىسى ئىدى . مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كادىرلار بۆلۈمىدىن چىقىپ كەتتىم .

مەن غالىلداپ تىترىدىم . ئىچىمدە بىر ئوت ياناتتى : ماڭا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ، خالىس ئادەمنىڭ قارىلىنىۋاتقىنىغا ، باشقى-

لارنىڭ ياخشى نىيەتلىرى يېنىدىن شۇمبۇيا بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىققان رەقىپتەك ئادەملەرنىڭ ئاقلىنىۋاتقانلىقىغا ، كادىرلار بۆلۈ-مىنىڭ مۇنۇ بىر مەسئۇلىسىنىڭ رەقىپتەك ئالا كۆڭۈلگە يان بېسى-ۋاتقىنىغا غەزەپلىنەتتىم . ناۋادا ، شۇي شۇجىدەك ، گىنىدىڭ جام-سۇدەك ، ما جۇرىندەك ، ساۋ ئانىدەك ئادەملەر — مۇشۇنداق پارتى-يە خادىملىرى بولمىغان بولسا ، رەقىپتەكلەر پارتىيىمىزنى قانچىلىك ئاياغ ئاستى قىلغان بولار ئىدى ، قانچىلىگەن ماڭا ئوخشاش ئاق نىيەتلىك ئادەملەر ئازار يېگەن ، زىيان تارتقان بولار ئىدى - ھە ؟ !

مېنى خىزمەتتىن توختىتىپ ئەمگەككە سالدى . ئەسكى كى-يىم ، پايپاقسىز خەي كىيىۋېلىپ ، ھەر كۈنى سەككىز سائەت كۆكتاتلىققا تۈگلار بىلەن ئوغۇت توشۇيدىغان ، هارۋا بىلەن ئىسكى-لاتتىن ئۈستەل - ئورۇندۇق يۆتكەيدىغان ، بەزىدە مەكتەپ ئالدىدى-كى ياغاچچىخانىغا بېرىپ ئوتۇن كەسلەيدىغان ، كۆمۈر كۆمىلاچلاي-دىغان بولدۇم . بىر كۈنى ، كۆكتاتلىقتا ئوغۇت ئاقىدىغان ئېرىقنى تازىلاۋېتىپ ، سۇنئىي تاغ قاپتىلىدىكى بۇك - باراقسان سېرىنگۈل ئارىسىدا رەقىپنىڭ بىر قىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم :

— ماشىنا يالالىمىز - دە ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتى-مىز !— دېدى رەقىپ هاسىراپ تۇرۇپ .

— قورقىمەن ، سىزدىن قورقىمەن !— دېدى قىز ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەپ ،— مېنىمۇ ئادىلەنى تاشلىغاندەك تاشلىسىڭىز···

— ياق ، ئۇ دېگەن ئۇ ، كۆڭلىنى ئاياپلا يۈرۈپ قويغانىدىم ، سىز دېگەن مېنىڭ جېنىم !···

مەن تىترەپ كەتتىم ، مۇشتۇملىرىم ئۆزلۈكىدىن تۈگۈلدى . شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بازارغا چىقىپ راسا هاراق ئىچتىم ، رەقىپ-نىڭ ياتىقىغا قانداق كىرىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم .

www.uyghurkitap.com

ئۇ مېنى كۆرۈپ ، ئوقۇۋاتقان خەتنى يانچۇقىغا پوكلەپ تىقتى ـ دە ، ماڭا قاراپ ھىجايدى .

مەن گەپمۇ قىلماي غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلدىم . ئۇ مېنىڭ ئىشىكنى ئىلىۋاتقىنىمنى كۆردى ـ دە ، ۋەھىمە ئىچىدە نالە قىلىشقا باشلىدى :

— ئويلاشقىن ، ئەلا ، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن !

— ئادىلە ئىنتىقام ئېلىشنى قىزىغا تاپشۇرۇپتۇ . خەتنى كۆرگەنسەن ! مەن قىز ئۈچۈن ، ئادىلە ئۈچۈن ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ماڭا ئوخشاشلار ئۈچۈن ، سېنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن !

مەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كانىيىدىن ئالدىم . ئۇ سېمىز ۋە يوغان ئىدى ، مەن بولسام ئورۇق ، كۈچسىز ئىدىم ، لېكىن غەزەپ ماڭا كۈچ ـ غەيرەت بولغانىدى . مەن ئۇنىڭ قىزىلئۆڭگىچىدىن غەزەپ بىلەن بوغدۇم . ئۇ بىر چەتتىن ۋارقىرايتتى ، بىر چەتتىن تېپىرلاپ مېنىڭ بىلەن ئېلىشاتتى . مەن كىچىك ۋاقتىمدا خېلى مۇشتلىشىپ كۆرگەن ، مۇشتلىشىشقا كەلگەندە ئانچە ساۋاتسىز ئەمەس ئىدىم . بالا ۋاقتىمدا ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئېلىشىپ قېلىپ ئەدىپىنى بەرگەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە . مەن ئۇنىڭ چىرماپ تۇتۇۋالغان قاۋۇل قوللىرىدىن تەستە يۇلقۇنۇپ چىقتىم ـ دە ، سول مۇشت بىلەن چېكىسىگە بىرنى سالدىم . مۇشت ئۇنى گاڭگىراتتى . ئۇمۇ مۇشت ئاتتى ، لېكىن تەگمىدى . مەن ئىشىككە كەينىمنى قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ، كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە مۇشت ئۇرۇۋەتتىم . ئۇ ئورۇندۇقنى ماڭا ئاتتى . مەن ئولتۇرۇۋالدىم ـ دە ، چاچراپ تۇرۇپ تۇمشۇقىغا باش بىلەن بىرنى سالدىم . ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنەچچىنى دەسسىۋەتتىم… ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى كۈچلۈك زەربىدىن يۇلۇنۇپ كەتتى . ئۆيگە كۈمۈش چىشلىق ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىق بىلەن بىرنەچچە كادىر كىرىپ كەلدى ، ئۇلاردىن بىرسى

مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ، يەنە بىرسى رەقىپنى ئورنىدىن تۇرغۇز-
دى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئاققان قان كىيىملىرىنى بوياپ ، دەھشەتلىك
ھالغا كەلتۇرگەنىدى . كىرگۈچىلەر مېنى نوقۇشلاشقا باشلىدى .

— قوغداشقا… قوغداشقا !— رەقىپ ئۇلارغا خىرقىراپ تۇ-
رۇپ ، تالانى ئىشارە قىلدى . قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر مېنى ئېلىپ
كەتتى . بىرنەچچە كۈندىن بېرى مېنى سوراق قىلماقتا . ئۇلار
مېنى : «سەن جۇرنىنى ئۆلتۇرۇۋېتىشنى قەستلىگەن ، بۇ نەق جى-
نايىتىڭنى ئىقرار قىل !» دەپ قىستىماقتا . مەن لام - جىم دېمەي
تۇرىۋەردىم . ئاردىن يەنە ئون كۈندەك ۋاقىت ئۆتتى . ئۇقسام ،
رەقىپ تېخىچە دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ .

مەن كېيىنچە پۇشايمان قىلدىم ، رەقىپنىڭ ئوڭ يانپىشىغا
چىقىپ بەرگىنىمنى چۇشەندىم . ئۇ ئەمدى مېنىڭ بۇ خاتالىقىمدىن
پايدىلىنىدۇ . ناۋادا ، رەھبەرلىك بەزىلەرنىڭ خاھىشى بىلەن خۇلا-
سە چىقارغان بولسا ، مېنى قاتىللىق نىيىتى بار دەپ قاتتىق جازالى-
ۋەتكەن بولار ئىدى ، لېكىن پارتكوم مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىدى ،
بالا توغرىسىدا بولسا تېخى ھېچ گەپ بولۇنمىدى .

مەن بىر كۈنى گىنىدىڭ جامسۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم . ئۇ
ئوخشاشلا مۇلايىملىق بىلەن مېنى كۈتۈۋالدى . مەن ئۇنىڭ ئىشخا-
نىسىغا كىرگەندە ، ئۇ ھەرقانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ توختىتىپ
قويۇپ ، مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشەتتى ، كونا قەدىناس دوستىدەك
راستىن يېقىنچىلىق قىلاتتى .

— مەن ئۆز كىتابلىرىم ، تەتقىقات ئىشلىرىم بىلەنلا دۇنيادىن
ئۆتىمەن دەپ خاتا ئويلاپتىكەنمەن ،— دېدىم مەن ئەپسۇسلانغان
ھالدا ،— جىمجىتلىق مېنىڭ خاھىشىم ئىدى ، ئەمما ئەمەلىيەت
شەخسنىڭ خاھىشىغا باقمايدىكەن ! ماجىرا ، بالا ، ھازىرقى كۆڭۈل-
سىزلىكلەر ، مەن ھەرگىز ئويلىمىغان ئىشلار ئىدى . يەنە مەن
كۈتمىگەن قانداق ئىشلار بار تېخى ، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . سەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېچكىمگە قارشى تۇرمايمەن دېگىنىڭ بىلەن، باشقىلار بەرىبىر ساڭا چېقىلىۋېرىدىكەن. شامالنىڭ چىقىشى، سېنىڭ چىللىشىڭ بىلەن بولمىغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن!

گىنىدىڭ جامسۇ كۈلدى ـ دە، ماڭا تاماكا سۇندى:

— چېكىڭ، تاماكىغا ئۆگىنىۋاتىسىز! بۇمۇ ئۆز خاھىشىڭىز ئەمەس، يولداش ئەلا. ئەيىب مېنىڭدە، مەن سىز توغرۇلۇق مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالدىم. سەۋەبى، شۈي شۈجى، ما جۇرىندلار بار چاغدا سىزگە ھېچكىم چېقىلالمىغان. نېمىشقا؟ ئۇلار سىزنى شۇنچىلىك ئاسرىغانكى، سىز تۇرغان كەپىگە قوزغۇن تۇگۈل چېۋىنمۇ قونالمىغاندى. ھازىرچۇ؟ نېمىلەر بولمىدى دەيسىز؟ پارتىيىمىزنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى بۇرمىلانماقتا، بولۇپمۇ پارتكومىنىڭ ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى بىكار قىلىنماقتا. سىزنى ياخشى ئاسراش، تەربىيىلەش، بولۇپمۇ، بىھۇدە زەربىلەردىن قوغداش، سىزنىڭمۇ خاتالىقلارنى ئاز ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ياردەم قىلىش، مېنىڭ مۇھىم بىر بۇرچۇم ئىدى. مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. مەن ناھايىتى خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەن ئازابلىنىۋاتىمەن. بەزىلىرى سىزنى قاتتىق جازالاشنى، ھەتتا قانۇنىي جازاغا تارتىشنى تەلەپ قىلماقتا. ناۋادا، ئۇلار راستىنلا مەقسىتىگە يېتىدىغان بولسا، پارتكومىنىڭ سىزنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپ يىلدىن بېرى قىلغان ئەجرى تۇپىدەك توزۇغان بولمامدۇ؟! ناۋادا، راستىنلا جازالاشقا توغرا كەلسە، مەن جازانى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن!

نېمىشقا تېخىچە خۇلاسە چىقىرىلمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مەن ئەمدى بىلدىم. مەن ئۈچۈن ياقا يىرتىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان گىنىدىڭ جامسۇدەك ئادەملەر بولمىغان بولسا، خۇلاسە چىققانمۇ بولاتتىكەن. مەن ھاياجانلاندىم، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە

جانجان پارتىيىمىزگە، پارتىيىمىزنىڭ جان كۆيەر كادىرلىرىغا بولغان مۇھەببەت ھېسسى چوغ بولۇپ ياندىغاندەك بولدى.

— رەھمەت، پارتىيىگە رەھمەت، مېنىڭ قايغۇلىرىمغا ئورتاق بولغان سىزدەك رەھبەرلەرگە رەھمەت!— دەۋەتتىم گىن جۇجاڭ-نىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

مەن بۇ سۆھبەتتىن كېيىن غەم - غۇسسىدىن خېلىلا خالىي بولۇپ قالدىم. لى موماي قىزىمنى ياتاققا كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇنىڭ مەڭزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى روشەنلىشىپ، تەنلىرى ئەت ئې-لىپ قالغانىدى.

— ئاڭلىساق، بالىنى بىرسىگە بېرىۋېتىمەن دېگۈدەك-سەن،— دېدى لى موماي تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن،— مەن بىر خەنزۇ ئايال، بۇ بىر ئۇيغۇر قىزى، لېكىن مەن بۇ قىزنى يۈرەك - باغرىمنى يېرىپ چىققاندەك ياخشى كۆرىمەن. ئاڭلىسام، بەزىلەر بۇ قىز خائىننىڭ قىزى، ئۇنى ئەلادىن تارتىۋېلىپ يېتىم باللار يەسلىسىگە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك دېگۈدەك. مۇشۇ نارە-سىدىنى شۇنداق دېيىشكە قانداقمۇ تىلى بارغاندۇ؟ ھېلىغۇ بۇ بىچارە بالا گەنسۇدا تۇغۇلۇپتۇ، چەت ئەلدە تۇغۇلسىمۇ، ھەتتا زالىم خان ئوردىسىدا تۇغۇلسىمۇ گۇناھسىزغۇ! قايسىبىر بالا ئۆزىنىڭ قەيەر-دە، قانداق ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلەيدىكەن! بالام، ماڭا بەرگىن، ئۇنداق غوۋغا قىلمايلا ماڭا بەرگىن، مەن جان دەپ باقىمەن!

مەن قىزىمنى قولۇمغا ئالدىم - دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ئۇمچەيمە، قارا كۆز قىزىم، سې-نىڭ ئاتاڭمۇ مەن، ئاناڭمۇ مەن. سەن توغرۇلۇق ھېچكىم دەۋا قىلالمايدۇ. مەيلى، باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، مېنى ئەخلاقسىز ئىكەن، ئۇياتسىز ئىكەن دېسىمۇ مەيلى، مەن ھاقارەتلەرگە، تەنە-لەرگە، ھەتتا زەربىلەرگە چىدايمەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ۋاپا

قىلمىغان ئادىلەتمۇ ، ماڭا تىغ بىلەپ يۈرگەن رەقىپىمۇ كۆڭلۈمـ
ـدىن چىقىرىۋېتىمەن . سەنمۇ ، مەنمۇ ئوخشاشلا بىر بەتنىيەتتىن
زەربە يەۋاتىمىز ، بىزنىڭ نەپرىتىمىز ئورتاق ، ئۈمچەيمە قىزىم ،
ئۈمچەيمە ئومىقىم ! مەن سېنى جەزمەن بىقىپ چوڭ قىلىمەن ،
قاتارغا قوشىمەن . مەن ساڭا شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرەلەيمەن !

قىزىم ئۈمچەيدى ـ دە ، يىغلىۋەتتى . موماي بالىنى قولۇمدىن
يۇلۇۋالدى ۋە خاپا بولۇپ :

— نېمىدەپ قاتتىق گەپ قىلىسەن بۇنىڭغا . ئەكەلگىن ، بۇـ
نىڭ دىلى سۇنۇق ، بۇنىڭغا قوپال گەپ قىلما ! — دېدى .

مەن قىزىمنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى كۆرۈشكە باشلىدىم .
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر ئەمگەك قىلىشقا ، ھەتتا جازالىنىشقا ئۆزۈمنى
تەييارلاپمۇ قويدۇم . يەنە ئازار بېرىشمىسىلا ، قىزىم بىلەن خاتىرـ
جەم بولالايمەن...

كۈنلەر ئۆتمەكتە . مەن خاپىلىقنى خېلى يىراقتا قالدۇردۇم .
غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان ، قىزىم بىلەن تەڭ كۈلىدىغان ، ھەتتا
رادىئومۇ تىڭشايدىغان بولۇپ قالدىم .

مەن پۈتۈن يازنى ئەمگەك ، ئۆگىنىش ، بالا بېقىش بىلەن
ئۆتكۈزۈۋەتتىم . قىزىم ئۈچ ئايلىق بولۇپ قالدى . مەن كەچقۇرۇنـ
ـلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ كۆللەرنى ، گۈللۈك باغلارنى ، بۈك ـ باراقـ
ـسان قارىغاي ـ ئارچىلار بىلەن پۈركەنگەن سۇنئىي تاغلارنى ئارىلايـ
ـمەن . قىزىمغا كېپىنەكلەرنى ، گۈللەرنى كۆرسىتىمەن . شۇنىڭ
بىلەن ئۆزۈمچە سۆزلىشىمەن . ئۇ ئوماق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ
ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ . مەن ئەمدى باشقىلارنىڭ تەنلىرىگە ، چاقچاقلىدـ
ـرىغا پىسەنت قىلمايدىغان ، ھەتتا لايىقىدا چاقچاق قىلىدىغان بولۇپ
قالدىم . باشقىلار قىزىمنى ئەركىلەتسە ، مەن ئۇنى پۇراپ ، ئوماق
قوللىرىغا سۆيۈپ قويىمەن . قىزىمنىڭ يىغىسى ئاز ، ئۇيقۇسى
كۆپ ، تېنى ساق ، ئۆزى ئويۇنچى . مەن ئۇنى ھازىر ھېلىدىن ـ

ھېلىغا كۆرۈپ تۇرمىسام چىدىمايمەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بالامنى كۆتۈرۈپ سۈنئىي كۆل بويىغا باردىم، شىپاڭدا ئولتۇرۇشقانلار ئارىسىدىن بىرسى ماڭا ۋارقىرىدى. مەن ناچار ئۇستۇۋىشىمدىن قورۇنۇپ تەستە باردىم:

— دادا، ھېلىقى بىز گېپىنى قىلغان ئەلا مانا مۇشۇ يىگىت،— دېدى لى لاۋشى مېنى ياشانغان، باشلىقسىمان بىر كىشىگە تونۇشتۇرۇپ. ئۇ كىشى ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، ئاق چاچ ئادەم ئىدى. ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ۋە مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى ـ دە، قىزىمنى ئەركىلەتتى.

— لى بۇجاڭنى تونۇمسىز، ئەلا؟— دېدى دۈەن جياۋشۇ ئۇ كىشىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ،— ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

— سىز ھازىرمۇ ئەمگەك قىلىۋاتامسىز؟— دېدى لى بۇجاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ،— تېخىچىلا سىزگە دەرس بەرمىدىمۇ؟

— ئەمگەككە ئۆگىنىپ قالدىم، لى بۇجاڭ،— دېدىم قىزىمنى لى لاۋشىغا سۇنۇۋېتىپ،— تۆۋەن ياخشى ئىكەن، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن يىراق بولىدىكەن ئادەم!

لى بۇجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، مېنىڭ مۈرەمگە قولىنى قويدى:

— ھەممىنى ئۇقتۇم، ئۇلار توغرا قىلمىغان، مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشنى ماڭا تاپشۇردى، پارتكومغا، رەھبەرلىككە ۋاكالىتەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. سىز ئەتىدىن باشلاپ كافېدراغا چىقىڭ!

— رەھمەت بۇجاڭ، سىزگە رەھمەت، لېكىن مەن خېلى بولدى، شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېتىشكە ئىلتىماس يازغان. مەن ھېلىھەم بولسىمۇ، شۇ ئىلتىماسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتىمەن.

— نېمىشقا بۇ يەردە ئىشلەشنى خالىمايسىز؟

مەن ئۆز پىكرىمنى ئوچۇق قىلىپ ئېيتتىم :
— رەقىپ بار يەردە مەن ئىشلىيەلمەيمەن ، ناۋادا ئۇنى يۆتكە-ۋەتسە ، ئاندىن مەن بۇ يەردە خاتىرجەم ئىشلەيمەن .
— رەقىپ ؟— دېدى لى بۇجاڭ دۆەن جىياۋشۇغا قاراپ قويۇپ ،— يېڭىدىن ئوقۇتۇش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ، ئىلمىي باشقارمىغا يۆتكەلگەن يولداشمۇ ؟
رەقىپنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئەمدى ئاڭلىدىم . دۆەن جياۋشۇ ئەسكەرتىش بەردى :
— گىنىدىڭ جامسۇ چۇجاڭنىڭ ئورنىغا ئۆسۈپتۇ . گىنىدىڭ چۇجاڭ ئوبلاستقا شۇجى بولۇپ بارغۇدەك .
مەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئەمگەكتىن قۇتۇلدۇم ، لېكىن شىنىد-جاڭغا يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدا ئارقا - ئارقىدىن ئىلتىماس يېزىۋەردىم .
بىر كۈنى لى لاۋشى مېنى كىنوغا تەكلىپ قىلدى . كىنودىن كېلىۋېتىپ ئۇ ماڭا :
— رەقىپنىڭ ئۈستىدىن ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ ، بىز ئۇنى جازالىتىمىز ، ھېچبولمىسا يۆتكىۋېتىمىز !— دېدى .
— ھاجىتى يوق ، لى لاۋشى . مېنى بۇنداق ئىشقا ئارىلاشتۇر-ماڭلار !
ئۇ تېرىكتى - دە ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ :
— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ ، سىزمۇ ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگىنىد-ۋېلىڭ دەپ ! غەزىپىڭىز ئىچىڭىزگە پاتمىغاندا مۇشت ئىشلىتىش ھۇجۇم ئەمەس ، بەلكى چېكىنىش ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، سىز ئۇنىڭ بەدىلىگە باشقىلاردىن تېخىمۇ قاتتىق زەربە يەيسىز ! — دېدى .
— مەن بۇ نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىپ باقمىغان - دە ،— دېدىم كۈلۈپ ،— ئومۇمەن ماڭا كېرىكى يوق نەرسە دەپ قاراپد-

تىم . ئەمدىلەتىن بىلىۋاتىمەن . ئىنسان ھەممىدىن قىيىن ياشايدى-كەن . كىيىك بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم ئوتلىيالمايدۇ ، چۈنكى ئۇنى يۈزلىگەن ئوۋچى ئوقلىرى چەنگە ئېلىپ تۇرۇشىدۇ . خۇددى شۇن-داقلا ، ئادەممۇ خاتىرجەم ياشايمەن دېيەلمەيدىكەن ، چۈنكى ئۇنىمۇ چەنگە ئېلىپ تۇرغانلار بولىدىكەن…

بىز قاراڭغۇ چۈشكەندە خوشلاشتۇق .

1964 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى . قىزىم بىر ياشقا تولدى ، ئۇ ھازىر ماڭالايدۇ ، ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلە-يەلەيدۇ . ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم ، سىرداشىم . دىلئارا راستىنلا مېنىڭ دىلئارامىم بولۇپ قالدى ، لېكىن تۇرمۇش مېنىڭ ھاياتىمغا يېڭى مەزمۇن ئېلىپ كىردى .

بىر كۈنى لى لاۋشى ياتىقىمغا كىرىپ :

— سىزنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ڭىزنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ بولدۇق ،— دېدى مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇ-رۇپ ،— ئەمدى فۇجياۋشۇ بولىسىز ، دادام سىزنى قويۇپ بەرمەي-مىز دەۋاتىدۇ . ئەمدى كېتىمەن دېگەن گەپلەرنى قىلماڭ ، دىلئارا-نى ئاپام بېقىپ بەرسۇن…

ئۇ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئۈيلىپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى .

— مەن شىنجاڭغا قايتىمەن ،— دېدىم پەس ئاۋاز بىلەن ،— سىزگە رەھمەت ، ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن !…

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلانۇر ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى . ئۇ چەت ئەلگە ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتنىششقا چىقىپ قايتقاند-كەن . ئۇ ھازىر ھېلىقى ئۇياتچان ، ساددا قىز ئەمەس ، ئۇستىخاند-لىق ، مۇسكۇل ۋە پىكىرلىرىمۇ يېتىلگەن قىز ئىدى . ئۇ ماڭا گۈزەلئاي ، ئوغلۇم توغرۇلۇق ، رازىيەنىڭ بەھرام ئەپەندىدىن ئاج-راشقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ :

— توۋا ،— دېدى كۈلۈپ ،— ھەممىڭلاردىلا بىردىن بالا .

رازىيەگىمۇ بىر بالىسى قاپتۇ . گۈزەلئايلارنىڭ چەت ئەلگە كېتىشى ناتايىن . ئەجەب تالانتلىق ئارتىس ئىدى ، ئىسست ، بىكارلا ئىشسىز بولۇپ قالدى . سىزمۇ شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېتىڭ ، ھېلىقى رەقىپ دېگەن ئادەم سىزگە بەربىر كۈن بەرمەيدۇ .

— قىزىمنى ئېلىپ كېتىڭ ،— دېدىم مەن ئەلانۇرغا ،— مەن سىزگە غۇلجا شەھىرىدىكى كىچىك ئاپامنىڭ ئادرېسىنى ۋە بالىغا لازىملىق نەرسىلەر ئۈچۈن پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى بېرىمەن .

— شۇنداق قىلىڭ ،— دېدى ئەلانۇر مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ،— دېگىنىڭىزنى قىلىمەن . دىلئارا ئۈچۈن غۇلجىغا بارىمەن ، قىزىڭىزنى ساق - سالامەت كىچىك ئاپىڭىزغا تاپشۇرىمەن !...

مەن ئەتىگەنلىكى قىزىم دىلئارانى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىسىغا چىقتىم . ئەلانۇر مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن ، مەن ئۇلارنى — ئەلانۇر بىلەن سۆيۈملۈك قىزىم دىلئارانى ئۇزىتىپ قويدۇم .

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنى كۆڭۈلسىزلىك شۇنچىلىك چىرمىۋالدىكى ، مەن كۈنلەرنى كىتابنى يار ، تەتقىقاتنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆتكۈزمىگەن بولسام ، بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمىغان بولاتتىم...

مەن قەتئىي كېتىش قارارىغا كەلدىم . تەشكىلگە شىنجاڭغا كېتىش توغرىسىدا يەنە ئىلتىماس يازدىم... 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلدى . مېنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىم خەنزۇچە نەشر قىلىنىدىغان بولدى . مەن ئەمدى قىسقا - قىسقا ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىدىم . مەن كۆڭۈلسىز شەخسىي تۇرمۇشۇمنى ، ئۆز ئەمگىكىم بىلەن خۇشاللىققا ئايلاندۇرالىدىم .

1965 - يىلىنىڭ بېشى ، مېنى كادىرلار بۆلۈمىدىن چاقىرتتى - دە ، مېنىڭ شىنجاڭغا يۆتكىلىش تەلىپىم تۇساتتىنلا تەستىقلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

ئۆلكىگە يىغىنغا كەلگەن ئوبلاست شۇجىسى گىنىدىك جامىسۇ ، مەكتەپتىن دۆەن جياۋشۇ ، شياۋلى ، رەقىپ ۋە شىنجاڭلىق كادىر-لار مېنى پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ چىقتى .

— خەير ،— دېدى گىنىدىك جامىسۇ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ ،— سىزگە شان - شەرەپ تىلەيمەن . شان - شەرەپنىڭ چوققىسىغا تۈز يول بىلەنلا چىققىلى بولاتتى ، سىزنى ئەتەي دېگۈ-دەك ئەگرى يولغا باشلاپ قويدۇق . يول ئەگرى بولسا پەللىمۇ يىراقلىشىدۇ ، لېكىن ئىرادىلىك ئادەم ئۈچۈن يەتكىلى بولمايدىغان پەللە يوق··· پەخەس بولۇڭ ، ئالتۇن بىلەن چالمىنى پەرق قىلالماي-دىغان باشلىقلار ھەممىلا جايدا تېپىلىدۇ . بىز جۇڭگولۇقلار زىيان تارتساق ، مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن زىيان تارتىمىز !

پويىز سىگنال بەردى .

خەير ، ماڭا سەككىز يىل بىلىم ۋە ئەقىل ئۆگەتكەن سۆيۈم-لۈك ماكان !

1978 — 1981 - يىللار غۇلجا — بېيجىڭدا يېزىلدى .
1982 - يىلى ئۈرۈمچى — تۇرپاندا تۈزىتىلدى .

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش (1)

## — قىران چاغلار

ئاپتورى : زوردۇن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىرى : پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى : سەنەۋەر ، زەمىرە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
ئاپتور رەسىمىنى تەمىنلىگۈچى : ئادىل ئىسمائىل
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 17.5
قىستۇرما ۋارىقى : 2
نەشرى : 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 3 ـ باسمىسى
تىراژى : 3001—6000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—09934—4
باھاسى : 36.00 يۈەن